دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر

# ئاللانىڭ زېمىنى

شاۋكەت سىددىقى ( پاكىستان )



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر

# ئاللانىڭ زېمىنى

ISBN 978-7-228-15152-3
9 787228 151523 >
定价：55.00 元

شاۋكەت سىدىقى ( پاكىستان )

ئاللانىڭ زېمىنى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

شاۋكەت سىدىقى ( پاكىستان )

# ئاللانىڭ زېمىنى

تەرجىمە قىلغۇچى: مۇھەممەترەھىم كېرىمى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

真主的大地：维吾尔文 /（巴基）肖克特·西迪基著；买买提热依木译 — 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2012.3
ISBN978 - 7 - 228 - 15152 - 3

Ⅰ. ①真… Ⅱ. 肖… ②买… Ⅲ. ①长篇小说 — 巴基斯坦 — 现代 — 维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①I353.45

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2012)第029565号

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 穆纳尔江·托合塔洪 |
| 责任校对 | 沙娜瓦尔·依布拉音 |
| 特约校对 | 万力·在顿 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 北京顺诚彩色印刷有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米 32开本 |
| 印　　张 | 20 |
| 版　　次 | 2012年3月第2版 |
| 印　　次 | 2013年2月第1次印刷 |
| 印　　数 | 1—3000 |
| 定　　价 | 55.00 元 |

# نەشرىياتتىن

«ئاللانىڭ زېمىنى» پاكىستاننىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى شاۋكەت سىددىقىنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى. شاۋكەت سىددىقى 1923 ـ يىلى ھىندىستاننىڭ لۇكنوۋ شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ پۈتۈن ئۆمرىدە ئاساسەن ئاخباراتچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، مۇخبىر ۋە تەھرىر بولۇپ ئىشلىگەن، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. شاۋكەت سىددىقىنىڭ ياشلىق ـ ئۆسمۈرلۈك چاغلىرى جەنۇبىي ئاسىيا ئىككىنچى قۇرۇقلۇقىدىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان دەۋرگە توغرا كەلدى. ئۇ ئۆز مىللىتىنىڭ ناھايىتى ئېغىر ئازاب ـ ئوقۇبەت چېكىۋاتقانلىقىنى ۋە قاتتىق كۈرەشلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. پاكىستاننىڭ مۇستەقىل بىر دۆلەتكە ئايلىنىشىدەك غايەت زور ئۆزگىرىشنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ تارتمىغان ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرى قالمىغان پاكىستان خەلقىگە چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلدى؛ يېڭىدىن دۇنياغا تۆرەلگەن جۇمھۇرىيەتكە چەكسىز ئۈمىد بىلەن قارىدى. ئۇ بىر مۇخبىر سۈپىتىدە، پاكىستان ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى بىلەن، بولۇپمۇ شەھەر كەمبەغەللىرىنىڭ ئېچىنىشلىق ھاياتى بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. جۇمھۇرىيەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى قوغداش، خەلق ئاممىسىنىڭ تەلەپلىرىنى ئەكس ئەتكۈزۈش، جەمئىيەتتىكى نامۇۋاپىق ھادىسىلەرنى ئۆزگەرتىش، مانا بۇلار ئۇنىڭ ئىلغار ئەدەبىيات ھەرىكىتىگە ئاتلىنىشىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولۇپ قالدى. ئۇ ئۇزاق يىللاردىن بېرى

تىرىشچانلىق بىلەن ئەسەر يېزىپ، مول مېۋىلەرگە ئېرىشتى. ئۇنىڭ «ئاللانىڭ زېمىنى»، «قىزىل نىلۇپەر»، «قارا قۇيۇن» قاتارلىق رومانلىرى؛ «ئۈچىنچى كىشى»، «جىمجىت كېچە»، «تۈندىكى شەھەر» قاتارلىق ھېكايىلەر توپلاملىرى بار.

«ئاللانىڭ زېمىنى»دا شەھەر تۇرمۇشى ئەكس ئەتكۈزۈلىدۇ. مەلۇم شەھەردە ئولتۇرۇشلۇق رازىيە ئىسىملىك بىر ئايالنىڭ ئېرى بۇرۇنلا قازا قىلىپ كېتىپ، ئۇ قىزى سۇلتانە، تېخى يېشى كىچىك ئوغۇللىرى نۇشا ۋە ئانۇلار بىلەن بىللە باشپاناھسىز، ئەتىكى كۈنگە ئىشەنچ قىلالمايدىغان ھالدا تۇرمۇش كەچۈرەتتى. چوڭ ئوغلى نۇشا دەسلەپتە بىر موتوسىكلىت رېمونت زاۋۇتىدا بالا ئىشچى بولۇپ ئىشلەيدۇ، كېيىن ئىشتىن بوشىتىلىپ كېتىپ، راجا دېگەن بىر سەرگەردان بالىنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىدۇ. كاراچىغا بارغاندا بىر ئالدامچى ئۇلارنى بىر ئوغرىلىق شايكىسىغا سېتىۋېتىدۇ. رازىيە ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇش كەچۈرۈشىدىن ئۈمىد قالمىغاندا، سودىگەر نىياز كاۋاك تېپىپ كىرىۋالىدۇ. ئۇ ياش، ساھىبجامال سۇلتانەنى قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن رازىيەنى ئەمرىگە ئالىدۇ ۋە ئۇنى ئۆمۈر سۇغۇرتا شىركىتىگە ئۆمۈر سۇغۇرتىسىغا قاتناشتۇرىدۇ. كېيىن خۇسۇسي دوختۇر غەيرەت بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، كېسەلنى داۋالاش نامى بىلەن رازىيەنى ئاستا ـ ئاستا زەھەرلەپ ئۆلتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، مەككار ۋە ئاچ كۆز نىياز بىرمۇنچە ئۆمۈر سۇغۇرتىسىنىڭ ھەققىگە ئىگە بولىدۇ، سۇلتانەنىمۇ ئىگىلىۋالىدۇ. نىياز يېقىندىن شەھەر مەمۇرىيىتى كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەن خان باھادۇر بىلەن ئېغىز ـ بۇرۇن يالىشىپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلققە بېرىشى ئۈچۈن بىرمۇنچە سۇپىتى ناچار ئەدىيالنى ھايىنىغا ساتىدۇ ھەمدە ئۆي قۇرۇلۇشىنى ھۆددىگە ئېلىش جەريانىدا ئىش ھالقىلىرىنى قىسقارتىپ، ماتېرىيال ئوغرىلاپ، كۆپ پايدا ئالىدۇ. ھەقىقي ئەھۋال ئاشكارىلىنىپ قالغاندىن كېيىن، خان

باھادىر ئۆزىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن نىيازنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈش غەرىزىدە بولۇۋاتقاندا، سىرتتا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن نۇشا يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ قالىدۇ. ئۇ ئاپىسىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقىنى، ئاچىسىنىڭ ئىگىلىۋېلىنغانلىقىنى، ئىنىسىنىڭ ئۆيدىن ئامالسىز چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، نىيازنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. سوت نۇشانى قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگەن، دېگەن جىنايەت بىلەن ئەيىبلەپ، ئۇن تۆت يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىدۇ. خان باھادىر نىيازنىڭ مال ـ مۈلكىگە ئىگە بولۇۋېلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ يېقىن ئادەملىرىنى ئىشقا سېلىپ سۇلتانەنى ئۆيدىن مەجبۇرىي قوغلاپ چىقىرىدۇ. سۇلتانە ئىلاجسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندا، ئەلى ئەھمەتنىڭ ھېسداشلىقىغا نائىل بولۇپ، «بوز تورغاي جەمئىيىتى»دە ماكانلىشىدۇ.

«بوز تورغاي جەمئىيىتى» بىر قىسىم زىيالىيلار تەرىپىدىن ئىختىيارىي ئاساستا تەشكىل قىلىنغان ئىجتىمائىي پاراۋانلىق تەشكىلاتى. ئۇنىڭ ئۆز ئالدىغا قويغان مەقسىتى جەمئىيەتتىكى نامۇۋاپىق ھادىسىلەرنى ئىسلاھ قىلىش، ئاممىنىڭ ئاڭ ـ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش ھەمدە مۇشۇ ئاساستا مائارىپ، ساقلىقنى ساقلاش قاتارلىق ئاممىۋى پاراۋانلىق ئىشلىرىنى يولغا قويۇشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ ئاممىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلغانلىقى ئۈچۈن، جەمئىيەتنىڭ كەڭ تۈردە قوللىشىغا ۋە ھىمايىسىگە ئىگە بولىدۇ. خان باھادىر ۋەكىللىك قىلغان رەزىل كۈچلەر دەسلەپتە ئۇنى پۇل بىلەن سېتىۋالماقچى بولىدۇ، كېيىن ئۇنى زورلۇق كۈچ بىلەن ۋەيران قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. لېكىن، ئەلى ئەھمەت ۋەكىللىك قىلغان تەرەققىيپەرۋەر زىيالىيلارنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا، «بوز تورغاي جەمئىيىتى» مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ۋە راۋاجلىنىدۇ، ئاخىر سەل قاراشقا بولمايدىغان بىر ئىجتىمائىي كۈچ بولۇپ قالىدۇ.

بۇ روماندا ئاپتور رازىيە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ تۇرمۇش

سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، مۇستەقىل بولغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى پاكىستان شەھەر ھاياتىنىڭ قىياپىتىنى ئىخچاملىغان ۋە جانلىق ئەكس ئەتكۈزۈپ بەرگەن. بۇنىڭدا ھەم قايىنام ـ تاشقىنلىق ئاممىۋى پائالىيەت كۆرۈنۈشلىرى، ھەم ئۇششاق تۇرمۇش مەنزىرىلىرى تەسۋىرلىنىدۇ.

قىسقىسى، مەيلى ئىدىيەۋىلىكى ۋە بەدىئىيلىكى جەھەتتىن بولسۇن، «ئاللانىڭ زېمىنى» رېئالىزملىق ياخشى بىر ئەسەر. ئۇ كېيىنكى پاكىستانىنىڭ رومانچىلىقىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن، پاكىستانىنىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتقان ۋە رول ئوينىغان. بىز بۇ ئەسەرنىڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياخشى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولىدىغانلىقىغا، ئوقۇرمەنلەرنىڭ پاكىستانىنىڭ ئەينى زاماندىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە ئەدەبىيات تەرەققىيات ئەھۋالىنى چۈشىنىشتە پايدىسى زور بولىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنىمىز.

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب ........................................ 1
ئىككىنچى باب ........................................ 66
ئۈچىنچى باب ........................................ 117
تۆتىنچى باب ........................................ 162
بەشىنچى باب ........................................ 200
ئالتىنچى باب ........................................ 261
يەتتىنچى باب ........................................ 329
سەككىزىنچى باب ........................................ 385
توققۇزىنچى باب ........................................ 443
ئونىنچى باب ........................................ 496
ئون بىرىنچى باب ........................................ 538

# بىرىنچى باب

## 1

تار كوچىنىڭ دوقمۇشىدا شەھەر مەمۇرىيىتى كومىتېتىنىڭ گاز لامپىسى يورۇپ تۇراتتى.

مۇشۇ ئەتراپتا ئولتۇرۇشلۇق بىر توپ ئۇششاق باللار لامپىنىڭ يورۇقىدا قارتا ئويناۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ چوڭى راجا بولۇپ، ئۇنىڭ تۇرقىدىن سەرگەردان بالا ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چاچلىرى پاخپىيىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇچىسىغا يىرتىق كۆڭلەك كىيگەن، بوينىغا تور شارپا ئورىۋالغانىدى. ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئىچىدە ئۇنىڭ ئاۋازى بۆلەكچىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى:

— قاراڭلار، مېنىڭ چىققان دورەم قانداقراق؟

— ھەي، مەندە بىر ماتكا بار! پاھ، تازا تەلىيىم كەپتۇ جۇمۇ!

— ھەي تەنتەك، ئاڭلاپ قوي، بۈگۈن سېنى ئۇتۇۋالماي قويمايمەن!

ئۇ داۋاملىق ئۇتۇپ كېلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ رەقىبى شامى ئىدى. شامى ئورۇق - ئاۋاق بولغان بىلەن مىجەزى چۇس، روھى قەيسەر بالا ئىدى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئەقىل - پاراسەت نۇرلىرى چاقناپ تۇراتتى. بۇ قېتىم راجا پۇتىنىڭ ئاستىغا تىقىپ قويغان بىر قارتىنى ئاستا ئېلىۋاتقاندا، شامى سېزىپ قالدى - دە، دەرھال:

— كۆرۈپ قالدىم، كۆرۈپ قالدىم، سەن گۇي ھىيلە ئىشلىتىپسەن، — دەپ ۋارقىرىدى.

ئۇنىڭ ئېتىراز بىلدۈرۈشى بىلەن راجا ئوڭايسىزلىنىپ كۈلۈپ قويدى - دە، ئارقىدىنلا:

— هەي، سىنىڭ كالالاڭنىڭ سۈيى بارمىكەن جۇمۇ، — دېدى.
— هازىرلا پۇتۇڭنىڭ ئاستىدىن بىر قارتا ئالدىڭغۇ، — دېدى شامىمۇ بوش كەلمەي كۆزلىرىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ.
راجا يەنە يالغان سۆزلىمەكچى بولۇپ تۇرىۋېدى، شامى قېيىداپ قوللىرىدىكى قارتىنى تاشلىۋېتىپ خۇيلىنىپ ئولتۇرۇۋالدى.
— سەنزە ئۇتتۇرۇۋەتسەڭلا يىغلايدىكەنسەن، — دېدى راجا ئۇنىڭغا.
— سەن بەك ئۇششۇق ئىكەنسەن، ئەمدى سەن بىلەن ئوينىمايمەن، — دېدى شامى ئاچچىقلىنىپ،
— نېمىشقا ئوينىمايسەن؟ پۇلنى بېرىپ ئاندىن ماڭ، — دېدى راجامۇ بىرئاز ئاچچىقلىنىپ.
— قېنى مەندىن پۇل ئالىمەن دېيىشكە پېتىنغان يۈرىكى قاپتەك ئادەمنى بىر كۆرەيچۇ ! — دېدى شامى تەرسالىق بىلەن.
— هىم ! مانا كۆرە ! — راجا ئېتىلىپ بېرىپ كاپ قىلىپ شامىنىڭ ياقىسىدىن ئالدى. شامى راجانى ئىتتىرىۋەتمەكچى بولىۋېدى، ئۆزىنىڭ ياقىسى يىرتىلىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن شامى ئاچچىقىغا پايلىماي يىغلامسىراپ تۇرۇپ راجانىڭ كاچىتىغا قاتتىق بىرنى سالدى. كاچات زەربىسىدىن قولىقى ۋىڭىلداپ كەتكەن راجا ئۇنىڭغا مۇشت ئاتتى، شۇنداق قىلىپ، ئىككىسى يوملاقلىشىپ كەتتى.
ئەتراپتا قاراپ تۇرغان باللار پاتىپاراق بولۇپ چۇرقىرىشىپ، دەرهال ئىككىگە بۆلۈندى ـ دە، بىر قىسمى راجا تەرەپ، يەنە بىر قىسمى شامى تەرەپ بولۇپ، هە ـ هۇ دېيىشكىلى تۇردى. شامى ئاۋاق بولغىنى بىلەن بېجىرىم ئىدى. راجا بىرلا چارپۇتلاپ شامىنى يىقىتىپ، تۆپىسىگە چىقىپ بېسىپ ئولتۇرۇۋالدى. شامى قاتتىق بىر كۈچىگەندى، راجا ئولتۇرالماي قېلىپ يىقىلىپ چۈشتى. شامى بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۇنىڭ مەيدىسىگە مىنىپ تۇرۇپ ئىككى تىزى بىلەن ئۇنىڭ بوينىنى

قىسىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن راجا يېڭىلگەنلىكىگە تەن بېرىپ شامىغا يالۋۇرغىلى تۇردى.

شۇ ئەسنادا تار كوچىدا بىر كۆلەڭگە پەيدا بولدى. كۆلەڭگە چىراغ ئاستىغا كەلگەندە، باللار ئۇنىڭ قارى ئەپەندى ئىكەنلىكىنى بىلىشتى. ئۇ بەللىرىنى ئەگكەن پېتى ئېغىر قەدەم ئېلىپ كېلىۋاتاتتى. باللار ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا:

— قارى ئەپەندى! — دەپ چۇرقىراشتى.

ئۇ توختاپ بىر قارىۋېلىپ، ئاندىن ئالدىرىماي باللارنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇ راجا بىلەن شامىنىڭ مۇشتلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، تىللاپ يۇرۇپ ئۇلارنى ئاران ئاجرىتىۋەتتى. كۆڭلەكلىرى يىرتىلغان، باش - كۆزلىرى توپا - چاڭ بولۇپ كەتكەن بۇ ئىككى بالا خۇددى تۆمۈرچىنىڭ شامال ساندۇقىدەك پۇشۇلداپ ھاسىراپ تۇراتتى، خىرە چىراغ نۇرىدا ئۇلارنىڭ تۇرقى بەئەينى ئالۋاستىلارغا ئوخشاپ قالغانىدى. قارى ئەپەندى باللارغا كۆزىنىڭ قىرىدا بىر قاراپ قويۇپ، ئاندىن كۆزلىرىنى چەكچەيتكەن پېتى باللار تەرەپكە يۈگۈرگەنىدى، باللار قورقۇپ قېچىشتى. قارى ئەپەندى كۈلۈپ كەتتى ۋە سومكىسىنى قولتۇقىغا چىڭراق قىسىپ، يولىغا راۋان بولدى. باللار چاۋاك چېلىشىپ ۋارقىراشتى:

— قارى ئەپەندى ھاراقكەش! ھاراق بوتۇلكىسى سۇنۇپ كەتتى، بوتۇلكا ئاغزى ئۇچۇپ كەتتى! قارى ئەپەندى ...

ئۇ بىرئاز مېڭىپ، بىردىنلا توختاپ باللارنى تىللىدى ۋە ئارقىسىغا يېنىپ بىرنەچچە قەدەم مېڭىپ باللارنى قورقۇتتى. باللار ئۇنىڭ ئارقىسىغا بۇرۇلغانلىقىنى كۆرۈپ دەرھال تارقىلىپ قېچىشتى، بىردەمدىن كېيىن يەنە يىغىلىپ، چاۋاك چېلىشىپ، ئۇنىڭ ئارقىسىغا كىرىۋېلىپ، خېلى بىر يەرلەرگىچە بېرىشتى.

گاز لامپىنىڭ ئاستىدا راجا، شامى ۋە نۇشالارلا قېلىشقانىدى. راجا بىرئاز ئوسال بولۇپ قالدى. ئۇ مۇشۇ ئاھالىلەر رايونىدىكى

باللارنىڭ كاتتىۋېشى ئىدى، بىراق ئابايا شامى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ يۈزىنى چۈشۈرۈۋەتتى. ئۇ پاخپىيىپ كەتكەن چاچلىرىنى ئانچە - مۇنچە تۈزەشتۈرۈپ قويۇپ، يانچۇقىدىن مىجىلىپ كەتكەن بىر تال تاماكىنى ئېلىپ، ئاغزىغا چىشلەپ، تۇتاشتۇرۇپ قاتتىق ئىككى - ئۈچ قېتىم شورىۋېلىپ، ئاندىن يانچۇقىدىن بىر رۇپىيە① چىقىرىپ، نۇشاغا قاراپ:

— كىنوغا بارامدۇق؟ — دېدى.

— نېمە كىنو ئىكەن؟ — نۇشا خۇشال بولۇپ ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى.

— هازىر هەممە كىشى «باغدات ئوغرىسى»نى ياخشى كۆرىدۇ. مەن قەسەم قىلالايمەنكى، بۇ بىرىنچى دەرىجىلىك ئەڭ ياخشى فىلىم، بەك قىزىق، — دېدى راجا شامىغا بىر قاراپ قويۇپ.

— شامىنى ئېلىۋالامدۇق؟ — دېدى نۇشا شامى ئۈچۈن ئەپۇ سورىغاندەك قىلىپ.

— مېنىڭچە، بارغۇسى بولسا گەپ قىلسۇن، بارمىسا يوقالسۇن! — دېدى راجا پەرۋاسىزلىق بىلەن.

شامى هۆركىرىگىلى تۇردى:

— بارغۇسى بارلار بېرىۋالسۇن، مېنىڭ ئىسمىمنى تىلغا ئېلىشما، مەن ئۆيگە كېتىمەن. مەن سىلەرگە ئوخشاش كېچىچە تالادا لەلەڭشىپ يۈرمەيمەن، — ئۇ شۇنداق دەپ بولۇپ بۇرۇلۇپلا ماڭدى.

— هەي! گېپىمنى ئاڭلىغىنا، — نۇشا ئۇنى توختاتماقچى بولدى.

— بوپتۇ، ئۇ تەنتەك كەتسۇن! — دېدى راجا، — مۇندىن كېيىن ئۇنى هەرگىزمۇ بىللە ئېلىپ بارمايمەن، بۇ ئىتنىڭ بالىسى بوينۇمنى قىسىپ ئاغرىتىۋەتتى دېگىنە! — ئۇ بوينىنى ئاستا مىدىرلىتىپ قويدى. ئۇنىڭ بويندا تېخىچە ئىز تۇراتتى.

ئىككىيلەن سۆزلەشكەچ كىنوخانا تەرەپكە كېتىشتى.

---

① رۇپىيە — پاكىستاننىڭ پۇل بىرلىكى.

ئۇلار «باغدات ئوغرىسى»نى كۆرۈپ بولغاندا، يېرىم كېچە بولۇپ قالغانىدى. ئەتراپنى جىمجىتلىق قاپلىغان، تار كوچا كىشىنىڭ تېنىنى شۈركۈنگۈدەك قاراڭغۇ ئىدى. شەھەر مەمۇرىيىتى كومىتېتىنىڭ گاز لامپىسى ئاستىدا بىر قوتۇر ئىت بەدەنلىرىنى تاتىلاپ ياتاتتى. ئىككىيلەن بۇ ئىتنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، راجا ئىتنى بىر تېپىۋىدى، ئىت ۋاڭشىپ قويۇپ قېچىپ كەتتى. كوچىدا ئىتنىڭ ۋاڭشىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغان نۇشا تېخىمۇ بەك قورقۇپ كەتتى. راجا بولسا بۆلەكچىلا روھلۇق ئىدى. ئۇ بۇ كىنوغا ئامراق ئىدى. ئۇ يول بويى توختىماي كىنونى ماختايتتى:

— بۇ كىنو قالتىس كىنو جۇمۇ. ھېلىقى تەنتەك مۇشۇنداق مۇشت ئاتامتى؟ — ئۇ مۇشتۇمىنى چىڭ تۈگۈپ، ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ، غەلىتە ۋارقىراپ قوياتتى ـ دە، ئاندىن قاتتىق كۈلۈپ كېتەتتى. مۇشت كېلىپ نۇشانىڭ دۈمبىسىگە تېگەتتى. راجا توختىماستىن:

— بۈگۈنكى كىنو قالتىس كىنو جۇمۇ ! — دەپ تەكرارلايتتى. نۇشا بۇنىڭدىن بىرئاز خاپا بولدى:

— ساڭا ياراپ كەتكەن بولسىمۇ، كىشىنى راستىلا ئۇرۇپ يۈرمە مۇنداق !

— سەن مۇنداق توخۇ يۈرەك بولغاندىكىن، نېمە قىلىسەن ئۇنى كۆرۈپ؟ — راجا ئۇنى كولدۇرمەكچى بولدى.

— بولدى، — دېدى نۇشا، — بۇنىڭدىن كېيىن كۆرمەيمەن، ھەر قېتىم يېرىم كېچىگىچە ئاۋارە بولىدىغان گەپ ئىكەن.

— سەن ھەر كۈنى مۇشۇنداق دەيسەن، قاراپ تۇر! ئەتە يەنە چوقۇم بارغۇڭ كېلىدۇ.

ئىككىيلەن جىمجىت كوچىدا پاراڭلىشىپ ماڭدى. نۇشانىڭ ئۆيىگە يېقىن قالغاندا، نۇشا راجانى توختىتىپ قويۇپ، ئۆزى ئاستا ئىشىك ئالدىغا كېلىپ قۇلىقىنى ئىشىككە چاپلاپ ئىچكىرىگە قۇلاق سالدى. ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇخلاپ

كەتكەندى. ئۇ ئىشىكنى ئىتتىرىپ كۆرۈۋىدى، ئىشىك تاقاقلىق ئىكەن. ئۇ نائىلاج راجانىڭ قېشىغا قايتىپ كەلدى.

— قانداق؟

— ئىشىك تاقاق ئىكەن، — دېدى نۇشا قورقۇمسىرىغان هالدا.

— هاڭۋېقىپ تۇرامسەن؟

ئىككىيلەن ئاۋايلاپ مېڭىپ تام تۈۋىگە كېلىشتى. نۇشانىڭ ئۆيىمۇ مۇشۇ ئەتراپتىكى كۆپىنچە ئۆيلەرگە ئوخشاش كونا پاسوندىكى ئۆيلەر بولۇپ، ئۆگزىسى شاخ - شۇمبىلار بىلەن يېپىلغان، تاملىرى پاكار ئىدى.

— قېنى چاققان بوله، ئەزىمەت ! — دېدى راجا ئېڭىشىپ تۇرۇپ.

نۇشا ئۇندىمەستىن ئۇنىڭ دۈمبىسىگە چىقىپ، تامغا چىڭ ئېسىلىپ تۇرۇپ، مايمۇندەك بىر ئىرغىپلا تامغا چىقىۋالدى.

— مەن كەتتىم، — دېدى راجا پەستە تۇرۇپ ئاستاغىنا.

— كېتىۋەر، — دېدى نۇشا ئاۋازىنى پەس چىقىرىپ.

راجا ئۇچقاندەك مېڭىپ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە غايىب بولدى. نۇشا تېخىچە تامغا مىنىپ جىم ئولتۇراتتى. بىرهازادىن كېيىن، هېچقانداق بىرەر تىۋىش ئاڭلانمىغاچقا، ئۇ «گۇس» قىلىپ تامدىن چۈشۈۋىدى، قېرىشقاندەك پۈتى بىر قەلەي قۇتىغا تېگىپ كېتىپ، قۇتا تاراڭلاپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۆيدىن ئانىسىنىڭ: «كىم؟» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

نۇشانىڭ دەرهال تامغا چاپلىشىپ ئولتۇرۇۋېلىپ، مۇشۇكنى دوراپ: «مياڭ ! مياڭ !» دەپ مياڭلىدى.

ئۆيدىن يەنە ئانىسىنىڭ: «پەش ... پەش ... پەش ...» دەپ مۇشۇكنى قوغلىغان ئاۋازى غۇۋا ئاڭلاندى.

نۇشانىڭ يۈرىكى پوكۇلداپ، دەككە - دۈككىدە تام تۈۋىدە ئولتۇراتتى: «شۇ تاپتا ئانام ئۆيدىن چىقىپ كۆرۈپ قالىدىغان بولسا، تازا ئەدىپىمنى بېرەتتى - دە...» دەپ ئويلىدى ئۇ. بۇ قىش

كۆنلىرىنىڭ كىچىسى بولغاچقا، غورۇلداپ شامال چىقىپ تۇراتتى. شۇڭا، نۇشا توڭلاپ چىشلىرى كاسىلداپ، بەدەنلىرى تىترەپ كەتتى، شۇنداق بولسىمۇ ئۇ يەنىلا مىدىر قىلماي تام تۈۋىدە ئولتۇراتتى. يەنە بىرھازادىن كېيىن، ئۇ ئىككىنچى قېتىم مۈشۈكنى دوراپ مىياڭلىدى، ئۆيدىن ھېچقانداق تىۋىش چىقمىدى. شۇنىڭ بىلەن پۇتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ ئۆينىڭ ئىشىكىگە كەلدى. ئىشىكنىڭ بىر قانىتى ئوچۇق ئىدى، ئۇ بېشىنى تىقىپ قارىدى، بولۇڭدا چىراغ يورۇپ تۇراتتى. چىراغنىڭ غۇۋا يورۇقىدا ئىنىسى ئانىسىنىڭ ئالدى تەرەپتىكى پولدا ياتقانلىقىنى، ئانىسىنىڭ ئۇنىڭدىن يىراقراق يەردە ياتقانلىقىنى، ئاچىسى سۇلتانەنىڭ يوتقانغا يۆگىنىپ ئانىسىنىڭ قېشىدا ياتقانلىقىنى كۆردى.

نۇشا ئىشىكتىن ئوغرىدەك كىرىپ، ئاستا مېڭىپ كېلىپ ئانىسىنىڭ يېنىدا يېتىۋالدى. شۇ ئەسنادا ئانىسى ئۆرۈلدى. ئادەتتە نۇشا ئىنىسى بىلەن بىر يوتقاندا ياتاتتى. ھازىر ئۇ ئىنىسىنىڭ ئويغىنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، يوتقاننىڭ بىر قىسمىنى تارتىپ يېپىنىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئەگەر ئانىسىغا قولى تېگىپ كېتىپ، ئۇ ئويقۇلۇقتا ۋارقىراپ سالسا، ھەممەيلەننىڭ ئويغىنىپ كېتىدىغانلىقىنى ئۇ بىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، توڭلاپ جاقىلداپ تىترەپ كەتسىمۇ، يەنىلا تۈگۈلۈپ يېتىشقا مەجبۇر بولدى.

بىردەمدىن كېيىن سۇلتانەنىڭ يۆتەلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇرۇپ، نۇشانىڭ كۆزىنى يۇمۇپ ياتقانلىقىنى كۆردى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا يوتقان يېپىپ قويدى. ئاندىن:

— ھەي ھۇۋقۇش، يوتقان يېپىنمەي ياتىدىغان، توڭلىمىدىڭمۇ؟ — دەپ پىچىرلاپ قويدى.

نۇشا كۆزىنى ئېچىپ، سۇلتانەگە قارىۋىدى، ئۇ:

— يەنە ئۇخلىماي كۆزۈڭنى ئاچىدىغان بولساڭ، ئانامنى تۈۋلايمەن، جۇمۇ، — دەپ قورقۇتۇپ قويدى.

نۇشا بىرنېمە دېمىدى ـ يۇ، لېكىن ئاچىسىنىڭ پاچىقىنى قاتتىق بىر چىمدىۋالدى، سۇلتانە ئاغرىققا چىدىماي:

— ۋايجان، مەن ساڭا ياخشىلىق قىلسام، سەن مېنى چىمدىمىسەن، — دەپ توۋلاپ سالدى.

سۇلتانەنىڭ ئاۋازى قاتتىقراق چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئانىسى قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەچكە، تۇيماي قالدى. نۇشا قىمىر قىلماي كۆزىنى يۇمۇپ جىمجىت ياتاتتى. سۇلتانە ئورنىغا كىرىۋاتقاندا، نۇشا:

— تويدۇمغۇ سەندىن، — دەپ غودۇراپ قويدى.

سۇلتانە بۇنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئېتىبار قىلماي، جىمجىتلا بېرىپ يېتىپ قالدى. نۇشا ئۇياق ـ بۇياققا ئۆرۈلۈپ ئاخىر ئۇخلاپ قالدى.

بۇ كۈنى ئۇ ئىشقا كېچىكىپ قالدى. دەرۋازىۋەن گۈلخان زاۋۇت دەرۋازىسى ئالدىدا بۇرنىغا ناسۋال تىقىۋاتاتتى. نۇشانى كۆرۈپلا ئۇنىڭ ئاغزى ئېچىلدى:

— بۈگۈن يەنە كېچىكىپسەن، غوجايىنىنىڭ تازا ئاچچىقى كېلىپ تۇرىدۇ، چاپسان ماڭ، چاپسان، بولمىسا ... — ئۇنىڭ گېپى تۈگىگۈچە ئارقا ـ ئارقىدىن چۈشكۈرۈپ كەتتى، قالغان گېپىنىڭ ئورنىنى چۈشكۈرۈك ئالدى. شۇنىڭ بىلەن نۇشا ئىتتىك زاۋۇت رايونىغا كىرىپ كەتتى.

ئۇ زاۋۇتقا كىرىش بىلەنلا ئۆتكۈر كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، ئەتراپقا قاراپ ئابدۇلنى ئىزدىدى، لېكىن ئۇ كۆرۈنمىدى. ئابدۇل موتوسىكلىت زاۋۇتىنىڭ غوجايىنى ئىدى. ئۇنىڭ ئىشچىلارنى جازالاش چارىلىرى يىراق ـ يېقىن جايلارغا مەشھۇر ئىدى. نۇشا ئۇياق ـ بۇياققا قاراپ يۈرۈپ بىر لاپاسنىڭ ئاستىغا كەلدى. ئۇ يەردە بەزى ئىشچىلار ئىشلەۋاتاتتى. بىر ئىشچى ئۇنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، قاتتىق بىر يۆتىلىپ قويۇپ:

— كېچىكمەكچى بولساڭ ئالدى بىلەن تاقابىل تۇرۇش چارىسىنى ئويلاپ قويۇشۇڭغا توغرا كېلىدۇ، — دېدى.

— ھەي بۇرادەر، بوش كەلمەيسەن جۇمۇ، تۇنۇگۇن يەنە نېمە كىنو كۆردۈڭ؟ — دېدى يەنە بىر ئىشچى.
— بۇ سارائ ھەر كۈنى كىنودىن قالمايدۇ، كىنو مەستانىسى بولۇپ قالدى دەڭلا.
— بۇلارنى سۇرۇشتۇرۇپ نېمە قىلىسەن؟ ئۇنىڭ ساڭا پىچاق سېلىۋېتىشىدىن قورقمامسەن؟
— مەن مۇنداق چاقچاق قىلىشنى خالىمايمەن، — دېدى نۇشا چىرايىنى تۈرۈپ.
ئىشچىلار يەنە ئۇنى - بۇنى دېيىشىپ تۇراتتى، تۇساتتىن ئابدۇلنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى. ئۇ مۇشۇ تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى. نۇشا ھاپىلا - شاپىلا بىر كۇلۇچنى ئالدى - دە، يېنىدىكى بىر ماشىنىنىڭ ئاستىغا كىرىۋالدى ۋە ماشىنىنى تاراقشىتىپ، ماشىنا ياساۋاتقان بولۇۋالدى. شۇ ئارىدا ئابدۇلمۇ كېلىپ قالدى. ئىشچىلار قورققىنىدىن قاتتىقراقمۇ نەپەس ئالالماي، قولى قولىغا تەگمەي ئىشلىگىلى تۇردى. نۇشا يەنىلا ماشىنا ئاستىدا نېمىنىدۇر تاراقلىتىپ ياتاتتى، ئۇنىڭ سىرتتا قالغان بەدىنىمۇ مىدىرلاپ تۇراتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ قۇتۇلۇپ قالدى. ئەمما، باشقا بىر بالا ئىشچىنى پالاكەت باستى. ئۇ بالىمۇ كېچىكىپ قالغان بولۇپ، ئىشلىمەي بىكار ئولتۇراتتى. ئابدۇل بىر قاراپلا بۇنى پەملىدى - دە:
— بۈگۈن نېمىشقا كېچىكىپ قالدىڭ؟ — دەپ سورىدى.
ئۇ بالا ئىشچىنىڭ قورققىنىدىن ئاغزىغا گەپ كەلمەي قالدى. ئابدۇلنىڭ ئاچچىقى كەلدى:
— ئاغزىڭغا يارا چىقىپ قالدىمۇ نېمە؟ نېمىشقا گەپ قىلمايسەن؟
— ئانام كېچىكتۈرۈپ قويدى، — دېدى ئۇ لاغىلداپ تىترەپ تۇرۇپ.
— ئاناڭ سېنى بۇزۇق ئەرلەرنىڭ قېشىغا ئەۋەتتىمۇ؟ — دېدى ئابدۇل ئاغزىنى بۇزۇپ.

بىچارە بالا جاۋاب قايتۇرالماي، ئابدۇلغا قاراپ تۇرۇپلا قالدى.
ئابدۇل ئەلپازىنى بۇزۇپ شالىنى چاچقىلى تۇردى:
— سەن هارامزادىلەر بۇ يەردە هۈنەر ئۆگىنىپ مائاش ئېلىشىسەن، يەنە تېخى بايۋەچچىلەردەك گىدىيىپ يۈرۈشىسەن، هۇ جالاپىنىڭ بالىلىرى!
ئۇ يېنىدىكى بىر ئىشچىنىڭ قولىدىكى ئامبۇرنى تارتىۋېلىپ، هېلىقى بالىنىڭ بۇرنىنى قىسىپ تارتتى.
— ۋايجان، بەك ئاغرىپ كەتتى، جانابىي غوجايىن، — بالا ئاغرىققا چىدىماي توۋلاپ كەتتى، — ئۆتۈنۈپ قالاي، گۇناھىمدىن ئۆتسىلە! بۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى كېچىكمەيمەن.
ئۇ توختىماي ۋارقىرايتتى، ئابدۇل داۋاملىق قىسىپ تۇراتتى، بالا ئاغرىق دەستىدىن پۇت - قوللىرىنى يەرگە ئۇرۇپ كەتتى.
— هوي تەنتەك، يەنە نېمە نەيرەڭۋازلىق قىلماقچىسەن؟ — دېدى ئابدۇل.
— چىدىيالماي قالدىم! جانابىي غوجايىن! بۇنىڭدىن كېيىن هەرگىزمۇ كېچىكمەيمەن، — دېدى بالا تىرمىشىپ تۇرۇپ.
— تۇز ئولتۇر! — ئابدۇل ۋارقىرىدى، بالا دەرهال ياۋاشلىق بىلەن تۇز ئولتۇردى.
يەنە بىردەم ئۆتكەندىن كېيىن، ئابدۇل ئاندىن ئامبۇرنى بوشاتتى، بالىنىڭ بۇرنى كىچىك شوخلىدەك ئىششىپ چىققانىدى. بالا توختىماي بۇرنىنى سىلاپ ئېسەدەيتتى.
ئابدۇل ئۇنىڭ بۇرنىنىڭ ئاغرىش - ئاغرىماسلىقى بىلەن نېمە كارى بولسۇن، ئۇ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ:
— مىنشى! مىنشى! بۇياققا كېلىڭ! — دەپ توۋلىدى.
ئوتتۇرا ياشلىق جۇدەڭگۇ بىر كىشى بۇرنىنىڭ ئۈستىدىكى كۆزئەينىكىنى بىر قولى بىلەن تۇتقان پېتى ئالدىراپ - تېنەپ يېتىپ كەلدى.
ئابدۇل بالىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— ئېسىڭىزدە تۇتۇڭ، بۇ ھايۋانغا بۈگۈن ئىش ھەققى بېرىلمەيدۇ، ئۇقتىڭىزمۇ؟ — دېدى.

مىنشى ئاڭلاپلا چۈشەندى ـ دە، دەرھال جاۋاب بەردى:

— ئوبدان، ئوبدان. مانا ھازىرلا بېرىپ كېلىش ـ كېتىش دەپتىرىگە يېزىپ، ئىشقا كەلمىگەنلەر قاتارىدا بىر تەرەپ قىلاي.

بالا بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەمدى باشقا جازا بەرمەيدىغان بولدى دەپ ئويلاپ، يېنىك تىندى. لېكىن، ئابدۇل ئىشچىلارنى مۇنداق ئاسانلىقچە قويۇۋەتمەيتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ داڭقى بار ئىدى. ئۇنىڭ يەنە ئاۋازى ئاڭلاندى:

— قولاق سال! كىيىملىرىڭنى سېلىپ يالىڭاچلان، ئاندىن بېرىپ سۇ جومىكىنىڭ ئاستىدا ئولتۇر. سۇ جومىكىنىڭ تەمىنى ساڭا بىر تېتىتىپ قوياي.

بالا ئىشچى ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ ـ يېلىنىپ كەتتى، لېكىن ئابدۇل بولدى قىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

— سالامسەن، سالمامسەن؟ — دېدى ئۇ تەھدىت سېلىپ، — بولمىسا سېنى قاراڭغۇ ئۆيگە سولاپ قويىمەن!

قاراڭغۇ ئۆينىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، بالىنىڭ قورقۇپ جان ـ پېنى چىقىپ كەتتى. ئۇ لاغىلداپ تىترەپ تۇرۇپ كىيىملىرىنى سېلىشقا باشلىدى ـ دە، بىردەمدە قىپيالىڭاچ بولدى.

ھاۋا تۇتۇق، غۇرقىراپ شامال چىقىپ تۇراتتى. ھېلىلا يامغۇر يېغىپ ئۆتكەن كەڭ زېمىندا جانىدىن ئۆتكۈدەك سوغۇق بولۇۋاتاتتى. ئابدۇل ئۆزى قېلىن يۇڭ تېرە پەلتو كىيىۋالغان، باش ـ قولاقلىرىنى شارپا بىلەن ئورىۋالغانىدى. يالىڭاچ بالا ئىشچى توڭلاپ تىترىمەكتە ئىدى.

ئابدۇل ئۇنىڭ ئۈندىمەي تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

— ھەي، كۆتۈڭنى ئېچىپ قاچانغىچە تۇرىسەن؟ ماڭ، جومەكنىڭ ئاستىغا بار! — دېدى.

بالا ئىشچى نائىلاج ئابدۇلغا بىر قاراپ قويۇپ، بېشىنى ساڭگىلاتقان پېتى مېڭىپ جومەكنىڭ ئاستىغا بېرىپ ئولتۇردى.

جۇمەك ئېچىۋېتىلدى، مۇزدەك سۇ شارقىراپ ئۇنىڭ بېشىدىن قۇيۇلۇشقا باشلىدى.

ئابدۇل كېتىشى بىلەنلا نۇشا خۇددى چاشقاندەك ماشىنا ئاستىدىن بېشىنى چىقاردى. ئاندىن ئۆمىلەپ چىقىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ ئۇستىبېشى توپا ـ ئەخلەت، يۈز ـ كۆزلىرىنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يېرى قارامايي بولۇپ كەتكەنىدى. بىر چەتتە ئولتۇرغان ئۇنىڭدىن ئىككى ـ ئۈچ ياش چوڭراق كېلىدىغان بىر ئىشچى ئاغزىنى ئۇنىڭ قۇلىقىغا يېقىپ:

— ئۇستا ئىكەنسەن جۇمۇ! مېنى بىرنى سۆيۈپ قوي، بولمىسا هازىرلا سېنى سۇ جۇمىكىنىڭ ئاستىغا ئولتۇرغۇزىمەن، — دېدى.

جۇمەكنىڭ تەمىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ نۇشانىڭ تېنى ئىختىيارسىز جۇغۇلداپ كەتتى. ئۇ ئاستا يۈزىنى تۇتۇپ بەردى، ھېلىقى ئىشچى بىرنى سۆيدى ـ دە، ئارقىدىنلا چىرايلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ يەرگە تۈكۈردى.

— ئاغزىم ئاچچىق بولۇپ كەتتى. ۋاي ـ ۋۇي، بۇ ماينى يۈزلىرىڭگە نەدە سۈركىۋالدىڭ!

ئىشچىلار قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. نۇشا نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي، ئىختىيارسىز بېشىنى قاشلاپ قويدى.

## 2

سۇلتانە غۇۋا چىراغ يورۇقىدا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ كۆك تاماكا كېسىۋاتاتتى. ئانىسى ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، كېسىلگەن تاماكىنى ئوراۋاتاتتى، ئانا بىر چەتتە باش كۆتۈرمەي تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتاتتى. نۇشا يالغۇز ئۆزى بىر بۇلۇڭغا كىرىۋېلىپ ئۇياق ـ بۇياقتا ئۆرۈلۈپ ياتاتتى.

ئۆيئىچى تىمتاس ئىدى. بۇ تىمتاسلىقنى ئانىسى بۇزدى:

— ئەتە سەھەر تۇرۇپ تاماكا زاۋۇتىغا بېرىپ غوجايىنغا ئېيت، ئىلگىرىكى ئالدى ـ بەردىنى ھېسابلىۋەتسۇن، — دېدى ئۇ ئانىغا.

— ماقۇل ! ماقۇل ! — دەپ قويدى ئانۇ ئانىسىغىمۇ قارىماي پەرۋاسىزلىق بىلەن.
ئانىسى يەنە كايىغىلى تۇردى:
— ھېساباتنى تۈگىتىپ پۇلنىڭ ھەننىۋاسىنى ئەكەل. بولمىسا ئەتە قازان ئاسالماي قالىمىز. ئۆيدە بىر پەيسامۇ① قالمىدى. يەنە ئۇلارغا ئېيتىپ قوي، قاش قارايغۇچە يەنە مىڭ تال تاماكا ئاپىرىپ بېرىمىز. ئەستە تۇتۇۋالدىڭمۇ؟ — ئۇنىڭ قولى ئىشلەپ تۇراتتى، ئاغزى سۆزلەپ. بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، يەنە نېمە ئېسىگە كېلىپ قالدىكىنتاڭ:
— چاپسان بۇياققا كېلىپ، تاماكىلارنى بۆلۈپ - بۆلۈپ شوينا بىلەن باغلاپ چىق، — دېدى.
— مەن تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتىمەن، تاپشۇرۇقنى ئىشلەپ تۈگىتەلمىسەم ئەتە مۇئەللىم ئورۇندۇقتا تۇرغۇزۇپ قويىدۇ، — دېدى ئانۇ نارازى بولۇپ.
ئەمما، ئانىسى ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمىدى:
— بولدى، بولدى، باھانە تاپما، بىرنەچچە كۈن ئوقۇغانغا گەپلىرىڭمۇ چوڭ بولۇپ كېتىپتۇ. ھەممىدىن ئاۋۋال قورساقنىڭ غېمىنى قىلىش كېرەك. يەيدىغان بىرنېمە بولمىسا، ھەممىدىن بەكرەك سەن جېدەل قىلىسەن.
ئانۇ نارازى بولغان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئانىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ زىيەن باغلىغىلى تۇردى. تالادىن ئىتنىڭ قاۋىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. نۇشا كۇنبويى ھېرىپ - چارچاپ كەتكەچكە، يېتىپ قالغاندى. شۇ تاپتا ئىتنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەنلا قوپۇپ ئولتۇردى. سۇلتانە ئۇنىڭغا بىر قاراپ قويۇپ:
— قاراڭغۇ چۈشمەي تۇرۇپلا ئىت قاۋىغىلى تۇردىغۇ، — دېدى ئانىسىغا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ.
ئانىسى ئۇنىڭغا ئېرەن قىلماي:
— قارىسىغا سۆزلىمە، بۇ چاغدا لالما ئىتلار نېمە قىلىدۇ؟ —

① پەيسا — پاكىستاننىڭ پۇل بىرلىكى. يۈز پەيسا بىر رۇپىيە بولىدۇ.

دېدى.

— ياق، ئانا، — دېدى نۇشا، — ئاۋازىدىن قارىغاندا لالما ئىت قاۋاۋاتىدۇ، مەن چىقىپ قوغلىۋېتەي.

— جىم ئولتۇر ! قايسى ئىتنى قوغلايتتىڭ؟ — دېدى ئانىسى خاپا بولۇپ، — نېمىشقا شېرىكلىرىم چاقىرىۋاتىدۇ، دېمەيسەن؟ مەن ساڭا راجا دېگەن ئەسكى بالا بىلەن بىللە يۈرمە دەپ كۆرمىگەن قېتىم ئېيتتىم، بۇ گەپ سېنىڭ قۇلىقىڭغا كىرمىدى، ئاخىر بىر كۈنى پۇشايماننى ئالغىلى قاچا تاپالماي قالىسەن.

نۇشا چىرايلىرىنى تۈرۈپ، ئۇنى زاڭلىق قىلىپ ئولتۇرغان سۇلتانەنى تىللاۋاتاتتى، ئۇ «مېنى زاڭلىق ئەتمە» دەپ سۇلتانەنىڭ كاچىتىغا بىرنى سالاي دېۋىدى، بىراق ئۇنداق قىلىشقا پېتىنالمىدى.

تالادا راجا ئارىلاپ - ئارىلاپ ئىت قاۋىغاننى دورايتتى ۋە ھەر قېتىم دوراپ بولۇپ ئىشىك تەرەپكە قاراپ قوياتتى. لېكىن، ئىشىك ئېچىلمىدى. ئۇ خېلى ئۇزاق ساقلاپ ئاخىر كەيپى ئۇچقان ھالدا كېتىپ قالدى.

راجا شەھەر مەمۇرىيىتى كومىتېتىنىڭ گاز لامپىسى ئاستىغا كەلدى، ئۇ يەر جىمجىت ئىدى. يىراقراق قارىسا، ئاھالىلەر رايونىدا بىرەر بالىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى؛ ھاۋا خېلىلا سوغۇق ئىدى، كۈندۈزى ھاۋا تۇتۇق بولۇپ، ئاخشىمى بىرئاز يامغۇر ياغدى؛ ئەمدى بوران چىققىلى تۇردى. راجانىڭ يېنىدا پۇل ئاز ئىدى، بولمىسا ئۇ كىنو كۆرەتتى: ئۇنىڭ ئەسلىدە كۆڭلىدە سوققان چوتى نۇشانى تاپقاندىن كېيىن، ئىككىسى مۇسۇلمانلار ئاشخانىسىغا بېرىپ راھەتلىنىپ چاي ئىچكەچ كىنو ناخشىلىرىنى ئاڭلىماقچىدى.

راجا گاز لامپا ئاستىدا تۇرۇپ: «ھاۋ ! ھاۋ! ھاۋ !» دەپ ئىتنى دورىغىلى تۇردى.

ئۇنىڭ ئاۋازى جىمجىت كوچىدا خېلى ئۇزاققىچە ئەكس سادا قايتۇراتتى. لېكىن، ھېچكىمنىڭ ئىشىكى ئېچىلمايتتى، بىرەر

كىشىمۇ چىقمايتتى. ئۇ: «بۇگۈن بۇ گۈيلارنىڭ ھەننىۋاسى ئۆلۈپ قالدىمۇ نېمە ...» دەپ قويۇپ، ئاچچىقىدا ئۆزى يالغۇز مۇسۇلمانلار ئاشخانىسىغا ماڭدى. ئەمما، شۇ چاغدا رادىيودا خەۋەر بېرىلىۋاتاتتى. بۇنى ئاڭلاپ ئۇ: «خەۋەر بېرىلىۋاتقاندىكىن، نېمىشقا بىر-بىر چاچلىرىمنى مايلىتىۋالمايمەن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بېشىمۇ قىچىشىپ تۇرىدۇ» دەپ ئويلىدى.

ئاشخانىنىڭ سىرتىدا چاچ مايلايدىغان بىر يىگىت ئولتۇراتتى. راجا ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ھەي، چاچ ماي بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بار، — يىگىت دەرھال بىر كىچىك شىشىنى ئۇنىڭغا كۆرسەتتى.

— ئېيتىڭا، قانچە پۇل؟

— ئۇكام، ئۆزىڭىز بىلىپ بېرەرسىز.

— مەندە ئاران ئىككى پەيسا بار، سىز قانچە ئالاتتىڭىز؟

— بوپتۇ، سىزدىن پۇلنى ئاز ئالغانلىقىمنى ئېسىڭىزدە تۇتسىڭىزلا بولدى، — دېدى يىگىت سەل ئىككىلەنگەندىن كېيىن.

راجا ئاشخانىنىڭ بوسۇغىسىدا ئولتۇردى. چاچ مايلايدىغان يىگىت كىچىك شىشىدىن راجانىڭ بېشىغا ئازراق ماي تېمىتىپ مايلىغىلى تۇردى. ئۇ يۇمشاق قوللىرى بىلەن بەكمۇ چاپسان ئۇۋۇلايتتى. شۇ ئەسنادا راجا توساتتىن:

— ئاكا، بىر كۈندە قانچە پۇل تاپىسىز؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— ئۇكام، ئۇنىڭ گېپىنى قىلماڭ، — دېدى يىگىت.

— نېمىشقا؟ — دېدى راجا بىزەڭلىك قىلىپ.

— كۈنىگە ئاران بىر، بىر يېرىم رۇپىيە تاپىمەن.

راجا ھەيران قالدى:

— ۋاي - ۋۇي، مۇشۇ تېخى ئازمۇ؟ مۇشۇنى ئاز دەپ بىرىنىڭ ئۆيىنى بۇلاپ باي بولۇشنى خالامتىڭىز؟

— ئازلىقىغۇ ئاز ئەمەس، شۇغىنىسى كىشى بەك چارچاپ كېتىدۇ.
— بۇنىڭدا قانداق چارچايدۇ؟ مېنىڭ ئۆگەنگۈم كېلىۋاتىدۇ، ئۆگىتىپ قويامسىز؟ — راجانىڭ راستىلا بىرئاز ئۆگەنگۈسى كېلىپ قالدى.
— ئۇكام، بۇنى ئۆگىنىپ نېمە قىلىسىز؟ تايىنى يوق كەسىپ دەڭە ئۇ.
— نېمىشقا مەنىسى يوق؟
— هەي ي ي، تايىنى يوق دېگەندىكىن، تايىنى يوق ـ دە.
— ئېنىقراق ئېيتىڭا، زادى قانداق تايىنى يوق؟ — راجانىڭ ئاچچىقى كەلدى.
— ئۇنداق بولسا ئاۋۇ كىشىدىن سوراپ بېقىڭ، — دېدى يىگىت كۈلۈپ تۇرۇپ.
راجا قارىدى، ياندىكى دۇكاندا بىر ئادەم يوتىسىنى قاشلاپ ئولتۇراتتى. راجا ئۇ ئادەمگە گەپ قىلماي، چاچ مايلايدىغان يىگىتتىن:
— نېمىشقا ئۇنىڭدىن سورايمەن؟ سىز نېمىشقا دەپ بەرمەيسىز؟ — دەپ سورىدى.
— ئۇ سىزگە دەپ بېرىدۇ، — دېدى يىگىت كۈلۈپ قويۇپ، ئاندىن هېلىقى ئادەمگە گەپ قىلدى، — ئامانخان ئەپەندى، ماۋۇ بايۋەچچە بىر ئىشنى ئۇقۇشماقچىكەن.
ئامانخان ئەپەندى يوتىسىنى قاشلاپ ئولتۇرۇپ، راجاغا بىر قاراپ قويدى ـ دە:
— بىر رۇپىيەگە ياۋا قۇشلارنى سولايدىغان بىر كىچىك قەپەس① كېلىدۇ، باهاسى شۇ، — دېدى كۈلۈپ.
— قەيەردە؟ — دېدى راجا هەيران بولۇپ.
ئۇ كۆزىنى چىمچىقلىتىپ سەت بىر قىلىق قىلدى ـ دە:
— ۋاي ـ ۋۇي، ئوماق بالا ! شۇنىمۇ چۈشەنمەمسىز؟ — دېدى. راجا شۇنىڭدىلا گەپنىڭ تېگىگە چۈشەندى ـ دە، تىللىغان پېتى ئۇنىڭغا ئېتىلدى.

① پاهىشىخانا دېمەكچى.

— ھە، سەن لوكچەكلىك قىلماقچىمۇ، بوغۇپ زەرداب سۇيۇقنى چىقىرىۋەتمىسەم.

— مەن سىزگە نېمە دېدىم؟ — دېدى ھېلىقى ئادەم ئالاقزادە بولۇپ.

— ھەي تەنتەك، مۇشۇ يەردە لوكچەكلىك قىلىشقا جۇرئەت قىلدىڭمۇ؟ — دېدى ۋارقىراپ راجا.

— ھەي، — دېدى ئۇ ئالدىراپ، — بۇيەردىن كېتەمسەن، ياكى ئۆزۈمنى بىر تونۇتۇپ قويامدىمەن؟ بىكاردىن ـ بىكار چاتاق تاپىدىغان نېمىكەنسەن، — ئۇ راجانى قورقۇتماقچى بولۇۋىدى، راجا قىلچە بوش كەلمەي ۋارقىراپ تىل ياغدۇردى. شۇ ئەسنادا چاچ مايلىغۇچىمۇ كېلىپ ئامانخان ئەپەندىگە ياردەملەشتى. راجا ئۇنىڭغا چىڭ ئېسىلىۋېلىپ، ئاچچىقىدا ماي شىشىسىنى سۇندۇرۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىش يوغىنىدى. ئامانخان ئەپەندى ئاۋارىچىلىك تېپىۋېلىشتىن قورقۇپ، ئۇنى ـ بۇنى دەپ يۇرۇپ مىڭ تەسلىكتە راجانى ئاجرىتىپ، ئۇنىڭغا ناماقۇل بولدى ۋە ئۇنىڭ بىرمۇنچە تىل ـ ھاقارىتىنى ئاڭلىدى.

راجا ئاچچىقىدا چايمۇ ئىچمەستىن، بۇرۇلۇپلا ئۆزى تۇرىدىغان ياغاچ كەپىگە قايتىپ كەتتى. كەپىنىڭ ئىشىكى ئوچۇق بولۇپ، ئىچى قاپقاراڭغۇ ئىدى. بۇ ياغاچ كەپە ئۆتكەن يىلى يامغۇر پەسلىدە ئۆرۈلۈپ كەتكەن بىر ئىمارەتنىڭ خارابىسىگە سېلىنغانىدى. راجانىڭ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ، تىلەمچى بوۋاي يەنە يۆتەلگىلى تۇردى.

— بوۋا، تېخى ئۇخلىماپسىزغۇ؟ — سورىدى راجا.

تىلەمچى بوۋاي يۆتىلىپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— خۇدايىمەي ! بۈگۈن ئاجايىپ قاتتىق سوغۇق بولۇۋاتىدۇ. سەن ئاۋۋال ئىشىكنى يېپىپ قوي، ئاندىن ئاۋۇ بۇلۇڭدىكى كىرلىكنى ئەكېلىپ ماڭا يېپىپ قويغىن.

ئۆي قاراڭغۇ بولغاچقا ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايتتى. راجا سەرەڭگە ياندۇرۇپ، ئاندىن بوۋاينىڭ پارچە ـ پۇرات لاتا ـ

پۇتىلارغا ئۇرىلىپ ياتقانلىقىنى، خۇددى بىر لاتا بوغچىغا ئوخشاپ قالغانلىقىنى كۆردى. غۇۋا يورۇقتا بىر شەپەرەڭ ئۆيدە ئايلىنىپ يۈرەتتى. راجا كىرلىكنى تىلەمچى بوۋايغا يېپىپ قويدى. تىلەمچى بوۋاي ماخاۋ كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان بىر كىشى ئىدى.

— بۇگۈن بۇرۇنلا قايتىپ كەپسەن، سىرتتا بوران چىقىۋاتىدۇ، توڭلاپ كەتكەنسەن؟ — دېدى ئۇ جاراھەتلىرىنى كارت - كارت تاتىلاپ تۇرۇپ.

راجا ئۇنىڭغا ئېرەن قىلمىدى. ئىشىكنى تاقاپ قويۇپ، يىرتىق بىر ئەدىيالغا پۈركىنىپ ياتتى. ھاۋا بەكمۇ سوغۇق ئىدى، راجاغا بۇ ئەدىيال مۇزدەك سۇغا چىلانغاندەك بىلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى مۇزلاپ كەتتى، ئەمما تىترەپ كەپلىرى قولاشمىسىمۇ شوخلۇق قىلىپ بىرنېمىلەرنى دەيتتى. ئۇ تۇگۈلۈپ، تىزلىرىنى مەيدىسىگە يېقىپ يېتىپ، خېلى ئۇزاقتا ئۇخلاپ قالدى.

تاڭ يورۇي دېگەندە، تىلەمچى بوۋاي راجانىڭ بېلىگە بىرنى تېپىپ ئۇنى ئويغىتىۋەتتى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ گەپ - سۆزمۇ قىلماستىن ئوڭدا ياتتى. تىلەمچى بوۋاي يەنە ئۇنىڭ مۈرىسىگە بىرنى تەپتى. ئەمدى يەنە يېتىۋېرىشكە بولمايتتى، ئۇ نائىلاج قوپۇپ ئولتۇردى. تىلەمچى بوۋاي ئۇنىڭغا تەكەللۇپ قىلىپ ئولتۇرمايتتى، ھەر كۈنى مۇشۇنداق تېپەتتى، ئاخشىمى ئۇنىڭغا ئىككىلىنىپ تۇرۇپ ئاندىن سەككىز ئاننا[1] بېرەتتى.

ئىشىك داغدام ئوچۇق تۇراتتى. تىلەمچى بوۋاي ئېچىۋەتتىمىكىن ياكى كېچىدە چىققان بوران ئىشىكنى تاقاپ قويغان تاشنى ئۇرىندىن يۆتكىۋەتتىمىكىن... تاشقىرىنى تۇمان قاپلىغانىدى. كۆكۈچ يورۇقلۇقتا تىلەمچى بوۋاي يىرىڭ ئېقىپ تۇرغان جاراھەتلىرىنى قاشلايتتى. ئۇنىڭ ساقال - بۇرۇتلىرى چاڭگا بولۇپ ئۆسۈپ، پاخپىيىپ كەتكەن چاچلىرى كۆزلىرىنى

① ئاننا — پاكىستاننىڭ كونا پۇل بىرلىكى. ئون ئالتە ئاننا بىر رۇپىيە بولىدۇ.

توسۇۋالغانىدى. ئۇنىڭ بۇ كۆرۈنۈشى بەئەينى ئالۋاستىلاردەك قورقۇنچلۇق ئىدى.

راجا ئۆيدىن بىر ياغاچ هارۋىنى ئىتتىرىپ چىقىپ، تىلەمچى بوۋاينى ئولتۇرغۇزۇپ تارتىپ يۈرۈپ كەتتى. تىلەمچى بوۋاي ئەدىيالغا يۆگىنىپ هارۋىدا هۇزۇرلىنىپ ئولتۇراتتى. ئەمما، راجا بىر يىرتىق كۆڭلەكلا كىيىۋالغاچقا، تاڭ سەهەرنىڭ سوغۇق شاملىدا توڭلاپ تۈگۈلۈپ كەتتى. تىلەمچى بوۋاي ئۇنىڭ توڭلاپ تىترەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— هەي، كۈندە كىنو كۆرۈپ، نېمىشقا بىكاردىن ـ بىكار پۇلنى بۇزۇپ ـ چاچىسەن؟ نېمىشقا كونا ماللار دۇكىنىدىن بىرەر كونا كىيىم ئېلىپ كىيىۋالمايسەن؟ نېمىدېگەن سوغۇق ! — دېدى.

راجا پەرۋا قىلماي، ئۇندىمەستىن هارۋىنى سۆرەپ مېڭىشنى داۋاملاشتۇراتتى. پۈتۈن شەهەرنى تۇمان قاپلىغانىدى. كىشىلەر تېخى تاتلىق ئۇيقۇدا ئىدى. ئەتراپ تۇتۇق كۆرۈنەتتى. هەممە يەردە جىمجىتلىق هۆكۈم سۈرەتتى. بىردەمدىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا تاڭ ئېتىشقا باشلىدى. چىۋىندەك ۋىڭىلدىغان بىر ئاۋاز سەهەرنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزدى، تىلەمچى بوۋاي خىرىلداپ بىر نېمىلەرنى ئوقۇيتتى:

تۇغۇلساڭ دۇنياغا،
كۈندە سەهەردە تۇرارسەن ئۆلگۈچە.
كۆمۈلسەڭ تۇپراققا،
ئۇخلارسەن ئاخىر زامان بولغۇچە.

ئۇنىڭ ئاۋازى ئەسلىدىلا بەكمۇ ئېچىنىشلىق ئىدى، تىپتىنچ سەهەردە بۇ ئاۋاز تېخىمۇ ئېچىنىشلىق ئاڭلىناتتى. لېكىن، راجادا بۇنىڭغا قارىتا قىلچە ئىنكاس بولمىدى. ئەگەر ئاز ـ تولا بىرنېمە هېس قىلدى دېيىلسە، ئۇ توڭلىغانلىقىنى هېس

قىلاتتى. ئۇ ھارۋىنى سۆرەپ ئالادىيانىڭ چايخانىسىغا يېتىپ كەلدى. مەشتە ئوت لاۋۇلداپ كۆيۈپ تۇراتتى، كۆيۈۋاتقان كۆمۈردىن پاراسلاپ ئاۋاز چىقاتتى. ئوت يالقۇنلاپ نۇر چېچىپ تۇراتتى. مەشنىڭ ئۈستىدىكى چەينەكلەردىن پۇرقىراپ ھور چىقىپ تۇراتتى.

راجا قەدىمىنى توختاتتى. تىلەمچى بوۋاي پىچىرلاپ ئالادىياغا:

— خۇدايىم سودىڭىزغا بەرىكەت بەرگەي، — دەپ دۇئا قىلدى.

لېكىن، ئالادىياغا شۇ تاپتا ھەممىدىن زۆرۈرى خېرىدار ئىدى. ئۇ خۇشياقمىغاندەك قىلىپ:

— بوۋاي، يولىڭىزغا مېڭىۋېرىڭ! — دەپ قويدى.

بوۋاي بىلەن راجا ھارۋىنى سۆرەپ يولىغا مېڭىشقا مەجبۇر بولدى. ئالادىيا غوتۇلداپ قويدى:

— ئەتىگەندىلا مۇشۇ ئەبلەخنىڭ ئۇچرىغىنىنى قارىمامدىغان، تېخى ئېرىم قىلمىغاندا ئۇنىڭغا بېرىدىغان پۇل نېمىش قىلسۇن !

تىلەمچى بوۋاي ئۇنىڭ غوتۇلدىغىنىنى ئاڭلاپ:

— ئابايا سەن نېمىشقا ئۇ ئەبلەخنىڭ دۇكىنى ئالدىدا توختايسەن؟ — دەپ سورىدى راجادىن.

— بىرەر پىيالە قىزىق چاي بېرەرمىكىن دەپتىكەنمەن ... — دېدى راجا خاپا بولغان ھالدا.

— ھەي ي ي، نېمىشقا بالدۇرراق دېمەيسەن؟ — دېدى تىلەمچى بوۋاي ئالدىراپ، — ئۇنىڭغا پۇل بەرسە بېرىدۇ چاينى. يۈر، بىردەم تۇرۇپ ساڭا چاي ئىچۈرەي، ۋاي - ۋۇي، نېمىدېگەن سوغۇق بۇ ! — ئۇنىڭ چىشلىرى كاسىلداپ كەتتى.

يەنە بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن، يەنە بىر چايخانىغا يېتىپ كېلىشتى. ئۇلار بىرەر پىيالىدىن قىزىق چاي ئىچىپ، بىر ئاز ئىسسىنىۋېلىپ، ئاندىن كوچىمۇكوچا يۈرۈپ تىلەمچىلىك قىلىشقا باشلىدى. ئانچە يىراققا بارمايلا، بىر يولۇچى مىتال پۇلنى تىلەمچىنىڭ قاچىسىغا تاشلىدى. تىلەمچى بوۋاي سىلاپ

قولىغا ئېلىپ خۇشال بولۇپ كەتتى:
— ۋۇي، بىر پەيسا ئىكەن! — ئۇ ئاستا كۆزىنى ئېچىپ مىتال پۇلغا ئوبدان قاراپ چىقتى، — بۇ ساختا پۇلدەك تۇرىدۇ جۇمۇ، سەن كۆرۈپ باقە، راجا.
راجا پۇلنى قولىغا ئېلىپ ئوبدان قاراپ چىقىپ:
— ساختا ئىكەن، — دەپ پۇلنى تىلەمچى بوۋايغا قايتۇرۇپ بەردى.
— توۋا خۇدايىم، — دېدى تىلەمچى بوۋاي خاپا بولۇپ، — بۇ قانداق زامان بولۇپ كەتتى! ھازىر كىشىلەر خۇدانىمۇ ئالدايدىغان بولۇپ كېتىپتۇ. بۇگۈن خەيرلىك كۈن بولمىدى. قاق سەھەردىلا مۇنچىۋالا بىمەنە ئىشلارغا ئۇچرىدۇق، خۇدا ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن!
لېكىن، ئەمەلىيەت بۇ كۈننىڭ خەيرلىك كۈن بولغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئۇلار خۇدادىن قورقىدىغان، ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىشنى خالايدىغان بەزى مۇسۇلمانلارغا يولۇقتى. چۈش بولغۇچە بىر رۇپىيەدىن كۆپرەك پۇل تاپتى. بىر ئاھالىلەر رايونىدا ئۇلارغا قىرىق نەزىرى ئۆتكۈزۈۋاتقان بىر ئۆي ئۇچراپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار راھەتلىنىپ بىر ئاش يەۋالدى ۋە ئاپتاپسىنىپ ھاردۇقىنى چىقىرىۋېلىپ، ئاندىن يولىنى داۋاملاشتۇردى.
ئۇلار شەھەرنىڭ پاكىز بىر كوچىسىدا كېتىۋاتقاندا، دوختۇر سىياقىدىكى بىر كىشى راجانىڭ يېنىغا كېلىپ، سەل تۇرۇۋېلىپ:
— ھەي بالام، سېنىڭ بۇ بوۋاي بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقىنىڭغا قانچىلىك ۋاقىت بولدى؟ — دەپ سورىدى. ئاندىن ماخاۋ كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان بۇ بوۋايغا قاراپ قويدى. بوۋاي كۆزلىرىنى يۇمۇپ، ئۆلۈك ئادەمدەك تۇگۇلۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كەمتۈك بارماقلىرى بىلەن جاراھەتلىرىنى تاتىلايتتى.
— سەن بۇنىڭدىن كېيىن بۇ بوۋاي بىلەن بىللە تۇرما. ئۇ

ئىنتايىن قورقۇنچلۇق كېسەللىككە گىرىپتار بولغان، — ھېلىقى كىشى شۇنداق دەپ بولۇپلا، چەتتە توختىتىپ قويۇلغان پىكاپقا كىرىپ كەتتى.

پىكاپ يۈرۈپ كەتكەندە، تىلەمچى بوۋاي ئاغزىنى بۇزۇپ ئۈنى تىللىۋەتتى، ئاندىن راجاغا:

— بۇ ئەبلەخ بىر تىيىن پۇل بەرمەكتە يوق، بىر تاغار بىلجىرلاۋاتىدۇ. سەن ئۇ ھايۋاندىن سوراپ باقە، قۇرۇق گەپكە قورساق تويامدىكەن؟ قۇرۇپ كەتكۈر ! — دېدى - دە، ئۈنى يەنە تىللىغىلى تۇردى.

راجا ئويلاپ قالدى: راست ئەمەسمۇ، قۇرۇق گەپ ۋە بىكار گەپكە قورساق تويامتى؟ ئۇ خىزمەتسىز قالغان ۋاقتىدىن باشلاپ تىلەمچى بوۋاينىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى، ھازىر كۈندە ئىككى ۋاخ تاماق يېيەلەيدۇ، يەنە ھەر كۈنى پارچە خىراجىتى ئۈچۈن سەككىز ئاننا پۇلغا ئىگە بولالايدۇ، بوۋايدىن ئوغرىلىقچە تاپقان پۇلى بۇنىڭ سىرتىدا تېخى.

راجا ھەر كۈنى تىلەمچى بوۋاينى ياغاچ ھارۋىغا سېلىپ سۆرەپ كوچىمۇكوچا ئايلىنىپ يۈرەتتى. تىلەمچى بوۋاي ئېچىنىشلىق غىڭشىپ پۇل تىلەيتتى. ھارۋا چاقى ئېگىز - پەس يولدا غىچىرلاپ ئۈنىڭ ئاۋازىغا جور بولاتتى. تىلەمچى بوۋاي بىر تەرىپى تالسا، يەنە بىر تەرەپكە ئۆرۈلۈپ ياتاتتى؛ خالىيراق يەرلەرگە كەلگەندە، راجا توختاپ بىرئاز دېمىنى ئېلىۋېلىپ، بىرەر تال تاماكا تۈتاشتۇرۇپ چېكىپ، روھىنى بىرئاز تېتىكلەشتۈرۈۋالاتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار تاڭ سەھەر چىققانچە، چارچاپ ھالىدىن كەتكەندە ئاندىن تۇرار جايىغا قايتىشاتتى. بۇ چاغدا سائەت توققۇز - ئون بولۇپ قالاتتى، بازار تۈگەپ رەستە - كوچىلارمۇ جىمىپ قالاتتى.

ياغاچ كەپىگە قايتقاندىن كېيىن، راجا پۇل سورىغىلى تۇردى. تىلەمچى بوۋاي باشقا كۈنلەردىكىگە ئوخشاشلا، سەۋەب كۆرسىتىپ پۇل بەرمىدى.

— سەن پۇلنى بۇزۇپ - چاچما! مەندە تۇرسا، ساڭا پايدا، — دېدى ئۇ.

— ياق، مەن هازىر ئالمەن، — دېدى راجا ئۇنىڭ گېپىگە ئۇنىماي جاھىللىق قىلىپ.

— هوي تەنتەك، ئۆلسەڭ كېپەنلىككىنىمۇ خەقتىن سورىتىسەن بىكار، — دېدى تىلەمچى بوۋاي ئاچچىقلىنىپ.

— بوۋا، كوتۇلداۋەرمەي، سەككىز ئاننانى چاپسان بېرىۋېتىڭا ! — دېدى راجا.

تىلەمچى بوۋاي يېنىدىن ئۇششاق پۇللارنى ئېلىپ ساناپ سەككىز ئاننانى راجاغا بەردى - دە، ئاغزىغا كەلگىنىچە تىللاپ كەتتى. راجا پۇلنى ئېلىپلا ياغاچ كەپىدىن ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

## 3

ئاھالىلەر رايوندىكى باشقا بالىلار نەگە كەتتىكىنتاڭ، شامى ئۆزى يالغۇز شەھەر مەمۇرىيىتى كومىتېتىنىڭ گاز لامپىسى ئاستىدا ئولتۇراتتى. راجا ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، ھېچقايسىسى لام - جىم دېيىشمىدى. ئاۋۇ كۈنى ئۇرۇشۇپ قالغاندىن بۇيان ئۇلار گەپلەشمەي كېلىۋاتاتتى. راجا كوچا بېشىغا قاراپ ئاستا كېتىۋېتىپ، ئەمدى شامى بىلەن ئەپلىشىپ قالاي دېگەن يەرگە كەلدى - دە، ئارقىسىغا يېنىپ، گاز لامپا ئاستىغا كەلدى ۋە غەيرەتلىنىپ تۇرۇپ:

— ھەي شامى، نۇشا دېگەن تەنتەك بۈگۈن نەگە كەتكەندۇ؟ — دەپ سورىدى.

شامىمۇ مۇشۇ پۇرسەتنى كۈتۈپ تۇراتتى، شۇڭا ئۇ دەرھال جاۋاب قايتۇردى:

— ھەرقاچان ئانىسى ئۆيدىن چىقارمىغاندۇ.

— نۇشا دېگەن گۆي بەك يامان نەرسىكەن، ئۇنىڭ كىشى قورققۇدەك ۋارقىراشلىرىنى دېمەمدىغان، — دېدى راجا ئۇنىڭ

يىنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ.
شامى ئۇنىڭ گېپىگە ئېرەن قىلمىدى.
— ئاداش، قارتىڭ بولسا، ئالغىنا، ئىككى قول ئوينايلى.
راجا شالۋۇرىنىڭ يانچۇقىدىن قارتىنى ئېلىپ شىيلىغىلى تۇردى.
— نەيرەڭۋازلىق قىلما جۇمۇ، بولمىسا ئوينىمايمەن، ئۇرۇش - جېدەلنىڭ نېمە پايدىسى، — دېدى شامى.
شۇنىڭ بىلەن ئىككىيلەن ئەركىن - ئازادە قارتا ئويناشقا چۈشتى. تازا قىزىغاندا، شامى بىر قارتىنى كۆچەپ تاشلىدى - دە:
— ئاداش، قانداق؟ — دېدى بېشىنى گىلدىڭلىتىپ.
دەل شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ بېشىغا «پاق» قىلىپ كەشىنىڭ چەمى تەگدى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە:
— قارىغىنا، ماۋۇ قانداق؟ — دېگەن غەزەپلىك گۈركىرىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.
شامى ئالدىراپ - تېنەپ بېشىنى بۇراپ قارىدى، ئۇنىڭ ئارقىسىدا غەزەپتىن كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن دادىسى بىر پاي كەشنى تۇتقان پېتى تۇراتتى. شامى قاتتىق قورقۇپ كەتتى. ئۇنىڭ دادىسى كەش بىلەن ئىككىنچى قېتىم ئۇرماقچى بولۇۋىدى، شامى بېشىنى ئەپقېچىپ، قارتىنى تاشلاپ بەدەر قاچتى.
— هوي هارىمى، توختا! بولمىسا تېرەڭنى تەتۈر سويىمەن، — دەپ توۋلىدى دادىسى.
لېكىن، شامى توختىمىدىغان، ئۇ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ، هايت - هۇيت دېگۈچە خېلى يىراققا كېتىپ قالدى. ئۇ تار كوچىلار بىلەن ئايلىنىپ ئۇدۇل ئۆيىگە باردى. دادىسى تېخى كەلمىگەنىدى. ئانىسى ئۇنىڭ بۇ پەرىشان هالىتىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ دادىسىغا ئۇچراپ قالغانلىقىنى بىلدى - دە، ئۇنى بىرنەچچە ئېغىز تىللاپ قويۇپ، قازناق تەرەپكە ئىتتەردى:
— نېمە هاڭۋېقىپ تۇرىسەن؟ چاپسان مۆكۈۋال، بولمىسا بۈگۈن ئۇ ئۇرۇپ باشلىرىڭنى مىجىۋەتمىسە مانا مەن.

شامى ئالدىراپ قازناققا كىردى ـ دە، ئىشىكنى ئىچىدىن تاقاپ، بىر بۇلۇڭغا كېلىپ تۈگۈلۈپ ئولتۇردى. ئارىدىن بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن دادىسى قايتىپ كەلدى ۋە ئاغزى بېسىلماي تىللىغاچ ئۇياق ـ بۇياقنى ئاختۇرۇپ چىقتى. شامىنىڭ قورقۇپ جان ـ پېنى چىقىپ كەتكىلى تاس قالدى، ئۇ لاغىلداپ تىترىگىنىچە مۈكچىيىپ تېخىمۇ بۇلۇڭغا كىرىپ كەتتى. قازناق ئىشىكىنىڭ ئالدىدا بىر تىۋىش ئاڭلىنىپ قالسا، ئۇنىڭ يۈرىكى بىرھازاغىچە پوكۇلداپ كېتەتتى.

خېلى ئۇزاقتىن كېيىن ئانىسى ئاستا ئىشىك قېقىپ، ئاۋازىنى پەس چىقىرىپ شامىنى چاقىردى. شامى ئىشىكنى ئاچتى، ئانىسى ئۇنى ئاشخانىغا باشلاپ كىردى ۋە قاتتىق بىر چىمدىۋېلىپ:

— چاپسان بىر نېمە يەۋال. ئەتىگەندىن تارتىپ ئاچ قورساق يۈرەمسەن. كىشىگە كىچىككىنىمۇ ئارام بەرمەيسەن، — دېدى.

ئانىسى ئۆز تەقدىرىنىڭ كاجلىقىدىن زارلىنىپ ئولتۇردى. شامى تاماقنى يالماپ ـ يالماپ يۇتقىلى تۇردى. ئۇ يەنە پات ـ پات ئىشىك تەرەپكە قاراپ قوياتتى. ئۇ دادىسىدىن ھەقىقەتەن قورقاتتى. چۈنكى، دادىسى بەك قاتتىق ئۇراتتى. قولىغا نېمە چىقسا، شۇنىڭ بىلەن سالاتتى. بىر نەچچە قېتىم شامىنى ئۇرۇپ بېشىنى يېرىۋەتكەنىدى. بۈگۈن ئۇ دادىسىنىڭ ياتقان ئۆيىگە كىرىپ يېتىشقا جۈرئەت قىلالماي، ئانىسىدىن بىر يوتقان سورىۋېلىپ، قازناققا كىرىپ كەتتى.

ئەتىگەندە ئۆيدىكىلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئورنىدىن تۇرمىغاندا، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. توڭلاپ قوللىرىنى قولتۇقلىرىغا قىسىپ، لاغىلداپ تىترەپ تۇراتتى. ئۇ گېزىتخانىغا كەلگەندە گېزىت بېسىلىۋاتاتتى. بىردەم كۈتكەندىن كېيىن، ئاندىن بىر بولاق گېزىتنى قولتۇقلاپ، گېزىت سېتىش ئۈچۈن كوچىغا چىقتى.

گېزىت ئېلىڭلار، گېزىت، ئەڭ ياخشى خەۋەرلەر بار !

ئۇ قەدەملىرىنى چاپسان ئېلىپ، گېزىتتىكى كىشىنى ھەيران

قالدۇرىدىغان ماۋزۇلارنى ئوقۇپ ماڭاتتى. ئۇ نۇرغۇنلىغان يەرلەرگە گېزىت ئاپىراتتى. گېزىتنى ھەرقايسى ئائىلىلەرنىڭ ئىشىك ياكى دېرىزىلىرىگە تىقىپ قويۇپ، يەنە چاپسان يولىنى داۋاملاشتۇراتتى. بىرەر ئۆينىڭ ئىشىكى تاقاق، دېرىزىسىدىن گېزىتنى كىرگۈزگىلىمۇ بولمايدىغان ئەھۋالغا يولۇقسا، «گېزىت كەلدى !» دەپ توۋلاپ، گېزىتنى ھەربىر مۇشتەرىگە يەتكۈزۈپ بېرەتتى. ئۇ بۈگۈن بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئەمدى توۋلاي دەپ تۇرۇۋىدى، ئۆيدىن لۆڭگىدە يۈزىنى ئېرتقاچ بىر كىشى چىقتى ــ دە، شامىنى كۆرۈپلا قاپىقىنى تۈردى:

ـــ گېزىتنى نېمىشقا مۇنچىۋالا كېچىكىپ ئەكېلىسەن؟

ـــ كەچۈرۈڭ، بۈنىڭدىن كېيىن بۇرۇنراق ئەكېلەي، ئەپەندىم، بۈگۈن گېزىتنىڭ بېسىلىشى كېچىكتى، ـــ دېدى شامى يالغان سۆزلەپ، ھېلىقى كىشى گېزىتنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ يۈزىگە ئاتتى:

ـــ ئال گېزىتىڭنى، ماڭا لازىمى يوق.

ـــ مەن دېدىم، ئەپەندىم، ئىككىنچى كېچىكمەيمەن.

ـــ دېدىمغۇ، گېزىتنىڭ لازىمى يوق ماڭا. كەتمەي نېمىگە تۇرىسەن؟

شامى گۇناھكارلاردەك بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، ئۈندىمەي تۇراتتى. ھېلىقى كىشى ئىشىكنى ئەتمەكچى بولۇۋاتقاندا، شامى ئاران ئاڭلانغۇدەك قىلىپ:

ـــ ئەپەندىم، ئۆتكەن ئايلىق ئابۇنە ھەققىنى تېخى تۆلىمىگەنىدىڭىز ! ـــ دېدى.

ھېلىقى كىشى كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ:

ـــ يوقال كۆزۈمدىن ! نېمە ئابۇنە ــ پابۇنە ھەققى ئىكەن. ھۇ ھۇۋۇقۇشنىڭ بالىسى! ① ـــ دېدى ــ دە، گۈپپىدە قىلىپ ئىشىكنى يېپىپ كىرىپ كەتتى. شامىنىڭ قاتتىق غەزىپى ئۆرلىدى، ئەمما ئۇ ھېلىقى كىشى بىلەن گەپ تالىشىپ

---

① ئادەم تىللايدىغان گەپ، «ئەخمەق» دېگەن مەنىدە.

تۆرمىدى. چۈنكى، ئۇ، ھېلىقى كىشى بىلەن گەپ تالىشىپ ۋاقىتقا دەخلى يەتكۈزسە، باشقا مۇشتەرىلەرنىڭ گېزىتىمۇ كېچىكىپ قېلىپ تېخىمۇ كۆپ تىل ـ ھاقارەت ئاڭلايدىغانلىقىنى ئويلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ باشقا يەرلەرگە يۈرۈپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە، شامى بىر ئىنژېنېرنىڭ ئۆيىگە گېزىت ئاپىرىشتىن بەك قورقاتتى، ئۇ كىشىنىڭ ئۆيىدە يامان بىر ئىت بار ئىدى. ئۇ ئىت شامىنى كۆرسىلا قاۋايتتى، ئۇنىڭ ئاۋازى مەسچىتنىڭ گۈمبىزىدىن چىققان ئەكس سادادەك قاتتىق ئىدى. شامى ئىشىك ئالدىغا كەلسىلا، ئۇ قاۋىغان پېتى ئۇنىڭغا ئېتىلاتتى. بىر كۈنى ئىت ئۇنى تالاپ كەتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ بۇ ئائىلىگە گېزىت يەتكۈزۈپ بېرىشنى ئۈزۈپ قويمىدى. چۈنكى، ئىنژېنېر ۋەدىسىدە تۇرىدىغان مۇشتەرى ئىدى، ئۇ ئابونە ھەققىنى پەقەت كېچىكتۈرمەيتتى.

سائەت توققۇز بولاي دېگەندە، ئاندىن ئۇ گېزىت تارقىتىپ بولدى ـ دە، ھېرىپ ـ چارچاپ ئۆيىگە قايتتى. ئانىسى ئۇنىڭ كىچىككىنە ئارام ئېلىۋېلىشىغىمۇ رۇخسەت قىلماي:

— چاپسان، دۇكانغا چىق، بۈگۈن داداڭنىڭ ئانچە تاۋى يوق، — دېدى.

شامى گەپ ـ سۆز قىلماي دۇكانغا چىقىپ كەتتى. دادىسىنىڭ كىچىككىنە بىر مىلىچمال دۇكىنى بار ئىدى، شۇ تاپتا ئۇ دۇكىنىدا يۆتىلىپ ئولتۇراتتى. شامى كەلگەندە، ئۇ ئالىيىپ قويدى ـ يۇ، گەپ ـ سۆز قىلمىدى. خۇداغا شۈكۈر، بۇ قېتىم ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋالغان بولدى. ئۇ بېشىنى تۆۋەن سالغان پېتى دۇكانغا كىرىپ، ئاستا بىر چەتتە ئولتۇردى. دۇكاندا خېرىدار يوق ئىدى.

بىردەمدىن كېيىن يەتتە ـ سەككىز ياشلىق بىر قىز بالا كېلىپ بىرئاز سەدەپ تۈگمە سېتىۋالدى، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇ بالا قايتىپ كېلىپ، سەدەپ تۈگمە ئالماي، سولياۋ تۈگمە ئالىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شامى ئۇنىڭغا سولياۋ تۈگمە تېگىشىپ

بەردى. لېكىن، بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن، ئۇ قىز بالا يەنە كېلىپ، ئابايىقى تۇگمىنى ئالماي چوڭ تۇگمە ئالىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شامىنىڭ ئاچچىقى كەلدى ـ دە، تۇگمىنى بېرىپ بولۇپ، ئۇ بالىنىڭ بىلىكىنى چىمدىۋالدى، بىلىكى ئاغرىپ كەتكەن قىز بالا ۋارقىرىۋەتتى. بۇنى دادىسى كۆرۈپ قالدى ـ دە، ئاچچىقىدا كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى:

— ھەي ھارىمى، ياۋاشراق بولساڭ بولمامدۇ؟

ئۇ ئاغزى بېسىلماي تىللىسىمۇ شامى ئۇندىمەي ئاڭلايتتى. دادىسىنىڭ زىققە كېسەللىكى بار ئىدى. دۇكاندا يا يۆتىلىپ، يا شامىنى تىللاپ ئولتۇراتتى. ئاچچىقى كەلگەندە ئۇنى قاتتىق بىر نەچچە شاپىلاق ئۇرۇۋېتەتتى ياكى بىرنەچچىنى تېپەتتى.

چۈش مەزگىلىدە بازار ئاستا ـ ئاستا سۇسلاپ، خېرىدارلار ئازىيىپ قالاتتى. دۇكاندارلار بىكار پاراڭ سوقۇپ ياكى مۈگدەپ ئولتۇراتتى. شامىنىڭ دادىسى ھەمىشە سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئۇ بوگۇنمۇ شۇنداق كۆزلىرىنى يۇمۇپ ياتتى. يېنىدىكى دۇكاندار ئۇنىڭغا:

— ھەي، دىلاۋۇرخان، ئوينامدۇق؟ — دېدى. بۇ ئۇنىڭ قىمارغا تەكلىپ قىلغىنى ئىدى. شامىنىڭ دادىسى دەرھال جاۋاب بەردى:

— مەن قاچان ئوينىمايمىز دېگەن؟

— ئۇنداق بولسا، پۇلىڭىزنى چىقىرىڭ.

شامىنىڭ دادىسى كونسېرۋا قۇتىسىدىن بىر رۇپىيە پۇلنى چىقىرىپ:

— مانا قاراڭ، — دېدى.

ئىككىلەن ھەرقايسىسى بىر رۇپىيەلىك مېتال پۇلدىن بىردىن چىقىرىشتى ۋە پۇلنى سوپۇن بىلەن پاكىز يۇيۇشتى، ئاندىن دۇكانىنىڭ ئالدىدىكى پاكىز يەرگە قويۇپ، ئۆزلىرى سەل يىراقراق بېرىپ، كىمنىڭ پۇلىغا چۈشىن قونارىكىن، دەپ كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ ئولتۇرۇشتى. بۇ قىمارنىڭ شەرتى شۇ ئىدىكى،

كىمنىڭ پۇلىغا ئاۋۋال چىۋىن قونسا، بۇ ئىككى مېتال پۇل شۇ كىشىنىڭ بولاتتى. ئۇزاققا قالماي بىر چىۋىن ئۇچۇپ كەلدى. شامىنىڭ دادىسى باشلىرىنى ئىرغاڭلىتىپ:

— قېنى كېلىڭ، خانىش، بۇياققا مەرھەمەت! — دېدى.

— نېمىشقا ئۇياققا ئۇچىسىز، پەرى، بۇياققا كېلىڭ! — دېدى قارشى تەرەپ. شۇ ئەسنادا چىۋىن شامىنىڭ دادىسىنىڭ پۇلى ئەتراپىدا ئايلىنىپ ئۇچقىلى تۇردى. بۇنى كۆرۈپ ئۇ:

— قاراڭ، شەيخ ئەپەندى، ئۇچۇپ كەلدىمۇ؟ بۈگۈن بۇ ئىككى رۇپىيە چوقۇم مېنىڭ ھەميىنىمغا كىرىدۇ، — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئالدىرىماڭ، تېخى كۆرىمىز! — دېدى شەيخ دەرھاللا. بىراق، ئۇنىڭ چىرايى پۈرۈلۈپ كۆرۈمسىز بولۇپ كەتتى، چۈنكى چىۋىن ئۇنىڭ پۇلىغا يېقىن كەلمەيۋاتاتتى.

چىۋىنمۇ كىشىنى جەلپ قىلىشقا ئۇستا ئىكەن. ئۇ شامىنىڭ دادىسىنىڭ پۇلى ئۈستىدىلا ئايلىنىپ يۈرەتتى، لېكىن پۇلغا قونمايتتى. بىرنەچچە قېتىم شامىنىڭ دادىسى يۈرەكلىرى تېز سوقۇپ، خۇشاللىقىدا ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا پۇل قولىغا تەگمىدى. شەيخنىڭ كۆڭلى باشقىچە ئىدى. چىۋىن قارشى تەرەپنىڭ پۇلى ئەتراپىدىلا ئايلىنىپ يۈرەتتى، بۇ تەرەپكە بىرەر قېتىممۇ كەلمەيتتى.

— بۇرادەر، — دەيتتى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ، — ئۇ قونسا مېنىڭكىگە قونىدۇ. مەن بۇ پۇلنى ئاسان تاپمىغان-دە!

— ئۇنداقتا مېنىڭ پۇلۇم ھارامدىن كەلگەنمىكەن؟ — دېدى شامىنىڭ دادىسى ئاچچىقلىنىپ.

— سەل تۇرۇپ بىلىنىدۇ، — دېدى شەيخ.

— شەيخ، — دېدى شامىنىڭ دادىسى، — پاختا ئاتماي تۇرۇڭ! پۇلىڭىزنى گامدىدىكى① فارۇققا ئاپىرىپ، بىر دۇئا ئوقۇتۇۋەتسىڭىز، ئۇ چاغدا بىرئاز جايىدا بولارمىكىن. بۇ قېتىم

① گامدى — بىر ئاھالە رايونىنىڭ نامى.

مېنىڭ يانچۇقۇمغا سېلىپ قويىسىز ـ دە.

ئۇنىڭ يوغان گەپلىرى بىكار كەتتى. چۈن ۋىڭىلداپ ئۇچۇپ كەتتى. شامىنىڭ دادىسى: «يوقال بەچچىغەر !» دەپ تىللاپ قويدى، شەيخ ئەپەندى ئوت ئۇستىگە ماي قۇيدى:

— مەن بۇرۇنلا ئېيتتىمغۇ، بۇ قېتىم مەيلى تىللاڭ، مەيلى يىغلاڭ، بەربىر ئۇ سىزنىڭ پۇلىڭىزغا قاراپ كەلمىدى.

ئىككىيلەن بالىلارچە گەپ تالاشقىلى تۇردى. شۇ ئەسنادا بىر چۈن ۋىڭىلداپ يەنە ئۇچۇپ كەلدى. بۇ ئابايىقى چۈنمۇ ياكى باشقىسىمۇ، بىلىپ بولمايتتى. بۇ قېتىم ئۇ ئۇدۇل شەيخ ئەپەندىنىڭ پۇلىغا قاراپ ئۇچۇپ كەلدى. شەيخ ئەپەندى گويا چۈن ئۇنىڭ گېپىنى ئۇقىدىغاندەك، توختىماي ماختاپ كەتتى:

— كەل، كەل، ھى ـ ھى، مېنىڭ قوزام، مەن بىر ئۇتتۇۋالايچۇ !

چۈن راستىلا ئۇنىڭ ئۇتتۇۋېلىشىغا ياردەملىشىش ئۇچۇن كەلگەندەك قىلاتتى، ئۇ قاناتلىرىنى يىغىپ پۇلغا ئەمدى قونای دەۋاتقاندا، شامىنىڭ دادىسىنىڭ زىققە كېسەللىكى قوزغىلىپ قاتتىق يۆتىلىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن چۈن قورقۇپ ئۇچۇپ كەتتى.

— سىز ئۇششۇق ئىكەنسىز، بىر يۆتىلىپلا چۈننى قاچۇرۇۋەتتىڭىز، — دېدى شەيخ خاپا بولۇپ.

— توۋا ! يۆتەل تۇتۇپ كەتسە، قانداق قىلاتتىم؟ — دېدى شامىنىڭ دادىسى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— خۇدادىن قورقۇڭ، ئۇيالماي يالغان گەپ قىلىدىكەنسىز، سىز قەستەن يۆتەلدىڭىز، — دېدى شەيخ كۆزلىرىنى ئالايتىپ.

شامىنىڭ دادىسى ھەقىقەتەن چۈننى قاچۇرۇۋېتىش ئۇچۇن يۆتەلگەندى، لېكىن ئۇ بۇنى قانداقمۇ ئىقرار قىلسۇن !

— بوپتۇ، بۇ سىزگە باھانە بولسۇن، ئەمەلىيەتتە، ئابايىقى چۈننىڭ سىزنىڭ پۇلىڭىزغا قونۇشىمۇ ناتايىن ئىدى، — دېدى ئۇ. بۇ ئىككى چال يەنە گەپ تالاشقىلى تۇردى. ئۇلارنىڭ بۇ

قىلىقى شامىغا بەك قىزىق بىلىنىپ كەتتى. ئۇلار كۈندە چۈش ۋاقتىدا مۇشۇنداق قىمار ئوينىشاتتى، ئۇتۇش - ئۇتتۇرۇش پۇرسىتى ناھايىتى ئاز بولاتتى. بىراق، كۈندە بىردەم گەپ تالىشىشتىن خالىي بولالمايتتى. بەزىدە ھەتتا تىللىشىپمۇ قالاتتى. ئەمما، ئەتىسى چۈشتە ئىككىيلەننىڭ يەنە خۇمارى تۇتاتتى - دە، يەنە مېتال پۇل چىقىرىپ سوپۇن بىلەن يۇيۇپ، يەرگە قوياتتى ...

چىۋىن شەيخ ئەپەندىنىڭ پۇلىنىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ كېتىپ قالغاندىن كېيىن، قايتا كەلمىدى. چۈش ۋاقتىدا بارغانسېرى جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگىلى تۇردى، بازاردىكى قىزغىن كەيپىيات ئاللىقاچان تۈگىگەنىدى. ئىككىيلەن تولا ئولتۇرۇۋېرىپ مۈگدىگىلى تۇردى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ پۇلىنى ئېلىشىپ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ سوزۇلۇپ يېتىشتى.

شامىنىڭ دادىسى قۇياش نۇرى ئاستىدا راھەتلىنىپ ئۇخلاپ كەتتى. كوچا تېخىمۇ تىمتاس بولۇپ قالدى، پەقەت قەلەيچىلىك زاۋۇتىدىن قاڭالتىرنى ئۇرۇپ تاراڭلىتىۋاتقان ئاۋازلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. شامى بىكار ئولتۇرۇۋېرىپ زېرىكىپ كەتتى. دادىسىغا قاراپ بېقىۋىدى، ئۇ خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، دۇكاندىن شەپە چىقارماي غىپپىدە چىقىپ كەتتى.

قۇياش ئوتتەك قىزدۇرۇپ تۇراتتى. مۇشۇ پەسىلدە ھاۋا مۇشۇنداق بولاتتى. سايىدا ئولتۇرسا، ھەرھالدا سالقىنراق بولاتتى، ئاپتاپتا ئولتۇرسا، خۇددى يىڭنە سانجىغاندەك ئازابلىناتتى. شامى دۇكاندىن چىقىپ، بىر دەسسەپ - ئىككى دەسسەپ كوچىنىڭ ئۇ بېشىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ يەردە بىر پارچە قېلىن دەرەخزارلىق بار ئىدى. چۈش ۋاقىتلىرى راجا ھەمىشە تىلەمچى بوۋاينى ھارۋىغا سېلىپ كېلىپ دەرەخ سايىسىدا ئولتۇرۇپ دەم ئالغاچ پىت باقاتتى. شامى ئەگەر راجا ئۇچرىشىپ قالسا، ئۇنىڭ بىلەن بىردەم - يېرىمدەم ئولتۇرۇپ بىرەر تال

تاماكا چىكىشىۋالارمىز دەپ ئويلىدى.

ئۇزاقا بارمايلا ئۇشتۇمتۇت بازار مەركىزىگە تۇتىشىدىغان بىر كوچىدىن ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئاڭلاندى. شامى بۇرۇلۇپ شۇ كوچىغا كىرىپ قارىسا، مەسچىتنىڭ ئالدىغا بىرمۇنچە خەق ئولىشىۋاپتۇ. ئۇ بىر كىشىدىن:

— نېمە بوپتۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بىر ئوغرى تۇتۇلدى، — دېدى ھېلىقى كىشى.

— نېمە ئوغرىلاپتىكەن؟ — دەپ سورىدى شامى قىزىقىپ.

— مەسچىتتە كەش ئوغرىلاپتىكەن، — دېدى ھېلىقى كىشى كۇلۇپ قويۇپ.

— ھە؟

— كىشىلەر ناماز ئوقۇپ ئىبادەت قىلىۋاتسا، بۇ دۆيۈز ئۇلارنىڭ كەشلىرىنى ئوغرىلىماقچى بوپتۇ.

شامى باشقا گەپ سورىماي كىشىلەر ئارىسىغا قىستىلىپ كىردى. ئېگىز بوي بىرىنى كىشىلەر ئورىۋالغانىدى. ئۇ يالاڭباشتاق، ئۇستىگە بىر مەينەت مايكا كىيىۋالغان بولۇپ، سىرتقى كۆرۈنۈشىدىن ياۋاش ئادەمدەك قىلاتتى. شامى ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن ھومايدى. چۈنكى، ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ ئادەم ئادەتتىكى ئوغرى ئەمەس، بەلكى ئاللانىڭ مۇقەددەس ئۆيىدە ئوغرىلىق قىلغان قەبىھ ئوغرى ئىدى. شامى ئۇنىڭ ئۇستىباشلىرىغا زەن قويۇپ قاراۋاتاتتى، شۇ ئەسنادا كىشىلەر ئارىسىدىن بىر پاكار ئادەم چىقىپ، ئىشتىنىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ، سەكرەپ تۇرۇپ ئوغرىنى بىر كاچات قويدى. بۇنىڭ بىلەن خالايىقنىڭ ھەننىۋاسى ئۇر ـ ئۇر قىلغىلى تۇردى. بەزىلەر كاچاتلايتتى، بەزىلەر ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزلىرى ۋە بەدەنلىرىگە مۇشتلايتتى، بەزىلەر تېپەتتى. كىشىلەر ئۇنى ئۇرغاچ تىللاپ ـ قارغايتتى، ئوغرى ئۇنچىقماي تۇراتتى يا ئۆزىنى قاچۇرمايتتى، يا ئۆزىنى ئاقلىمايتتى.

دەل شۇ پەيتتە بىر ئاقساقال كىشى كېلىپ قالدى ـ دە،

ھاسىسى بىلەن كىشىلەرنى توسۇپ تۇرۇپ:

— خالايىق، ئۇنى مۇنداق ئۇرغاننىڭ نېمە پايدىسى؟ — دېدى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن، — ئۇ شۇنداق جازالىنىشى كېرەككى، بۇ ئىشتىن باشقىلار ساۋاق ئالالايدىغان بولسۇن.

ئۇ كىشى جازالاش چارىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ۋاراڭ - چۇرۇڭدا شامى ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئېنىق ئاڭلىيالماي قالدى. لېكىن، ئۇ شۇنى كۆردىكى، بىر كىشى بىر چاڭگال كۈل ئەكېلىپ ئوغرىنىڭ يۈزىگە سۈرتتى. ئوغرىنىڭ يۈزى قاپقارا بولۇپ، ئىككى كۆزى پارقىراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ كۆرۈنۈشى ھەقىقەتەن كىشىنىڭ قورققۇسىنى كەلتۈرەتتى.

بىردەمدىن كېيىن بىر كىشى بىر ئېشەكنى يېتىلەپ كەلدى. كىشىلەر ئوغرىنى ئېشەككە مىندۈرۈپ، بويىنىغا بىر تىزىق كونا كەشنى ئاستى، ئاندىن بىرمۇنچە كىشىلەر ئېشەكنى ئالدىغا سېلىپ ئارقىدىن ئەگەشتى. بەزى بالىلار چېلەكلەرنى تاراڭلىتىپ ئۇرۇپ ماڭدى. شامىمۇ توپقا قوشۇلۇپ كەتتى. ئۇ بىرنەچچە قېتىم باشقا بالىلارنىڭ قولىدىن چېلەكنى تارتىۋېلىپ، كوچەپ ئۇرۇپ ۋە كۆپچىلىك بىلەن بىللە چۇقان سېلىپ ماڭدى. چۇقان سالغۇچىلار ئىككىگە بۆلۈنۈپ، بىر - بىرىگە ماسلىشىپ توۋلايتتى. بىر قىسمى «كەش ئوغرىسى مانا !» دېسە، يەنە بىر قىسمى «ئۇنىڭ يۈزى قارا !» دەيتتى.

ئۇلار ئوغرىنى كوچا ئايلاندۇرۇپ چوڭ رەستىگە چىقىشتى. دۇكاندارلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كۆرۈشتى، تاماشا كۆرۈشكە ئامراقلىرى دۇكانلىرىنى تاشلاپ كىشىلەر توپىغا قوشۇلۇپ كەتتى. ھەممە كىشى كۈلۈشەتتى. شامىغا بۇ قىزىق تۇيۇلۇپ، ئۇمۇ قاقاھلاپ كۈلەتتى. ئۇنىڭ ئەمدى كۈلۈشىگە، بېشىغا «پاق» قىلىپ بىر قول تەگدى. شامىنىڭ كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ كېتىپ، يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدى. ئۇ بۇرۇلۇپ قارىسا، دادىسى ئالۋاستىدەك ئۇنىڭ ئالدىدا تۇراتتى.

كوچا ئايلىنىۋاتقان كىشىلەر چېلەكلەرنى تاراڭلىتىپ، ۋاراڭ -

چۈرۈك قىلىشىپ ئالغا يۈرۈپ كەتتى. شامىنىڭ بېشىغا كەش تېگىۋەردى. دادىسىنىڭ ئاۋاق قوللىرىغا نەدىن كىرگەن كۈچكىنىتالىك، شامىنى كەش بىلەن ئۇرۇپ، يولدا يۈمىلىتىپ يۈرۈپ چىدىغۇسىز ئازابلىۋەتتى. بەزى دۇكاندارلار ئۇنىڭغا ئىچىنى ئاغرىتىپ:

— ھەي، دىلاۋۇرخان ئەپەندى، بولدى قىلىڭ. ئۇ تېخى كىچىك بالىغۇ، بۇنىڭدىن كېيىن گەپ ئاڭلايدۇ، — دەپ ئارىغا چۈشتى.

بىر كىشى بېرىپ شامىنىڭ دادىسىنىڭ قولىنى تۇتۇۋالغاندى، ئۇ شۇنداق قىلغانلارنى ئىتتىرىۋېتىپ يەنە شامىنى ئۇرۇشقا يۈگۈرۈپ، يەنە بىر تەرەپتىن سۆزلەپ تۇراتتى:

— قويۇپ بېرىڭ، ئەپەندىم! بۈگۈن بۇ ھارامىنىڭ ئۇستىخانلىرىنى چېقىۋەتمەي قويمايمەن. سىز بىلمەيسىز، ئۇ ھەمىشە كۆزنىڭىزنى غەلەت قىلىپلا دۇكاندىن قاچىدۇ. مانا ھازىر قورقماي مەسچىتكە ئوغرىلىققا كىرگەنلەر چىقىۋاتسا، دۇكانغا تەگمەي قالامدۇ؟ ئادەم ئۇخلاپ قالسا، ئۆلگەنگە ئوخشاش ئەمەسمۇ؟ بىرى دۇكاندىن بىرنېمە ئەكەتسە، بۇ ھارامىنىڭ قىلچە قورسىقى ئاغرىمايدۇ.

دۇكاندارلارنىڭ نەسىھەت، توسۇشلىرى نەتىجىسىدە، شامىنىڭ دادىسىنىڭ ئاچچىقى بىرئاز يانغان بولدى. دۇكاندارلار ئەمدى ئۇرماسلىققا ۋەدە ئالدى. شۇنىڭ بىلەن شامىنى قايتا ئۇرمىغان بولسىمۇ، لېكىن شامى سەل - پەل ئاۋازىنى چىقىرىپ يىغلىغىلى تۇرغان ھامان ئۇ تىللىغىلى تۇراتتى.

شامى دۇكاندا توختىماي ئىسەدەپ ئولتۇراتتى. دادىسىمۇ توختىماي تىللاپ تۇراتتى. چۈشتىن كېيىن بازار يەنە قىزىغىلى تۇردى. كىشىلەر مىغىلداپ، ۋاراڭ - چۇرۇڭ بارغانسېرى ئەۋج ئالدى. يولدا پەيتون - ھارۋىلار توختىماي تاراقلاپ ئۇياق - بۇياق ئۆتۈشۈپ تۇراتتى، ئالدىراشچىلىقتا شامى ۋە ئۇنىڭ دادىسى ئابايىقى ئىشلارنى ئۇنتۇپ، سودا بىلەنلا بولۇپ كەتتى.

كەچقۇرۇن دادىسى دۇكاننى تاقاپ بولۇپ، شامىغا:
— مېنىڭ بىر ئاز ئىشىم بار، سەن ئۇدۇل ئۆيگە قايتىۋەر، — دېدى.
شامى دۇكاندىن چىقىپ، دادىسىنىڭ ئېيتقىنى بويىچە ئۇدۇل ئۆيگە قاراپ ماڭدى. يېرىم يولدا، كۆرەڭلەپ كەتكەن نۇشا بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. نۇشا شامىنى كۆرۈپلا يانچۇقىدىن ئون رۇپىيەلىك يېڭى ئىككى تىيزىنى چىقىرىپ:
— بۇگۈن كۆرەڭلەش ماڭا كەلدى، — دېدى گىدىيىپ تۇرۇپ.
شامى هەيران بولۇپ نۇشاغا قاراپ سورىدى:
— پاھ، نەدىن ئالدىڭ؟
— نەدىن ئالدىڭ؟ ئۆزۈم تاپتىم، — دېدى نۇشا كۆتۈرەڭگۇ روھ بىلەن.
— ۋاي - ۋۇي، جەمئىي يىگىرمە رۇپىيە ! نەدىن تاپتىڭ؟ — دېدى شامى ئاڭقىرالماي.
— هەرنېمە قىلسام تاپتىم - دە، — نۇشا تېخىمۇ گىدىيىپ كەتتى.
شامى ئۆيگە قايتىدىغان ئىشنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، ئۇدۇلدىكى چايخانىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:
— بىرەر پىيالىدىن چاي ئىچسەك قانداق؟ — دېدى.
— ياق، ئاداش، بۇگۈن بولمايدۇ. باشقا كۈنى ئىچەيلى.
— سەنمۇ قىزىقىشىپ كېتىپسەن جۇمۇ، تازىمۇ پىخسىق ئىكەنسەن، — دېدى شامى خاپا بولۇپ.
نۇشا قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى:
— بولدى، بولدى، سېنىڭ بىگىسىگىمۇ شۇنچىلىك ئىكەن. هەي ي ي، بۇ نەدىمۇ مېنىڭ پۇلۇم بولسۇن؟ مەن شۇ تاپتا نىيازغا ئۆي ئىجارىسى تاپشۇرۇشقا كېتىۋاتىمەن.
— هە، مۇنداق دېگىنە، مەن تېخى مۇنچىۋالا پۇلنى نەدىن تاپقاندۇ دەپتىمەن. بىرى ئون رۇپىيە، ئىككىسى يىگىرمە رۇپىيە دېگەن سۆز.

— نىيازنىڭكىگە مەن بىلەن بىللە بار، بىردەمدىلا ئىش تۈگەيدۇ.
— ماڭا چاي ئىلىپ بەرسەڭ باراي.
بىراق، نۇشانىڭ يېنىدا بىر تىيىنمۇ بولمىسا، قانداقمۇ چاي ئىلىپ بېرەلەيدۇ؟ شۇڭا، شامى ئۇنىڭ بىلەن بىللە بېرىشقا ئۇنىماي ئۆيىگە قايتىپ كەتتى. نۇشا نىيازنىڭ دۇكىنى تەرەپكە ماڭدى.

## 4

نىيازنىڭ دۇكىنى بازارغا يىراقراق بىر كىچىك كوچىدا ئىدى. نىياز بۇرۇن بىر ئائىلە سايمانلىرى زاۋۇتىدا خىزمەتچى بولۇپ ئىشلەيتتى. هازىر ئۆزى بىر كونا ماللار دۇكىنى ئىچىۋالدى. دۇكاننىڭ ئارقىسىدا بىر ئىغىز ئۆي بولۇپ، ئۇنىڭ ياتىقى ئىدى. ئۇنىڭ ئايالى بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەن، ئۇنىڭدىن پەرزەنت قالمىغانىدى. ئۇلار بىر قىز پەرزەنت كۆرگەنىدى، بالا ئالتە ئايلىق بولغاندا ئۆتكۈر ئۆپكە ياللۇغى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن. ئايالى بىلەن ياشىغان بۇ سەككىز يىلدا ئايالى قايتا تۇغمىغانىدى. نىياز قايتا ئۆيلەنمەي، بويتاق ئۆتۈپ كەلدى. ئۇ تېخى ياش بولۇپ، ئەمدى ئوتتۇز بەشلەردىن ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن بەدىنىدە ماي كۆپىيىپ، سەمرىپ تىقىلىپ كەتكەنىدى، ئۇ كۈنبويى دۇكاندا ئولتۇراتتى، جىسمانىي ئەمگەك قىلمايتتى، پەقەت يەكشەنبە كۈنلىرى ماللارنى تۆكۈپ ساتىدىغان بازارغا باراتتى. بەزىدە سودا ـ سېتىق ئىشى بىلەن سىرتقىمۇ چىقىپ قالاتتى، لېكىن دائىم چىقمايتتى، ئۇنىڭ دۇكىنىنى كونا ماللار دۇكىنى دېگەن بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ قىلىدىغىنى زاڭ ماللارنى ئىلىپ ـ ساتىدىغان ئەسكىلىك ئىدى.
شۇ تاپتا نىيازنىڭ دۇكىنىدا چىراغ يورۇپ تۇراتتى. ئۇ بىر نېمىنى ھېسابلاۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ نۇشانىڭ دۇكانغا

كىرگەنلىكىنى كۆرۈپلا:

— ھە، نىمە ئىش؟ — دەپ سورىدى.

نۇشا جاۋاب بەرمەي، يانچۇقىدىن ئىككى تىيىزنى ئېلىپ ئۇنىڭغا بەردى:

— ئانام ئىككى ئايلىق ئۆي ئىجارىسىنى ئەۋەتكەنىدى.

— نىمىشقا بىراقلا تاپشۇرماي، ئاران ئىككى ئايلىقنى ئەۋەتتى؟ — دېدى نىياز خاپا بولۇپ.

نۇشا ئانىسىنىڭ تاپىلىغىنى بويىچە جاۋاب بەردى:

— ئانام ئۆي ئىجارىسىنىڭ قالغان قىسمىنى پات ئارىدا تاپشۇرىمىز. خاتىرجەم بولسۇن، دەيدۇ.

— بىرىپ ئېيت، مۇنداق قىلسا بولمايدۇ، ئۆي ئىجارىسىنى ئۆز ۋاقتىدا تاپشۇرۇش كېرەك، ئۇنداق قىلمىسا، باشقا ئۆي تاپسۇن ! — دېدى نىياز.

نىيازمۇ قانداق قىلىپ ئۆينى بوشىتىشنىڭ كويىدا ئىدى. بۇ ئۆيگە يۇقىرى ئىجارە ھەققى تۆلەشنى، ئۇنىڭ سىرتىدا تېخى مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا مىڭ بىر يۈز ـ مىڭ ئىككى يۈز رۇپىيە پۇل قويۇشنى خالايدىغان بىرنەچچە خېرىدار بار ئىدى. نىياز مۇنداق سودىنى قولدىن چىقىرىۋېتىشنى خالىمايتتى. ئۇنىڭ ئاھالىلەر رايونىدا ئىككى جايدا ئۆي ـ ھويلىسى بار بولۇپ، ئۇلارنى ھىندى دىنىدىكى بىر دۇكاندارنىڭ قولىدىن ئەرزان باھادا سېتىۋالغانىدى. دەسلەپتە ئۆي ئىگىسى چوڭ قىرغىنچىلىقنىڭ① خەۋىرىنى ئاڭلاپ دەككە ـ دۈككە بولۇپ، چاپسانراق ئۆي ـ ھويلىلىرىنى سېتىپ بومبايغا قېچىپ كېتىشنىڭ كويىغا چۈشكەنىدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇنىڭ خوتۇن، باللىچاقىلىرى بومبايغا كېتىپ بولغانىدى.

نۇشا ئەمدى قايتاي دەپ تۇرۇشىغا، نىياز ئۇنىڭدىن:

---

① «ھىندىستاندىن پاكىستان ئايرىلغان» ۋاقىتتا، ھىندى دىنىدىكىلەر بىلەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئۆچمەنلىك تۇپەيلى يۈز بەرگەن قىرغىنچىلىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

— سەن مۇشۇ كۈندە نېمە قىلىۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى.
— ئابدۇلنىڭ رېمونت زاۋۇتىدا شاگىرت بولۇپ ئىشلەۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى نۇشا.
— ياخشىغۇ! قانچىلىك بولدى؟ — دېدى نىياز ساختىلىق بىلەن.
— ئالتە - يەتتە ئاي بولۇپ قالدى. ئايدا يىگىرمە رۇپىيە ئىش ھەققى ئالىمەن.
— ئوبدان گەپ ئىكەنغۇ! ئەمما، ئابدۇل داڭقى چىققان ئەسكى نەرسە، ئۇ دائىم ئىشچىلارنى ئۇرىدىكەن. ئۇ ھارام پۇلغا ئىگە بولۇپ باي بولۇپ قالدى. بۇرۇن بۇ يەرگە كەلگەن چاغدا، مۇئاۋىن ۋالىينىڭ ماشىنىسىنى سۈرتىدىغان يالاڭ تۆش بىرنېمە ئىدى، كىشىنىڭ يېنىغا كەلسە، پۇتۇن ئەزايىدىن بېنزىن پۇراپ تۇراتتى.
نۇشا ئۇندىمەي ئاڭلاپ تۇردى. نىياز ئابدۇل ۋە ئۇنىڭ ئىنگىلىك باشقۇرۇش ئەھۋالى توغرىسىدا كۆپ نەرسىلەرنى سورىدى. ئاندىن كېيىن ئوغرىدەك پىچىرلاپ مۇنداق دېدى:
— پۇرسەت بولسا، بىر ئاز زاپچاس ياكى سايمان ئاچىق. بۇ مەلئۇننىڭ نەرسىسىنى ئالسا، ساۋاب بولىدۇ.
ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قاتتىق تەئەججۇپلەنگەن نۇشا، قورقۇپ ئالاقزەدە بولغان كۆزلىرىنى نىيازغا تىكتى.
نىياز سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:
— باشقا يەرگە ئاپىرىشنىڭ ھاجىتى يوق، ئۇدۇل ماڭا ئەكەل. شۇنداق قىلساڭ، ساڭا چاي پۇلى چىقىدۇ. ئاڭلىسام، كىنوغا بەك ئامراق ئىكەنسەنغۇ؟ — ئۇ بىردەم تۇرۇۋېلىپ يەنە سورىدى، — سېنىڭچە قانداق؟
نۇشا گەپ - سۆز قىلمىدى.
— قانداق قىلماقچىسەن؟ — دەپ سورىدى نىياز يەنە.
— غوجايىن بىلىپ قالىدىغان بولسا مېنى چوڭ پالاكەت باسىدۇ - دە، — دېدى نۇشا قورقۇمسىراپ تۇرۇپ.

نىياز ئۇنىڭغا مەسلىھەت كۆرسەتكىلى تۇردى:
— ۋاي - ۋوي، ئەگەر ئۇ ئەبلەخ بىلىپ قالسا، شۇنداق ... بىراق چېچەنرەك بولۇش كېرەك، قارا، مەن ساڭا قانداق قىلىشنى ئېيتىپ بېرەي، — شۇنىڭ بىلەن ئۇ نۇشاغا زاپچاسلارنى ئوغرىلاش ئۇسۇللىرىنى ئۆگەتتى. لېكىن، ھەرقانداق قىلسىمۇ نۇشا ماقۇل بولمىدى.
بىراق، نىياز ئۇنى ئۆزىنىڭ تۇزىقىدىن قاچۇرۇۋەتمىدى. نۇشا كېتىۋاتقان چاغدا، ئۇ يېنىدىن بىر رۇپىيە چىقىرىپ:
— ئالە ! ئال ! مېنىڭ دېگىنىم بويىچە قىلساڭ، جەزمەن پايدا ئالىسەن.
نۇشا گەپ - سۆز قىلماي، پۇلنى يانچۇقىغا تىقىپ ئاستا كەتتى. رەستىدىن ئۆتۈپ تار كوچىغا بۇرۇلغاندا، نۇشا شەھەر مەمۇرىيىتى كومىتېتىنىڭ گاز لامپىسى ئاستىغا ئاھالىلەر رايونىدىكى باللارنىڭ توپلىشىۋالغانلىقىنى كۆردى. ئاشخانىنىڭ تاڭجاڭى مومىد تازا قىزىپ ئېغىز گارمونى چېلىۋاتاتتى. راجامۇ شۇ يەردە ئىدى. ئۇ «دا، دا، دا» دەپ ئېغىز گارمونىغا تەڭكەش قىلىۋاتاتتى. نۇشانى مومىد جەلپ قىلدى - دە، ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇردى. مومىد بىر كىنو ناخشىسىغا چېلىۋاتاتتى. ئېغىز گارمونغا تەڭكەش قىلغان ھالدا بىرىنىڭ ناخشا ئېيتىۋاتقانلىقى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ توختاپ، ئاغزىنى سۈرتۈۋېتىپ:
— ئويۇن مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى، — دېدى.
باللارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدىن يەنە بىر چېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشتى، ئەمما مومىد قەستەن ئۇنىماي، باللارنى ۋاراڭ - چۇرۇڭغا سالدى. نۇشا ئۇنىڭدىن:
— ھەي، بۇ نەرسىنى قانچە پۇلغا ئالدىڭ؟ — دەپ سورىدى.
— بۇنى سوراپ نېمە قىلىسەن؟ — دېدى ئۇ مەنسىتمەسلىك بىلەن كۈلۈپ قويۇپ، — شالۋۇرۇڭنى ساتساڭمۇ ئۇنىڭ پۇلىغا كەلمەيدۇ بۇ ! ئالتە رۇپىيە ! قانداق؟ ئالالامسەن؟

ئالتە رۇپىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ نۇشا ئۈنچىقمىدى. باللارنىڭ قايتا ـ قايتا ئىلتىماس قىلىشى بىلەن، مومىد يەنە بىر يېڭى ئاھاڭغا چالدى. باللار باشلىرىنى ئىرغاڭلىتىپ ئۇنىڭغا ماسلاشتى. مومىد چېلىۋېتىپ، تۇساتتىن ئورنىدىن تۇرۇپلا يۈگۈرۈپ كەتتى. باللار ئاغزىنى ئېچىپ قاراپلا قالدى. راجا ئۇنى تىللىۋەتتى، ئاندىن بۇرۇلۇپ نۇشاغا:

— ھەي، تىياتىرغا بارامدۇق؟ — دېدى.

نۇشا ئادەتتىكىگە ئوخشاش مۇشۇ سۆزنى كۈتۈپ تۇراتتى.

— ماقۇل، بارايلى !

— ئاۋۋال بىر رۇپىيە چىقار ! — دېدى راجا كۈلۈپ.

— قارا ! — نۇشا يانچۇقىدىن بىر رۇپىيە چىقاردى.

— قالتىسقۇ ! نەدىن ئالدىڭ؟ — دېدى راجا ھەيران بولۇپ.

— يۈر، ئويۇن سائەت قانچىدە باشلىنىدۇ؟

— ئەتە بارايلىچۇ، قولىمىزغا يەنە بىرەر رۇپىيە كىرىپ قالامدۇ تېخى ! بۈگۈن مېنىڭ ھارۋام بۇزۇلدى، موتوسىكلىت مىنگەن بىر ئەبلەخ سوقۇۋەتتى. جاندىن ئايرىلىپ قالغىلى تاس ـ تاماس قالدىم دېگىنە، — راجا ئۆزىنى پالاكەت باسقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

— نېمە ئويۇن قويۇلىدىكەن؟ — سورىدى نۇشا.

راجا دەرھال جاۋاب بەردى:

— ئەتە «فەرھاد ـ شېرىن» قويۇلىدىكەن، ئۇنى كۆرسە، كىشىنىڭ نەزەر دائىرىسى كېڭىيىدۇ. فەرھاد «ئاھ، شېرىن، مېنىڭ سۆيۈملۈك شېرىنىم» دەپ توۋلاپ تۆمۈر گۈرجەك بىلەن ئۆزىنى ئۇرۇپ، غەزەپ ـ نەپرەت بىلەن ئۆلىدۇ. راست گەپ، مۇشۇنى كۆرگەندە كىشىنىڭ كۆزىدىن ياش چىقىپ كېتىدۇ، — راجا مۇشۇ ۋەقەلىكنى ئاجايىپ جانلىق تەسۋىرلەپ، نۇشانى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇردى.

— ئۇ راستلا ئۆلەمدۇ؟ — دەپ سورىدى نۇشا.

— تازىمۇ ئەخمەق ئىكەنسەن، — دېدى راجا كۈلۈپ كېتىپ، —

ئۇ قانداقمۇ راستتىن ئۆلسۇن؟ ئۇ دېگەن ئويۇن ! ئوينالغان ئويۇن تۇرسا.

نۇشا يەنىلا ھەيران ئىدى:

— پاھ، پەيزى ئىكەنغۇ.

— يالغۇز بۇلا ئەمەس، بۇدارجاننىڭ ئۇسسۇلىنى كۆرسەڭ كارامەت جۇمۇ، چوكانلار ئۇسسۇلغا چۈشكەندە ئۇچىسىغا ھېچنېمە كىيمەيدۇ.

— ھېچنېمە كىيمەيدۇ؟ راستمۇ؟ — دەپ سورىدى نۇشا ھەيران بولۇپ.

— كىچىككىنە كۇسارلا كىيىدۇ.

— سەن گۆي بەك ئەسكى بولۇپ كېتىپسەن، — دېدى نۇشا ئىزا تارتىپ، بىراق ئاغزىدا شۇنداق دېگەن بىلەن كۆڭلىدە ئويۇننى بىر كۆرۈپ باققۇسى كەلدى، — ئەمىسە ئەتە بارايلى !

— ماقۇل، ئەتە چوقۇم بارايلى. ھازىر بىرەر پىيالىدىن چاي ئىچىشىۋالايلىمىكىن !

نۇشانىڭ تەييارلىقى يوق ئىدى، لېكىن رەت قىلىشقا ئوڭايسىزلاندى. چۈنكى، راجا كۈندە ئۇنى چاي ۋە كىنوغا تەكلىپ قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ راجانى چايخانىغا باشلاپ باردى. راجا ئۇنىڭغا تىياتىرنىڭ ۋەقەلىكلىرىنى ئىشتىياق بىلەن سۆزلەپ بەردى، نۇشا ئۇنىڭغا تېخىمۇ قىزىقىپ كەتتى. ئۇلار چايخانىدىن چىقىشقانلىرىدا، نۇشانىڭ يېنىدا ئاران تۆت ئاننا قالغانىدى.

نۇشا يول بويى «ئەتە تىياتىرغا قۇرۇق قول بارارمەنمۇ؟» دەپ ئويلاپ ماڭدى. ئەتىسى رېمونت زاۋۇتىدىمۇ ئويۇنغا بارىدىغان ئىشنى ئويلاپ يۈردى. كەچقۇرۇن ئىشتىن چۈشكەن چاغدا، ئىش ئوڭىدىن كېلىپ، ئۇ ئىشلەۋاتقان لاپاستا ئۇنىڭ ئۆزىلا يالغۇز قالدى. ئۇ بىر دانە زاپچاسنى ئېلىپ، ھودۇقۇپ ئەتراپىغا قاراپ چىقتى ـ دە، ئالمان ـ تالمان تاماق قۇتىسىغا سالدى. تاماق قۇتىسىنى كۆتۈرۈپ ماڭغاندا، ئۇنىڭ پۇتلىرى تىترەپ نەپەسلىرى تېزلىشىپ كەتتى. دەرۋازىغا بارغاندا، دەرۋازا قورۇقچىسى بىرى

بىلەن گەپلىشىۋاتاتتى. نۇشا بېشىنى كۆتۈرۈپ چاپسان مېڭىپ چىقىپ كېتىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. ئالاقزەدىلىكتە، ئۇنىڭ باشقان قەدەملىرىمۇ تەبىئىي بولمايۋاتقاندەك بىلىنەتتى.

ئۇ ئۇدۇل نىيازنىڭ دۇكىنىغا قاراپ ماڭدى. دۇكانغا كىرىپلا زاپچاسنى ئېلىپ، نىيازنىڭ ئالدىغا قويدى. نىياز ئۇياققا ـ بۇياققا ئۆرۈپ بىردەم قارىغاندىن كېيىن:

ــ ھەي ي ي، قانداق نەرسە بۇ ! پۇلغا يارايدىغانراق بىرەر نېمە ئەكەلگەن بولساڭ نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ! ــ دېدى.

نۇشانىڭ بىرئاز كەيپى ئۇچتى. ئەمما، نىياز ئۇنى نائۇمىد قالدۇرماي، ئۇنىڭغا بىر يېرىم رۇپىيە بەردى. نۇشانىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى. نىياز ئۇنى دۇمبىسىگە ئۇرۇپ قويۇپ ماختىدى ۋە ئۇنىڭغا بۇنىڭدىن كېيىن پۇلغا يارايدىغانراق زاپچاسلارنى ئەكېلىشنى تاپىلىدى.

نۇشا نىيازنىڭ دۇكىنىدىن چىققاندىن كېيىن، يەنە ئۆيگە قايتماي، تار كوچىغا كىرىپ كەتتى. راجا ئاللىقاچان ئۇنى كۈتۈپ شۇ يەردە تۇراتتى. ئۇمۇ بىرئاز پۇل جايلىغانىدى. ۋاقتىدا كەلمىگىنى شامى ئىدى. ئۇلار خېلى كۈتكەن بولسىمۇ، ئۇ كۆرۈنمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىگە قاراپ مېڭىشتى. ئۇنىڭ ئىشىكىگە يېقىن بارغاندا، ئىچكىرىدە قانداقتۇر بىرەر مالىمانچىلىق بولۇۋاتقانلىقى ئاڭلاندى. شامى ۋارقىراپ يىغلاۋاتاتتى، دادىسى توختىماي تىللايتتى.

ــ ئەھۋالدىن قارىغاندا، شامى بۈگۈن چىقالمايدىغاندەك قىلىدۇ، ــ دېدى راجا ئاستاغىنا.

ــ يۈر، ئاداش، ئۇنىڭ دادىسى كۆرۈپ قالسا، بىزمۇ بىر تاغار تىل ئىشىتىمىز، ــ دېدى نۇشا. شۇنىڭ بىلەن ئىككىيلەن ئاستا بۇ يەردىن يېنىپ، تىياتىرغا كەتتى.

ئۇلار تىياتىردىن چىققاندا ئىككىنچى كۈنى تاڭ سەھەر بولۇپ قالغانىدى. ئۇلار تار كوچىغا كىرگەن چاغدا توخۇ چىلىلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. نۇشا قورقۇپ قالدى ـ دە، تىترىگەن ھالدا تامغا

چىقتى. ھويلىغا سەكرەپ چۈشكەن چاغدا ئانىسى ئويغىنىپ بولغانىدى. نۇشا ئۆيگە كىرىشىگىلا ئانىسى ئىككى قوللاپ ئۇنىڭ دۈمبىسىگە مۇشتلىۋىدى، نۇشا يىقىلىپ چۈشتى. ئانىسى ئاغزى بىسىلماي تىللىغىلى تۇردى. ئۇنىڭ ئاۋازى ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئويغىتىۋەتتى. نۇشا گۇناھكاردەك بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئۈندىمەي تىل ئاڭلاپ ئولتۇراتتى.

لېكىن، ئىككىنچى كۈنى نۇشا يەنە رېمونت زاۋۇتىدىن بىر دانە زاپچاس ئوغرىلاپ نىيازغا ئاپاردى. نىياز ئۇنىڭغا بىر رۇپىيە بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ راجانى ئېلىپ مۇسۇلمانلار ئاشخانىسىغا بېرىپ چاي ئىچىپ، پېچىنە - پىرەنىك يەپ، كىنونىڭ ئۇنئالغۇ لېنتىسىنى ئاڭلاشتى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، پۇرسەتلا بولسا، ئۇ بىرەر - يېرىم زاپچاس ياكى سايمان ئوغرىلاپ، نىيازغا ساتىدىغان، ئاندىن پۇلنى ئېلىپ كېچىچە تالادا لەلەڭشىپ يۈرىدىغان بولدى. نۇشا قولىغا پۇل كىرگەندىن بۇيان، شامى بىلەن راجانىڭ ئۆزىنى ئىززەت ۋە ھۆرمەت قىلىدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ھازىر ئۇ نېمە دېسە، ئۇلار ئۇنىڭ گېپىنى يىرمايتتى. ئۇ ئاستا - ئاستا ئۇلارنىڭ كاتتىبېشى بولۇپ قالدى.

## 5

كېچە بىرىنچى جىڭدىن ئۆتكەن بولۇپ، ھەممە يەردە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. ئەمما، نۇشا رېمونت زاۋۇتىدىن تېخى كەلمىگەنىدى. بۇ تۇنجى قېتىملىق ئىش ئەمەس ئىدى. نۇشا ھەمىشە ئەتىگەندە ئىشىكتىن چىقىپ كەتسە، تۈن يېرىم بولۇپ ھەممە ئۇيقۇغا كەتكەندە ئاندىن قايتىپ كېلەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئانىسى ئۇنى تىللاپ، قارغاپ ئولتۇراتتى، ئۈشتۈمتۇت ئىشىك قېقىلدى. ئانۇ چىقىپ قاراپ، نىيازنىڭ ئىشىك ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى - دە، چاپسان كىرىپ ئانىسىغا ئېيتتى.

— ئۆيگە باشلا ! — دېدى ئانىسى.

نىياز ئۆيگە كىرىپ، رازىيەدىن ھال - ئەھۋال سوراپ بولۇپ، يەرگە سېلىنغان سېرىق كەندىر پالاسقا كېلىپ ئولتۇردى. نىياز بىلەن رازىيە ئاززاق تۇغقان كېلەتتى. نىيازنىڭ ئايالى سۇلتانەنىڭ تاغىسىنىڭ قىزى ئىدى. قائىدە بويىچە ئېيتقاندا، ئۇ رازىيەنىڭ جىيەن كۈيۈ ئوغلى بولاتتى.

نىياز ئۆيگە كىرىپ ئۇزاق ئۆتمەي سۇلتانە كىرىپ كەلدى. ئۇ بېشىغا رومال ئارتىۋالغان بولۇپ، ئىزا تارتىپ تۇرۇپ:

— ئوبدان تۇردىڭىزمۇ، ئاكا ! — دېدى.

نىياز بىر قاراپلا قاتتىق ھەيران بولدى. ئۇنىڭ بۇياقلارغا كەلمىگىنىگە ئۇزاق بولغانىدى: «ئەجەبا، ھېلىقى چاچلىرى پاخپىيىپ تۇرىدىغان، تىنىم تاپماي ئۆيدە يۈگۈرۈپلا يۈرىدىغان ئاۋاق قىزچاق شۇمىكىنە؟» ئۇ ھازىر پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ بويلىرى ئەۋرىشىم، چىرايى ئاق پىشماق ۋە سۇزۇك بولۇپ، كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ تۇراتتى. «بۇ قىز كىشىنى مەپتۇن قىلغۇدەك چىرايلىق چوڭ بوپتۇ» دەپ ئويلاپ قالدى نىياز كۆڭلىدە. بۇ كۈنى نىياز ئۇستىگە سېتىقچىدىن سېتىۋالغان ئامېرىكىچە چاپان كىيىۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭ قاتلاق قىرلىرىغا بىر قاراپلا تېخى يېڭىلا سېتىۋالغانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. بېشىغا يېڭى جىنناچە تەلپەك① كىيگەن بولۇپ، بوينىغا يۇڭ شارپا ئورىۋالغانىدى. سېتىقچىلارنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، ئۇ شۇ پەيتتە «سالاپەتلىك» تۇسكە كىرگەنىدى.

نىياز ئەسلىدە ئۆي ئىجارىسىنى سۈيلەپ كەلگەنىدى، لېكىن سۇلتانە ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسىگە بۆسۈپ كىرىش بىلەنلا، ئۇ ئۆي ئىجارىسىنىڭ ئىشىنى ئېغىزغا ئالمىدى. رازىيە ئىككى ئايلىق ئۆي ئىجارىسىنى ۋاقتىدا تاپشۇرالمىغانلىقى ئۈچۈن ئەپۇ سورايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندە، ئۇ كۈلۈپ قويۇپ:

---

① پاكىستاننىڭ دۆلەت ئاتىسى مۇھەممەت ئەلى جىننا ھايات ۋاقتىدا دائىم كىيىدىغان كىيمە شەكلىدىكى تەلپەك.

— قاچان تاپشۇرساڭلار بولـۇۋېرىدۇ، مەن بۇ ئىش ئۈچۈن كەلمىدىم جۇمۇ ! بىر يەرگە كېتىۋاتاتتىم، كۆرۈشۈپ ئۆتەي دەپ كىردىم، — دەپ قويدى.

رازىيە ئۆزىنىڭ دەرد ـ ئەھۋالىنى ئېيتقاندا، نىياز تەسەللى بەردى:

— غەم قىلماڭ، مېنى يات كۆرمەي، قانداقلا قىيىنچىلىق بولسا ماڭا دەۋېرىڭ. ئايالىم ئۆلۈپ كېتىپ، كىشىلەر ماڭا باشقىچە قارايدىغان بولۇپ قالدى. ئەمەلىيەتتە مەن سىلەرگە يەنىلا بۇرۇنقىدەكلا قارايمەن، — ئۇنىڭ گەپ ـ سۆزىدىن ئاز ـ تولا ئاغرىنىش چىقىپ تۇراتتى.

— سىزنىڭ ھېلىھەم بىزگە بۇرۇنقىدەك قارايدىغانلىقىڭىز سىزنىڭ رەھىمدىل ئىكەنلىكىڭىزنى بىلدۈرىدۇ، — دېدى رازىيە، — مېنىڭچە، بۇگۈنكى كۈندە، پاكىستاندا نەدىمۇ تۇغقان ـ پۇقان، قەدىناس ـ پەدىناس دەيدىغان ئىشلار بولسۇن ! ھەممىلا ئادەم باشقىلارنىڭ قېنىنى شورىساملا دەپ تۇرغان.

ئۇلار ئۇياق ـ بۇياقتىن پاراڭلىشىپ ئولتۇردى. پاراڭ ئارىلىقىدا نىياز ئانىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان سۇلتانەگە پات ـ پات قاراپ قويۇۋىدى، دەرھاللا نىيازنىڭ پۈتۈن بەدىنى شۈررىدە ئېرىپ كەتكەندەك بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ياش ۋە تەمبەل ئىكەنلىكىنى كۆز ـ كۆز قىلىش ئۈچۈن چاپىنىنىڭ تۈگمىلىرىنى يېشىۋېتىپ، كۆكرىكىنى چىقىرىپ، يېنىچە گىدىيىپ ئولتۇردى. ئۇ بىر زىناخوردىن: «خوتۇن خەق ئەرلەرنىڭ بەستىنى ئالتۇندىنمۇ ئەلا كۆرىدۇ» دەپ ئاڭلىغانىدى.

ئۇ دۇكاندىن ماڭغان ۋاقتىدا، غاچ ـ غۇچ ئىككى ـ ئۈچ ئېغىزلا گەپ قىلىپ قويۇپ قايتىشنى ئويلىغانىدى. ئەمدىلىكتە بىرنېمە ئۆزىگە تارتىۋالغاندەك، كەتكۈسى كەلمەيلا قالدى. ئۇ نۇشالارنىڭ ئۆيىدىن قايتقاندا تۈن نىسپى بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئايىغى بېسىققان، نەمخۇش ھاۋا ھەممە يەرنى قاپلىغانىدى. جىمجىت كوچىدا ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ئىتنىڭ قاۋىغان ئاۋازى

ئاڭلىناتتى. ئۇ ئىتتىك مېڭىپ ئۆيگە قايتىپ كېلىپ تېخىمۇ غېرىبانىلىك ھېس قىلىپ قالدى.

ئۇچىنچى كۈنى ئۇ بىر تىزىق سۈنئىي مەرۋايىتنى كۆتۈرۈپ نۇشالارنىڭ ئۆيىگە كەلدى. بۇ ناھايىتى نەپىس ئىشلەنگەن بولۇپ، نىياز مەملىكىتىگە قايتىدىغان بىر ئەنگىلىيەلىكتىن سېتىۋېلىپ، دوكاندىكى ئىشكاپتا ساقلاپ كەلگەنىدى. نىياز قۇتىنى ئېچىپ رازىيەنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ:

— بۇگۈن بىرى زورلاپ بۇنى ماڭا تۇتقۇزۇپ قويدى. سىزنىڭچە قانداقراق ئىكەن؟ — دېدى ئۇ تىلىنى چايناپ.

رازىيە قولىغا ئېلىپ قاراپ چىقىپ:

— نېمىدېگەن چىرايلىق! — دەپ ماختاپ كەتتى.

مەرۋايىت دەرھال سۇلتانەنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئۇ ئانىسىنىڭ قولىدىن مەرۋايىتنى تارتىۋېلىپ، بويىنىغا تۇتۇپ كۆرۈپلا ئېسىۋالدى ـ دە:

— ئانا، قارىغىنا، يارىشامدىكەن؟ — دەپ سورىدى كۈلۈپ. ئانىسى كايىپ كەتتى:

— ۋىيەي، سۇلتانە، مېھمانىنىڭ ئالدىدىمۇ ئۇيالمايۇ خالىغانچە ئېسىۋالساڭ بولامدۇ؟ ئال بويىنۇڭدىن! ھەۋ ئۇياتنى بىلمەيدىغان، يەنە قاراپ تۇرىسەنغۇ؟

نىيازنىڭ ئارزۇسى دەل مۇشۇ ئىدى.

— بوپتۇ ئاسسۇن، — دېدى ئۇ. لېكىن، سۇلتانە ئازار يېگەندەك بولۇپ بويىنىدىن مەرۋايىتنى ئېلىپ قۇتىغا سېلىپ قويدى ـ دە، ئاغزىنى دومسايتىپ، ئۈندىمەي ئولتۇردى.

— سىز ئۆز كىشى بولغاندىكىن زاڭلىق قىلمايسىز، — دېدى رازىيە نىيازغا، — قىز بالا دېگەن مۇنداق ئەسكى قىلىقلارغا ئۆگىنىپ قالسا بولمايدۇ. باشقىلارنىڭ ئالدىدا مۇشۇنداق قىلسا زاڭلىق قىلىدۇ. مەن قىز بالىنى بەك ئەركىگە قويۇۋېتىشنى ياخشى كۆرمەيمەن. بالا دېگەننىڭ قورسىقىغا ئوبدان ـ ئوبدان بېرىپ، تەربىيەدە قاتتىق بولسا بولىدۇ. بۇ كۈندىكى بالىلار

كىشىنىڭ بېشىغا بالا بولىدۇ.

رازىيە ئۆزىنىڭ بالا تەربىيەلەش تەجرىبىلىرىنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، نىياز:

— ئۇ بوينىغا ئاسقاندىكەن، ئۇنىڭغا تەقدىم قىلاي، — دېدى.

— قانچە پۇلغا ئالغانىدىڭىز؟ — دەپ سورىدى رازىيە.

— بۇنى سوراپ نېمە قىلىسىز؟ مەن سىزدىن پۇل ئالامدىغان، — دېدى نىياز كۈلۈپ تۇرۇپ.

رازىيە قانچە قىلسىمۇ ئۇنىڭ ئۇنىمايدىغانلىقىنى بىلىپ، ئاخىر بولدى قىلدى. ئۇلار يەنە پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇ كۈنى نىياز يېرىم كېچە بولغاندا ئاندىن قايتىپ كەتتى.

هازىر ئىككى - ئۈچ كۈندە بىر قېتىم كەچلىك تاماقتىن كېيىن نۇشالارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئاسماندىن - يەردىن پاراڭلىشىپ نەچچە سائەتلەپ ئولتۇرۇش نىيازنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ قالدى.

بىر كۈنى نىيازنىڭ كېلىشى بىلەن رازىيە قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە چىقىپ كەتكەن، نۇشا ئادەتتىكىدەك سىرتقا چىقىپ كەتكەن، ئۆيدە سۇلتانە بىلەن ئانۇ ئىككىسىلا قالغان ۋاقىتتا توغرا كېلىپ قالدى، ئانۇ كىتابنى تۇتۇپ مۈگدەپ ئولتۇراتتى. سۇلتانە نىياز بىلەن بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلىشا - قىلىشماستىنلا ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدى.

— نەگە بارىسىز؟ — دەپ سورىدى نىياز.

— ئانامنى چاقىرىپ كىرەي، ئۇدۇلدىكى قوشنىمىزنىڭكىگە چىقىپ كېتىۋىدى، — دېدى ۋە بۇرۇلۇپلا ماڭماقچى بولۇۋاتقاندا، نىياز كاپ قىلىپ ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ تارتتى. كىم بىلسۇن، بۇ تارتىش بىلەن سۇلتانەنىڭ قولىدىكى ئەينەك بىلەزۈكى سۇنۇپ كەتتى.

— ۋىيەي، قارىڭا، بىلەزۈكۈم سۇنۇپ كەتتى، تېخى تۈنۈگۈنلا سېلىۋىدىم، — دېدى ئۇ دومسىيىپ تۇرۇپ.

— يەنە ئالارسىز، — دېدى نىياز كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئانام ئارانلىقتا ئېلىپ بەرگەندى، — دېدى ئۇ ئاستاغىنا، — ئانام كۆرسە بىر تاغار گەپ قىلىدۇ دەڭە، — ئۇنىڭ روھى چۈشۈپ كەتتى.
نىيازنىڭ يانچۇقىدا بىرنەچچە يۈز رۇپىيە پۇل بار ئىدى. ئۇ قولىغا بىرئاز پۇل ئېلىپ:
— نېمىدىن غەم قىلىسىز ! ئېيتىڭا، قانچە پۇللۇق بىلەزۈك ئالىسىز؟ — دېدى. سۇلتانە قاتتىق تەئەججۈپلەندى. چۈنكى، ئۇ مۇنچىۋالا كۆپ پۇلنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇ سەل ئويلىنىپ قالدى - دە، ئاندىن:
— ياق ! ماڭا سىزنىڭ پۇلىڭىز لازىم ئەمەس، — دېدى.
نىياز ئۇنىڭ قولىدىن مەھكەم تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى ئولتۇرۇشقا زورلىدى:
— ئولتۇرۇڭ، مەن ئادەم يېمەيمەن.
سۇلتانە سەل ئىزا تارتىپ، نېرىراق بېرىپ پالاستا ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. سارغۇچ چىراغ يورۇقىدا ئۇ تېخىمۇ ئوماق كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ كىرپىكلىرى يىڭنىدەك تال - تال ئۇزۇن، چىرايى پاكىز، پارقىراق، بەدەنلىرى تەكشى تولغانىدى. نىياز ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى باسالماي قالدى.
— سىزگە دەيدىغان بىر ئېغىز گېپىم بار ئىدى، — دېدى ئۇ.
— ئېيتىڭ ! — دېدى سۇلتانە.
نىياز ئېيتماقچى بولدى - يۇ، لېكىن ئاغزىدىن چىقىرالمىدى.
— يەنىلا ئانىڭىزغا ئېيتسام بولغۇدەك ! — دېدى ئۇ بىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ.
سۇلتانە ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى ئۇقالمىدى.
— ماڭا ئېيتسىڭىز نېمە بولىدىكەن؟
نىياز كۆزىنى ئۇزمەي ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ، چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن:
— سۇلتانە، مەن سىزنى بەك ياخشى كۆرىمەن، — دېدى ئۇ

كۆڭلىدىكى گەپنى توغرىدىن - توغرىلا.

سۇلتانە ئۇندىمەي پۈتىنىڭ تىرنىقىنى تاتىلاپ ئولتۇردى.

— مېنىڭ نېمىشقا كۇندە كېلىدىغانلىقىمنى بىلەمسىز؟ — نىياز گەپنىڭ ھەننىۋاسىنى بىراقلا دېمەكچى بولدى.

— مەن نەدىن بىلەي؟ — دېدى ئۇ قىلچە كۆڭۈلگە ئالماستىن.

— مەن سىزگە ئېيتسام، مېنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىم پۈتۈنلەي سىز ئۈچۈن!

— يالغان! — دەۋەتتى سۇلتانە.

— قاراڭ، مەن سىزنى قانداق قىلىپ ئىشەندۈرەرمەن؟ — دېدى نىياز كۈلۈپ.

— ھە، سىز كەلسىڭىزلا ئانام بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرسىز، تېخى سىز ئۈچۈن كەلدىم دەيسىز، نېمىشقا مېنى دەپ كېلەتتىڭىز؟ — دېدى سۇلتانە كۆزلىرىنى ئوينىتىپ شوخلۇق قىلىپ.

نىياز كۈلۈپ كەتتى.

— مېنىڭ كۆزۈم پەقەت سىزدىلا دەڭە! — ئۇنىڭ ئاۋازىدىن شېئىرىي تۇيغۇ چىقىپ تۇراتتى.

— نېمىشقا؟ — دەپ سورىدى سۇلتانە ساددىلىق بىلەن.

— بۇيەرگە كېلىپ مېنىڭ قېشىمدا ئولتۇرۇڭ، مەن ئېيتىپ بېرىمەن.

— مۇشۇ يەردە ئوبدان ئولتۇرۇۋاتىمەن، — دېدى سۇلتانە بېشىنى چايقاپ.

سۇلتانەنىڭ ھەربىر سۆز - ھەرىكىتى نىيازدا تەسىر قوزغىماقتا ئىدى. ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالدى:

— ئۇنداق بولسا، مەن ئۇياققا ئۆتەيمۇ؟

— ئاشۇ يەردە ئولتۇرۇۋەرسىڭىز ئۇنىڭ نېمە يامىنى؟ — دېدى ئۇ ئالدىراپ.

— ماقۇل، ئەمىسە، مەن تەرەپكە قاراڭ، — دېدى نىياز يەنە پەش تارتىپ. شۇنىڭ بىلەن سۇلتانە كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ

قاربدى، — مانا مۇنداق، قاراڭ.
نىياز ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ كېتىپ، «ھەي ي ي» دېدى ـ دە، يەنىلا كۆڭلىدىكى گېپىنى ئاغزىدىن چىقارمىدى. نىيازنىڭ بۇ قىلىقى سۇلتانەگە غەلىتە بىلىندى. ئۇ بىرنېمىنى ھېس قىلغاندەك بولسىمۇ، ئەمما يەنە بەزى نەرسىلەرنى تۇپتىن چۈشەنمەيتتى.
نىياز بىرنېمە دېيىشكە ئاغزىنى ئۆمەللەۋاتقاندا، رازىيە ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپ قالدى. ئۇ نىيازنىڭ ئەدەپ بىلەن ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:
— ۋىيەي، قاچانراق كەلدىڭىز؟ مەن ئۇدۇلدىكى قوشنىمىزنىڭكىگە چىقىپ كېتىۋىدىم، مېنى چاقىرمامدىغان، — دېدى.
— تېخى ھېلىلا كېلىۋىدىم، — نىياز يالغان سۆزلەپ قويدى.
— ھوي، سۇلتانە، نىياز سىپارى① يېدىمۇ؟ — دېدى رازىيە ۋە سىپارى قۇتىسىنى ئېلىپ، نىيازنىڭ ئالدىغا قويدى.
سىپارى يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار يەنە بىردەم ئۇياقتىن ـ بۇياقتىن پاراڭلىشىشتى. سۇلتانە بىردەم ئولتۇرۇپلا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇخلاشقا چىقىپ كەتتى. بۇ كۈنى نىيازنىڭ كەيپى چاغ ئىدى، ئۇ كۈلۈپلا تۇراتتى.

## 6

ئەمدى قاراڭغۇ چۈشكەندە، نىياز غۇۋا لامپىنىڭ يورۇقىدا بىر كىشى بىلەن تىمىسقىلاپ ئولتۇرۇپ سودا قىلىشىۋاتاتتى. نىيازنىڭ غەربىزى يۈز رۇپىيەدىن ئاشۇرماسلىق ئىدى، ھېلىقى كىشى بىر يۈز ئون رۇپىيەدىن كەم بولسا ساتمايمەن دەپ چىڭ تۇراتتى، شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى باھادا كېلىشەلمەي تالىشىپ تۇراتتى.

---

① سىپارى — ئىسسىق بەلباغ رايونلىرىدا ئۆسىدىغان بىر خىل دەرەخنىڭ مېۋىسى.

— يەنە بەش رۇپىيە قوشاي، — دېدى نىياز ئاخىرىدا، — ماقۇل بولسىڭىز قويۇپ كېتىڭ، بولمىسا، ئىختىيارىڭىز. لېكىن، ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، باشقا يەردە مۇشۇ باھاغا چىقسا، قايتۇرۇپ ئەكېتىڭ.

— بىر تىيىنى كەم ئەمەس بىر يۈز ئون رۇپىيە، ئېلىپ قويۇڭ، — دېدى ھېلىقى كىشى ئىككى دانە سائەتنى نىيازنىڭ ئالدىغا قويۇپ.

نىياز قوشۇلمىدى:

— ياق، بۇرادەر، ئەمدى قىلچە ئۆرلەشكە بولمايدۇ.

— ئەزبىرايى خۇدا، بازاردا بىر دانە سائەتنىڭ باھاسى ئىككى يۈز رۇپىيەدىن ئوشۇق. بۇ چاغقىچە سىزنىڭ گېپىڭىزنى ئاڭلاپ كەلدىم، بۇ قېتىم مېنىڭكىنى بىر قېتىم ئاڭلاپ قويۇڭ.

— بۇ سائەتلەر خېلى يامان ئەمەستەك قىلىدۇ، بىراق بۇ نەرسىلەرنى سېتىپ پۇل قىلىش ئاسانغا چۈشمەيدۇ ـ دە! ھەر ۋاقىت ساقچىلارنىڭ تۇتۇۋېلىش خەۋپى بار. سىز بۇ ئىشنى بەكمۇ ئاسان چاغلايدىكەنسىز.

— ھەي بۇرادەر نىياز، مۇنچىۋالا قاتتىقلىق قىلماڭ. بۇ سىز بىلەن ئىككىمىزنىڭ بىرىنچى قېتىملىق ئېلىم ـ بېرىم قىلىشىمىز ئەمەسقۇ. راست گەپنى قىلسام، مۇشۇ چاغقىچە مۇشۇ قوللىرىم بىلەن سىزگە ئەكېلىپ بەرگەن نەرسىلىرىم نەچچە مىڭ رۇپىيەگە يارايدىغاندۇ؟ ھەر قېتىم ئىشنى كۆڭۈللۈك قىلمايسىز. ئەكېلىڭ، پۇلنى بىمالال بېرىڭا.

— ئېلىڭ، يەنىلا بىر يۈز بەش رۇپىيە، — ئۇ ئابايىقى باھادا چىڭ تۇردى.

— بوپتۇ، خالىغىنىڭىزچە بولسۇن، ئەكېلىڭ، بۇرادەر.

نىياز يانچۇقىدىن بىر تۇتام پۇلنى ئېلىپ بىر يۈز بەش رۇپىيە ساناپ بەردى.

— ھەي، يەنە بىر ئاز چاي پۇلى بېرىڭ، — دېدى ھېلىقى كىشى، نىياز ئۇنىڭغا يەنە سەككىز ئاننا بېرىۋېتىپ:

— ئىلىگىرى مانا، سىزنىڭ نەپ ئالسامىلا دەپ تۇرىدىغانلىقىڭىزدىن تويۇپ كەتتىم، — دېدى خاپا بولۇپ.

ھېلىقى كىشى پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى ۋە پۇلنى ساناپ يانچۇقىغا سېلىپ، كۈلگەن پېتى دۇكاندىن چىقىپ كەتتى. نىياز بۇ ئىككى سائەتنى چىراغقا تۇتۇپ ئوبدان قاراپ چىقتى، بۇلار يېپيېڭىلا سائەت ئىدى. ئۇ دۇكاننىڭ ئارقا ئۆيىگە كىرىپ، سائەتلەرنى ئىشكاپقا سېلىپ قۇلۇپلاپ قويدى.

نىياز ئارقا ئۆيدىن چىققاندا، نۇشا ئۇنى ساقلاپ ئولتۇراتتى. بۇ قېتىم ئۇ بىر دانە موتوسىكلىتنىڭ زاپچىسىنى ئەكەلگەنىدى. نىياز بىر قاراپ قويۇپلا يېنىدىن ئون روپىيەلىك تېزىدىن بىرنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا بەردى:

— بۈگۈن پۇخادىن چىققۇدەك بىر ئويۇنۇال !

نۇشا كۈتمىگەندە ساقمۇساق ئون روپىيەگە ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن بىرئاز ھەيران بولدى.

— ھەي، نېمىگە قاراپ تۇرىسەن، چاپسان يانچۇقۇڭغا سال، — دېدى كەيپى چاغ نىياز.

نۇشا ھاپىلا - شاپىلا پۇلنى يانچۇقىغا سېلىۋاتقاندا، قوللىرى سەل تىترەپ كەتتى. گەپ - سۆز قىلمايلا دۇكاندىن چىقىپ، راجانى ئىزدەپ كەتتى. تار كوچىدا شامىلا بار ئىدى، راجا كۆرۈنمەيتتى. نۇشانىڭ كەيپى ئۇچتى. ئۇ يېنىدا ئون روپىيەلىك يېپيېڭى بىر تېزا بارلىقىنى ھايال قالدۇرماي راجاغا ئېيتماقچىدى.

شامى ئۇنىڭغا راجانىڭ قارى ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە دۇبرا① ئويناشقا كەتكەنلىكىنى ۋە «نۇشا كەلسە ئاشۇ يەرگە باشلاپ بار» دېگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. نۇشا «بۈگۈن پۇخادىن چىققۇدەك بىر ئويۇنۇالاي ...» دېگەن يەرگە كەلدى - دە، شامى بىلەن بىللە قارى ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە ماڭدى.

بۇ يەر بىلەن قارى ئەپەندىنىڭ ئۆيىنىڭ ئارىلىقى ئىككى -

---

① بىر خىل قىمار ئويۇنى.

ئۈچ يۈز مېتىرچە كېلەتتى. ئارىلىقتا ئىككى تار كوچىدىن ئۆتەتتى. يەنە بىر ئاز ماڭسا خىرىستىيانلار مەھەللىسىگە باراتتى. ئۇ ئىككىيلەن قارى ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ باردى. تار ۋە ئۇزۇنچاق ئۆيدە بىرمۇنچە كىشىلەر ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن كونا ئورۇندۇقلاردا ئولتۇراتتى. ئۆيدە چىراغ يېقىلغان بولۇپ، ئۆينى ئىس ـ تۈتەك قاپلاپ كەتكەندى. بېشىغا شىلەپە كىيگەن، قولىدا قارا تاياقچە تۇتقان قارى ئەپەندى ئالدى تەرەپتىكى سۇپىدا سېھىرگەرلەردەك ئۆرە تۇراتتى. ئۇنىڭ ئالدىغا بىر چاسا شىرە قويۇلغان بولۇپ، ئۈستىدە بىر خالتا تۇراتتى. تۆت ـ بەش ياشلاردىكى دوغىلاق بىر ئوغۇل بالا خالتىدىن توختىماي قەغەز چىقىرىپ تۇراتتى. قارى ئەپەندى سېرىك ئۈمىكىدىكى قىزىقچىلاردەك بېشىنى ئىرغاڭلىتىپ تۇرۇپ قەغەزدىكى سانلارنى ئاۋازلىق ئوقۇيتتى. راجامۇ ئۆينىڭ بىر چېتىدىكى ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى. قارى ئەپەندى سانلارنى ئوقۇغاندا، ئۆيدىكى ھەممەيلەن قېرىنداش بىلەن قولىدىكى قەغەزدىكى سانلارنى سىزىپ تۇراتتى. ھەممە كىشىنىڭ دىققىتى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي خەت ئوقۇۋاتقان قارى ئەپەندىدە ئىدى.

ئۇشتۇمتۇت قارىمۇتۇق كەلگەن بىر سېمىز بالا قولىنى كۆتۈردى، ئۇ ئۈتۈپ چىققانىدى. كۆڭلى قايتقان بىرى ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىۋەتتى، ئۇنىڭ ئاۋازى ئۆينى بىر ئالدى.

شامى راجانى چاقىردى. ئۇ بۇرۇلۇپ قاراپ، ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى. نۇشا دۇبرا ئويۇنغۇسى بارلىقىنى ئېيتىۋىدى، راجا ئۇنى قورقۇتۇپ قويدى:

— ئاداش، قارى ئەپەندى سەممىي ئەمەس، ھىيلە ئىشلىتىدۇ.

راجا چۈشتىن تارتىپ دۇبرا ئويناپ، ئۇدا ئۇتتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى.

قارى ئەپەندى ھەر شەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۆيىدە تاۋكا قۇراتتى. راجا دۇبرا ئويناشقا ئۇدا بىرنەچچە ھەپتە كەلدى، ھەر

قىتىمدا بىر تىيىنى قالماي ئۇتتۇرۇۋېتەتتى؛ ئۇ قىمار ئويناش ئۈچۈن ھەر كۈنى دېگۈدەك ئازراق پۇل يىغاتتى ـ دە، شەنبە كۈنى كەلگەن ھامان قارنىنىڭكىگە بېرىپ قىمار ئوينايتتى، ئۇتتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن قارى ئەپەندىنى بىرھازا قارغاپ ـ تىللاپ قويۇپ شۇنىڭ بىلەن بولدى قىلاتتى.

نۇشانىڭ ئويناپ باققۇسى كېلىپ، بىرنەچچە قېتىم راجاغا ئاستا ئېيتىۋىدى، راجا قوشۇلمىدى. ئۇچەيلەن ئۇ يەردىن قايتىپ چىقتى. نۇشا يېنىدىن ئون رۇپىيەلىك بىر تىيىزنى ئېلىپ كۆرسىتىۋىدى، راجانىڭ كۆزلىرى ئويناپ كەتتى. ئۇ نۇشانىڭ بۇ پۇلنى نەدىن تاپقانلىقىنى بىلەلمەي، ھەيرانلىق بىلەن:

— پاھ ! بۈگۈن تاپقان پۇلۇڭ ئاز ئەمەسقۇ ! — دېدى.

— شۈڭلاشقا، دۇبرا ئويناي دېۋىدىم ـ دە ! — دېدى نۇشا.

راجا يەنە بىر قېتىم ئۇنى نىيىتىدىن قايتۇردى:

— ھەي ي ي، دۇبرا ئوينىغاننىڭ نېمە پايدىسى؟ مەن بېكىنى كۆرۈشكە كېلىۋىدىم. بىراق، ئۇ قىزچاق بۈگۈن كەلمەپتۇ.

— ئاداش، — دېدى نۇشا، — ئۇنى بەك ياخشى كۆرىدىغاندەك قىلىسەنغۇ، ئۇنى بىر كۈنى ماڭىمۇ بىر كۆرسەتە.

— كۆرگۈدەك نېمىسى بار؟ — دەپ سۆز قىستۇردى شامى، — ئۇ ھەر كۈنى بىزنىڭ دۇكانغا كېلىپ ئۇنى ـ بۇنى ئالىدۇ. قاپقارا، سەتلا بىر قىزغۇ ئۇ.

بۇ گەپ راجاغا ياقمىدى. ئۇ شامىغا بىر ئالىيىپ قويۇپ:

— ھەي تەنتەك، سېنىڭ كۆڭلۈڭ چۈشۈپ قالغان ھېلىقى «پەرىزات» مۇ قىيسىق كۆز بىرنېمىغۇ ئۇ، — دېدى ئاچچىقلاپ.

ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بولۇپ، نۇشانىڭ كۆڭلى ئايىنىدى ـ دە:

— ئاغىنىلەر، ئىككىڭلارنىڭ دىلدارىڭلارغۇ بار، ماڭا ھەتتا بىرەر قارا قىزمۇ تېپىلمايۋاتىدۇ، — دېدى بىچارە قىياپەتتە.

ئۇلار بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

— بىز بىرئاز غەيرەت قىلىپ ئۇنىڭغا بىرەر قىز تېپىپ بەرسەك بولغۇدەك، — دېدى شامى.

— سەن كۈندە دۇكاندا ئولتۇرغاندىكىن، بۇ ياردەمنى سەن قىلساڭ بولىدۇ، — دېدى راجا.

شامى ئۇنى بىر ئىتتىرىپ قويۇپ، ئارتىسلاردەك ئۆزىنىڭ ئۇزۇن چاچلىرىنى ئارقىسىغا تاشلاپ، كۆرەڭلەپ كۈلۈپ قويدى.

— ھەي نۇشا، مەن ساڭا بىر چارە كۆرسىتەي، — دېدى راجا، — سەن نازارەتچىنىڭ قىزى بىلەن دوست بول. مەن ھېلىقى تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىدىكى پېشقىق خىشلىق ئۆيدە ئولتۇرىدىغان نازارەتچىنى دەۋاتىمەن. مەن قەسەم قىلىپ بېرەي، نازارەتچىنىڭ قىزى ناھايىتى چىرايلىق. مەن ئۇنىڭ ئاكىسى بىلەن دوست. خالىساڭ سەنمۇ ئارىمىزغا كىر، ئىش ۋۇجۇدقا چىقىپ قالسا، چوقۇم كۆڭۈللۈك ئويناپسەن. قېنى، قولۇڭنى ئۇزارت، ساڭا مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن، — ئۇ نۇشانىڭ قولىنى قىزغىن قىستى.

ئۇچەيلەن مەھەللىدىكى قىزلار توغرىسىدا ئۇزاقىچە پاراڭ قىلىشتى. راجا بىلەن شامىنىڭ يېشى نۇشا بىلەن ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتەتتى. ئۇلارنىڭ يېشى ئون تۆت ـ ئون بەشلەردىن ئاشمايتتى. ئۇلار يوشۇرۇپ ئولتۇرمايلا گەپنىڭ ئوچۇقىنى قىلىپ سۆزلىشەتتى، نۇشا ھاڭۋېقىپ ئۇلارغا قاراپلا قالاتتى.

دۇبرا ئويناش كۆڭلى قايتۇرۇلدى، ئەمدى راجا يېڭىدىن بىر ئىشنى ئورۇنلاشتۇردى. زادى نېمە قىلىنىدىغانلىقىنى تەپسىلىي ئېيتمىدى. شامى سوراپ بىلمەكچى بولۇۋىدى، ئۇ خاپا بولدى:

— دېدىمغۇ؟ بىر يەرگە بارىمىز، بارىمەن دېسەڭ بار.

— قاچانراق قايتىپ كېلەرمىز؟ — دەپ سورىدى شامى.

— ئېنىق بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ، سائەت ئون بىرلەردە قايتىپ كېلەرمىز!

شامى قۇلىقىنى تۇتۇپ قويدى①.

— مەن بەك كەچ قايتسام بولمايدۇ. دادام قۇددۇس

---

① پاكىستانلىقلارنىڭ ئادىتى. قۇلىقىنى تۇتۇپ قويۇش خالىماسلىق، بىزار بولۇش ھېسسىياتلىرىنى بىلدۈرىدۇ.

ئاخۇنۇمنىڭ تەپسىرىنى ئاڭلىغىلى كەتتى، سائەت ئوندا قايتىدۇ، ئۇ مېنىڭ ئۆيدە يوقلۇقۇمنى كۆرسە چىچىلىپ كېتىدۇ. مەن قايتىۋېرەي، — ئۇ شۇنداق دەپلا قايتىپ كەتتى. راجا بىلەن نۇشا پاراڭلاشقاچ بازار تەرەپكە ماڭدى.

بازاردا چىراغ ۋە ئادەملەر ئازلاپ كەتكەنىدى. پەقەت بىرنەچچە دۇكان تېخىچە ئوچۇق تۇراتتى. كېچىلىك چارلىغۇچىلار چارلاشنى باشلىغان بولۇپ، ئۇلار دۇكانلارنىڭ ئىشىكلىرى قۇلۇپلانغان ـ قۇلۇپلانمىغانلىقىنى تەكشۈرمەكتە ئىدى، راجا بىلەن نۇشا بازارنى كېسىپ ئۆتۈپ بىر تار كوچىغا كىرىشتى. بۇ كوچا قاپقاراڭغۇ ئىدى. راجا ئالدىدا، نۇشا ئۇنىڭ كەينىدە ماڭدى. ئانچە ئۇزاققا بارماي تۇرۇپ، بۇرۇلىدىغان دوقمۇشتا چىراغ كۆرۈندى ۋە كىشىلەرنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلىرى ئاڭلاندى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككىيلەن شۇ تەرەپكە مېڭىشتى.

راجا ئېگىز قورۇق تام بىلەن قورشالغان كونا شەكىللىك بىر بىنانىڭ ئالدىدا توختىدى. دەرۋازا چىڭ تاقاقلىق ئىدى. ئىچىدىن كىشىلەرنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. راجا دېرىزىدەك بىر كىچىك ئىشىكنى ئىتتىرىپ ئېچىپ كىردى، نۇشا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كىردى. بۇ بىر كەڭ هويلا ئىدى. يەنە ئىچكىرىلەپ كىرگەندە، بىرمۇنچە ئەگمە ئىشىكلىك كارىدور شەكلىدىكى ئايۋان ـ سارايلار بار ئىدى. تورۇسقا سان ـ ساناقسىز گاز لامپىلار ئېسىلغان، ئۆيگە مېتال ئورۇندۇقلار ۋە قوپال ياغاچ شىرەلەر تىزىلغان، شىرەگە هاراق ۋە رومكىلار قويۇلغانىدى.

بۇ مەيخانىدا پەقەت يەرلىك هاراقلا سېتىلاتتى. ئايۋاندا هاراق ئىچىۋاتقان كىشىلەر كۆپ ئىدى. ئۇلارنىڭ هاراق ئىچىشىپ ئولتۇرۇپ ۋارقىراپ ـ جارقىراپ قىلىشقان گەپ ـ سۆزلىرى ۋە پات ـ پات پارتلاپ تۇرغان جاراڭلىق كۈلكە ئاۋازلىرى ئايۋاننى بىر ئالغانىدى، راجا بىلەن نۇشا ئىككى ئورۇندۇقنى تارتىپ بىر شىرەنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇشتى. راجا نۇشانىڭ ئون رۇپىيەسىنى

ئېلىپ پوكەيىنىڭ قېشىغا بېرىپ، سۆپىتى تۆۋەن هاراقتىن بىر بوتۇلكا ئەكەلدى، ئاندىن ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ شىرەگە قويدى. ئۇ ئالدى بىلەن ئۆزىگە بىر رومكا قۇيدى، ئاندىن ئىككىنچى رومكىنى قۇياي دەۋاتقاندا، نۇشا دەرھاللا:

— ئاداش، بۇنى كىمگە قۇيىسەن؟ — دەپ سورىدى.

— هوي، ساڭچۇ، يەنە كىمگە بولاتتى؟ — دېدى ئۇ كۈلۈپ.

— ماڭا، ماڭا ئىچۈرمىگىن، — دېدى نۇشا خاتىرجەمسىزلىنىپ.

راجا قۇيىمەن دەپ تۇرۇۋالدى، نۇشا قايتا - قايتا رەت قىلدى. شۇ ئەسنادا ئايۋاندا دۇمباق ئاۋازى ئاڭلاندى - دە، ئەر دېسە ئەر ئەمەس، ئايال دېسە ئايال ئەمەس بىر «نايناق» چىقىپ بەللىرىنى تولغاپ ناخشا ئېيتقىلى تۇردى:

«بۇلېرنىڭ بازىرىدا يەرگە چۈشتى ئالتۇن هالقا، هەي ي ي، يەرگە چۈشتى ئالتۇن هالقا ...»

ئۇ ناخشا ئېيتىپ تۇرۇپ ئۇسسۇل ئويناۋاتتى. بىر هاراقكەشمۇ باشلىرىنى گىلدىڭلىتىپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇسسۇلغا چۈشتى. ئۇ سېمىز ئادەم بولغاچقا، ئۇسسۇل ئوينىسىلا ئايۋاننىڭ تورۇسلىرى لىڭشىپ كېتەتتى، كىشىلەر ئۇنىڭ ئۇسسۇل ئويناشتىكى قىياپىتىگە قاراپ پاراققىدە كۈلۈشۈپ كېتەتتى؛ مەيخانا ئىچى تېخىمۇ قالايمىقانلىشىپ كەتكەنىدى. نۇشامۇ تازا پەيزى قىلىپ قاقاهلاپ كۈلەتتى. شۇ ئەسنادا ئوتتۇرا ياشلىق بىر كىشى ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— يەيدىغان بىرەر نەرسە كېرەكمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— گۆشنان بارمۇ؟ — دېدى راجا.

— گۆشنان بايىلا سېتىلىپ بولدى.

— ئۇنداق بولسا، قېتىق ئارىلاشتۇرۇلغان ياڭيۇدىن ئازراق كەلتۈرۈڭ. ئاچچىقراق بولسۇن.

— خوپ، مانا هازىر!

بىردەمدىن كېيىن ئۇ بىر مەينەت قەلەي پەتنۇسقا ئۇستىگە

قىزىل ئۇۋاق لازا سېپىلگەن، قېتىق ئارىلاشتۇرۇلغان ياڭيۇ سېلىپ ئەكەلدى.

هاراقكەش بىلەن ھېلىقى كىشى يەنىلا ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى. هاراقكەشنىڭ يوغان ساغرىلىرىنى تولغاشلىرى نۇشاغا بەك قىزىق تۇيۇلۇپ كەتتى.

— ھەي، — دېدى راجا، — ئازراق ئىچىپ قويمىساڭ مەززىسى بولامدۇ؟ — ئۇ رومكىنى نۇشانىڭ ئاغزىغا يېقىن ئەكەلدى.

نۇشا بىر ئوتلاپ، قوشۇمىلىرىنى تۈرۈپ:

— ئاداش، نېمانچە ئاچچىق ! — دېدى.

— ئازراق ياڭيۇ يەۋەت، — دېدى راجا تەخسىنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ.

نۇشا تەخسىدىن بىرنەچچە تال ياڭيۇ ئېلىپ يېدى. راجا رومكىنى كۆتۈرۈپ، كۆزىگە يېقىنراق تۇتۇپ، چىراغ نۇرىدا توق قىزىل بولۇپ كۆرۈنگەن هاراقنا قاراپ قويۇپ، ئاندىن رومكىنى ئاغزىغا يېقىن ئەكېلىپ، «غۇرت - غۇرت» قىلىپ بىرنەچچە ئوتلاپ ئىچىۋەتتى. نۇشامۇ رومكىنى كۆتۈرۈپ ئاغزىنى تەگكۈزۈپ قويۇپ:

— ئاداش، سېنىڭ قولۇڭدىن خېلى ئىشلار كېلىدىغانلىقىنى بايقىماپتىمەن، — دېدى راجاغا.

— ياقەي، بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ ئىككى - ئۈچ قېتىم ئىچكەن، بۇ يەرگە مۇشۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى قېتىم كېلىشىم.

— سەن گوي يالغان سۆزلەۋاتىسەن، ئەھۋالدىن قارىغاندا، سەن هاراق ئىچىش ماھىرى ئىكەنسەن.

— ياق، ئاداش، قەسەم قىلىپ بېرەلەيمەن، — دېدى راجا ئۆزىنى ئاقلاپ.

ئىككىيلەن پاراڭلاشقاچ ئىچىشىپ ئولتۇردى. بىر رومكا ئىچىلىپ بولسا، راجا يەنە بىر رومكىنى توشتۇراتتى.

— ئاداش، ئاجايىپ بولۇۋاتىمەنا، — دېدى نۇشا بىردەم ئىچكەندىن كېيىن.

— تېخى ئەمدى كالپۇكۇڭ ھۆل بولدى، يەنە ئازراق ئىچىپ قوي، — دېدى راجا كۈلۈپ.

نۇشا يەنە بىر ئاز ئىچكەندىن كېيىن ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتى، ئۇنىڭ ئاۋازى نورمالسىز ئىدى. يەنە بىر ئازدىن كېيىن ئۇ رومكىنى كۆتۈرۈپ غورتۇلدىتىپ بىراقلا ئىچىۋەتتى. بۇ چاغدا ھېلىقى سېمىز هاراقكەش يەرگە يىقىلىپ، كالىدەك پۇشۇلداپ ئۇخلاپ ياتاتتى. ئايۋاندا ھاراق ئىچىۋاتقانلار بۇنى كۆرۈپ ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈشەتتى.

ھېلىقى يەنە بىر كىشى ناخشا ئوقۇماي، ھەربىر شىرەنىڭ ئالدىغا بېرىپ، بىرىگە بىرنەچچە ئېغىز بېزەپ چاقچاق، يەنە بىرىگە بىرنەچچە ئېغىز ئىپلاس گەپلەرنى قىلىپ قويۇپ، ئىككى - ئۈچ ئاننا ئېلىپ، ئاندىن يەنە بىر شىرەگە باراتتى. ئۇ راجالارنى كۆرۈپ، قوللىرىنى ئوينىتىپ چاۋاك چېلىپ تۇرۇپ يۇقىرى ئاۋازدا ناخشا ئېيتقىلى تۇردى:

«ھەي شا كىچىك، شا كىچىكلەر،
ھويلامغا كىرىپ ئويناپ كېتىڭلار.»

ئۇنىڭ بۇ قىلمىشى نۇشانى بىر ئاز ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويدى. ئەمما، راجا تەپتارتماستىن ئورنىدىن تۇرۇپ ھېلىقى كىشىنىڭ بوينىدىن قۇچاقلاپ تۇرۇپ، ئۇنى چوك قىلىپ بىرنى سۆيدى. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى كىشى قولىنى ئۇزارتىپ:

— مۇشۇنىڭ ئۈچۈنلا تۆت ئاننا بېرەرسەن؟ — دېدى.

— راجا دەرھاللا يېنىدىن تۆت ئاننا ئېلىپ ئۇنىڭغا بېرىۋىدى، ئۇ بەللىرىنى تولغاپ كېتىپ قالدى. ئىككىيلەن ھاراق ئىچىشىپ ئۇزاق ئولتۇرۇشتى. بۇ ھاراق ئاستا تۈتىدىغان ھاراق ئىدى، راجا بىر بوتۇلكا ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە يېرىم بوتۇلكا ئالدۇردى. بۇ يېرىم بوتۇلكا تۈگىمەي تۇرۇپلا راجا دەلدەڭشىشكە باشلىدى ۋە تاققا - تۇققا سۆزلەپ، بىكاردىن -

بىكار كۆلىۋەرگىلى تۇردى. بىردەم نۇشانىڭ بويىنغا ئېسىلاتتى، بىردەم دومسىيىپ ئولتۇراتتى.

ئۇشتۇمتۇت نۇشا دەلدەڭشىپ يىقىلىپ چۈشتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ شىرەگە ئېسىلىۋىدى، بەكرەك كۆچەپ كەتكەچكە، شىرە ئۆرۈلۈپ، بوتۇلكىلار يەرگە چۈشۈپ غىلدىرلاپ، رومكىلار سۇنۇپ كەتتى. راجا ئۇنى تىللاپ بىر كاچات سالدى. نۇشا راجاغا ئالىيىپ قارىدى. راجا قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا قادىلىپ تۇراتتى. بۇ چاغدا نۇشا بىرنېمىنى ئويلىغاندەك قىلدى ـ دە، ئايۋاندىن هويلىغا چىقتى. راجا ئارقىسىدىن توۋلىدى، نۇشانىڭ قۇلاقلىرى ۋىڭىلداپ تۇراتتى، ئۇنىڭغا راجا قۇدۇقنىڭ ئاستىدا گەپ قىلىۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى. ئۇ ئارقىسىغىمۇ قارىماستىن، دېرىزىدەك كىچىك ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى.

نۇشا دەلدەڭشىپ بېشى قايغان، پۇتى تايغان تەرەپكە قاراپ مېڭىۋەردى، ئۆزىنىڭ قەيەرگە كېتىۋاتقانلىقىنى قىلچە بىلمەيتتى. جىمجىت كىچىك كوچىدا يېرىم سائەت ماڭغاندىن كېيىن بىر كەڭ يولغا چىقىپ قالدى. شۇ ئەسنادا كۆڭلى ئېلىشىپ قۇسۇۋەتتى. ئاندىن ئىرغاڭلاپ بىرنەچچە قەدەم مېڭىپلا، يەر چۆرگۈلەۋاتقاندەك هېس قىلدى. ئۆيلەرنىڭ دېرىزىلىرىدىن چىققان چىراغ نۇرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پارقىراق قوڭغۇزدەك بىر يورۇپ، بىر قاراڭغۇلىشىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىگە ئىگە بولالماي قالدى ـ دە، بەئەينى يىلان ئويناتقۇچى ئويۇنچىنىڭ چالغان نېيىگە ئەگىشىپ تولغىنىپ ئويناۋاتقان يىلاندەك تولغىنىپ بېرىپ يىقىلدى. يول مۇزدەك سوغۇق ئىدى، غۇرقىراپ شامال چىقىپ تۇراتتى. بۇ سالقىن شامالدىن بىرئاز راھەتلەنگەن نۇشا كۆزلىرىنى يۇمۇپ، تۇيمايلا ئۇيقۇغا كەتتى.

ئۇ پۇت ـ قوللىرىنى سوزۇپ، ئۆلۈك ئادەمدەك يولنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا ياتاتتى.

ئۇشتۇمتۇت ئۇچقاندەك بىر كىچىك ماشىنا كەلدى ـ دە، ئۇنىڭ بېشىنى بېسىۋەتكىلى تاس ـ تاماس قالدى، لېكىن ئۇنىڭ

مۇرىسىنى سوقۇۋەتتى. نۇشا ۋاي دەپ بىر ۋارقىراپلا جىم بولۇپ قالدى. شوپۇر دەرھال تورمۇزنى بېسىۋىدى، ماشىنا قاتتىق بىر سىلكىنىپ توختىدى. بىرى ماشىنىدىن بېشىنى چىقىرىپ قاراپ، قاراڭغۇدا بىر ئادەمنىڭ مىدىر - سىدىر قىلماي مۇردىدەك ياتقانلىقىنى كۆردى.

— ئۆلدىمۇ نېمە؟ — دېدى ھېلىقى كىشى ئالاقزەدە بولۇپ.

— چاپسان ماڭايلى ! — دېدى ماشىنىنىڭ ئىچىدىكى يەنە بىر كىشى.

ماشىنىنىڭ موتورى گۈرۈلدىدى - دە، بىردەمدىلا قاراڭغۇلۇق ئىچىدە غايىب بولدى.

ئارىدىن خېلى ئۇزاق ۋاقىت ئۆتكەندە، مۇشۇ يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان سۇلايمان دېگەن بىر كىشى كېلىپ قالدى. ئۇ شۇ جايدىكى ئىنستىتۇتنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، ھېلىلا كىنودىن قايتىپ ئۆيىگە كېتىۋاتاتتى. ئۇ يەردە بىر ئادەمنىڭ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ قەدىمىنى توختىتىپ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. شۇ ئەسنادا نۇشا ئىڭراپ ئۆرۈلدى. سۇلايمان ئېڭىشىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ بېشىدىن تارتىپ ئايىغىغىچە بىر قۇر قاراپ چىقتى. ئۇنىڭ بەدەنلىرى توپىغا مىلەنگەن بولۇپ، ئانچە ئېغىر زەخىملەنمىگەندەك قىلاتتى، پەقەت مۇرىسىدە قىزىل قان داغلىرى تۇراتتى.

ئەتراپتا بىرەر ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. جىمجىت كوچا بۆلەكچىلا سۈرلۈك بىلىنەتتى. ئۇ نۇشانى يولنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كۆتۈرۈپ يولنىڭ چېتىگە ئەكەلدى. ئاندىن مىڭ مۇشەققەتتە نۇشانىڭ ئىسمىنى ۋە ئادرېسىنى ئاران بىلەلىدى. شۇ پەيتتە بىر ھارۋا كېلىپ قالدى. ئۇ ھارۋىنى توختاتقۇزۇپ، ھارۋىكەش بىلەن بىللە نۇشانى ھارۋىغا سېلىپ، ئۆزىمۇ ھارۋىغا چىقتى. ھارۋا نۇشالارنىڭ ئۆيىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ھارۋا چوڭ يولدىن سىلىق ئۆتۈپ تار كوچا ئاغزىغا كەلدى. بۇ كوچا بەك تار بولغاچقا، ھارۋا كىرەلمەيتتى. سۇلايمان نائىلاج

هارۋا كىراسىنى تۆلۈۋېتىپ، نۇشانى كۆتۈرۈپ ماڭدى. كوچا قاراڭغۇ بولغاچ، ئۇ بىرنەچچە قېتىم يىقىلىپ كېتىشكە تاس قالدى.

كېچىدە، ئۇنىڭ ئۇستىگە ناتونۇش بىر جايدا، نۇشالارنىڭ ئۆيىنى تېپىش سۇلايمانغا ئاسان ئەمەس ئىدى. بۇ قاراڭغۇ زۇلمەت كوچىدا ئۇ ئۇزاققىچە ئىزدەپ يۈردى. كېيىن، مەھەللىدىكى ئىشقا كېتىپ بارغان بىر تۆمۈريول ئىشچىسى ئۇچراپ قېلىپ، نۇشالارنىڭ تۇرىدىغان جايىنى ئېيتىپ بەردى. سۇلايمان نۇشانى ئىشىك ئالدىغا قويۇپ، ئاندىن بېلىنى رۇسلاپ ئۇھ دېدى. ئورۇق ۋە بويلۇق كەلگەن بۇ يىگىت ئەزەلدىن مۇنداق جىسمانىي ئىشنى قىلىپ كۆرمىگەنىدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمۈپ كەتكەنىدى.

سۇلايمان ئىشىكنى قېقىۋىدى، بىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلانمىدى، ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇخلاپ قالغانىدى. ئۇ ئىشىكنى يەنە بىرنەچچە قېتىم قاقتى.

نۇشانىڭ ئانىسى ئىشىك قېقىلغانلىقىنى ئاڭلاپ كۆزىنى ئاچتى. بۇ كۈنى ئۇنىڭ بىرئاز مىجەزى يوق ئىدى، ئۆزى تۇرۇپ ئىشىكنى ئاچالمايتتى، شۇڭا سۇلتانەنى ئويغىتىشقا مەجبۇر بولدى. سۇلتانە گاڭگىرىغان ھالدا ئۆرە بولۇپ ئولتۇرۇپ، ئىشىك قېقىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ:

— ۋىيەي ئانا، مۇنداق كېچىدە ئىشىك قاققان كىمدۇر؟ — دەپ سورىدى ئېھتىياتچانلىق بىلەن.

— كىم بولاتتى؟ — دېدى ئانىسى خاپا بولۇپ، — ئاشۇ ئۆلگۈر نۇشا بولمامدۇ. كېچىچە تالادا لەلەڭشىپ يۈرۈپ، ئەمدى ئۆيگە قايتقۇسى كەپتۇ بۇ شۇمنىڭ. بالام، چىقىپ ئىشىكنى ئېچىپ بەر، بولمىسا بۇ ھارىمى سېنىمۇ خاتىرجەم ئۇخلاتمايدۇ.

سۇلتانە گەپ ـ سۆز قىلماستىن ئورنىدىن تۇرۇپ ھويلىغا چىقتى. تالا سوغۇق ئىدى، توڭلاپ تىترەپ كەتتى. ئۇ ئىشىكتىن بېشىنى چىقىرىپ بويىنىنى سوزۇپ:

— نۇشا ! نۇشا ! — دەپ چاقىردى.

سۇلايمان ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قاراپ گەپ - سۆز قىلماي تۇرۇپلا قالدى. سۇلتانە تېخى ئەمدىلا ئۇيقۇدىن ئويغانغاچقا، قاراڭغۇدا ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى. نۇشانىڭ ئاۋازى ئاڭلانمىغانلىقتىن، ئۇ:

— ھەي، قېنى سەن، نېمانداق زۇۋان سۈرمەيسەن؟ — دېدى.

ئەمدى سۇلايمان گەپ قىلماي تۇرۇۋەرسە بولمايتتى:

— ئۇنى ماشىنا سوقۇۋېتىپتۇ، — دېدى ئۇ دەرھاللا.

سۇلتانە بۇ گەپنى ئاڭلاپلا ھودۇقۇپ: «ۋاي خۇدايىمەي !» دەپ توۋلىغىنىچە يۈگۈرۈپ ئانىسىنىڭ قېشىغا كىرىپ كەتتى.

— نېمە ئىش بوپتۇ؟ — دەپ سورىدى ئانىسى ئالدىراپ - تېنەپ.

سۇلتانەنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ كەتكەندى.

— نۇشانى ماشىنا سوقۇۋېتىپتۇ، — دەپلا يىغلىۋەتتى ئۇ.

ئانىسىمۇ ئۇن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. بۇ يىغا - زار ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغانغان ئانۇ يۇمىلاق كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ئۇلارغا قاراپلا قالدى. شۇ ئەسنادا سۇلايمان نۇشانى كۆتۈرۈپ ئۆيگە ئەكىردى. نۇشانىڭ بەدىنى بەئەينى يامغۇردا ھۆل بولۇپ كەتكەن شاخ - شۇمبىلاردەك، سۇلايماننىڭ بىلىكىدە ساڭگىلاپ تۇراتتى.

سۇلايمان ئۇنى كەندىر پالاسقا قويۇپ، ئۇلارغا تەسەللى بەردى:

— قورقماڭلار، خۇدايىم ساقلاپتۇ، ئېغىر زەخىملەنمىگەن، خەتەردىن قۇتۇلۇپ قالدى.

ئانا - قىز ئىككىسى قاتتىق ئۆكسۈپ يىغلىماقتا ئىدى. ئانۇمۇ يىغلىغىلى تۇردى. نۇشا كۆزىنى يۇمۇپ، ھوشىنى بىلمەي ئۆڭدىسىغا ياتاتتى. قارا چىراغ يورۇقىدا ئۇنىڭ چىرايى ئۆلۈكنىڭكىدەك تاتىراڭغۇ كۆرۈنەتتى.

— يىغلىماڭلار، قورقۇپ كەتمەڭلار، مۈرىسى ئازراقلا يارىلانغان، — دەپ تەسەللى بەردى سۇلايمان يەنە.

ئانىسى ئولتۇرۇپ نۇشانىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئالدى. سۇلتانە ئانىسىنىڭ قېشىغا كەلدى. ئىككىيلەن نېمە قىلىشىنى

بىلەلمەي يىغلاۋەردى.

سۇلايمان يەنە قاراپ تۇرىۋېرىشكە چىدىيالماي قالدى ـ دە:

ــ مەن قايتاي، ــ دېدى.

نۇشانىڭ ئانىسى ئۇنىڭغا دۇئا قىلىپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

سۇلايمان نۇشانىڭ ئانىسىنىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ چىقىپ، ئۇدۇل ئۆزىنىڭ تۇرار جايىغا قاراپ كەتتى. ئۇ كارىۋاتقا چىقىپ ياتقاندا، قاتتىق ئەنسىرەپ قالدى: «نېمىشقا نۇشانى دوختۇرخانىغا ئاپارمىغاندىمەن؟ ئۇنىڭ ئىچكى ئەزالىرى زەخىملەنگەنمىدۇ؟ ئۇنىڭ ئەھۋالى ھازىر قانداقراقتۇ؟ ئۇنىڭ ئۆيىدە بىرەر ئەركىشىمۇ كۆرۈنمەيدۇ، ئالىمادىس كېچىدە بىرەر خېيىم ـ خەتەر بولۇپ قالسا، دوختۇرخانىغا ئاپىرىدىغانمۇ ئادەم يوق ...»

سۇلايمان غەم ـ ئەندىشىسىز بىر ياش بولۇپ، بۇ يەردە ئۇنىڭ نە ئاتا ـ ئانىسى، نە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى يوق ئىدى. ئۆزى تەنھا ياشايتتى. ئۇ ئوقۇغۇچى بولسىمۇ، لېكىن ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدە مول تۇرمۇش تەجرىبىلىرىگە ئىگە بولغانىدى. ئۇ بىر قارتا ئويناشقا چۈشۈپ كەتسە، تاڭ ئېتىپ كېتەتتى، ئۇتتۇرۇپ ھېچنېمىسى قالمىغاندا، ئاندىن بولدى قىلاتتى. ئولتۇرۇشلارغا قاتنىشىپ قالسا، بەزىدە ئاز ـ پاز شاراب ئىچىپمۇ قوياتتى. ھەر قېتىم ئۆيىدىن پۇل كەلگەندە، مەيخانىغا بېرىپ ناخشا ئاڭلاپ قوياتتى. ئۇنىڭ مۇشۇنداق يېتەرسىز يەرلىرى بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلى ياخشى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ شۇ كېچىسى خاتىرجەم ئۇخلىيالمىدى.

ئۇ ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپلا نۇشالارنىڭ ئۆيىگە كەلدى. نۇشانىڭ ئانىسى ئۇنى ئۆيگە باشلىدى. نۇشا ئۆيدە خاتىرجەم ئۇخلاۋاتاتتى. نۇشانىڭ ئانىسى ئۇنىڭغا نۇشانىڭ تاڭ يورۇغاندا ھوشىغا كەلگەنلىكىنى ۋە گەپ قىلغانلىقىنى، ھازىر بىرئاز ياخشى بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

سۇلايمان كەندىر پالاستا نۇشانىڭ ئانىسى بىلەن گەپلىشىپ ئولتۇردى. سۇلتانە ئىشىك سىرتىدا تۇرۇپ، پات ـ پات ئۆيگە

قاراپ قوياتتى. سۇلايمان تاماكا چەككەچ سالماقلىق بىلەن گەپ قىلىپ ئولتۇراتتى. سۇلتانە قول ئىشارىتى بىلەن ئانۇنى چاقىرىپ چىقتى - دە، قوشنىسىنىڭكىدىن بىر ئورۇندۇق ئەكىرىشكە چىقاردى. ئۇ كاستۇم - بۇرۇلكا كىيگەن سۇلايماننىڭ يەردە ئولتۇرۇشى بەكلا مۇۋاپىق ئەمەس دەپ ھېس قىلغانىدى. بىردەمدىن كېيىن ئانۇ بىر كونا ئورۇندۇق ئەكىردى، ئورۇندۇقنىڭ تېخى بىر پۇتى سۇنۇق ئىدى. سۇلتانە ئورۇندۇقنى ئانىسىغا ئىشىك سىرتىدا تۇرۇپ سۇنۇپ بەردى.

نۇشانىڭ ئانىسى سۇلايماننى زورلاپ دېگۈدەك ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدى. بىردەمدىن كېيىن سۇلايمان گەۋدىسىنى سەللا مىدىرلىتىۋىدى، ئورۇندۇق ئاغدۇرۇلۇپ كەتتى، سۇلايمانمۇ يىقىلىپ كەتتى. ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىملىرىدىكى توپىلارنى قاقتى. ئۆينىڭ سىرتىدىن سۇلتانەنىڭ قاقاھلاپ كۈلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى، سۇلايمانمۇ خىجالەت بولۇپ كۈلۈپ قويدى.

رازىيە بالىلىرىنى تىللاپ كەتتى:

— بىر ئوبدان ئورۇندۇقنى مۇشۇ شۇملار بۇزۇۋېتىپتۇ، — ئۇ ئورۇندۇقنى تامغا يۆلەپ قويۇپ، سۇلايماننى ئولتۇرۇشقا زورلاپ تۇرۇۋالدى. بۇ قېتىم سۇلايمان گويا سۈرەتكە چۈشىدىغاندەك، ئىشىك تەرەپكە يۈزلىنىپ ئورۇندۇقتا تۈپتۈز ئولتۇردى - دە، سۇلتانەنىڭ بىرنەچچە قېتىم ئۆيگە قارىغانلىقىغا كۆزى چۈشتى ۋە بىرنەچچە قېتىم ئىككىيلەننىڭ كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قالدى.

ئۇ نۇشانىڭ ئانىسى بىلەن ئېچىلىپ - يېيىلىپ يېرىم سائەتچە پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ قايتماقچى بولدى.

— بۇنىڭدىن كېيىن پات - پات كېلىپ تۇرۇڭ، — دەپ قايتا - قايتا تاپىلىدى رازىيە. ئۇنىڭ سۆزى سەمىمىي ۋە قىزغىن ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ قارىشىچە، سۇلايمان ئەدەپلىك ۋە ساپ دىل يىگىت ئىدى.

# ئىككىنچى باب

## 1

قىش چىقىپ كېتىش ئالدىدا تۇراتتى، ھاۋا ئاستا ـ ئاستا ئىسسىشقا باشلىغانىدى. ئەمما، كوچىدىكى دەرەخلەر يالىڭاچ ھالدا تۇرۇشاتتى. كەچ كۈزدىن بۇيان يول بويلىرىغا يىغىلىپ قالغان غازاڭلارنى شامال ئۇچۇرۇپ يۈرەتتى. كۈندۈزلىرى ئاپتاپ چىققاندا تېمپېراتۇرا يۇقىرىراق بولسىمۇ، ئەمما كېچىلىرى خېلىلا سالقىن بولاتتى.

ھىندى كالېندارى بويىچە 11 ـ ئاينىڭ[①] يېقىملىق بىر كېچىسى ئىدى: ھىلال ئاينىڭ كۈمۈش نۇرلىرى ھويلىنى كۈندۈزدەك يورۇتۇۋەتكەنىدى. مۇنداق ئايدىڭ كېچە بەلكىم كىشىلەر قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا پۈكۈلگەن گۈزەل ئارزۇ ـ ئارمانلارنى ئەڭ ئاسان بىخلاندۇرىدىغان ئۇرۇق بولسا كېرەك ـ ھە؟

رازىيە ھېلىتلا يۇيۇنۇپ، كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ بولۇپ پېشايۋاندا ئولتۇراتتى. ئۇشتۇمتۇت سۇلتانەنىڭ خىيالىغا نېمە ئىش كەلدىكىنتاڭ، ئۇ ئانىسىنىڭ بېشىدىكى ئاق رومالنى ئېلىپ، ئۆزىنىڭ سېرىق روملىنى ئانىسىغا ئارتىپ قويدى.

— ۋىيەي، ساراڭ بولۇپ قالدىڭمۇ نېمە سەن! ئەكەل روملىمنى، — دېدى ئانىسى نارازى بولۇپ.

— ئانا، — دېدى سۇلتانە كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئەزبىرايى خۇدا، بۇ سېرىق رومال ساڭا بەكمۇ يارىشىدىكەن.

قىزىنىڭ ئېيتقىنى قىلچە يالغان ئەمەس ئىدى. بۇ سېرىق

---

① ھىندى دىنىنىڭ كالېندارى بولۇپ، ئۇنىڭ 11 ـ ئېيى شەمسىيە 2 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 3 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغا توغرا كېلىدۇ.

رومالنى ئارتسا، ئۇنىڭ يوشۇرۇنۇپ تۇرغان ياشلىق باھارى قايتىدىن نۇر چاچقاندەك قىلاتتى. ھويلىغا سۇپسۇزۇك ئاي نۇرى چۈشۈپ تۇراتتى، رازىيەنىڭ يۈزلىرى ئوتتەك قىزىرىپ مەڭزىلىرىدە قىزىللىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ياش قۇرامى ئانچە چوڭ ئەمەس ئىدى. ئون بەش يېشىدا ياتلىق بولۇپ، بىر يىلدىن كېيىن سۇلتانەنى تۇغدى. سۇلتانە بۇ يىل ئون يەتتىلەرگە كىرىپ قالدى. دېمەك، رازىيە ھازىر ئوتتۇز ئۈچلەرگە كىرگەنىدى. كۈيۆسى قازا قىلغاندىن كېيىن، قايغۇ ـ ھەسرەت ئازابىدىن قېرىلىقتا يۈزلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆزىمۇ بىرئاز ياشانغانلارغا خاس كېيىنىشنى خالاپ قالدى. كۈيۆسى ھايات چاغدا ئۇ خېلىلا ھۆسنى بار چوكان ئىدى، كۈيۆسى ئۇنى بەك ياخشى كۆرەتتى. ئۇ سوتنىڭ كاتىپى بولسىمۇ، ئايالىغا ھەرگىزمۇ ئازار بەرمەيتتى. ئايالى يېرىم كېچىدە بىر نەرسە لازىم دېسىمۇ، ئېغىر ئالماي ئەكېلىپ بېرەتتى. مانا ھازىر ئۇنىڭ ئالەمدىن ئۆتكىنىگە توپتوغرا بەش يىل بولدى. بۇ بەش يىل ئىچىدە رازىيەنىڭ تارتمىغان ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرى قالمىدى، مىڭبىر مۇشەققەتتە ياشاپ كەلدى.

شۇ كۈنلەردە سېرىق رومال ئارتقان بىلەن، كۆڭلىدە تازا خاتىرجەم بولالمايتتى: «قوشنىلار كۆرۈپ قالارمىكىن»، كىشىلەر «قاراڭلار، تۇل خوتۇنمۇ سەتەڭلىشىپ كېتىپتۇغۇ» دەپ گەپ ـ سۆز قىلارمىكىن دەپ ئەنسىرەيتتى. ئۇرۇشقا شىلتىلگەن قولنى تۇتۇۋالغىلى بولىدۇ، خەقنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋالغىلى بولمايدۇ ـ دە.

ئۇ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغاندا نىياز كىرىپ كەلدى. ئۇ باشقىچە كىيىنگەنىدى. ئاق خەسە كۆڭلەكنىڭ ياقىسى ئاستىدىن سارغۇچ مايكا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. پاتلانغان ئاق شالۋۇرى تۈپتۈز قىرلىق ئىدى. بېشىغا بىرنېمە كىيمىگەن بولۇپ، بىر قاراشتىلا ئۇنىڭ چاچلىرىنىڭ خېلى ھۈنەر ئىشلىتىلىپ بۆلۈنگەنلىكى ۋە پۇراقلىق چاچ مايدا مايلانغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئوڭ قولىنىڭ بېغىشىدا لەيلىگۈل چەمبىرىكى بار بولۇپ، ئۇ بىر

قۇلىقىغا ئەتىرگە چىلانغان پاختىدىن ئازراق تىقىۋالغانىدى.
نىيازنىڭ ئولتۇرۇشى بىلەنلا پۈتۈن ئۆي ئەتىر پۇراپ كەتتى.
ئۇنىڭ كەيپى چاغ ئىدى. ئۇ رازىيەنىڭ سىرىق رومال ئارتىۋال-
غانلىقىنى كۆرۈپ:

— پاھ، بۈگۈن تونۇغىلى بولمايدىغان بولۇپ كېتىپسىزغۇ، —
دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئاكا، — دەپ گەپ قاتتى بىر چەتتە ئولتۇرغان سۇلتانە، —
مەن تېخى بايىلا ئۆزۈڭنى نېمانچە مۇنداق چۈشكۈن تۇتىسەن،
نېمىشقا بۇ نەس باسقان ئاق رومالنى بېشىڭدىن چۈشۈرمەيسەن،
دەپ تۇرۇۋىدىم.

نىياز بۇرۇلۇپ سۇلتانەگە قارىدى. ئۇنىڭ كىيگەن ئاپپاق
كىيىمى بەك ياراشقانىدى. قىزىلگۈلدەك كالپۇكلىرى سەل
ئېچىلىپ، كۆزلىرىدىن ياشلىق باھارىنىڭ نۇرلىرى چېچىلىپ
تۇراتتى.

— شۇنداق ئەمەسمۇ، سۇلتانە، ئانىڭىزغا بۇ رومال بەكمۇ
يارىشىپتۇ.

— ھە، ئىككىڭلار بىللە مېنى ئەخمەق قىلغىلى
تۇردۇڭلارمۇ؟ — دېدى رازىيە ئوڭايسىزلىنىپ.

سۇلتانە قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. نىيازغا ئۇنىڭ كۈلكىسى
بەكمۇ تاتلىق بىلىندى.

— سۇلتانە، — دېدى ئۇ خۇشامەتگويلۇق بىلەن، — بۇندىن
كېيىن ئانىڭىزغا ھەر كۈنى چىرايلىق رومال ئارتىپ قويسىڭىز
نېمىدېگەن ياخشى، ھەنىۋا كىشى ماختايدۇ دەڭە.

نىياز باشقىلار ئوغرىلاپ كەلگەن ئون ئالتە بالۇننى تېخى
ھېلىلا سېتىپ، بىرنەچچە يۈز رۇپىيە پايدا ئالغانىدى. ئۇ ئانۇنى
چاقىرىپ مەردلىك بىلەن يانچۇقىدىن بەش رۇپىيەلىك تىيزىدىن
بىرنى ئېلىپ:

— چاپسان بېرىپ ماۋۇ پۇلغا بىر كىلو تاتلىق يېمەكلىك
ئەكەل، — دېدى.

ئۇ رازىيەنىڭ ئۈنىمىغىنىغا قارىماي، ئانىنى زورلاپ ئەۋەتتى.

بىر دەمدىن كېيىن ئانا تاتلىق يېمەكلىك ئەكەلدى. نىياز بىر پارچىنى ئېلىپ زورلاپ يۇرۇپ رازىيەنىڭ ئاغزىغا سېلىپ قويدى. ھەممەيلەن خۇشال كۈلكە - پاراڭلار بىلەن يەپ ئولتۇ - رۇشتى. دەل شۇ چاغدا نۇشامۇ ئۇلگۇرۇپ كېلىپ قالدى - دە، ئۇلارنىڭ كۈلكە - پاراڭلىرى تېخىمۇ قىزىپ كەتتى.

بۇ قىزغىن كەيپىيات تاكى يېرىم كېچىگىچە داۋاملاشتى. ئاخىرىدا نۇشا بىلەن ئانا ئۇخلاشقا چىقىپ كەتتى. بىر دەمدىن كېيىن سۇلتانەمۇ ئەسنەشكە باشلاپ، ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭماقچى بولۇۋىدى، نىياز ئۇنىڭغا بىر قاراپ قويۇپ: «بىر دەم ئولتۇرۇڭ» دېگەندەك قىلدى. بىراق، سۇلتانە يەنىلا ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. نىياز سۇلتانەنىڭ قايتا چىقىشىنى ئارزۇ قىلىپ پات - پات قايرىلىپ ئىچكىرىكى ئۆيگە قاراپ قوياتتى، ئەمما ئۇ ئۇيقۇغا كەتكەنىدى.

نىياز بىر نەرسىدىن مەھرۇم بولغاندەك بىردەم ئولتۇردى - دە، ئاندىن: «بوپتۇ، بۈگۈن سۇلتانەنىڭ توي ئىشى توغرۇلۇق سۆزلىشىپ كۆرەي» دەپ ئويلىدى. ئۇ ئالدى بىلەن تۇرمۇشتىكى قىيىنچىلىقلىرى توغرۇلۇق قاقشىغىلى تۇردى. ئاشخانىنىڭ تاماقلىرىنىڭ قانداق بېزەپلىكىدىن تارتىپ تاكى ئۆيدە قانداق يالغۇزلۇق تارتىۋاتقانلىقىغىچە سۆزلەپ ئۆتتى. رازىيە ئۈندىمەي ئاڭلاپ ئولتۇردى. نىيازنىڭ سۆزى تۈگىگەندە، ئاندىن ئۇ ھېسداشلىق بىلدۈرۈپ:

— مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپ، سىز بېشىڭىزنى ئوڭلىۋېلىڭ، بولمىسا، بۇ جاپادىن قانداقمۇ قۇتۇلالايسىز! — دېدى.

نىيازنىڭ كۆتكىنى مۇشۇ گەپ ئىدى.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىغانىدىم، ئەمما بۇ ئىشىمغا كىممۇ مېڭىشىپ بېرىدۇ دەڭە. پەقەت مۇشۇ ئۆيگىلا پات - پات كېلىپ - كېتىپ تۇرىمەن.

— بىرەر لايىق كۆرگەن يېرىڭىز بارمۇ؟

نىياز گەپنى ئېنىقراق ئېيتاي دەپ بولۇپ، يەنە ئىككىلىنىپ قالدى ـ دە:

— بۇنى ئەمدى سىز ئويلاپ كۆرسىڭىز بولىدۇ، — دەپلا قويدى.

رازىيە بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى قىياس قىلغاندەك بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ:

— ۋىيەي، مەن نىمە دېيەلەيتتىم، سۇلتانە چوڭراق بولغان بولسا، راستلا ئۇنى سىزگە قوشۇپ قوياتتىم، — دېدى.

نىياز مەيدىسىگە بىر مۇشت تەگكەندەك بولۇپ كەتتى ـ دە، سەل ئوڭايسىزلىنىپ قېلىپ:

— سىزنىڭچە، مەن قانچىگە كىرگەندىمەن؟ — دېدى.

— تاڭەي، مېنىڭچە، سۇلتانە سىزنىڭ يېشىڭىزنىڭ يېرىمىغا تەڭ كېلىدۇغۇ دەيمەن.

نىياز بۇ گەپكە ھەرگىز قوشۇلالمايتتى.

— سىز چاقچاق قىلىۋاتىسىزغۇ دەيمەن، پەرقىمىز قانداقمۇ مۇنچىۋالا چوڭ بولسۇن! — دېدى ئۇ زورمۇزور كۈلۈپ تۇرۇپ.

— كۆڭلىڭىزگە ئالمىسىڭىز ئاۋۋال مېنىڭ بىر ئېغىز گېپىمنى ئاڭلاپ بېقىڭ.

— قېنى ئېيتىڭ.

— گەپنىڭ راستىنى قىلساق، ياشقا كەلسەك، مەن سىزدىن ئىككى ـ ئۈچ ياش كىچىكقۇ دەيمەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇ قاتتىق چۆچۈپ كېتىپ، بىئىختىيار «ھە» دەپ قالدى. رازىيە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— سىزنىڭچە، مەن قانچىگە كىرگەندىمەن، ئوتتۇزدىن ئاشمىغاندىمەن؟ — ئۇ ئىككى ـ ئۈچ ياشنى ئەتەي يوشۇردى.

نىياز بۇ قېتىم ئەمدى ئۇنىڭغا ئوبدان زەن قويۇپ قاراشقا باشلىدى. ئۇ ھەقىقەتەن تېخى ياش ئىدى، قاپقارا قويۇق چاچلىرى چىرايلىق تارالغانىدى. چىرايى كىشىنى مەپتۇن قىلارلىق بولمىسىمۇ، ھەرھالدا ئانچە يامان ئەمەس ئىدى. بەدىنى سېمىز ـ رەك، بولۇپمۇ ساغرىسى يوغىنىراقتەك قىلاتتى. لېكىن، پۈتۈن

بەدىنى ھەرھالدا كېلىشكەن بولۇپ، يېقىملىق كۆرۈنەتتى. نىياز مۇشۇ كۇنگە كەلگۈچە ئۇنىڭغا مۇشۇنداق زەن قويۇپ قاراپ باقمىغانىدى. ئادەتتە ئۇ رازىيەنى پەقەت سۇلتانەنىڭ ئانىسى سۈپىتىدىلا كۆرەتتى، ھازىر بولسا ئۇنىڭغا بىر ئايال سۈپىتىدە سەپسېلىپ قارىماقتا.

رازىيە نىيازنىڭ مۇنداق بېشىدىن - ئايىغىغىچە سىنچىلاپ قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ سەل ئوڭايسىزلىنىپ، رومىلىنى بېشىغا ئوبدانراق ئارتىۋالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ نىيازنىڭ قېشىدىمۇ ئىزا تارتىدىغانلىقىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلدى. مۇنداق ھېسسىيات ئۇنى قورقۇتۇپ قويدى، شۇنداقلا ئۇنىڭدا ئەسلەش تۇيغۇسى پەيدا قىلدى. بۇ تۇيغۇ ئۇنىڭغا مەلۇملۇق ئىدى، پەقەت بۇ تۇيغۇ تەمىدىن بەھرىمەن بولمىغىنىغا ئۇزاق بولغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تەرلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ سەل ئولتۇرال-ماي قالدى. ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش مەقسىتىدە دەرھال سىپارى قۇتىسىنى ئېلىپ، نىيازغا سىپارى تۇتتى:

— نېمىنى ئويلاۋاتىسىز، قېنى سىپارىغا بېقىڭ.

نىياز سىپارىنى ئېلىشقا قولىنى ئۇزارتىۋىدى، ئىككىيلەننىڭ قوللىرى بىر - بىرىگە تېگىپ كەتتى - دە، رازىيەنىڭ قولى تىترەپ كېتىپ، سىپارى قولىدىن چۈشۈپ كەتتى...

ئىككىيلەن بىر - بىرىگە قاراشقان پېتى گەپ - سۆز قىلىشماي بىرنەچچە مىنۇت ئولتۇرۇشتى. ئاي تېخىمۇ يورۇپ كەتتى، غۇر - غۇر قىلىپ كەچكى لەرزان شامال چىقىپ تۇراتتى. نىيازنىڭ بېغىشىدىكى گۈلچەمبىرەك كىشىنىڭ قەلبىـ-نى يايراتقۇدەك خۇشبوي پۇراق چېچىپ تۇراتتى. ئۇشتۇمتۇت ئىچكىرىكى ئۆينىڭ قارا چىرىغى «پاراس» قىلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن رازىيە ئورنىدىن تۇرۇپ قاپقاراڭغۇ ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

ئۇ ئۆيگە كىرىپ كېتىپ خېلى ۋاقىتقىچە چىقمىدى، نىياز كۈتۈپ ئولتۇرىۋېرىپ بىرئاز تەقەززا بولدى. نىياز يالغۇز ئولتۇ-رۇپ: «بۇ قانداق ئىش بولدى، ئەمدى نېمە قىلىش كېرەك، بۇ

يەردىن ئاستاغىنا كىتمەنمۇ» دەپ ئويلىدى. ئەنە شۇنداق سوئاللار ئىچىدە نىمە قىلىشىنى بىلەلمەي ئولتۇراتتى. شۇ ئەسنادا رازىيە ئۆيدىن چىقتى. نىياز قايرىلىپ قاراپ قويدى. ئۇ قەدەملىرىنى يېنىك ئېلىپ نىيازنىڭ قېشىغا كەلدى. نىياز ئۇنىڭ كېلىشكەن فىگۇرىسىغا كۆز ئۇزمەي قاراپ كەتتى. رازىيە ئۇنىڭدىن يىراقراق ئولتۇرۇۋىدى، نىياز ئىختىيارسىز هالدا:

— كېلىڭ، يېقىنراق كېلىپ ئولتۇرۇڭ، — دېدى.

ئۇ سەل سۈرۈلۈپ يېقىنراق ئولتۇردى، لېكىن بېشىنى كۆتۈرۈپ نىيازغا قاراشقا پېتىنالمىدى. سۈتتەك ئايدىڭدا ئىككىيلەن لام ـ جىم دېيىشمەي ئولتۇرۇشتى. نىياز بېغىشىدىكى گۈلچەمبىرەكنى چىقىرىپ، بارماقلىرى بىلەن سىلاپ ئولتۇرۇپ، نىمە دېيىشنى لازىملىقىنى ئويلايتتى.

بىردەمدىن كېيىن رازىيە ئېغىز ئاچتى:

— ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قالدى، — ئۇنىڭ ئاۋازى سەل تىترەپ چىقتى.

— سائەت ئون بىر بولدىغۇ دەيمەن.

يەنە جىمجىتلىق هۆكۈم سۈردى. بۇ جىمجىتلىق كىشىنى هاياجانغا سالاتتى. ئاخىر نىياز تاقەت قىلالمىدى. ئۇ بىر كىرىدىلىپ بەللىرىنى تۈزلەپ بولۇپ، يەنە رازىيەگە بىر قاراپ قويدى ـ دە، ئاندىن:

— يەنىمۇ يېقىنراق كېلىپ ئولتۇرۇڭ، — دېدى ئاستاغىنا ۋە شۇنداق دەپ بولۇپ ئۆزى يېقىنراق سۈرۈلدى. رازىيە بىرئاز خىجىل بولۇپ، جايىدىن قىمىرلىماي ئولتۇرىۋەردى.

— ئۇنداق ئەمەس، مۇنداق، — دېدى نىياز ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ.

سۇلتانە بىلەن ئۇنىڭ ئىككى ئىنىسى قاراڭغۇ ئۆيدە تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى.

نىياز تاڭ سەهەردە ئاندىن نۇشالارنىڭ ئۆيىدىن كەتتى. پەقەت يەردە چېچىلىپ ياتقان گۈل بەرگىلىرىدىنلا كىچىچە نىمە ئىش

بولغانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى.

نىياز پات ـ پات نۇشالارنىڭ ئۆيىگە ئاخشىمى كېلىپ، تاكى يېرىم كېچىگىچە تاغدىن ـ باغدىن پاراڭ سېلىپ ئولتۇرۇپ، ئاندىن سەھەر تۇرۇپ غىپپىدە چىقىپ كېتىدىغان بولدى. لېكىن، سۇلتانە يەنىلا ئۇنىڭ قەلبىدە مۇھىم ئورۇن تۇتاتتى. رازىيە بىلەن سۇلتانە بىللە ئولتۇرغان چاغدا، نىياز هامان ئاندىن قىزى چىرايلىق ئىكەنلىكىنى هېس قىلاتتى.

نىياز پۇرسەتلا تاپسا هىجىيىپ سۇلتانەگە گەپ ـ سۆز قىلاتتى. لېكىن، ئانىسى قىزىنى بەك چىڭ تۇتاتتى. ئۇنى هەرگىز ئۆيدە يالغۇز قالدۇرمايتتى. سەل سىزىقىدىن چىقاي دېسە تىللاپ تويدۇرۇپ قوياتتى. نىياز كەلگەندە سۇلتانە كىرىپ بىردەم ـ يېرىمدەم بىللە ئولتۇرۇشنى ئەسلا خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى.

بىر كۈنى نىياز كەلدى. سۇلتانە ئانىسى بىلەن تېخى هېلىلا بىر تۇغقىنىنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ كېلىپ تۇراتتى. كىيگەن يىپەك كىيىمى ئۇنى بۆلەكچىلا ساهىبجامال قىلىۋەتكەنىدى. نىياز ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي سۇلتانەگە قاراۋەردى. سۇلتانەمۇ ئۆزىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى تامامەن هېس قىلدى. ئانىسى چىقىپ كىيىمىنى يەڭگۈشلىۋېلىشنى قايتا ـ قايتا ئېيتسىمۇ، ئۇ چىقماي ئانىسىغا چاپلىشىپ ئولتۇرۇۋالدى.

نىياز بېشىنى كۆتۈرۈپ سۇلتانەگە قارىۋىدى، سۇلتانەنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ سەبىي بالىلاردەك كۈلدى، نىيازمۇ كۈلدى. رازىيە بېشىنى تۆۋەن قىلىپ سىپارى يۆگەۋاتاتتى، ئۇشتۇمتۇت بېشىنى كۆتۈرۈپلا سۇلتانەنىڭ كۈلۈۋاتقانلىقىغا كۆزى چۈشۈپ قالدى ـ دە، سەپراسى قىرىق گەز ئۆرلەپ ئۇنىڭغا ئالايدى:

— ماڭە، ئۆيگە كىر، ئارقامدىن قالمايلا يۈرىدىكەنسەن.

— ئۈيقۇم كەلمىدى، — دېدى سۇلتانە خاپا بولۇپ.

ئانىسىنىڭ تازا ئاچچىقى كەلدى:

— كىرەمسەن، كىرمەمسەن؟ — ئۇ شۇنداق دەپلا كاپ قىلىپ، سۇلتانەنىڭ قولىدىن تۇتۇپ تارتىپ ئىچكىرىكى ئۆيگە ئەكىرىپ كەتتى. ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ يۈزىنى قاتتىق بىر چىمدىۋېلىپ ئاندىن:

— ھۇ ھارىمى، سېنىڭ ئەسكى قىلىقلىرىڭنى مەن بىلىمەن، — دەپ پەس ئاۋازدا كايىدى.

رازىيەنىڭ قىلمىشى ئۇنىڭ كۆڭلەۋاتقانلىقىنى بەكمۇ ئوچۇق كۆرسىتەتتى. بۇنى سۇلتانە سەزمەيتتى، ئەلۋەتتە. لېكىن، بۇ ئىش نىيازنىڭ نەزىرىنىڭ سىرتىدا قالمىدى.

ئىككىنچى كۈنى نىياز سۇلتانەنىڭ ئاغلىق ھالدا ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. پەقەت ئاندا ـ ساندا ئىچكىرىكى ئۆيدىن سۇلتانەنىڭ ئاۋازى چىقىپ قالاتتى. نىياز رازىيە بىلەن گەپلىشىپ ئولتۇرغاندا، بىرنەچچە قېتىم سۇلتانەنى تىلغا ئېلىۋىدى، لېكىن رازىيە سۆزنى باشقا ياققا بۇراپ، ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋەتتى. نىياز چۈشىنەلمەي بىر ئاز گاڭگىراپ قالدى. شۇنداق قىلىپ، بىرقانچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى.

بىر كۈنى نىياز قائىدىنى بۇزۇپ نۇشالارنىڭ ئۆيىگە كۈندۈزى كەلدى. بۇ كۈنى رازىيەنىڭ بىر ئاز تاۋى يوق ئىدى. سائەت ئون ـ ئون بىرلەردە ئۇ ئانۇنىڭ ھەمراھلىقىدا دوختۇرخانىغا كەتكەن، نۇشامۇ زاۋۇتقا كەتكەن. ئۆيدە سۇلتانە يالغۇزلا قالغانىدى. نىياز ئۆيدە رازىيەنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ، ئۇدۇل سۇلتانەنىڭ ئالدىغا كەلدى. سۇلتانە نىيازنىڭ ئۆز ئالدىدىلا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ بىر ئاز ھودۇقۇپ قالدى.

— نېمانداق ئۆزىڭىزنى قاچۇرۇپ كۈنبويى ئۆيدىن چىقمايدىغان بولۇپ قالدىڭىز؟ — دەپ سورىدى نىياز.

ئۇ ناھايىتى ئېنىق جاۋاب بەردى:

— ئانام سىزنىڭ قېشىڭىزغا كېلىشىمگە رۇخسەت قىلمايدۇ.

— نېمىشقا؟ — ئالدىراپ سورىدى نىياز.

ئۇ ناھايىتى قىسقا جاۋاب بەردى:

— نامەھرەم بولىدۇ، دەيدۇ.
نىياز ئۆزىنىڭ غەزىپىنى ئاران ـ ئاران بېسىپ، ئۇندىمەي تۇرۇپ كەتتى. بىرپەستىن كېيىن سۇلتانەگە چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن قاراپ كېتىپ، ئاندىن:
— سۇلتانە! — دېدى ئۇ.
— ھە! — دەپ ئاستا جاۋاب بەردى سۇلتانە.
ئوتتۇرىدا يەنە سۈكۈت داۋاملاشتى.
— قايتىپ كەتسىڭىز بولارمىكىن، ئانامنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى. ئانام كۆرۈپ قالسا مېنى كەچۈرمەيدۇ، — دېدى سۇلتانە خاتىرجەمسىزلىنىپ.
نىيازمۇ مۇشۇ پەيتتە بۇ يەردە تۇرۇشىنىڭ ھەقىقەتەن مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ دەرھال چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ قەلبىدە سۇلتانەنىڭ ئانىسىغا بولغان غەزەپ ئوتى لاۋۇلداپ ياندى، شۇنىڭ بىلەن بىللە سۇلتانەنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىش ئارزۇسى تېخىمۇ كۈچەيدى. ئۇ پىكرى چىگىچلەشكەن ھالدا دۇكانغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.
يولدا ئۇ قارى ئەپەندى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.
— نىياز ئەپەندى، بىرەر كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچرىدىڭىزمۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى ئۇ.
نىياز ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋەتمەكچى بولۇۋىدى، لېكىن قارى ئەپەندى چىڭ ئېسىلىۋالدى:
— مەن دەيمەن، يەنىلا ئۆمۈر سۇغۇرتىسىغا قاتناشقىنىڭىز تۈزۈك، شۇنداق قىلسىڭىز غەم ـ غۇسسىدىن خالاس بولىسىز.
— قارى ئەپەندى، — دېدى تازا ئاچچىقى كېلىپ تۇرغان نىياز توڭلۇق بىلەن، — سىز ۋاقىت ۋە ئورۇنغىمۇ قارىماي، كىشىنى ئۆمۈر سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىشقا دەۋەت قىلىشنىلا بىلىدىكەنسىز. ئۆمۈر سۇغۇرتىسى دېگەن گەپنى ئاغزىڭىزدىن چۈشۈرمەيدىكەنسىز، — دېدى.
قارى ئەپەندى كۈلۈپ كەتتى. ئۇ ھەرگىز خاپا بولمايتتى.

ئۇنداق بولمىسا، سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ بۇ ۋاكالەتچىسى مۇنداق مۇۋەپپەقىيەت قازانمىغان بولاتتى.

— ئېيتىڭا، نېمە بولدىڭىز، نېمانچە خاپا بولۇپ كېتىسىز؟ يۇرۇڭ، سىزگە چاي قۇيۇپ بېرەي، — دېدى قارى ئەپەندى مۇلايىملىق بىلەن. لېكىن، نىياز ئۇنىڭ بىللە مېڭىشقا ئۇنىمىدى.

— بوپتۇ، ئۆمۈر سۇغۇرتىسىغا قاتناشمىسىڭىزمۇ مەيلى، بىرەر پىيالىدىن چاي ئىچىشسەككۇ بولار! يۇرۇڭ مەن بىلەن، — دېدى قارى ئەپەندى بىزەڭلىك قىلىپ.

ئۇ نىيازنى زورلاپ يۇرۇپ بىر چايخانىغا ئەكىردى. چاي كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئېچىلىپ - يېيىلىپ پو ئاتقىلى تۇردى. ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرى ئۆز كەسپىدىن نېرى بارمايتتى. ئۇ ئۇياقتىن - بۇياقتىن سۆزلەپ، يەنە خەۋپسىزلەندۈرۈشكە كېلىپ توختىدى.

— ھاياتنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش دېگەن چوڭ ئىش، — دېدى ئۇ، — بۇ كاپالەت پەقەت ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ئارقىلىقلا بولىدۇ. سىز ئاۋۋال ئىككى مىڭ رۇپىيەلىك سۇغۇرتا تالونىنى تولدۇرۇپ كۆرۈپ بېقىڭ، كەلگۈسىدە بۇنىڭ پايدىسىنى جەزمەن ئېتىراپ قىلىسىز.

نىياز ئۆمۈر سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىش ئىشىنى ئەزەلدىن ئەستايىدىل ئويلاپ كۆرمىگەنىدى، ھازىرمۇ ئۇنىڭدا مۇنداق خىيال يوق ئىدى. ئۇ قارى ئەپەندىنى بىرئاز ئەخمەق قىلىشنى ئويلىدى:

— مەن سۇغۇرتا - پۇغۇرتا دېگەن نېمىگە قىزىقمايمەن. مەن سىزدىن مۇنداق بىر ئىشنى سوراپ باقاي، بىر يىل ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە قىرىق - ئەللىك مىڭ رۇپىيەنى قولغا كىرگۈزگىلى بولىدىغان بىرەر چارە بارمۇ، يوق؟

— پەقەت بىرلا چارە بار: سوغۇرتىغا قاتنىشىش. سىز بالىڭىز ياكى ئايالىڭىزنى سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇڭ . قازارا بىر يىل

ئىچىدە ئۆلۈپ كەتسە، سۇغۇرتا شىركىتى سىزگە ئەللىك مىڭ رۇپىيە ئەمەس، يۈز مىڭ رۇپىيەمۇ بېرىدۇ!

نىياز ئويغا پاتتى. قارى ئەپەندى ئۇنى ئۆزىنىڭ بۇ گېپىگە نارازى بولدى دەپ ئويلاپ:

— ھەي بۇرادەر، — دېدى بىرئاز ئەپۇ سورىغاندەك تەلەپپۇزدا، — كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى سودىگىرى دېگەنمۇ دوختۇرلارغا ئوخشاش، ئۆلۈش - تىرىلىش دېگەن گەپلەرنى قىلىۋېرىدۇ !

— ئۇنى ئويلاۋاتقىنىم يوق، — دېدى نىياز، — مەن ھەقىقەتەن باش ئاغرىتىدىغان بىر ئىشقا دۈچ كېلىۋاتىمەن. ئۇ مۇنداق بىر ئىش ...

نىياز گېپىنىڭ ئايىغىنى چىقارغۇچە قارى ئەپەندى قوشۇق سالدى:

— سىزنىڭ دەردىڭىزنى مەن بىلىمەن.

نىياز ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ، چايدىن بىر ئوتلاپ، «بۇ قارى ئەپەندىمۇ قىزىق ئادەم ئىكەن، مېنىڭ دەردىمنى ئۇ قانداق بىلسۇن» دەپ ئويلاپ قالدى. قارى ئەپەندى شۇ تاپتا ھەقىقەتەن سودىلىششىنىڭ كويىغا چۈشكەنىدى. ئۇ گويا بىرەر نەرسىنىڭ تۇزاقىقا چۈشكەنلىكىنى كۆرگەندەك بولدى - دە، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ئۇنى مىدىرلاتماي بوغۇۋالماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ناھايىتى روھلانغان ھالدا:

— نىياز ئەپەندى، گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ، كېيىن بولىدىغان ئىشلارنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ھايات دېگەن زادى قانداق نەرسە؟ — دېدى. نىيازنىڭ دەردى قارى ئەپەندىگە راستلا ئايدىڭ ئەمەس ئىدى، شۇڭا سۆزنىڭ ئايىغىنى قانداق چۈشۈرۈشنىمۇ بىلەلمىدى. بىرئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، شىرەدىن بىر چىنىتەخسىنى قولىغا ئېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— مەسىلەن، ئالايلۇق، تۇرمۇش دېگەن مۇشۇ تەخسىگە ئوخشاش نەرسە، بۇ تەخسىنى قولىڭىزغا ئالسىڭىز سۇنۇپ

كېتەرمىكىن دەپ ئەنسىرەيسىز. لېكىن، ئۇنى خەۋپسىزلەندۈر-سىڭىز، مۇنداق ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ. ئۇنىڭ قىممە-تى ئۆز يانچۇقىڭىزدا ساقلىنىدۇ. سىز تەخسىنى مۇنداقلا تاشلىۋەتسىڭىز بولىۋېرىدۇ.

قارى ئەپەندى تەخسىنى راستلا تاشلىۋەتتى. تەخسە يەرگە چۈشۈپ پاچاق-پاچاق بولۇپ كەتتى. تەخسىنىڭ سۇنغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قارى ئەپەندىمۇ چۆچۈپ كەتتى. چايخانىدىكىلەر «بۇنىڭ نېمە قىلغىنىدۇ» دەپ پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

بىر تاڭجاڭ ئالدىراپ يۈگۈرۈپ كەلدى:

— ئەپەندىم، نېمىشقا تەخسىنى سۇندۇرۇۋېتىسىز؟

قارى ئەپەندى بەك ئوڭايسىزلىنىپ خىجالەتچىلىكتە كۈلۈپ قويدى، نىيازمۇ كۈلۈپ كەتتى.

— ئەپەندىم، كۈلگەننىڭ پايدىسى يوق، ئىككى رۇپىيە تۆلەيسىز، — دېدى تاڭجاڭ.

ئىككى رۇپىيە تۆلەش بىلەن قارى ئەپەندىنىڭ ئابايىقى كۆرەڭلىكىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى.

— نىياز ئەپەندى، كېلەر قېتىم نەدە كۆرۈشىمىز؟ — دېدى ئۇ پەيزى ئۇچقان ھالدا.

ئەگەر قارى ئەپەندى بۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇنىڭدىن مۇشۇنداق گەپ سورايدىغان بولسا، ئۇ خاپا بولۇپ: «دوزاختا !» دەپ جاۋاب بەرگەن بولاتتى. لېكىن، ھازىر ئۇ راستلا ئۇمۇر سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىشنى ئويلاپ كۆرۈۋاتاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ:

— ئۆگۈنلۈككە چۈشتىن كېيىن كېلىڭ، مېنىڭ ۋاقتىم بار، تەپسىلىي سۆزلىشەيلى، — دېدى.

نىياز دۇكىنىغا قايتقاندىن كېيىن، قارى ئەپەندىنىڭ سۆزىنىڭ تېگىگە يېتىش ئۈچۈن قايتا-قايتا ئويلاپ كەتتى. ئۇ ئاشۇنداق، تۇغۇلغاندىن تارتىپلا پۇلنىڭ كويىدىلا يۈرىدىغان، شۇنداقلا پۇلنىڭ دەستىدىن نەپىسى بۇغۇلۇپ، ئاخىر بىر كۈن

ئاستاغىنا ئاخىرەتكە سەپەر قىلىدىغان ئادەملەر تىپىغا كىرەتتى.
«ئەگەر ئۆمۈر سۈغۇرتىسى ئارقىلىق بىر - ئىككى يىل ئىچىدە ئەللىك مىڭ رۇپىيەگە ئىگە بولالايدىغان ئىش بولسا، ئۇ ياخشى گەپ ئىكەن، بىراق ئالدى بىلەن بىرەر خوتۇننىڭ يولىنى قىلىش كېرەك - دە!» دەپ ئويلىدى نىياز. ئويلا - ئويلا ئاخىر ئۇنىڭ كاللىسىغا بىر پىكىر كەلدى. ئۇ شۇ كۈنى نۇشالارنىڭ ئۆيىگە كەچ كىرىشنى ساقلىمايلا كەلدى.
سۇلتانە ئىچكىرىكى ئۆيدە ئىدى. ئارىلاپ - ئارىلاپ ئۇنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالاتتى. نىيازنىڭ ئىچى سىقىلىپ كەتتى. نۇشانىڭ ئانىسىنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭغا پەقەت ياقمىدى. شۇ تاپتا رازىيە نىيازنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ قىزىق پاراڭ سېلىۋاتاتتى.
كېچە بىرىنچى جىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ، ئۆي جىمجىتلىققا چۆمگەندى. پەقەت نىياز بىلەن رازىيە ئىككىسىلا ئولتۇراتتى.
— قاچانغىچە مۇشۇنداق ئوغرىلىقچە كېلىپ - كېتىپ تۇردىغان گەپ، مەن ھازىر سىزدىن بىر دەقىقىمۇ ئايرىلالمايدىغان بولۇپ قالدىم، — دېدى نىياز.
— ئۇنداق بولسا، كۈندە بىرنەچچە قېتىم كېلىڭ! — دېدى رازىيە كۈلۈپ.
— مېنىڭچە، قايسىبىر كۈنى نىكاھ ئوقۇتۇپ تويىمىزنى قىلىۋەتكىنىمىز تۈزۈك، شۇنداق قىلساق، ئاللا ۋە مۇھەممەت ئەلەيھىسسالاممۇ رازى بولىدۇ. باشقىلارنىڭ گەپ تېپىشىدىنمۇ ئەنسىرەپ يۈرۈش بىھاجەت بولىدۇ، — دېدى نىياز.
رازىيەدىمۇ شۇنداق ئارزۇ بار ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ قارىشىچە، ھازىر تېخى پەيتى ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئۇ نىيازدىن ئېھتىيات قىلاتتى، ئۇنىڭ ئۈمىدى ئاۋۋال سۇلتانەنى ياتلىق قىلىۋېتىش ئىدى. شۇڭا، ئۇ نىيازنىڭ گېپىنى ئۇستىلىق بىلەن ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋەتتى.

## 2

چۈشتىن كېيىن ئاپتاپ ئادەمنىڭ سايىسىنى ئۇزۇن سوزۇپ كۆرسىتەتتى. نەدىندۇر روھى چۈشكۈن هالدا كېلىۋاتقان سۇلايمان يولدا ئانۇ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئانۇنىڭ ئۆيى شۇ ئەتراپتا ئىدى، ئانۇ ئۇنى ئىشىك ئالدىغا باشلاپ كەلدى، رازىيە چىقىپ ئۇنى ئۆيگە باشلىدى.

سۇلايماننىڭ مۇشۇ كۈنلەردە بەك ئىچى پۇشۇپ يۈرەتتى، مەكتەپ يازلىق تەتىلگە قويۇپ بەرگەن بولۇپ، ئۇ ئۆيگە قايتمىغانىدى. دادىسى بۇ ئىشقا خاپا بولۇپ، ئاچچىقىدا پۇل ئەۋەتىشنى توختىتىپ قويغانىدى. بۇرۇن ئۇنىڭ خىراجىتى ئۈچۈن ئايمۇئاي ئۆيىدىن پۇل كېلىپ تۇراتتى. ئەمدى پۇل بولمىغاچقا، ئۇ دائىم ئاچ - توق قالاتتى، ئۇنىڭ سالامەتلىكىمۇ ناچارلىشىپ كەتتى. چىرايى سارغىيىپ كېسەلمەن ئادەمدىن ئانچە پەرقى قالمىدى.

رازىيە ئۇنىڭ بۇ تۇرقىنى كۆرۈپ هەيران بولدى:

— كېسەل بولۇپ قالدىڭىزمۇ نېمە؟

— هەئە، زۇكام بولۇپ قالدىم، — سۇلايمان يالغان سۆزلەپ قويدى.

— ئاشۇ كۈندىن كېيىن كېلىپمۇ قويمىدىڭىز.

سۇلايمان بىردەم گەپ - سۆز قىلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن قايتماقچى بولىۋىدى، رازىيە ئۇنى تاماققا تۇتۇۋالدى. ئۇ گەپنى بىر باشلىسا تۈگىمەيتتى. ئۇ كۈنىمۇ ئۇنىڭ ئاغزى يەنە ئېچىلىپ كەتتى. مۇنچىۋالا گەپنى نەدىن تاپىدىكىن، ۋاتىلداپ ئاغزى بېسىلماي سۆزلەپ كەتتى. سۇلايمان گەپ قىلماي ئاڭلاپ ئولتۇردى. بىرنەچچە قېتىم ئىشىكتە سۇلتانەنىڭ قارىسى كۆرۈنۈپ قالدى. رازىيەنىڭ ئاغزىغا كەلگىنىچە قىلغان گەپ - سۆزلىرىدىن بىرئاز بىزار بولغان سۇلايماننىڭ قىزىقىشى سۇلتانەگە بۇرۇلدى. ئۇ نەزىرىنى بىراقلا رازىيەدىن يۆتكەپ سۇلتانەگە

قارىغىلى تۇردى.

سۇلايمان بۇ قىزنىڭ قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، ياش، ئوماق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. سۇلتانەنىڭمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى مانا مەن دەپ تۇراتتى. بۇ ئۇنى تېخىمۇ جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بىرقانچە كۈندىن بېرى ئۇ قايغۇ ـ ھەسرەت بىلەن يۈرگەنلىكىدىن، ئۆزىنىڭ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىشى، روھىنى كۆتۈرۈشى زۆرۈر ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆيىنىڭ ئىسسىق ۋە تىنچلىقىغا قارىماي، رازىيەنىڭ قىلغان غەيۋەت ـ شىكايەتلىرىنى ئاڭلاپ ئۇزاق ئولتۇردى.

كەچقۇرۇن بولاي دېگەندە رازىيە بىر ئىش بىلەن چىقىپ كېتىۋىدى، ئۆيدە يالغۇز سۇلايمان قالدى. كىچىككىنە بۇ ئۆينىڭ ھەممە يېرىدە، سۇلتانەنىڭ ۋۇجۇدىغا خاس بولغان قىزلىق ھىدى گۈپۈلدەپ دىماققا ئۇرۇلۇپ، كىشىنى مەپتۇن قىلىپ تۇراتتى. سۇلايمان جىم ئولتۇرۇپ بۇ خۇش پۇراقتىن نەپەس ئالماقتا ئىدى.

كەچكى شەپەق نۇرى ئۆگزىنىڭ پەلەمپەي كارىدورىدىن پەسكە چۈشۈپ، ئىشىك ـ دېرىزىدە توختىدى. مەھەللە جانلىنىپ، ئۆي ـ ئۆيدىن بالىلارنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلىرى ئاڭلانغىلى تۇردى. سۇلايمان بۇ ياز ئاخشىمى مۇشۇنداق شاۋقۇن ـ سۈرەندىن بىر خىل تۇرمۇش پۇرىقىنى ھېس قىلدى. شۇ شاۋقۇن ـ سۈرەنلەر ئىچىدە سۇلتانەنىڭ ئاۋازىمۇ بار ئىدى، سۇلتانەنىڭ سۆز قىلىشتىكى سۇنئىيلىكىگە قارىغاندا، ئۇمۇ بىراۋنىڭ ئۆزىگە دىققەت قىلىۋاتقانلىقىنى سەزگەندەك قىلاتتى.

بىردەمدىن كېيىن تاماق كەلتۈرۈلدى. بۈگۈنكى تاماق بەك ئوخشىغانىدى. سۇلايمان تاماقنى توختىماي ماختاپ كەتتى. چۈنكى، ئۇ ئەتىگەندىن ھازىرغىچە بىرنېمە يېمىگەچكە، بۇ تاماق بەك تېتىپ كەتكەنىدى.

رازىيە ھەدەپ سۇلايماننى تاماققا زورلاپ تۇراتتى، سۇلايمان

بۇ ئاخشامنى ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزدى.
ئۇ، كۈن ئاتلاپ يەنە كەلدى. رازىيە ئۇنى يەنىلا ئاشۇنداق قىزغىن كۈتۈۋالدى. سۆز ئارىسىدا نۇشانىڭ دادىسى تىلغا ئېلىندى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاغزى بېسىلماي سۆزلەپ كەتتى. ئەمدى قاچانغىچە سۆزلەركىنتاڭ ... شۇ ئەسنادا ئۇشتۇمتۇت بىرى كىرىپ، ئۇدۇل مەھەللىدىكى كۆچۈرگۈچىنىڭ قازا قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. رازىيەلەرنىڭ ئۇ ئائىلە بىلەن كەلدى - باردىسى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە رازىيە دوستلۇققا ئەھمىيەت بېرىدىغان ئايال ئىدى. ئۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى - دە، گەپمۇ قىلماي ئورنىدىن تۇرۇپلا چىقىپ كەتتى.
سۇلتانە تاشقىرىدا تاماق ئېتىش بىلەن ئالدىراش ئىدى. ئۆيدە سۇلايمان بىلەن نۇشا قالدى. مۇنداق ئەھۋالدا ئۇنىڭ بۇ يەردە ئۇزاق ئولتۇرۇشى مۇۋاپىق ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئۇ نۇشا بىلەن بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلىشىپ، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ قايتماقچى بولۇۋىدى، ئاڭغىچە سۇلتانە ئىشىك ئالدىدا پەيدا بولدى.
— تاماق يەپ كېتىڭ، ئانام ھايال بولماي قايتىپ كىرىدۇ، — دېدى ئۇ.
سۇلتانە ئىشىككە يۆلەنگىنىچە ئىزا تارتىپ تۇراتتى. ئىككىيلەننىڭ كۆزلىرى ئۇچراشقاندا، ئۇ يەرگە قارىۋالدى. سۇلايمان كېتىش خىيالىدىن ياندى.
بىردەمدىن كېيىن سىرتتىن ئىشىك قېقىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى، نىياز كەلگەنىدى. سۇلتانە دەسلەپتە بىرئاز ھودۇقتى - دە، ئاندىن ئۆزىنى تۇتۇۋالدى ۋە نىيازنى ئۆيگە باشلىمىغان تۇزۇك دېگەن پىكىرگە كېلىپ، نۇشانى يېنىغا چاقىردى.
— سەن چىقىپ نىياز ئاكامغا دېگىن، ئانام ئۆيدە يوق، ئۇ ئاخشاملىققا كەلسۇن، ئاڭغىچە ئاناممۇ قايتىپ كېلىدۇ، — دېدى ئۇ نۇشاغا.
نۇشانىڭ گېپىنى ئاڭلاپ نىيازنىڭ كۆڭلى بىرقىسما بولۇپ

قالدى. بىراق، بۇنىڭغا نېمە ئىلاج. ئۇ سۇلتانەدىن گۇمانلانمىدى، بەلكى ئۇنىڭ ئانىسىدىن خاپا بولدى. ئۇ: «ئانىسى سىرتقا چىقىپ كېتىش ۋاقتىدا سۇلتانەگە تاپىلىغانلىقى چوقۇم» دەپ ئويلىدى ـ دە، ئاچچىقلانغان هالدا قايتىپ كەتتى.

نۇشا سىرتقا چىقىشقا بىرەر پۇرسەت تاپالماي تۇراتتى. ئەمدى پۇرسەت كەلگەنلىكىنى بىلىپ غىپپىدە تىكىۋەتتى. ئۆيدە سۇلايمان يالغۇز قالدى. بۇنىڭ بىلەن سۇلتانە سەل قورۇنۇپ ئەنسىزلىككە چۈشتى. چۈنكى، بۇ قورۇدا سۇلتانە بىلەن ئىككىسىلا قالغان بولۇپ، ئىككىسىنى بىر تاملا ئايرىپ تۇراتتى. ئوتتۇرىدا تېخى ئىشىك بار بولۇپ، ئۇنىڭ بىر قانىتى ئوچۇق ئىدى. ئىشىكتىن غۇرۇلداپ كىرىپ تۇرغان كەچكى شامال قارا چىراغ ئوتىنى لىپىلدىتىپ تۇراتتى.

سۇلتانە ئىشىك ئالدىدىن ئۇياق ـ بۇياققا بىرنەچچە قېتىم ئۆتتى، لېكىن ئىككىيلەن گەپ ـ سۆز قىلىشمىدى. ئۆيدە هېچقانداق شەپە يوق ئىدى، پەقەت قارا چىراغلا گويا «بىر ئىش بار، بىر ئىش بار، چوقۇم بىر ئىش بار» دەۋاتقاندەك، لىپ، لىپ، لىپ قىلىپ تۇراتتى.

ئۇشتۇمتۇت جىمجىتلىق ئىچىدىن ئەينەكنىڭ يەرگە چۈشۈپ كەتكەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى. سۇلايمان هەيران بولۇپ، ئىختىيارسىز هالدا:

— نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى.

ئۆينىڭ سىرتىدىن سۇلتانەنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— هېچنېمە بولمىدى، چاشقان تاكچىدىن ئىستاكاننى چۈشۈرۈۋەتتى.

— بىر يېرىڭىز زەخملەنمىگەندۇ؟ — سۇلايماننىڭ ئاۋازىدىن غەمخورلۇق چىقىپ تۇراتتى.

سۇلتانە قاقاهلاپ كۈلۈپ كەتتى. سۇلايمان كۈلكە ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۆزىنىڭ سورىغان سوئالىنىڭ قاملاشمىغانلىقىنى سەزدى.

يەنە بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، سۇلايمان جىمجىت-لىقنى بۇزدى:
— نۇشا نەگە كەتتىكىنە؟ — دېدى ئۇ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ. لېكىن، سۇلتانە جاۋاب بەرمىگەچكە، ئۇنىڭ ئىچى بىر ئاز تىت-تىت بولدى.
بىردەمدىن كېيىن سۇلتانە ئىشىك ئالدىدا پەيدا بولۇپ:
— مەندىن سوراۋاتامسىز؟ — دېدى.
— ھەئە، سىز مېنى تامغا گەپ قىلىۋاتىدۇ دەپ قالدىڭىزمۇ نېمە؟
— ۋىيەي، — دەپ كۈلدى ئۇ كۆڭۈلگە ئالماي.
— ئەمدى مەن قايتاي، — سۇلايمان شۇنداق دەپلا ئورنىدىن تۇردى.
— ئۆيدە يالغۇز قېلىشتىن قورقمايدىغانسىز؟ — دېدى ئۇ شوخلۇق قىلىپ.
— ئازراق، — دەپ قويدى سۇلايمان.
سۇلتانە گەپ - سۆز قىلمىدى.
— بولمىسا مۇنداق قىلايلى، سىز ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرۇڭ، مەن چىقىپ تاماق ئېتەي، — دېدى سۇلايمان.
— ۋىيەي، ئۇنداق قىلساق قانداق بولىدۇ؟
— مەن تاماق ئېتەلەيمەن، مەن ئەتكەن تاماقنى يېسىڭىز چوقۇم ئۇنتۇمايسىز.
— سىز نەدە ئۆگەنگەن؟
— رەسمىي ئىمتىھاندىن ئۆتكەن دەڭە.
— تاماق ئېتىشتىنمۇ ئىمتىھان ئالامدىكەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ ھەيران بولۇپ.
ئىككىيلەننىڭ ئارىسىدا ئەنە شۇنداق سۆزلىشىش بىردەم داۋام قىلغاندىن كېيىن، سۇلتانەنىڭ خىيالىغا نېمە كەلدىكىن، يەنە ئىزا تارتقاندەك قىلىپ ئىشىك ئارقىسىغا ئۆتۈۋالدى.
— نېمىشقا يوشۇرۇنۇۋالىسىز؟ — دەپ سورىدى سۇلايمان

ئالدىراپ.

— ئانام خاپا بولىدۇ، — دېدى سۇلتانە گۆدەك بالىلاردەك بېشىنى چايقاپ.

— ئەمىسە چۇمبەل ئارتىۋېلىڭ، — دېدى سۇلايمان كۇلۇپ. ئاندىن ئۆيدىن چىقىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. سۇلتانە سۇلايماننىڭ ئۆز ئالدىدىلا تۇرغانلىقىنى كۆرۇپ، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي:

— ۋىيەي ! خۇدايىمەي ! — دەۋەتتى - دە، قولى بىلەن يۈزىنى توسۇۋالدى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقى سۇلايمانغا بەك يېقىپ كەتتى. ئۇنىڭغا سۇلتانە گويا لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتتەك، قولى تېگىپلا كەتسە كۆيدۇرۇۋېتىدىغاندەك تۇيۇلدى - دە، بەكمۇ ئېھتىيات بىلەن قولىنى ئۇنىڭ مۇرىسىگە قويدى. سۇلتانەنىڭ پۇتۈن ۋۇجۇدى لاغ - لاغ تىترەپ كەتتى، سۇلايمان دەرھال قولىنى تارتىۋالدى.

ئىككىيلەن سۇكۇت ئىچىدە بىردەم تۇرۇشتى، سۇلايمان بىر نېمىدىن ئەنسىرىدى بولغاي:

— مەن قايتاي، — دېدى. ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى. ئۇ سۇلتانەنىڭ جاۋابىنى كۇتمەيلا تېز - تېز مېڭىپ چىقىپ كەتتى، سۇلتانە نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي، تۇرغان جايىدا تۇرۇپلا قالدى.

سۇلايمان نۇشالارنىڭ ئۆيىدىن چىققاندا، ئاندىن قورسىقىنىڭ ئاچلىقتا غورۇلداۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇ بۈگۈن ئەتىگەندىن تارتىپ شۇ دەمگىچە ئاغزىغا بىرنەرسە سالمىغانىدى. يېنىدا بىر تىيىنمۇ يوق، بىرەر يەردىن ئازراق پۇلنىڭ يولىنى قىلىشتىنمۇ ئۇمىد يوق ئىدى. يېنىدا پەقەت بىرلا سائەت بار ئىدى، بىرقانچە كۇندىن بېرى شۇ سائەتنى سېتىۋېتىشنى ئويلاپ يۇرەتتى. شۇ تاپتا ئۇ نىيازنىڭ دۇكىنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى - دە، بىر ئاز ئىككىلىنىپ تۇرۇپ، دۇكانغا كىردى. دۇكاندا چىراغ يورۇپ تۇراتتى. نىياز غۇۋا چىراغ يورۇقىدا يالغۇز ئولتۇراتتى.

ئۇ سۇلايماننىڭ كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ:
— بىرەر ئىش بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.
— ماۋۇ سائەتنى ساتايمىكىن دېۋىدىم، — دېدى سۇلايمان خاتىرجەمسىزلىك بىلەن.
نىياز سائەتنى قولىغا ئېلىپ، ئۇياق - بۇياق ئۆرۈپ قاراپ چىقتى. ئاندىن قۇلىقىغا تۇتۇپ ئاڭلاپ بېقىپ، تەپسىلىي تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن:
— ئۆزىڭىزنىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.
سۇلايمان ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ ھەم ھەيران بولۇپ، ھەم خاپا بولۇپ، «ئوغرىلىغان» دەپ جاۋاب بەرگۈسى كەلدى - يۇ، لېكىن ئۇ بۇ يەرگە ئۆزىنىڭ ئۇرۇشقىلى ئەمەس، سائەت ساتقىلى كەلگەنلىكىنى ئويلاپ:
— ھەئە، ئۆزۈمنىڭ، — دەپ جاۋاب بەردى.
— ئۆزىڭىزنىڭ بولمىسىمۇ نېمە كارايىتى بار؟ — دېدى نىياز مەسخىرە قىلىپ.
— توغرا، ئۇنىڭمۇ ھېچ ۋەقەسى يوق، — دەپ بىر ئېغىز سۆز قوشۇپ قويدى سۇلايمان دەرھال.
— خاپا بولماڭ، مەن سائەتنىڭ سىزنىڭ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىمەن، — دېدى نىياز يەنىلا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.
— ئالىدىغان بولدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى سۇلايمان.
— ئالاي، ئالاي، — دېدى نىياز پەرۋاسىزلىق بىلەن، — مەن ئادەتتە مۇنداق نەرسىلەرنى ئالمايدىغان، مۇنداق مېخانىكىلىق نەرسىلەردە ئادەم ئاسان ئالدىنىپ قالىدۇ.
سۇلايمان «ھەي بۇ قۇرۇپ كەتكۇر، نېمانداق بىلجىرلاپ يۈردۇ» دەپ ئويلىدى. بىراق، كۆڭلىدە ئۇنداق ئويلىغىنى بىلەن، ئېغىزدىن چىقىرىش ئوڭاي ئەمەس ئىدى.
— سىز ماڭا پۇتۇنلەي ئىشەنسىڭىز بولىدۇ، — دېدى چىرايىنى ئۆزگەرتمەي.
نىياز ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ بىرھازا تۇرغاندىن كېيىن:

— قارىغاندا، سىز خېلى سەمىمىي ئادەمدەك قىلىسىز، — دېدى ـ دە، شوك بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ جىمىپ كەتكەنلىكى سۇلايماننى بەكمۇ ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويدى. ئۇ سائەتنى تارتىۋېلىپ، تازا تىللاپ تويدۇرۇپ قويۇپ كېتىپ قالاي دەپ تۇرغاندا، نىياز ئاخىر زۇۋان سۈردى:

— بوپتۇ، ئېيتىڭا، قانچە پۇلغا ساتماقچىسىز؟

— بۇ «ئومىگا» ماركىلىق سائەت، مەن ئۈچ يۈز يىگىرمە بەش روپىيەگە ئالغان، — دەپ جاۋاب بەردى سۇلايمان.

— ھە، سىز ئۈچ يۈز يىگىرمە بەش روپىيەگە ئالغان بولسىڭىز، كەم دېگەندە تۆت ـ بەش يىل ئىشلەتكەنسىز؟ قارىغاندا، بۇنىڭدىن كەم ئەمەس، — دېدى نىياز سودىگەرلەرچە تەلەپپۇزدا.

— ھەئە، ئالغىلى تۆت يىل بولدى.

— ئۇنداق بولسا، دەسمايىسى تۆلىنىپ بوپتۇ، — دېدى نىياز كۈلۈپ.

— ياق، ئەپەندىم، — دېدى سۇلايمان ئالدىراپ.

نىياز سودىنى ئۇزاققا سوزۇشنى خالىماي، گېپىنى ئوچۇقلا ئېيتتى:

— كۆپ بولغاندا ئەللىك روپىيەگە يارايدۇ، خالىسىڭىز سائەتنى قويۇپ، پۇلنى ئەكېتىڭ.

سۇلايمان سائەتنى ئەللىك روپىيەگە سېتىشقا قوشۇلماي، ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن، نىياز يەنە ئون بەش روپىيە قوشتى. شۇنىڭ بىلەن سۇلايمان سائەتنى سېتىۋېتىپ، كۆڭلى بىرقىسما بولۇپ قالدى. بىراق، ساتماي نېمە چارە؟ ئۇ نىيازنىڭ قولىدىن ئاتمىش بەش روپىيەنى ئېلىپ، يېنىغا سېلىپ، بۇرۇلۇپ ماڭاي دەپ تۇرغاندا، نىياز ئۇنى چاقىرىۋالدى:

— بۇنىڭدىن كېيىن بىرەر نەرسە ساتماقچى بولسىڭىز مېنىڭ يېنىمغا كېلىڭ. سىزنى باشقا يەرلەردىكىدىن ئوبدانراق رازى قىلىمەن.

— ماقۇل، — دېدى سۇلايمان قايرىلىپ قاراپمۇ قويماي.
ئاخشىمى هاۋا ناهايىتى ياخشى ئىدى. سۇلايماننىڭ يېنىدا ئاتمىش بەش روپىيە بار، ئەمدى بېرىپ ئوبدان بىر تاماق يەپ، كۆپ كۈنلەردىن بېرى قىلىپ كەلگەن ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بولاتتى. ئۇ ئۇدۇل بىر مەيخانىغا كىرىپ، ئىككى بوتۇلكا پىۋا ئىچىپ تويغۇدەك بىر تاماق يېدى. ئاندىن بىر دوستىنىڭ ئۆيىگە باردى. ئۇ يەردە كىشىلەر قارتا ئويناۋاتاتتى، سۇلايمانمۇ قېتىلدى.
بۇ ھەپتىنىڭ ئاخىرقى كۈنى ئىدى، ئۇلار كېچىچە قارتا ئويناشتى. بۈگۈن سۇلايماننىڭ ئامىتى كەلگەنىدى. ئۇ قانداق قارتىنىڭ چىقىشىنى ئارزۇ قىلسا، شۇنداق قارتا چىقىپ تۇراتتى. شۇنداق قىلىپ، ئاخىرىدا ئۇ باي بولۇپ كەتتى.
قارتا ئويناپ بولۇشقا مەسچىتتىن ئەزان ئاڭلاندى. تاڭ سۈزۈلەي دېگەنىدى. تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىمىغان سۇلايماننىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن يېنىدا ئۈچ يۈز روپىيەدىن كۆپرەك پۇل بار ئىدى.
ئۇ ئۆيىگە بېرىپ پۈتۈن بىر كۈن ئۇخلىدى. ئۆيدىكى نەرسە - كېرەكلەرمۇ ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىغا ئوخشاش چېچىلاڭغۇ ئىدى. ئاخشىمى ئۇنىڭ نۇشالارنىڭ ئۆيىگە بارغۇسى كېلىپ قالدى. يولدا يېقىن دوستى ئەكبەر بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئىككىيلەن بىر قاۋاقخانىغا كىرىپ بىرنەچچە ئىستاكان پىۋا ئىچىپ، ئاندىن ئايلىنىپ بېرىپ بىر مەيخانىغا كىرىشتى. بۇ يەردىكى غەزەل - خانىنىڭ ناخشا تېكىستىنى يېرىم - يارتا چۈشەنسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاۋازى ناهايىتى ياخشى، بۇلبۇلنىڭكىدەك يېقىملىق ئىدى. يېشى ئانچە چوڭ ئەمەستەك قىلاتتى. ئۇسسۇلنى بەكمۇ نەپىس ئويناپتتى. ناخشىغا تەڭكەش قىلىپ ئوينىغان ئۇسسۇلى، سىزگە گۈزەل سۈرەتلەر كۆز ئالدىڭىزدا نامايان بولغاندەك تۇيۇلاتتى.
قارىمۇتۇق كەلگەن بۇ غەزەلخان سۇلايمانغا بەكمۇ ياراپ

كەتتى. ئۇلار بۇنىڭ ئۇسسۇلىنى بىرنەچچە سائەتكىچە كۆردى. باشقا تاماشىچىلار ئاستا ـ ئاستا تارقىلىشتى. ئويۇن تېخىچە ئەۋج ئالماقتا ئىدى. سۇلايمان ناخشىچىدىن «سەندىن ئايرىلسام كۆڭلۈم ئەمىن تاپمايدۇ» دېگەن مۇھەببەت ناخشىسىنى ئېيتىپ بېرىشنى سورىدى.

بۇ قېتىم غەزەلخاننىڭ پۈتىغا پۈت قوشقۇدەك ئىسىلغان بولۇپ، ئۇ ناخشىنىڭ رىتىمىگە تەڭكەش قىلىپ ئۇسسۇل ئويناـ ماقتا ئىدى، سازچى باشلىرىنى ئوينىتىپ ساز چالاتتى. ئۇسسۇلچى بەللىرىنى تولغاپ سۇلايماننىڭ ئالدىغا كەلدى. سۇلايمان بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالدى ۋە قاتتىق بىر نەپەس ئېلىۋېلىپ، ئەكبەرنىڭ قۇلىقىغا:

ــ ۋاي ـ ۋۇي، جېنىمنى ئالىدىغان بولدىغۇ ! نېمىدېگەن ساھىبجامال قىز بۇ ! ــ دېدى.

غەزەلخاننىڭ كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان ئۇسسۇللىرى ۋە كىشىنى زوقلاندۇرىدىغان ناخشىلىرى سۇلايماننى مەست قىلىـ ۋەتتى. ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي بارىكاللا ئېيتىپ كەتتى.

ناخشا ـ ئۇسسۇل تازا قىزىۋاتقان چاغدا، ئىشىك ئالدىدا شاپ بۇرۇتلۇق، كۆزلىرى ھۇۋقۇشنىڭكىدەك يۇپيۇمىلاق، كەڭ كىيىم كىيگەن كۆرۈمسىز بىر ئەر كىشى پەيدا بولدى. قارىغاندا، ئۇ مۇشۇ يەرنىڭ غوجايىنىدەك قىلاتتى. ئۇ كىرىپ سۇلايمانلارغا بىر قاراپ قويۇپ، بېرىپ ئولتۇردى. سۇلايمان ئۇنى مۇشۇ يەرنىڭ غوجايىنى بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ:

ــ ھەي، بىزگە ئازراق شاراپ ئەكېلىپ بەرسىڭىز قانداق؟ ــ دېدى قىلچە تەكەللۇپ قىلماستىنلا.

ھېلىقى كىشى سۇلايمانغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا بىر قاراپ قويۇپ، خۇددى ئەزرائىلدەك ياۋۇزلۇق بىلەن غەزەلخانغا قاراپ:

ــ توختا، ئۇسسۇلنى توختات، ئويۇن تامام ! ــ دېدى.

غەزەلخان دەرھال توختاپ قوللىرىنى گىرەلەشتۈرۈپ، بىر چەتكە بېرىپ ئولتۇردى. سازمۇ توختىدى. سۇلايماننىڭ ئەرۋاھى

قىرىق گەز ئۆرلىدى. ئۇ يۈز رۇپىيەدىن ئوشۇق پۇل خەجلەپ تازا پەيزى قىلىۋاتقاندا، بۇ ئادەم ئۇنى پاراكەندە قىلىۋەتتى.
— سىز مۇشۇ يەرنىڭ غوجايىنىمۇ؟ — دەپ سورىدى سۇلايمان ئاچچىقى بىلەن.
ھېلىقى كىشى تاماكىنى بىر شورىۋېلىپ:
— ياق، بىراق مەن ئايدا مىڭ رۇپىيە تۆلەيمەن. ئۇ مېنىڭ دېدىكىم، قانداق؟ — دېدى ئۆكتەملىك بىلەن.
سۇلايماننىڭ سەپراسى ئۆرلەپ تۇراتتى.
— بۇ ناھايىتى ئاز گەپ ئىكەن، مەن بىر ئاخشامدا مىڭ رۇپىيە تۆلەشكە تەييار، — دېدى ئۇ.
— سىزنىڭ پۇلىڭىز بار ئىكەن، ئۇنداقتا سىلەر ئەپيۇن ساتقۇچىلارمۇ؟ — دېدى شاپ بۇرۇت كىشى.
ئۇنىڭ بۇ سوئالى ئەستايىدىل سورالغانىدى. لېكىن، سۇلايمان مېنى ئەخمەق قىلىۋاتىدۇ، دەپ بىلىپ، تەكەللۇپسىز جاۋاب بەردى:
— ھازىر كۆمۈر باھاسىنىڭ قانچە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟
ھېلىقى ئادەمنىڭ چىرايى قاپقارا بولغاچقا، مۇنداق ئەخمەق قىلىشنى كۆتۈرەلمەي قالدى.
— ئەپەندىم! — دېدى ئۇ ئەلپازىنى بۇزۇپ، — مەن سىزنىڭ مۇنداق ئەدەپسىزلىك بىلەن ھەددىڭىزدىن ئېشىشىڭىزغا تاقەت قىلىپ تۇرالمايمەن.
— پەقەت لېكنوۋ① نىڭ بەگزادىلىرىلا مەيخانىغا مەدەنىيەتلىك ـ ئەدەپلىك بولۇشنى ئۆگەنگىلى كېلىدۇ. بىز بولساق روشىل كەنتلىك② ، — دېدى سۇلايمان.

① ھىندىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى مەشھۇر مەدەنىيەت شەھىرى.
② ھىندىستاننىڭ شىمالىي ئىشتاتىدىكى يەر ئىسمى. روشىل تاغلىق دېگەن مەنىدە. بۇ يەردە 17 ـ ئەسىردە تاغدىن كەلگەن ئافغانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. كەنت بۇ يەردە رايون مەنىسىدە.

— مەيلى قـەيەرلـىك بـولۇڭلار، هازىـر ياۋاشلـىـق بىلـەن بـۇ يەردىن كېتىڭلار! — دېدى هېلىقى كىشى غەزەپ بىلەن.

ئەكبەر تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى.

— ئەگەر كەتمىسەكچۇ؟ — دېدى ئۇنىڭغا قاراپ.

ئۇ ئەكبەرنىڭ سۆزىگە پەرۋا قىلماي:

— هەي چىلرو، ئۆلـدۈڭمۇ سەن، چاپسان چىقمامسـەن! — دەپ ۋارقىرىدى.

بىردەمـدىن كېيـىن يوغان گـەۋدىلىك بـىر ئادەم ئىپتىلـىپ كىردى.

— غوجايىن، نېمە تاپشۇرۇق باركىن؟ مەن تېخى هېلىلا بىر چېكىپ خۇماردىن چىقىپ تۇرۇۋىدىم.

— مەيداننى يىغىشتـۇرۇپ بولۇپ ئىشىكنـى تاقىۋەت. مـاۋۇ ئىككىيلەن جېدەل چىقارماقچى بولۇۋاتىدۇ، سەن ئۇلارنى قوغلىۋەت، — دېدى ئۇ چىلروغا.

— ئـەپەندىلـەر، قايتىڭلار، — دېدى چىـلرو ئۇلارغـا قـاراپ قويۇپ، — مەن هەيدەپ يۈرمەي، ناخشا - ئۇسسۇل تامام بولدى.

ئۇنىـڭ ئەدەپسىـزلىكىـگە سۇلايمـانىنـىڭ قـاتتىـق ئـاچچىـقى كەلدى.

— گەپنى چىرايلىقراق قىلىڭ! — دېدى ئۇ.

— نېمە، مېنىڭ مۇشتۇمۇمنى تېتىـپ كۆرگۈڭـلار كېلىـۋاتامدۇ؟

گەپنىـڭ ئايىغى چۇشۇش بىـلەن تـەڭ، ئۇ كـاپ قىـلىـپ سۇلايمانىنىڭ بىلىكىدىن تولغاپ تۇتۇپ بىر تارتىپ تۇرغۇزدى ۋە سۇلايمان ئوبدانراق دەسسەپ تـۇرۇۋالاي دېگۈچە، چىلرو يوغـان مەزمۇت قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ بويىنىنى بوغۇۋېلىپ، ئىتتەرگىـنىچە ئىشىك ئالدىغا ئاپاردى. سۇلايمـان قانچـە تىرىشـىپ - تىرماشسىمۇ ئۇنىڭ قولىدىن بوشىنىپ كېتەلمىدى. چىلرو ئۇنى ئىشىكتىن كۈچەپ بىـر ئىتتـىرىۋىدى، سـۇلايمان پەلـەمپەيدىـن يۇمىلانغىنىچە چوڭ يولغا بېرىپ چۈشتى.

يەردە ياتقان سۇلايمان نېمە ئىش بولغانلىقىنى تېخى ئاڭقىرىپ بولغۇچە ئەكبەرمۇ يۇمىلاپ ئۇنىڭ يېنىغا چۈشتى.

ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، ئۇستىباشلىرىدىكى توپا ـ چاڭلارنى قېقىشتى، بەختكە يارىشا ئۇلارنىڭ ئۇستىخانلىرى زەخىملەنمەي، پەقەت بىرنەچچە يېرىنىڭ تېرىسى سۇرۇلۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەكبەرنىڭ شالۋۇرى تىزىدىن تارتىپ ئايىغىغىچە يىرتىلىپ كەتكەنىدى.

— بۇ لۈكچەكنىڭ قوللىرى بەئەينى ئامبۇر ئىكەن، — دېدى سۇلايمان.

— بۇرادەر، بۇ تازىمۇ سەتچىلىك بولدى ـ دە! — دېدى ئەكبەر پەرىشان هالدا.

سۇلايمان ئۇنىڭ گېپىگە جاۋاب قايتۇرماي، ئۆزىنىڭ يارىلانـ غان ئوڭ جەينىكىگە قاراش بىلەن بولۇپ كەتتى.

## 3

سۇلايمان تازا تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇشتۇمتۇت ئىشىك قېقىلدى. ئۇ كۆزلىرىنى ئېچىپ سەل هوشىنى تېپىۋېلىپ، قوپۇپ ئىشىكنى ئاچتى. ئۆگزىنىڭ سىرەج تېمىدىن تېخى كەچكى شەپەقنىڭ قالدۇق نۇرلىرى كەتمىگەنىدى. ئىشىك ئالدىدا رىروبا ئاشخانىسىنىڭ غوجايىنى شىنروخان قىيپاش چۈشۈپ تۇرغان ئاپتاپتا تۇراتتى.

— ئەپەندىم! بۈگۈن هېساب ـ كىتاب قىلىۋېتەيلىمىكىن، — دېدى ئۇ توپتوغرىلا.

سۇلايمان ئۇنىڭ ئەلپازىغا قاراپلا، بۈگۈن پۇلنى ئالماي كەتمەيدىغانلىقىنى بىلدى. ئەمما، سۇلايماننىڭ يېنىدا بىر تىيىنمۇ يوق ئىدى. تۈنۈگۈن ئاخشام ئۇ هەممە پۇلنى ئۇتتۇرۇـ ۋەتكەنىدى. بۈگۈن ئەتىگەندىن تارتىپ هازىرغىچە ئۇخلىدى. هازىرقى ئەڭ مۇهىم ئىش قانداق قىلىپ مۇشۇ ئۆتكەلدىن ئۆتۈـ

ۋېلىش ئىدى. ئۇ ئاۋۋال يۇمشاقلىق قىلغىنىم توزۇك، دېگەن يەرگە كەلدى ـ دە:

ــ شىنروخان ئەپەندىم، باياتىن كىم بىلەن ئۇرۇشۇپ قالدىڭىز؟ ــ دېدى گويا شۇنداق بىر ئىش بولغاندەك.

ــ ئۇرۇشقىنىم يوق، ئەپەندىم، بىز تىجارەتچىلەر قانداقمۇ كىشىلەر بىلەن ئۇرۇشالايمىز؟

ــ ئۇنداق بولسا چوقۇم تاۋىڭىز يوق ئوخشايدۇ. چىرايىڭىز باشقىچە تۇرىدۇ، ــ دېدى سۇلايمان كۆيۈنگەن ئاھاڭدا.

ــ ھەي ي، ھازىر ھاۋا بەك ئىسسىپ كەتتى. ئىككى كۈندىن بېرى سەل مىجەزىم يوق، ــ دېدى ئۇ. ئەمدى ئۇنىڭ چىرايى بايىقىدەك سۈرلۈك ئەمەس ئىدى، دېۋەيلەپ تۇرغان قەرز ئىگىسىگىمۇ ئوخشىمايتتى. سۇلايمان مۇشۇنداق چىرايىنى كۆرۈشنى ئۈمىد قىلغانىدى.

ــ شىنروخان ئەپەندىم، ــ دېدى ئۇ مۇنداقلا، ــ ماڭا ئۆيدىن كېلىدىغان پۇل تېخى كەلمىدى، ئەتە ـ ئۆگۈن تاپشۇرۇۋالساملا دەرھال بېرىپ ھېساب ـ كىتاب قىلىشاي.

ئۇ ئىككى ھەپتىنىڭ ئالدىدىمۇ مۇشۇنداق دېگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالدىنقى كۈنى ئاخشىمى چاي ئىچىپ ئولتۇرغاندىمۇ شۇنداق دېگەنىدى. شۇڭلاشقا، شىنروخان ئىشەنمەي كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقاردى.

ــ ئەپەندىم، ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ. ھېساب ـ كىتابنى چوقۇم بۈگۈنلا قىلىشىۋېتەيلى، دەرھال قىلايلى!

ئۇنىڭ ئاۋازى يۇقىرى چىقىپ كەتكەچ، يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىرنەچچە كىشى توختاپ تاماشا كۆرگىلى تۇردى. سۇلايمان كىشىلەرنىڭ دىققىتى تارتىلغانلىقىنى سېزىپ دەرھال:

ــ ئىشىكنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ۋارقىرىماي، ئۆيگە كىرىڭ، ــ دېدى.

ــ مۇشۇ يەر ئوبدان، ــ دېدى ئۇ مىدىر ـ سىدىر قىلماي.
سۇلايمان يەنە ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىماقچى بولدى.

— سىز چوقۇم بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ قاپسىز، — دېدى ئۇ چىرايىغا زورلاپ كۈلكە يۈگۈرتۈپ، — خانىمىڭىز بىلەن گەپ تەگىشىپ قالدىڭىزمۇ نېمە؟

شىنروخان ئۆزاقتىن بېرى تاڭجاڭلىق قىلىپ كەلگەن بولۇپ، كېيىن ئۆزى چايخانا ئاچقانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ خوتۇنىنى سۇلايماننىڭ خانىم دېگىنىنى ئاڭلاپ سەل نا تەبىئىيلىك ھېس قىلدى ـ يۇ، ئەمما ھەرھالدا يەنە بۇنى بىر ئاز شەرەپ دەپ بىلدى.

— ئۇ ئانىسىنىڭكىگە كەتكەن تۇرسا، ئۇنىڭ بىلەن قانداق گەپ تەگىشەي؟ — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ.

— ئۇنى سېغىنغانسىز؟ — دېدى سۇلايمان پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي كۈلۈپ تۇرۇپ.

شىنروخان ساپسېرىق چىشلىرىنى چىقىرىپ كۈلدى. سۇلايماننىڭ ئەمدى ئەندىشە قىلىشى ھاجەتسىز ئىدى. ئۇ شىنروخاننى زورلاپ ئۆيگە تارتىپ ئەكىرىپ ئولتۇرغۇزدى. ئاندىن تاغدىن ـ باغدىن پاراڭغا چۈشتى...

شۇنداق قىلىپ، ئۇ مۆھلەتنى بىرنەچچە كۈن كېيىنگە سۈرۈشنى قولغا كەلتۈردى. لېكىن، سۇلايمان ئۇنىڭ بۈگۈنكى گېپىنىڭ ئۇرانىغا قاراپ: «ناۋادا ئۇنىڭغا چاپسانراق بىر ئاز پۇل جايلاپ بەرمەيدىغان بولسام، ئۇ يۈزۈمگە قارىمايدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ھۆكۈم قىلدى. شىنروخان چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ ئىشىكنى تاقاپ ئورۇندۇققا ئۆزىنى تاشلىدى. ئۇ بىر تال تاماكا چېكەي دېۋىدى، تاماكا يوق بولۇپ چىقتى، ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا تۇرلۇك ماركىلىق بىرنەچچە خىل تاماكا قېپى تۇراتتى. يەردە بىر مۇنچە تاماكا قالدۇقلىرى چېچىلىپ ياتاتتى. ئۇ يەردىن يېرىم تال تاماكىنى ئېلىپ، تۇتاشتۇرۇپ بىر شورىۋىدى، ئاچ قورسىقى پىژىلداپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاچچىقلىنىپ تاما-كىنى يەرگە تاشلاپ، دەسسەپ ـ چەيلىۋەتتى.

ئۇ ئىككىنچى قەدەمدە نېمە قىلىش لازىملىقىنى ئويلاپ، بۇتتەك مىدىر ـ سىدىر قىلماي بىردەم ئولتۇردى. شۇ ئەسنادا

ئۇنىڭ نەزىرى شىرە ئۈستىدىكى تېرموسقا چۈشتى. بۇنى ئۆتكەن يىلى ئۆيىدىن ئەكەلگەنىدى. ئانىسى سەپەر ئۈستىدە ئىستېمال قىلسۇن دەپ ئۇنىڭغا ئالاھىدە چاقماق مۇز قاچىلاپ بەرگەنىدى. ئۇنىڭ ھارغىن كۆزلىرى تېرموسقا تىكىلدى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىمىنى يەڭگۈشلەپ، بىر پارچە گېزىت تېپىپ، تېرموسنى ئورىدى ـ دە، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

نىيازنىڭ دۇكىنى ئۇنىڭ تۇرار جايىدىن خېلى يىراقتا ئىدى. ئۇ تېرموسنى كۆتۈرۈپ مۇنچىۋالا ئۇزۇن يول يۈرۈشنى خالىـ ـمايتتى. ئاچلىق ئۇنى تېخىمۇ ماغدۇرسىزلاندۇرۇپ، ھالسىزلاندۇرۇۋەتتى. نىيازنىڭ دۇكىنىغا يېتىپ بارغاندا ئاغزى قۇرۇپ ھاسىراپ قالغانىدى. ئۇنىڭ تەلىيىگە نىياز دۇكىنىدا بار ئىدى.

— بۇگۈن بۇياققا كېلىشكە ۋاقتىڭىز چىقىپ قاپتۇغۇ، — دېدى نىياز ئۇنى كۆرۈپلا.

سۇلايمان نىيازنىڭ مۇنداق چاكىنا ئىستىلىنى ياقتۇرمايتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئۆزى كوپېراتىپتىكى تىزىملاش ئەمەلدارىنىڭ ئوغلى تۇرۇپ، بىر كونا ماللار سودىگىرى بىلەن مۇنداق كەلسە ـ كەلمەس سۆزلەشسە، بەك سەت تۇراتتى. ئۇ نىيازنىڭ گېپى بىلەن كارى بولماي، گەپ قىلماستىن گېزىتنى ئېچىپ، تېرموسنى نىيازنىڭ ئالدىغا قويدى، تېرموس يېپيېڭى ئىدى.

— سېتىشقا ئەكەلدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى نىياز ھەيران بولۇپ.

— ھەئە، — دېدى سۇلايمان بېشىنى لىڭشىتىپ.

نىياز تېرموسنى قولىغا ئېلىپ، ئىچى ـ تېشىغا بىر قۇر قاراپ چىقتى.

— ئۆزىڭىزنىڭمۇ؟ — ئۇ بۇ گەپنى قىلغاندا بىر كۆزى قىسىلغان بولۇپ، چىرايىدا بىر خىل سىرلىق ئالامەت ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

— سىززە، بۇندىن كېيىن مەندىن مۇنداق گەپنى سورىماڭ جۇمۇ — دېدى سۇلايمان خاپا بولۇپ.

نىياز كۈلۈپ كەتتى.
— ھەي ئۇكام، رەنجىمەڭ. بوپتۇ، ئېيتىڭا، قانچە پۇلغا بېرىسىز؟
— ئۆزىڭىز قاراپ بېرىڭ.
— بۇ قانداق گەپ بولدى؟ ماڭا بىكارغا بېرىڭ دېسەم بولامدۇ؟
— سىز تىلەمچى بولسىڭىز بىكارغا بېرىشىم مۇمكىن.
نىياز بۇ يىگىتنى چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرۈپ قالدى. ئۇ كېلىشكەن، يورۇش - تۇرۇشى نازاكەتلىك ئىدى.
— ئۇكام، سودىنى سەل تۇرۇپ قىلىشايلى، مەن ئاۋۋال سىزگە بىر چاي قۇيۇپ بېرەي، — ئۇ بويىنىنى سوزۇپ چايخانىدىكى تاڭجاڭنى چاقىردى.
تاڭجاڭ دۇكانغا كېلىشىدى، نىياز چاي ۋە تورت بۇيرۇدى. سۇلايمان تەكەللۇپ بىلەن رەت قىلىشىدى، نىياز ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمىدى.
— ھوي، ئۇنداق قىلساق قانداق بولىدۇ؟ — دېدى - دە، تاڭجاڭغا قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — نېمە قاراپ تۇرىسەن؟ چاپسان بېرىپ ئىككى ئىستاكان چاي ئەكەل. چۈشتىن بۇرۇنقى تورتنى ئەكەلمەي، ھېلى پىشۇرۇلغاننى ئەكەل! غوجايىنىڭغا ئېيت، بولمىخاندىن يېڭى كەلتۈرۈلگىنىنى بەرسۇن، بولمىسا پۇل بەرمەيمەن، — تاڭجاڭ كەتتى.
بىردەمدىن كېيىن چاي كەلدى. نىياز ئۆز قولى بىلەن سۇلايمانغا چاي قۇيۇپ، تورت بىلەن مېھمان قىلدى.
نىيازنىڭ سۇلايماننى مۇنداق قىزغىن مېھمان قىلىشىدا باشقا مەقسەت يوق ئىدى. بۇ چىرايلىق، نازاكەتلىك ياشنى ناھايىتى ياقتۇراتتى.
چاي ئىچىشىپ ئولتۇرۇپ نىياز ئۇشتۇمتۇت سۇلايماندىن:
— بىر ئاز غەمكىن كۆرۈنىسىزغۇ؟ — دەپ سورىدى.
سۇلايمانمۇ تۈزلا جاۋاب بەردى:

— غەم - قايغۇم بولمىسا، تېرموسنى كۆتۈرۈپ بۇ يەرگە كېلەرمىدىم؟
نىيازدا ئۇنىڭغا قارىتا ھېسداشلىق تۇغۇلدى.
— قانچە رۇپىيە كېرەك؟ — دېدى ئۇ كۆڭۈل بۆلۈپ.
سۇلايمان ئۇنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشەنمىدى.
— سىزنىڭچە، بۇ تېرموس قانچە پۇلغا يارار؟
— ئۇكام، — دېدى نىياز ئېرەن قىلماي كۈلۈپ قويۇپ، — سىز مېنى يات كۆرۈۋاتىسىز. تېرموس - پېرموس دېگەننىڭ گېپىنى قويۇڭ! — ئۇ يىنىدىن ئەللىك رۇپىيە ئېلىپ سۇلايماننىڭ ئالدىغا قويدى، — ئېلىڭ، ھاجىتىڭىزگە يېتەمدۇ؟
سۇلايمان «بۇ كوناماللار سودىگىرى نېمانداق ئۈشتۈمتۈت ماڭا مېھىر - شەپقەت ياغدۇرىدىغاندۇ» دەپ چۈشىنەلمەي گاڭگىراپ قالدى.
نىياز ئۇنىڭ گەپ قىلمىغانلىقىنى كۆرۈپ:
— ھوي، ئاۋۇال پۇلنى يېنىڭىزغا سېلىڭا، — دېدى يەنە.
سۇلايمان پۇلنى ئالدى.
— لازىم بولسا، تېرموسنى ئەكەتسىڭىزمۇ بولىدۇ، — دېدى نىياز.
— نېمىشقا؟ — دەپ سورىدى ھەيران قالغان سۇلايمان.
— دوستۇم، — دېدى نىياز ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ قويۇپ، — سىزنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشتىكى سالاپەتلىكىڭىزنى بەك ياقتۇرۇپ قالدىم. پۇل دېگەن ئەسقاتمايدىغان نەرسە، بۇياقتىن كىرىپ، ئۇ ياقتىن چىقىپ كېتىدۇ. راست گەپنى قىلسام، ئاۋۇ كۈنى سىزنىڭ سائىتىڭىزنى ئالغۇم يوق ئىدى، بىراق «بۇ تۇنجى قېتىم مۇئامىلە قىلىشىمىز، باشقىچە ئويلاپ قالمىسۇن» دېدىم. بۇ نەس جاھان بەك بۇزۇلۇپ كەتتى دەڭە.
ئۇنىڭ بۇ گېپى پۈتۈنلەي يالغان ئىدى. ئۇ كۈنى ھەرگىز مۇنداق ئويلىمىغان، ھەتتا سائەتنى يىگىرمە رۇپىيەگىلا ئالارمەن دەپ خىيال قىلغان. لېكىن، بۈگۈن ئۇنىڭ پوزىتسىيەسى تامامەن

ئۆزگەرگەندى.

سۇلايمان ئۇنىڭ گېپىدىن تەسىرلەندى.

— تېرموس مۇشۇ يەردە قالسۇن، كېيىن قولۇمغا پۇل كىرگەندە ئەكېتەرمەن، — دېدى ئۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ دۇدۇقلاپ.

— دوستۇم، ئۇنداق دېمەڭ، — دېدى نىياز ئوچۇق چىراي بىلەن سىلىق سۆزلەپ، — بۇ گېپىڭىزنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم ئازابلىنىپ كەتتى. دوستلار ئارىسىدىكى ھېسابات دېگەن كۆڭۈل-دە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە مۇندىن كېيىنمۇ كەلدى - باردى قىلىپ تۇرىمىزغۇ.

ئۇنىڭ كۆرسەتكەن ئالاھىدە قىزغىنلىقى سۇلايماننىڭ ئۇنى يامان كۆرۈش ھېسسىياتىنى يوقىتىۋەتتى. ئۇلار ئۇزاققىچە پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشتى.

ئاستا - ئاستا قاراڭغۇ چۈشۈپ قالدى. سۇلايمان كېيىن يەنە كېلىشكە ۋەدە بېرىپ خوشلاشتى. ئۇ دۇكاندىن چىقىشىغا نۇشا كېلىپ قالدى. ئۇ سۇلايماننى كۆرۈپ دەرھال قەدىمىنى توختات-تى. سۇلايمان ئۇنى كۆرمىدى. نۇشا ئۇ يىراقلاپ كەتكەندىن كېيىن، ئاندىن دۇكانغا كىردى.

نۇشا بۇ قېتىم قۇرۇق قول كەلگەن بولۇپ، نىيازدىن بىر رۇپىيە قەرز ئالماقچىدى. چۈنكى، ئۇ راجا ۋە شاملار بىلەن بىللە بېرىپ كىنو كۆرۈشكە ۋەدىلىشىپ قويغانىدى. لېكىن، نىياز ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى.

— بىرەر نەرسە بولمىسا، بۇ يەرگە كەلمە، — دېدى توڭلۇق بىلەن.

— ئەتە چوقۇم بىرەر نەرسە ئەكېلىمەن. بۈگۈنچە بىر رۇپىيە قەرز بېرىپ تۇرۇڭ، — دېدى نۇشا خۇشامەت قىلىپ.

— مەن دېدىمغۇ، مېنى ئاۋارە قىلما، — دېدى ئۇ چىرايىنى تۈرۈپ.

نۇشا لام - جىم دېمەي بېشىنى ساڭگىلىتىپ بىردەم ئولتۇ-

رۇپ، ئاندىن ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئىشىك ئالدىغا بارغاندا، ئارقىسىدىن نىيازنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— هوي، كېتىۋاتىسەنغۇ.

نۇشا ئارقىسىغا بۇرۇلدى، نىياز كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرۇپ ئۇنى قول ئىشارىتى بىلەن چاقىردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پىستە كۆچۈكتەك مىسىلداپ مېڭىپ نىيازنىڭ يېنىغا كەلدى.

— مەندىن پۇل سوراپ كىنو كۆرسەنغۇ دەيمەن؟

نۇشا بېشىنى لىڭشىتتى.

نىياز ئۇنى بىرمۇنچە تىللاپ، ئاخىر يانچۇقىدىن بىر رۇپىيە ئېلىپ يەرگە تاشلاپ بەردى.

— ئالە، بىراق سەن تەنتەك شۇنى ئۇنتۇمىغىنكى، كىنو كۆرۈشتەك يامان ئادىتىڭنىڭ سېنى نابۇت قىلمىغىنىنى كۆرەي!

نۇشا ئۇندىمەي يەردىن پۇلنى ئالدى.

— ئېسىڭدە تۇت، — دېدى نىياز ئاچچىقى بىلەن، — ئەتە چوقۇم بىرەر نەرسە كۆتۈرۈپ كەل، بولمىسا، بۇنىڭدىن كېيىن ساڭا بىر تىيىنمۇ يوق.

نۇشا خۇشال بولۇپ دۇكاندىن چىقتى ـ دە، چوڭ يولدىن ئۆتۈپ كىچىك كوچىغا كىرىپ كەتتى.

شەھەر مەمۇرىيىتى كومىتېتىنىڭ گاز لامپىسى يورۇتۇلغانىدى. لېكىن، راجا ئۇ يەردە يوق ئىدى، شامى ئۆزى يالغۇز بىر ئۆينىڭ ئالدىدىكى سۇپىدا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ ياقىسى يىرتىلغان بولۇپ، ئاستىنقى كالپۇكى قاناپ كەتكەنىدى. ئۇ پات ـ پات يېڭى بىلەن كالپۇكىنى سۈرتۈپ تۇراتتى. يەڭلىرى قان بولۇپ كەتكەنىدى. شامى كالپۇكىدىن ئېقىۋاتقان قاننى سۈرتۈپ تۇرۇپ، كۆزىگە ياش ئالغان هالدا ئۇنىڭغا قارىدى.

— نېمە بولدۇڭ؟ داداڭ ئۇردىمۇ؟ — دەپ سورىدى نۇشا ئالاقزەدە بولۇپ.

— ياق، — دېدى ئۇ بېشىنى چايقاپ.

— ئەمىسە نېمە بولدۇڭ؟ — نۇشا ئالدىراپ يەنە سورىدى.

شامى ھېچنېمە دېمىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئېقىپ كەتتى، ئۇ ئۆكسۈپ يىغلىغىلى تۇردى. نۇشا تېخىمۇ ھودۇقتى.

— ۋوي گەپ قىلساڭچۇ، زادى نېمە بولدۇڭ؟

— ھېلىقى سېمىز دوختۇرنىڭ شۇمتىكى بىلەن ئۇلارنىڭ خىزمەتكارى ئۇردى، — دېدى شامى بوغۇق ئاۋازدا. شۇنداق دەپ بولۇپلا ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتى.

— ھە، ئاشۇ شۇمتەك ئىكەن ـ دە، ھۇ ھارامدىن بولغان. سەن ئۇنىڭ بىلەن نەدە ئۇچرىشىپ قالغانىدىڭ؟

— ئەسلىدە ھېچقانچە ئىش ئەمەس ئىدى، — دېدى ئۇ ئېسەـ دەپ تۇرۇپ، — چۈشتىن كېيىن دۇكاندىن ئۆيگە تاماق يېيىشكە كېتىۋېتىپ، مەيداندا كەلگەندە ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ گاگار ئويناپلى دېدى. ماقۇل دەپ كۆيدۇرۇپ تۇرغان ئاپتاپتا ئويىندۇق. ئۇ دەسلەپتە ساختىلىق قىلىپ مېنى ئۇتۇۋالدى، كېيىن مەن ئۇتۇۋالسام، پۇلنى بەرگىلى ئۇنىمىدى. مەن پۇلنى بەرمىسەڭ ماڭدۇرمايمەن، دېدىم. بۇ گېپىم خاتا ئەمەستۇ؟

— توغرا. كېيىن قانداق بولدى؟

— ئۇ تەنتەك بۇرنۇمغا بىر مۇشت قويدى. ئەزبىرايى خۇدا كۆزلىرىمدىن ياش چىقىپ كەتتى دېگىنە. شۇنىڭ بىلەن ئاچچىـقىم كېلىپ، كۆتۈرۈپ يەرگە ئاتتىم. ئۇ يىغلاپ كېتىپ قالدى. ھېلى ئۇ ئۆيىدىكى خىزمەتكارنى باشلاپ تاياق كۆتۈرۈشۈپ كەپتۇ.

— ھە ! تېخى بۇ ئەبلەخلەر تاياق كۆتۈرۈشكە پېتىنىپتۇ ـ دە، — دېدى نۇشا زەردىسى قايناپ.

— ھەئە، ئۇلار مېنى كۆرۈپلا ئۇرغىلى تۇردى.

— ئاناڭنى ! ئۇلار قانداق ئويلىدىكىنتاڭ. سەن كۆڭلۈڭنى بۇزما. ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ بۇ ئەبلەخلەرنىڭ ئەدىپىنى بەرمەيدىغان بولسام، ئىسمىمنى يۆتكىۋېتەرمىنا.

شامىمۇ ئەمدى يىغلىمىدى.

— راجانىمۇ ئېلىۋالايلى، — دېدى ئۇ ئالدىراپ.
— توغرا، ئۇنىمۇ ئېلىۋالايلى. ھەي، ئۇ كەلمەپتۇغۇ؟
— تاڭەي، راست، ئۇ نېمىشقا ھېلىغىچە كەلمەيدىغاندۇ؟
— يۈر، بىز بېرىپ تاپايلى.
شامى سۈپىدىن «گۈپ» قىلىپ سەكرەپ چۈشتى - دە، ئىككىسى راجا تۇرىدىغان جايغا قاراپ كېتىشتى.
راجا ئادەتتىكى كۈنلەرگە ئوخشاش، ئىشىك ئالدىدا غەمكىن ھالدا ئولتۇراتتى. يېنىدا بەكمۇ كۆرۈمسىز بىر كىچىك ياغاچ ھارۋا تۇراتتى. بۇ ھارۋا ئۇ ھەر كۈنى بىر تىلەمچى بوۋاينى ئولتۇرغۇزۇپ سۆرەپ سىرتقا ئاچىقىپ تىلەمچىلىك قىلىدىغان ھارۋا ئىدى. كىچىككىنە ياغاچ ئۆي قاپقاراڭغۇ ئىدى. ئىككىيلەن راجانىڭ بۇ تۇرقىنى كۆرۈپ بىرئاز ھەيران قالدى. نۇشا «راجامۇ بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ قاپتۇ» دەپ ئويلاپ، ئالدىغا بېرىپ سوردى:
— ھەي، نېمانداق دومسىيىپ ئولتۇرۇپ كەتتىڭ؟
راجا گەپ قىلماي، يەنىلا غەمكىن ھالدا ئولتۇرىۋەردى. نۇشا يانچۇقىدىن بىر رۇپىيە چىقىرىپ شاراقلىتىپ قويۇپ:
— قارىغىنا، قانداق؟ — دېدى كۆرەڭلەپ.
— ئاداش، ئوت ئۈستىگە ماي چاچقاندەك ئىش قىلما، ئۆزۈمنىڭ پەرىشانلىقىممۇ يېتىپ ئاشىدۇ، — دېدى ئۇ تىت - تىت بولۇپ.
شامىمۇ گەپكە ئارىلاشتى:
— بوۋاي بىلەن گەپ تەگىشىپ قالدىڭمۇ؟
— ياق. بىچارە بوۋاينى ساقچىلار تۇتۇپ كەتتى.
راجانىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ ئىككىسى چۆچۈپ كەتتى. ساقچىلار ئۇنى تىلەمچىلىك قىلىشنى مەنئى قىلىش قانۇنىغا ئاساسەن تۇتۇپ، يىغىۋېلىش ئورنىغا تاپشۇرۇپ بەرگەنىدى. راجا بۇ ئىشنى سۆزلىگەنسېرى ئۈمىدسىزلىنىپ كەتتى. ھەقىقەتەن ئۇ ئۈمىدسىزلەنمەي مۇمكىنمىدى؟ تىلەمچىنى تۇتۇپ كېتىش

ئۇنىڭ ياشاش يولىنى ئۈزۈپ تاشلاش دېگەن سۆز ـ دە.

ئىككىيلەن ئەسلىدە راجانى ئىش بىلەن ئىزدەپ كەلگەنىدى، ئۇنىڭ بۇ پەرىشانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇ ئىشنى ئاغزىغىمۇ ئالمىدى. كىنونىمۇ كۆرەلمەيدىغان بولدى. ئۇچەيلەن مۇسۇلمانلار چايخانىسىغا كىرىپ چاي ئىچىشىپ ئولتۇرۇپ، راجانىڭ مۇندىن كېيىن قانداق قىلىشى لازىملىقى توغرىسىدا ئۇزاققىچە مەسلىھەت قىلىشتى. تون يېرىملىشىپ، ئۇلار تارقايدىغان چاغدا، نۇشا رىمونت زاۋۇتىدىن راجاغا بىرەر ئىش تېپىپ بېرىش ئۇچۇن ھاجى فىدىل بىلەن سۆزلىشىپ كۆرۈشكە ۋەدە بەردى.

بىراق، نۇشانىڭ تىرىشچانلىقى ئاقمىدى. راجا ئۇدا بىرنەچچە ۋاخ تاماق يېمىدى. ئۇ بىر ئامال قىلىپ تىلەمچىلىك بىلەن جان بېقىشقا مەجبۇر بولدى. بىر كۈنى ئۇنى ساقچى تۇتۇۋالدى. ساقچىلار ئۇنىمۇ باشقا تىلەمچىلەرگە ئوخشاش مال ھەيدىگەندەك ھەيدەپ مەھبۇسلار ماشىنىسىغا چىقاردى. لېكىن، راجا ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان بالا ئىدى. تىلەمچىلەر ساقچى ئىدارىسىگە ئېلىپ بېرىلىپ، ماشىنىدىن ھەيدەپ چۈشۈرۈلۈۋاتقاندا، ئۇ كىشىلەرنىڭ دىققەت قىلمىغانلىقىدىن پايدىلىنىپ مەھبۇسلار ماشىنىسىنىڭ ئاستىغا كىرىۋالدى. ئاندىن پەيتنى تېپىپ ساقچى ئىدارىسىنىڭ تېمىدىن ئارتىلىپ قاچتى. ساقچىلار بۇنى بىلگەن چاغدا كېچىككەنىدى، ئۇلار كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپلا قالدى.

ئۇ يەنە تۇتۇلۇپ قېلىشتىن قورقۇپ، بىرقانچە كۈنگىچە ياغاچ ئۆيگە يوشۇرۇنۇۋالدى. نۇشا بىلەن شامىلار ئۇنى يوقلاپ كەلگەندىلا ئاندىن ئاز ـ تولا يەيدىغان نەرسىگە ئىگە بولاتتى. شۇ كۈنلەردە شامى كەچ كېلەتتى. ھەر قېتىم كەلگەندە، قوينىدىن نان چىقىرىپ راجانىڭ ئالدىغا قوياتتى. بۇ نانلارنى ئۇ ئۆيدىن ئوغرىلاپ چىقاتتى. نۇشا پەقەت نىيازدىن ئاز ـ تولا پۇل ئۇندۇرەلىگەندىلا، ئاندىن ئاشخانىدىن بىرئاز تاماق ئەكىلىپ بېرەتتى. بولمىسا، راجا قۇرۇق نان غاجىلاشقا مەجبۇر ئىدى.

ئاشۇ بىر مەزگىل ئىچىدە نۇشا ھەر كۈنى دېگۈدەك بىرەر نەرسە ئوغرىلاپ، نىيازنىڭ دۇكىنىغا ئاپىرىپ تۇردى. ئۇدا بىرقانچە كۈن نەرسە ـ كېرەكلەر يوقىلىۋەرگەچكە، رېمونت زاۋۇتىدا گەپ ـ سۆز كۆپىيىپ كەتتى. ئابدۇل بارلىق ئىشچىلارنى يىغىپ، كانىيى يىرتىلغۇچە ۋارقىراپ تەنبىھ بېرىپ تۇراتتى. زاۋۇت دەرۋازىسىدا قاتتىق ئاختۇرۇش باشلاندى. لېكىن، نۇشا پىشىپ كەتكەچكە، ھەر قېتىم دەرۋازىۋەننىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپ ئۆتۈپ كېتەتتى.

ئۇ بىر قېتىم بىرەر زاپچاس ياكى سايماننى قولغا چۈشۈرەلمەي، پايلاپ يۈرۈپ پۇرسەت تېپىپ بىر يۆگەم مىس سىمنى بىر كونا ماشىنىنىڭ ئورۇندۇقىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇپ قويدى. ئىشتىن چۈشۈشتىن ئىلگىرى، كىشىلەرگە كۆرۈنمەي شالۋۇرىنى سېلىپ مىس سىمنى چاققانلىق بىلەن پاچىقىغا ئورىۋالدى. مىس سىم خېلىلا ئېغىر ئىدى. مېڭىش بىرئاز ئەپسىز بولاتتى. ئۇ قەدەملىرىنى ئېگىز ـ پەس بېسىپ دەرۋازىۋەننىڭ ئالدىدىن ئۆتۈۋاتقاندا، دەرۋازىۋەن بىرئاز گۇمانلىنىپ، ئۇنى چاقىرىپ توختاتتى.

— ھوي، قانداق مېڭىۋاتىسەن؟ پۇتۇڭ نېمە بولدى؟

نۇشا ئاڭلاپلا دەرھال ئازابلىنىۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋالدى.

— ئەپەندى، پۇتۇم قاتتىق ئاغرىۋاتىدۇ، پۇتۇمغا يوغان بىر كالتەك تېگىپ كەتتى، — ئۇ شۇنداق دەپ تۇرۇپ سىرتقا قاراپ ماڭدى.

ئالاقزەدىچىلىكتە يوغان ـ يوغان چامداپ ماڭدى. كىم ئويلىسۇن. سەل دىققەتسىزلىك قىلىپ قويۇپ، دەرۋازا ئالدىدىلا يىقىلىپ چۈشتى ـ دە، ھېلىقى مىس سىم پاچىقىدىن چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭدىن دىققىتىنى ئۈزمەي قاراپ تۇرغان دەرۋازىۋەن سىمنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، ئىككى سەكرەپ ئۇنىڭ ئالدىغا باردى.

— ھە، ئوغرىلاپسەن ـ دە! پۇتۇم ئاغرىق دەۋاتامتىڭ؟ —

دېدى كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ. ئاندىن يوغان قوللىرى بىلەن نۇشانىڭ بويىنىنى بوغۇۋېلىپ:

— قېنى، غوجايىنىڭنىڭ قېشىغا مەرھەمەت! — دەپ ۋارقىرىدى.

نۇشا كۈچىنىڭ بارىچە تىرماشقان بولسىمۇ، لېكىن بويى ئىككى مېتىر كېلىدىغان بۇ بەستلىك پاتانىنىڭ① ئالدىدا كار قىلمىدى. نۇشانى دەرۋازا ئىچىگە سۆرەپ ئەكىرىپ كەتتى.

ئابدۇل ئىشخانىسىدا شاراب ئىچىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا زاكۇسكا ۋە بىر بوتۇلكا ۋىسكى، قولىدا رومكا تۇراتتى.

دەرۋازىۋەن نۇشانى ئۇنىڭ ئالدىغا ئەكىرىپ، سىمنى شىرەگە قويدى.

— ئەپەندىم، ماۋۇ ھارىمى ئوغرىلىق قىپتىكەن تۇتۇۋالدىم، — دېدى ئۇ.

ئابدۇل رومكىنى شىرەگە قويۇپ، دەرۋازىۋەنگە:

— خان، سەن ياخشى دەرۋازىۋەن، مەن سەندىن كۆپ رازى، — دېدى. دەرۋازىۋەن ئالدىراپ تەزىم قىلىپ چىقىپ كەتتى.

— ئابدۇل مىس سىمنى سىلاپ قويۇپ، ئاندىن نۇشاغا قاردى. ئۇنىڭ كۆزلىرى بىردىنلا قىزىرىپ كەتتى.

— ھۇ ھارامدىن بولغان شۇم! — دەپ ۋارقىرىدى - دە، ئەلپازىنى بۇزۇپ، شىرەدىن يوقلىما دەپتىرىنى ئېلىپلا نۇشانىڭ يۈزىگە ئۇردى. نۇشا ئۇن سېلىپ يىغلىۋەتتى. ئابدۇل ئۇنىڭ يىغلىغىنىغا قارىماي، تارتمىدىن ئۈچ تال ئۇزۇن تۆمۈر مىخ ئالدى. بۇ مىخلار بىلەن ئۇ مەخسۇسلا ئىشچىلارنى جازالايتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ بىر تال مىخنى تامغا قاقتى، ئاندىن چىڭ قېقىلدىمۇ، يوق دەپ لىڭشىتىپ كۆردى. لاغىلداپ تىترەپ تۇرغان نۇشا بۇنى كۆرۈپ ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى.

— جانابىي غوجايىن، مەن ئىككىنچى ئوغرىلىق قىلماي ...

① پاتانلار — پاكىستاندا تۇرۇشلۇق ئافغانلارنىڭ ئاتىلىشى.

بۇندىن كېيىن ئوغرىلىق قىلسام، قانداق جازالىسىلا مەيلى ... جانابىي غوجايىن، مۇشۇ بىر قېتىم گۇناھىمدىن ئۆتسىلە.
ئابدۇل يىرتقۇچ يىلپىزدەك قەدەملىرىنى چوڭ ئېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاتتىق بىر تەستەك قويدى.
— تىلىڭنى تارت! ھارىمى، يەنە شۇنداق دەيدىغان بولساڭ، مۇشۇ يەردىلا ئۆلتۈرۈۋېتىمەن!
نۇشا قورقۇپ كېتىپ ئۈنىنىمۇ چىقىرالماي قالدى. ئابدۇل ئۇنىڭ ئىككى قولىنىڭ ئون بارمىقىنى ئىچى تەرەپكە قارىتىپ كىرىشتۈرگۈزۈپ، ئۇنى كۆتۈرۈپ مىخقا ئاستى. ئاندىن يەنە ئىككى مىخنىڭ ئۇچىنى يۇقىرى قارىتىپ، نۇشانىڭ پۇتىنىڭ ئالىقىنىغا ئۇدۇل قىلىپ يەرگە قاداپ قويدى. بۇلارنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، نۇشاغا:
— قارا، ئەگەر قولۇڭنى بوشىتىۋەتسەڭ، ئىككى تال مىخ پۇتۇڭنىڭ ئالىقىنىنى تېشىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ، — دېدى.
نۇشا بېشىنى تۆۋەن قىلىپ مىخقا قاراپ قاتتىق قورقۇپ كەتتى. قوللىرى ئۈزۈلۈپ كېتىدىغاندەك بەك ئاغرىپ كەتتى.
— جانابىي غوجايىن، — دېدى ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ، — خۇدا ھەققى، مېنى قويۇۋەتسىلە! جانابىي غوجايىن، جانابىي غوجايىن، قوللىرىم قاتتىق ئاغرىپ كەتتى! ۋايجان، بارماقلىرىم ئۈزۈلۈپ كېتەي دەپ قالدى!
نۇشا ئاغرىق دەستىدىن توختىماي ۋارقىرايتتى. ئابدۇلدىن خۇدا ھەققىدە، مۇھەممەت پەيغەمبەر ھەققىدە گۇناھىدىن ئۆتۈشنى يېلىنىپ تىلەيتتى. لېكىن، ئابدۇل ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماي، يەرلىك ۋىسكى ئىچىپ ئولتۇراتتى. نۇشا بەك زارلىنىپ كەتسە، ئۇ بىرنەچچە ئېغىز تىللاپ قوياتتى.
— يەنە ئاغزىڭنى يۇممايدىغان بولساڭ، تاياق يەيسەن. بىر كېچە ئاسمىغۇچە، سەن ھارىمى مېنىڭ يامانلىقىمنى بىلمەيسەن.
نۇشا بىردەم جىمىپ، يەنە ۋارقىرىدى. ئابدۇل شارابتىن يەنە ئوتلاپ:

— ئوغرىلىق قىل ! ئىتنىڭ كۈچۈكى، ئوغرىلىق قىل ! — دېدى.

شۇنداق قىلىپ، خېلى ۋاقىت ئۆتتى. ئاستا ـ ئاستا قاراڭغۇ چۈشتى. هاراق كۈچىنى كۆرسەتكىلى تۇردى. ئابدۇل يېقىمسىز ئاۋازلىرى بىلەن مەستلەرچە سەت بىر ئاهاڭغا غىڭشىغىلى تۇردى.

ئەي، يىراق سەپەرگە كەتكەن يارىم !
ئۇنتۇمىغىن ۋەدەڭنى.
ئەي، يىراق سەپەرگە كەتكەن يارىم !...

ئابدۇل مەستلىكتە يىراق يەرگە كەتكەن كىشىنى سېغىناتتى. لېكىن، كۆز ئالدىدىكى ئېسىقلىق تۇرۇپ چىدىغۇسىز ئازابلىنىۋاتقان نۇشانى ئۇنتۇپ قالغانىدى. ئۇشتۇمتۇت نۇشا ۋارقىراپ كەتتى:

— ۋايجان، جانابىي غوجايىن، قوللىرىم بەك ئاغرىپ كەتتى !

— هەي ! سەن تېخى ئېسىقلىقمىدىڭ. ئېسىقلىق پېتى تۇردۇۋەر، تۇرىۋەر ! سەن هازىر بىر شەپەرەڭگە ئوخشاپ قاپسەن، — دېدى ئابدۇل مەستلىكتە، ئاندىن قاقاهلاپ كۈلۈپ كەتتى.

نۇشانىڭ پۇتلىرى ئىككى تال پۇرژىنىغا ئوخشاش پىلتىڭلاپ تۇراتتى. ئۇ بەئەينى سويۇلۇۋاتقان قويغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ قاقشاپ ـ زارلاپ كەتتى. ئابدۇل قايرىلىپ بىر قاراپ قويدى. يەرگە قان تامچىلىغىلى تۇردى. نۇشانىڭ بارماقلىرى كېسىلىپ قانغا بويالغانىدى. ئەمما، ئۇ قولىنى قانداقمۇ بوشىتالىسۇن، ئۇنىڭ بارماقلىرى بىر ـ بىرىگە گىرەلىشىپ، ئۇگىلىرى قاتتىق كىرىشىپ كەتكەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بوشىتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. قاننى كۆرۈپ ئابدۇلنىڭ چىرايىدا كىچىككىنە ئەنسىزلىك ئەكس ئەتتى. ئۇ بىردەم ئولتۇرۇپ، رومكىدىكى ۋىسكىنى قېقىۋېتىپ، نۇشانى يەنە بىرنەچچە ئېغىز تىللاپ قويۇپ ئاندىن

ئورنىدىن تۇردى.

ئۇ بىرىپ نۇشانى پەسكە چۈشۈردى. نۇشانىڭ بارماقلىرى يەنىلا بىر ـ بىرىگە چىڭ كىرىشكىلىك ئىدى. قان توختىماي ئېقىپ تۇراتتى، بەدەنلىرى لاغىلداپ تىترەيتتى. ئۇنىڭ ئىشتاند-لىرىنىمۇ سۈيدۈك ھۆل قىلىۋەتكەنىدى. ئابدۇل ئۇنىڭ ئىككى قولىنى تۇتۇپ كۆچەپ بىر تارتىۋىدى، نۇشا ۋايجان دەپ قالدى ـ دە، بارماقلىرى ئاجرىدى، قان يەنىلا توختىماي ئېقىپ تۇراتتى.

ئابدۇل غەرق مەست ھالدا بىردەم تۇرۇپ، ئاندىن:

ـــ ماڭ، چىقىپ قولۇڭنى يۇيۇپ كىر، ـــ دېدى.

نۇشا دەلدەڭشىپ مېڭىپ چىقىپ كەتتى. ئابدۇل بىرىپ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، يەنە رومكىغا ئاززاق شاراب قۇيۇپ، ئالدىرىماي ئىچكىلى تۇردى.

بىردەمدىن كېيىن نۇشا قايتىپ كىردى.

ئابدۇل گەپمۇ قىلماي ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ كەتتى، ئاندىن ئاستاغىنا يانچۇقىدىن ئون رۇپىيەلىك تىيىزىدىن ئىككىنى ئېلىپ نۇشانىڭ ئالدىغا تاشلىدى.

ـــ ئاله ! بۇگۈندىن ئېتىبارەن ئىككىنچى بۇ يەرگە قەدەم باسما. نېمە قاراپ تۇرىسەن؟ يوقال كۆزۈمدىن! ـــ ئۇنىڭ ئاۋازى گۈلدۈرمامىدەك چىقىپ كەتتى.

نۇشا تىترەۋاتقان قوللىرىنى سوزۇپ يەردىن پۇلنى ئالدى ۋە ئىگرىغان پېتى زاۋۇت دەرۋازىسىدىن چىقىپ كەتتى.

ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە ئۇنىڭ قوللىرى ئىششىپ، چىرايى زەپىراندەك سارغىيىپ كەتكەنىدى.

ئانىسى كۆرۈپ قورققىنىدىن تىترەپ كەتتى ـ دە:

ـــ قولۇڭ نېمە بولدى؟ ـــ دەپ ئالدىراپ سورىدى.

نۇشا يانچۇقىدىن يىگىرمە رۇپىيەنى ئېلىپ ئانىسىنىڭ ئالدىغا قويدى.

ـــ غوجايىن مېنى ئىشتىن بوشىتىۋەتتى، ـــ دېدى ئۇ ئاستاغىنا، لېكىن ئۇ ھەقىقىي ئەھۋالنى ئانىسىغا ئېيتىشقا

جۇرئەت قىلالماي گەپ ياسىدى، — قىممەت باھالىق بىر ماشىنا زاپچىسى بۇزۇلۇپ كېتىۋىدى، ئابدۇل ئاچچىقىدا ئۇردى، ئاندىن ئىشتىن بوشىتىۋەتتى.

ئانىسى بۇنى ئاڭلاپ ئابدۇلنى قارغاپ كەتتى.

نۇشا زاۋۇتتىن چىققاندىلا ئىسسىتمىداپ تۇراتتى، ھازىر قىزىتمىسى تېخىمۇ ئۆرلەپ كەتتى. ئانىسى دوختۇردىن مەلھەم دورا ئەكېلىپ، قولىغا سۈرتۈپ تېڭىپ قويدى. نۇشا يېرىم كېچىدە قاتتىق ئىسسىتمىداپ تۇرغاندا، نىياز كېلىپ ئانىسى بىلەن سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى.

نىياز نۇشا توغرۇلۇق سۆزلەۋاتاتتى:

— مېنىڭچە بولسا، ئۇ كۆنبويى سەرگەردان بالىلار بىلەن ۋاقتىنى بىكارغا ئۆتكۈزۈپ ئاقىنانچىلىق كېسىلىنى يۇقتۇرۇۋالغان. ئۇ جەزمەن بىرەر يامان ئىش قىلىپ قويۇپ ئابدۇلنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويغان گەپ. بۇ زاۋۇتنىڭ غوجايىنى ئابدۇل ئوبدان ئادەم، ئىشچىلارغا ئۆزلىرىنىڭ بالىلىرىدەك مۇئامىلە قىلىدۇ.

نۇشا ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئوغىسى قايناپ ئىچىدە ئۇنى تىللىۋەتتى ـ دە، ئۆرۈلۈپ يۈزىنى باشقا ياققا قارىتىۋالدى.

## 4

ھازىر قارى ئەپەندى نىيازنىڭ دۇكىنىغا دائىم كېلىپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى. كۈن ئاتلاپ ۋاقىت چىقىرىپ بىر قېتىم كېلەتتى. ھەر قېتىم كەلگەندە ئۆمۈر سۇغۇرتىسىنىڭ پايدىسىنى توختىماي سۆزلەپ ئولتۇراتتى. نىيازمۇ ئۇنىڭ گېپىگە خېلىلا قىزىقىپ قالغانىدى. بۇ ئەللىك مىڭ رۇپىيەلىك سۇغۇرتا كەسپى بولۇپ، بۇنىڭ شېرىنكانىسىمۇ خېلى بار ئىدى. قارى ئەپەندى ئىمكانقەدەر بۇرۇنراق توختام تۈزۈشنى ئارزۇ قىلاتتى. بىر قېتىم ئۇ ئۆزىنىڭ سومكىسىنى ئېچىپ سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ

جەدۋەللىرىنى ئېلىپ، نىيازغا:
— نىياز ئەپەندى، خۇدا ھەققى، بۇگۈن توشتۇرۇۋەتسىڭىز، — دېدى.
— ياق، مەن سۇغۇرتىغا خوتۇنۇمنى قاتناشتۇرماقچى، — دېدى نىياز ئالدىراپ.
قارى ئەپەندى ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا بىر قاراپ قويىدى ـ دە، يەنە دەرھاللا ئەسلىي ھالىتىگە كەلدى.
ـ كېرەك يوق، مەيلى سىز بولۇڭ، مەيلى خوتۇنىڭىز بولسۇن، بەرىبىر ئوخشاش، — دېدى ۋە بىر دەقىقە توختىۋال-غاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مۇنداق بولسۇن، ئۇنىڭ نامىدا توشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئىمزا قويدۇرايلى، ئاندىن بىرىنچى قەرەللىك سۇغۇرتا ھەققىنى تۆلەڭ.
— مېنىڭ خوتۇنۇم يوق، — دېدى نىياز كۈلۈپ.
قارى ئەپەندى ئۇنىڭ گېپىنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىدى.
— ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كەتكەنمىدى؟
— ئۇنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىگە بىرنەچچە يىل بولدى.
قارى ئەپەندى بىردەم جىمىپ كەتكەندىن كېيىن:
— سىززە نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان مېنى ئەخمەق قىلىپ كەپسىز ـ دە، — دېدى ئەيىبلەش ئاھاڭىدا.
ئاچچىقىدا ئۇ يەنە نېمىلەرنىدۇر دېدى. نىياز ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋەتتى:
— ھەي قارى ئەپەندى، خاپا بولماي تۇرۇڭ. ئەمەلىيەتتە مەن يېقىندىلا ئۆيلەنمەكچى.
قارى ئەپەندىنىڭ ئاچچىقى بىر ئاز پەسەيدى.
— ئۇنداق بولسا توغرىسىنىلا ئېيتىڭ.
— مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپ بولماي تۇرۇپ ئالدىراپ بىر نەرسە دېمەڭ.
— قاچان ئۆيلەنمەكچى؟ شۇ چاغدا مېنى تەكلىپ قىلماي قالماڭ جۇمۇ.

— چوقۇم تەكلىپ قىلىمەن، ئاز قالدى.

ئىككىيلەن يەنە بىرنەچچە ئېغىز پاراڭ سېلىشتى. ئاندىن قارى ئەپەندى جەدۋەللەرنى سومكىسىغا سېلىپ دۇكاندىن چىقىپ كەتتى.

نىياز قارى ئەپەندىنى ئۇزىتىپ قويۇپ، ئاندىن يالغۇز ئولتۇ-رۇپ، قانداق قىلىپ رازىيە بىلەن توي قىلىش، ئاندىن قانداق قىلىپ ئۇنى ئەللىك مىڭ رۇپىيەلىك سوغۇرتىغا قاتناشتۇرۇش ئىشىنى ئويلىغىلى تۇردى. لېكىن، مەسىلە، بۇرۇنراق ئەللىك مىڭ رۇپىيەگە ئىگە بولۇش ۋە سۇلتانەگە ئېرىشىش ئۈچۈن قانداق قىلىپ رازىيەنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىش ئىدى.

نىياز ئويلا - ئويلا ئاخىر بىر ئەقىل تاپتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ دۇكاننى قۇلۇپلاپ، سېمىز دوختۇرنىڭ شىپاخانىسىغا قاراپ كەتتى.

نىياز شىپاخانىغا كىرگەندە، سېمىز دوختۇر تېخى كەلمىگە-نىدى. دورىگەر ئۇنىڭغا دوختۇرنىڭ سىرتقا چىقىپ كەتكەنلى-كىنى، سەل تۇرۇپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. نىياز «بۇمۇ بول-دۇ، شىپاخانىدا ئادەم كۆپ، سۆزلىشىشكە بىئەپ، ئۆيدە بولسا ئېمىنى دېمەكچى بولساڭ شۇنى دېيەلەيسەن» دەپ ئويلىدى - دە، شىپاخانىدىن چىقىپ ئۇدۇل سېمىز دوختۇرنىڭ ئۆيىگە باردى.

سېمىز دوختۇر ئۆيدىن چىقاي دەپ تۇرغاندا نىياز كېلىپ قالدى. سېمىز دوختۇر ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

— نىياز ئۇكام، بۈگۈن قانداق بولۇپ بۇياقلارغا كېلىپ قالدىڭىز؟ — دەپ سورىدى كۈلۈپ تۇرۇپ.

نىياز دۇدۇقلاپ قالدى. سېمىز دوختۇر بىلەن مۇناسىۋىتى يېقىن بولۇپ، ھەر قېتىم كېسەل بولۇپ قالغاندا ئۇنىڭغا كۆرۈ-نەتتى. گەرچە نىياز سېمىز دوختۇرنىڭ قولىغا بىر سىقىم پۇل تۇتقۇزۇپ قويسا، ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا ئۇنايدىغانلىقىنى بىلسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇ قېتىم دېمەكچى بولغان گېپىنى بىراقلا ئاغزىدىن چىقىرالمايۋاتاتتى.

سېمىز دوختۇرنىڭ ئىسمى غەيرەت مۇھەممەت ئىدى. ئۇ قاپپاش ئادەم بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى «سېمىز دوختۇر» دېيىشەتتى. ئۇ گۈلنارلىق بولۇپ، ئۇ يەردىكى بىر شىپاخانىدا دوردىگەر ئىدى. ھىندىستان بىلەن پاكىستان ئايرىلغان چاغدا، ئۇ كۆچمەنلەر بىلەن بىللە پاكىستانغا كەلگەن. كېيىن ئۆزى بىر شىپاخانا ئاچقان. ھازىر ئۇ ئۆزىنىڭ ئىسمىنىڭ ئالدىغا يالغاندىن بىر ئىلمىي ئۇنۋان قوشۇۋالغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تىجارىتى يۈرۈشۈپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىگە تېخى تۆت يىلمۇ بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن بىرنەچچە ئېغىر دېلوغا چېتىلىپ، ھەر قېتىم تۈرمىگە چۈشۈشكە تاس - تاماس قېلىپ، ئاران دېگەندە قۇتۇلغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا توۋا قىلمايۋاتاتتى.

سېمىز دوختۇر غەيرەت مۇھەممەت نىيازنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇردى. ئۇ نىيازنىڭ گەپ قىلمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— گېپىڭىزنىڭ ئاخىرىنى قىلالمايۋاتىسىزغۇ، ئېيتىشقا ئوڭايسىز بولغان بىرەر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالدىڭىزمۇ يا؟ — دەپ سورىدى كۈلۈپ تۇرۇپ، — مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاڭ، سىز ئەمدى پاھىشىخانىلاردا ئايلىنىپ يۈرمەي، ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇۋېلىڭ.

باشقا ۋاقىتتا ئۇ مۇشۇنداق دېگەن بولسا، نىياز ھەرگىز كەچۈرمەيتتى. ئەمما، ھازىر نىيازنىڭ ئۇنىڭغا ئېھتىياجى چۈشۈپ قالدى - دە. نىياز كۈلۈپ قويۇپ ئەپلەپ - سەپلەپ بىر - ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ بولۇپ، ئاندىن ئاساسىي مۇددىئاسىنى ئېيتتى:

— ھازىر مەن سىزنىڭ بىر جىددىي ئىشنى بېجىرىپ بېرىشىڭىزنى سوراپ كېلىۋىدىم.

— مېنىڭ كەسپىم باشقىلار ئۈچۈن ئىشلەش. نېمە ئىش بولسا، توغرىدىن - توغرا ئېيتىۋېرىڭ.

نىياز ئېيتىشقا تەمشىلىپ يەنە توختىۋالدى.

— دەۋېرىڭ، نېمىدىن قورقىسىز؟ قانچىلىك ئىش ئىدى ئۇ؟

— بەك چوڭ ئىش بۇ.
دوختۇر ھەيران بولدى.
— ھە، ئۇنداق بولسا نېمىشقا دېمەيسىز؟
نىياز دۇدۇقلاپ سۆزلىدى:
— مۇنداق ئىش، دوختۇر ... — ئۇ سۆزىنى دەپ بولماستىن كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ سىمىز دوختۇرغا تىكىلدى.
— كىشىنى دەككە - دۈككىگە سالماي، گېپىڭىزنى چاققان دەڭ، — دېدى دوختۇر ئالدىراپ.
نىياز قورقۇپ قالدى - دە، ئورنىدىن تۇردى.
— باشقا ۋاقىت تېپىپ ئاندىن دەي.
— ئۇنداق قىلسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ — دوختۇر دەرھال ئۇنى توسۇۋالدى، — بۈگۈن گېپىڭىزنى دەپ بولۇپ ئاندىن مېڭىڭ. ئولتۇرۇڭ، ئولتۇرۇڭ.
نىياز ئامالسىز يەنە ئولتۇرۇپ، بېشىنى ساڭگىلاتقان پېتى ئاۋازىنى تۆۋەن چىقىرىپ سۆزلىدى:
— ئادەمنى ئاستا - ئاستا زەھەرلەيدىغان بىر خىل نەرسە بار ئىكەن دەپ ئاڭلىۋىدىم.
دوختۇر تەمكىن ھالدا نىيازنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قاراپ كېتىپ:
— بۇنى نېمىشقا سورايسىز؟ — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ.
— قىلمىدىغان ئازراق ئىش بار ئىدى، — دېدى نىياز دەرھال.
دوختۇرنىڭ كۆزلىرى دەرھال زەھەرخەندىلىككە تولدى.
— گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ، — دېدى ئۇ نىيازنىڭ قۇلىقىغا ئاستاغىنا، — مۇنداق ئىشنى ئويلىماڭ. بۇ ئۇسۇل خەتەرلىك بولۇپلا قالماي، بەلكى بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرىدۇ.
— ئۇنداقتا قانداق قىلىش كېرەك؟ — دېدى نىياز بىرئاز نائۈمىد بولۇپ.
دوختۇر ئۇنىڭغا ئاستا مەسلىھەت بەردى:
— ئالدىرىماڭ، سەۋرلىك بولۇڭ. مۇنداق ئىشنى قىلىشنىڭ

ئۇسۇلى ھازىر بارغانسېرى ئىلغارلىشىپ كەتتى.
نىياز لام ـ جىم دېمەي ئولتۇراتتى.
دوختۇر سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:
— ئوكۇل سېلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق يۈرەكنىڭ خىزمىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، ئاخىرىدا يۈرەكنى سوقۇشتىن توختىتىش مۇمكىن. مۇنداق قىلغاندا ھېچكىم بىلەلمەيدۇ، خەۋپ ـ خەتەر بولمايدۇ. مېنىڭچە بولسا، بۇ ئەڭ ئىشەنچلىك. بۇ خىل ئۇسۇل ھازىر ياۋروپا ۋە ئامېرىكىلاردا كەڭ تارقىلىۋاتىدۇ.
نىيازغا دوختۇرنىڭ مەسلىھەتى بەك ياراپ كەتتى. ئۇ شۇنداق قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.
دوختۇر گېپىنى تۈگىتىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن قايتىپ كىرىپ ئىشكىنى ئېتىپ قويۇپ نىيازنىڭ ئالدىـ غا كەلدى. ئاندىن يانچۇقىدىن كىچىككىنە بىر قۇتىنى ئېلىپ، ئاغزىنى ئېچىپ نىيازغا كۆرسەتتى.
— قاراڭ، — دېدى سىرلىق قىياپەتتە، — مانا مۇشۇنداق ئوكۇل. بۇ نەرسىنى شىپاخانىدا قويماي، ئۆيگە تىقىپ قويىمەن.
— مۇشۇ ئاشۇنداق ئوكۇلمۇ؟
— ھەئە، بىراق بۇ ئىش ئۈچۈن بەش مىڭ رۇپىيە بېرىشىڭىز كېرەك.
نىياز بەش مىڭ رۇپىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قاتتىق چۆچۈپ كەتتى.
— دوختۇر، بۇ بەك كۆپقۇ؟
— چوقۇم شۇنچىلىك بولۇشى كېرەك، كەم بولسا بولمايدۇ. ئويلاپ بېقىڭ، راست گەپنى قىلغاندا، مۇشۇنداق ئىش ئۈچۈن يۈز مىڭ، مىليون رۇپىيەنىمۇ كۆپ دېگىلى بولمايدۇ.
— بىرئاز كېمەيتىشكە بولمامدۇ؟ — دېدى نىياز سەل تۇرۇـ ۋېلىپ.
— بولمايدۇ.
— مەندە ئۇنچىۋالا كۆپ پۇل يوق ـ دە.

— ئەمسە مۇنداق ئىشنى قىلماڭ، — دوختۇر قىلچە يول قويمىدى.

نىياز بىردەم ئولتۇرۇپ ئۆزىنى سەل تىنچلاندۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئاندىن:

— ماقۇل، سىزنىڭ دېگىنىڭىزچە بولسۇن. بىراق، ماڭا شۇنى ئېيتىپ بېرىشىڭىز كېرەك، جەمئىي قانچىلىك ۋاقىت كېتىدۇ؟

— ئاز دېگەندىمۇ تۆت ـ بەش ئاي كېتىدۇ.

— بۇنىڭدىن ئۇزۇنراق بولسىمۇ مەيلى، بىر يىلدىن ئېشىپ كەتمىسىلا بولدى.

— ئېشىپ كەتمەيدۇ، بىر يىل بەخۇدۇك يېتىدۇ.

ئىش مۇشۇنداق بېكىتىلدى. نىياز دوختۇرغا ئالدىن مىڭ رۇپىيە بېرىدىغان، كېسەلدە خەتەرلىك ئالامەت كۆرۈلگەندە، ئاندىن ئىككى مىڭ رۇپىيە بېرىدىغان، قالغان قىسمىنى كېسەل ئۆلگەندىن كېيىن بىراقلا بېرىدىغان بولدى.

نىياز ھەممە ئىشنى ئوبدان سۆزلىشىپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن دۇكانغا قايتقاندىن كېيىن قورقۇپ قالدى. ئۇ دائىم زاڭ ماللارنى ئېلىپ ـ سېتىپ يۈرۈپ يۈرىكى خېلى توملىشىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن مۇنداق تەۋەككۇلچىلىكنى بۈگۈنگىچە قىلىپ كۆرمىگەنىدى. ئۇ كۈنى ئۇنىڭ ئىچى تىت ـ تىت بولۇپ، پىكرى چېچىلىپ كەتكەچكە، نۇشالارنىڭ ئۆيىگىمۇ بارماي، ئاشخانىدا تاماق يەپ بولۇپ، ئاستا بېرىپ ئۇخلاپ قالدى.

كېچە سائەت ئون بىر يېرىمدا ئىشىك قېقىلدى. ئۇ تازا تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى، شەپىنى ئاڭلاپ قوپۇپ ئىشىكنى ئاچتى. ئۇ سۇلايمان ئىدى. سۇلايماننىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ، چاچلىرى پاخپىيىپ، چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى.

نىياز ئۇنى ئىشىكتىن كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭ بۇ يېرىم كېچىدە نېمىشقا كەلگەنلىكىنى سورىدى.

— بۇرادەر نىياز، — دېدى سۇلايمان بىرئاز ئىككىلىنىپ تۇرۇپ، — مەن بىر ئالدىراش ئىش بىلەن كېلىۋىدىم. ماڭا يۈز

رۇپىيە قەرز بېرىپ تۇرسىڭىز، سىزگە كۆپ رەھمەت ئېيتقان بولاتتىم.

— مۇشۇ كۈنلەردە ماڭىمۇ پۇل كېرەك بولۇۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە هازىر يېنىمدا پەقەت پۇل يوق، — دېدى نىياز.

— بۇرادەر، هازىر قانداق قىلىپ بولسۇن، بىرەر ئامال قىلىپ بېرىڭ. مېنىڭ بەك بېشىم قېتىپ قالدى، — دېدى سۇلايمان ھۆرمەت بىلەن.

هازىر نىيازنىڭ يېنىدا بىرنەچچە يۈز رۇپىيە بار ئىدى، لېكىن ئۇ قەرز بېرىشنى خالىمىدى. سۇلايمان ئاشۇ كۈنى تېرموسنى قويۇپ كەتكەندىن كېيىن، بۇ ئۇنىڭ بىرىنچى قېتىم كېلىشى ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە پۇل قەرز سوراپ كەلگەنىدى. نەچچە ئون رۇپىيە ئەمەس، ساقمۇساق يۈز رۇپىيە تېخى.

— ئۇكام، — دېدى نىياز بىرئاز ئويلىنىۋېلىپ، سوغۇق تەلەپپۇزدا، — كەچۈرۈڭ، سىز بۇرۇنقى قەرزنى قايتۇرماي تۇرۇپ، يەنە قەرز سوراپ كەپسىزغۇ !؟

سۇلايمان چۈشتىن تارتىپ قارتا ئويناپ بىر تىيىن قالماي ئۇتتۇرۇۋەتكەنىدى. ئۇتتۇرۇۋەتكەن بىر قىمارۋاز سۈپىتىدە ئۇنىڭغا پۇل كېرەك ئىدى، مەيلى قانداق يول بىلەن قولغا كەلتۈرسە بولىۋېرەتتى.

ئۇ شۇنچە قىلسىمۇ نىيازنىڭ قەرز بېرىشكە ئۇنىمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— ماڭا ئىشەنمىسىڭىز ھۆججەت يېزىپ بېرەي، — دېدى.

بۇنى ئاڭلاپ نىيازنىڭ ئاچچىقى كەلدى.

— بۇ گېپىڭىزچە پۇل تۇرۇپ سىزگە قەرز بەرمەي، سىزنى ئالداپتىمەن ـ دە، شۇنداقمۇ؟ ھەي ي ي، تازا ئوبدان ئادەم بىلەن دوست بوپتىكەنمەن. مەن كىشىلەرگە ھۆججەت يازدۇرىدىغان بولسام يالغۇز سىزلا ئەمەس.

— سىز خاتا چۈشىنىپ قالدىڭىز، — دېدى سۇلايمان ئوڭايسىزلىنىپ.

— سىزنىڭ مەقسىتىڭىزنى چۈشەندىم، مىڭ قېتىم، ئون مىڭ قېتىم دېگەن بىلەنمۇ يېنىمدا پۇل يوق.

سۇلايمان بېشىنى سالغان پېتى كېتىپ قالدى.

نىيازنىڭ ئۇيقۇسى بۇزۇلۇپ كەتكەندى، ئۇ كارىۋاتقا چىقىپ ئۇياق ـ بۇياققا ئۆرۈلۈپ ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمىدى، ئۇنىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىمىنى يەڭگۈشلەپ، نۇشالارنىڭ ئۆيىگە ماڭدى.

نىياز نۇشالارنىڭ ئۆيىگە يېتىپ بارغاندا، يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندى. لېكىن، نۇشالارنىڭ ئۆيىدىكىلەر تېخى ئۇخلىمىغا-ندى. نۇشا ئىشتىن بوشىتىۋېتىلگەندىن كېيىن، ئەمدى سۇلتا-نە ۋە ئۇنىڭ ئانىسى كۆپرەك ئىشلىمىسە بولمايتتى. ئانا ـ بالا ئىككىيلەن قارا چىراغنىڭ غۇۋا يورۇقىدا ئولتۇرۇپ بىر زاۋۇت ئۈچۈن تاماكا يۆگەۋاتاتتى.

نىياز ئىشىكتىن كىرىشتىن ئاۋۋال، سۇلتانە ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى، لېكىن نىياز يەنىلا ئۇنى كۆرۈپ قالدى. بەدەننى سىقىپ تۇرىدىغان كىيىمى ئۇنىڭ تولغان بەستىگە ئاجا-يىپ ياراشقانىدى. نىياز ئاچ كۆزلۈك بىلەن دېمىنى ئىچىگە بىر تارتتى ـ دە، ئۆز پىلانىنى دەرھال ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىملىقىنى تېخىمۇ ھېس قىلدى.

# ئۈچىنچى باب

## 1

نۇشانىڭ قوللىرى پۈتۈنلەي ساقايغانىدى. ھازىر ئۇ لالما ئىتتەك كۈنبويى كوچىلاردا ئايلىنىپ يۈرەتتى، راجا ھازىرغىچە يەنىلا ئاچلىقتا تۇرمۇش كەچۈرمەكتە ئىدى. مۇشۇ كۈنلەردە ئۇ ئىككىسى دائىم بىللە ئىدى. ھەممىشە كۈن چىققاندىن كېيىن، ھامان ئىككىسىدىن بىرى ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىكى دەرەخنىڭ ئاستىدا يەنە بىرىنى كۈتەتتى. چۈنكى، بۇ يەردە ۋېلىسىپىت رېمونت قىلىدىغان بىر دۇكان بار ئىدى. بۇ دۇكاننىڭ ئىگىسى مۇجىت ناملىق بىر ياش بالا ئىدى، ئۇلار مۇجىت بىلەن ئاغىنە بولۇپ قېلىشقانىدى. كۈندۈزى كۆپ ۋاقىتتا شۇ يەردە بولاتتى. ئۇ دۇكاندا يالغۇز ئىشلەيتتى. خېرىدارلار كۆپىيىپ قالغان چاغلاردا، نۇشا بىلەن راجا يەل ئۇرۇش ياكى باشقا ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنى قىلىشىپ بېرەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرەر تال تاماكا چېكىش، بەزىدە تېخى بىرەر چىنە چاي - پاي ئىچىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇپ قالاتتى.

بىر كۈنى مۇجىتنىڭ دۇكىنىغا ئىش كەلمىدى. راجا بىلەن نۇشا ئادەتتىكىدەك شۇ يەردە بولدى. چۈش مەزگىلىدە كوچىلار تىنچىپ قالدى. ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئالدىدىكى مەيداندا بىر قاتار ۋېلىسىپىت تۇراتتى. مۇجىت ئولتۇرا - ئولتۇرا، خىيالىغا نېمە كەلدىكىنتاڭ، ئۇ ئىككىسىگە:

— ھەي، بۈگۈن ئىككىڭلار كارامىتىڭلارنى بىر كۆرسىتىڭلار، خېرىدارلار ئالدىمىزغا كەلمەي قالمايدىغان بولسۇن، — دېدى.

ئۇلار مۇجىتنىڭ مەقسىتىگە چۈشەنمەي، ئۇنىڭغا قاراپ قې-
لىشتى.

— ئاغىنىلەر، — دېدى مۇجىت چۈشەندۇرۇپ، — بېرىپ
بىرنەچچە ۋېلسىپىتنىڭ كامېرىنى تېشىۋەتسەڭلار، ئىش دېگەن
تېپىلىدۇ.

— تۇتۇلۇپ قالساق تاياق يەيدىغان گەپ، — دېدى راجا.

— ۋاي - ۋۇي، نېمانداق توخۇ يۈرەك سەن، — دېدى
مۇجىت، — يېقىن بېرىپ يىڭنىنى كامېرغا بىرلا سانجىساڭ
بولىدى. سېنى بۇلاڭچىلىق قىل دېمىدىغۇ بىراۋ.

راجا ماقۇل بولدى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ بىنا تەرەپكە
ماڭدى. ئۇ بىخەتەرلىكنى كۆزدە تۇتۇپ نۇشانىمۇ ئەگەشتۇ-
رۇۋالدى. ئۇ چاغدا ئەتراپتا ئادەم يوق ئىدى. نۇشا قاراۋۇللۇق
قىلدى، راجا بىراقلا بىرقانچە ۋېلسىپىتنىڭ كامېرىنى تېشى-
ۋەتتى.

مۇجىتنىڭ چارىسى راست دېگەندەك ئۇنۇم بەردى. بىردەمدىن
كېيىن، كامېر چاپلىتىدىغان كىشىلەر ئارقا - ئارقىدىن كەلگى-
لى تۇردى. دۇكاننى تاقايدىغان چاغدا مۇجىت تېشىلگەن كامېر-
نىڭ ھەربىرىگە بىر ئانىدىن ھېسابلاپ، راجا بىلەن نۇشاغا يەتتە
ئاننا پۇل بەردى.

سىناق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ چىقتى. ئىككىنچى كۈنى
ئۇلار ساقمۇساق ئون ئىككىنى تېشىپ، ئون ئىككى ئانناغا ئىگە
بولدى. ئەمدى ئۇلار يىڭنىنى تۇتۇپ ھەمىشە ۋېلسىپىت قويۇ-
لىدىغان يەردە ئايلىنىپ يۈرەتتى - دە، پۇرسەت تاپسا قول
سالاتتى. ئۇلار بارغانسېرى تەجرىبىلىك بولۇپ، ھودۇقمايدىغان
بولۇپ قالدى. مۇجىت بىر قېتىم ئۇلارنى تېخى بەك بىخەستەلىك
قىلىۋاتىسىلەر دەپ ئەيىبلىدى. لېكىن، ئۇلارغا مۇنداق تەۋەك-
كۈلچىلىك ئىشنى قىلىش قىزىق تۇيۇلدى. ئۇلار بىر كۈنى
ۋېلسىپىت قويۇش مەيدانىدىكى بارلىق ۋېلسىپىتنىڭ كامې-
رىنى ئالا قويماي بىراقلا تېشىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن چوڭ بىر

ماجىرا چىقتى. كىشىلەر ئۇلارغا گۇمانلىق نەزىرى بىلەن قارىد-
دى. لېكىن، ئۇلار قىلچە قورقۇپ قالمىدى. شۇ كۈنى ئۇلار ئۈچ
رۇپىيەگە يېقىن پۇل تاپتى.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ، بىر قېتىم راجا بىر ۋېلىسىد-
پىتنى تېشىپ بولۇپ تۇرۇشىغا، شۇ ۋېلىسىپىتنىڭ ئىگىسى
ئاشلىق ئىدارىسىدىن چىقىپ قېلىپ، راجانىڭ يىڭنە بىلەن يەنە
بىر ۋېلىسىپىتنى تېشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭ
ۋېلىسىپىتىمۇ بۇرۇن مۇشۇ يەردە ئىككى قېتىم تېشىۋېتىلگە-
نىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ دەرھال بېرىپ راجانىڭ بويىنىدىن
بوغۇۋالدى. كىشىلەر ئەيىبلەپ تىللاۋاتقان ئاۋازنى ئاڭلاپ ئاپلاپ
گۇررىدە ئولاشتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە «زىيانكەشلىككە ئۇچرىد-
غان»لارمۇ بار ئىدى. ئۇلار ئاۋۋال تىل ـ ئاھانەت ياغدۇردى،
ئاندىن مۇشت كۆتۈرۈپ ئۇرغىلى تۇردى. كىشىلەرنىڭ ئارىسىغا
كىرىۋالغان نۇشا راجانىڭ تاياق يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇردى،
ئەمما ئۇنى قۇتقۇزۇشقا ئامال قىلالمىدى. شۇ ئەسنادا كىشى-
لەردىن بىرى:

— بۇنىڭ بىلەن بىللە يۈرىدىغان يەنە بىر ئەبلەخ بار، ئۇنىڭ-
مۇ ئەدىپىنى بېرەيلى! — دېدى.

نۇشا بۇ گەپنى ئاڭلاپ قورقۇپ كەتتى ـ دە، دەرھال كىشىلەر
ئارىسىدىن قېچىپ چىقىپ كەتتى.

— ئۇنى تۇتۇۋالايلى! قاچۇرۇۋەتمەي تۇتۇۋالايلى! — دەپ
ۋارقىراشتى كىشىلەر. لېكىن، نۇشا ئۇلارغا تۇتۇق بېرەمدىغان.
ئۇ چوڭ يولنى كېسىپ ئۆتۈپ، غىپ قىلىپلا بىر تار كوچىغا
كىرىپ كەتتى.

نۇشا چۈشتىن كېيىن راجانى كۆردى. ئۇ بويىنىنى تۈز تۇت-
قان، بىر قاپىقى ئىششىپ كەتكەن ھالدا ئاقساقلاپ كېلىۋاتاتتى.

— بۇ گۇيلار بەك قاتتىق ئۇرۇۋەتتى جۇمۇ! — دېدى ئۇ نۇ-
شانى كۆرۈپ.

— مۇجىت بېرىپ سېنى قۇتقۇزۇۋالمىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى

نۇشا.

— ئۇ ئەبلەخ ئۆلگۈدەك قورقۇپ، يىراقتا تۇرۇپ تاماشا كۆر-دى.

ئۇلار كوچا بېشىدا سۆزلىشىپ تۇرغاندا شامى كېلىپ قالدى. ئۇ بەك خۇشال كۆرۈنەتتى. ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلەر-كەلمەيلا بەش رۇپىيەلىك تىيزىدىن بىرنى چىقىرىپ، كۆز-كۆز قىلىپ تۇرۇپ:

— كىنوغا بارامدۇق؟ — دېۋىدى، نۇشا بىلەن راجا دەرھال ماقۇل بولدى.

كىنو كۆرۈشتىن ئاۋۋال ئۇلار مۇسۇلمانلار چايخانىسىدا چاي ئىچىشتى. شامى ئۇلارغا بۇ بەش رۇپىيەنى دۇكاندىن ئوغرىلىغاز-لىقىنى ئېيتىپ بەردى. ئۇ كۈنى دادىسىنىڭ دەم سىقىلىش كېسىلى قوزغىلىپ قېلىپ دۇكانغا چىقالمىغانىدى. دادىسى دۇكانغا چىقمىسا، دۇكان ئۇنىڭغا ئۆتچە قالاتتى-دە، ئاز-تولا پۇل جايلىۋالاتتى. ئالمادىس تۇتۇلۇپ قالىدىغان بولسا، تازا تاياق يەيتتى.

راجا بىلەن نۇشالار شامىنىڭ بەش رۇپىيەسىگە كىنو كۆرۈپ، تازا ئويناپ، كۆڭۈللۈك بىر ئاخشامنى ئۆتكۈزدى.

نۇشا ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندىلا راجانىڭ قېشىغا كەلدى. ئەمدى مۇجىتنىڭ دۇكىنىغا بېرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ راجاغا: «ئۇكام، ئەمدى بۇ يەرگە كەلمەڭلار، بولمىسا، ئۇ خەقلەر ماڭا ئېسىلىۋېلىپ، ئوقىتىمنى ئاقتۇرمايدۇ» دېگەنىدى.

قەيەرگە بېرىش كېرەك؟ بۇ ئەمدى بىر مەسىلە بولۇپ قالغا-نىدى. ئىككىيلەن ياغاچ ئۆيدە بىرئاز پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، ئاندىن شامىنىڭ دۇكىنىغا باردى. شامى يوق ئىدى. دادىسى توخ-تىماي يۆتىلىپ ئولتۇراتتى.

ئىككىيلەن رەستىنى بىر ئايلىنىپ چىقىپ، ئاندىن راجانىڭ تەكلىپى بويىچە دەريا بويىغا قاراپ ماڭدى. ئادەتتە دەريانىڭ ئۇ قېتىدىن بۇ تەرەپكە كۆكتات، مېۋە-چېۋە توشۇيدىغان كېمىلەر

كېلىپ تۇراتتى. ئۇلار يۇك چۈشۈرىدىغان بىرەر ئىش چىقىپ قالار دېگەن ئۈمىدتە ئىدى. لېكىن، ئۇلار پىيادە تۆت مىل يول يۈرۈپ بۇ يەرگە كەلسە، ئەھۋال باشقىچە بولۇپ چىقتى. بارلىق كېمىلەر سايازلىقتا تاشپاقىدەك دۈم كۆمتۈرۈلۈپ ياتاتتى، كېمىچىلەر بىر چەتتە ئولتۇرۇپ بىرنېمە توغرىسىدا يۇقىرى ئاۋازدا مۇلاھىزە قىلىشىۋاتاتتى. راجا ھەيران بولۇپ، بارخان ئۈستىگە چىقىپ كېمىلەرگە قاراپ تۇرغاندا، بىر كېمىچى ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالدى. ئۇ كېمىچىدىن سۈرۈشتۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن، ئاندىن شەھەر مەمۇرىيىتى كومىتېتى كېمىلەردىن ئېلىنىدىغان باجنى ئۆستۈرگەنلىكتىن، كېمىچىلەرنىڭ ئىش تاشلىغانلىقىنى بىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ پەيزى ئۇچۇپ كەتتى.

ئۇلار ئاستا مېڭىپ پىرىستانغا باردى، ئۇ يەرمۇ جىمجىتلىق ئىدى. پىرىستان قەدىمي خارابىدەك ۋەيران بولۇپ كەتكەنىدى. يىلبويى كېلىپ تۇرغان كەلكۈننىڭ زەربىسىدىن پىرىستاننىڭ دەرياغا قارايدىغان تەرىپى ئۆلتۈرۈشۈپ كېتىپ، يوغان بىر ئۆڭكۈر ھاسىل بولۇپ قالغان، ئۈستىدە كەڭ بىر چاك پەيدا بولغانىدى. ئۇلار پەلەمپەي ئارقىلىق پەسكە چۈشتى.

چۈش ۋاقتى، ئۇلار ئوتتەك قىزدۇرۇپ تۇرغان ئاپتاپتا بىرنەچچە مىل يول يۈرۈپ چارچاپ ھالىدىن كەتكەنىدى. ئىككى-سى ئۆڭكۈرگە كىرىۋالدى، ئۇنىڭ ئىچىدىن چىققان نەمخۇش سالقىن شامالدا راھەتلىنىپ كەتتى. ئۇلار تۈزۈكرەك بىر جاينى تېپىپ ئولتۇرۇشتى. تۆۋەندە چېتىگە كۆز يەتمەيدىغان دەريا سۈيى ئاستا ئاقماقتا ئىدى. نۇشا ئېقىن سۇغا قىزىقسىنىپ قارايتتى. قاپاقلىرى چۈشۈپ كەتكەن راجا ئۇندىمەي ئولتۇراتتى. نۇشا بىرنەچچە قېتىم سۆزىنىڭ بېشىنى چىقىرىۋىدى، لېكىن راجا ئىچى تىت - تىت بولغان ھالدا بىرنەچچە ئېغىز ئۇنى - بۇنى دەپ قويۇپلا يەنە جىم بولۇۋالدى. ئاخىر نۇشا:

— ھەي راجا، نېمە بولدۇڭ؟ گەپ قىلمايسەنغۇ؟ — دەپ

سورىدى.

— مېنىڭ غەم - قايغۇمنى ئاشۇرمىساڭچۇ، — دېدى ئۇ تەرىنى بۇزۇپ.

— زادى نېمە بولدۇڭ؟ نېمانداق خاپا بولۇپ قالدىڭ؟ — راجا جاۋاب بەرمىدى.

— هوي، بىر زۇۋان سۆرسەڭچۇ !

ئۇ يەنىلا لام - جىم دېمىدى. نۇشامۇ قايتا گەپ - سۆز قىلمىدى - دە، ئىككىيلەن جىمجىت ئولتۇرۇشۇپ كەتتى. قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرى ئېقىن سۇغا چۈشۈپ جىلۋە قىلماقتا ئىدى. دەريا سۈيى ئاستا ئۇقچۇپ ئاقاتتى. غۇر - غۇر سالقىن شامال ئۇلارنىڭ چاچلىرىنى چۇۋۇپ يۈزلىرىگە چۈشۈرۈۋەتتى. ئۇلار كۆزلىرىنى هۇۋقۇشنىڭ كۆزىدەك چەكچەيتىپ جىمجىت ئولتۇرۇشاتتى. ئۇشتۇمتۇت راجا ئالدىغىراق سىلجىپ پۇتلىرىنى تۆۋەنگە ساڭگىلاتتى. دولقۇن قىرغاقىقا ئۇرۇپ، شالاقلىتىپ كۆمۈش رەڭ بۇژغۇنلارنى يىراق - يىراققا چاچرىتىپ تۇراتتى. نۇشا قورقۇپ قالدى - دە، بەدىنىگە تىترەك ئولاشتى. شۇ ئاۋازلار ئىچىدىن راجانىڭ:

— ئاداش، مېنىڭ راستتىن ئۆلۈپلا تۆگەشكۈم كېلىۋاتىدۇ، — دېگىنى ئاڭلاندى. بىردەمدىن كېيىن يەنە ئۇ:

— مۇنداق ياشاشنىڭ نېمە ئەهمىيىتى؟ — دېدى.

راجانىڭ چىرايى زەپىراندەك سارغىيىپ، كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ قاتتىق بىر خورسىنىپ، بېشىنى ساڭگىلىتىپ تۆۋەنگە قاراپ، ئالدىغا يەنىمۇ بەكرەك سىلجىغىلى تۇردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بېلىگىچە تۆۋەن ساڭگىلىدى. بۇنى كۆرۈپ نۇشا چاق-قانلىق بىلەن ئۇنى قۇچاقلىۋالدى.

— راجا، نېمە بولۇۋاتىسەن ! — دېدى ئۇ ئالاقزەدە بولۇپ.

راجا جاۋاب بەرمەي، ئۇنىڭ قولىدىن ئاجراپ چىقىشقا ئۇرۇن-دى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى پوملاقلىشىپ كەتتى.

— نۇشا، مېنى قويۇۋەت ! — دېدى راجا ئاچچىقلاپ. لېكىن،

نۇشا ئۇنىماي، ئۇنى ئۆزى تەرەپكە تارتتى.

— مېنى قويۇۋەت دەيمەن! بولمىسا سەنمۇ مەن بىلەن بىللە چۈشىسەن.

نۇشا گەپ قىلىپ بولغۇچە، راجا ئاچچىقىدا ئۇنىڭ قولىنىڭ بېغىشىنى چىشلىۋالدى، نۇشانىڭ قولى سەل بوشاپ قالدى. لېكىن، ئۇ يەنە دەرھال راجانىڭ بىلىكىنى تۇتۇۋېلىپ، قاتتىق كۈچەپ تارتىپ چىقىرىۋالدى.

راجا قارشىلىق بىلدۈرمىدى. ئۇ يۈزىنى ئالىقانلىرى بىلەن چاڭگاللىغان ھالدا مادارى ئۈزۈلۈپ سوزۇلۇپ ياتتى. نۇشا ئۇنىڭ يېنىدا ھاسىراپ ئولتۇراتتى. ئۆڭكۈر ئىچىدە يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى. راجا يەردە يېتىپ ئۆزاققىچە يىغلىدى. نۇشا ئاستا ئۇنىڭ يېنىغا سۈرۈلۈپ بېرىپ، ئۇنىڭ بىلىكىنى ئىتتىرىپ:

— ھەي، قاچانغىچە مۇشۇنداق يىغلايسەن خوتۇن كىشىدەك، — دېدى.

راجا گەپ - سۆز قىلماي، يەنىلا يۈزىنى تۇتقان پېتى ئۆكسۈپ يىغلايتتى.

— ئورنۇڭدىن تۇر، ئۆيگە كېتەيلى، — دېدى نۇشا.

— ياق، ھېچنەرگە بارمايمەن، — دېدى راجا بىتاقەت بولۇپ.

— ساراڭ بولۇپ قالدىڭمۇ؟ — دېدى نۇشا ئاچچىقى بىلەن.

راجا بىرپەس جىم تۇرغاندىن كېيىن ئاندىن ئاستا سۆزلەشكە باشلىدى.

— ئاداش، سەن مېنى توسمىساڭ بولاتتى، مېنىڭ ئۆلگىنىم ياخشى ئىدى. مەن ئۆلسەم مەن ئۈچۈن ھەسرەت چېكىدىغان، يىغلايدىغان ئادەم يوق. بۇ دۇنيادا مېنىڭ نېمەم بار؟ دادام يوق، ئانام يوق، ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىللىرىممۇ يوق. زادى ھېچنېمەم يوق، — ئۇ قاتتىق بىر ئۇھ تارتىۋېلىپ، ھەسرەت بىلەن، — ھەي ي ي، ھېچ كىشىممۇ يوققۇ مېنىڭ! — دېدى - دە، يەنە ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى.

ئۇشتۇمتۇت بىر مىلتىق ئاۋازى چۈش ۋاقتىدىكى جىمجىت -

لىقنى بۇزۇۋەتتى. ئۇ ئىككىسى چۆچۈپ كېتىپ ئەتراپقا قارىدى. بىر توپ سۇ قۇشلىرى دەريا يۈزىدە ۋىچىرلىشىپ ئۇچۇپ يۈرەتتى. ساينىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئويمانلىقتا بىر پارچە قومۇشلۇق بار ئىدى. قومۇشلۇق ئىچىدە بىرنەچچە ئۇۋچىنىڭ بېشى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئاسماندا بىر توپ سۇ قۇشى ئايلىنىپ ئۇچۇپ يۈرەتتى. ئۇ ئىككىسى ئۆڭكۈردىن چىقىپ، شۇ تەرەپكە مېڭىشتى.

ئۇۋچىلار ئەتراپنى ئىزدەپ ئىلگىرىلەيتتى. ئاندا ـ ساندا پاڭ ـ پۇڭ قىلىپ بىرنەچچە پاي ئوق چىقىرىپ قوياتتى، ئوق تەگكەن قۇشلار ئىچىنىشلىق چىرىلداپ يەرگە چۈشەتتى. راجا بىلەن نۇشا پاتقاق سۇلارغا سەكرەپ چۈشۈپ قۇشلارنى ئېلىپ چىقاتتى. ئۇلار بۇ ئىشنى ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن ئىشلەيتتى. خېلى ئۇزاق ۋاقىتتىن كېيىن ئۇۋچىلار چارچاپ، ئولتۇرۇپ دەم ئالدى. ئۇلار راجا بىلەن نۇشاغا ئوتقا قاقلاپ پىشۇرۇلغان گۆش، نان ۋە چايلاردىن بەردى.

ئۇلار كۈن ئولتۇرغۇچە ئۇۋچىلارنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ يۈرۈشتى.

قۇياش غەربكە ئولتۇراي دەپ قالغانىدى. دەرەخلەر ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا سايە تاشلاپ تۇراتتى. ئاسماننىمۇ قىزغۇچ شەپەق نۇرى قاپلىغانىدى. دەريا سۈيى يېڭى تويى بولغان قىزنىڭ يىپەك رومىلىدەك يېيىلىپ ئاقماقتا ئىدى ... ئۇۋچىلار جىپ ماشىنىغا ئولتۇرۇپ قايتىپ كېتىشتى. ئەمدى بۇ يەر زېرىكىشلىك بىلىندى. راجا بىلەن نۇشا بىپايان گۇگۇم ئىچىدە ھارغىن قەدەملىرىنى سۆرەپ شەھەرگە قايتتى.

نۇشا ئۆيگە كىرگەندە قاراڭغۇ چۈشۈپ بولغانىدى. قىلىدىغان ئىش بولمىغاچقا، مۇشۇ كۈنلەردە ئانىسى ئۇنىڭغا چىراي ئاچماي، ھەدېسىلا ئاچچىقلايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئۆيدىن بىر چىقىپ كەتسە، كۈنبويى قارىسىنى كۆرسەتمىگەنلىكتىن، ئانىسى ئۇنىڭدىن تېخىمۇ نارازى بولۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ ھويلىغا

كىرىشى ئانىسىنىڭ ئاشخانىدىن چىقىشىغا توغرا كېلىپ قالدى. نۇشا ئۆزىنى چەتكە ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمىدى.

— ھۇ ھارام تاماق، — دەپ ۋارقىرىدى ئانا، — نېمىشقا قايتىپ كىردىڭ؟ چىقىپ كېتىپ ئوينا!

ئانىسى ئاغزى بېسىلماي تىللايتتى، نۇشا ئۈنچىقماي ئاستا بېرىپ بىر چەتتە ئولتۇردى. بىردەمدىن كېيىن سۇلتانە تاماق كۆتۈرۈپ كىردى، ھور چىقىپ تۇرغان تاماقنىڭ مەززىلىك ھىدى دىماققا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. نۇشا ئاچ قالغان ئىتقا ئوخشاش، بوينىنى ئىچىگە تىقىپ داستىخان تەرەپكە ئۆتتى. بۇنى كۆرۈپ ئانىسى قاتتىق دەككە بەردى:

— قېنى تاماققا قول تەگكۈزۈپ باققىنچۇ، مەندىن كۆرگۈلۈ-كۈڭنى كۆرىسەن! مەن كۈنبويى ئۆلەر - تىرىلىشىمگە قارىماي ئىشلەيمەن، سەن بولساڭ قورسىقىڭنى تويدۇرۇپلا سىرتقا چىقىپ ئوينايسەن.

نۇشا مىدىر - سىدىر قىلماي تۇرغان جايىدا تۇرۇپلا قالدى. سۇلتانە ئارىلىشىپ گەپ - سۆز قىلاي دېۋىدى، ئانىسى ئۇنىمۇ تىللىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ قورقۇپ ئاۋازىنى چىقىرىشقىمۇ پېتىنالمىدى. شۇ ئەسنادا ئانۇمۇ قايتىپ كەلدى. ئانىسى ئۇنى چاقىرىپ يېنىدا ئولتۇرغۇزدى. ئۈچەيلەن نۇشاغا قارىتىپ ئولتۇرۇپ تاماق يېگىلى تۇردى. ھېچكىم ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمى-دى. ئۇ ياۋاشلىق بىلەن ئولتۇراتتى، ئانام مېنى چوقۇم تاماققا چاقىرىدۇغۇ، دەپ پات - پات بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇلارغا قاراپ قوياتتى. بىراق، ھەممەيلەن تاماق يەپ بولدى. سۇلتانە قاچا-قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇپ داستىخاننى يىغىپ ئاشخانىغا ئەكىرىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن نۇشانىڭ رەڭگىرويى ئۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ قورسىقى چىدىغۇسىز ئېچىپ كەتكەنىدى. ئاچچىقى كېلىپ سەپراسى ئۆرلەپ كەتتى - دە، ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ قاراڭغۇدا ئولتۇرۇپ يىغلىغىلى تۇردى.

بىردەمدىن كېيىن ئۇ ئۆيدىن چىقىپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى-

ۋىدى، ئانىسى:
— يەنە تالاغا يۈگۈرەمسەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى.
نۇشا ئۈنچىقمىدى.
— بىكىسلىك بولسا، بۇندىن كېيىن ئۆيگە قايتىپ كىرمە ! — دەپ توۋلىدى ئانىسى غەزەپ بىلەن.
نۇشا ئانىسىغا بىر قاراپ قويۇپ، بوغۇق ئاۋازدا:
— ئۆيگە قايتىپ كىرمەيمەن، — دەپلا ئىتتىك مېڭىپ چىقىپ كەتتى.
ئۇ كوچىغا چىقىپ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، ئۇدۇل راجانىڭ قېشىغا باردى. راجا ياغاچ ئۆينىڭ ئالدىدا تۇگۈلۈپ ئولتۇراتتى، ئۇ نۇشانى كۆرۈپ تەئەججۈپلەندى.
— هوي، نېمانداق چاپسان قايتىپ چىقتىڭ؟
خاپىلىق ئىلكىدىكى نۇشا ئاستا بېرىپ ئولتۇردى. راجا ئۇنىڭ ئۆپكىدەك قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئەهۋالنىڭ چاتاقلىقىنى پەرەز قىلدى.
— كىم بىلەن ئۇرۇشۇپ قالدىڭ؟
— راجا، بۇندىن كېيىن سەن بىلەن بىللە تۇرسام بولامدۇ؟
— نېمىشقا؟ — راجا هەيران بولدى.
— مەن ئەمدى ئۆيگە كىرمەيمەن.
— زادى نېمە ئىش چىقتى؟ — دېدى راجا هەيران بولۇپ.
كۆز ياشلىرى تاراملاپ تۇرغان نۇشا:
— ئانام مېنى قوغلاپ چىقاردى، — دەپلا ئىختىيارسىز ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى.
راجا تەسەللى بەردى.
— هەي، نېمە يىغلايسەن، تىت - تىت بولما ! ئىككىمىز مۇشۇ يەردە بىللە تۇرايلى.
نۇشا ئېسەدەپ تۇرۇپ زارلىغىلى تۇردى:
— ئۆيدىكىلەرنىڭ هېچقايسىسى ماڭا قاراپمۇ قويمايدۇ. هەممىسى مېنى يامان دەيدۇ. ئەمدى بۇ دۇنيادا مېنىڭ يېقىن ئادىمىم

قالمىدى، بىرەرىمۇ قالمىدى.

— ھەي، مەن بولغاندىكىن خاتىرجەم بول، — دېدى راجا تە-سەللى بېرىپ، — بۇ ئايال خەقنىڭ ھەننىۋاسى ئەسكى، مېنىڭ ئانامنى دېسەم، ئاڭلىسام، ئۇ لاھورىدا بىاياشات ياشايمىش، مەن بولسام بۇ يەردە تىلەمچىلىك قىلىۋاتىمەن، — شۇ گەپنى قىلىۋاتقاندا، ئۇنىڭ چىرايىنى ئازابلىنىش ئالامىتى قاپلىدى.

نۇشا ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ سورىدى:

— نېمە دەۋاتىسەن، سېنىڭمۇ ئاناڭ بارمۇ؟

— نېمىشقا بولمايتتى؟ — دېدى راجا مەيۇس ھالدا.

— داداڭمۇ بارمۇ؟

— ھەي ئاداش، — دېدى راجا ئېچىنىشلىق بىلەن، — ئۇ چوڭ قىرغىن ۋاقتىدا ئۆلۈپ كەتكەن، ئىككى ئاكاممۇ ئۆلتۈرۈل-گەن. بەھرا دېگەن بىر ئەبلەخ ئانام بىلەن ئىككىمىزنى دېھلىدىن ئېلىپ چىققان. ئۇ بەك ئەسكى نەرسە ئىدى، مېنى دائىم ئۇرات-تى. بىر كۈنى مەن ئاچچىقىمغا چىدىماي ئۇنى تىللىغاندىم، ئۇ مۇناپىق مېنى ئوڭدا ياتقۇزۇپ، ئۈستۈمگە مىنىۋېلىپ، ئاغزىمنى كېرىپ تۇرۇپ تاماكا ئوتىنى يېقىپ تىلىمنى كۆيدۈرۈۋەتتى، قا-رىغىنا، — ئۇ ئاغزىنى ئېچىپ تىلىنى چىقاردى. ئۇنىڭ تىلىدا كۆل رەڭ تاتۇق تۇراتتى. نۇشا ئوتتا كۆيگەن تىلغا ئوبدان قاراپ چىقىپ:

— ھەي ي ي، بەك باغرى قاتتىق ئىكەن جۇمۇ، — دېدى ھېسداشلىق بىلەن.

— ئۇ بەك ئەسكى نەرسە ئىدى. ئانامۇ بۇنىڭغا قاتتىق خاپا بولدى، بىراق ئۇنىڭ نېمە ئامالى بار دەيسەن. ئىككىنچى كۈنى مېنى دارىلئېيتامغا ئاپىرىپ بەردى.

— سەن دارىلئېيتامدا تۇرغانمۇ؟ — دېدى نۇشا يەنە بىر قې-تىم ھەيران بولۇپ.

— بۇ تىلەمچىلىككە ئاشۇ يەردە ئادەتلىنىپ قالغان. ئۇ يەردە

ئۇزۇن ساقاللىق، بەش ۋاخ نامازنى تەرك قىلمايدىغان بىر ئاخۇن بار ئىدى، ئۇ بەك ئەسكى ئادەم ئىدى. ھەممە كىشى ئۇنىڭدىن قورقاتتى. ئۇ يەردىكى كىچىك لاۋازىمەتچى ھەرھالدا يامان ئەمەس ئىدى، لېكىن چوڭ لاۋازىمەتچى ئۇچىغا چىققان قەبىھ ئىدى. ئۇ قولىغا شۇپۇڭ ئېلىپ ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن تەكشۈرەتتى، قايسى بالىنىڭ تىلەمچىلىك بىلەن تاپقان پۇلى ئاز بولسا، بالاغا قالاتتى. ھەي ئاداش، ئۇ ئادەمنى بەك قاتتىق ئۇراتتى. ھازىر ئويلىساممۇ تېنىم جۇغۇلداپ كېتىدۇ دېگىنە، — راجا دارىلئېـ-تامدىكى چوڭ لاۋازىمەتچىنى بىردەم تىللاپ، قورسىقى سەل بوشىدى، — بىر كۈنى مەن ئاران ئون بىر ئاننا تېپىۋىدىم، مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ئوغىسى قايناپ، مېنى قاتتىق ئۇردى. شۇنىڭ بىلەن مەن شۇ كېچىسىلا دارىلئېتامدىن قېچىپ كەتتىم.

— ئۇ يەردىن چىقىپ ئاناڭنىڭ قېشىغا باردىڭمۇ؟

— ياق، ئاداش. ئۇنداق قىلىدىغان بولسام، ئانام چوقۇم يەنە مېنى دارىلئېتامغا ئەكېلىپ بېرەتتى - دە، ھېلىقى بومبا ساقال تېرەمنى تەتۈر سوياتتى.

— شۇنىڭدىن كېيىن ئاناڭنىڭ قېشىغا قايتا بارمىدىڭمۇ؟

— ياق. ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ نېمە قىلاتتىم؟ — دېدى راجا غەزەپ بىلەن.

— ئۇ سېنى چوقۇم سېغىنغاندۇ، — دېدى نۇشا پەس ئاۋازدا.

— ۋايئاڭەي، ھازىر ئۇنى كۆرەرگە كۆزۈم يوق.

— نېمىشقا؟

راجا گەپ قىلمىدى.

— ئاداش، ئېيتىپ بېرە، زادى نېمە ئۈچۈن؟ — يەنە سورىدى نۇشا.

راجانىڭ يۈزلىرى ئۆپكىدەك قىزىرىپ كەتتى.

— ھازىر ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ نېمە قىلاتتىم. ئۇ بۇزۇقچىـ-لىق قىلىدۇ. ھىم، ناۋادا ماڭا ئۇچراپ قالىدىغان بولسا، ئەزبىرا-يى خۇدا ئۇنى بوغۇزلىۋېتىمەن، — شۇ تاپتا ئۇنىڭ تازا ئاچچىقى

كېلىپ تۇراتتى. شۇڭا، نۇشا قورقۇپ ئۇندىمىدى. راجا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بۇ گەپنى ساڭا ئېيتتىم، باشقا ئادەمگە ئېيتىپ قويىدىغان بولساڭ ئۆزۈڭگە پەخەس بول!

نۇشا باشقا كىشىگە ئېيتماسلىققا قايتا-قايتا قەسەم ئىچ-تى.

توساتتىن ئۇلار گەپ-سۆز قىلىشماي جىمىپ كەتتى. راجانىڭ ئاچچىقى ئاستا-ئاستا پەسەيگىلى تۇردى. ئەمما، دەرد-ئەلىمى قارا بۇلۇتتەك كېڭەيمەكتە ئىدى.

— ئاداش، — دېدى راجا بىردەمدىن كېيىن، — مېنىڭچە، بۇ شەھەردىن كەتكىنىمىز تۈزۈك، سەن قانداق دەيسەن؟ — دېدى راجا.

— نەگە بارىمىز؟

— كاراچىغا. ئۇ ناھايىتى ئاۋات شەھەر ئىكەن، خىزمەت تاپ-ماقمۇ ئاسان ئىكەن، — دېدى راجا كۈلۈپ.

نۇشا دەرھال قوشۇلدى.

— مەن سەن بىلەن بىللە كېتەي، ئاداش، راست گەپ، مېنىڭمۇ بۇ يەردە تۇرغۇم يوق.

راجا خۇشاللىقتىن توۋلاپ كەتتى.

— ئۇنداق بولسا ئىككىمىز قول ئېلىشايلى!

ئىككىسى ناھايىتى روھلانغان ھالدا بىر-بىرى بىلەن قول ئېلىشتى. شۇ تاپتا ئۇلار سۆز بىلەن تەرىپلىگۈسىز خۇشال ئى-دى. ئۇلارنى جەلپ قىلغان نەرسە شۇكى، ئۇلار ئۆزلىرى ئۇچۇن ئازاب-ئوقۇبەتلىك بولغان بۇ شەھەردىن كەتمەكچى. ھازىر ئۇلار ئازاب-ئوقۇبەتتىن قۇتۇلۇش يولىنى كۆردى. ئۇلار كەلگۈسى گۈزەل ئارزۇ ئىچىگە چۆمۈۋاتقاندا، شامىمۇ كېلىپ قالدى. راجا ئۇنى كۆرۈپلا توۋلىدى:

— ئوبدان كەپسەن، ئاداش، سەنلا كەملىك قىلىپ تۇراتتىڭ.

لېكىن، شامى مۇنداق قىزغىن قارشى ئېلىشقا قىلچە ئىنكاس بىلدۈرمىدى. ئۇ كەيپسىز كۆرۈنەتتى.

— ھەي، نېمانداق زوۋان سۇرمەيسەن؟ — دېدى نۇشا ئۇنىڭ

مۇنداق تەلەتنى كۆرۈپ.

ئۇ يەنىلا گەپ ـ سۆز قىلمىدى.

— هەي، ئاغزىڭنى ئاچساڭچۇ، زادى نېمە ئىش بولدى؟ — راجا ئۇنلۇك سۆزلەپ سورۇشتۇردى.

— سېمىز دوختۇر مېنى دادامغا چېقىشتۇرغاندى، دادام مېنى ئۇرۇپ دومبالىدى، هېلىغىچە بەللىرىم ئاغرىۋاتىدۇ، — دېدى شامى كېپىنى چايناپ.

— سەن ئۆزۈڭنى ئاقلىمىدىڭمۇ؟ — دېدى راجا.

— ئاداش، مېنىڭ گېپىم ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرەمدىغان، ئاق ـ قارىنى سورۇشتۇرمەيلا ئۇرۇپ كەتتى. سېمىز دوختۇرنىڭ شۇمتىكى مېنىڭ تاياق يەۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ كەتتى. نېمىدېگەن سەتچىلىك دېگىنە!

— بىز ئىككىمىز كاراچىغا كەتمەكچى بولۇۋاتىمىز، — دېدى نۇشا، — بۇ يەردە يۈرۈشنىڭ نېمە ئەهمىيىتى. قارا، كۈنبويى تاياق ـ دومبا يەپ، تىل ـ ئاهانەت ئىشىتىپ يۈرۈپتىمىز.

شامى ئەجەبلەنگەن نەزەر بىلەن نۇشاغا قاراپ قويۇپ، ئاندىن راجادىن سورىدى:

— راجا، راست گەپمۇ بۇ؟

— هەئە، بىز شۇنداق قىلماقچى بولۇۋاتىمىز. سەنمۇ بىز بىلەن بىللە كەتكىن. ئۇ يەردە ئەركىن ـ ئازادە ياشايمىز، خەقتىن قورقۇپ يۈرىدىغان ئىشتىنمۇ قۇتۇلىمىز.

شامى دەسلەپتە سەل ئارىسالدى بولۇپ قېلىپ، كېيىن قوشۇلدى. هازىرقى مەسىلە يول خىراجىتىنى قانداق هەل قىلىش ئىدى. شامى بۇ مەسىلىنى هەل قىلدى. ئۇنىڭدا شۇ كۈنى گېزىت ساتقان ئوتتۇز رۇپىيە بار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يۈگۈرۈپ ئۆيىگە بېرىپ، ئوغرىلىقچە شۇ پۇلنى ئەكەلدى.

كەچ سائەت ئون بولۇپ قالغانىدى. سائەت ئوندىن قىرىق بەش مىنۇت ئۆتكەندە كاراچىغا ماڭىدىغان بىر پويىز بار ئىدى. ئۇلار ئۇدۇل پويىز ئىستانسىسىغا بېرىپ بېلەت ئېلىپ، كاراچىغا ماڭىدىغان پويىزغا چىقىشتى.

## 2

يېرىم كېچە ۋاقىت ئىدى. راجا، نۇشا ۋە شامىلار ئۇچىنچى دەرىجىلىك ۋاگوندا ئولتۇرۇشتى. راجا يولدا پۇتلىرىنى ئۇزارتىپ ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قالدى. نۇشا بىلەن شامى ئۇنىڭ يېنىدا مۈگدەپ ئولتۇردى. غۇۋا چىراغ يورۇقىدا يولۇچىلار ئۇياق ـ بۇياققا چايقىلىپ، بەزىلىرى ئۇخلايتتى، بەزىلىرى مۈگدەيتتى، يەنە بەزىلىرى زورمۇزور ئۆزىگە غەيرەت بېرىپ، مايماق ـ سايماق ئولتۇرۇشاتتى.

ئۇشتۇمتۇت نۇشا راجانى نوقۇپ ئويغاتماقچى بولدى. لېكىن، راجا قاتتىق ئۇخلاپ قالغاچقا، ئۆرۈلۈپ يۈزىنى باشقا تەرەپكە قارىتىپ ئۇخلاۋەردى. نۇشا ئاچچىقىدا ئۇنى بىر تۈرتۈۋىدى، راجا بىر كۆزىنى ئېچىپ:

— نېمە دەيسەن؟ — دېدى خاپا بولۇپ.

— هەي، ئورنۇڭدىن تۇر! — دېدى نۇشا ئاستاغىنا.

راجا ئالدىراپ ئۆرە بولۇپ ئولتۇردى.

— نېمە بولدى؟

نۇشا گەپ قىلماي، تۇمشۇقى بىلەن شامى تەرەپنى كۆرسەتتى. شامى دېرىزىگە قاراپ ئاۋازىنى بوش چىقىرىپ يىغلاۋاتاتتى. راجا نېمە ئىش بولغانلىقىنى چۈشىنەلمەي، هاڭ ـ تاڭ بولۇپ شامىغا قاراپلا قالدى. ئاندىن شامىنىڭ يېنىغا بېرىپ، قولىنى ئۇنىڭ دولىسىغا قويۇپ، ئاستا ئۇرۇپ تۇتۇپ:

— يىغلاۋاتامسەن؟ — دېدى.

شامى جاۋاب بەرمەي يىغلاۋەردى. راجا ئاغزىنى ئۇنىڭ قۇلىقىغا يېقىپ تۇرۇپ:

— هە، نېمە بولدۇڭ؟ — دېدى پىچىرلاپ.

بىرنەچچە قېتىم سورىغاندىن كېيىن، ئاندىن شامى ئۆكسۈپ يىغلاپ تۇرۇپ:

— ئۆينى سېغىندىم، — دېدى.

راجا خاپا بولۇپ:

— ئۇنداق ئادەم نېمىشقا بىز بىلەن بىللە كېلىسەن؟ — دېدى ئاچچىقلاپ.

نۇشا ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىشقا ئۇرۇندى. لېكىن، ئۇنىڭ يىغا ئاۋازى جىمجىت ۋاگوندا ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئويغاق يولۇچىلار باشلىرىنى قايرىشىپ بۇ ئۇچەيلەنگە قارىغىلى تۇردى.

— بۇ تەنتەك ھەنىنىۋا ئادەمنىڭ دىققىتىنى تارتقىلى تۇردى، — دېدى راجا ئەندىشە بىلەن نۇشاغا.

نۇشامۇ ئالاقزەدە بولۇپ كەتتى.

— قارا، ھەممە خەق بىزگە قارىشىۋاتىدۇ.

ئۇلار بىر ئامال قىلىپ ئۇنى تىنچلاندۇرۇشقا تىرىشقان بولسىمۇ، لېكىن شامىنىڭ يىغا ئاۋازى بارغانسېرى كۈچەيگىلى تۇردى. راجا ئاچچىقىدا نۇشانى كانىيىدىن سىقىپ تازا ئۇرغۇسى كېلىپ كەتتى، بىراق يەنە يولۇچىلارنىڭ ئاربىلىشىشىدىن قورقۇپ قول تەگكۈزمىدى. ئاخىر ئۇ ئىككىسى يەنە بىر ئىستانسىغا بارغاندا شامىغا نەسىھەت قىلىش قارارىغا كېلىشتى - دە، يەنە بىر ئىستانسىغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇلار شامى بىلەن بىللە پويىزدىن چۈشۈشتى.

بۇ چەت ياقىدىكى چۆلدەرەپ كەتكەن بىر ئىستانسا ئىدى. پويىز بىردەم توختاپ، يەنە يۈرۈپ كەتتى. تىمتاس ئىستانسا بىردەم قىزىپ يەنە جىمجىتلىققا چۆمدى. ئاددىيغىنا بۇ ئىستانسىدا غۇۋا يورۇپ تۇرغان بىر چىراغ تۇن قاراڭغۇسىدا كىشىدە بىر خىل سىرلىق تۇيغۇ پەيدا قىلاتتى.

ئۇچەيلەن ئىستانسىدىن چىقماي، ئىستانسا سۇپىسىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا تىقىلىشىپ ئولتۇرۇشتى. شامى تېخىچە يىغلاپ تۇراتتى. راجا ئاچچىقىغا چىدىماي ئۇنى تىللاپ، ئۇرماقچى بولۇپ ئېسىلىۋىدى، نۇشا ئارىغا چۈشۈپ توسۇۋالدى، بۇنى كۆرۈپ شامى قورقۇپ يىغىسىنى توختاتتى.

ئاخىر، شامى ئۆيگە قايتىش نىيىتىدىن ياندى. ئۇچەيلەن تاڭ ئېتىش بىلەنلا پويىزلا كەلسە شۇنىڭغا چىقىپ سەپىرىنى داۋاملاشتۇرماقچى بولۇشتى. ئەمدى شامى بىر ئاز خاتىرجەم بولۇپ، چىرايىنى ئېچىپ پاراڭغا ئارىلاشتى. ئۇچەيلەن ئۇزاققىچە پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرۇشتى. تۆن يېرىمى بولاي دېگەنىدى، سوغۇق شامال چىققىلى تۇردى، ئۇلار شىبەننىڭ ئۇستىدە يېتىپ ئۇخلاپ قېلىشتى.

تاڭ يورۇپ كەتكەنىدى. راجا ئالدى بىلەن كۆزىنى ئېچىپ، شامىنىڭ يوقلۇقىنى كۆردى ـ دە، ھەيران بولۇپ، دەرھال نۇشانى ئويغاتتى. ئۇلار شامى مۇشۇ يېقىن ئەتراپتا بىر يەرگە كەتكەن بولسا كېرەك، ھېلى قايتىپ كېلىدۇغۇ دەپ ئۇنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشتى.

ئەمەلىيەتتە، شامى يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە كەلگەن پويىزغا ئولتۇرۇپ ئۆيىگە قايتىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئىككى دوستىنى ئويغىتىشۇەتمەي، غىپپىدە تىكىۋەتكەنىدى.

ئۇلار ئىستانسا سەھنىسىدىكى بىر تۈپ دەرەخ تۈۋىدە يېرىم كۈندىن كۆپرەك ئولتۇرۇشتى. سائەت تۆتلەردە پويىز كەلدى. ئۇلار كاراچىغا يېتىپ بارغاندا قاراڭغۇ چۈشكەنىدى. ئۇلار ئۇچۇن بۇ شەھەرمۇ، بۇ يەرنىڭ ئادەملىرىمۇ ناتونۇش ئىدى. ئەمدى نەگە بېرىش كېرەك؟ سەپەر ئازابى ۋە قورساقنىڭ ئاچلىقىدىن ئۇلارنىڭ ماغدۇرى ئۇزۇلگەنىدى. كېچە خېلى بولۇپ قالدى. پويىز كۈتۈش ئۆيى تىمتاس ئىدى. ئاران بىرنەچچە يولۇچىلا قالغانىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۇخلاۋاتاتتى ۋە بەزىلىرى مۈگدەپ ئولتۇرۇشاتتى. لېكىن، قورساقلىرى ئېچىپ كوركىراپ كېتىۋاتقان راجا بىلەن نۇشا ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇخلىيالمىدى.

يېرىم كېچە بولغاندا ئورۇققىنا كەلگەن بىر كىشى پويىز كۈتۈش ئۆيىگە كىرىپ كەلدى. ئۇ پويىز كۈتۈش ئۆيىنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغىچە بىر قۇر قاراپ چىقتى ـ دە، ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭ نەزىرى راجا بىلەن نۇشاغا مەركەزلەشتى. ئۇ سەل ئويلى-

ـنىپ قىلىپ، ئاندىن زەھەرخەندىلىك بىلەن ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى.
— ئۆيدىن قېچىپ چىقتىڭلارمۇ؟
نۇشا قورقۇپ كەتتى. لېكىن، راجا قىلچىمۇ قورقماي جاۋاب بەردى:
— ياق، بىز تاغىمىزنى ئىزدەپ كەلگەن.
— تاغاڭلار قەيەردە تۇرىدۇ؟
بۇ كۈتۈلمىگەن سوئال راجانى تەمتىرىتىپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ يەرگە تۇنجى قېتىم كېلىشى بولۇپ، بۇ يەردىكى ھېچقانداق يەر - جاي ئىسمىنى بىلمەيتتى.
— ھە... ھە... ئاشۇ يەردە تۇرىدۇ، — دېدى ئۇ دۇدۇقلاپ.
ھېلىقى كىشى كۆزىنى قىسىپ قۇۋلۇق بىلەن كۈلۈپ قويدى.
— يالغان سۆزلىسەڭلار قاماقتا كىرىسىلەر.
ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ راجا ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدى.
ھېلىقى كىشى كۈلۈپ قويۇپ، يانچۇقىدىن بىر پاچكا تاماكا ئېلىپ ئۇلارغا تۇتتى.
— قېنى ئاۋۋال بىرەر تالدىن تاماكا چېكىڭلار.
نۇشا ئۇندىمىدى. راجا ئېھتىيات بىلەن بىر تال تاماكا ئالدى.
ھېلىقى كىشى راجاغا سەرەڭگە يېقىپ بېرىپ، ئاندىن ئۇنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ قويۇپ:
— قورقماڭلار، مەن سىلەرگە ياخشىلىق قىلىمەن. ئەمەلىيەتتە، كاراچى ناھايىتى ئوسال شەھەر، بۇ يەرنىڭ ئادەملىرىمۇ بىر - بىرىدىن ئوسال خەق، پالاكەتچىلىككە ئۇچراپ قالساڭلار، پېشانەڭلەردىن كۆرەرسىلەر ! — دېدى.
ئۇلار ۋەھىمىلىك نەزىرى بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. ئۇ كىشى بولسا غەم تارتماي ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئولتۇراتتى. ئۇ يەنە تاماكىنى ئېلىپ، بىرنى تۇتاشتۇرۇپ قاتتىق بىر شورىۋالغاندىن كېيىن، تەمكىن ھالدا:
— خىزمەت ئىزدەمسىلەر؟ — دېدى.
ئۇلار ھەيرانلىق بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ، ئىتتىك بېشىنى

لىشىتتى. ھېلىقى كىشى بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ، ئاندىن:
— خىزمەتنىڭ سىلەرگە تېپىپ بېرىشىم مۇمكىن، بىراق كەپسىزلىك قىلىپ چاتاق چىقىرىدىغان بولساڭلار، ئاقىۋىتىڭلار ياخشى بولمايدۇ، — دېدى كەسكىنلىك بىلەن.
ئۇلار بۇ كىشىنىڭ مەقسىتىگە چۈشەنمەي ھاڭۋېقىپ قاراپ قالدى.
— بولىدۇ، مەن بىلەن مېڭىڭلار!
ئىككىيلەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ پويىز ئىستانسىسىدىن چىقىپ، بىرنەچچە كوچىدىن ئۆتۈپ، ئالاھەزەل بىر سائەتكە يېقىن يول يۈرۈپ بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىشتى. بۇ يەر ئادەملەر زىچ ئورۇنلاشقان شەھەر رايونىدىن بىرئاز پەرقلىنەتتى. بۇ ئاددىي بىر مەھەللە بولۇپ، بۇ يەردىكى كۆپىنچە ئۆيلەر يېرىمى خىشتىن، يېرىمى كېسەكتىن سېلىنغان پاكار - پاكار ئۆيلەر ئىدى. لېكىن، ئۇلار كېلىپ توختىغان ئۆي پۈتۈنلەي خىشتىن سېلىنغان، ھويلا تېمى ئېگىز، ئاپپاق ئاقارتىلغان ئۆي ئىدى.
ئەتراپتا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى، كوچا قاپقاراڭغۇ ئىدى. راجا بىلەن نۇشا ئۇندىمەي تۇراتتى. ھېلىقى كىشى بىرىپ ئىشىكنى قاقتى.
ئىشىك ئېچىلمىدى، بىر كىشى بىر دېرىزىنى ئېچىپ:
— كىم؟ — دەپ سورىدى.
— مەن، راھمان، — دېدى ھېلىقى كىشى.
— مانا، ھازىرلا ئاچاي، — قاراڭغۇدا بىرىنىڭ ئاۋازىلا ئاڭلاندى، لېكىن ئۇنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرگىلى بولمايتتى.
بىرپەستىن كېيىن ئىشىك ئېچىلدى. راھمان ئۇلارنى باشلاپ ئۆيگە كىردى. غۇۋا چىراغ يورۇقىدا تىزىغىچە پەرتۇق تارتىۋالغان، ئۇستىگە بىر مايكىلا كىيگەن سېمىز بىر ئادەم كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئولتۇرۇپ، بىرىگە چىچىنى مايلىتىۋاتاتتى. راھمان ئاستاغىنا بىر يۆتىلىپ قويۇپ:
— مەن دەيمەن شاھاجى، بۇ چاچ ماي بەك پۇراقلىق ئىكەن

جۇمۇ ! — دېدى.

— خېلى بولدى يوقاپ كەتتىڭىزغۇ؟ — دېدى شاھاجى يەنىلا كۆزلىرىنى يۇمۇپ تۇرۇپ.

— كېسەل بولۇپ قالدىم، ئەپەندى، — دېدى راھمان بىچارە قىياپەتكە كىرىۋېلىپ.

— قويۇڭ مۇنداق گېپىڭىزنى، يالغانچى. ھەمىشە كېسەل بو - لۇۋالىسىز، — دېدى ئۇ ئاچچىقلاپ. ئۇ كۆزلىرىنى ئېچىپ، راجا بىلەن نۇشانى كۆرۈپلا دەرھال ھەيران بولۇپ سورىدى:

— ئۇلار سىز بىلەن بىللە كەلدىمۇ؟ پويىز ئىستانسىسىدىن باشلاپ كەلدىڭىزمۇ؟

— ھەئە، ئەپەندى، — دېدى راھمان دەرھال كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، — بۇ بىچارە باللار ئۆيلىرىدىن قېچىپ چىققا - نىكەن، پويىز كۇتۇش ئۆيىدە يېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ كاراچىدا بىرەر - مۇ تونۇش - بىلىشى يوق ئىكەن، شۇڭا باشلاپ كەلدىم، مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قالسا.

شاھاجى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بولۇپ، دىمىقىنى قېقىپ قويدى، ئاندىن بۇ ئىككىيلەننىڭ بېشىدىن - ئايىغىغىچە بىر قۇر زەن قويۇپ قاراپ چىقتى.

— بولىدىغاندەك قىلىدۇ، — دېدى ئۇ.

— ئۇلار مېڭىشقا يول تاپالماي قاپتۇ، ئەپەندى، — دېدى راھمان دەرھال، — ئۇلارغا بىرەر خىزمەت تېپىپ بەرسىڭىز، ئۇلار سىزنىڭ قىلغان شەپقىتىڭىزنى ئۆمۈر بويى قايتۇرىدۇ.

— ماقۇل، — دېدى ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ، ئاندىن ئۇ ئىككىسىدىن گەپ سورىدى، — ئىككىڭلار بۇ يەرگە قاچان كەلدىڭلار؟

— بۈگۈنلا كەلدۇق، — دېدى راجا قورقۇمسىراپ تۇرۇپ.

— ئۇنداق بولسا ئېلىپ قالايلى، — دېدى شاھاجى بۇرۇلۇپ راھمانغا قاراپ.

— ئۇلارنى ئەكېلىشىمدىكى مەقسەتمۇ مۇشۇ ئىدى.

شاھاجى كۈلۈپ قويدى.

— ماقۇل، سىزنىڭچە بولسۇن. ئەمەلىيەتتە، بۇرۇنمۇ سىزنىڭ تەلەپلىرىڭىزنى رەت قىلمىغاندىمغۇ، — ئۇ يەنە ئىككى بالىغا بىر قۇر قاراپ چىقتى، — سىلەر تېخى تاماق يېمىگەنسىلەر؟

ئۇلار ئۇندىمەي بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇرۇشتى. شاھاجى بېشىغا ماي سۈرتۈۋاتقان كىشىگە قاراپ:

— ھەي دۇللا، ئاشخانىغا بېرىپ ئۇلارغا بىر ئاز چەلپەك ئەكېلىپ بەر، — دېدى.

دۇللا چىقاي دەۋاتقاندا يەنە ئۇنى چاقىرتۋالدى.

— بۇلۇڭدىكى ئۆينى بوشىتىپ بەر، ئۇلار ياتسۇن. بۈگۈنچە ئۇلارنى باشقا يەردە يېتىپ تۇرۇشقا جايلاشتۇرۇپ قوي، — ئۇ بۇرۇلۇپ نۇشا بىلەن راجاغا گەپ قىلدى، — سىلەر ئاۋۋال ئۇنىڭ بىلەن بىللە چىقىپ، قورساقنى ئوبدان تويدۇرۇپ، تازا قېنىپ ئۇخلىۋېلىڭلار. ئەتە مېنىڭ ئالدىمغا كىرىڭلار.

ئۇلار گەپ - سۆز قىلماي، دۇللانىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، شاھاجى راھماندىن:

— ئەمدى رەسمىي ئىشقا كېلەيلى، قانچە پۇل ئالىسىز؟ — دەپ سورىدى.

— ئەپەندى، — دېدى راھمان كۈلۈپ قويۇپ، — بۈگۈن بىر كۆڭۈل يايرىغۇدەك ئىش قىلىڭ. يۈز رۇپىيەلىك تېيىزىدىن يىگىرمىنى بېرىڭ. ئەزبىرايى خۇدا، قولىدىن چوڭ - چوڭ ئىشلار كېلىدىغان باللار بۇ.

— بولمايدۇ، — دېدى شاھاجى قاتتىق تەلەپپۇزدا، — مىڭ رۇپىيە. ئۇنىڭدىن بىرى كۆپ بولسا بولمايدۇ.

— ۋاي - ۋۇي ئەپەندى، بۇ بەك ئەقىلگە مۇۋاپىق گەپ بولمىدى. مۇنچىلىك پۇلغا ماقۇل دېگىلى بولمايدۇ. ئۇلارنى چاقىرتىۋېلىڭ، تېخى سىزنىڭ ئىشىڭىزغا ئېغىز تەگمەستە.

شاھاجى ئۇنىڭغا بىر ئالىيىپ قويدى.

— بارغانسېرى قۇۋلىشىپ كېتىۋاتىسىزغۇ. يەنىلا ياۋاشىراق بولۇڭ. بولمىسا، مەندىن ياخشىلىق كۆرمەيسىز.

— مۇنداق قىلىسىڭىز سىزنىڭ ئالدىڭىزغا ئىككىنچى «مال» ئەكەلمەيمەن، — دېدى راھمان دومسىيىپ.

— بولدى، بولدى، خۇپسەنلىك قىلماڭ. يەنە يۈز رۇپىيە قو-شۇپ قوياي.

راھمان تالىشىپ يۈرۈپ، ئاخىر شاھاجىنى بىر مىڭ بەش يۈز رۇپىيەگە ماقۇل قىلدى. شاھاجى شۇ يەردىلا يۈز رۇپىيە بەردى. قالغان بىر مىڭ تۆت يۈز رۇپىيەنى ئۈچ كۈندىن كېيىن بېرى-دىغان بولدى.

راھمان يۈز رۇپىيەنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. شۇ ئەسنادا دۇللا كىردى.

— ئۇلار تاماق يېدىمۇ؟ — دەپ سورىدى شاھاجى.

— يېدى، ئەپەندى.

— بوپتۇ. ئۇلارنى چاقىرىپ كىر.

دۇللا دەرھال چىقىپ ئۇلارنى باشلاپ كىردى. شاھاجى ئۇلارغا قاراپ قويۇپ:

— ئوبدان تويۇندۇڭلارمۇ؟ — دېدى مۇلايىملىق بىلەن. مۇشۇ ۋاقىتقىچە زۇۋان سۈرمىگەن نۇشا بىرىنچى قېتىم گەپ قىلدى.

— ئوبدان تويۇندۇق.

— ھە، سەنمۇ گەپ قىلدىڭغۇ، — دېدى شاھاجى كۈلۈپ. نۇ-شا ئىزا تارتىپ قالدى. شاھاجىنىڭ كەيپى چاغ ئىدى.

— چاي ئىچەمسىلەر؟ — دەپ سورىدى ئۇ. ئۇلار چاي ئىچمە-دىغانلىقىنى بىلدۈردى.

— دۇللا، ئۇلارغا ئىككى چىنە چاي ئەكىرىپ بەر، — دېدى شاھاجى دۇللاغا.

راجانىڭ تاماكا چەككۈسى كەلگەنىدى.

— ئەپەندى، بىر تال تاماكا مەرھەمەت قىلغان بولسىلا، — دېدى ئۇ بوش ئاۋازدا.

شاھاجى قىلىقسىزلارچە كۈلۈپ كەتتى.

— ۋاي - ۋۈي، سەن تەنتەك تېخى تاماكا چېكەمسەن؟ — ئۇ دۇللارغا قاراپ بۇيرۇق قىلدى، — سەن چىقىپ ئۇلارغا يەنە بىر پاچكا تاماكا ئەكىرىپ بەر.

ئىككىيلەننىڭ چىرايىدا جانلىنىش ئىپادىسى ئەكس ئەتتى. شۇ تاپتا شاھاجى روھلىنىپ، مەردلىكى تۇتۇپ كەتتى. شۇڭا، ئۇلاردىن:

— يەنە نېمە كېرەك؟ — دەپ سورىدى. راجا بىلەن نۇشا باشلىرىنى چايقىدى. شاھاجى ئۇلارنىڭ كىيىملىرىنىڭ بەك مەينەت ئىكەنلىكىنى، راجانىڭ يالاڭ ئاياغ ئىكەنلىكىنى، نۇشانىڭ يىرتىلىپ كەتكەن ئايىغىدىن پۇتلىرىنىڭ ئۇچى چىقىپ قالغانلىقىنى كۆردى.

— ھەي، كىيىم - كېچەك ئالغاچ كەلگەنمىدىڭلار؟

— ياق، — دېدى ئىككىسى تەڭلا.

شاھاجى چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلغان بولۇپ، يەنە دۇللاغا بۇيرۇق قىلدى:

— سەن ئەتە بازارغا چىقىپ، ئۇلارغا بىردىن شالۇۋار ۋە چاپانلىق ئۇچۇن ئىككى كىشىلىك رەخت ئېلىپ، ماشىنىچىغا چاپسان تىكتۈرۈپ بەر. يەنە ئاياغ كىيىم دۇكىنىدىن ئىككى كىشىلىك ئاق سەندەل ئېلىپ بەر، يەنە بېشىغىمۇ بىرنېمە ئال. دۇللا، ئۇلارنى چىرايلىقراق كىيىندۈرۈپ قوي.

شۇ ئەسنادا تاشقىرىدا ئىشىكنىڭ ئېچىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. شاھاجى سەگەكلىك بىلەن ئىشىككە قارىدى. سىرتقى كارىدوردا ئاۋۋال ئېغىر قەدەم ئاۋازى، ئاندىن پىچىرلىشىپ گەپ قىلىشقان ئاۋاز ئاڭلاندى.

— سىلەر چىقىپ ئۇخلاڭلار. ھەي دۇللا، ئۇلارنىڭ ياتىدىغان جايىنى راسلاپ بەر.

ئۇلار دۇللانىڭ ئارقىسىدىن ئاستا مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

# 3

نۇشانىڭ يوقاپ كېتىشى ئائىلىسىدىكىلەرنى خېلىلا ئەنسى-رەتتى، ئۇنىڭ ئاخشىمى ئۆيگە قايتمىغانلىقىنى ئۇققان ئانىسى:

— ۋييەي، نۇشا نېمىشقا قايتىپ كىرمەيدىغاندۇ؟ — دەپ سوراپ كەتتى ۋە خاپا بولۇپ خېلى ۋاقىتقىچە كوتۇلداپ يۈردى ... كۈن چىقتى، ئانۇ سومكىسىنى ئېسىپ مەكتەپكە ماڭدى. كوچىدا ئۇياق - بۇياققا ئۆتكۈچىلەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى ئاڭلانغىلى تۇردى. مەھەللىدىكى بالىلارنىڭ چۇقان - سۈرەنلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. پەقەت نۇشانىڭلا دېرىكى يوق ئىدى. ئانىسى ئەمدى كوتۇلداشتىن توختىدى. ئۇ ئەمدى ئالاقىزادە بولۇشقا باشلاپ، بىردەم - بىردەم ئىشىككە قارايتتى. ھېچقاچان نۇشا سىرتتا مۇنداق ئۇزۇن ھايال بولۇپ قالمىغانىدى. ئانىسى پات - پات تۈنۈگۈن ئاخشامقى ئىشنى ئويلاپ، «نۇشا بىر يەرگە قېچىپ كەتكەنمىدۇ يا» دەپ ئەنسىرەيتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئەندىشىسىنى كارىدوردا تاماكا كېسىپ ئولتۇرغان سۇلتانەگە بىلدۈرمەيتتى، چۈنكى ئۇ قىزىنىڭ تاپا - تەنە قىلىشىدىن قورقاتتى.

ئۇنىڭ كۆڭلى پاراكەندە بولۇپ، ھېچ ئىشقا قولى بارمىدى. كوچىدا بىرەر نەرسىنىڭ شەپىسى ئاڭلانسا، ئۇ چۆچۈپ كېتەتتى، ئىشىك ئالدىدا ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ قالسا، قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلايتتى. شۇ تاپتا سۇلتانەمۇ غەم - قايغۇغا پاتقانىدى. ئانا - بالا ئىككىسى ئولتۇرۇپ، نۇشانىڭ قەيەرگە كېتىشى مۇمكىنلىكى توغرىسىدا پەرەز قىلاتتى. ئويلىغانسېرى ئۇلارنىڭ ئەندىشىسى تېخىمۇ كۈچەيدى. ئانۇ مەكتەپتىن قايتىپ كېلىدۋىدى، ئانىسى دەرھال ئۇنى نۇشانى تېپىشقا چىقاردى.

بىر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن ئانۇ قايتىپ كىردى. ئانىسى ئۇنىڭ يالغۇز قايتىپ كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ يۈرىكى قارتتىدە قىلىپ قالدى.

چۈشتىن كېيىن سۇلايمان كەلدى. رازىيە نۇشانىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردى. سۇلايمان دەرھال ئانۇنى ئېلىپ، نۇشانى ئىزدەپ چىقىپ كەتتى. ئۇلار نۇشا ئادەتتە باردىغان جايلارنىڭ ھەممىسىنى ئىزدىدى، مەھەللىدىكى بالىلاردىن بىر ـ بىرلەپ سورۇشتۇردى، ھېچ كىشى بىرەر يىپ ئۇچىنى ئېيتىپ بېرەلمىدى، ئۇلار شامدىنمۇ سورىۋىدى، شامى راست گەپ قىلىشتىن قورقۇپ، نۇشانى ساقمۇساق بىر ھەپتىدىن بۇيان كۆرمىگەنلىكىنى ئېيتتى.

ئۇلارنىڭ ئىزدەپ بارمىغان يېرى قالمىدى. قاراڭغۇ چۈشۈپ، ھەممە ئۆيدە چىراغ يېقىلدى. لېكىن، ئۇلار يەنىلا نۇشانىڭ قىلچە خەۋىرىنى ئالالمىدى.

سۇلايمان بىلەن ئانۇ نۇشانى تاپالمىغاچقا، پۈتۈن ئۆيدىكىلەر تېخىمۇ ساراسىمىگە چۈشتى. ئانىسى ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتى. سۇلتانە تولا يىغلاپ ئۇنى پۈتۈپ كەتتى. سۇلايمان كارىدوردا بېشىنى ساڭگىلىتىپ بىردەم ئولتۇرۇپ، ئاندىن چىقىپ كەتتى.

شۇ كۈنى ئۆيدىكىلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئاغزىغا بىرنېمە سالمىدى. ئانۇ تامغا يۆلىنىپ ئۇخلاپ قالدى. سۇلتانە بىلەن ئانىسى ئۇخلىمىدى. بارغانسېرى كېچە بولغىلى تۇردى. كوچىدا كىشىلەرنىڭ ئاۋازى ئاستا ـ ئاستا تۇگەپ، ئىتلارنىڭ قاۋىغان ئاۋازلىرى كۆپەيگىلى تۇردى. ئۆي چۆلدەرەپ كەتكەنىدى. جىمجىتلىق ئىچىدە ئانىسىنىڭ:

— قىزىم، ئاللاغا ئىلتىجا قىلايلى! — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

ئۇ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، ئورنىدىن تۇرۇپ، تاھارەت ئېلىپ كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ، ناماز ئوقۇدى، نامازدىن كېيىن ئۇزاققىچە جاينامازدا ئولتۇرۇپ، كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ تۇرۇپ دۇئا قىلىپ ئاللاغا ئىلتىجا قىلدى.

يېرىم كېچە. ھەممە يەردە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. رازىيە بىلەن سۇلتانە ھويلىغا چىقىپ، كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياش تۆكۈپ، قادىر ئاللادىن مەدەت تىلىدى.

— ئاھ خۇدا ! — دېدى يۈرەك ـ باغرى لەختە ـ لەختە بولغان رازىيە، — مەن نېمىدېگەن بەختسىز، ئوغلۇمنى ئامان ـ ئېسەن قايتىپ كېلىشكە نېسىپ قىلغايسەن ! مەن بىر تۇل ئايال، باش ـ پاناھسىز يېتىم ـ مىسكىنمەن ...

ئاسماندىكى يۇلتۇزلار ياش تامچىلىرىدەك چاقناپ تۇراتتى. بارغانسېرى كېچە بولۇپ، يۇلتۇزلار ئاستا ـ ئاستا يوشۇرۇندى. غۇر ـ غۇر سوغۇق شامال چىقىپ تۇراتتى. شەبنەم كەڭ زېمىننى ھۆل قىلماقتا ئىدى. ئانا ـ بالا ئىككىيلەن ھويلىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ دۇئا ئوقۇيتتى، ئىلتىجا قىلاتتى. ئۇلارنىڭ كۆز ياشلىرى توختىماي تاراملاپ تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

ئۇلار مۇشۇنداق غەم ـ قايغۇ ۋە تاقەتسىزلىك ئىچىدە بىرقانچە كېچىنى ئۆتكۈزدى. ئانىسى تولا يىغلاپ سالامەتلىكىنى ناچارلاشتۇرۇۋالدى، ئۇ ھەمىشە شۈك ئولتۇرۇپ كېتەتتى. كۆڭلى پەرىشان بولۇپ، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ئۇھ تارتىپ قوياتتى. ئىچىدە ئۆزىنى قاتتىق ئەيىبلەيتتى ۋە ئۆكۈنەتتى. نۇشانىڭ يوقاپ كېتىشى ئۇنىڭغا ئىنتايىن قاتتىق زەربە بولغانىدى. سەۋەبسىز ئىش بولمايدۇ. ئۇ سۇلتانەنى تۇغقاندىن كېيىن يەنە ئىككى ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەنىدى. لېكىن، ئىككىلىسى بىر يىلدىن ئارتۇقراق ئۆمۈر كۆرۈپ ئۆلۈپ كەتتى. نۇشامۇ كىچىكىدىنلا ئاغرىقچان بولۇپ چوڭ بولدى. ئانىسى ئۇنىڭغا بەك كۆيۈنەتتى، ئۇنى بەكمۇ كۆڭۈل قويۇپ بېقىپ چوڭ قىلدى. ئۇنىڭ كېسىلىنى ساقايتىش ئۈچۈن ئۇ نۇرغۇن ئەجىر قىلدى ۋە چىقىمدار بولدى.

ھازىر يەنە بىر بەختسىزلىك يۈز بەرگەنىدى. تاماكا زاۋۇتى ئىش تاشلىغاچقا، ئىقتىسادىي كىرىم مەنبەسى ئۈشتۈمتۈت ئۈزۈلۈپ قالدى. ئۆيدە قازان ئاسالمىغىلى بىرنەچچە كۈن بولۇپ قالدى. ئۇ تۇرمۇش ئازابىدىن تۇيۇق يولغا كىرىپ قالدى.

نىياز مۇشۇ كۈنلەردە بىر ئىش بىلەن جىددىگە كەتكەنىدى، پەقەت سۇلايمانلا پات ـ پات كېلىپ تۇراتتى. لېكىن، ئۇنىمۇ غەم بېسىۋالغاندەك قىلاتتى، كىيىملىرى رەتسىز، چاچلىرى پاخمى-

يىپ كەتكەندى. كۆزلىرىدە ئازاب كۆلەڭگىلىرى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئۇ بەكمۇ كەم سۆز بولۇپ قالغانىدى. بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلىپ قالغاندىمۇ، پۈتۈنلەي ئانۇنىڭ ئىشى ھەققىدە بولاتتى. ئۇ ئانۇنىڭ ياخشى بىر مەكتەپكە كىرىپ، كەلگۈسىدە ئالىي تەربىيە ئېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. بەزىدە ئۇ ئانۇ ئۆيدىكى چاغدا كېلىپ قالسا، ئۇنى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ ئۆگىنىش ئەھۋالىنى سورايتتى ياكى كىتابنى ئېلىپ ئۇنىڭغا بىردەم ياردەم بېرەتتى. شۇ ئارىلىقتا ئۇ بەزىدە سۇلتانەگىمۇ قاراپ قوياتتى. بۇ دەقىقە ئۇنىڭ ئۈچۈن شۇنداق شېرىن ئىدىكى، گويا ئۇنىڭ يېنىد-دىن غۇرۇلداپ خۇش پۇراق شامال ئۆتكەندەك بولۇپ، ئۇنى مەست قىلىۋېتەتتى.

بۇ كۈنى ئاخشىمى ھاۋانى قارا بۇلۇت قاپلاپ، سىم - سىم يامغۇر يېغىپ، گۈركىرەپ شامال چىقىپ تۇراتتى. ئۆي جىمجىت بولۇپ كەتكەندى. قارا چىراغنىڭ غۇۋا يورۇقىدا ھەممەيلەن گەپ - سۆز قىلىشماي ئولتۇرۇشاتتى. ئەتىگەندىن بېرى ئۆيدىكى-لەرنىڭ ھېچقايسىسى ئاغزىغا بىر چىشلەم بىرنېمە سالمىدى، ئۇلارنىڭ ھالسىزلىنىپ ماغدۇرىدىن كەتكەنلىكى مانا مەن دەپ تۇراتتى.

ئانۇلارنىڭ ئانىسى بەئەينى بىر ھەيكەلدەك، ھويلىنىڭ تېمى-دىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ ئولتۇراتتى. قوشنا ھويلىدىكى بىر تۈپ سەندەل دەرىخىنىڭ كۆلەڭگىسى تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ، غۇر - غۇر شامالدا تەۋرىنىپ تۇراتتى. ئانۇ قورسىقى ئېچىپ كېتىپ يىغلىغىلى تۇرۇۋىدى، رازىيە ئاچچىقىغا چىدىماي ئۇنى ئۇرۇۋەتتى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆيدە غىڭشىپ ياتاتتى. ئانۇنى ئۇرۇپ سېلىپ ئۇنىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قالدى. شۇ ئەسنادا ئۇشتۇمتۇت ئىشىك ئالدىدا قەدەم تىۋىشى ئاڭلىنىپ قالدى، سۇلايمان كەلگەندى. رازىيە ئۇنى ئۆيگە باشلىدى. سۇلايماننىڭ كۆڭلەكلىرى قانغا بويىلىپ، بىر كۆزى ئىششىپ كەتكەن، چاچلىرى چۇۋۇلۇپ يۈزىنى توسۇۋالغانىدى.

— ۋىيەي ! نېمە بولدىڭىز؟ — دەپ سورىدى رازىيە ھودۇقۇپ.

— ھارۋىغا ئولتۇرۇپ كېلىۋاتاتتىم، يول تېيىلغاق بولغاچقا، ھارۋا ئاغدۇرۇلۇپ كەتتى، — دەپ قويدى ئۇ ئېرەن قىلماي، ئەمەلىيەتتە، ئۇ ھارۋا ئاغدۇرۇلۇپ يارىلانغان ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئىششىپ چىققان كۆزلىرىدىنلا بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. لېكىن، رازىيە يەنىلا ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەندى.

رازىيە دەرھال سۇلتانەنى بۇيرۇپ ئاشخانىدىن ئىسسىق سۇ ئالدۇرۇپ، ئۆز قولى بىلەن سۇلايماننىڭ بىلەك ۋە مۈرىلىرىدىكى يارىلانغان يەرنى تازىلىدى. يامغۇر ئەدەپ پۈرچاقتەك - پۈرچاقتەك تاراسلاپ چۈشكىلى تۇردى. تۈن ئېخىمۇ قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. يامغۇر توختىماي شارقىراپ چېلەكتە قۇيغاندەك يېغىۋاتاتتى. بورانمۇ كۈچىيىپ كەتتى. سۇلايمان قايتىپ كېتەي دەپ چىڭ تۇرغاندى، رازىيە ئۇنىماي، كارىدورغا كارىۋات قويۇپ، ئۇنىڭغا ئورۇن راسلاپ بەردى.

سائەت ئون بىر بولاي دېگەندە يامغۇر توختىدى، بىراق بوران يەنىلا گۈركىرەپ تۇراتتى. ئۇشتۇمتۇت ئىشىك ئالدىدا نىيازنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى. رازىيە: «نىياز كىرىپ سۇلايماننى كۆرسە، ئۇ نېمىلەرنى ئويلاپ قالار، ئۇ گۇمانخور بىر ئادەم، نېمە ئاۋارىچىلىك كېلىپ چىقار» دەپ ئويلاپ قالدى. نىياز توختىماي ئىشىك قېقىپ ئانۇنى ئىشىكنى ئېچىشقا ۋارقىراپ چاقىرغىلى تۇردى. ئۇ كىرمەي ئۇنىمايدىغاندەك قىلاتتى. رازىيە نىيازنى رەنجىتىشنى خالىمىدى - دە، غەمكىن ھالدا قوپۇپ ئىشىكنى ئېچىشقا مەجبۇر بولدى. نىياز ھويلىغا كىرىپ، كارىدوردا بىر كىشى ياتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— كىم بۇ؟ — دەپ سورىدى.

سۇلايمان نىيازنىڭ ئاۋازىنى تونۇدى. ئۇ نىيازنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن، ئۆزىنىڭ بۇ ئائىلىدىكى ئىناۋىتىنىڭ تۆكۈلۈشىدىن ئەنسىرىدى. نىياز ئۇنىڭ بارلىق ئەھۋالىنى رازىيەگە ئېيتىپ

بىرىشى مۇمكىن ئىدى. سۇلايمان قانداقلا بولسۇن بۇ ئىشلارنى ئۇلارغا بىلدۈرمەسلىكى كېرەك ئىدى. ئۇ نەپەسىنى چىقارماي، مىدىر - سىدىر قىلماي، بېشىغا كېلىدىغان بالايىئاپەتنى كۈتۈپ يېتىۋەردى.

نىيازنىڭ ئۇشتۇمتۇت سوئال سورىشى بىلەن رازىيەنىڭ يۈرىكى قارتتىدە قىلىپ قالدى - دە، شۇنداقتىمۇ ئۇ دەرھال ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

— ئاچىن ئاكامنىڭ ئىككىنچى ئوغلى، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.

ھەرقانداق بولسا، سۇلايماننىڭ ئىپتى ئاغزىدىن چىقىپ كەتمىدى. نىياز ئاچىن دېگەن كىشىنى تونۇمايتتى. ئۇ سەل ئويلىنىۋېلىپ:

— قايسى ئاچىن ئاكا ئۇ؟ — دەپ سورىدى يەنە.

— ناجۇ ھامامىنىڭ چوڭ ئوغلىچۇ، باشقا كىم بولاتتى؟ — دېدى ئۇ. ئاندىن بىردەم توختاپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ھە، راست، سىز نەدىمۇ ئۇنى كۆرىسىز؟

— مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن، — دېدى نىياز.

— ئۇلار پاكىستانغا كەلگەندىن كېيىن، مۇلتاندا ئولتۇراق-لىشىپ قالغان. بۇ يەرگە ئاندا - ساندا كېلىپ قالىدۇ. سىز قانداقمۇ كۆرەلەيتتىڭىز؟ بۇ بالا تېخى تۇنۇگۈن كەلگەن، ئاخشام تېخى ساقمۇساق ئىدى، ھازىر قىزىتمىسى ئۆرلەپ قالدى.

— يامغۇردا قالمىغاندۇ؟ — دېدى نىياز. ئاندىن سۇلايمان تەرەپكە مېڭىپ، ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، پېشانىسىنى تۇتۇپ كۆردى، — ۋاي - ۋۇي، قاتتىق قىزىپ كېتىپتۇ! — ئۇ شۇنداق دەپ بولۇپ، يۈزىنى تام تەرەپكە قارىتىپ ياتقان سۇلايماننى ئوبدانراق كۆزەتكىلى تۇردى. سۇلايمان مىدىرلاشقا جۈرئەت قىلالماي، نەپەس چىقارماي ياتاتتى. نىياز بىرئاز گۇمانلىنىپ قالدى - يۇ، بىراق ئۇنىڭ يۈزىنى ئېنىق كۆرەلمىگەچكە، تونۇيالمىدى.

رازىيە دەرھال گەپنى ئۆزگەرتىپ، نۇشانىڭ ئۇشتۇمتۇت يوقاپ كەتكەنلىكى ئۈستىدە ھال ئوقۇشقا باشلىدى. نىياز ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قىلچە غەمخورلۇق، ھەتتا قىلچە ھېسداشلىقمۇ بىلدۈرمىدى.

— مەن بۇرۇنلا ئېيتقان، ئۇ بىر ساياق بالا بولدى. بوپتۇ، بىرئاز ۋاقىتتىن كېيىن دەككىسىنى يەپ، ئاندىن ياخشى - ياماننى بىلىدىغان بولىدۇ.

رازىيە نىيازنىڭ پوزىتسىيەسىگە بەك نارازى بولدى. ئۇ ئەسلىدە ئۇنىڭدىن بىرنەچچە ئېغىز ھېسداشلىق سۆزىنى ئاڭلاشنى ئۈمىد قىلغانىدى. ئەمما، نىياز نۇشانىڭ ئىشىنى قايرىپ قويۇپ، جىددىگە بېرىپ كەلگەنلىك توغرىسىدا سۆزلىگىلى تۇردى. رازىيە گەپ قىلماي ئاڭلاشقا مەجبۇر بولدى.

نىياز ئۇزاق ئولتۇرماي قايتىپ كەتتى. ئۇ كەتكەندىن كېيىن، سۇلايمان ئۇھ دەپ راھەتلىنىپ بىر نەپەس ئالدى. ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئۆيگە كەلگەندە ئېھتىياتچان بولۇش لازىم ئىكەن دەپ ئويلىدى. ئۇلارنىڭ سۆھبىتىدىن نىيازنىڭ رازىيە بىلەن توغقان ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە رازىيەنىڭمۇ سۇلايماننىڭ كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغانلىقىنى نىيازغا بىلدۈرۈشنى خالىمايدىغانلىقىنى بىلدى. بۇ ھەرھالدا ئۇنىڭ ئۈچۈن پايدىلىق ئىش بولدى. بولمىسا، ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن بۇ يەرگە كېلەلمەيتتى.

كېچە ئاستا - ئاستا ئۆتمەكتە ئىدى. پۈتۈن جاھان قاتتىق ئۇيقۇغا پاتقانىدى. گۈلدۈرمامىلىق يامغۇر يەنە كۈچەپ ياغقىلى تۇردى. ئۆگزىگە تاراسلاپ چۈشۈۋاتقان يامغۇر ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. سۇلايماننىڭ زەخمىلەنگەن يەرلىرى قاتتىق ئاغرىۋاتقاچقا، ئۇ توختىماي ئىڭرايتتى. ئۇنىڭ قىزىتمىسى تېخىمۇ ئۆرلەپ بەدىنى تونۇردەك قىزىپ كەتتى. بېشى قاتتىق ئاغرىپ، كۆزلىرىنىمۇ ئاچالماي قالدى.

ئۇشتۇمتۇت ئۇ يېنىدا بىرىنىڭ ھاسىراۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ

كۆزىنى ئېچىۋىدى، غۇۋا چىراغ يورۇقىدا تامغا بىر كىشىنىڭ سايىسى چۈشۈپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. كارىۋات بېشىدا بىر كىشى ئېڭىشىپ تۇراتتى. ئاندىن ئۇ يۈزىگە سوغۇق بىر قول تەگكەنلىكىنى سەزدى.

— سۇلتانە؟ — دەپ ئالدىراپ سورىدى ئۇ.

— ئۇشت! — سۇلتانە ئۇنى ئاۋاز چىقارغۇزمىدى.

سۇلايمان سۇلتانەنىڭ قولىنى ئۆزىنىڭ ئوتتەك قىزىق قولى بىلەن تۇتتى، ئاندىن ئۇنىڭ يۇمشاق قولىنى تارتىپ ئاغزىغا يېقىپ سۆيۈپ قويدى. سۇلتانە قارشىلىق بىلدۈرمەي، كارىۋات بېشىدا ئۈنچىقماي تۇرىۋەردى. سىرتتا يامغۇر شارقىراپ يېغىپ تۇراتتى. شامال باراقسان سەندەل دەرىخىنىڭ يوپۇرماقلىرىنى شىلدىرلىتىپ، چاقماق چېقىپ، ھاۋا گۈلدۈرلەپ تۇراتتى.

ئۆيدىن بىرىنىڭ ئۆرۈلگەن ئاۋازى ئاڭلىنىۋىدى، سۇلتانە قولىنى سۇلايماننىڭ يۈزىدىن تارتىۋېلىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. سۇلايمان سۇلتانەنىڭ قايتا چىقىشىنى كۈتۈپ جىمجىت ياتتى، لېكىن سۇلتانە ئىككىنچىلەپ چىقمىدى.

## 4

تاماكا زاۋۇتىدىكى ئىش تاشلاش تېخىچە داۋاملاشماقتا، رازىيەنىڭ قايغۇ - ھەسرىتىمۇ كۈنسايىن ئاشماقتا ئىدى. يوقسۇزچىلىقتىن ئۆيئىچى قۇرۇپ كېتىپ، ئۇدا بىرنەچچە ۋاخ يەيدىغان نەرسە بولماي قالدى. ئاز - تولا قالدى - قاتتى نەرسىلەرمۇ سېتىلىپ تۈگىدى. ئىش تېپىش بەك قىيىن ئىدى. بىرەر كىيىم تىكىش ماشىنىسى بولغان بولسىمۇ، ھەرھالدا قوشنا - قولۇملارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى تىكىپ بېرىپ، ئاز - تولا پۇل تېپىپ جان بېقىشقا بولاتتى، ئەمما ...

رازىيە ئۇخلىيالماي قاراڭغۇدا تورۇسقا قاراپ غەم قىلىپ ياتاتتى. سۇلتانە بىلەن ئانا ئۇخلاپ قالغانىدى. شۇ ئەسنادا نىياز

كەلدى. ئۇ بەكمۇ خۇشال كۆرۈنەتتى. ئۇ يەنە بىرمۇنچە نەرسە ئەكەلگەنىدى. بۇنىڭ ئىچىدە تاتلىق يېمەكلىكلەر، مېۋە ـ چېۋىلەر ۋە بىرئاز پەرداز بۇيۇملىرى بار ئىدى. ئۇ بوسۇغىدىن كىرىپلا، قولىدىكى نەرسىلەرنى رازىيەنىڭ ئالدىغا قويۇپ، تارتىنماستىنلا كارىۋاتقا چىقىپ ئولتۇردى.

— بۈگۈن بەك چارچاپ كەتتىم، — دېدى ئۇ.

— تەن ساقلىقىڭىز ياخشىمۇ؟ نېمىشقا مۇنچىۋالا چارچاپ كەتتىڭىز؟

— ئاۋۋال ئازراق سۇ بېرىڭە، ئۇسساپ گاللىرىم قۇرۇپ كەتتى.

نىياز تازا ئۇسساپ كەتكەنىدى، بىر پىيالە سۇنى غۇرتۇلدىتىپ بىراقلا ئىچىۋەتتى ـ دە، ئاندىن كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ ياتتى. رازىيە نىياز ئەكەلگەن نەرسىلەرنى ئاچتى. ئاخشىمى ئۇلار قازان ئاسمىغاچقا، سۇلتانە بىلەن ئانۇنىڭ قورسىقى ئاچ ئىدى. رازىيە ئۇلارنى ئويغىتىپ بۇ نەرسىلەرنى يېگۈزەي دېۋىدى، نىياز ئۇنىمىدى.

— سىزگە دەيدىغان مۇھىم ئىش بار، ئۇلار قوپسا، دېگىلى بولمايدۇ.

نىياز كارىۋاتنى ھويلىغا يۆتكەپ چىقتى، ئىككىيلەن كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ سۆزلەشكىلى تۇردى. كۆكتە قىلچە بۇلۇت يوق، سۈپسۈزۈك ئىدى. پۈتۈن ئاسماننى قاپلاپ كەتكەن يۇلتۇزلار مەيىن شامالدا چاقناپ تۇراتتى. ھاۋا سالقىنراق بولسىمۇ، ھەرھالدا توڭلىغۇدەك ئەمەس ئىدى. نىياز چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن رازىيەنىڭ قولىنى تۇتۇپ، ناھايىتى يېقىنلىق بىلەن:

— مەن بۈگۈن سىزدىن ئېنىق بىر جاۋاب ئېلىشقا كەلدىم. بولامدۇ ياكى بولمامدۇ؟ — دېدى.

— يەنە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ تۇرايلى.

— سىز ھەمىشە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ تۇرايلى، بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ تۇرايلى، دەيسىز. شۇنداق دەپ بىرنەچچە ئاي ئۆتۈپ

كەتتى.

— بىرنەچچە ئاي؟ نەدە ئۇنچىلىك ۋاقىت ئۆتتى.

— بولدى، مەن ئەمدى كۈتىۋەرمەيمەن. ئۆگۈنلۈككە جۇمە، خاسىيەتلىك كۈن. شۇ كۈنى تويىمىزنى قىلىۋېتەيلى.

— ۋىيەي، نېمانچە ئالدىرايسىز؟ — دېدى رازىيە ئالدىراپ - تېنەپ.

نىياز يېقىنچىلىق بىلەن رازىيەنىڭ بېشىنى ئۆزىنىڭ مۈرد-سىگە بېسىپ، يۈزىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— مەن ھازىر سىزدىن بىر دەقىقىمۇ ئايرىلالمايدىغان بولۇپ كەتتىم. سىز مېنىڭ ئاغزىمغا قارىسىڭىز بولىدۇ، — دېدى. رازىيە بىرنېمە دېمەكچى بولۇۋىدى، ئۇ دەرھال قولى بىلەن رازىيەنىڭ ئاغزىنى توسۇۋالدى، — سىز قەسەم قىلىپ بېرىڭ، مېنىڭ گېپىمنى يىرماڭ. بولدى، شۇنداق كېلىشتۇق.

رازىيە بىرەر باھانە - سەۋەب كۆرسىتىپ كېچىكتۈرمەكچى بولۇۋىدى، نىياز ئۇنىماي چىڭ تۇرۇۋالدى ۋە خاپا بولۇپ:

— ئەگەر مۇشۇ جۇمە كۈنى نىكاھ ئوقۇتمايدىغان بولساق، بۇ ئىشىمىز سۇغا چىلاشسۇن، — دېدى.

رېئاللىق ئەنە شۇنداق ئىدى. رازىيە بۇ تەھدىتكە تاقابىل تۇ-رۇشقا قادىر ئەمەس ئىدى. ئاچارچىلىق ھاياتى ئۇنى ئامالسىز قالدۇرغانىدى. ئۇ نىيازغا ھېچقانداق گەپ قىلمىدى، بۇ ئىشقا ئۇنچىقماي ماقۇل بولدى.

نىياز زۆرۈر بولغان تەييارلىقلارنى قىلىش ئۈچۈن، يانچۇقىد-دىن ئىككى يۈز رۇپىيە چىقىرىپ ئۇنىڭغا بەردى. ئاندىن توي ئىشىنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇشنىمۇ ئېيتتى.

— جۇمە كۈنى ئەتىگەن، بۇ ئەڭ مۇۋاپىق ۋاقىت. مەن سوتچى ئەپەندىنى باشلاپ كېلىمەن، ئۇنىڭ بىلەن پەقەت بىرنەچچە كىشىلا بىللە كېلىدۇ. ھەممە ئىشنى ئۆزىڭىز ئورۇنلاشتۇرۇڭ. خالىسىڭىز يەنە قوشنا - قولۇملار ئىچىدىن بىرەر مومايىنى تەكلىپ قىلىڭ، — ئۇ ھەممە لايىھەنى ئالىلىبۇرۇن ئويلاپ

قويغاندەك قىلاتتى. ئۇ بەخۇدۇك سۆزلەپ بولغۇچە، رازىيە ئۇندىمەي ئولتۇردى.

نىياز ھەممە ئىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپ، كېچىلەپ قايتىپ كەتتى.

رازىيە بۇ ئىشقا قوشۇلغان بولسىمۇ، لېكىن كېچىچە كۆز يۇمماي چىقتى. ئەتىسى يەنىلا مۇشۇ ئىشنى ئويلاپ يۈردى. ئۇنىڭ ئەڭ ئەنسىرەيدىغىنى سۇلتانە ئىدى. ئۇ سۇلتانەگە قاراپ، ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك شۇنچە ياش، ساھىبجامال ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۆزىنىڭ قايتا نىكاھلىق بولۇشى سۇلتانەگە مەلۇم بەختسىزلىك كەلتۈرىدىغانلىقىنى سەزگەندەك قىلاتتى. مۇشۇلارنى ئويلاپ ئۇنىڭ تەنلىرىگە تىترەك ئولاشتى.

ھازىر ئاران بىر كېچە ـ كۈندۈزلا قالغانىدى. ئۇ گاڭگىراپ كەتتى، بۇ ئىشنى ئەمدى ئۇ سۇلتانەدىن يوشۇرۇپ قالالمايتتى. لېكىن، قانداق ئېغىز ئاچالىسۇن؟ ئۇ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ئۆز قىزىدىن قورقۇشقا باشلىدى. ئۇ لاغىلداپ تىترەپ تۇرۇپ، سۇلتانەنى ئۆزىنىڭ يېنىغا چاقىردى.

سۇلتانە ئانىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئانىسى بىرھازاغىچە جىم ئولتۇرۇپ كېتىپ، ئاندىن ئاستا ئېغىز ئاچتى.

— ساڭا دەيدىغان بىر ئىش بار ئىدى.

ئانىسىنىڭ گەپ قىلىۋاتقاندىكى تەلەتىنىڭ ئادەتتىكىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ، سۇلتانە قاتتىق ئەجەبلەندى.

— نېمە ئىش، ئانا؟

— بۇ ئىشنى نېمە دېسەم بولار؟

— شۇنداق ئالاھىدە ئىشمىدى ئۇ؟

— تۈنۈگۈن ئاخشام نىياز كەپتىكەن، — دېدى ئانىسى دۇدۇقلاپ.

ئانام مېنى نىيازغا بەرمەكچى بولدىمۇ نېمە، دەپ ئويلاپ، سۇلتانەنىڭ يۈرىكى قارتتىدە قىلىپ قالدى ۋە قورقۇنچلۇق نەزىرى بىلەن ئانىسىغا قارىدى.

— ئۇ ئۆيلەنمەكچىكەن، — دېدى رازىيە تىلىنى چايناپ.
— ھە؟ — سۇلتانەنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئاندىن ئۇ لاغىلداپ تىترەپ تۇرۇپ:
— كىمگە؟ — دەپ سورىدى.
ئانىسى يەرگە قاراپ تۇرۇپ:
— ماڭا، — دېدى. بۇ گەپ ئاغزىدىن چىقىش بىلەن تەڭ يۈزلىرى تەرلەپ كەتتى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ داڭ قېتىپ تىترەپ كەتكەن سۇلتانە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. ئانىسىنىڭ دەيدىغان نۇرغۇن گېپى بار ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قانداق ئامالسىز قالغانلىقىنى ئېيتىپ، قىزىدىن ئەپۇ سورىماقچىدى. لېكىن، ئارانلا:
— جۈمە كۈنى ئەتىگەندە نىكاھ ئوقۇتماقچى، — دېگەن گەپنىلا دېيەلىدى.

بۇ گەپنى ئۇ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن ھالدا سۆزلىدى - دە، سۇلتانەنىڭ بىرنېمە دېيىشىنى كۈتمەيلا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى ۋە ساندۇقنى ئېچىپ بىرنەرسىلەرنى مالتىلىغىلى تۇردى.

بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئۆيدىن چىقىپ، سۇلتانەگە قاراپمۇ قويماي، پەس ئاۋازدا:
— مەن چوڭ ھاماممىنىڭكىگە بېرىپ كېلەي، بىرئاز ئىش بار ئىدى، — دەپلا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. سۇلتانە نېمە قىلىشىنى بىلمەي، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپلا قالدى. ئانۇ مەكتەپكە كېتىپ، ئۆيدە يالغۇز سۇلتانە قالدى. ئۇ: «ئاھ خۇدا! بۇ قانداق ئىش بولدى؟ بۇنىڭدىن كېيىن قانداق ئىشلار بولار؟» دەپ ئويلاپ كەتتى.

سۆز بىلەن تەرىپلىگۈسىز بىر خىل ۋەھىمە ئۇنى چۇلغىۋالغانىدى. تۇساتتىن ئىشىك قېقىلدى. بۇ سۇلايمان ئىدى. ئۇ دەسلەپتە سەل ئىككىلىنىپ قالدى. كېيىن ئۆزىگە غەيرەت بېرىپ ئۆيگە باشلىدى.

سۇلايمان ئادەتتىكىگە ئوخشاشلا ئۆيگە كىرىپ ئولتۇردى. سۇلتانە بوسۇغىغا كېلىپ، ئۆيگە كىرمەستىن ئىشىككە يۆلىنىپ تۇردى. ئۇ بەكمۇ غەمكىن كۆرۈنەتتى. كۆزلىرىدىن روھسىزلىق چىقىپ تۇراتتى. چىرايىدا ھېچقانداق ئىپادە يوق ئىدى. ئۇ سۇلايمانغا قاراپ قويۇپ ئويغا كەتتى: بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى ئىككىنچى كۆرەلمەيتتى. ئەتىدىن باشلاپ نىياز ئۇنىڭ ئۆگەي دادىسى بولۇپ قالاتتى. ئۇ ئۆگەي دادا بولغان ھامان بۇ ئائىلە ئۇنىڭ چاڭگىلىغا ئۆتۈپ كېتەتتى. ئۇ سۇلايمانىنى قانداقمۇ بۇ ئۆيگە پۈت تىقتۇرسۇن ... سۇلايمان ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ يېقىملىق بىلەن ئۇنىڭ مەڭزىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— نېمە ئىش سىزنى مۇنداق غەمكىن قىلىۋەتتى؟ ئانىڭىز ئازار بەردىمۇ يا؟ — دەپ سورىدى.

— ياقەي، — دېدى ئۇ ئاستاغىنا.

— ئەمىسە نېمە بولدى؟

ئۇ ھېچنېمىمۇ دېمەي، سۇلايمانغا ئېسىلىپ يىغلىۋەتتى. سۇلايمان كۆيۈنگەن ھالدا ئۇنىڭ مۇرىسىگە يېنىك ئۇرۇپ قويدى. ئىككىيلەن تولۇپ تاشقان مېھىر - مۇھەببەت بىلەن مىدىر قىلماي تۇرۇشۇپ كەتتى. ئانىسى ئىشىكنى ئېچىپ كىرگەندە، ئۇلار قىلچە سەزمىدى. ئانىسى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى - دە، ئاستا بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇ ئىشىكنى يېپىپ تۇرۇپ، ئاندىن ئىشىك قاقتى، بىردەمدىن كېيىن ئىشىكنى ئۆزى ئىتتىرىپ ئېچىپ كىرىپ كەلدى. ئۇ كىرىۋېتىپ:

— توۋا خۇدايىم، ئىشىك ئوچۇق تۇرسا، تاقاقمىكىن دەپتىمەن، مېنىڭ مېڭەمنى قارىمامدىغان! — دەپ قويدى.

سۇلتانە نېرى كەتكەنىدى. ئۇ تاشقىرىقى ئۆينىڭ بىر چېتىگە بېرىپ دەرھال كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋەتتى. سۇلايمان ئىچكىرى ئۆيگە قايتىپ كىرگەنىدى. رازىيە ئۇدۇل ئۆيگە كىرىپ، سۇلايمانىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى ھەيران بولغاندەك كۆرسىتىپ:

— ۋىيەي، قاچان كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— ھېلىلا كەلدىم.
— بۈگۈن ھاۋا نېمىدېگەن ئىسسىپ كەتكەن، — دېگەچ ئىشىك ئالدىغا بېرىپ سۇلتانەگە، — سەن بىردەم قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە چىقىپ كىرسەڭچۇ، — دېدى.
سۇلتانە چىقىپ كەتتى. ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن رازىيە سۇلايمانغا:
— تاشقىرى ئۆيگە چىقايلى، بۇ ئۆي بەك دىمىق بولۇپ كېتىپتۇ، — دېدى. ئۇلار تاشقىرى ئۆيگە چىققاندىن كېيىن، ئۇ سۆزنى داۋاملاشتۇردى، — مەن بىر ئاۋارىچىلىك ئىشقا يولۇقۇپ قالدىم. قانداق قىلىشىمنى بىلەلمەي بېشىم قېتىپ قالدى.
— نېمە ئىش ئۇ؟ — دەپ سورىدى سۇلايمان.
— سىزگە قانداق دېسەم بولار؟ مېنى قاتتىق غەم بېسىپ كەتتى.
— ئالاھىدە بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟ — دەپ سورىدى يەنە سۇلايمان.
— بۇ ئالاھىدە ئىش دەڭە. ئەمدى سىزدىن يوشۇرۇشنىڭ ھاجىتىمۇ قالمىدى. مۇنداق ئىش: سۇلتانە ياتلىق بولماقچى.
ئۇ شۇنداق دەپ بولۇپلا، كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا سۇلايمانغا بىرنەچچە قېتىم قاراپ، ئۇنىڭ چىراي ئىپادىسىنى دىققەت بىلەن كۆزەتتى. بۇ ئىشقا قىلچە تەييارلىقى بولمىغان سۇلايمان، ئالدىراپ - تېنەپ سورىدى:
— قاچانلىققا؟
— ئەتىلىككە، — ئۇ مۇشۇ بىر ئېغىز سۆزنىلا قىلىپ قويۇپ، سۇلايماننىڭ ئىنكاسىنى داۋاملىق كۆزەتتى.
— ئەتە ! يەنى جۈمە كۈنى. سىز بۇ ئىشنى ئالدىن ماڭا ئېيتمىغانىدىڭىزغۇ؟
— مەنمۇ مۇنداق تېز بولۇشىنى خالىمىغانىدىم. بۇ كۈننى موللام بېكىتتى، بۇنىڭغا نېمە ئامال.
سۇلايماننىڭ چىرايىدىن ئاستا - ئاستا قايغۇ - ھەسرەت ئى-

پادىسى تېپىپ چىقتى.
— كىمگە ياتلىق قىلماقچى؟ — دېدى ئۇ تۆۋەن ئاۋازدا.
— جەمەتىمىز ئىچىدىكى بىر بالىغا. خىزمىتى بار، مىجەزى-مۇ ياخشى.
سۇلايمان گەپنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاشنى خالىماي، رازىيەنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى.
— ئاللاتائالا ئۇلارغا بەخت ئاتا قىلغاي ! — ئۇ شۇنداق تەكەللۇپ سۆزىنى قىلىپ قويۇپلا جىم بولۇپ كەتتى. رازىيەمۇ گەپ - سۆز قىلمىدى. ئۇ سۇلايماننىڭ كۆڭلى بۆلەكچىلا بۇزۇل-غانلىقىنى كۆردى. سۇلايمان ئەنسىزلىك بىلەن بىر جايىدا ئولتۇرالماي قالدى - دە، توساتتىن ئورنىدىن تۇردى.
— مەن قايتاي، — دېدى ئۇ.
— بىردەم ئولتۇرۇڭ.
لېكىن، ھازىر سۇلايماننىڭ بىر مىنۇتمۇ تۇرغۇسى يوق ئىدى. رازىيە ئۇنى ئۇزاقراق ئولتۇرغۇزۇپ قېلىپ، بەزى گەپ - سۆزلەرنى ئېنىقراق ئېيتىشنى ئويلىغانىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ ئابايا قىلغان گەپلىرى پۈتۈنلەي يالغان ئىدى. لېكىن، سۇلايمان ئۇ قايتا ئېغىز ئېچىپ بولغۇچە ئىتتىك - ئىتتىك مېڭىپ چىقىپ كەتتى.
ئۇ يولدا تاماكا ئېلىش ئۈچۈن توختىدى، ئاندىن ئۇدۇل ئۆزى-نىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەتتى. ئۇ ئۆيگە كىرىپلا ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى. ئۇ بەئەينى ئۇزاق ۋاقىت ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان كېسەل ئادەمگە ئوخشايتتى. ئۇ ئايىغىنىمۇ سالماي، كىيىملىرى-نىمۇ يەڭگۈشلىمەي، تورۇسقا تىكىلگەن پېتى توختىماي تاماكا چېكىپ، جىمجىت يېتىپ كەتتى. بۇ بىر خىل ئاجايىپ نەپرەت-لىنىش، ئاجايىپ تۇيغۇ، ئۇنىڭ نەپسىنى بوغقان بىر خىل بېسىم ئىدى.
شۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇ غەم - قايغۇسىز ياشاپ كەلگەنىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىدا سۇلتانەنىڭ مۇنداق مۇھىم ئورۇن تۇتىدى-

غانلىقىنى سەزمىگەنىدى. ئۇ سۇلتانەگە ئادەتتىكى بىر قىز سۈپىتىدە، ياش، ساددا گۈزەل بىر قىز سۈپىتىدە قارايتتى. بۈگۈن ئادەتتىكى بۇ قىز ئالاھىدە قىزغا ئايلانغانىدى. ئۇ ئۆيلىدىن غانسىرى پەرىشان بولۇپ كەتتى. گويا بىر كىشى ئۇنىڭ ئالدىدا قايتا ـ قايتا توۋلاۋاتقاندەك قىلاتتى:

— بۇ قانداق ئىش؟

— بۇ زادى قانداق ئىش؟

ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا چوڭ بىر سوئال بەلگىسى قويۇلدى.

ئۇ تاكى گۈگۈم چۈشكۈچە غەم ۋە ئازاب ئىچىدە قىينىلىپ، ئۇياق ـ بۇياق ئۆرۈلۈپ ياتتى. تاماكىنى تولا چېكىپ گاللىرى قۇرۇپ، لەۋلىرى ئېچىشىپ كەتتى. ئۆيگە قاراڭغۇ چۈشكەندە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىككى پىيالە سۇ ئىچىپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. بازار قىزىپ كەتكەنىدى. كىشىلەرنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، تۇرمۇش خەندان ئۇرۇپ، كۆزنىڭ يېغىنى يېگۈدەك چاقناپ تۇراتتى. ياز كۈنلىرىنىڭ ئاخشىمى ھەقىقەتەن ئىنتايىن گۈزەل ئىدى.

ئۇ رەستىنى بىر چۆرگىلەپ چىقىپ، ئاندىن يەنە چوڭ كوچىدا بىردەم ئايلىنىپ يۈردى. بىرئاز ۋاقىتتىن كېيىن ئۆزىنىڭ نۇشالارنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇرغانلىقىنى سەزدى. رازىيە ئۇنى ئۆيگە باشلىدى. ئۇ سۇلايماننىڭ يولىغا قاراپ تۇرغاندەك قىلاتتى.

رازىيە ئۇنىڭ قاپاقلىرى چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ:

— نېمە بولدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

سۇلايمان سەل ئوڭايسىزلىنىپ قېلىپ، ئاندىن ئۆزىنى بېسىۋالدى.

— مېنىڭ سىزگە بىر ئېغىز گېپىم بار ئىدى، ئەيىبكە بۇيرۇمىغايسىز، — دېدى ئۇ ئاستاغىنا. ئۇنىڭ ئاۋازى سەل تىترەپ كەتتى.

رازىيە ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئەنە شۇ گەپنى ئاڭلاشنى خالايتتى.

— ماقۇل، ماقۇل، دەۋېرىڭ ! — دېدى ئۇ ئالدىراپ.

— سۇلتانەنى ياتلىق قىلماق، — دەپ سالدى ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا. شۇنداق دەپ بولۇپ ئۆزىمۇ ئىزا تارتىپ قالدى. ئاندىن يەنە قوشۇمچە قىلدى، — بۇ گەپ سىزنىڭ كۆڭلىڭىزگە كەلمەس؟

— ياقەي. راست گەپ قىلسام، ئۆزۈممۇ بۇ توي ئىشىنى ئاز-چە ياقتۇرۇپ كەتمەيتتىم، ئەمما مەن ئويلايمەن، قىزىم بويىغا يېتىپ قالدى، ئەمدى ئۇنى قاچانغىچە يېنىمدا ساقلايمەن، تېخى-مۇ ئوبدانراق يەردىن لايىق چىقمىسا يا ...

— ئەگەر مەن ... — سۇلايمان ئوڭايسىزلىنىپ، گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي، جىددىيلىشىپ، رازىيەنىڭ جاۋابىنى كۈتۈپ تۇردى.

— مۇشۇ گەپنى بىرنەچچە كۈن بۇرۇنراق دېگەن بولسىڭىز قانداق ياخشى بولاتتى، — دېدى رازىيە سەل جىم تۇرۇۋېلىپ، — سۇلتانە بىلەن ئىككىڭلار تۇرمۇش قۇرساڭلار مەن چوقۇم خۇشال بولاتتىم. بىراق، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟

ئىش ھەقىقەتەن شۇنداق ئىدى. بىر كېچىنىڭ ئىچىدە رازىيە نېمىمۇ قىلالىسۇن؟ ئەتىدىن تارتىپ نىياز بۇ ئۆيگە غوجايىن بولىدۇ. بۇلارنىڭ توي ئىشىغا ئۇنىڭ قانچىلىغان تۇسالغۇلارنى پەيدا قىلىدىغانلىقىنى كىم بىلسۇن. ئۇ قاتتىق ئېچىنغان ھالدا ئويغا پاتتى. بۇ ئىشنى ئۇ بىرنەچچە كۈن بۇرۇن سۇلايمانغا ئېيتقان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى ! لېكىن، ئۇ بىرنەچچە كۈن بۇرۇن ئۇلارنىڭ ئىشىنى نەدىن بىلسۇن.

سۇلايمان ئۇنىڭ گەپ قىلماي جىمىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ:

— ھېلىمۇ ئۈلگۈرەلەيسىز، خۇدا ھەقىقەتەن ماقۇل دەڭ ! — دېدى.

رازىيە چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ، ئىشەنگەن ھالدا:

— ھازىر ئۇنىڭ بېشىنى سىزگىلا باغلاپ قويالايمەن. يامىنى

كەلسە خەق «سۇلتانە بىر يىگىت بىلەن قېچىپ كېتىپتۇ» دەر، بۇ گەپنى مەن كۆتۈرەلەيمەن، — دېدى ۋە بىردەم توختىۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — سىز بېرىپ سوتچىدىن ياكى ئاخۇ-نۇمدىن بىرەرنى تېپىپ كېلىڭ. ئۇلار سىلەرنىڭ نىكاھىڭلارغا شاھىت بولسۇن. قوشۇلامسىز؟

سۇلايمان دەرھال قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

— ئەمىسە چاپسان بولۇڭ، سائەت ئون بىردىن قالماي چوقۇم كېلىڭ. مەن ھازىرلا سۇلتانەنىڭ تەييارلىقىنى قىلاي. بېرىڭ، ھايال بولماڭ.

سۇلايمان ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇ كەتكەندىن كېيىن رازىيە سۇلتانەنى ئىزدەپ ئاشخانىغا كىردى. سۇلتانە ھېلىلا تاماقنى تەييارلاپ بولۇپ، ئوچاقنىڭ ئوتىنى كوچىلاۋا-تاتتى. ئانىسى ئاشخانىغا كىرىپلا سۇلتانەگە:

— چاپسان بول، بالام، دەرھال يۇيۇنۇۋال، — دېدى.

— ئانا، نېمىشقا؟ — دېدى سۇلتانە ھەيران بولۇپ.

— سورىماي قوي؟ — دېدى ئۇ تەبەسسۇم بىلەن، — مېنىڭ دېگىنىمنى قىلساڭ بولدى.

ئۇنىڭ كەيپى چاغ، چىرايىنى كۈلكە قاپلىغانىدى، سۇلتانە گاڭگىراپ، ئانىسىنىڭ نېمىشقا مۇنداق خۇشال ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى. ئۇ سورۇشتۇرۇپ تۇرماي، يۇيۇنۇش ئۆيىگە چىقىپ كەتتى.

ئانىسى دەرھال ئۆيگە قايتىپ كىرىپ، ساندۇقنى ئېچىپ، سۇلتانەنىڭ ئەڭ ياخشى بىر قۇر كىيىمىنى ئالدى. ئاندىن بىرمۇنچە سېرىق ۋە كۆمۈش رەڭ قەغەزنى قايچا بىلەن كېسىپ ئۈزۈۋالاپ، مەيقات① بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، سۇلتانەنى كۈتۈپ

① بىر خىل ئۆسۈملۈك. ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنى قۇرۇتۇپ ئۇۋاقلاپ ئېزىپ، سۇ بىلەن ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن، نەقىش سىزىشقا ئىشلىتىلىدۇ. شۇ جايدىكى كىشى-لەر توي مۇراسىمىنىڭ ئالدىدا، قىزنىڭ قول - پۇتلىرىغا مەيقات بىلەن نەقىش سىزىپ، قۇتلۇقلىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

تۇردى. بىردەمدىن كېيىن سۇلتانە يۇيۇنۇپ بولۇپ چىقتى. ئانىسى ئۇنى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ پۇت ـ قوللىرىغا مەيقات سۈرتتى. ئۇ يەنە ئانىنى ئەتىر، گۈلچەمبىرەك ۋە تويلۇق كىيىمنى زىننەتلەشكە كېرەكلىك باشقا بۇيۇملارنى ئەكېلىشكە بازارغا بۇيرۇدى. سۇلتانە ئۇندىمەي بۇ ئىشلارغا قاراپ ئولتۇردى. لېكىن، ئانىسى ئۇنىڭغا قىزىل شايى كىيىملەرنى كىيدۈرگەندە، ئۇ چۆچىدى. نەلمەي:

— ئانا، بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ — دېدى.

— گەپ قىلماي ئولتۇر، بىر ئىش دېگەننى كولاپ سوراۋەرمەيدىغان، — دېدى ئانىسى ئۆزىنى ئاچچىقلىغانغا سېلىپ.

سۇلتانە گەپ ـ سۆز قىلمىدى. بىرئازدىن كېيىن ئانىۇ بازاردىن كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئەكەلدى. ئانىسى ئۆز قولى بىلەن سۇلتانەنىڭ بېشىنى تارىدى؛ قىزىل شايى كىيىمگە ئەتىر چاچتى؛ چاچلىرىغا چىرايلىق رەڭدار قەغەز ئۇۋاقلىرىنى چاچتى ۋە گۈل قىستۇردى. سۇلتانەنى ياساندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇ ئالدىرىماي:

— سۇلايمان سائەت ئون بىردە سېنى ئالغىلى كېلىدۇ، — دېدى.

سۇلتانە تامدەك قېتىپ، ئەس ـ هوشىنى يوقاتقان هالدا ئانىسىغا قاراپلا قالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭدا بىر ـ بىرىگە زىت بولغان ئىككى خىل تۇيغۇ پەيدا بولدى: هەم خۇشال بولدى، هەم قايغۇردى. ئانىسى مۇلايىملىق بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— بالام، مەن ناهايىتى خۇشال بولۇۋاتىمەن. ئەگەر توي كۆچۈرگۈچىلەر بىزنىڭ ئۆيگە كېلىدىغان بولسا، داپ ـ دۇمباق سادالىرى ئىچىدە سېنى قوشۇپ بەرگەن بولسام، نەقەدەر خۇشال بولۇپ، كېتەتتىم ـ هە. ئەمما، پېشانەڭگە شۇنداق پۈتۈلگەنىكەن. مېنى كەچۈرگىن، بالام! — دېدى.

سۇلتانە بېشىنى تۆۋەن سالغان پېتى ئۇندىمەي ئولتۇراتتى.

ئانىسى كۆزىگە ياش ئېلىپ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. سۇلتانەمۇ چىداپ تۇرالماي يىغلىۋەتتى. ئانىسى ئۇنىڭ كۆز يېشى قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال رومىلىنىڭ ئۇچىدا كۆزلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، چىرايىغا زورلاپ كۈلكە يۈگۈرتتى.

— ۋىيەي، قارا سېنىڭ بۇ ئەخمەقلىقىڭنى، نېمىشقا يىغلايسەن؟

ئۇ سۇلتانەنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كەتتى. سۇلتانە شۈك ئولتۇراتتى، ئۇ بەئەينى پەرىزات ئىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايىدىن گۈپۈلدەپ ئەتىر پۇراپ تۇراتتى، كۆزلىرى چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا ئوخشايتتى. ئۇ ھەربىر يېڭى تويى بولىدىغان قىزغا ئوخشاش، تويلۇق كىيىمنى كىيگەندىن كېيىن بىرئاز قورقۇمسىراپ قالدى. بىردەمدىن كېيىن ئانىسى بىر پەتنۇستا مېۋە - چېۋە ۋە تاتلىق يېمەكلىكلەر كۆتۈرۈپ كىرىپ، سۇلتانەنىڭ قېشىدا ئولتۇردى.

ھىندى كالېندارى بويىچە 5 - ئاي① ئاخشىمى، ھويلىغا سۈتتەك ئاي نۇرى چۈشۈپ تۇراتتى. سەندەل دەرىخىنىڭ يوپۇرماقلىرى شامالدا شىلدىرلىماقتا ئىدى. غۇژمەك - غۇژمەك ئاق بۇلۇتلار سەندەل ياغىچى كۆيگەندىن كېيىن كۆتۈرۈلگەن كۆك ئىستەك ئاسماندا ئۈزۈپ يۈرەتتى.

ۋاقىت خېلى بىر يەرگە بېرىپ، سائەت ئون بىرگە جاڭ ئۇردى.

ئانىسىنىڭ نەزىرى ئىشىككە يۆتكەلدى. سۇلتانەنىڭ يۈرىكى پوكۇلداشقا باشلىدى. كېچە جىمجىت ئىدى، كوچىدىن بىرەر تىۋىش ئاڭلانمايتتى. يا بىرىنىڭ ئاياغ تىۋىشى، يا ئىشىكنىڭ قېقىلغان ساداسى يوق ئىدى

تۈن نىسپى بولۇپ قالدى، كوچا قەبرىستانغا ئوخشاش تىمتاس ئىدى. ئۇ ئىككىيلەن يەنىلا كۈتمەكتە ئىدى. كېچىك-

① كۈن كالېندارى بويىچە 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدىن 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىسىغىچە.

كىنە شەپە ئاڭلىنىپ قالسا، ئانىسى قۇلىقىنى دىڭ تۇتاتتى، سۇلتانەنىڭ يۈرىكى تېخىمۇ قاتتىق دۈكۈلدەپ كېتەتتى، ئاندىن ئاستا - ئاستا پەسكويغا چۈشەتتى. ئاخىر بېرىپ يۈرىكى سوقۇشتىن توختاپ قالغاندەك بولاتتى.

قاراڭغۇ كېچە ئاستا - ئاستا ئۆتۈپ كېتىپ، يۇلتۇزلارنىڭ نۇرلىرى غۇۋالىشىپ قالدى. ئۇپۇق سىزىقىدا سارغۇچ يالقۇن كۆتۈرۈلدى. تاڭ نۇرى شەرقتىكى جىلغىدىن كۆرۈنۈشكە باشلىدى. يولغا قاراۋېرىپ رازىيەنىڭ كۆزلىرى تېلىپ كەتتى. شۇ ئەسنادا ئۇشتۇمتۇت كوچىدا ئىت قاۋاپ كەتتى. يىراقتىن بىرىنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. بىرى مۇشۇ ياققا كېلىۋاتاتتى.

ئاياغ تىۋىشى ئىشىك ئالدىغا كېلىۋىدى، سۇلتانەنىڭ يۈرىكى سوقۇشتىن توختاپ قالاي دەپ قالدى. ئانىسى ئىشىككە تىكىلگەن پېتى سەۋدايىلاردەك ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

ھېچكىم ئىشىك قاقمىغان، ھېچقانداق ئاۋاز يوق ئىدى، ئاياغ تىۋىشى ئاستا يىراقلاپ كەتتى. شۇ ئەسنادا تام قوشنىسىنىڭ توخۇسى چىللىدى. تۈن ئاخىرلىشىپ، تاڭ ئاتتى.

رازىيە دەلدەڭشىپ مېڭىپ سۇلتانەنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ چىرايى ئۆلۈكنىڭكىدەك سارغىيىپ كەتكەن، كۆزلىرىدە نۇر قالمىغانىدى. ئۇ بەئەينى بىر تاش ھەيكەلدەك قېتىپ ئولتۇراتتى. ئاخىر ئۇ:

— بالام، كىيىملىرىڭنى سېلىۋەتكىن، — دېدى ئاستاغىنا. شۇنداق دەۋېتىپ ئۇنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ كەتتى. ئۇ سۇلتانەنى باغرىغا بېسىپ ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى. ئىككىيلەن ئۇزاققىچە يىغلاشتى.

تاڭ يورۇدى. قالغان ۋاقىت كۆپ ئەمەس ئىدى، رازىيە ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— مەن يۇيۇنۇۋالاي، — دېدى ئۇ سۇلتانەگە، — سەن تاشقىرىقى ئۆيگە ئاق داستىخاننى سېلىپ قوي، ئۇ كىشىلەر ھېلىلا كېلىدۇ، — ئۇ شۇنداق دەپ بولۇپلا چىقىپ كەتتى.

ئۇ يۇيۇنۇپ بولۇپ چىققاندا، سۇلتانە داستىخان سېلىۋاتاتتى. ئۇ قىزىل يىپەك كىيىملەرنى سېلىۋەتكەن، بېشىدىكى بېزەكلەرنىمۇ ئېلىۋەتكەن، گۇلچەمبىرەكنى ئىدىشنىڭ قېشىغا چۆرۈۋەتكەندى. ئانىسى سۇلتانەگە تىكىلىپ قارىيالماي، كىيىم يەڭگۇشلەش ئۇچۇن قايتا غىپپىدە ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

مەسچىتتە ناماز بامدات ئوقۇلۇپ بولغانىدى. كوچىدىن كىشىلەرنىڭ گۇدۇڭلاشقان ئاۋازى ئاڭلاندى. شۇ ئەسنادا نىياز كىرىپ كەلدى. ئۇ سوتچىدىن باشقا يەنە تۆت كىشىنى بىللە ئەكەلگەندى.

بۇ يامغۇر پەسلىدىكى تۇتۇق بىر ئەتىگەن ئىدى. توي مۇراسىمى ئەنە شۇنداق ئۆتكۈزۈلدى. شۇنىڭ بىلەن مەرھۇم ھەبىب ئەھمەتتىن تۇل قالغان رازىيە نىيازنىڭ خوتۇنى، سۇلتانە ئۇنىڭ ئۆگەي قىزى بولۇپ قالدى.

نىياز ئەمدى بۇ ئائىلىنىڭ غوجايىنى بولۇپ قالدى.

# تۆتىنچى باب

## 1

نۇشا بىلەن راجانىڭ شاھاجىنىڭ ئەتراپى ئاپپاق تام بىلەن ئورالغان ئۆيىدە تۇرۇۋاتقىنىغا بىر ھەپتىدىن ئاشتى. مۇشۇ ۋاقىت ئىچىدە ئۇلار شاھاجىنى ئىككىنچىلەپ كۆرمىدى. ئۇلارنى ھېچكىم بىرەر ئىشقىمۇ سالمىدى. ئۇلارغا ئاشخانىدىن ئىككى ۋاخلىق رەسمىي تاماق ئەكېلىپ بېرىلەتتى. ئەتىگىنى ۋە ئاخشىمى بىر چىنىدىن سۇتلۇك چاي، ھەر كۈنى بىر قاپ «تۇرنا» ماركىلىق تاماكا بېرىلەتتى. شۇغىنىسى، ھېچ يەرگە بېرىشقا رۇخسەت قىلمايتتى. كېچەيۇكۈندۇز ھويلىدىن نېرى بولالمايتتى. ئىشىك ئالدىدا ھەمىشە بىر پاتان① ئولتۇراتتى. ئۇ يات ئادەملەرنى ھويلىغا كىرگۈزمەيتتى، نۇشالارنىمۇ سىرتقا چىقارمايتتى. بىر قېتىم ئۇلار سىرتقا چىقىپ كىرەيلى دېۋىدى، ھېلىقى پاتان ئۇلارغا ئالىيىپ:

— ھىم! نەگە بارماقچى؟ سىرتقا چىقىشقا رۇخسەت قىلىنمايدىغانلىقىنى ئېيتقانغۇ! چاپسان ئۆيگە كىرىپ كېتىڭلار، بۇ يەرگە كەلمەڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى.

ئۇلار بۇنى ئاڭلاپ قورقۇپ، ئىككىنچى ئىشىك تۈۋىگە كېلىشكە پېتىنالماي، كۈنبويى ئۆيدە ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۆيدە كوچىغا قارايدىغان بىر پەنجىرە بار ئىدى. ئۇلار زېرىككەن چاغلاردا، مايمۇنغا ئوخشاش ئېگىشىپ پەنجىرىدىن سىرتقا قارايتتى. ئۇ بىر كوچا بولۇپ، كوچىنىڭ ئىككى

① پاتان — بىر ئاز سانلىق مىللەتنىڭ ئىسمى.

قاسنىقىدا ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئېگىز ـ پاكار ئۆيلەر بار ئىدى. كوندۇزلىرى بۇ كوچىدا بەزىبىر قىپيالىڭاچ، بەدەنلىرى مەينەت باللار ئوينايتتى. ئاياللار ئىشىك ئالدىغا چىقىپ ئۇنلۇك پاراڭ سېلىپ ئولتۇرۇشاتتى.

ئۆينىڭ ئىچى تىمتاس ئىدى. ئاندا ـ ساندا شاھاجىنىڭ قوپال ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالاتتى. ئۇ سىرتقا ئاز چىقاتتى. كۆپ چاغلاردا ئۆيدە بولاتتى.

ئاخشام بولغاندا بىرمۇنچە ناتونۇش كىشىلەر كېلىپ، شاھاجىنىڭ تۇرىدىغان ئۆيىگە كىرىشىپ كېتەتتى تاكى تۇن يېرىمىغىچە ئۇلارنىڭ ئارىلاپ ـ ئارىلاپ گەپ قىلىشقان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

بىر كۈنى ئۆگزىدە ناخشا كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلدى. ئويۇن بەك قىززىدى. چۈشتىن كېيىنلا ئۆگزە سىيرىپ ـ سۈپۈرۈلدى. قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەنلا ئىككى گاز لامپا يېقىلدى. ئۆگزىنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يېرىگە ئاپپاق داستىخانلار سېلىندى، ناخشىچىلار ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىشىپ جەم بولۇشتى. شاھاجىمۇ ئۆگزىگە چىقىپ، ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇردى. ئۇ بۈگۈن سالاپەتلىك كىيىنگەنىدى. ئۇستىگە ئويما ياقىلىق، كىراخماللانغان سىپتا داكا كۆڭلەك، ئاستىغا قىرلانغان كەڭ ئاق شالۋۇر كىيگەن، قولىدا يېپەك ياغلىق تۇتقان، چاچلىرىغا پۇراقلىق ماي سۇرگەنىدى. ئۇنىڭ چاچلىرى چىراغ نۇرىدا كۆزنى قاماشتۇراتتى.

شاھاجى قولىنى پۇلاڭلىتىپ قويۇۋىدى، ئويۇن باشلاندى. نۇشا بىلەن راجامۇ كۆزگە ئانچە چېلىقمايدىغان بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپ تاماشا كۆردى. شاھاجى ناخشىچىلارنىڭ ناخشىلىرى ياراپ كەتكەنلىكتىن، توختىماي بېشىنى لىڭشىتىپ ئولتۇراتتى ۋە ئۇلارغا پۇل تاشلاپ بېرەتتى. بىر گۇرۇپپا ناخشا ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە بىر گۇرۇپپا ئېيتاتتى. تاللانغان ئېسىل ناخشىلار كۆپچىلىكنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. ناخشىچىلار بىرمۇنچە ئىنئامغا ئىگە بولدى. بۇ ئويۇن پۈتۈن بىر كېچە داۋاملاشتى.

راجا بىلەن نۇشا ناخشا ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ، شۇ يەردىلا ئۇخلاپ قالدى.

كۈنلەر مۈشۈنداق بىر ـ بىرلەپ ئۆتمۈەردى. ئۇزاقـقا قالماي ئۇلار مۇنداق تۇرمۇشتىن بىزار بولدى.

بىر كۈنى راجا غەمكىن هالدا نۇشاغا:

— هەي، ئىككىمىز باشقىلارنىڭ قىلتىقىغا چۈشۈپ قالدۇق ـ مۇ نىمە، ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە بىزنى ئىشقا سالماي، ئۆيگە قاماپ قويۇپ، بىر يەرگىمۇ بارغىلى قويمايدۇ. مېنىڭچە، ئىش بىرئاز چاتاقتەك قىلىدۇ جۇمۇ، — دېدى.

نۇشا ئۇنىڭ بۇ گېپىگە قوشۇلمىدى.

— ساڭىزە هەمىشە ئىش چاتاقتەك بىلىنىپلا تۇرىدىكەن.

— ئاداش، — دېدى راجا تەشۋىش بىلەن، — نېمىشقىكىن هامان دەككە ـ دۈككىدە بولۇپلا يۈرىمەن.

ئىككىيلەن ئۇزاققىچە سۆزلىشىپ ئولتۇردى. شۇ كۈنى شاهاجى ئۇلارنى چاقىرتتى. شاهاجى پۈتىنى مىنگەشتۇرۇپ كەڭ ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ:

— هە، يېتەرلىك ئارام ئالدىڭلار، ئەمدى ئاز ـ تولا ئىش ـ پىش قىلىڭلار، — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئۇلار ئۇندىمەي ئۇنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— بۈگۈن سىلەرنىمۇ ئازراق ئىشقا بۇيرۇي دەيمەن، — ئۇ بىر تال تاماكا تۇتاشتۇردى، — لېكىن چوقۇم ئىپىڭلاردا بولسۇنكى، ماڭا ئىشلىگەندە سەمىمىي بولۇشۇڭلار كېرەك. مەن ئۇسال ئادەملەرگە هەرگىز يۈز ـ خاتىر قىلمايمەن.

ئىككىسى بېشىنى لىڭشىتىپ ئۇنى خاتىرجەم قىلماقچى بولدى.

— باشنى لىڭشىتىش بىلەنلا بولمايدۇ. مېنىڭ ئالدىمدا قەسەم قىلىشىڭلار كېرەك.

ئىككىيلەن قەسەم قىلىشتى.

شاھاجى يەنە نۇرخاننى چاقىردى.
— ھەي نۇر، بۇياققا كەل!
دەرھال گەۋدىلىك ۋە تەمبەل كەلگەن بىر كىشى كىردى. ئۇ ئىككىيلەن بۇ ئادەمنى بۇرۇن ھويلىدا كۆرگەن، لېكىن گەپ قىلىشىپ باقمىغانىدى.
— بۇ ئىككى بالا بۇگۈندىن ئېتىبارەن سېنىڭ ئىختىيارىڭدا بولىدۇ، — دېدى شاھاجى ئۇنىڭغا.
نۇرخان ئەستايىدىل جاۋاب بەردى:
— خوپ، ئەپەندى! خۇدايىم بۇيرۇسا، ھەممە ئىشنى جانابلىرىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە قىلىمەن.
— قۇلاق سېلىڭلار! — دېدى يەنە شاھاجى ئىككى بالىغا، — ئۇ سىلەرنى ئاشۇ كىچىك بىنا ئۆيگە باشلاپ بارغاندىن كېيىن، سىلەر ئۆزۈڭلار شۇ ئۆيگە كىرىڭلار، ئۇ سىلەر بىلەن بىللە كىرمەيدۇ. سىلەر بىز ئىش ئىزدەپ كېلىۋىدۇق، قانچە پۇل بېرىلسە مەيلى، دەڭلار. سىلەر ئىش تاپقاندىن كېيىن، ئەتىسى نۇر بېرىپ سىلەر بىلەن كۆرۈشىدۇ. ئۇ نېمە گەپ سورىسا، ئۇنىڭغا ئەينەن سۆزلەپ بېرىڭلار. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ نېمە دېسە، سىلەر شۇنداق قىلىڭلار، ئۇقتۇڭلارمۇ؟
— ئۇقتۇق، ئەپەندى، — دەپ غاچچىدە جاۋاب بەردى ئۇلار.
— ماقۇل، ئەمىسە چىقىڭلار، — ئۇ نۇرخانغا ئون رۇپىيەلىك تىيىزىدىن بىرنى بەردى، — ئېلىۋال، يولدا چاي - پاي ئىچىشكە لازىم بولار.
نۇرخان ئۇلارنى ياندىكى ئۆيگە باشلاپ چىقىپ يەنە بىر قۇر تاپىلىدى. بىراق، بۇ پۈتۈنلەي شاھاجىنىڭ قىلغان گەپلىرىنى قايتا تەكرارلاشتىن ئىبارەت بولدى.
گۇگۇم چۈشۈشكە ئاز قالغاندا نۇرخان ئۇلارنى باشلاپ جەمشىد كوچىسىغا كەلدى. ئاپتوبۇستىن چۈشۈپلا ئۇ خۇددى بىر رازۋېدكىچىدەك، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ھەربىر كىچىك بىنانى ئەستايىدىل كۆزىتىپ چىقتى. ئۇلار يەنە بىرئاز ماڭغاندىن

كېيىن ئەمىر كوچىسىغا بۇرۇلدى. ئەمدى ئۈچەيلەن ئاستا مېڭىشقا باشلىدى. نۇرخان ئالدىدا، راجا بىلەن نۇشا ئارقىدا ماڭدى. بىر دوقمۇشقا كەلگەندە، نۇرخان قەدىمىنى توختىتىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئىككى قەۋەتلىك بىر كىچىك بىناغا نەزەر سالدى. ئاندىن ئۇلارغا قاراپ:

— بولدى، مۇشۇ يەردىن باشلايلى، — دېدى.

ئۇ يەنە بىر قېتىم ئۇلارغا دىققەت قىلىدىغان ئىشلارنى تاپىلىدى. ئاندىن ئۇلارنى شۇ ئىككى قەۋەتلىك بىناغا كىرىشكە بۇيرۇدى. ئۇلار ئاستا مېڭىپ بىنانىڭ ئىشىك ئالدىغا كەلدى. نۇشا كىرىشكە جۈرئەت قىلالماي، ئارىسالدى بولۇپ قالدى. لېكىن، راجا توختىماي كىرىپ كەتتى. نۇشامۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كىردى. نۇرخان ئۇلارنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ تۇردى.

بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئىككىسى قايتىپ كەلدى. ئەسلىدە ئۇ ئائىلىگە خىزمەتكار كېرەك ئەمەس ئىدى.

— كېرەك يوق، — دېدى ئۇلارنىڭ روھى چۈشۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەن نۇرخان كۈلۈپ تۇرۇپ، — يەنە باشقا ئۆيلەرگە بېرىپ باقايلى.

ئۇ يەنە ئۇلارنى باشقا بىر ئۆينىڭ ئالدىغا باشلاپ باردى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار بىرقانچە ئائىلىگە بارغان بولسىمۇ، يەنىلا خىزمەت تېپىلمىدى. ئاخىر ئۇلار تۇرار جايىغا خېلى كەچ قايتىپ كەتتى.

ئەتىسى قاق سەھەردىلا نۇرخان ئۇلارنى ئېلىپ سىرتقا چىقتى. بۇ قېتىم ئۇلار ياتاق بىنالىرى رايونى تەرەپكە باردى. كۈن چىققۇچە ئۇلار بىرقانچە ئائىلىگە بېرىپ بولدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر ئائىلىگە ئادەم كېرەك ئىكەن. شۇغىنىسى بۇ ئۆيدە بىر پاتان ئىشىك ساقلايدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئائىلىدە دەرۋازىۋەندىنىمۇ يامان بىر ئىت بار ئىكەن. نۇرخان ئىتنى كۆرۈپ ئۆز پىكرىنى ئۆزگەرتتى.

چۈشكە يېقىن ھەرھالدا ئىش ئورنى تېپىلغان بولدى. بىراق، يالغۇزلا راجاغا ئىش تېپىلدى. چۈنكى، بۇ ئائىلىنىڭ غوجايىنى نۇشا چاققان ئەمەس، تارتىنچاق ئىكەن، راجا بەدىنى مىختا، چېچەن ئىكەن دەپ ھېس قىلدى. بۇ بىر ئىنژېنېرنىڭ ئۆيى ئىدى. ئىنژېنېر تېخى ئىشتىن چۈشمىگەن، ئۆيدە يالغۇز ئايالى بار ئىدى. ئۇ بەك زېرەك ئايال ئىدى. ئۇ تاماقنى بېرىشتىن باشقا، قولىغا يەنە ھەر ئايدا يىگىرمە بەش روپىيە بېرىشكە ماقۇل بولدى. شۇنىڭ بىلەن راجا قېلىپ قالدى. نۇشا بۇ ئىشنىڭ جەريانىنى نۇرخانغا سۆزلەپ بېرىۋىدى، نۇرخان بەك خۇشال بولدى ـ دە، قايتا باشقا يەرگە بارماستىن، نۇشانى ئېلىپ قايتىپ كەتتى.

نۇشا ئاخشىمى ئۇخلىيالمىدى. ئۆيدە ئۆزى يالغۇز قالغاچقا بىرئاز قورقتى. دەسلەپتە ئۇ راجانى سېغىندى، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئۆيىنى، ئانىسىنى، ئاچا ۋە ئىنىسىنى ئويلىدى. ئۆيىدىكى ھەر بىر ئىشنى ئەسلەپ چىقىپ، ئىختىيارسىز يىغلىغىلى تۇردى. ئۇ يىغلاپ يېتىپ، تۇيمايلا ئۇخلاپ قالدى.

ئىككىنچى كۈنى ئۇ ئىنتايىن يالغۇزلۇق ھېس قىلدى. زېرىكىپ تىت ـ تىت بولۇپ، ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ يۈردى. ھېرىپ كەتسە بىردەم ياتاتتى. بەزىدە ھەتتا ئۇدا بىرنەچچە سائەتكىچە، كوچىغا قارايدىغان پەنجىرىدىن سىرتقا قاراپ بۇتتەك تۇرۇپ كېتەتتى. ئاخشىمى نۇرخان ئۇنىمۇ ياتاق بىنالىرى رايونىغا باشلاپ باردى.

نۇرخان بىناغا يېقىن بارغاندا توختاپ، راجانى چاقىرىپ چىقىش ئۈچۈن نۇشانى كىرگۈزدى. نۇشا كىرگەندە راجا كۆرەڭلەپ ئولتۇرۇپ رادىيو ئاڭلاۋاتاتتى. رادىيودا ناخشا بېرىلىۋاتاتتى. بۇ ئۆي ناھايىتى چىرايلىق بېزەلگەنىدى. ئىككى سېرىق چاچ بالا راجا بىلەن بىللە ئولتۇراتتى. راجا نۇشانى كۆرۈپ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىغا باردى.

— رادىيودىن ناخشا ئاڭلاپ ئولتۇردۇڭمۇ؟

— بۇ مېنىڭ بەختىم.
— پەيزىمىكەن؟
— ھەئە، ئاداش، بۇ يەردە ناھايىتى كۆڭۈللۈك تۇرۇۋاتىمەن.
— نۇرخان تاشقىرىدا قالدى، سېنى چاقىرىۋاتىدۇ، — دېدى نۇشا ئۇنىڭ قۇلىقىغا.
نۇرخاننىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپلا راجانىڭ خۇش چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى. ئۇ بىردەم جىم تۇرغاندىن كېيىن:
— ئەمىسە چىقايلى، — دېدى روھسىزلىنىپ.
نۇرخان خالىيراق بىر جايدا ئۇنى كۈتۈپ تۇراتتى.
— ئىشلار جايىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ راجانى كۆرۈپلا.
— ھەئە، — راجا قىسقىلا جاۋاب بەردى.
— سەندىن گۇمانلانغانلار بارمۇ، يوق؟
— پەقەت يوق.
— سەندىن باشقا يەنە نەچچە خىزمەتكار بار؟
— يەنە ئۈچ، — دېدى راجا سەل ئويلىنىۋېلىپ.
— ھەممىسى مۇشۇ يەردە تۇرامدىكەن؟
— ياق، ئايال خىزمەتكار بىلەن رىھەممەت ئاخشىمى ئۆيىگە قايتىپ كېتىدىكەن، ئاشپەز بوۋاي بىنا سىرتىدىكى كىچىك ئۆيدە تۇرىدىكەن.
نۇرخان ئۇھ دەپ قويۇپ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، يەنە:
— ئۆيدە قانچە ئەر كىشى بار ئىكەن؟ — دەپ سورىدى.
— ئەر كىشىدىن يالغۇز غوجايىنلا بار ئىكەن، قالغانلىرى ئۇششاق بالىلار ئىكەن، — دەپ سالدى راجا.
— غوجايىن ئاخشىمى سىرتقا چىقامدىكەن؟
— ئۇنىڭ چىققىنىنى كۆرمىدىم.
— رىھەممەت دېگەن ئادەم قانداقراق ئىكەن؟
— ئۇ كۈنبويى مۇگدەپلا ئولتۇرىدىكەن. ئايال غوجايىن ئۇنى ھەر كۈنى كىنودىن قالمايدۇ، دەيدۇ. ئۇ رىھەممەتنى بىر تىللاپ

كەتسە بەك قاتتىق تىللايدىكەن.

— سەن راستىلا ئەقىللىق ئىكەنسەن، — دېدى نۇرخان ئۇنىڭ دۈمبىسىگە ئۇرۇپ قويۇپ، — ئۇبدان ئىشلە، كىچىك باتۇرۇم. سەن قىلىدىغان يەنە بىر ئىش بار، — ئۇ يېنىدىن ئون رۇپىيە ئېلىپ راجاغا سۇندى، — ئالە، بۇنى شاھاجى سېنى خەجلىسۇن، دەپ ئەۋەتتى، ساڭا نىمە كېرەك بولسا، دەپلا قويساڭ نۇشادىن ئەۋەتىپ بېرىمەن.

راجا ئىككىلەنگەن ھالدا پۇلنى ئالدى.

— ھازىرچە ھېچنىمە كېرەك ئەمەس.

— ئەمدى سەن، — دېدى نۇرخان بىر كۆزىنى قىسىپ تۇرۇپ، — ئايال غوجايىن زىننەت بۇيۇملىرى ۋە پۇللىرىنى قەيەردە قويىدىغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىققىن. پۇرسەت چىقسا، ئۆيگە كىرىپ قاراپ باق، قىممەت باھالىق نەرسىلەرنىڭ قايسى ساندۇق ۋە ئىشكاپلاردا ساقلىنىدىغانلىقىنى ئوبدان كۆرۈۋال.

بۇنى ئاڭلاپ راجا ئىختىيارسىز تىترەپ كەتتى. نۇرخان راجانىڭ چىرايىدىكى قورقۇش ئىپادىسىگە دىققەت قىلماي، ئۆزىنىڭ گېپىنى قىلىۋەردى.

— شۇنىڭ بىلەن يەنە بۇ ئائىلىنىڭ غوجايىنىنىڭ ئاخشامدا قانداق پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقى، قايسى كۈنلىرى كىنوغا بارىدىغانلىقى، قايسى كۈنلىرى سىرتقا مېھماندارچىلىققا بارىدىغانلىقىنى، قايسى ۋاقىتتا قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىق. بۇنىڭ مەنىسى ... — ئۇ مەنىسىنىڭ نېمىلىكىنى ئېيتماي، ئاخىر مۇنداقلا دەپ قويدى، — مەن بىرنەچچە كۈندىن كېيىن سەن بىلەن كۆرۈشكىلى كېلىمەن. بۈگۈن سەيشەنبە، مەن شەنبە كۈنى يەنە كېلىمەن. شۇ چاغدا بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئېنىقلاپ چىقىپ، ماڭا سۆزلەپ بېرىسەن. ئۇقتۇڭمۇ؟

— ئۇق ... ئۇقتۇم، — راجا بېشىنى لىڭشىتتى.

نۇرخان باشقا گەپمۇ قىلماي، يېنىدىن بىر قاپ تاماكا ئېلىپ

راجاغا بىر تال بېرىپ، ئۆزىمۇ بىر تال تۇتاشتۇردى. ئىككىيلەن قاتتىق ـ قاتتىق شوراپ، ئاغزىدىن دۈگىلەك ـ دۈگىلەك ئىس چىقارغىلى تۇردى.
نۇشا ئۇندىمەي ئۇلارغا قاراپ بىر چەتتە تۇراتتى.

## 2

راجانىڭ بۇ ئائىلىگە مالاي بولغىنىغا ئالتە كۈن بولۇپ قالدى. ئۇ مۇشۇ ۋاقىت ئىچىدە بۇ بىنانىڭ ئەھۋالىنى بەش قولدەك بىلىۋالدى. ئۇ بۇ ئائىلىدىكى باللار بىلەن ئوبدان چىقىشىپ قالدى، تۇرمۇش كۆڭۈللۈك ئۆتمەكتە ئىدى. ئەتىگىنى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئالدى بىلەن بىر چىنە قىزىق سۈتلۈك چاي ئىچەتتى. ئاندىن غوجايىنلارنىڭ ناشتىلىقىدىن ئېشىپ قالغان بولكا، تۇخۇم ياكى باشقا نەرسىلەرنى يەيتتى.
سائەت يەتتە يېرىمدا ئەتراپىدا خىزمەتكار ئايال باللارنى جابدۇپ تەييار قىلاتتى، ئاندىن راجا ئۇلارنى مەكتەپكە ئاپىراتتى، سائەت توققۇزدا قايتىپ كېلەتتى، بۇ غوجايىن ئىشقا ماڭىدىغان ۋاقىت ئىدى. راجا غوجايىن ئۈچۈن يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئەستايىدىل ئىشلەيتتى. غوجايىن تاپشۇرغانلىكى ئىشنى دەرھال بېجىرەتتى. غوجايىننىڭ ئۇنىڭغا قىلدۇرىدىغان ئىشى كۆپ ئەمەس ئىدى. لېكىن، ئۇ بەك ئۇنلۇك گەپ قىلاتتى. بىرىنچى كۈنى راجا بىرئاز ئەيمىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن بارا ـ بارا ئۇنىڭغىمۇ كۆنۈپ قالدى. غوجايىن ئۇنىڭ ئىشچانلىقىنى كۆرۈپ، بىر كۈنى ئايالىغا:
— مېنىڭچە، راجانىڭ قولىدىن خېلى ئىش كېلىدىكەن، — دېدى.
— شۇنى دەڭە، — دېدى ئايالى كۈلۈپ تۇرۇپ، — مەن خاتا ئېيتمىغان بولغىيدىم؟ ئۇنىڭ زېرەكلىكىنى بىرىنچى كۈنىلا بىلگەنمەن.

— كۆزىڭىز ھەقىقەتەن ئۆتكۈر ئىكەن.

ئىككىسى كۈلۈشۈپ كەتتى. بۇ ماختاشلارنى ئاڭلاپ راجانىڭ كۆڭلى يايراپ كەتتى. شۇ كۈندىن تارتىپ ئۇ پۈت - قوللىرىنى تېخىمۇ يېنىك قىلدى. ئۇنىڭ قىلىشقا تاپشۇرۇلىدىغان ئىشلارنى كۆپ دېگىلى بولمايتتى. كۈندۈزى سائەت ئون ئىككىدە باللارنى مەكتەپتىن ئەكېلەتتى. چۈشتىن كېيىنكى ۋاقىتقىچە ئۇنىڭ ئىشى يوق ئىدى. لېكىن، ئۇ بىكار تۇرماي ھامان بىرەر ئىش تېپىپ قىلاتتى. جاھازلارنى سۈرتەتتى، ئاياغ كىيىملىرىنى سۈرتۈپ - مايلايتتى، باللارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى يۇياتتى. بۇ ئىشلار ئەسلىدە رېھەممەت بىلەن ئايال خىزمەتكارلارغا تەئەللۇق ئىشلار ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي راجامۇ تالىشىپ ئىشلەيتتى.

چۈشتىن كېيىن ئىككى بالا مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ ھەمىشە پەي توپ ئوينايتتى. بىنانىڭ ئالدىدا يوغان بىر پارچە چىملىق بار ئىدى. ئەتراپتىكى باللارمۇ شۇ يەرگە كېلىپ ئوينايتتى، گۇگۇم چۈشكەندىلا ئاندىن تارقىشاتتى. راجا ھەمىشە ئۇلار بىلەن بىللە ئوينايتتى. بۇنىڭغا غوجايىنلاردا نارازىلىق كەيپىياتى كۆرۈلمەيتتى. بەزىدە غوجايىنلار بىر چەتتە تۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئويۇننى كۆرەتتى.

ئاخشىمى سائەت سەككىزدىن ئۆتۈپ كەچلىك تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، راجا باللار بىلەن بىللە ئۆيگە كىرىپ رادىيو ئاڭلايتتى. بەزىدە تېخى ئۇلار بىلەن چاقچاق قىلىشىپ كېتەتتى. ئۇلار ئوبدان چىقىشىپ قالغانىدى. باللار ئۇخلىغاندىن كېيىن راجا ناشىدە خان قىزنىڭ ئۆيىگە كىرەتتى. راجا ئۇنىڭ ئالدىدا قورۇنۇپمۇ قالمايتتى. ناشىدە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيتتى، بىر ئېغىز ئۆيدە ئۆزى يالغۇز تۇراتتى. ئۇنىڭ قېلىن - قېلىن كىتابلىرى بار ئىدى. ئۇ راجا بىلەن خېلى ۋاقىتقىچە پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. خۇشى تۇتۇپ كەتكەن چاغلاردا رويال چېلىپ ناخشا ئېيتاتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى بەك ساز ئىدى. راجا ئۇنىڭ

ناخشىسىنى ياقتۇرۇپ ئاڭلايتتى. ناشىدە ھەر قېتىم ناخشا ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن، قىپقىزىل خېنە سۈرتۈلگەن بارماقلىرى بىلەن راجانىڭ پېشانىسىنى نوقۇپ:

— ھەي، تۇر ئەمدى، ئويۇن تامام، — دەپ قوياتتى.

— مۇشۇنىڭ بىلەنلا تۈگىدىمۇ؟ — دەيتتى راجا ئۆزىنى خاپا بولغاندەك كۆرسىتىپ قىزىقچىلىق قىلىپ.

— تۈگىدى، تۈگىدى، — دەيتتى ئۇ كۈلۈپ، — مەن ئىشلەيدىغان تېخى نۇرغۇن تاپشۇرۇق بار.

— خېنىم، بىر ئىستاكان ئاۋىدىن① ئىچەملا؟ — دېدى راجا ئالدىراپ.

ناشىدە ئاخشىمى ئاۋىدىن ئىچىشنى ياخشى كۆرەتتى.

— ماقۇل، بىر ئىستاكان ئەكىرىپ بەر، بۈگۈن كېچىلەپ تاپشۇرۇق ئىشلەيدىغان گەپ.

راجا توك ئوچاقنى يېقىپ، بىردەمدىلا سۈتنى قاينىتىپ، ئاندىن ئاۋىدىننى ئىستاكانغا قۇيۇپ، پەتنۇسقا سېلىپ كۆتۈرۈپ ئەكىردى. ناشىدە پاكىزلىقنى بەك ياخشى كۆرەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، راجا پاكىزلىققا ناھايىتى دىققەت قىلاتتى. ناشىدە ئۇسسۇلۇق ئىچىپ ئولتۇرۇپ راجا بىلەن پاراڭ سېلىشتى. راجا ئوغرىلىقچە ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ كۆڭلى ئاجايىپ بىرقىسما بولۇپ كەتتى. ئۇ راجادىن بىرنەچچە ياش چوڭ بولسىمۇ، لېكىن راجا بەزىدە: «يامان قىز ئىكەن جۇمۇ بۇ، ھەمىشە سىغىنىدىغان قىلىپ قويىدى مېنى، ئۇنىڭ كىشىگە قاراشلىرىنى دېمەمدىغان» دەپ ئويلاپ قالاتتى.

مەھمۇت بىلەن ئەنۋەرمۇ راجا بىلەن ياخشى ئۆتەتتى. ئۇلار پەي توپ ئويناشتىن باشقا، ئاخشىمى ئۆيگە كىرىپ ئىشىكنى تاقىۋېلىپ قارتا ئوينىشاتتى. راجا قارتا ئويناشقا بەك ئامراق ھەم ئۇستا ئىدى. ھەمىشە ئۇلارنىڭ باشلىرىنى پىرقىرىتىۋېتەتتى.

---

① بەدەننى قۇۋۋەتلەندۈرىدىغان بىر خىل ئىچىملىك.

لېكىن، بۇ ئائىلىدە راجاغا ئەڭ ئوبدان مۇئامىلە قىلىدىغىنى ئايال غوجايىن ئىدى. راجا ئۇنىڭ تاپشۇرۇقىنى تېخىمۇ ئەستا-يىدىل بەجا كەلتۈرەتتى. بىر كۈنى راجا ئۇنىڭ توپلىيىنى تازا پارقىرىتىپ مايلاۋاتقانىنىڭ ئۈستىگە كېلىپ قالدى - دە، بىر چەتتە بىردەم قاراپ تۇرۇپ:

— راجا، بۇندىن كېيىنمۇ مۇشۇنداق ئوبدان ئىشلەۋەرسەڭ، ساڭا كۆپ پايدىسى بولىدۇ. سېنىڭ بىزگە قىلغان خىزمىتىڭنى ئۇنتۇپ قالمايمىز. مەن ئەپەندىگە سەن چوڭ بولغاندا، سېنى ئۇنىڭ ئىش بېجىرىش باشقارمىسىدا پارچە - پۇرات ئىشلارنى قىلىدىغان خىزمەتچى قىلىشنى ئېيتماقچىمەن، — دېدى.

راجا كىچىك بالىلاردەك خۇشال بولۇپ كەتتى.

— پاھ، خىزمەتچى بولىدىكەنمەن! ئاق پەشمەت كىيىپ، سېرىق كەمەر باغلايدىغان ئادەمغۇ؟ ئۇنداقتا قالتىس پەيزىلىك ئىش بولاتتى!

— جەزمەن شۇنداق بولىدۇ. ئېيىغا ئاتمىش رۇپىيە ئالىسەن، تېخى چاي پۇلى بۇنىڭ سىرتىدا.

راجا سەل ئىزا تارتقاندەك بولۇپ، كۆڭلىدە: «قاراڭ، مېنىڭمۇ خوتۇنۇم بولىدۇ» دەپ ئويلىدى. لېكىن، يەنە دەرھال بۇ خىيالىنىڭ بەكمۇ غەلىتە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ھەي، نېمىلەرنى ئويلاپ يۈرىمەن دەپ قالدى. ئەمما، ئايال غوجايىنىنىڭ گېپى ھەقىقەتەن ئۇنۇم بەردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن راجا پۇت - قولىنى تېخىمۇ چاققان قىلدى. بىرى چاقىرغان ھامان خوش دەپ دەرھال ھازىر بولاتتى.

كۈنلەر كۆڭۈللۈك ئۆتۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ چىرايىمۇ كۆپ ياخشى بولۇپ قالدى. ئايال غوجايىن ئۇنىڭغا مەھمۇت بىلەن ئەنۋەرنىڭ كىيىلگەن ئىككى شالۋۇرىنى ۋە بىرنەچچە كۆڭلىكىنى بەردى. ئۇ تۇنجى قېتىم بۇ كىيىملەرنى كىيىپ ئەينەك ئالدىغا كەلگەن-دە، بىئىختىيار ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالدى. «توۋا خۇدايىم، مەن بىر ئوقۇغۇچىغىلا ئوخشاپ قاپتىمەنغۇ!» دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە.

ئۇ ئەينەكتىكى ئۆزىنىڭ قىياپىتىگە قاراپ چەكسىز خۇشاللىقتا چۆمدى.

لېكىن، بۈگۈن چۈشتىن تارتىپ ئۇ يەنە دەككە ــ دۈككىگە چۈشۈپ قالدى. ئاخشاملىقتا نۇرخان ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە كەلمەكچىدى. ئۇ نۇرخاننى بەك يامان كۆرەتتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ بۇرنى ئاستىدىكى قويۇق بۇرۇتلىرىغا ۋە سىپارى قارىدىتىۋەتكەن چىشلىرىغا بەك ئۆچ ئىدى. كەچ بولغانسېرى ئۇنىڭ ئەنسىزلىكى ئاشقىلى تۇردى. ئۇ بۇ ئائىلىدىكىلەرنى ئالداشنى خالىمايتتى، چۈنكى ئۇنىڭ بۇ ئائىلىدىن ئايرىلغۇسى يوق ئىدى. ئۇ ئۆز ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ئائىلىنىڭ مېھرىبانلىقىغا ئېرىشكەنىدى. ئۇ بۇ يەردە ناھايىتى خۇشال ۋە راھەتتە تۇرۇۋاتاتتى. ھېچنېمىدىن غەم ــ قايغۇسى يوق ئىدى. ئەتىگەندىن ــ كەچكىچە شاد ــ خۇرام يۈرەتتى. ئاخشىمى ئوبدان قېنىپ ئۇخلايتتى. سەھەر تۇرغاندا پۈتۈن ۋۇجۇدىدا پۈتمەس ــ تۈگىمەس كۈچ ــ قۇۋۋەت ھېس قىلاتتى.

گۈگۈم چۈشكەندە ئۇ ئىنتايىن تەشۋىشلىنىپ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى. شاھاجى ناھايىتى قورقۇنچلۇق ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇش ئۆزىنىڭ ھاياتى بىلەن ئويناشقانلىق بولاتتى. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ سېنى نېمە قىلىۋېتىدىغانلىقىنى كىم بىلىدۇ. ئۇنى ئويلىغاندا راجانىڭ بەدەنلىرى تىترەپ كېتەتتى. يەنە بىر تەرەپنى ئويلىسا، ئۇنىڭغا ناھايىتى ئوبدان مۇئامىلىدە بولۇۋاتقان ئايال غوجايىن ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن ناھايىتى ئوبدان ئۆتۈۋاتقان لىلى ۋە يىگولار بار ئىدى. يەنە تېخى ناشىدەمۇ بار. ئۇنىڭ چىرايى قارىمۇتۇق كەلگەن بولۇپ، كۆزلىرى كىشىنى ھاياجانغا سالغۇدەك گۈزەل ئىدى. يەنە ئەنۋەر بىلەن مەھمۇتمۇ بار. ئۇلار بارغانسېرى يېقىنلىشىپ كەتكەنىدى. كەچقۇرۇنلىرى بىللە پەي توپ ئوينايتتى، ئاخشاملىرى قارتا ئوينايتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كۈندە ئىككى ۋاخلىق ئىسسىق مەززىلىك تاماقنى دېمەمدىغان. مۇشۇلارنى ئويلاپ ئۇ بىرئاز

پەرىشان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ بېشى قېتىپ كەتتى، يا قولىدىن بىرەر ئامالنىڭ كەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ سىرتقا چىقىپ يوغان دەرەخنىڭ ئاستىغا بېرىپ، قاپقاراڭ-غۇلۇق ئىچىدە ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى.

تۈن پەردىسى كەڭ زېمىننى قاپلىغان چاغدا ئىشىك ئالدىدا نۇشانىڭ كۆلەڭگىسى پەيدا بولدى. راجا تۈنجى قېتىم نۇشادىن بىزار بولدى. ئۇنىڭ يۈزىگە تۈكۈرگۈسى، ئاندىن «كۆزۈمدىن يوقال بەتبەخت !» دەپ ۋارقىرىغۇسى كېلىپ كەتتى. لېكىن، ئۇ ھېچنېمە دېمەي جىم تۇرۇپ قالدى.

نۇشا ئاستا مېڭىپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

— نۇرخان سېنى چاقىرىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ ئاستاغىنا.

راجا ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغاندەك، مىدىر - سىدىر قىلماي تۇراتتى.

— نۇرخان سىرتتا سېنى كۈتۈپ تۇرىدۇ، — دېدى نۇشا يەنە.

— كۈتسە كۈتىۋەرسۇن ! بەرىبىر مەن چىقمايمەن، — دېدى راجا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ئاچچىقى بىلەن.

— نېمە، چىقمامسەن؟ — دېدى نۇشا تەئەججۇپلىنىپ.

— ھەئە، چىقمايمەن، — دېدى راجا غەزەپ بىلەن، — مەن ئەمدى ئۇلارنىڭ ئىلكىدە بولۇشنى خالىمايمەن، — ئاندىن مۇلايىملىق بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — گېپىمگە قۇلاق سال، سەن ئۇلاردىن نېرى بول، مەن ساڭا خىزمەت تېپىپ بېرەي. ئۇ بۇزۇق ئەبلەخلەرنىڭ شورى قۇرۇسۇن ؟

— ئاداش، سەن نېمىلەرنى دەۋاتىسەن، مەن قانداقمۇ ئۇلار بىلەن بىللە بولۇشنى خالاي. بىراق، ئۇ نېمىلەر بەكمۇ رەھىم-سىز ئەمەسمۇ؟

— رەھىمسىز بولسا بولىۋەرسۇن ! مەن غوجايىنىمغا ئېيتىپ، ئۇلارنى قولغا ئالدۇرۇپ تۈرمىگە كىرگۈزۈپ، ئۆزۈمنى ئۇلارغا بىر كۆرسىتىپ قوياي.

نۇشا قورقۇپ كەتتى.

— ياق، ئاداش، ھەرگىز ئۇنداق دېمىگىن! شاھاجى بەك يامان نەرسە، ئۇنىڭ بىلەن قارشىلاشساق ياخشىلىق كۆرمەيمىز.

لېكىن، راجا قىلچىمۇ قورقۇپ قالمىدى.

— ئەمىسە ماقۇل، — دېدى ئۇ كەسكىن ھالدا، — بەربىر مەن ھېچ يەرگە چىقمايمەن. سەنمۇ بۇندىن كېيىن بۇ يەرگە كەلمە، — ئۇ شۇنداق دەۋېتىپ، ياندىكى ئۆيگە قاراپ ماڭدى.

نۇشا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپلا قالدى. ئۇ شۇ يەردە بىردەم تۇرغاندىن كېيىن، ئاندىن بىنادىن چىقىپ نۇرخاننىڭ قېشىغا كەلدى. نۇرخان ئۇنىڭ يالغۇز چىققانلىقىنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز ھالدا ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى ھېس قىلدى.

— راجا نېمىشقا چىقمىدى؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئالدىراپ.

نۇشا راست گەپ قىلىشقا پېتىنالماي، دۇدۇقلاپ قالدى.

— چاپسان سۆزلە، نېمە ئىش بولدى؟ راجا دېگەن ھارمىي نېمىشقا چىقمىدى؟

— ئۇ چىقمايمەن دەيدۇ، — دېيىشكە مەجبۇر بولدى نۇشا.

— ھە، مۇنداق ئىكەن - دە، — دېدى نۇرخان ئۆز - ئۆزىگە.

— ئۇ يەنە مېنى بۇنىڭدىن كېيىن بۇ يەرگە كەلمە، دەيدۇ. ئۇ ئاچچىقلاۋاتىدۇ، — دېدى نۇشا يەنە.

— ھىم! مەن ئۇنىڭ ئاچچىقىنى پەسەيتىپ قويىمەن!

ئۇ نۇشانى ئېلىپ تۇرار جايىغا قايتىپ بېرىپ، ئىشنىڭ جەريانىنى شاھاجىغا دوكلات قىلدى. شاھاجى بۇ گەپنى ئاڭلاپلا ئەرۋاھى ئۇچۇپ، ئىزاغا چىدىيالماي سەكرەپ كەتتى.

— دەرھال باشقا چارە تېپىش كېرەك، — دېدى ئۇ.

ئۆيئىچى ئىمتاس بولۇپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن ئۇنىڭ:

— نۇر! — دېگەن قاتتىق ئاۋازى ئاڭلاندى.

— لەببەي.

— سەن ھازىر چىقىپ ئۇخلا. ئەتە سەن رودۇننى ئېلىپ 9 - نومۇرلۇق لايىھە بويىچە ئىشلە. زۆرۈر تېپىلسا، ئادەمنى كۆپرەك ئېلىۋالساڭمۇ بولىدۇ. بۇ شۇمتەك گەپ ئاڭلىمايدۇ، دەپ مەن

بۇرۇنلا ئېيتمىدىممۇ. خەپ، ئۇ مېنىڭ ئالىقىنىمدىن قېچىپ قۇتۇلالامدىكىن قېنى !

— جانابلىرىلا تاپشۇرۇق بەرسىلە، ئۇ نەگە قېچىپ كېتەلەيتتى ! — دېدى نۇرخان ئۇنىڭغا ئەگىشىپ.

نۇشا نۇرخاننىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ئۆيدىن چىقتى. ئۇ بەك قورقۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە راجادىنمۇ ئەنسىرەپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇ: بۇ خەقلەر بىچارە راجانى قانداق جازالاركىن، دەپ ئويلىماقتا ئىدى. ئۇ قاتتىق قورقۇپ كەتكەچكە، بېشىنى كۆتۈرۈشكىمۇ جۈرئەت قىلالماي، ئاستاغىنا ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

ئەتىسى كەچ سائەت سەككىزدە شاھاجى نۇشانى ئۆيگە چاقىرتتى. ئۇ دېرىلداپ تىترىگەن پېتى شاھاجىنىڭ ئالدىغا كىردى. كارىۋاتتا يانپاشلاپ ياتقان شاھاجى نۇشانى كۆرۈپلا:

— يېقىنراق كېلىپ بىرئاز ئىش قىلىپ بەر، پۇتۇمنى تۇتۇپ قوي. ھېلىقى دۇرا دېگەن ئىتنىڭ كۇچۇكى ئۆلدىمىكىن. يوق بولۇپ كەتتىغۇ، — دېدى.

نۇشا ئىتائەتچانلىق بىلەن بېرىپ، كارىۋاتنىڭ ئايىغىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ پۇتىنى ئاستا تۇتقىلى تۇردى. شاھاجى ئۇندىمەي ياتاتتى. ئۆيئىچى شۇ قەدەر جىمجىت ئىدىكى، ھەتتا يەرگە بىر تال يىڭنە چۈشۈپ كەتسىمۇ ئاڭلىغىلى بولاتتى. ئۇشتۇمتۇت ئىشىك ئالدىدا ماشىنىنىڭ تورمۇزلانغان ئاۋازى، ئاندىن «گۈپ» قىلىپ ماشىنا ئىشىكىنىڭ يېپىلغانلىقى ئاڭلاندى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۆينىڭ سىرتىدا جىددىي قەدەم تىۋىشى ئاڭلاندى.

بىردەمدىن كېيىن نۇرخان بىلەن رودۇن كىرىپ كەلدى. راجا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا خۇددى سۇغا چۈشكەن چاشقاندەك قىسىلىپ تۇراتتى. رودۇن راجانىڭ بوينىدىن تۇتۇپ كۈچەپ بىر ئىتتىرىدى، ئۇ يەرگە يىقىلىپ يۇمىلىنىپ كەتتى.

— ئەپەندى، مانا بۇ جالاپنىڭ بالىسىنى تۇتۇپ كەلدۇق، — دېدى رودۇن.

شاھاجى ئۆرە بولۇپ ئولتۇرۇپ، يەردە ياتقان راجاغا قان تولغان كۆزلىرى بىلەن قادىلىپ قارىدى.

— خوتۇن كىشىگە ئوخشاش ئەركىلىمەي، چاپسان ئورنۇڭدىن تۇر ! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ.

قورققىنىدىن لاغىلداپ تىترەپ كېتىۋاتقان راجا تېخى ئورنىدىن تۇرۇپ بولغۇچە، شاھاجى كارىۋاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ قاتتىق بىر كاچات سېلىۋىدى، راجا ۋايجان دەپلا يىقىلدى. شاھاجى ئۇنىڭ بېلىگە توغرىلاپ بىرنى تەپتى، ئاندىن ئۇنىڭ ئۇدۇل كەلگەنلىكى يېرىگە ئۇدا بىرنەچچىنى تەپتى. راجا يەل توپتەك يۇمىلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاستىنقى كالپۇكى يېرىلىپ قاناپ كەتتى.

ھەر قېتىم تەپكەندە ئۇ ئاللا - توۋا كۆتۈرەتتى. ئاندىن توختىماي تىترەپ تۇرغان قوللىرىنى كۆتۈرۈپ، شاھاجىغا يېلىنىپ يالۋۇردى.

— ئۇنىڭ تېخى بۇرنىغا سۇ كىرمىدى، — دېدى شاھاجى بېشىنى چايقاپ، — ئۇنىڭغا ئوبدان تېتىتىپ قويۇش كېرەك. بەرگەن قەسىمىدىن يېنىۋالغانلارنىڭ قانداق جازالىنىدىغانلىقىنى يادىدا تۇتقۇدەك بولسۇن.

نۇرخان راجانىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ يوغان قولى بىلەن راجانىڭ گېلىنى سىقىپ، بېشىنى باستى. ئاندىن يەنە بىر قولى بىلەن ئۇنىڭ بىر پۇتىنى بوينىغا مىندۈردى. راجا ئاغرىققا چىدىماي، «ۋايجان، قاتتىق ئاغرىپ كەتتى ! ۋايجان، قاتتىق ئاغرىپ كەتتى !» دەپ نالە قىلىپ كەتتى. نۇرخان جەينەكىنى ئۇنىڭ پېشانىسىگە تىرەپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ يەنە بىر پۇتىنىمۇ بوينىغا مىندۈردى. راجانىڭ كۆز قارىچۇقى ئېتىلىپ چىقىپ كېتەي دەپ قالدى. ئۇنىڭ ئىككى پۇتى ئارىسىدىكى بوينى خۇددى بېشىنى كۆتۈرۈپ ياتقان يىلانغا ئوخشاپ قالدى.

راجا زادى ئولتۇرالماي، لاغىلداپ تىترەپ كېتىپ يەرگە يىقىلىپ چۈشتى. شۇنداقلا، ئۇنىڭ پۇتۇن بەدىنى يەنىلا چىدى-

غۇسىز قاتتىق ئاغرىپ، خۇددى ئاپتوماتىك ئويۇنچۇققا ئوخشاش
يەردە يۇمىلىماقتا ئىدى. ئۇ توختىماي ئېچىنىشلىق نالە ـ زار
قىلىپ تۇراتتى.
ـــ ۋايجان، بوينۇم ئۇزۇلەي دەپ قالدى ! ... ۋايجان، پاچىقىم
سۇنۇپ كېتىدىغان بولدى ! ...خۇدا ھەققى، مېنى بوشىتىۋەت-
سىلە، جېنىم بەك قىينىلىپ كەتتى ! ... شاھاجى، گۇناھىمدىن
ئۆتسىلە ! مەن چوقۇم سىزنىقلىرىدىن چىقمايمەن.
ئۆيدە راجانىڭ يىغلاپ داد ـ پەرياد قىلغان ئاۋازى ياڭرايتتى.
نۇشا يۈرىكى پوكۇلدىغان ھالدا بۇلارنى كۆرۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ
چىرايى تاتىرىپ كەتكەن بولۇپ، پاچاقلىرى توختىماي تىترەپ
تۇراتتى. ئاخىر راجانىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ كەتتى ـ دە، ھېرىپ
ھالسىزلانغان ئېشەكتەك، ئاغزىنى ماكچايتىپ قالدى ۋە بەدەن-
لىرى تارتىشقىلى تۇردى.
ـــ نۇرخان، ـــ دېدى شاھاجى، ـــ بوشىتىۋەت، ئۇ تېخى بىر
كىچىك بالىغۇ.
نۇرخان شاھاجىنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلاپ، دەرھال راجانىڭ
پۇتلىرىنى بوشىتىۋەتتى. راجا قاتتىق ھاسىراپ، توختىماي
تىترەپ يەردە ياتاتتى.
ـــ بۇ بىرىنچى دەرس، ـــ دەپ ۋارقىرىدى شاھاجى، ـــ يەنە
تېخى ئالتە دەرس بار. ئاخىرقى دەرس ماۋۇ، ـــ ئۇ ياستۇقىنىڭ
ئاستىدىن بىر خەنجەرنى ئېلىپ، ئۇنىڭ كۆزىگە يېقىن ئەكېلىپ
پۇلاڭلاتتى، ـــ بەدىنىڭنى پارە ـ پارە قىلىپ مۇشۇ يەرگە كۆمۈ-
ۋېتىمەن. ئورەك كولاشقا ئاسان بولسۇن دەپ، ھويلىغا خىش
ياتقۇزمىغان.
ـــ ياق، ياق ! ـــ قورقۇپ كەتكەن راجا كۆزلىرىنى يوغان
ئېچىپ، بىچارىلەرچە قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، دىر ـ دىر
تىترەپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، شاھاجىنىڭ قېشىغا بېرىپ،
ئۇنىڭ پۇتلىرىنى قۇچاقلاپ يالۋۇرغىلى تۇردى، ـــ مۇشۇ بىر
قېتىم گۇناھىمدىن ئۆتسىلە، ئىككىنچىلەپ خاتالىق ئۆتكۈزد-

دىغان بولسام، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسىلىمۇ ئۇۋالىم ئۆزۈمگە، — ئۇ شۇنداق دەپ بولۇپلا ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى. شاھاجى كاپ قىلىپ ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ، ئۇنى تارتىپ تۇرغۇزدى.

— بۇنىڭدىن كېيىن راستلا ئوبدان ئىشلەمسەن؟

راجا ياخشى ئىشلەشكە قەسەم بەردى.

— سەن بۇرۇنمۇ قەسەم بەرگەن، — دېدى شاھاجى تەھدىت بىلەن، — ئېسىڭدە تۇتقىنكى، يەنە قەسەمىڭدىن يېنىۋالىدىغان بولساڭ، ئۆلۈكۈڭ مۇشۇ يەردە قالىدۇ. مەن خەۋپلىك ئۇنسۇرلارغا ھەرگىز رەھىم قىلمايمەن.

راجا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئاڭلاپ تۇردى. ئۇنىڭ پۇتلىرى ھازىرغىچە تېخى باشقۇرۇشقا بويسۇنمايتتى.

شاھاجى ئۇنىڭغا بازاردىن ئىككى چەلپەك ئالدۇرۇپ بەردى ھەم چاي ۋە تاماكا بەردى. راجا ھالىغا كېلىۋالغاندىن كېيىن، ئۆزى ئىشلىگەن كىچىك بىنانىڭ ئەھۋالىنى يىپىدىن يىڭنىسىغىچە ھەممىنى سۆزلەپ بەردى. شاھاجى ھەربىر ئەھۋالنى تەپسىلىي سۈرۈشتۈرۈپ سورىدى. ئۇ يەنە راجاغا بۇنىڭدىن كېيىن، نۇرخان ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە بارمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۆزى كېلىپ دوكلات قىلىشى لازىملىقىنى ئېيتتى.

سائەت ئونغا يېقىنلاشقاندا ئۇ نۇرخان بىلەن بىللە بىر كىرا ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ، ياتاق بىنالىرى رايونىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

## 3

تۈن قاراڭغۇسى كەڭ زېمىننى قاپلىغانىدى. ئىنژېنېرنىڭ كىچىك بىناسى قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدە بوينىنى قىسىپ تۇراتتى. پۈتۈن ئەتراپ تىمتاس ئىدى. كىشىلەرنىڭ قەدەم تىۋىشىمۇ ۋە ياكى باشقا ئاۋاز ــ سادالارمۇ يوق ئىدى. بىنانىڭ بارلىق ئىشىكلىرى چىڭ تاقالغانىدى. راجا ئۆيدە تەنھا ئۆزى ئولتۇراتـ

تى. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ بىنانىڭ ئىچىدە ئىنژېنېرنىڭ ياشانغان ئانىسىلا بار ئىدى. ئۇ قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەن تەڭلا يېتىپ قالاتتى. شۇ تاپتا ئۇ بۇلۇڭدىكى ئۆيدە ئۇخلاۋاتاتتى. ئۆيدىكى باشقىلار بىر كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكىگە قاتنىشىش ئۈچۈن كەتكەن بولۇپ، يېرىم كېچىدىن بۇرۇن قايتىپ كېلەلمەسلىكى مۇمكىن ئىدى. راجا زاۋال ۋاقتىدا بۇ ئەھۋالنى شاھاجىغا مەلۇم قىلغانىدى. هازىر ئۇ ئىشىككە كەينىنى قىلىپ ئېھتىيات بىلەن ئولتۇراتتى. كىچىككىنە شەپە ئاڭلىنىپ قالسا قورقۇپ يۈرىكى ئاغزىغا قاپلىشاتتى.

قاراڭغۇ كېچە تېخىمۇ بەكرەك سۈرلۈك ۋە قورقۇنچلۇق بولۇپ كەتتى. يىراقتىن ئىت قاۋىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دېگۈدەك، بىنانىڭ سىرتىدا ئۈچ قېتىم پۈشتەك چېلىندى، بۇ شاھاجىنىڭ بەلگىسى ئىدى. راجا چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ئۇنىڭ بەدەنلىرىگە تىترەك ئولاشتى. بىردەمدىن كېيىن كىچىك بىنا كەينىدىكى قويۇق دەرەخزارلىقتا بىرى غازاڭلارغا ئاۋايلاپ دەسسەپ مۈشۈك ياققا كەلگىلى تۇردى.

ئازغىنا ۋاقىتتىن كېيىن، «دوڭ ــ دوڭ ــ دوڭ» قىلىپ ئىشىك قېقىلدى. بۇنى ئاڭلاپ راجانىڭ پۇتلىرى دىرىلداپ، نەپىسى قىسىلىپ هاسىراپ كەتتى. ئىشىك بىرنەچچە قېتىم قېقىلدى. ئۇ ئېچىشنى خالىمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا جۈرئەت قىلالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاستا ئۆيدىن چىقىپ، ئىشىك ئالدىغا بېرىپ تاقاقنى ئېچىۋىدى، سىرتتىكىلەر ئىشىك-نى بىرلا ئىتتىرىپ ئېچىۋەتتى. غۇۋا چىراغ نۇرىدا شاھاجىنىڭ قاباھەتلىك چىرايى كۆرۈندى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى كىشىلەر ئۇنى سوڭداپلا ئىشىكتىن كىرىشتى. شاھاجى بىر كىشىنى ئىشىكتە قويۇپ، قالغان تۆت كىشىنى ئېلىپ راجانىڭ كەينىدىن قىممەتلىك بۇيۇملار قويۇلغان ئۆينىڭ ئالدىغا كەلدى. ئىشىكتە بىر قۇلۇپ تۇراتتى. شاھاجى بارمىغا كۆز ئىشارىتى قىلىپ قويۇۋىدى، ئۇ چاپسانلا قۇلۇپنى قايرىپ ئاچتى. ھەممە كىشى

ئۆيگە كىردى. ئۆيئىچى قاپقاراڭغۇ ئىدى. راجا ئېلېكتىرنى ياندۇردى، ئاندىن زىننەت بۇيۇملىرى ۋە پۇل ـ پۇچەكلەر سېلىنغان ئىشكاپ ۋە ساندۇقنى كۆرسىتىپ بەردى. بارىم كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئارىلىقتا ھەنىنىۋا قۇلۇپنى چېقىپ ساندۇقنى ئاچتى. شاھاجى چىرايىدىن ياۋۇزلۇق ياغدۇرۇپ، تىكلەپ قويۇل. غان غايەت زور بىر پارچە تاشتەك ئىشىكنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا ئۆرە تۇراتتى. ئۇ زوۋان سۇرمەي، قول ئاستىدىكى ئادەملەرگە كۆز ۋە قول ئىشارىتى بىلەن قوماندانلىق قىلىپ تۇراتتى. بىردەمنىڭ ئىچىدىلا پۈتۈن ئۆي ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ، سېتىقچىنىڭ يايمىسىغا ئايلىنىپ قالدى.

ئۈشتۈمتۇت سىرتتىن ئاشپەزنىڭ يۆتەلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۆيدىكىلەر مىدىر ـ سىدىر قىلىشماي تۇرغان جايىدا تۇرۇپلا قېلىشتى. بىردىنلا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۇردى. ئاشپەز توختاپ ـ توختاپ يۆتىلەتتى. شاھاجى قورقۇنچلۇق كۆزلىرى بىلەن بىر قاراپ قويۇۋىدى، ئۇنىڭ ئادەملىرى ئۇچقاندەك ھەرىكەتكە كەلدى.

ئۇلار ئون بەش مىنۇت ئىچىدە بارلىق قىممەت باھالىق نەرسىلەرنى توپلاپ يوغان بىر كىيىم ساندۇقىغا سېلىپ، ئىككى ئادەم كۆتۈرۈپ ئۆيدىن ئېلىپ چىقتى. شاھاجى ھەممىنىڭ كەينىدە چىقتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن راجا لاغىلداپ تىترىگەن پېتى ماڭدى. ئۇلار ئارقا ئىشىكتىن چىقىپ بولغاندا، ئۇ قەدد. مىنى توختاتتى.

— راجا، سېنىڭمۇ بىز بىلەن بىللە كېتىشىڭگە توغرا كېلىدۇ! — دېدى شاھاجى ئاران ئاڭلانغۇدەك ئاۋازدا.

ئۇلار ھويلىدىكى چىملىقتىن ئۆتۈپ چوڭ يولغا چىقتى. دەرۋازىدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردە بىر قارا كىرا ماشىنىسى تۇراتتى. ئۇلار ساندۇقنى ماشىنىغا سالدى، ئاندىن ھەممىسى ماشىنىغا چىقىپ قىستىلىشىپ ئولتۇردى. ماشىنا ئوت ئالدۇ. رۇلدى ـ دە، خالىي يولدا ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى.

راجا كەچ سائەت ئون بىردە نۇشانىڭ ئۆيگە كىردى. نۇشا

تېخى ئۆخلىمىغانىدى. ئۇ راجانىڭ كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆرە بولۇپ ئولتۇردى. ئىككىسى خېلى ۋاقىتقىچە بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرغاندىن كېيىن:

— قايتىپ كەلدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى نۇشا ئاستاغىنا.

— ھەئە، — راجانىڭ ئاۋازى بەك تۆۋەن چىقتى.

— ئەمدى ئۇ كىچىك بىناغا قايتىپ بارمامسەن؟

— بارمايمەن، — دەپلا قويدى راجا پەرىشان ھالدا.

— نېمىشقا؟

— شاھاجىدىن سورا.

راجا ناھايىتى خاپا كۆرۈنەتتى، ئۇ تورۇسقا قاراپ چەكچەيگەن پېتى ئوڭدا ياتاتتى. نۇشا ئۇنىڭدىن كۆز ئۈزمەي قاراپ كەتتى.

— ئاداش، بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىدىغان گەپ؟ — دەپ سورىدى نۇشا.

— پېشانىغا پۈتۈلگەننى كۆرەرمىز !

نۇشا ئۇنىڭ گەپ قىلىشنى خالىمايۋاتقانلىقىنى، ھەربىر سوئالغا شۇنچە قايغۇ - ھەسرەت بىلەن جاۋاب بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قايتا گەپ - سۆز قىلمىدى.

ئىككىنچى كۈندىن تارتىپ ئۇلار قاتتىق تەقىب ئاستىغا ئېلىندى. چۈش ۋاقتىدا شاھاجى شەخسەن ئۆزى كىرىپ، ئۇلارغا ئۆيدىن سىرتقا چىقىشقا ۋە بۇ يەردىكى باشقا كىشىلەر بىلەن سۆزلىشىشكە رۇخسەت قىلىنمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئوخشىمايدىغىنى شۇكى، بۇ قېتىم كۆزلىرىنى ئالايتىپ ھۈرپىيىدىغان ئىشلارنى قىلماي، ئۆزىنى مۇلايىم تۇتتى. شۇنىڭدىن تارتىپ، ئۇ بارغانسېرى بۇ ئىككىيلەنگە كۆڭۈل بۆلگىلى تۇردى. بەزىدە ئۇلارغا يېڭى ماركىلىق تاماكا ئالغاچ كىرەتتى. يەنە ئۇلارغا بىرنەچچە قۇر كۆڭلەك - ئىشتان تىكتۈرۈپ بەردى ھەمدە كالاڭچۇر ۋە ئىككى قول قارتا ئالدۇرۇپ بەردى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇلار كۈنبويى دەككە - دۈككىدە يۈردى، چىرايلىرى بارغانسېرى سارغىيىپ، مەڭزلىرىنىڭ سۆڭەكلىرى

تومپىيىپ چىققىلى تۇردى.

شاھاجىنىمۇ غەم باستى. ئىنژېنېرنىڭ بىر ئىنىسى ساقچى ئىدارىسىنىڭ چوڭ بىر ئەمەلدارى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ دېلوغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن تەكشۈ-رۈش ئېلىپ بارماقتا ئىدى. ساقچى تەرەپ كۈچنى توپلاپ ئىزدەۋاتقان ئوبيېكت راجا ئىدى، چۈنكى ئۇنىڭدىن يىپ ئۇچىنى تېپىش مۇمكىن ئىدى. شاھاجىمۇ ئۆزىنىڭ پايلاقچىلىرى ئارقى-لىق ساقچى تەرەپنىڭ ھەرىكەتلىرىنى بىلىپ تۇراتتى. مۇنداق شارائىتتا راجانىڭ بۇ يەردە تۇرۇشى ئىنتايىن خەۋپلىك ئىدى. ھەر كۈنى يېڭى ئەھۋاللار يۈز بېرىپ تۇراتتى، شاھاجى ھەربىر خەۋەرنى ئاڭلىغاندا ئالاقزەدە بولۇپ كېتەتتى.

دەل شۇ مەزگىلدە بىر ئادەم سودىگىرى كېلىپ قالدى. ئۇ شاھاجىنىڭ كونا تونۇشى بولۇپ، بۇرۇنمۇ ئۇلار بىرنەچچە قېتىم ئېلىم ـ بېرىم قىلىشقانىدى. ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا دەرھال شاھاجىنىڭ زېمىنىسىدىكى يۈك خېلىلا يەڭگىللەپ قالدى. بۇ ئادەم سودىگىرى بويى پاكار، ئۆزى گەپدان، ئاغزىدىن سىپارى چۈشۈرمەيدىغان، كۆرگەنلىكى يەرگە تۈكۈرۈپ يۈرىدىغان ئادەم ئىدى. مانا بىردەمدىلا تۈكۈرۈپ پۇلنى مەينەت قىلمىۋەتتى. بۇ ئۇنىڭ كونا ئادىتى ئىدى.

ئادەم سودىگىرىنىڭ شاھاجىنى كۆرمىگىنىگە بىر يېرىم يىل بولغانىدى. شۇ تاپتا ئۇ مۇشۇ مەزگىل ئىچىدىكى ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى. شاھاجى ئۇنىڭ گەپلىرىگە قاراپ، ئۇنىڭ ھازىر پەقەت ياش چوكانلار بىلەن قىزلارنىلا ئالداپ سېتىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانلىقىنى قىياس قىلىپ، بىرئاز كۆڭلى قايتىپ قالدى ـ دە، دەرھال ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى:

ــ چاۋدىر، بۇ يەردە ئىككى شاكىچىك بار، ئىتائەتچان ھەم قولىدىن ئىش كېلىدۇ.

ــ ئەپەندى، ــ دېدى ئۇ قىزىقىمىغان ھالدا، ــ مەن ھازىر

كىچىك بالىلارنى ئالمايمەن، مۇنداق مالدىن كۆپ نەپ تەگمەيدۇ.
شاھاجى ئالدىراپ ئىنكاس بىلدۈرمىدى.
— ھە، ئىپسىمىگە كەلدى، — دېدى ھېلىقى كىشى، — سۈڭكۈر شەھىرىدە بىرى كىچىك بالىلارنى ئالىدىغانلىقىنى ئېيتىۋىدى. قانداقراق، دارىلئېتامغىلا لايىق بالىلاردىن ئەمەس-تۇ؟
— ياقەي، — دېدى شاھاجى ئالدىراپ، — كارامەت بالىلار ئۇ.
— ھە، قەيەردىن قولغا چۈشۈردىڭىز؟
— ئۇلار تەربىيەلەنگەن، ئۇلارغا بىز خېلى دەسمايە سالدۇق.
— ئېيتىڭا، قانچە پۇل ئالىسىز؟
— گەپنىڭ راستىنى قىلسام، ئۇلارنى توپتوغرا ئۈچ مىڭ رۇپىيەگە ئالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بەش مىڭ رۇپىيەدىن كەم بولسا بولمايدۇ.
— باھاسى بەك ئۆرە ئىكەن. مەن ئالغان بىلەنمۇ بەرىبىر ئۇلارنىڭ ماڭا كېرىكى يوق.
— بوپتۇ، سىزنىڭ يۈزىڭىزنى قىلىپ، باھاسىنى بىرئاز كېمەيتەي.
شاھاجى بۇ بالىلارنى كاراچىدىن چاپسانراق كەتكۈزگەيسەن دەپ ئالLادىن تىلەپ تۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىرئاز باھا تالىشىپ، ئاخىر تۆت مىڭ رۇپىيەگە كېلىشتى. ئادەم سودىگىرى شۇ يەردىلا بەش يۈز رۇپىيە بەردى. قالغان پۇلنى ئەتىسى بىراقلا بېرىۋېتىدىغان، ئاندىن بالىلارنى كېچىلەپ ئەكېتىدىغان بولدى.
كەچ سائەت ئون يېرىم بولغانىدى. نۇشا بىلەن راجا تېخى ئۇخلىمىغان بولۇپ، ئۇياق - بۇياق ئۆرۈلۈپ ياتاتتى.
— ئاداش، — دېدى راجا قاتتىق قايغۇ - ھەسرەت بىلەن، — بىزنىڭ ئەھۋالىمىز ئانچە ياخشى ئەمەس جۇمۇ.
— شۇنى دېگىنە، قانداق قىلساق بولاركىنتاڭ؟ شۇ تاپتا يۈرىكىم پوكۇلداپ تۇرىدۇ.

— ئامال قىلىپ بۇ يەردىن قېچىپ كېتەيلى، — دېدى راجا ئاستاغىنا.

— ئۇنداق گەپنى قوي، ئۇلار بىزنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، — دېدى نۇشا قورقۇپ.

— بەربىر مۇشۇنداق تۇرۋەرسەكمۇ ئۆلىمىز.

— نېمىشقا؟

— غوجايىنىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىككىمىزنى مۇشۇنداق قاتتىق نازارەت قىلىۋاتقانلىقىنى بىلەمسەن؟

— بىلمەيمەن.

— ۋاي - ۋۇي، تازىمۇ دۆت ئىكەنسەن! بۇ ئەبلەخلەرنىڭ سىرىنىڭ ئاشكارا بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇۋاتقانلىقى بولماي نېمىدى؟

— هە مۇنداق ئىكەن - دە، شۇڭا شاھاجى بىزنى ئىشىكتىن چىقارماپتىكەن - دە.

— بۇ ئەبلەخلەر سىر ساقلاش ئۈچۈن بىزنى ئۆلتۈرۈۋېتەر-مىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن. سەن بۇلارنى تېخى بىلمەيدىغاندەك قىلىسەن، بۇلار ئۈچىغا چىققان ئوسال نېمىلەر.

نۇشا بەك قورقۇپ كەتتى.

— ئاداش، — دېدى ئۇ ئاۋازىنى پەس چىقىرىپ، — دېگەن گېپىڭ توغرا، شاھاجى دېگەن چوڭ يالماۋۇز.

— مېنىڭ گېپىمگە كىرسەڭ، بەلكىم جېنىمىزنى ئامان ساقلاپ قېلىشىمىز مۇمكىن.

— سەن نېمە دېسەڭ شۇ.

— ئامال قىلىپ قېچىپ كېتەيلى.

— بىر ئاز قورقۇۋاتىمەن.

— قارا سېنىڭ توخۇ يۈرەكلىكىڭنى، — دېدى راجا ئاچچىقى بىلەن، — پۇرسەت تاپساق بۈگۈنلا قاچايلى.

— بۈگۈن؟

راجا ئازغىنا تۇرۇۋېلىپ، ئىشەنچلىك ھالدا:

— ھەممە ئىشنى ماڭا قويۇپ بەر، — دېدى.

شۇ ئەسنادا سىرتتىن شاھاجىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى. لېكىن، شاھاجى ئۆيگە كىرمىدى، ئۇ كىم بىلەندۇر بىردەم سۆزلەشكەندىن كېيىن قايتىپ كەتتى. راجالار مىدىر قىلماي ياتاتتى.

قاراڭغۇ تۈن ئاستا - ئاستا ئۆتمەكتە، ئەتراپ تىمتاس ئىدى. راجا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىشىك ئالدىغا بېرىپ بېشىنى چىقىرىپ قاراپ، نۇرخاننىڭ ئالدىنقى كارىدوردا ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆردى. شۇنداقلا، سىرتقى دەرۋازا تەرەپتىن دەرۋازىۋەننىڭ يۆتەلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

راجا ئاۋۋال ئۆيدىن چىقتى، نۇشا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. ئىككىيلەن ئېھتىيات بىلەن ھويلىدىن ئۆتۈپ ئالدىنقى كارىد- دورغا كەلدى. نۇرخان شۇ يەردە ياتاتتى. ئۇلار نۇرخاننىڭ يېنىد- دىن ئۆتۈپ، ئۆگزىگە چىقىدىغان پەلەمپەيىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلدى.

ئۇلار ئىشىك ئالدىدا بىردەم تۇرۇۋالدى. ئۇلارنىڭ تەنلىرى تىترەپ، نەپەسلىرى تېزلىشىپ كەتكەنىدى. راجا ئۆزىگە غەيرەت بېرىپ، پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئىشىكنىڭ تاقىقىنى ئاچاي دېۋىدى، لېكىن جىددىيلىشىپ كەتكەنلىك تۈپەيلىدىن قولى قولاشماي، سەل دىققەتسىزلىك قىلىپ قويدى - دە، «تاراق» قىلىپ ئاۋاز چىقىپ كەتتى. ئىككىيلەن دەرھال دېمىنى چىقار- ماي، جىم تۇرۇۋالدى. شۇ ئەسنادا نۇرخان ئۆرۈلۈپ يېتىپ، گەچگىسىنى قاشلىغىلى تۇردى.

تاكى نۇرخان خورەك تارتقۇچە كۈتۈپ تۇرۇپ، ئاندىن راجا پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ تۇرۇپ تاقاقنى ئاچتى. ئىشىك غىچ قىلىپ ئېچىلدى - دە، ئۇلار ئېھتىيات بىلەن پەلەمپەي ئارقىلىق ئۆگزىگە چىقتى.

ئۆگزە چوڭ ئىدى. سوغۇق شامال ئۇرۇپ تۇراتتى، ئاسماننى بۇلۇت قاپلىغان بولۇپ، ئەتراپ قاپقاراڭغۇ ئىدى. ئىككىيلەن

بىردەم تۇرۇۋېلىپ، ئاندىن راجانىڭ قول ئىشارىتى بويىچە ئاستا تىمىسقىلاپ مېڭىپ سۇ ساندۇقىنىڭ يېنىغا كەلدى. سۇ ساندۇ- قىغا تۇتاشتۇرۇلغان تۇرۇبا تام بويلاپ پەستىكى كوچىغا سوزۇلاتتى. راجا تۇرۇبىنى لىڭشىتىپ كۆرۈۋىدى، تۇرۇبا چىڭ ئىكەن.

راجا سۇ تۇرۇبىسىغا ئېسىلىپ، پەسكە سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتتى. نۇشا كالتە تامنى تۇتۇپ پەسكە قاراپ تۇراتتى. راجا قاراڭغۇلۇق ئىچىدە غايىب بولغاندىن كېيىن، نۇشامۇ سۇ تۇرۇ- بىسىغا ئېسىلىپ سىيرىلاي دەپ تۇرۇشىغا پۇتى تېيىلىپ كەتتى - دە، دەرھال تامغا ئېسىلىۋالدى. راجا پەستە تۇرۇپ «ئۇشت، ئۇشت» قىلىپ نۇشانى چاپسان چۈشۈشكە ئالدىراتتى. ئەمما، نۇشا بىر ئاز ئىككىلىنىپ قالدى.

— چاپسان چۈش، بولمىسا ئۆزۈم كېتىۋېرىمەن، — دېدى راجا پەستە تۇرۇپ.

نۇشا جىددىيلىشىپ كېتىپ، كۆزىنى يۇمدى - دە، تۇرۇبا ئارقىلىق سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتتى. راجا ئۇنى تۇتۇۋالدى، بولمىسا، ئۇ يەرگە دۈم چۈشكەن بولاتتى. راجا ئۇنىڭ دۈمبىسىگە ئۇرۇپ قويۇپ:

— يارايسەن، باتۇرۇم، مۇۋەپپەقىيەت قازاندۇق، — دېدى خۇشال بولۇپ.

ئۇلار قاراڭغۇ كوچىدىن چىقىپ بىر بوشلۇققا كېلىۋىدى، ئۇشتۇمتۇت بىرقانچە ئىت پەيدا بولۇپ، كاڭشىغان پېتى ئۇلارغا ئېتىلىپ كەلدى.

ئۇلار قورقۇپ بەدەر قاچتى.

## 4

سۈرلۈك قاراڭغۇ كېچە، كىشىنىڭ تېنى ئەيمەنگۈدەك جىمجىت ئىدى. راجا بىلەن نۇشا بىرنەچچە چاقىرىم يەرگىچە

يۇگۇرۇپ باردى. بۇ يەرنىڭ يەر شارائىتى ئۇلار ئۇچۇن ناتونۇش ئىدى. هازىر ئۇلار بىر يىقىلغان تامنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ، بۇ قورقۇنچلۇق قاراڭغۇ كېچىنى قەيەردە ئۆتكۈزۈش ئۈستىدە ئويلىشىۋاتاتتى. ئۇلار شاھاجىنىڭ ئۆيىدىن چىققاندا نىشانسىز ماڭغانىدى. ئەگەر ئىتلارغا ئۇچرىشىپ قالمىغان بولسا، بەلكىم بۇ يەرگە كېلىپ قالماس ئىدى. هازىر ئۇلارنىڭ تۇرغان جايى بىر قاقاسلىق ئىدى. ئالدى تەرەپتە ئېگىز ـ پەس كىچىك تاغ تۇراتتى. ئەنە شۇ تاغ ئارىسىدا يىلاندەك تولغىنىپ تاشيول ياتات- تى. ئۇلار تاشيولنى بويلاپ ئىلگىرىلەپ ماڭدى. شۇ ئەسنادا ئۇشتۇمتۇت يىراقتىن ماشىنىنىڭ چىراغ نۇرى كۆرۈندى. بىردەمدىن كېيىن ماشىنا ئۇلارغا يېقىنلىشىپ كەلدى ـ دە، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان چىراغ نۇرى ئۇلارنى ناهايىتى ئېنىق يورۇتتى. ئۇلار قورقۇپ، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالدى ۋە دەرهال كۆزلىرىنى يۇمۇۋېلىپ، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ مىدىر قىلماي تۇرۇشتى. ماشىنا ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلگەندە سۇرئەتنى ئاستىلاتتى، ئاندىن تورمۇزلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇنى ئاڭلاپ ئىككىيلەن لاغىلداپ تىترەپ كەتتى. لېكىن، ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىدى، ئۇلارنىڭ قېشىغا ھېچكىم كەلمىدى. ماشىنا يەنە بايىقىدەك سۇرئەتتە خىلۋەت تاشيولنى بويلاپ ئالغا يۈرۈپ كەتتى. ماشىنا يىراقلاپ كەتكەندىن كېيىن ئۇلار ئاندىن ئۇھ دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىخەتەردەك كۆرۈنگەن بۇ جاينىڭ ئەمەلىيەتتە بىخەتەر ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىشتى.

— ھەي، بۇ يەر بەك خەتەرلىك ئىكەن، باشقىراق جايغا كېتەيلىچۇ. ئەڭ ياخشىسى بىر ئادەم تېپىپ، پويىز ئىستانسىغا بارىدىغان يولنى سورىۋالايلى. ئۇ يەردە كېچىنى ئۆتكۈزۈشكە بولىدۇ، پويىزغا ئولتۇرۇپ ئۆيگىمۇ قايتالايمىز، — دېدى نۇشا.

راجا ئۇنىڭغا بىر ئالىيىپ قويدى.

— ساراڭ بولۇپ قالدىڭمۇ؟ نېمانداق ساپلا ئەخمىقانە گەپ قىلىسەن؟ ئۇنداق قىلساق، ھېچقايسىمىز قېچىپ قۇتۇلالمايمىز.

— نېمىشقا؟

سەن شاھاجىنى چوڭ بىر ھاماقەت دەپ ئويلامسەن؟ ئۇ ئالدى بىلەن نۇرخان ۋە رودۇنلارنى پويىز ئىستانسىسىغا ئەۋەتىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ساقچىلارمۇ ئاختۇرۇۋاتىدۇ.

نۇشا بۇ گەپنى ئاڭلاپ داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى.

— سەن تېخى كىچىك بالا، بۇ ئىشلارنى ئۇقمايسەن.

— ئاداش، سېنىڭ بىلىدىغانلىرىڭ كۆپ ئىكەن، ئۇنداقتا ھازىر قەيەرگە بېرىشىمىز كېرەك؟

— مەنمۇ شۇنى ئويلاۋاتىمەن، — دېدى راجا ئالدىرىماي.

بىردەمدىن كېيىن ئۇلار تاشيولنى بويلاپ ئالغا قاراپ ماڭدى. بىرەر چاقىرىم يول يۇرۇپ، تاشيولنىڭ دوقمۇشىغا بارغاندا جىلغىدا چىراغ نۇرى كۆرۈندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قەدىمىنى تېزلىتىپ، چىراغ نۇرى كۆرۈنگەن تەرەپكە قاراپ يۇرۇپ كەتتى. يېقىنراق بارغاندا ئاندىن بۇنىڭ بىر ئىبادەتخانا ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇنىڭ ئەتراپى قويۇق دەرەخزارلىق ئىدى. ئىبادەتخانىنىڭ ئىچىنى چىراغلارنىڭ نۇرلىرى يورۇتۇۋەتكەن، بىرمۇنچە رەڭگا-رەڭ ئەلەملەر قادالغانىدى. يەنە كىشىلەرنىڭ گەپ قىلىشقان ئاۋازلىرى غۇۋا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ئۇ ئىككىيلەن ئاستا دەرەخزارلىقتىن ئۆتۈپ ئىبادەتخانىغا كىردى. ئىبادەتخانىنىڭ ئىچى ناھايىتى كەڭتاشا بولۇپ، ئوتتۇ-رىسى چوڭ ھويلا ئىدى. ھويلىنىڭ بىر تەرىپىدە بىرمۇنچە ھۇجرا بار ئىدى. ئوتتۇرىدىكى گۈمبەز ئاستىدا بىر قەبرە بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە نۇرغۇن گۈلدەستىلەر قويۇلغانىدى. قەبرىنىڭ ئەتراپىدىكى تامدا بىرمۇنچە تەكچىلەر بولۇپ، ئۇنىڭدا قارا چىراغلار يېنىپ تۇراتتى. قەبرىنىڭ يېنىدا ئىككى كىشى ئىبادەت قىلىۋاتاتتى. يەنە بىرمۇنچە كىشى باشلىرىنى لىڭشىتىپ ئاللە-نېمىلەرنىدۇر ئوقۇپ ئولتۇراتتى.

قەبرىگە تۇتاشقان ئازادە بىر ئۆي بولۇپ، تورۇسقا گاز لامپا ئېسىلغان، يەرگە ئاپپاق جايناماز سېلىنغانىدى. مېھرابتا بېشىغا

سەللە ئورىغان ئاپپاق ساقاللىق بىر كىشى تەسۋى سىيرىپ ئولتۇراتتى. بۇ كىشى ئىبادەتخانىنىڭ شەيخىدەك قىلاتتى. بىرمۇنچە كىشى ئەدەپ ـ ئېھتىرام بىلەن ئۇ كىشىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئاللاغا ئىبادەت قىلىۋاتاتتى. راجا بىلەن نۇشا يىراقتىن بۇ ئۆيگە قاراپ تۇراتتى، ئۇشتۇمتۇت بىر تەرەپتىن ئاۋاز ئاڭلاندى:

«ئېھ رەببىمىز ، ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز !»

ئۇلار بۇرۇلۇپ قاراپ، ياندىكى بىر كىچىك ھويلىدا بىرمۇنچە كىشىنىڭ دۈگىلەك بولۇپ يەردە ئولتۇرۇشقانلىقىنى كۆردى ـ دە، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارمۇ ھويلىغا كىردى. بۇ يەر بەك يورۇق ئەمەس ئىدى، ئۇلار كىشىلەرنىڭ ئارىسىغا كېلىپ ئولتۇردى. بۇ ئىش كىشىلەرنىڭ گۇمانىنى قوزغىمىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە موناخ، دەرۋىش ۋە باشقا شۇ خىلدىكى راھىبلار بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بەزىلەرنىڭ بەلدىن يۇقىرىسى يالىڭاچ، بەزىلەرنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى جۇل ـ جۇل ۋە بەزىلەرنىڭ چاچلىرى پاخپايغان، مەينەت ھەم ئۆسۈپ كەتكەن، كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن بولۇپ، تەنلىرىدىن سېسىق تەر پۇراپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بوينىغا مارجان تەسۋى ئېسىلغان، قولىغا بىلەزۈك سېلىنغانىدى. بىر مۇخلىس چىلىمنى قولىغا ئېلىپ بىر شورىۋىدى، سەيخانىدىن لاپ ـ لاپ قىلىپ ئوت چىقتى. ئۇ كىشى قاتتىق يۆتىلىپ كەتتى، ئاندىن چىلىمنى يەنە بىر مۇخلىسقا تۇتتى. ئۇنىڭدىن ـ بۇنىڭغا، بۇنىڭدىن ـ ئۇنىڭغا تۇتۇلۇپ، ئاخىر راجانىڭ قولىغا كەلدى. راجا چىلىمنى قولىغا ئالدى ـ يۇ، چەككۈسى كەلمەي ئىككىلىنىپ قالدى. شۇ ئەسنادا چىلىم تۇتقان كىشى قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا بىر ئالىيىپ قويۇپ: «ياپىرىم !» دەپ توۋلىۋىدى، راجا قورقۇپ كېتىپ دەرھال چىلىمنى ئاغزىغا تۇتۇپ بىر شورىدى. ئۇ قاتتىق يۆتەلگەن پېتى چىلىمنى نۇشاغا بەردى، نۇشا ئويلاپمۇ تۇرماستىن بىر شوراپ، دەرھال باشقا بىرىگە تۇتتى.

بۇ ئادەتتىكى تاماكا ئەمەس، بەلكى مەست قىلىدىغان بىر خىل چېكىملىك ئىدى. چىلىمنى چېكىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىچى قىزىغىلى، گاللىرى قۇرۇغىلى، بەدەنلىرى يېنىكلەشكىلى تۇردى. غۇر - غۇر شامال كېلىۋىدى، ئاستا - ئاستا بەدەنلىرىگە ئىگە بولالماي قالدى - دە، بىئىختىيار لەلەڭشىگىلى تۇردى. جايىنامازمۇ ئۇلارغا لەپەڭشىپ ئۇچۇپ يۇرگەندەك بىلىنىپ كەتتى. ئاندىن كۆزلىرى پۇرۇلۇپ، كۆزلىرىنىمۇ ئاچالماي قالدى. ئاخىر كەيپ بولۇپ، بىر چەتتە يېتىپ ئۇخلاپ قالدى.

ئۇ ئىككىيلەن تاكى كۈن چىقىپ هويلىغا ئاپتاپ چۈشكۈچە ئۇخلاشتى. شۇ ئەسنادا ئۇشتۇمتۇت بىرى راجانىڭ پۇتىنى تۇتۇپ مىدىرلاتتى. راجا هودۇقۇپ دەرهال ئۆرە بولۇپ ئولتۇرۇپ قارىدۇ، ئۆسكىلەڭ چاچلىق، بەدىنىنىڭ بەلدىن يۇقىرىسى يالىڭاچ بىر مۇخلىس ئۇنىڭ يېنىدا ئېڭىشىپ قاراپ تۇراتتى.

— سەدىقە تارقىتىلدى، چاقىقان بېرىپ بىر كىشىلىك ئېلىۋال! — دېدى - دە، بىلەزۈكىنى تىرىڭشىتىپ نېرى كەتتى. راجا ئۇيقۇچان كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ كېرىلدى. ئۇنىڭ بەدەنلىرى ئېغىرلىشىپ، گاللىرى قۇرۇپ كەتكەن بولۇپ، پۇت - قوللىرى ئۇزۇلۇپ كېتەي دېگەندەك ئاغرىپ تۇراتتى. ئۇ ئەتراپتىكى مۇهىتقا بىر قاراپ چىققاندىن كېيىن، ئاندىن يېنىدا تاتلىق ئۇخلاۋاتقان نۇشانى ئويغاتتى. ئۇلار قاتتىق ئۇسساپ كەتكەچكە، بىرئاز سۇ تېپىپ ئىچەيلى دەپ تۇرىۋىدى، ئابايىقى راجانى ئويغاتقان ئادەم يەنە كېلىپ:

— نېمىشقا تېخى سەدىقە ئېلىشقا بارمىدىڭ؟ — دېدى.

— قەيەردە.

— ئەنە، ئالدى تەرەپتە.

ئالدى تەرەپتە كىيىملىرى جۇل - جۇل بىر توپ ئادەم ئولىشىۋالغان بولۇپ، هەدەپ ئاغزىنى بۇزۇپ ۋارقىراپ، ئىتتىقا ئوخشاش قىستىلىشىپ تۇراتتى. بۇ كىشىلەرنىڭ ئالدىدىكى سۇپىدا ئىككى ئادەم تۇراتتى. بىرىنىڭ قولىدا بىر دەستە

چەلپەك، يەنە بىرىنىڭ قولىدا يوغان بىر چىلەك بار ئىدى. ئۇلار كىشىلەرنىڭ قولىدىكى مىتال قۇتا ۋە ساپال قاچىلارغا سەي ئۇسۇپ بېرىۋاتاتتى. سەدىقە ئالغۇچى كەمبەغەللەر ھەدەپ ئالدىغا قىستىشاتتى، سەدىقە تارقاتقۇچى ئۇلارنى قاتتىق تىللاپ تۇراتتى:

— ھەي، ياۋا چوشقىلار، ئارقاڭغا قايتىش !

— ھەي، سەن ئىككىنچى قېتىم كەلدىڭ، ھۇ جالاپنىڭ بالىسى، يوقال !

— جېدەل قىلما، نەس باسقان پېسە !

بەلنىڭ يۇقىرىسى يالىڭاچ كەمبەغەللەر ۋە مۇخلىسلار تىل ـ ھاقارەتكە چىداپ مايمۇندەك ئاغزىنى كالچايتىپ، ئۇياتسىزلارچە كۈلۈشەتتى، توۋلىشاتتى. راجا نۇشانىڭ قولىنى تۇتۇپ توپ ئارىسىغا كىرىۋېدى، ئۇياققا قىسىلىپ، بۇياققا قىسىلىپ يۈرۈپ بىرمۇنچە تىل ـ ئاھانەت ئاڭلىدى، شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار چېكىنمىدى. ئاخىر ئۇلارنىڭ قولىغا ئىككىدىن چەلپەك تەگدى. قاچىسى بولمىغاچقا، سەينى چەلپەككە ئۇسۇپ بېرىشتى.

ئۇلار سەدىقىنى كۆتۈرۈپ بىر تۈپ دەرەخنىڭ ئاستىغا كەلدى. ئۇ يەردە ئىككى مۇخلىس يالماپ ـ يالماپ تاماق يەۋاتاتتى. يېنىدا يەنە بىر مۇخلىس بېشىنى بېقىپ، پىت ئۆلتۈرۈپ ئاپتاپتا ئولتۇراتتى. نۇشانىڭ كۆڭلى ئاينىپ كەتتى.

— يۈر، باشقا جاي تاپايلى، — دېدى ئۇ.

— ۋاي ـ ۋۇي ! ئۇنىڭ بىلەن كارىمىز نىمە، قورسىقىم ئېچىپ ئۆلەي دەپ قالدىم، — دېدى راجا خاپا بولۇپ.

ئۇ شۇنداق دەپلا يەردە چازا قۇرۇپ ئولتۇردى، نۇشانىمۇ يېنىدا ئولتۇرغۇزدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي تاماق يېگىلى تۇردى. چەلپەك سوغۇق، سەي ئىسسىق بولۇپ، لازىسى كۆپ، بەك سۇيۇق ئىدى. ئاچچىق لازىنىڭ دەستىدىن ئۇلارنىڭ ئاغزىلىرى ئېچىشىپ كەتتى. ئۇلار يەيدىغاننى يەپ بولۇپ، قۇدۇق بېشىغا بېرىپ سۇ ئىچىشتى. ئاندىن قورساقلىرىنى دومبايتىپ، ھويلىغا كىرىپ بىر بۇلۇڭغا بېرىپ

يېتىشتى. ھويلىدا يەنە بىرمۇنچە كىشىمۇ ئۇلارغا ئوخشاش يەردە يېتىشاتتى.

ئۇلار شۇ ئۇخلىغانچە زاۋال بولاي دېگەندە كۆزىنى ئاچتى. بۇ چاغدا ئىبادەتخانا تېخىمۇ قىزىپ كەتكەن، گاز لامپىلار ھەممە يەرنى يورۇتۇۋەتكەن، نۇرغۇن ئادەملەر ئۇياق - بۇياق مېڭىشىپ يۈرگەنىدى. ئاق ساقاللىق شەيخ قەبرىنىڭ بېشىدا قەبرە ساقلىغۇچىلارغا قول ئىشارىتى قىلىپ ئولتۇراتتى. تاۋاپچىلار ئالدى بىلەن ئۇنىڭ قولىغا سۆيۈپ، سەدىقە قىلىدىغان پۇلنى قولىغا بېرەتتى. ئاندىن بۇرۇلۇپ، قەبرىنىڭ يېنىدىن بىرەر جاي تېپىپ ئولتۇراتتى.

يان ھويلىدا مۇخلىسلار بىلەن تاۋاپچىلار ئولتۇرۇشۇپ بولغانىدى. ئۇلار پۈرقىرىتىپ چىلىم چېكىپ، پۈتۈن نىيىتى بىلەن ئاللاغا ئىبادەت قىلىپ، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن دۇئا ئوقۇيتتى. ئۇشتۇمتۇت بىر ساقچى ئەمەلدارى تۆت ساقچىنى ئەگەشتۈرۈپ ئىبادەتخانىغا كىرىپ كەلدى. ساقچى ئەمەلدارى ئالدى بىلەن شەيخنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا پەس ئاۋازدا بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلىپ قويۇپ، ئاندىن ئۆي - ھۇجرا ۋە ھويلا - ئارانلارنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى.

ساقچى راجا بىلەن نۇشانىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئۇلار قورقۇپ چىرايىدا قان قالمىدى. خۇددى بوغۇزلىغان مالدەك بېشى چۈشۈپ كەتتى ۋە يۈرەكلىرى پوكۇلداپ، بېشىغا كېلىدىغان ئاپەتنى كۈتۈپ تۇردى. لېكىن، ئاپەت ئۇلارنىڭ بېشىغا چۈشمىدى. ساقچىلار ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، مەست قىلىدىغان چېكىملىك چېكىپ ئولتۇرۇشقان كىشىلەر ئارىسىدىن پاكار بىر ئادەمنى تۇتۇپ ئېلىپ كەتتى.

ئىبادەتخانىدا كەيپىيات بىردىنلا جىددىيلىشىپ، يەنە چاپسانلا ئىزىغا چۈشتى. ساقچىلار ئابايىقى پاكار ئادەمنى ئىبادەتخانىدىن ئاچىقىپ كەتكەندىن كېيىن، مۇخلىس ۋە تاۋاپچىلار يەنە چىلىملىرىنى چېكىپ، ئاللاغا سىغىندى:

«ئېھ رەببىمىز، ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز!»
مۇنداق ئىشلار ئىبادەتخانىدا بولۇپ تۇراتتى، ۋاھالەنكى راجا بىلەن نۇشا بەك قورقۇپ كەتتى.
— راجا، — دېدى ساقچىلار كەتكەندىن كېيىن نۇشا، — بۇ بەك خەتەرلىك جاي ئىكەن، ھەرقانداق بولسا خۇدايىم ساقلىدى.
— شۇنداق، بۇ جاي مۇۋاپىق ئەمەس ئىكەن.
— ئەمدى نەگە بارساق بولار؟
— ئاداش، ماڭا بىر ئوي كېلىۋاتىدۇ، سەن قوشۇلامسەنكىنتاڭ؟
— نېمىشقىمۇ قوشۇلماي، قېنى دەپ باقە؟
— مەن ئويلايمەن، — دېدى راجا بېشىنى قاشلاپ قويۇپ، — بىز ياخشىسى ئايال غوجايىنىنىڭ ئالدىغا بېرىپ خاتالىقىمىزنى ئىقرار قىلىپ، ھەممە ئىشنى ئۇنىڭغا ئېيتايلى. چۈشتىن تارتىپ مۇشۇ ئىشنى ئويلاۋاتىمەن.
— ئاداش، ئۇنداق قىلساق شاھاجىنىڭ ئوغىسى قايناپ بىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن يانمايدۇ. ئۇ بەكمۇ قورقۇنچلۇق ئادەم.
— مەنمۇ قورقىمەن، لېكىن ئۇنى ساقچىلار تۇتۇپ كەتسە، بىزگە ھېچ ئىش بولمايدۇ.
نۇشا بىلەن راجا بىرھازاغىچە مەسلىھەتلىشىپ، ئاخىر بىردەك ئىبادەتخانىدىن كېتىپ، ئىنژېنېرنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ھەممە ئەھۋالنى ئايال غوجايىنغا ئېيتىش پىكرىگە كېلىشتى. راجا بىر كىشىدىن ياتاق بىنالىرى رايونىغا بارىدىغان يولنى ئۇقۇش-تى - دە، كېچىلەپ ئىبادەتخانىدىن كېتىشتى.
ئۇلار ئىنژېنېرنىڭ ئۆيىگە سائەت توققۇزدا يېتىپ باردى. پىيادە بىرنەچچە چاقىرىم يول يۈرگەچكە، چارچاپ دېمىنى ئالالماي قالدى. ئىشىك ئالدىغا بارغاندا، راجا ئىككىلىنىپ قالدى.
ئاخىر ئۇ ئېھتىيات بىلەن ئىشىكتىن كىردى، نۇشا ئۇنى سوڭداپ كىردى. ئۇلار چىمەنزارلىقتىن ئۆتۈپ يورۇق يەرگە كەلگەندە، يىگو بىلەن لىلى يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ قالدى - دە،

راجانى كۆرۈپلا ۋارقىرىدى:

ــ راجا كەلدى ! راجا كەلدى !

ئىككى بالا راجانىڭ قېشىغا كېلىشتى. ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئايال غوجايىنىمۇ چىقتى. ئۇ راجا بىلەن نۇشانى كۆرۈپ ۋارقىرىۋېتىشكە تاس قالدى. ئۇلارغا قاراپ بىرنەچچە قەدەم مېڭىپ بولۇپ، يەنە ئارىسالدى بولغان هالدا ئارقىسىغا بىر ئاز داجىدى. راجا بىلەن نۇشا ئۇنىڭ ئالدىدا گۇناهكارلاردەك بېشىنى سېلىپ تۇراتتى. ئايال غوجايىن ئۇلارغا غەزەپ بىلەن قارىماقتا ئىدى. شۇ ئەسنادا ئىنژېنېرنىڭ ماشىنىسى كېلىپ قالدى. ئۇ ماشىنىدىن چۈشۈپ، ئايال غوجايىنغا:

ــ بۇ يەردە تۇرۇپسىزغۇ؟ ــ دېدى ۋە دەرهال راجاغا كۆزى چۈشتى ـ دە، ئىنتايىن هەيران بولدى، ــ هوي، راجا؟

ئۇ سەل ئويلىنىۋېلىپ، ئاندىن ئۇلارنى ئۆيگە باشلاپ كىرىپ ئولتۇرغۇزدى ۋە ئۇلارغا قاراپ تۇرۇشنى ئايالىغا تاپىلاپ قويۇپ ئاندىن ساقچىغا تېلېفون بەرگىلى چىقىپ كەتتى.

راجا ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، ئايال غوجايىنىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ، ئۇن سېلىپ قاتتىق يىغلاپ كەتتى.

ــ غوجايىن، مېنى كەچۈرسىلە، ئەزىبرايى خۇدا، مېنىڭ خاتالىقىم ئەمەس.

ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ، شاهاجى ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرىنىڭ ئەهۋالىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردى ھەمدە ئۆزىنىڭ ئامالسىز قالغانلىقىنى ئېيتتى. ئايال غوجايىن ئۇنچىقارماي ئاڭلاپ تۇردى. ئۇلارغا ھەم غەزەپلەندى، ھەم ئىچى ئاغرىدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى ئۆزىنىڭ قىممەت باهالىق زىننەت بۇيۇملىرى ئىدى. بۇ شۇملارنىڭ شورى قۇرۇسۇن، نەرسە ـ كېرەكلەرنى تېپىش كېرەك، دەپ ئويلىدى ئۇ.

ــ غوجايىن، مەن راست گەپ قىلدىم، ــ دېدى راجا ئۇنىڭ ئۇنچىقماي تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ــ مېنىڭ ئۆمۈر بويى مۇشۇ ئۆيدە تۇرغۇم بار. بىزنى قۇتقۇزۇۋالسىلا، بىزنى ساقچى تۇتۇپ

كەتمىسۇن !

— ئەزبىرايى خۇدا، بىزدىن سەۋەنلىك ئۆتمىدى، — دېدى نۇشا.

ئايال غوجايىن ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. بىر پەستىن كېيىن راجا ھاجەتكە چىقماقچى بولۇپ ئىشىكنى ئاچاي دېسە ئىشىك سىرتىدىن ئېتىپ قويۇلۇپتۇ. بۇنى كۆرۈپ ئۇ دەرھال چۇشەندى - دە:

— ئاداش، ئىش چاتاقتەك تۇرىدۇ، — دېدى نۇشاغا.

— نېمە بولدى؟

— ئىشىك سىرتىدىن ئېتىپ قويۇلۇپتۇ.

— نېمىشقا؟

راجا ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋاب بېرەي دېگۈچە، ئىشىك ئېچىلدى. ئۆتتۇكلۇك ساقچىلار «تاق، تاق، تاق» دەسسەپ ئۆيگە كىردى. راجا بىلەن نۇشا داڭ قېتىپ قالدى. ساقچىلار ئۇ ئىككىسىنىڭ قولىغا كويزا سېلىپ، ساقچى ئىدارىسىگە ئېلىپ كەتتى. ئۇلار ھېچقانداق ئۇرۇش - قىيناش ۋە قورقۇتۇشلارنى كۆتۈپ تۇرماستىنلا ئەھۋالنى تولۇق ۋە ناھايىتى ئېنىق ئىقرار قىلدى. يەنە ئۆزلىرىنىڭ بىگۇناھ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا كۈچىنىڭ بارىچە تىرىشتى. ئۇلار قانچە يىغلاپ - زارلىغان بولسىمۇ، بەربىر يەنىلا قاماپ قويۇلدى.

ساقچى تەرەپ شۇ كۈنى كېچىدە قوراللىق كىچىك ئەترەت ئەۋەتىپ، شاھاجىنىڭ تۇرالغۇ جايىنى قورشىۋالدى. شاھاجى راجا بىلەن نۇشانىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىنى ئۆزىنىڭ كۆز - قۇلاقلىرى ئارقىلىق ئاڭلىغانىدى. ساقچى ئەترىتى يېتىپ بارغاندا يالغۇز دەرۋازىۋەن پاتان قالغانىدى. ساقچىلار دەرۋازىۋەننى تۇتۇپ كېتىپ سوراق قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن شاھاجى ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرىنىڭ بىرەر سائەتتىن ئىلگىرى قېچىپ كەتكەنلىكىدىن ۋە مېڭىش ۋاقتىدا، ئەتىگەندە قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتى.

شاھاجىنىڭ تۇرالغۇ جايى قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئېلىندى. ساقچى تەرەپ بارلىق شۆبە ساقچى ئورۇنلىرى ۋە قاراۋۇلخانىلارغا ئۇقتۇرۇش قىلىنۋەتتى، شۇنداقلا ھەيدەرئابات، تېتا قاتارلىق جايلاردىكى ساقچى ئىدارىلىرىگە تېلېگراف ئارقىلىق خەۋەر قىلىنۋەتتى. ساقچى تەرەپ شاھاجىلار بىرنەچچە سائەت ئىچىدە ئۇزۇنغا قېچىپ كېتەلمەيدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلدى. چۈنكى، بۇ ۋاقىت ئىچىدە ئىستانسىدىن ماڭىدىغان پويىز يوق ئىدى، ئۇلار ماشىنا بىلەن قېچىشقا مەجبۇر ئىدى.

ساقچى ئىدارىسىنىڭ دىجورنى ساقچى ئەمەلدارى ئىشخانىدىن پات ـ پات يۆتەل ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. دىجورنى ساقچى ئەمەلدارى تېلېفون قېشىدا تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى. كېچە خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان بولۇپ، ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئىچى سۈرلۈك تۈس ئالغانىدى. پەقەت ئاندا ـ ساندا ساقچىلارنىڭ ئۆتۈكلىرىنىڭ پولغا سۈركەلگەن ئاۋازىلا ئاڭلىنىپ قالاتتى. سائەت ئىككى بولاي دېگەندە توساتتىن تېلېفون جىرىڭلىدى. ساقچى ئەمەلدارى دەرھال تۇرۇپكىنى قولىغا ئالدى. قارشى تەرەپ تېتادا شاھاجىغا ئوخشايدىغان بىر كىشىنىڭ تۇتۇلغانلىقىنى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بەش ئادەمنىڭ بارلىقىنى مەلۇم قىلدى. ساقچى ئەمەلدارى ئۇلارنى دەرھال يالاپ ئەكېلىشكە يوليورۇق بەردى.

تاڭ سۈزۈلەي دېگەندە شاھاجى، نۇرخان، رودۇن، دۇللا ۋە باشقا ئىككى كىشى ساقچى ئىدارىسىگە يالاپ ئەكېلىندى. ئۇلار كېلىشتىن بۇرۇن راجا بىلەن نۇشا ئۆسمۈرلەر قاماقخانىسىغا ئەۋەتىۋېتىلگەنىدى.

ئىككى كۈندىن بىرى شاھاجى ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى ئۆزلىرىنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى قىلچىمۇ تاپشۇرماي، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن قىلىنغان شىكايەتنى ئېتىراپ قىلىشنى رەت قىلىپ كەلگەنىدى. لېكىن، قىيىن ـ قىستاققا ئېلىنغاندىن كېيىن چىداشلىق بېرەلمەي، ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتىشقا مەجبۇر

بولدى. ئۇلارنىڭ ئىقرارى بويىچە زاڭ ماللارنىڭ ھەممىسى تېپىلدى.

ساقچى تەرەپ شىكايەتنامىنى تەييارلىغاندىن كېيىن، ئۇلارنى سوتقا تاپشۇرۇپ بەردى. شاھاجى ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرىنىڭ ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق ۋە ئادەم سېتىش قاتارلىق جىنايى قىلمىشلىرى ئۇستىدە سوراق قىلىندى. راجا بىلەن نۇشا سوتتا گۇۋاھلىقتىن ئۆتتى. بۇ سوراق تۆت ئاي داۋاملاشتى. شاھاجىنىڭ ئادۋوكاتى ئۇلارنى قاماقتىن قويۇپ بېرىش ئىمكانىيىتىنى قولغا كەلتۇرۇشكە ئۇرۇنۇپ، بەزى ئىسپاتلارنى تېپىپ، ئۇلارنى ئاقلىدى. شاھاجى ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرىمۇ ساقچى ئىدارىسىدىكى ئاۋۋالقى ئىقرارىنى ئاغدۇرۇۋەتتى.

زاڭ ماللار بۇرۇنلا تېپىلغان، ھەممە دەلىل ـ ئىسپات تولۇق ئىدى. شاھاجى ئۇنىڭ شېرىكلىرى بۇلاڭچىلىق ۋە باشقا جىنايى قىلمىشلار بىلەن ئەيىبلىنىپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا تۆت يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۇم قىلىندى. شاھاجىنىڭ ئادۋوكاتى يۇقىرى سوتقا نارازىلىق ئەرز بەردى. يۇقىرى سوت ئۇنىڭ ئەرزىنى رەت قىلىپ، ئاۋۋالقى ھۆكۇمنى كۇچكە ئىگە قىلدى.

راجا بىلەن نۇشا بىر يىللىقتىن قاماق جازاسىغا ھۆكۇم قىلىنىپ، قاماقخانىدىن ياش ـ ئۆسمۇرلەر تۇرمىسىگە ئۆتكۇزۇپ بېرىلدى.

# بەشنچى باب

## 1

نىياز توي قىلىپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى دۇكاننىڭ ئارقىسىدىكى كىچىك ھۇجرىسىدىن نۇشالارنىڭ ئۆيىگە يۆتكەپ كەلدى. ئۇ ئۆيىنى رېمونت قىلدۇرۇپ، ئۆزىگە خاس بىر ئېغىز ياتاق ئۆي ئاجرىتىپ، تاملىرىنى ئاقارتىپ، ئىشىك - دېرىزىلىرىنى سىرلاتتى. بۇرۇن خارابىگە ئوخشاپ قالغان بۇ ئۆي ئەمدى يېڭى تويى بولغان قىزدەك ياسانغانىدى.

نىياز سۇلتانەگە بەكمۇ ئېھتىياتچان پوزىتسىيە تۇتاتتى. ئۇنىڭ بىلەن كەمدىن - كەم گەپلىشەتتى. سۇلتانە بىلەن ئانىنىڭ ياتىقىغا پەقەت كىرمەيتتى. ئەمەلىيەتتە، دۇكانغا بېرىپ سودا قىلغاندىن باشقا ۋاقىتلىرىدا ھامان ئۆيدە بولاتتى، لېكىن ئادەتتە ئۆزىنىڭ ياتاق ئۆيىدىن چىقمايتتى. قىلغان گەپلىرىمۇ ساپلا ھەر يەر - ھەر جايدىكى ئىشلار توغرۇلۇق بولاتتى. ئۇ پات - پات ئايالىنى ئېلىپ بازار ئايلىنىشقا چىقاتتى، ھەر قېتىم بىرمۇنچە نەرسە كۆتۈرۈپ قايتاتتى. ئۇ ئايالىنى ئىككى قېتىم كىنوغا ئاپاردى. ئاخشىمى دۇكاندىن قۇرۇق قول قايتمايتتى. مېۋە - چېۋە، تاتلىق - تۈرۈملەرنى ياكى بولمىسا باشقا يېمەك - ئىچمەكلەرنى ئالغاچ كېلەتتى. ھەر كۈنى كەچقۇرۇن گۈلچى گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇرغان گۈللەرنى ئەكېلەتتى.

كۈنلەر كۆڭۈللۈك ئۆتمەكتە، قايسى ۋاقىتتا بولسۇن ئۆيدە قىزغىن كەيپىيات ھۆكۈم سۈرەتتى. رازىيە ھەممىدىن بەك شاد -

خۇراملىقتا چۆمگەنىدى. ئۇنىڭ مەڭزلىرىگە قان يۈگۈرۈپ، كۆزلىرى نۇرلىنىپ تۇراتتى. كەچقۇرۇن تارىنىپ ـ ياسانغاندىن كېيىن، پۇتۇن بەدىنى ئەتىر ۋە گۈل پۇراپ كېتەتتى، ئۇنىڭ قىياپىتى پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتكەن بولۇپ، قىلچىمۇ قېرىلىق ئالامىتى كۆرۈنمەيتتى. مۇنداق قارىغاندا، سۇلتانە بىلەن ئۇ ئاچا ـ سىڭىللىغا ئوخشاپ كېتەتتى. لېكىن، ئانىسى قانچە خۇشال بولغانسېرى، سۇلتانە شۇنچە روھسىزلىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا قىزلاردا بولۇشقا تېگىشلىك شوخ ـ تېتىكلىك كۆرۈنمەيتتى. ئۇنىڭ چىرايىنى كىشىنى ناخۇش قىلىدىغان غەمكىنلىك قاپلىۋالغانىدى. ئۇ كەمدىن ـ كەم گەپ قىلاتتى. ھەمىشە ھالسىزلانغان ھالدا ئۆزىنىڭ ئۆيىدە بولاتتى.

سېنتەبىرنىڭ بىر ئاخشىمى ئانىسى نىياز بىلەن بىللە كىنوغا كەتتى. ئانىمۇ ئەگىشىپ تۇرۇۋېلىپ بىللە كەتتى.

سۇلتانە ئۆيدە يالغۇز قالدى. ئۇ روھى سۇنۇق ھالدا ئاشخانىدا ئولتۇراتتى. ئوچاقتا سارغۇچ يالقۇنلاپ ئوتۇن كۆيۈۋاتاتتى. سىرتتا كەڭ زېمىننى تۇن پەردىسى قاپلىغانىدى. سەندەل دەرىخىنىڭ يوپۇرماقلىرى غازاڭ بولۇپ ھويلىغا چۈشۈپ، شامالدا ئۇچۇپ تۇراتتى. شۇ ئەسنادا سىرلىق قەدەم تىۋىشىغا ئەگىشىپ، ئىشىك ئالدىدىن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.

بۇ سۇلايمان بولۇپ، ئانىنى چاقىرىۋاتاتتى. سۇلتانە ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى ـ دە، «قانداق قىلسام بولار» دەپ بىرھازاغىچە جىم ئولتۇرۇپ كەتتى. ئىشىك توختىماي قېقىلىۋەردى. سۇلتانە ئولتۇرالماي قېلىپ، ئەنسىزلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئىشىككە قارىدى. سۇلايمان ئىشىك ئالدىدا تۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايى جۇدەڭگۈ بولۇپ، كۆزلىرىدىن خىجىللىق ئالامىتى چىقىپ تۇراتتى. چاچلىرى پاخپىيىپ كەتكەنىدى. چېھرى ـ قىياپىتى كىشىنى تەسىرلەندۈرەتتى. كەچكى شامال غازاڭلارنى شاراقلىتىپ سۇلتانەنىڭ قۇلىقىغا كۇسۇلداۋاتقاندەك قىلاتتى.

— قارا، ئۇ قايتىپ كەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ... ئاشۇ ئىشىك ئالدىغا كەلگەن كىشى ... ئۇنىڭ يولىغا قاراپ ئىنتىزار بولدۇڭ ... چىرايىڭ زەپىراندەك سارغايدى ... ئاشۇ كېچىلەر غەم - قايغۇغا سالدى ... سۇبھى - تاڭلار ئېچىنىشلىق تۈس ئالدى ... ئەنە، ئۇ كېتەي دەۋاتىدۇ ... ئاپلا، قارا، ئۇ كېتىپ قالىدىغان بولدى...

كۆز غازاڭلىرى هويلىدا شىلدىرلاپ تۇراتتى. مەيىن شامالنىڭ شىۋىرلىغان ئاۋازى قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلايتتى.

سۇلتانە ئالدىرىماي مېڭىپ ئاشخانىدىن چىقىپ، هويلىدىن ئۆتۈپ بېرىپ ئىشىكنىڭ تاقىقىنى ئاچتى - دە، گويا سېهىرلەنگەندەك تۇرغان جايىدا تۇرۇپلا قالدى.

سۇلايمان ئىشىكنى ئىتتىرىپ ئېچىپ كىرىپ كەلدى. ئۇ قاراڭغۇدا سۇلتانەنىڭ ئۇدۇلىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، قەدىمىنى توختاتتى.

— سۇلتانە؟ — دېدى ئۇ ئاستاغىنا.

— هىم، — دەپلا قويدى ئۇ قاراپمۇ قويماستىن.

ئىككىيلەن باشقا گەپ - سۆز قىلىشماي، سۈكۈت ئىچىدە تۇرۇپ قېلىشتى.

بىر ئازدىن كېيىن سۇلتانەنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئەمدى نېمە ئىش بىلەن كېلىپ قالدىڭىزكىن؟

ئۇنىڭ سۆزىدىن بىر ئاز شەپقەتسىزلىك چىقىپ تۇراتتى. سۇلايمان بۇنى چوڭقۇر هېس قىلدى.

— سىزدىن ئەپۇ سوراشقا كېلىۋىدىم، — دېدى ئۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ.

— نېمىدىن ئەپۇ سوراشقا؟

— مەندىن قاتتىق خاپا بولغاندەك قىلىسىز.

سۇلتانە ئۇنىڭ گېپىگە جاۋاب بەرمەي، جىم تۇرۇپ كەتتى.

— سۇلتانە، — دېدى سۇلايمان سالماقلىق بىلەن، — مەن سىزدىن هېچنېمىنى يوشۇرۇشنى خالىمايمەن، بۈگۈن سىزگە ئەهۋالنى ئېنىق ئېيتماقچىمەن، — ئۇ بىر خورسىنىپ قويدى، —

ئەھۋال مۇنداق بولدى: ئاشۇ ئاخشىمى سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلاردىن چىققىنىمدا، يېنىمدا بىر تىيىن پۇلمۇ يوق ئىدى. سىزگە مەلۇم، مۇنداق ئەھۋالدا قانداقمۇ سىزنى ئەكېتەلەيمەن؟ شۇ كېچە دوست ـ بۇرادەرلىرىم ۋە بارلىق تونۇش ـ بىلىشلىرىمنىڭ قېشىغا باردىم، لېكىن بېشىمغا كۆن چۈشكەندە ھېچكىممۇ ياردەم قولىنى سوزمىدى، مېنىڭ رەنگە قويغۇدەكمۇ بىرنەرسەم يوق ئىدى. شۇ كۈنى كېچىچە سەۋدايىدەك كوچىدا ئايلىنىپ يۈردۈم. سىزگە نېمە دېسەم بولار؟ شۇ كېچىنى مەن قانداق ئۆتكۈزدۈم دەڭە.

سۇلتانە ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قاتتىق چۆچۈپ كەتتى ـ دە، بېشىنى كۆتۈرۈپ سۇلايمانغا قارىدى. ئۇ ئىشىككە يۆلىنىپ تۇرۇپ ئالدىرىماي سۆزلىمەكتە ئىدى. كۆزلىرىدىن قايغۇ ـ ھەسرەت يېغىپ تۇراتتى، چىرايىنى دەرد ـ ئەلەم كۆلەڭگىسى قاپلىغانىدى. سۇلتانە گەپ ئارىلىماي، جىم تۇرۇپ ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىدى.

— بەلكىم سىزگە قاراڭغۇ، ئاشۇ كۈنلەردە مېنى غەم بېسىۋالدى. دادام ماڭا پۇل ئەۋەتىشنى ئۈزۈپ قويدى. مېنىڭ ئوقۇشۇممۇ ئوتتۇرا يولدا تاشلىنىپ قالدى. ئۇنداق بولمىغان بولسا، بۇ يىل ئوقۇشنى پۈتكۈزەتتىم. مەن خىزمەت ئىزدەپ كېلىۋاتىمەن، بىراق بۇگۈنگىچە ماڭا خىزمەت تېپىلمىدى، — ئۇ سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئۆز تۇرمۇشىنى چۈمكىۋالغان چۈمپەردىنى يىرتىپ تاشلاپ، ھەممە ئىشنى بىراقلا تۆكۈۋەتكۈسى كېلىپ كەتتى، — مەن ئۇچۇن تۇرمۇش ئازابقا ئايلاندى. مەن سىزنىمۇ مۇشۇنداق ئازابقا شېرىك قىلىشنى خالىمىدىم. گەرچە مېنىڭ ئەڭ زور ئارزۇ ـ ئىستىكىم سىزنى ئۆزۈمنىڭ قىلىش، بەلكى ھەر ۋاقىت ـ ھەر مىنۇت يېنىمدىن ئايرىماسلىق بولسىمۇ.

سۇلايمان قاتتىق بىر ئۇھ تارتتى. بۇ چاغدا ئۇ تېخىمۇ بەك غەمكىن بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ سۆزى سۇلتانە ئۈچۈن ئېغىر

زەربە بولدى. ئۇ شۇركۇنۇپ كەتتى.

— ئۇنداقتا نېمىشقا ئۆيگە قايتىپ كەتمەيسىز؟ — دېدى ئۇ ھېسداشلىق بىلەن.

— ياق، سۇلتانە، ھازىر ئۆيگە قايتمايمەن. مەن شۇنچە كۆپ يىغلىپ كەتتىم. ئەمدى مەن باشقىلارغا تايانماي، تىرىشىپ ئورنۇمدىن دەس تۇرۇشقا بەل باغلىدىم. مەن ئاشۇ كېچىسى مۇشۇنداق قارارغا كەلدىم. ئۇ مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ ئۇنتۇلماس بىر كېچە بولدى، — ئۇ يەنە بىر قېتىم ئۇزۇن ئۇھ تارتتى، — راست دەۋاتىمەن، سۇلتانە، بۇرۇن مەن گاڭگىراپ يۈرۈپ كۈن ئۆتكۈزۈپتىكەنمەن، لېكىن ئەمدى ھوشۇمنى تاپماقچىمەن، بەلكى مەن ... — ئۇ سۆزلەۋېتىپ، تۇساتتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ سۇلتانەگە قارىدى، — سىز ماڭا مۇنداق قارىماڭ، سۇلتانە، ئۇنچىۋالا يامان ئادەملەردىن ئەمەسمەن، — ئۇ بەكمۇ ھاياجانلانغانىدى، ئۇنىڭ ئاۋازى بىر ئاز بوغۇلۇپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى. سۇلتانە دەككە - دۈككە بولۇپ جايىدا تۇراتتى.

ئىككىيلەن بىرنەچچە مىنۇتقىچە سۈكۈتتە تۇردى. كېچە تېخىمۇ جىمجىت بولۇپ كەتتى. سۇلتانە «ئۆيدىكىلەر شۇ تاپتا كېلىپ قالمىسا ئوبدان بولاتتى، كېلىپ قالسا چاتاق بولىدۇ» دەپ ئويلىدى.

— سىزگە بىر ئىشنى ئېيتاي، ھەرگىز رەنجىمەڭ. سىز بۈنىڭدىن كېيىن بۇ يەرگە كەلمەڭ، — دېدى ئۇ يۈرەكسىز ھالدا.

سۇلايماننىڭ كۆكسىگە بىر مۇشت تەگكەندەك بولۇپ كەتتى - دە، ھېچنېمە دېيەلمەي قالدى. سۇلتانە ئۇنىڭ گەپ قىلماي تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال:

— مۇنداق ئىش، ئانام يەنە ياتلىق بولدى، — دېدى. سۇلايمان ھەيران قالدى.

— ئانىڭىز ياتلىق بولدى؟ — ئۇ سۇلتانەنىڭ سۆزىگە

ئىشەنمەي قالدى.
— ھەئە، — دېدى ئۇ ئاستاغىنا.
— كىمگە ياتلىق بولدى؟
— سىز تونۇمايسىز، بىزگە تۇغقان كېلىدىغان نىياز دېگەن كىشىگە.
— كونا ماللار دۇكىنى ئاچقان ھېلىقى نىيازمۇيا؟ — دېدى سۇلايمان ئالدىراپ.
— ھەئە شۇ، سىز تونۇمسىز؟
— تاسادىپىي كۆرگەن، — دەپلا ئۈتكۈزىۋەتتى ئۇ.
— سىز بۇ يەرگە كەلسىڭىز، ئۇ خاپا بولىدۇ. ئۇ بەك گۇمانخور ئادەم. سىز ئۇنىڭ ھاقارىتىگە ئۇچراپ قالسىڭىز بەك سەت بولىدۇ. مەن ئۆتۈنۈپ قالاي، بۇنىڭدىن كېيىن كەلمەڭ، مەن قورقىدىكەنمەن.
— ماقۇل، مەن كەلمەي، — دېدى سۇلايمان ھەسرەت بىلەن.
سۇلتانە خورسىنىپ قويدى. ئۇ قاتتىق زەربە يېگەندەك قىلاتتى.
— سىز ھازىرلا كېتىڭ، ئۇلارنىڭ كىنودىن قايتىپ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى، — دېدى ئۇ ئاۋازى بوغۇلغان ھالدا.
— ماقۇل، — سۇلايمان يەرگە قاراپ تۇردى.
— مەن قورقۇۋاتىمەن، — سۇلتانەنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى.
— سۇلتانە، ئۆزىڭىزنىڭ توي ئىشچۇ؟ — توساتتىن سورىدى سۇلايمان.
— مېنىڭ توي ئىشىم؟
— مەن سىزنى ئەكەتمەكچى بولغان ئاشۇ كۈنىنىڭ ئەتىسى ئەتىگەندە سىزنىڭ تويىڭىز بولماقچى ئەمەسمىدى؟ ئانىڭىز ماڭا شۇنداق دېگەنىدىغۇ؟
— بىراق، ئۇ كۈنى ئەتىگەندە ئانامنىڭ نىكاھ مۇراسىمى

ئۆتكۈزۈلدى.

سۇلايمان بۇ تېپشماقنى تاپالماي قالدى.

سۇلتانە ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتتى:

— ئانام ئالدى بىلەن مېنى ياتلىق قىلىۋەتمەكچىدى.

— نېمىشقا؟

— ئۇ نىيازنى ياخشى ئادەم ئەمەس دەپ قارايتتى، — ئۇ گەپىنىڭ ھەممىسىنى ئوچۇق ئېيتمىدى. لېكىن، سۇلايمان ئەقىللىك بولغاچ، ئۇنىڭ گېپىنىڭ مەنىسىگە دەرھال چۈشەندى. كۆز يۇمۇپ - ئاچقۇچە نىيازنىڭ رەزىل قىياپىتى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كەلدى - دە، ئۆزىنىڭ ئەنسىزلىك كەيپىياتىنى كۆچىنىڭ بارىچە ياپماقچى بولدى، لېكىن يەنىلا ئىختىيارسىز ھالدا:

— ئۇنداقتا سىزنىڭ نىيازغا بولغان قارىشىڭىز قانداق؟ — دەپ سورىدى.

— نېمىشقىكىن ئۇنىڭدىن قورقۇپلا تۇرىمەن، — ئۇ ئىنتايىن ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن جاۋاب بەردى.

سۇلايمانغا ئۇنىڭ سەممىيلىكى ياراپ كەتتى. ئۇ سۇلتانەنىڭ مەڭزىنى ئاستا سىلاپ قويۇپ:

— مېنىڭ سادىق قىزچىقىم، — دېدى - دە، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئۇنى باغرىغا باستى. لېكىن، سۇلتانە:

— سىز كېتىڭ، ئۇلار ھازىرلا كېلىپ قالىدۇ، — دېدى قورقۇمسىراپ.

سۇلايمانمۇ جىددىيلىشىپ قالدى.

— مەن كېتەي، — دېدى ئۇ، — ناۋادا بىرەر خاپىلىق ئىش بولۇپ قالسا، ئانۇدىن ماڭا خەۋەر بېرىۋېتىڭ. مېنىڭچە، ئۇنى ئىشقا بۇيرۇسىڭىز بولىدۇ.

— باشقىلارغا ئېيتىپ قويارمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن.

— ئۇنداق قىلمايدۇ، ئۇنىڭغا ئەسكەرتىپ قويۇڭ.

— ماقۇل.

سۇلايمان ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى ۋە

كېتىۋېتىپ:

— خەير - خوش، — دەپ خوشلاشتى.

سۇلايمان تار كوچىدا كېتىۋېتىپ، بىردىنلا توختاپ قالدى. سۇلتانە بىلەن يەنە قاچان كۆرۈشەلەركىنتاڭ. ئۇنىڭ سۇلتانە بىلەن يەنە بىردەم سۆزلەشكۈسى بار ئىدى. مۇنداق پۇرسەتكە ئەمدى ئېرىشەلمەيتتى. سۇلتانەدىن سورايدىغان يەنە نۇرغۇن ئىشلار بار ئىدى. لېكىن، ئۇ قايتا ئارقىسىغا يانمىدى، بەلكى قاپقاراڭغۇ تار كوچىدا ئالغا قاراپ ئاستا يۈرۈپ كەتتى. ئۇ يەنە بىر تار كوچىغا بۇرۇلاي دېگەندە، ئۇشتۇمتۇت نىيازنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ يول چىرىغىنىڭ ئاستىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. يەنە بىر پەرەنجىلىك ئايال ۋە ئانىۇ ئۇنىڭ بىلەن قاتارلىشىپ كېتىۋاتاتتى. سۇلايمان ئۇلارنى يىراقتىنلا تونۇدى - دە، دەرھال تار كوچىغا بۇرۇلۇپ كىرىپ كەتتى ۋە خېلى ئايلىنىپ ئاندىن چوڭ كوچىغا چىقتى.

كوچىدىكى دۇكانلار تاقىلىپ بولغانىدى، پەقەت چايخانا ۋە سىپارى ساتىدىغان ئۇششاق دۇكانلاردىلا چىراغ يورۇپ تۇراتتى. سۇلايماننىڭ قورسىقى ئاچقانىدى. لېكىن، ئۇنىڭ يېنىدا ئاران ئون ئىككى ئاننا پۇل بار ئىدى، بۇ پۇل بىلەن ياخشىراق ئاشخانىلارغا كىرىشكە بولمايتتى. ئۇ قەدەملىرىنى سۆرەپ مېڭىپ كوچىنىڭ بېشىغا چىقتى. بۇ يەردە تۆۋەنگە قاراپ سوزۇلغان بىر يول بار ئىدى. مۇشۇ يول بىلەن بىرنەچچە قەدەم ماڭغاندا سول تەرەپتە بىر ساراي بار ئىدى. سارايۋەن خېرىدارلارنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن «شادلىق ئاشخانىسى» دېگەن بىر ۋېۋىسكىنى ئېسىپ قويغانىدى.

سۇلايمان «شادلىق ئاشخانىسى»غا كىردى. بۇ ئاشخانا ئاۋات ئىدى. كونىراپ كەتكەن ئۇزۇن جوزىلارنىڭ يېنىدا بىرمۇنچە خېرىدار قىستىلىشىپ ئولتۇراتتى. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى تۆۋەن قاتلامدىكى كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار قاتتىق كۈلۈشۈپ، ئەيمەنمەستىن ئاغزىنى بۇزۇشۇپ ئولتۇرۇشاتتى.

سۇلايمان خالىيراق بىر بۇلۇڭغا بېرىپ ئولتۇردى. بۇ يەر ئانچە يورۇق بولمىسىمۇ، لېكىن ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئاز ئىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا بىر كىشى ئىتتەك شالاپلاتقان ھالدا تاماق يەپ ئولتۇراتتى. سۇلايمان يىرگىنچ بىلەن ئۇنىڭغا بىر قاراپ قويۇپ ئاندىن تاماق بۇيرۇدى. بىردەمدىن كېيىن ئىككى ئىسسىق چەلپەك ۋە بىر تەخسە قورۇما كەلتۈرۈلدى. قورۇما بەك ئاچچىق ئىدى، سۇلايمان ئاچچىق قورۇمىغا ئامراق ئىدى. ئۇ ھەر قېتىم يېنىدا پۇل ئاز قالغاندا مۇشۇنداق ئەرزان ئاشخانىغا كىرەتتى. ئۇ تاماقنى يەپ بولۇپ بىر پىيالە چاي ئىچتى. شۇنداق قىلىپ، جەمئىي يەتتە يېرىم ئانا خەجلىدى.

ئۇ ئاشخانىدىن چىقىپ بىر كىشى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. بۇ كىشى ئۇنىڭ ئىنستىتۇتتىكى تارىخ ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ كېلىۋاتاتتى. سۇلايمان ئۇنى كۆرۈپلا ئۆزىنى قاچۇرماقچى بولۇپ، تېخى ئەمدى بىرنەچچە قەدەم مېڭىشىغا، ئارقىسىدىن:

— سۇلايمان ئەپەندى، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپ قالدى.

ئۇ خالىمىغان ھالدا بۇرۇلۇپ قارىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا چاچلىرى شالاڭلاشقان، كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن، چىرايى ياداڭغۇ ئەلى ئەھمەت ئەپەندى كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

ئۇ سۇلايمانغا ئوبدان زەن قويۇپ قاراپ چىققاندىن كېيىن:

— سىز كۆپ ياداپ كېتىپسىز، — دېدى.

— كېسەل بولۇپ قالدىم، — دېدى سۇلايمان يالغاندىن.

— نەگە كېتىۋاتىسىز؟

— ئۆيگە كېتىۋاتىمەن.

— ئالدىراش ئىشىڭىز بولمىسا، بىرەر پىيالە چاي ئىچىپ كېتىڭ، مېنىڭ ئۆيۈم يىراق ئەمەس.

سۇلايمان رەت قىلالمىغانلىقتىن، گەپ ـ سۆز قىلمايلا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى.

راست دېگەندەك، ئەلى ئەھمەتنىڭ ئۆيى يىراق ئەمەس ئىدى.

ئۈلار چارەك چاقىرىمدەك مېڭىپ، ئىككى قەۋەتلىك بىر كىچىك بىنانىڭ ئالدىدا توختىدى. ئەلى ئەھمەت بىنانىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، سۇلايماننى ئارقىسىدىن مېڭىشقا ئىشارەت قىلدى. پەلەمپەي قاپقاراڭغۇ ئىدى. ئۇلار ئاۋايلاپ مېڭىپ ئىككىنچى قەۋەتكە چىقتى. ئەلى ئەھمەت يېنىدىن ئاچقۇچىنى ئېلىپ ئىشىكنى ئاچتى.

ئۇلار بىر ئۆيدىن ئۆتۈپ يەنە بىر ئۆيگە كىردى. بۇ ئۆي كەڭ ـ كۇشادە بولۇپ، دېرىزىلىرى ئوچۇق ئىدى. دېرىزىدىن غۇر ـ غۇر شامال كىرىپ تۇراتتى. ئۆي جاھازلىرى ئاددەتتىكىچە بولۇپ، توقۇلما ساپا، ئۇچ ـ تۆت ئورۇندۇق، بىر يېزىق ئۈستىلى ۋە بىر كىتاب ئىشكاپى بار ئىدى. ئۈستەل ئۈستىدە چېچىلىپ ياتقان كىتاب ۋە قەغەزلەرگە قاراپ، ئۇنىڭ ئۆگىنىش ئارىلىقىدا بىردەم ھاۋا يېيىش ئۈچۈن سىرتقا چىققانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. ئەلى ئەھمەت «تۇرمۇش» ناملىق يېڭى چىققان بىر نۇسخا ژۇرنالنى سۇلايمانغا بەردى.

— سىز بۇنى كۆرۈپ تۇرۇڭ، مەن چىقىپ چاي دەملەپ كىرەي.

— ئاۋارە بولماڭ، مەن ...

— ياقەي، مەن كۈندە مۇشۇ چاغدا چاي ئىچىمەن، ھەمىشە ئۆزۈم قاينىتىمەن. خىزمەتكار تاماقتىن كېيىن ئۆيگە كېتىدۇ.

— مەن ياردەملىشەيمۇ؟

— رەھمەت، سىز مەندەك دەملىيەلمەيسىز، ناھايىتى ئاددىي، — دېدى ئۇ كۈلۈپ.

بىرپەستىن كېيىن ئەلى ئەھمەت ئەپەندى پەتنۇستا چاي كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. ئۇ چاينى ناھايىتى چەبدەسلىك بىلەن تەييارلىغانىدى. ئۇلار چاي ئىچىپ، تاماكا چېكىپ ئولتۇرۇشتى. دېرىزىدىن غۇرۇلداپ شامال كىرىپ تۇراتتى. كوچىمۇ چۆلدەرەشكە باشلاپ، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭمۇ ئاستا ـ ئاستا بېسىققانىدى.

ئەلى ئەھمەت سۇلايمانغا ئەستايىدىل زەن قويۇپ قاراپ تۇرۇپ:

— ھە، بىر ئاز پاراڭلىشايلى، يېقىندىن بېرى نېمە قىلىۋاتىسىز؟ — دېدى.

— ھېچنېمە.

— ئەمىسە، كەلگۈسى توغرۇلۇق قانداق ئويىڭىز بار؟

— ئېنىق بىرنېمە دېيەلمەيمەن.

— ھەرھالدا ئىستىقبالىڭىزغا ئالاقىدار ئىشلار توغرىسىدا بەزىبىر ئويلىغانلىرىڭىز باردۇ؟

سۇلايمان ئەستايىدىللىق بىلەن جاۋاب بەردى:

— بۇ جەمئىيەت كىشىگە قاچانمۇ كەلگۈسى توغرىسىدا بىرەر ئوي - پىكىردە بولۇش ھوقۇقىنى بەرگەن؟ تۇرمۇشتا مۇنداق ھوقۇق پەقەت تەلىيى ئوڭدىن كەلگەن ئاز سانلىق كىشىلەردىلا بولىدۇ. تەلەيلىك كىشىلەر تىزىملىكىدە مېنىڭ ئىسمىم يوق.

ئەلى ئەھمەت كۈلۈپ قويۇپ:

— رېئاللىققا يۈزلىنىش پوزىتسىيەسىدە بولۇپ، ئوچۇقراق سۆزلىسىڭىز قانداق؟ دېمەكچىمەنكى، جەمئىيەتتىن ئاغرىنىشنى قويۇپ، ئۆزىڭىز توغرۇلۇق سۆزلىسىڭىز، — دېدى سەمىمىي ھالدا.

— قارىمامسىز، — دېدى سۇلايمان يەنىلا كۆڭلى غەش ھالدا، — ئوقۇي دېسەم، ئىمكان بولمىسا؛ ئىشلەي دېسەم، خىزمەت تېپىلمىسا؛ كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغۇدەك يۇقىرىلىق سالاپىتى بىلەن ياشاي دېسەم، ئۇنىڭغا مۇمكىنچىلىك بولمىسا. ھەممىگە تاقىشىۋاتقىنى ئىقتىسادىي مەسىلە. ۋاھالەنكى، ھەرقانداق ئىقتىسادىي مەسىلە جەمئىيەتتىن ئايرىلغان ھالدا ئۆز ئالدىغا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ.

— سىز ئەقىل - پاراسەتلىك ئوقۇغۇچى، — دېدى ئەلى ئەھمەت بىر ئاز ئويلاپ تۇرغاندىن كېيىن، — بىراق مەن ئەپسۇسلانغان ھالدا شۇنى ئېيتىمەنكى، سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئەقىل -

پاراسىتىڭىزنى جارى قىلدۇرالمىغان.
— سىز مېنى ئەقىل ـ پاراسەتلىك ئوقۇغۇچى دەپ قارامسىز؟
— مەن ئويلايمەنكى، ھازىر ئۆزۈمنىڭ كۆزقارىشىمنى ئۆزگەرتىشىم ھاجەتسىز.
— ئەمىسە، مەن بىلەن بىللە بېرىپ، مېنىڭ يارامسىز ۋە دۆتلۈكۈمنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان دەلىل ـ ئىسپاتلارنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى چۈشىنىپ كېلىڭ.
— مەن سىزگە تامامەن ھېسداشلىق قىلىمەن، — دېدى ئەلى ئەھمەت.
— كەچۈرۈڭ، ئەپەندى، — دېدى سۇلايمان نارازىلىق بىلەن، — ماڭا ھېسداشلىق كېرەك ئەمەس. مۇنداق ھېسداشلىقتا ئاچ قالغان بىرەر ئادەمگە بىر ۋاخلىق تاماق بېرىپمۇ ئېرىشەلەيمەن.
— سىز راستلا كېسەل بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ — دېدى ئەلى ئەھمەت ئالدىراپ ـ تېنەپ.
— ئۇنداقمۇ ئەمەس، — دېدى سۇلايمان دەرھال، — سىز تۇرمۇشنى ئۆيدىن چىقماي كىتابتىن ئىزدەيسىز. مەن بولسام تۇرمۇشنى مەيخانا، پاھىشىخانا، قىمارخانىلاردا ۋە تار، قاراڭغۇ خالتا كوچىلاردا كۆردۈم. بۇ — ئۇزاق مۇددەت ئاچلىق ۋە ھاقارەتلەرگە چىداپ، قەدەمدە بىر يىقىلىپ يۈرۈپ ئېرىشكەن تەجرىبە. سىز كۆزىڭىزنى يوغان ئېچىپ تۇرمۇشقا قاراپ باقسىڭىزلا ئۇنىڭ نەقەدەر ئېچىنىشلىق ئىكەنلىكىنى بىلىسىز.
ئۇ ئاغزى بېسىلماي سۆزلەيتتى. ئۇزاقتىن بېرى قەلبىدە يېنىپ تۇرغان ئوت توساتتىن ئېتىلىپ چىقتى. ئۇ بۈگۈن ھەممە جاراھىتىنى ئېچىپ كۆرسەتتى، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئەلى ئەھمەتنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالدى.
لېكىن، ئەلى ئەھمەت ئۇنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىگە نارازىلىق بىلدۈرمەي، يەنىلا ئوخشاشلا تەبەسسۇم بىلەن سۆزلىدى.
— مەن ئەپسۇسلانغان ھالدا شۇنى دېمەي تۇرالمايمەنكى،

رىئاللىق سىزنى خاراب قىلىۋېتىپتۇ. سىز ئانارخىزم تەرەپكە قاراپ كېتىۋېتىپسىز. بۇ — ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغان يول. مەن سىزنىڭ ئۆزىڭىزنى ھالاك قىلىش بىلەن بىللە جەمئىيەتتىن ئۆچ ئېلىشقا باشلىشىڭىزدىن ئەنسىرەيمەن. بۇ — قورقۇنچلۇق خاھىش. سىز ئەقىللىق يىگىت . ئەقىللىق ياشلار مىللەتنىڭ قىممەتلىك بايلىقى ـ دە.

سۇلايمان ئەمدى بىر ئاز چارچىغاندەك قىلاتتى، ئۇ ئارقا ـ ئارقىدىن تۆت پىيالە چاي ئىچتى ۋە توختىماي تاماكا چېكىپ، روھسىز ھالدا ساپاغا يۆلەنگەن پېتى ئەلى ئەھمەتنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ جىم ئولتۇردى.

— سىز بىر ئاز ۋاقىت چىقىرىپ بۇ يەرگە كېلەلەمسىز؟ — دەپ سورىدى ئەلى ئەھمەت.

— مېنىڭ ۋاقتىم قىس ئەمەس، قانچە ئۇزاق بولسىمۇ بولىۋېرىدۇ.

— ئۆگۈنلۈككە ئاخشامدا بىزنىڭكىگە كېلىڭ. سىزنى بىر يەرگە ئاپىراي.

— نەگە؟

— شۇ يەرگە بارغاندا بىلىسىز.

سۇلايمان ماقۇل بولدى. كېچە خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى، ئۇنىڭغا خېلى ئۇزۇن يول يۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. شۇڭا، ئۇ ئەلى ئەھمەت ئەپەندى بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىگە قايتىپ كەتتى.

## 2

سۇلايمان ئۈچىنچى كۈنى ئەلى ئەھمەت ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۇ سۇلايماننى كۈتۈپ تۇرغانىدى. ئۇلار ئۆيدە ئۇزاق ھايال بولماستىن پەسكە چۈشتى. بۇ كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايدىغان ئاخشام ئىدى. ئىككىيلەن روھلانغان ھالدا يۈرۈپ كەتتى. «مېنى

ئەلى ئەھمەت نەگە ئاپىرىدىغاندۇ؟» دەپ ئويلايتتى سۇلايمان. ئۇ بارىدىغان يەرنىمۇ، ئۇ يەرگە بىرىپ نىمە قىلىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى.

يېرىم سائەتچە ماڭغاندىن كىيىن، ئەلى ئەھمەت ئەپەندى ئۇنى چىرايلىق بىر داچىنىڭ ئالدىغا باشلاپ كەلدى. ئاندىن مىھمانخانىغا كىرىشتى. ئۇ يەردە بىرمۇنچە كىشىلەر ئۈچ ـ تۆتتىن بىر يەرگە يىغىلىپ سۆھبەتلىشىپ ئولتۇراتتى. سۇلايمان ئۇلارنىڭ قىلىشىۋاتقان گەپ ـ سۆزلىرىدىن بۇ يەردە بىر مەجلىس ئېچىلىدىغانلىقىنىلا پەرەز قىلالىدى. لىكىن، بۇ مەجلىسنىڭ خاراكتېرىنىڭ نىمىلىكىدىن، قانداق ئېچىلىدىغانلىقىدىن ۋە نىمە ئۈچۈن چاقىرىلغانلىقىدىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ئىدى.

بۇلارنى ئەلى ئەھمەتتىنمۇ سورۇشتۇرمىدى.

سائەت توپتوغرا سەككىزدە كىشىلەر تەييارلاپ قويۇلغان يىغىن مەيدانىغا كىردى. بۇ ئۆي ئىنتايىن كەڭ ـ كۇشادە بولۇپ، ئوتتۇرىغا ئۇزۇن بىر شىرە قويۇلغان، شىرەنىڭ تۆت تەرىپىگە پارقىرىتىپ سىرلانغان يۇمشاق ئورۇندۇقلار تىزىلغان، شىرە ئۈستىگە ھەربىر ئورۇندۇقنىڭ ئۇدۇلىغا توغرىلاپ قەغەز ـ قېرىنداش قويۇلغانىدى. ئۆيئىچى رەڭگارەڭ بېزەلگەن بولۇپ، تام چىراغلىرى ئەينەك قاپقاق ئارقىلىق ئەتراپنى يورۇتۇپ تۇراتتى. ئىشىك ـ دېرىزىلەرنىڭ شايى پەردىلىرى يېقىملىق چىراغ نۇرى ئاستىدا يىنىك يەلپۈنۈپ تۇراتتى.

سۇلايمانمۇ كۆپچىلىك بىلەن بىللە بىر ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇپ، بۇ كوللىكتىپتىكى مەركىزىي شەخس — سىفۇت بەشىرگە سىنچىلاپ قاراپ چىقتى. بۇ داچا شۇنىڭ ئىدى. ئۇ كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان جايدا غاڭزا چىشلەپ ئالدىرىماي چېكىپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئورۇق، ئېگىز، كېلىشكەن يىگىت ئىدى. تۇرقىدىن قارىغاندا زىيالىيلارغا ئوخشايتتى.

ئۆيدە ئەلى ئەھمەت بىلەن سۇلايماندىن باشقا، يەنە ئالىي

مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ كەسىپسىز يۈرگەن ئۈچ ئوقۇغۇچى، ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى دوختۇرخانىنىڭ پېنسىيەگە چىققان بىر دوختۇرى، بىر تۆۋەن دەرىجىلىك خىزمەتچى ۋە شۇ جايدىكى ئىنستىتۇتنىڭ ئىككى ئوقۇغۇچىسى بار ئىدى. بۇ كىشىلەرنىڭ يۈزلىرىگە بىلىنەر - بىلىنمەس ھالدا قورۇق چۈشكەنىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ تۇراتتى.

سىفۇت بەشىر بۇندىن ئۈچ ئاي ئىلگىرى لوندوندىن ۋەتەنگە قايتقانىدى. ئۇ كېمبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىقتىسادشۇناسلىقنى ئۆگىنىۋاتاتتى. بىر كۈنى ئۇ ئۇشتۇمتۇت دادىسىنىڭ قازا تاپقانلىقى توغرىسىدىكى تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ دادىسى جامائەت قۇرۇلۇش ئىدارىسىنىڭ باش ئىنژېنېرى بولۇپ، يۈرەك كېسىلى بىلەن قازا تاپقانىدى. ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن بانكىغا ئامانەت قويۇلغان نەچچە يۈز مىڭ رۇپىيە نەق پۇلدىن باشقا، يەنە بىرمۇنچە مۇقىم مۈلۈك مىراس قالغانىدى. ئاچا - سىڭىللىرى بىلەن قوشۇلۇپ تۆتەيلەن دادىسىنىڭ مىراسىدىن بەھرىمەن بولدى. سىفۇت بەشىرگە بىر داچىدىن باشقا، يەنە يۈز مىڭ رۇپىيەدىن كۆپرەك نەق پۇل تەگدى. سىفۇت بەشىر بۇ پۇل توغرۇلۇق ئۇزاققىچە ئويلاندى. دەسلەپتە ئۇنىڭ دادىسىنىڭ بىر كارخانىچى دوستى ئۇنىڭغا بىر توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قۇرۇش ياكى بولمىسا يۈز مىڭ رۇپىيەنى دەسمايە قىلىپ بىرنەچچە يۈز مىڭ رۇپىيە پۇل تاپقىلى بولىدىغان تىجارەت قىلىشقا، ئاندىن ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ، بىرەر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتۇپ ئۆمۈر بويى راھەتتە ياشاشقا تەكلىپ بەرگەنىدى. لېكىن، ئۇ ئۇنىمىدى. كېيىن ئۇ لوندونغا بېرىپ، ئۈزۈلۈپ قالغان ئوقۇشىنى ئوقۇپ تۈگىتىش، ئاندىن لوندوندا ئۇزاق مۇددەت تۇرۇپ قېلىش خىيالىغا كەلدى. لېكىن، يەنە بۇ نىيىتىدىن ۋاز كەچتى - دە، خەلق ئۈچۈن بىرەر پايدىلىق ئىش قىلىش ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلىنىشقا باشلىدى. ئۇ سىياسىيغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ئادەم بولۇپ، ئېتىقاد نۇقتىسىدىن

ئالغاندا، سادىق مىللەتپەرۋەر ئىدى. ئۇ بۇرۇن ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ ئاكتىپ پائالىيەتچىلىرىدىن بولغان، 1942 ـ يىلىدىكى «ھىندىستاندىن ئايرىلىپ چىقىش» ھەرىكىتىگە قاتناشقان ۋە مۇشۇ سەۋەبتىن تۈرمىدە ياتقانىدى. ھازىر ئۇ سىياسىي ئىشلارغا بىۋاسىتە قاتنىشىشنى خالىماي، بەلكى بەزىبىر ئىجتىمائىي پاراۋانلىق خىزمىتىنى قىلىشنى خالايتتى.

سىفۇت بەشىر ئۆزىنىڭ مۇشۇ ئۆي ـ پىكرىنى بىرنەچچە يېقىن دوستىغا ئېيتىپ، ئۇلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇردى. شۇنداق قىلىپ، سىنتەبىرنىڭ بۇ گۈزەل ئاخشىمى ئون نەپەر مەسلەكداش بىر يەرگە جەم بولغانىدى.

مەجلىس سىفۇت بەشىرنىڭ سۆزى بىلەن باشلاندى. ئۇنىڭ سۆزلىرى ئېنىق ۋە جاراڭلىق بولۇپ، پىشقان ناتىقتەك سۆزلەيتتى. ئۇ ئالدى بىلەن مەجلىسنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى. ئاندىن لوندوندىكى جەمئىيەت ئەربابلىرىنىڭ ۋە پاراۋانلىق تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي تونۇشتۇردى. ئۇ يەردىكى ياشلار ۋە باشقا ئاما تەسىس قىلغان تۈرلۈك خاراكتېر ۋە تۈرلۈك شەكىلدىكى بىرلەشمە قاتارلىق ئورگانلارنى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئۆز دۆلىتى ۋە مىللىتى ئۈچۈن قانداق خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ھارماي ـ تالماي ئىشلەش روھى ۋە خالىسانە كۆرەشلىرى قاتارلىق ئەھۋاللارنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى؛ ئاندىن ئۆز خەلقى دۇچ كەلگەن ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي مەسىلىلەر توغرىسىدا ۋە خەلقىنىڭ نامراتلىقى، قالاقلىقى ۋە قۇللۇقى چۈشۈپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرى ئۈستىدە توختالدى ئاخىرىدا ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ پايدىلىق خىزمەتنى ئىشلەشتە كۆپچىلىكنى ياردەملىشىشكە چاقىردى.

سىفۇت بەشىرىنىڭ نۇتقى ھەم قىزىقارلىق، ھەم چاقىرىق كۈچىگە ئىگە ئىدى. مەجلىس ئىشتىراكچىلىرى پۈتۈن زېھنى بىلەن ئاڭلىدى ۋە چوڭقۇر ئىلھاملاندى. باشقىلارمۇ ئۆز

پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. ئۇنىڭ كۆزقارىشىغا بىرمۇ كىشى قارشى چىقمىدى. سۆزگە چىققۇچىلار پۈتۈن كۈچى بىلەن ھەمكارلىشىشقا ۋەدە بېرىشتى. كۆپچىلىكنىڭ ئورتاق ئارزۇسى قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىپ، ئەمەلىي ئىشنى كۆپرەك قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى.

مەجلىس تاكى كەچ سائەت ئون يېرىمغىچە داۋاملاشتى. سۇلايمان باشتىن ـ ئاخىر گەپ قىلماي جىم ئولتۇردى، ھېچقانداق بىر مەسىلە توغرىسىدا ئۆز پىكرىنى بايان قىلمىدى. ئۇ روھلانغان ھالدا ھەربىر كىشىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، توختىماي تاماكا چېكىپ ئولتۇردى. ئۆينىڭ پۈتۈن تاملىرى ئەتىرگۈل رەڭگىدە بولۇپ، چاقناپ تۇرغان قىزغۇچ سېرىق چىراغلار ئۆينى يورۇتۇپ تۇراتتى. كۆركەم شايى دېرىزە پەردىلىرى يېنىك لەپىلدەپ تۇراتتى ... دېمەك، ئۆيئىچى خېلىلا رومانتىك تۈس ئالغانىدى.

مەجلىس ئاخىرلاشتى. ئۇلار بىر تەشكىلات قۇرۇپ چىقىپ، ئۇنىڭغا «بوز تورغاي جەمئىيىتى» دەپ نام قويىدى، شۇنىڭدەك يەنە «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ ئەزالىرىنى «بوز تورغاي» دەپ ئاتاشنى بىردەك قارار قىلىشتى. باشقىچە ئۇسلۇبقا ئىگە بۇ نام سىفۇت بەشىرنىڭ غەربنىڭ تەسىرىگە يولۇققانلىقىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ بەلگىسى ئاق لالە قىلىپ بېكىتىلدى، بۇ، شادلىق ۋە پاكلىقنىڭ سىمۋولى ئىدى.

«بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ ھازىرچە ئاران ئون ئەزاسى بار ئىدى، يەنى مۇشۇ مەجلىس ئىشتىراكچىلىرىنىڭ ھەممىسى ئىدى. مەجلىس تۈگىگەندىن كېيىن كۆپچىلىك قورساقلىرىنىڭ بىرئاز ئاچقانلىقىنى ھېس قىلىشتى. سىفۇت بەشىر كېچىلىك غىزا تەييارلاتقانىدى.

كېچىلىك غىزا ئاددىيلا بولۇپ، ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغانمۇ ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، كۆپچىلىك تارتىنماي غىزالاندى. كۆپچىلىك ئاۋۋال ئۆزئارا ئازراق ياتسىراشقان بولسىمۇ،

داستىخاندا تونۇشۇشقا باشلىدى.

تاماقتىن كېيىن قەھۋە ئىچىشتى. بۇ چاغدا ئەلى ئەھمەت ئەپەندى: «‹بوزتورغاي جەمئىيىتى›نىڭ ھەربىر ئەزاسى ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتسە» دېگەن تەكلىپنى بەردى. ئۆزىنى تونۇشتۇرغۇچىلار بەزىبىر قىزىق گەپلەرنى قىلىپ ھەممەيلەننى كۈلدۈرۈۋېتەتتى. بۇنىڭ بىلەن كەيپىيات تېخىمۇ قىزغىنلىشىپ كەتتى. مەجلىستە يەنە ئىككىنچى كۈنى كەچ سائەت توققۇزدا «بوز تورغاي جەمئىيىتىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق مەجلىسى»نى ئېچىش قارار قىلىندى. ھەربىر ئەزانىڭ ۋاقتىدا قاتنىشىشى زۆرۈر ئىدى.

مەجلىس تارقىغاندىن كېيىن، «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ ئەزالىرى سىفۇت بەشىرنىڭ بولكىۋاي ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ ئۆيلىرىگە قايتىشتى.

سۇلايمان ئۆزىنىڭ ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمىدى. بۇ مەجلىس ئۇنى قاتتىق ھاياجانغا سالغانىدى. ئۇزاقتىن بېرى تۇنجى قېتىم ئۆزىنىڭ تەرتىپسىز ۋە مەنىسىز تۇرمۇشىدا ئۇمىد ۋە خۇشاللىق پەيدا بولغانلىقىنى ھېس قىلدى.

ئىككىنچى كۈنى كەچ سائەت توققۇزدا سىفۇت بەشىرنىڭ داچىسىدا «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ ئىككىنچى قېتىملىق مەجلىسى ئۆتكۈزۈلدى. مەجلىسكە ياش قۇرامى ئەڭ چوڭ بولغان سەئىدى دوختۇر رىياسەتچىلىك قىلدى. مەجلىستە ئۇزۇن نۇتۇقلار سۆزلەنمىدى. پەقەت سىفۇت بەشىر تەرىپىدىن تەييارلانغان «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ مەقسىتى ۋە تەشكىلىي ئورگىنىنىڭ قىسقىچە نىزامنامىسى ئوقۇپ ئۆتۈلدى ۋە بۇ توغرىدا قىزغىن مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلدى. «ھۆججەت» زۆرۈر تۈزىتىشلەر كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن بىردەك ماقۇللاندى.

مەجلىسنىڭ ئىككىنچى كۈنتەرتىپى «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ جەمئىيەت تەۋەلىكى توغرىسىدىكى مەسىلە ئىدى. سىفۇت بەشىر سومكىسىدىن جەدۋەللەرنى ئېلىپ مەجلىس

رەئىسىگە تاپشۇرۇپ بەردى. ئاندىن رەئىس جەدۋەلنى ھەممەيلەنگە تارقىتىپ بەردى. ھەربىر ئەزا جەدۋەلنى ئەستايىدىل كۆرۈپ چىقىپ ئىمزا قويدى. ھەممە ئەزا قولىنى كۆكرىكىگە قويۇپ: «سادىقەتلىك ۋە جان ـ دىل بىلەن دۆلەت ۋە مىللەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى، شەخسىي مەنپەئەتنى ئويلىماي، تەشكىلاتنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىغا مەڭگۈ سادىق بولىدىغانلىقى»نى بىلدۈرۈشتى.

مەجلىستە سىڧۇت بەشىر رەئىسلىككە، فىشىم ئالا مۇئاۋىن رەئىسلىككە، ئەلى ئەھمەت باش كاتىپلىققا، سەئدى دوختۇر بوغالتىرلىققا سايلاندى. يەنە ئالتە كىشىدىن تەركىب تاپقان دائىمىي ئىشلار ھەيئىتى تەشكىل قىلىندى. رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس، باش كاتىپ ۋە بوغالتىرلار دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى بولدى. پۈتۈن ئەزالار ئۇلارنى خۇشاللىق بىلەن ئالقىشلاپ تەبرىكلىدى.

مەجلىستە يەنە سىڧۇت بەشىرنىڭ مۇنداق بىر تەكلىپى، يەنى كەسپى بار ئەزالار ئۆزىنىڭ خىزمىتى بىلەن «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ پائالىيەتلىرى توقۇنۇشۇپ قالىدىغان بولسا، ئۆز ئىختىيارى بىلەن خىزمىتىدىن ئىستىپا بەرسە بولىدۇ، دېگەن تەكلىپى ماقۇللاندى. مەجلىس ھەربىر ئەزاغا ھەر ئايدا سەكسەن رۇپىيە ياردەم پۇلى بېرىشنى قارار قىلدى. سىڧۇت بەشىر «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ پائالىيەت راسخوتى قىلىش ئۈچۈن يىگىرمە مىڭ رۇپىيەلىك بىر چەكنى تاپشۇردى ھەمدە بۇندىن كېيىن مەبلەغ بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدىغان بولدى.

مەجلىستە دەسلەپكى مەزگىلدىكى پائالىيەت پىلانى بەلگىلەندى، يەنى ئاۋۋال پۈتۈن ئەزالار ھەربىر مەھەللىنى زىيارەت قىلىپ، ئاممىغا قويۇق ئارىلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئاساسىي مەسىلىلىرىنى ئۆگىنىپ چىقماقچى بولدى. ئاندىن پىلان تۈزۈپ، خىزمەتنى رەسمىي قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن، بىر ھەپتىدىن كېيىنكى مەجلىستە ئۆزلىرىنىڭ دوكلاتلىرىنى ئوتتۇرىغا

قويىدىغان بولدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئەزالار گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ، ھەرقايسى رايونلارغا بېرىپ، ئاما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكتى. ئۇلار تىرىشىپ شۇ جايدىكى ئاھالە بىلەن ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولۇپ، ئۇلار بىلەن مۇڭدىشىپ، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردىكى دەرد ـ ئەھۋالىنى بىلىپ چىقىشقا باشلىدى.

ئەزالار سىفۇت بەشىرنىڭ داچىسىنى تۇرالغۇ قىلىدى. داچىنىڭ بىر قىسمى «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ باش ئورگىنى قىلىندى. داچىنىڭ كونا ئىسمى «ئاۋاتچىلىق بىناسى» ئىدى. ئەمدى «قىبلىنەما» بىناسىغا ئۆزگەرتىلدى.

«بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ ھەيئىتىنىڭ ئاخىرىدىكى مەجلىسىنى ئادەتتىكىدەك ئاخشىمى ئېچىش بەلگىلەندى. شۇ كۈنى ئەزالار مەجلىستە ئۆزلىرىنىڭ دوكلاتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى ۋە يېرىم كېچىگىچە مۇزاكىرە قىلىندى. كۆپچىلىك چوڭقۇر تەھلىل قىلىشقاندىن كېيىن، نۆۋەتتىكى ۋەزىپە ئاممىغا «پۇقرالارنىڭ ئاساسىي ھوقۇقىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنى ئويغىتىشتىن ئىبارەت» دەپ بەلگىلەندى. مۇشۇ توغرۇلۇق ئۈچ مۇھىم بەلگىلىمە چىقىرىلدى:

1 ـ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش تەربىيەسى ھەرىكىتىنى قوزغاش؛

2 ـ كۇتۇپخانا تەسىس قىلىش.

3 ـ كوچىلاردا كىچىك تىپتىكى ئاشكارا يىغىلىشلارنى ئېلىپ بېرىپ، ئاسان قوبۇل قىلالايدىغان ئۇسۇللار ئارقىلىق ئاددىي ـ چۈشىنىشلىك قىلىپ نۇتۇق سۆزلەپ، ئاممىغا ئىدىيەۋى تەربىيە بېرىش.

مەجلىسنىڭ بۇ بەلگىلىمىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۈچ كىشىنى بىر گۇرۇپپا قىلىپ جەمئىي ئۈچ گۇرۇپپا قۇرۇلدى. سەئىدى دوختۇر بۇ گۇرۇپپىلار بىلەن ئالاقىلىشىش، گۇرۇپپىلارنىڭ خىزمەت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش، ئۇلارنىڭ خىزمەتلىرىنى ياخشىلاش ئۈچۈن مۇۋاپىق تەكلىپ بېرىش

ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىندى.

خىزمەت ئاشكارا يىغىلىشتىن باشلاندى. بۇ گۇرۇپپىغا سىفۇت بەشىر شەخسەن ئۆزى مەسئۇل بولدى. ئۇ «بوز تورغاي جەمئىيىتى» بويىچە ئەڭ ياخشى نۇتۇق سۆزلىگۈچى ھېسابلىناتتى. ئۇ نۇتۇق سۆزلەش سەنئىتىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىدىغان نۇتقى كىشىلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىغا ۋە قىزىقىشىغا مۇيەسسەر بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ چاپسانلا كىشىلەرگە تونۇلدى.

ئىككىنچى گۇرۇپپىنىڭ مەسئۇلى ئەلى ئەھمەت بولۇپ، ئۇ ئىنستىتۇتتىكى خىزمىتىدىن ئىستېپا بەرگەنىدى. ھازىر ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ خىزمىتىگە بېرىلگەنىدى. ئۇنىڭ بۇ گۇرۇپپىسىدا سۇلايماندىن باشقا يەنە بىر ئوقۇغۇچى بار ئىدى. بۇ گۇرۇپپىنىڭ ۋەزىپىسى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ھەرىكىتىگە مەسئۇل بولۇش ئىدى.

بىر كۈنى ئاخشىمى ئەلى ئەھمەت، سۇلايمان ۋە يەنە بىر ئەزا بىر دوسكا ۋە بىر گاز لامپا كۆتۈرۈپ بىر مەھەللىگە كەلدى. كىشىلەر ئۇلارغا ھەيرانلىق ۋە قىزىقىش نەزىرى بىلەن قارىدى. ئۇلار گەپ ـ سۆز قىلماي دوسكىنى بىر تامغا ئېسىپ، گاز لامپىنى يېقىپ، كىشىلەرنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشتى. بىردەمنىڭ ئارىلىقىدا ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا بىر توپ كىشى ئولاشتى. ئەلى ئەھمەت ساۋات چىقىرىشنىڭ مۇھىملىقىنى مەزمۇنلۇق قىلىپ قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ كېلىش مەقسىتىنى بايان قىلىپ ئۆتتى. بىرمۇنچە كىشى ساۋات چىقىرىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. ئەلى ئەھمەت بىرىنچى دەرسنى باشلىدى.

ئۇ مۇلايىم ئۇستازدەك يېقىملىق، يۇمشاق ئاھاڭدا دەرس ئۆتۈشكە باشلىدى:

— قاراڭلار، مېنىڭ قولۇمدىكى بىر ھاسا، — ئۇ قولىدىكى ھاسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ كۆپچىلىككە كۆرسەتتى، — ھازىر دوسكىغا بېشى تۆۋەن قىلىنغان بىر ھاسىنى سىزىمەن.

ئۇ دوسكىغا بور بىلەن بىر «L» نى سىزدى.

— قاراڭلار، — دېدى ئۇ يەنە، — مەن ئەمدى بېشى تۆۋەن قىلىنغان ھاسىنىڭ قېشىغا بىر «a» يازىمەن. ئۇ سۆز «La»① دەپ ئوقۇلىدۇ، يەنى ئاش ئەكەل، سۇ ئەكەل دېگەندىكى «ئەكەل» دېگەن خەت.

گاز لامپا ئاستىدا كىشىلەر بور بىلەن دوسكىغا يېزىلغان «La» دېگەن خەتكە قاراپ تۇرۇشاتتى، ئەلى ئەھمەت كۆپچىلىكنىڭ ھەرىكىتىنى تەپسىلىي كۆزەتتى. سۇلايمان بىلەن يەنە بىر ئەزا ئۇنىڭ يېنىدا قاتار تۇراتتى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ دوسكىدىكى «La» دېگەن خەتنىڭ يېنىغا يەنە بىر «La» يازدى ۋە كۇلۇپ تۇرۇپ:

— دوسكىغا قارايلى، — دېدى. بۇ قېتىم كۆپچىلىك قىزىقىپ كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى. ئەلى ئەھمەت سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — «La La»② نىڭ باشقا مەنىسى يوق. بۇ كېچىسى سودا دۇكانلىرى ۋە چوڭ بىنالارنىڭ ئالدىدا قاراۋۇللۇق قىلىدىغان قېرىنداش پاتانلارنىڭ ئاتىلىشى. ھە، La La نىڭ مەنىسىنى بىلىۋالدۇقمۇ؟

— بىلىۋالدۇق! — دەپ جاۋاب بېرىشتى كىشىلەر.

— ھەممەيلەن ئۈچ قېتىم ئوقۇپ چىقايلى، — دېدى ئەلى ئەھمەت.

كۆپچىلىك ئۈچ قېتىم ئوقۇپ چىقتى. ئەلى ئەھمەت كىشىلەرنىڭ ناھايىتى قىزىققانلىقىنى كۆرۈپ:

— ئەتە، بور ئالغاچ كېلەيلى، ھازىر يەردە ئولتۇرۇپ تۇرساڭلار، كۆپ رەھمەت ئېيتقان بولاتتۇق، — دېدى.

— بۇنىڭغا رەھمەت ئوقۇشنىڭ ھاجىتى يوق، — بىر قانچە كىشى شۇنداق دەپلا، ئارقا - ئارقىدىن يەردە ئولتۇرۇشتى.

ئەلى ئەھمەت دوسكىغا يەنە بىر «La» نى يېزىپ، كۆپچىلىككە:

— بۇ، بىز La La③ دىن بىرنېمە ئالماقچى بولساق،

---

① «La» — ئوردۇچە «ئالماق، ئەكەلمەك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

② ئوردۇچە سۆز بولۇپ، پاتانلارنىڭ ئىسمى ئالدىغا قوشۇلىدىغان ئاتىلىش.

③ La La ئوردۇچە سۆز بولۇپ، «لا لا، ئەكەل» دېگەن مەنىدە.

مۇشۇنداق دەيمىز، — ئۇ بۇ جۈملىنى بىرنەچچە قېتىم تەكرارلىدى. ئاندىن يەنە ئالدىغا بىر La يازدى ۋە كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى، — بۇ قېتىم مەن ئوقۇماي، قايسى ئەپەندى قويۇپ باقىدۇ؟

گاز لامپا ئاستىدا كىشىلەر كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ دوسكىغا قاراشتى ۋە بىردەم جىم تۇرۇۋشقاندىن كېيىن، بىر كىشى سەل تارتىنغان هالدا:

— «La La La La» مۇشۇنداق ئوقۇلامدۇ، ئەپەندى؟ — دېدى. ئەلى ئەهمەت ئوتتۇرا ياشلىق بۇ كىشىنىڭ تەلەپپۇزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كۈلۈمسىرەپ قويۇپ، ئاندىن ئەستايىدىل هالدا:

— ناهايىتى توغرا ئوقۇدىڭىز، — دېدى.

شۇ ئەسنادا ئىككى - ئۈچ كىشى:

— ئەپەندى، ئوقۇشىنىغۇ ئوقۇيالايمىز، شۇغىنىسى، دادىل ئوقۇشقا ئادەم جۈرئەت قىلالمايدىكەن، — دېدى.

— مۇنداق قىلىش ياخشى ئەمەس، — دېدى ئەلى ئەهمەت ئىلهام بېرىپ، — ئوقۇشنى بىلگەندىكىن ئوقۇش كېرەك، جۈرئەتلىك بولمىساق، تارتىنساق ياخشى ئۆگىنەلمەيمىز، — ئاندىن ئۇ هەممەيلەنگە بۇ جۈملىنى بەش قېتىم ئاۋازلىق ئوقۇتتى.

شۇ كۈندىكى دەرستە ئەنە شۇلار ئۆگىتىلدى. ئۆگىنىش تۈگىگەندىن كېيىن هەممەيلەن ئەلى ئەهمەتنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ، هەر خىل مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. كۆپچىلىك ئۆز ئىختىيارلىرى بىلەن ئۆگىنىش ئورنى تاپىدىغانلىقىنى ۋە يەنە پۇل يىغىش قىلىپ گاز لامپا ۋە بور ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندە، ئۇ هەيران قالدى. سۇلايمان ئەسلىدە، «كىشىلەر ئۆگىنىشكە قىزىقمىسا، بىزنى كولدۇرلىتىپ ئەخمەق قىلارمىكىن» دەپ ئويلىغانىدى. شۇڭا، ئۇ غەم - ئەندىشىدە بولۇپ، مەهەللىگە بارغاندا بىرئاز قورقىقانىدى. ئۇ

بۇرۇن: «بۇ خەقلەر ئۆزلىرىنىڭ نادان ۋە بىلىمسىزلىكىنى ھېس قىلمايدۇ، ئاز ـ تولا ھېس قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنى خالىمايدۇ. ئۇلار ئەخلەت دۆۋىسى ئىچىدە ياشايدىغان قۇرتلارغا ئوخشاش ئەخلەت ئىچىدە تۆرىلىپ، ئەخلەت ئىچىدە ئۆلىدۇ» دەپ قارايتتى.

ئىككىنچى كۈنى ئاخشىمى سۇلايمان ئەلى ئەھمەت بىلەن بىللە يەنە شۇ يەرگە كەلدى، ئۇلار كوچىدا بىرنەچچە كىشىنىڭ ئۆزلىرىنى ساقلاپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولدى. كىشىلەر ئۇلارنى كۆرۈپلا خۇشال بولۇپ كۈلۈپ كەتتى. بىر يىگىت يۈگۈرۈپ كېلىپ سۇلايماننىڭ قولتۇقىغا قىستۇرۇلغان دوسكىنى ئالدى، يەنە بىرى گاز لامپىنى ئالدى.

ــ ئەپەندى، بۇنىڭدىن كېيىن دوسكا ۋە گاز لامپا ئەكەلمەڭلار، بىز تەييارلاپ قويدۇق، ــ دېدى ئۇلار.

ئۇ ئۆچەيلەن مەھەللىگە كىرگەندە، كىشىلەر راستىلا ھەممە نەرسىنى تەخ قىلىپ قويغانىدى. ئۇلار بىر ئۆينىڭ تېمىغا يۆلەپ قاڭالتىردا بىر لاپاس ياساپ، مەخسۇس ئۆگىنىش ئورنى تەييارلىغانىدى. تۈنۈگۈن تېخى بۇ يەر ئات ـ ئۇلاغ باغلايدىغان جاي بولۇپ، ھازىر ئاتخانا باشقا جايغا يۆتكىۋېتىلگەنىدى. كۆپچىلىك بىر كۈن جاپالىق ئەمگەك قىلىپ، بۇرۇن سۆيىدۈك ـ تېزەكلەر بىلەن قاپلىنىپ ياتقان بۇ جاينى كىشى تونۇيالمىغۇدەك ھالغا كەلتۈرۈۋەتكەنىدى. تاملار ئاقارتىلىپ، دوسكا ئېسىلغان؛ شىرەنىڭ يېنىغا گاز لامپا ئېسىلغان بولۇپ، چىراغ نۇرى تاملارنى ئاپپاق يورۇتۇۋەتكەن؛ يەرگە بورا سېلىنغانىدى. سۇلايمان بۇلارنى كۆرۈپ بەك تەسىرلىنىپ كەتتى.

ئۇ كۈنى ئەلى ئەھمەت ئىككىنچى دەرسنى ئۆتتى.

ئەگەر تۈنۈگۈن كەلگەن كىشىلەرنى تاماشا كۆرۈشكە كەلگەن دېيىلسە، بۈگۈن بۇ يەردە مەكتەپنىڭ ئىپتىدائىي شەكلى بارلىققا كەلگەنىدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى يىگىرمە ئىككىگە يەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياشلار، ئوتتۇرا ياشلىقلار ۋە ئۇزۇن

ساقاللىق ياشانغانلارمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەنىۋاسى تۆۋەن تەبىقىدىكى كىشىلەر بولۇپ، زاۋۇت ئىشچىلىرى، قول ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلار، كوچىلاردا ھارۋا سۆرەپ مال ساتىدىغان ئۇششاق تىجارەتچىلەر ۋە ئۇششاق دۇكاندارلار بار ئىدى.

ئۈچ ـ تۆت كۈن ئىچىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى قىرىققا يەتتى، بەلكى تېخى داۋاملىق كۆپىيىۋاتاتتى. لېكىن، ئەلى ئەھمەت يېڭىدىن ئوقۇغۇچى ئېلىشنى توختىتىپ قويدى، چۈنكى كېيىن كەلگەنلەرگە ئېتىبار بېرىش ئۈچۈن ئالدىنقى ئۆتۈلۈپ بولغان دەرسلەرنى قايتا ـ قايتا تەكرارلاشقا توغرا كېلەتتى.

ئەلى ئەھمەت ئوقۇغۇچىلارغا دەرس ئۆتۈش بىلەن بىللە يەنە سۇلايمان ۋە يەنە بىر ئەزانى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈپ ماڭدى. كۈندۈزى باش ئورگاندا ئۇلارغا ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ھەققىدە سۆزلەپ بېرەتتى. ئاخشىمى ئۇلارنى مەھەللىگە بىللە ئاپىرىپ ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، نۆۋەت بىلەن دەرس ئۆتۈش پۇرسىتى بېرەتتى.

ئۇلار بىرئاز ۋاقىتتىن كېيىن مۇستەقىل دەرس ئۆتەلەيدىغان بولۇپ قالغاندا، ئەلى ئەھمەت ئەتراپتىكى يەنە بىر مەھەللىگە بېرىپ، ئامما ئۈچۈن يېڭىدىن ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش مەركىزىنى بەرپا قىلدى. بۇ ئىككى مەركەز ئىككى مەھەللىدىكى ئاممىنىڭ ئۆزلۈكىدىن تەلەپ قىلىشى بىلەن قۇرۇلغانىدى. ئۇلار ئەلى ئەھمەتنىڭ قېشىغا ۋەكىل ئەۋەتىپ، ئۆزلىرىنىڭ مەھەللىسىدىمۇ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنى تەلەپ قىلىشتى.

سۇلايمان «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ تۈرلۈك پائالىيەتلىرىگە ئىنتايىن ئاكتىپ قاتنىشاتتى. ئۇ ھەر كۈنى ئاخشىمى ۋاقتىدا بېرىپ ئەستايىدىل دەرس ئۆتەتتى. ھازىر ئۇ بۇ خىزمەتكە ئالاھىدە قىزىقىپ قالدى. مۇنداق قىزىقىش كىشىنىڭ پىداكارلىق روھىنى ئويغىتاتتى.

# 3

سوتتا نۇشاغا ھۆكۈم قىلىنغان كۈنى، ئۇنىڭ ئانىسى ئۆمۈر سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ سۇغۇرتا تالونىغا ئىمزا قويدى. شىركەتنىڭ دوختۇرى ئۇنىڭ بەدىنىنى تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭ بەدىنى ساغلام ئىكەن دەپ ھېسابلاپ، زۆرۈر جەدۋەللەرنى تولدۇردى. نىياز بەلگىلىمە بويىچە بىرىنچى قارارلىق سۇغۇرتا ھەققىنى تۆلىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ ئايالىنىڭ ھاياتى ئەللىك مىڭ رۇپىيە بىلەن كاپالەتلەندۈرۈلدى.

رازىيەنىڭ ئويىچە، ئۇنىڭ ئىككىنچى قېتىم ياتلىق بولۇشى خاتا ئەمەس ئىدى. بۇ قېتىم ئۇ كۆڭلىگە ياقىدىغان يەنە بىر ئەرگە يېتىشكەنىدى. ئېرى ئۇنىڭغا ھەر تەرەپتىن غەمخورلۇق قىلىپ، چەكسىز كۆيۈنەتتى. ئىككى بالىسىمۇ غەم ـ قايغۇسىز تۇرمۇش كەچۈرمەكتە ئىدى.

ئانۇ سۇت ئىچىپ سەمرىپ، يۈزلىرى قىزىرىپ كەتتى. رازىيە پەقەت سۇلتانەدىنلا بىرئاز غەم قىلاتتى. سۇلتانە كۈنبويى گەپ ـ سۆز قىلماي يۈرەتتى. چىرايى بارغانسېرى سارغىيىپ كېتىۋاتاتتى. رازىيە ئۇنىڭ دەردىنى بىلەتتى. لېكىن، ئۇنىڭ قەلبىدىكى جاراھىتىگە تېگىپ كېتىشتىن ساقلىناتتى. پەقەت ئۇنى بىر ياتلىق قىلىپ ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق قىلىپ قويسام ئوبدان بولاتتى، دەپلا ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن، ئۇ بۇ توغرۇلۇق نىيازغا ئېغىز ئاچالمايتتى، گەرچە نىيازنىڭ سۇلتانەگە بولغان پوزىتسىيەسىنى يامان دېگىلى بولمىسىمۇ.

بۇ ئائىلە تىنچ، ئىناق ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن رازىيە نىيازدىن كۆپ مىننەتدار ئىدى. ئۇمۇ نىيازغا بەك كۆيۈنەتتى. قاق سەھەر تۇرۇپ نىيازنىڭ تەرىتىگە سۇ بېرەتتى. پاكىز لۆڭگە، چىش پاراشوكى ۋە سوپۇن تەييار قىلىپ، ئاياغ كىيىملىرىنى سۈرتۈپ قوياتتى. ساندۇقتىن يەڭگۈشلەيدىغان كىيىملىرىنى ئېلىپ

توگمىلىرى ئۇزۇلگەن بولسا قاداپ، يىرتىلغان يەرلىرى بولسا ياماپ قوياتتى. نىياز يۇيۇنۇپ چىققۇچە ھەرگىز ھايال قىلماي ناشتىلىق چاينى تەخ قىلىپ قوياتتى. نىياز ھەر كۇنى باي غوجاملاردەك ئۆيدىن چىقىپ دۇكانغا باراتتى، ئۇنىڭ ئاغىنىلىرى چاقچاق قىلىپ:

— نىياز، سىز بارغانسېرى ياشىرىپ، چىرايلىق بولۇپ كېتىۋاتىسىز جۇمۇ! — دېيىشەتتى.

ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق ئىدى. ھازىر ئۇنىڭ رەڭگىرويى كۆپ ياخشىلىنىپ بۇرۇنقىدىن روھلۇق بولۇپ كېتىۋاتاتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ ھەم سۆيۈملۈك، ھەم نەپەرەتلىك ئايالنىڭ دۆلىتىدىن بولۇۋاتاتتى. ئۇنىڭدا ئايالغا قارىتا ھەقىقەتەن مۇشۇنداق ئىككى خىل ھېسسىيات تەڭلا مەۋجۇت ئىدى. بەزىدە ئۇ ئايالنى شۇنچە ياخشى كۆرەتتى، ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن ئۆمۈر بويى بىللە ئۆتكۈسى كېلەتتى. ئۇ ئۆزىگە راھەت تۇرمۇش يارىتىپ بېرەلەيدىغان مۇشۇنداق بىر ئايالغا موھتاج ئىدى. لېكىن، مۇنداق مۇھەببەت ئۇچۇن ئۇنىڭغا ئەللىك مىڭ رۇپىيە بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلەتتى. ئۇ مۇنداق كۆپ پۇلنى قولىدىن بېرىپ قويۇشقا ھەرگىز قىيمايتتى. ئۇنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنىڭ بەرى دەل مۇشۇ ئەللىك مىڭ رۇپىيە ئۇچۇن بولۇپ، بۇ پۇل ئۇنىڭ كەلگۈسى چوڭ پىلانىنىڭ مۇستەھكەم ئۇلى ئىدى! ئۇنىڭدىن باشقا يەنە سۇلتانە بار ئىدى. ھەر قېتىم ئۇ ئۇنىڭ ياشلىق باھارى ئۇرغۇپ تۇرغان بەدەنلىرىنى ۋە كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان مەنزىلىرىنى كۆرگىنىدە، قەلبىدە لاۋۇلدىغان ئىستەك ئوتى ياناتتى.

نىيازنىڭ قەلبى قاتمۇقات زىددىيەت بىلەن تولغانىدى. ھازىر ئۇ تويدىن ئاۋۋال تۈزگەن پىلانى توغرىسىدىمۇ ئارىسالدى بولۇپ قېلىۋاتاتتى. بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىشنى ئۆزىمۇ بىلەلمەي قالدى، ھەر كۇنى دۇكاندا ئادەم يوق چاغلاردا ئۆز پىلانىنى قانداق قىلىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇش ھەققىدە باش قاتۇراتتى. لېكىن، ئۆيگە

قايتىپ كېلىش بىلەنلا پۈتۈن پىلانى ئۆمۈچۈكنىڭ توردەك تىرىپىرەن بولۇپ كېتەتتى. ئۇ ئادەتتە سائەت توققۇزدا ئۆيگە قايتاتتى. ئۇ بوسۇغىدىن كىرىپ بولغۇچە ئايالى چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىغا چىقاتتى.

— قاراڭ، دۇكاننى شۇنچە كەچ تاقامدىكىن، تاماقمۇ سوۋۇپ قالدى، — دەيتتى ئۇ تەبەسسۇم بىلەن، ئاندىن نىيازنىڭ قولىدىكى نەرسىلەرنى ئالاتتى (ئۆيگە قۇرۇق قول قايتماسلىق ئۇنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ قالغاندى) ۋە ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ، ئاندىن لۆڭگە بىلەن ئۇنىڭ پېشانە ۋە بويۇنلىرىدىكى تەرلەرنى سۈرتەتتى، ئايىغىنى سالدۇرۇپ، ساپما كەشنى ئالدىغا ئەكېلىپ بېرەتتى. نىياز يۈز - كۆزنى يۇيۇش ئۈچۈن هويلىغا چىققاندا، سۇ بىلەن سوپۇن ئالدىراپ تەخ قىلىپ قويۇلاتتى. ئايالى ئاشخانىغا كىرىپ تاماقنى ئىسسىتقۇچە، نىياز تاتلىق - تۈرۈملارنى ئانچە - مۇنچە يېگەچ ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتى، شۇڭا هەر ۋاخلىقتا بىرئاز تاتلىق يېمەكلىكلەر تەييارلاپ قوياتتى. ئاندىن ئىككىيلەن بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشەتتى. سۇلتانە بىلەن ئانو ئادەتتە گۆگۈم ۋاقتىدىلا تامىقىنى يەپ بولۇپ، بالدۇرراق يېتىپ قېلىشاتتى. نىياز تاماقنى زوق بىلەن يەيتتى ۋە تاماق يەپ ئولتۇرۇپ: «هەي نىياز، سەندەك بىر كونا ماللارنى ئېلىپ - ساتىدىغان ئادەمنى مۇشۇ ئايال بۇگۈنكىدەك بەختكە ئېرىشتۈردى. سېنىڭ داداڭمۇ هايات چېغىدا مۇنداق بەختلىك كۈندىن بەهرىمەن بولالمىغانىدى» دەپ ئويلاپ قالاتتى.

بىر كۈنى سائەت ئون بىرلەردە نىياز بىر ئىش بىلەن دۇكاندىن ئۆيگە كەلدى. ئۇ چاغدا ئۆيدە يالغۇز سۇلتانە بار ئىدى، ئانىسى تۇغقان يوقلاپ كەتكەنىدى. ئادەتتە ئۇ هېچ يەرگىمۇ بارمايتتى. بۇ كۈنى سۇلتانەنى يالغۇز قالدۇرۇپ كېتىشكە توغرا كېلىپ قالدى. سۇلتانە ناخۇش هالدا كارىۋاتتا ئولتۇراتتى.

— سۇلتانە، ئانىڭىز نەگە كەتتى؟ — دەپ سورىدى نىياز ئۇنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ.

— دىلپار ھامامىنىڭكىگە كەتتى. ھايال بولماي قايتىپ كېلىدۇ، — دېدى سۇلتانە ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن.

نىياز بىرنېمە دەي دەپ تۇرۇۋېدى، ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭ نەزىرى سۇلتانەنىڭ گەجگىسىگە چۈشتى. ئۇنىڭ ئويمان ياقىسىنىڭ چېكى كىچىككىنە سۆكۈلۈپ كەتكەن بولۇپ، شۇ يەردىن ئۇنىڭ ئاپپاق تېرىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. نىياز ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭ ئاپپاق تېرىسىگە قاراپ تۇرۇپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن:

— نېمانداق گەپ قىلمايسىز؟ — دېدى ئۇ ئاستاغىنا.

— بېشىم ئاغرىۋاتىدۇ، — دەپ قويدى ئۇ.

— ئەكېلىڭ، بېشىڭىزنى تۇتۇپ قوياي، — ئۇ شۇنداق دەپلا سۇلتانەنىڭ بېشىغا قولىنى تەگكۈزۈۋېدى، سۇلتانەنىڭ بەدىنى شۈركۈنۈپ كەتتى - دە، ئۇ دەرھال ئۆزىنى تارتىپ نېرىراق سىلجىۋالدى.

— سىزنى ئاۋارە قىلماي، ساقىيىپ قالىدۇ.

نىياز خىجىل بولۇپ كۈلۈپ قويدى.

— نېمىشقا مۇنداق مەندىن ئۆزىڭىزنى قاچۇرىسىز؟

ئۇ نېمە دەپ جاۋاب بەرسۇن؟ پەقەت جىم ئولتۇرىۋەردى.

— ئېيتىڭا، زادى نېمە بولدى؟ — نىياز داۋاملىق سورىدى.

— نېمە دەيتتىم؟

— نېمىشقا مەندىن ئۆزىڭىزنى قاچۇرۇپلا يۈرىدىغانلىقىڭىزنى دەڭ.

سۇلتانە بەك خاپا بولدى. لېكىن، ئامالسىز ھالدا:

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — دېدى.

— سىز مېنى يامان كۆرەمسىز؟

— ياق، سىزگە شۇنداق تۇيۇلغان ئوخشايدۇ.

نىياز باشقا گەپ - سۆز قىلماي، ئۇنىڭغا قارىغىنىچە جىم تۇرۇپ كەتتى. ئاندىن ئىختىيارسىز ھالدا ئېڭىشىپ ئۇنىڭ مەڭزىگە بىرنى سۆيۈۋالدى. سۇلتانە كارىۋاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ

ئۇنىڭغا كۆزلىرىنى چەكچەيتتى. نىياز يېقىن كېلىشكە ئۇرۇنۇۋىدى، ئۇ «چاك» قىلىپ قاتتىق بىر كاچات سالدى ۋە:

— ئىزا تارتىش دېگەننى بىلمەيدىغان، مۇنداق ئىش ئىككىنچى تەكرارلىنىدىغان بولسا كەچۈرمەيمەن، — دەپ ۋارقىراپ ئەيىبلىدى. ئۇ شۇنداق دەپلا غەزەپلەنگەن پېتى ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى.

لېكىن، نىياز ئىشنى تەتۈر چۈشىنىپ: «مەن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلماي، ئانىسى بىلەن توي قىلغانلىقىم ئۈچۈن ئۇ مەندىن خاپا بولغان گەپ» دەپ قارىدى. ئۇ كارىدوردا بىردەم جىم تۇرۇپ، ئاندىن ئېغىر قەدەملىرىنى سۆرەپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ئۇ دۇكانغا كەلگەندىن كېيىن: «ئەگەر چاپسان تەدبىر قوللانمايدىغان بولسام، سۇلتانە قولۇمدىن چىقىپ كەتكۈدەك» دەپ ھېس قىلدى.

ئاخشىمى ئۆيگە قايتقاندا، چۈشتىكى ئىشنى ئېسىگە ئېلىپ سەل قورقۇپ قالدى. بىراق، ئايالىنىڭ پوزىتسىيەسىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىغانلىقىنى كۆرۈپ، سۇلتانەنىڭ ھېلىقى ئىشنى ئانىسىغا ئېيتمىغانلىقىنى بىلدى ـ دە، شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇنىڭ خاتا چۈشەنچىسى تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ: «مەن سۇلتانەنىڭ قەلبىدە ھېلىغىچە مەلۇم ئورۇن تۇتىدىكەنمەن» دەپ ھېسابلىدى. شۇنىڭ بىلەن شۇ كۈنى كېچىسى تاڭ ئاتقاندىلا سېمىز دوختۇرنى تېپىشنى ئويلاپ قويدى.

لېكىن، ئەتىسى سېمىز دوختۇر بىلەن كۆرۈشەلمىدى. ئۇ ئۆيدىن چىقىپلا سەردار بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ چىرايى قارىلاق، ئۆزى ساختىپەز بىر ئادەم بولۇپ، دائىم پاسنى پورتىغا بېرىپ ئەتكەسچىلىك قىلاتتى.

— بىرئاز ئوقەت قىلىشنى خالامسىز؟ — دەپ سورىدى سەردار ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپلا.

نىياز بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىر قېتىم مۇئامىلە

قىلىشقانىدى. لېكىن، بۇ سودا بىر ۋاسىتىچى ئارقىلىق قىلىنغاچقا، ئۇ بىرئاز ئارىسالدى بولۇپ قالدى.

— قىلامسىز؟ — دېدى سەردار دەرھاللا، — كېيىن پۇشايمان قىلىپ قالماڭ يەنە، نۇرغۇن پۇل تاپقىلى بولاتتى.

— قانداق مال ئىدى؟ — دەپ سورىدى نىياز.

— تاماكا.

ئۇ بۇرۇن تاماكا سودىسىنى قىلىپ كۆرمىگەنىدى.

— مەن تاماكا سودىسىنى قىلمايمەن، — دېدى ئۇ.

سەردار كۈلۈپ قويدى.

— سىز سودىگەرچىلىكتە مەندىن تەلىم ئالسىڭىز بولغۇدەك. سىز بازاردىكى نەرخ - ھاۋانى بىلمەيدىكەنسىز. يېقىندىن بېرى شەھەرنىڭ قايسى يېرىدىن تاماكا تېپىلىدۇ؟

نىياز شەھەردە تاماكا كەمچىل بولسا، كۆپ پۇل تاپقىلى بولغۇدەك، دەپ ئويلىدى - دە، شۇنىڭ بىلەن:

— ماقۇل، مالنى كۆرۈپ باقاي، — دېدى.

سەردار دەرھال بىر پەيتون چاقىردى - دە، ئىككىيلەن بىر مېھمانخانىغا كەلدى. سەردار شۇ يەردە تۇراتتى. ئۇ نىيازنى ئۆيگە باشلاپ كىرىپ مالنى كۆرسەتتى. لىقمۇلىق بەش يەشىك تاماكا بار ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئىككى مىڭ رۇپىيەلىك سودا قىلىشتى. نىياز ئۇنى ئۆيگە باشلاپ بېرىپ، ئايالىدىن پۇل ئېلىپ، سەردارغا ئىككى يۈز رۇپىيە باھا بېشى بەردى. قالغان پۇلنى ئاخشاملىققا مالنى دۇكانغا ئاپىرىپ بەرگەندە بېرىدىغان بولدى. ئۇ كەتكەندىن كېيىن نىيازنىڭ يەنە قىلىشقا تېگىشلىك زۆرۈر ئىككى ئىشى بار ئىدى. ئۇ ئالدى بىلەن مۇشۇ رايوندىكى ساقچىخانىغا بېرىپ، ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مۇھەممەتخاننى تاپتى. بۇ كىشى ئۇنىڭ كونا تونۇشى ئىدى. نىياز ئەزەلدىن بىۋاسىتە ساقچىخانا باشلىقى بىلەن كۆرۈشمەي، مۇھەممەتخان ئارقىلىق ئىش بېجىرەتتى. كىمنىڭ ساقچىخانا

باشلىقى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ ئىشى ھامان ئوڭۇشلۇق بولاتتى.

ئۇ مۇھەممەتخاننىڭ قولىغا يۈز روپىيە تۇتقۇزۇپ قويۇپ خاتىرجەم بولغان ھالدا ساقچى ئىدارىسىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ بازارغا بېرىپ، تاماكا ساتىدىغانلار بىلەن سۆزلىشىپ كۆرۈۋىدى، راست دېگەندەك بازاردا تاماكا ئىنتايىن قىس ئىكەن. ئۇ خېلىلا يۇقىرى باھا قويىدى. تاماكا ئالىدىغان بەزى دۇكاندارلار ئالدىن پۇلمۇ بېرىپ قويىدى.

سائەت ئون بولاي دېگەندە سەردار تاماكىنى بىر ھارۋىغا بېسىپ ئەكەلدى. نىياز مالنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن پۇلنى بېرىۋېتىپ، ئاندىن ئۇنى يولغا سېلىۋەتتى.

ئەتىسى چۈش بولغۇچە تاماكا يەشىكلىرى قۇرۇقدىلىپ قالدى، تاماكىنىڭ ھەممىسى ھەرقايسى دۇكانلارغا سېتىلىپ بولدى. بۇ سودىدىن ئۇ مىڭ روپىيەدىن ئوشۇق پايدا ئالدى. نىياز ناھايىتى خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇ بىردەمنىڭ ئارىلىقىدا بىرمۇنچە پۇل تاپقانىدى. ئۇ ئۇياق - بۇياق قاتراپ ئاۋارىمۇ بولمىدى، خەۋپ - خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىپ مالنى دۇكانغا بېسىپمۇ قويمىدى. بۇ خۇشاللىقتا ئۇ سىمىز دوختۇرنىڭ قېشىغا بارىدىغان ئىشنىمۇ كېيىنگە قالدۇردى.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن ئۇ بارلدۇرلا دۇكاننى تاقاپ ئۆيگە قايتىپ بېرىپ، ئايالى بىلەن ئانۇنى ئېلىپ كىنوغا كەتتى. ئۆيدە تەنھا قالغان سۇلتانە ئىختىيارسىز ھالدا: «شۇ تاپتا سۇلايمان كەلگەن بولسا، قانداق ياخشى بولاتتى؟» دەپ ئويلاپ قالدى.

بۇ، يۇلتۇزلار شالاڭ، سۇتتەك ئايدىڭ بىر ئاخشام ئىدى. غۇر - غۇر شامالدا سەندەل دەرىخىنىڭ يوپۇرماقلىرى بىر - بىرىگە تېگىپ لەرزان شىرىقلاپ تۇراتتى، سۇلتانە بىرنەچچە قېتىم كارىدوردىن ئۆتۈپ ھويلىغا چىقىپ، بىپايان ئاسمانغا قارىغىنىچە ساپ ھاۋادىن نەپەس ئالدى.

كوچىدىن يولۇچىلارنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىۋىدى. ئۇ

«بەلكىم سۇلايمان مۇشۇ يولۇچىلارنىڭ ئارىسىدا باردۇ» دەپ قولاق سېلىپ ئاڭلىدى ...

## 4

سۇلايماننىڭ ئالدىدا يۈز - كۆزلىرى ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن، ئۇستىباشلىرى جۇل - جۇل، بەدەنلىرىدىن تەر پۇراپ تۇرغان ئوتتۇز ئالتە كىشى ئولتۇراتتى. بۇلار ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىدى.

سۇلايمان ئوقۇغۇچىلىرىغا بىر قۇر قاراپ چىقىپ:

— بۈگۈن ھەممەيلەندىن ئىمتىھان ئېلىپ باقماقچىمەن، — دېدى ھەممە ئاڭلىغۇدەك قىلىپ.

— ئىمتىھان؟ — دېدى بىرەيلەن بوش ئاۋازدا.

— ھەئە، دوسكىغا بىرنەچچە جۈملە يازىمەن، ئاندىن ئوقۇتىمەن. كىمنى چاقىرسام شۇ ئوقۇيدۇ، باشقىلارنىڭ گەپ قىستۇرۇشىغا بولمايدۇ.

سۇلايمان شۇنداق دەپ بولۇپلا دوسكىغا جۈملىلەرنى يازدى. ئاندىن ئوقۇغۇچىلارنى بىر - بىرلەپ چاقىرىپ، ئۇنىلۇك ئوقۇتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەزىسى جۈملىنى ناھايىتى راۋان ئوقۇدى؛ بەزىلىرى بولسا دۇدۇقلاپراق ئوقۇدى. لېكىن، ھەممەيلەن ئوقۇيالىدى. بۇ ئەھۋال سۇلايماننى ئىنتايىن خۇشال قىلىۋەتتى. يەنە ئون ئىككى دەرستىن كېيىن ئۆگىنىش ئاياغلىشاتتى. ھازىر ئوقۇغۇچىلار بەلگىلىك ئوقۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقى ئۇستۈن ئىدى. بۇ قېتىمقى ئىمتىھاننىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولدى. سۇلايمان بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ دوسكىغا يەنە بىرنەچچە تەس جۈملە يازدى. بەزىلەر راۋان ئوقۇدى. بەزىلەر بولسا ئوقۇيالماي قالدى. مۇشۇ تەرىقىدە بىردەم مەشىق قىلغاندىن كېيىن، ئۇ ئاددىي جۈملىلەر مەشقىنى توختىتىپ، شېئىر

ئوقۇشنى ئۆگىنىشكە باشلىدى.

دەل شۇ چاغدا ئەلى ئەھمەت كېلىپ، ئاستا بىر چەتكە ئۆتۈپ تۇردى. ھەمىشە مۇشۇنداق ئۇنىدىمەي كېلىپ، ئۆز گۇرۇپپىسىدىكى ئەزالارنىڭ خىزمەتلىرىنى تەكشۈرۈپ تۇراتتى. دوسكىغا ئىككى مىسرا شېئىر يېزىلغانىدى.

كۆكتە چاقماق چاقنىدى،
ئۇچقۇن كەبى چاچرىدى.

ئۇ بىر ئوقۇغۇچىنى چاقىرىپ ئوقۇتۇۋىدى، ئۇ ئوقۇغۇچى دەرھال ئوقۇپ بەردى. ئۇ يەنە دوسكىغا ئاددىي، ئاسان مىسرالاردىن بىرنەچچىنى يېزىپ ئوقۇغۇچىلارغا ئوقۇتتى. شۇنداق يېزىپ، ئوقۇتۇپ كېلىۋاتقاندا، ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭ ئېسىگە سۇلتانە كېلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پەرىشانلىق ئىچىدە تۆۋەندىكى مىسرالارنى يازدى:

كىشىنى مەستانە قىلىپ بۇ كېچە
ئاشىقى مەشۇقىقا قارىدى كۈلۈپ:
«بارغىن يار، — دېگەندەك، — مەيخانىغا تېز،
كەلگەيسەن شاھنازنىڭ چېھرىنى كۆرۈپ:
بۇنىڭ ھېچ ئامالى بولمىسا، دىلبەر،
چۆل - باياۋانلارغا كەتكىن باش ئېلىپ؛
ئاھ، باغرىم، دەردمەن يار، قانداق قىلغۇلۇق؟
يۈرەمدۇق يۈرەكنى چاك - چاك ئېتىپ؟ !»

سۇلايمان بىر ئوقۇغۇچىنى چاقىرىپ ئوقۇتۇۋىدى، بۇ ئوقۇغۇچى بىرىنچى مىسرانى راۋان ئوقۇدى، ئىككىنچى مىسراغا كەلگەندە ئوقۇيالماي قالدى. ئۇ ئۇزۇن ساقاللىق، ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئادەم بولۇپ، ئوڭايسىزلىنىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى.

— ئەپەندى، — دېدى ئۇ بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، — «لا لا» دېگەن سۆزنى بىلىمەن، سىز ئۇنى بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ئۆگەتكەن. بىراق، شاھناز دېگەن كىم ئۇ؟

— بۇدانىڭ سىڭلىسىدىن باشقا يەنە كىم بولاتتى؟ — دېدى ئارقا تەرەپتىن بىرەيلەن.

— قارىسىغا سۆزلەۋاتىسىز، كالكۇتتادىكى شاھناز ئىكەنلىكى ئويئوچۇقلىغۇ، — دەرھال يەنە بىرەيلەن سۆز قاتتى.

— نېمىلەرنى دەۋاتىسىز! — دېدى ياشانغان بىر كىشى ئاچچىقى بىلەن، — كالكۇتتادىكى شاھناز دېگەن بىر جالاپ، بۇ چوقۇم باشقا بىر كىشى.

سۇلايمان كىشىلەرنىڭ تالاش ـ تارتىشلىرىنى ئاڭلاپ سەل تەڭلىكتە قالدى. ئەلى ئەھمەتمۇ خاتىرجەمسىزلەندى. شۇ ئەسنادا سۇلايمان ئالدىراپ دوسكىدىكى خەتلەرنى ئۆچۈرۈۋېتىپ، يەنە ئاسانراق بىر كۇپلېت شېئىرنى يازدى:

هال ـ ئەھۋال سورىما مەندىن، يارانلار،
چۈنكى بۇ ئاخىرقى ئايرىلىش كۈنى.
ئاھ، گۈزەل پەيت ـ چاغلار كەتمەكتە ئۆتۈپ،
بۇ ئاخشام — ئاداققى جۇدالىق تۈنى.

سۇلايمان تېخى بىرىنى چاقىرىپ ئوقۇتاي دەپ بولغۇچە بىر يىگىت ئورنىدىن تۇردى.

— ئەپەندى، «ئاخىرقى» دېگەن سۆزنىڭ بىر ھەرپى كەم بولۇپ قالدى، — دېدى ۋە «قاراڭلار! مەن ئەپەندىدىن نۇقسان تاپتىم» دېگەندەك قىلىپ بوينىنى سوزۇپ ئەتراپقا قاراپ قويدى.

سۇلايمان ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي بولغۇچە، يەنە بىر ياشانغان كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ سوئال قويدى:

— ئەپەندى، «جۇدالىق كېچە» دېگەن قانداق ئىش؟

بۇ چاغدا بىر يىگىت ياشانغان كىشىنى نوقۇپ قويدى.

— تاغا، ئولتۇرۇڭ، بۇ ئىشنى سىز چۈشەنمەيسىز.
يەنە بىرەيلەن تالىشىپ سۆزلىدى:
— ھەي، بۇ دېگەن ئىشىق - مۇھەببەت سۆزلىرى، — ئۇ شۇنداق دەپلا، بىر قولىنى كۆكرىكىگە قويۇپ، ئۇنلۇك قىلىپ مۇنداق دېدى:

ئاھ! نىگارىم، دىلدارىم،
تۇتقىن شاراب جانانىم!

ئۇنىڭ ئوقۇغان بۇ مىسرالىرى كەسكىن تالاش - تارتىش قوزغىدى. بەزىلەر ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى ئەيىبلىدى ۋە دەرسخانىدىن قوغلاپ چىقىرىشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن، ھەرقانداق قىلسىمۇ ئۇ چىقىپ كېتىشكە ئۇنىمىدى. ئۇ پەقەت بىر شېئىر ئوقۇغانلىقىنى، يا بىرەر كىشىنى تىللىمىغانلىقىنى سەۋەب قىلىپ كۆرسىتىپ تۇرۇۋالدى. ئۇنى قوللىغۇچى بەزى كىشىلەرمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا بولۇشتى. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلار ئىككىگە بۆلۈنۈپ تالىشىپ كەتتى. سۇلايمان ھودۇقۇپ، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالدى. ئەلى ئەھمەت دەرھال ئالدىغا ئۆتۈپ، گەپ - سۆز قىلىپ يۇرۇپ، ئاران باﻻلىقتا دەرسخانىنى تىنچىتتى. ئاندىن ئۇ دوسكىغا ئاددىي، قىزىقارلىق جۈملىلەرنى يېزىپ، ئوقۇغۇچىلاردىن سورىدى.
شۇ كۈنى كەچقۇرۇن سۇلايمان بىلەن ئەلى ئەھمەت ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش مەركىزىدىن كەچ قايتتى. ئەلى ئەھمەت يولدا كەلگۈچە سۇلايمانغا: ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىنتايىن نامرات ۋە قالاق كىشىلەر ئىكەنلىكىنى: «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىپىسى ئۇلارنى ئوقۇش ۋە يېزىش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىش ئىكەنلىكىنى؛ قالغانلىرى كېيىنكى قەدەمدىكى ۋەزىپىلەر ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتتى.
— سىزنىڭ ئاشۇ رومانتىك كەيپىياتىڭىز دەرسخانىنىڭ كەيپىياتىنىمۇ رومانتىكلاشتۇرۇۋەتتى، — دېدى ئەلى ئەھمەت

كۆلۈپ تۇرۇپ.

بىرئاز خىجىل بولۇپ تۇرغان سۇلايمان بۇ گەپنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ئىزا تارتىپ كەتتى ـ دە، ئۇندىمەي ئەلى ئەھمەتنىڭ مەسخىرىسىنى ئاڭلاشقا مەجبۇر بولدى.

بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، «بوز تورغاي جەمئىيىتى» ئايىلىق يىغىن چاقىردى. سەئىدى دوختۇر ھەرقايىسى گۇرۇپپىلارنىڭ خىزمىتىدىن دوكلات بەردى. ئەلى ئەھمەتنىڭ گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمىتى ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك، ئەڭ ئۈنۈملۈك بولدى دەپ ھېسابلاندى. كۇتۇپخانا تەسىس قىلىش خىزمىتى كىشىنى ئەپسۇسلاندۇراتتى. ئۇنىڭ سۈرئىتى ئاستا بولۇپ، ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك ئەمەس ئىدى. ھازىر ئاھالىسىنىڭ كۆپچىلىكى ساۋاتسىز بولغان بىر مەھەللىگە بىرلا كۇتۇپخانا تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە قۇپقۇرۇق تۇراتتى. ئاندا ـ ساندا بىرەر ـ ئىككى ئادەم كىرىپ قالسىمۇ، ئۇلار گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ سۈرەتلىرىنىلا كۆرۈپ قوياتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، يىغىندا كۇتۇپخانا تەسىس قىلىش گۇرۇپپىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ كىشىلىرىنى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش گۇرۇپپىلىرىغا قوشۇۋېتىش قارار قىلىندى.

نۇتۇق سۆزلەش گۇرۇپپىسىمۇ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش گۇرۇپپىلىرىغا ئوخشاش يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇراتتى. سىفۇت بەشىر مەزكۇر گۇرۇپپىدىكى ئەزالار بىللە بىللە ھەر كۈنى ئارقىدا قالغان مەھەللىلەرگە بېرىپ، ياخشى بىر شەھەر ئاھالىسى بولۇش ۋە تازىلىققا رىئايە قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى تەشۋىق قىلاتتى؛ نادانلىق ۋە كونا ـ ناچار ئۆرپ ـ ئادەت تۈپەيلىدىن شەكىللەنگەن ئىجتىمائىي ئىللەتلەرنى ئېچىپ تاشلايتتى؛ كىشىلەرگە كونا ئۆرپ ـ ئادەتلەردىن ۋاز كېچىپ، ئۇنىڭغا قارشى كۈرەش قىلىش توغرىسىدا تەربىيە بېرەتتى. بۇ گۇرۇپپا خەلققە ئاسان قوبۇل قىلالايدىغان ئۇسۇل ئارقىلىق ئىدىيەۋى مەرىپەت ئېلىپ باراتتى.

سىفۇت بەشىر ھەر كۈنى ئاخشىمى كوچىلاردا نۇتۇق سۆزلەيتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ، ئۇنىڭ نۇتقىنى دىققەت ۋە زوق ـ ئىشتىياق بىلەن ئاڭلايتتى. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، سىفۇت بەشىر بۇ يىغىلىشلارنىڭ كىشىنى مەمنۇن قىلغۇدەك ئۇنۇم بەرمەيۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭ كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان بىر جاھانكەزدى ئويۇنچىغا ئوخشاپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى. سىفۇت بەشىرنىڭ ئۆز تىرىشچانلىقلىرىنى مۇشۇنداق باھالىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇنىڭ قارىشىچە، ئۆز خىزمىتى ئالدىن كۆزلەنگەن مەقسەتكە يەتمەيۋاتاتتى. ۋاھالەنكى، سەئدى دوختۇر ئۆزىنىڭ دوكلاتىدا بۇ گۇرۇپپىنىڭ خىزمىتىنى ماختىدى. ئۇنىڭ كۆرسەتكەن سەۋەبىگە قارىغاندا، سىفۇت بەشىر ۋە ئۇنىڭ گۇرۇپپىسىدىكى باشقا ئەزالارنىڭ نۇتۇقلىرى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ھەرىكىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئۈچۈن زور دەرىجىدە يول ئېچىپ بېرىۋاتاتتى.

يېقىندىن بۇيان شەھەر ئىچىدىكى تازىلىقى ناچار بەزى جايلاردا كېزىك كېسەللىكى تارقالغاندى. شۇ سەۋەبتىن ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش مەركەزلىرىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى تېز سۈرئەتتە ئازلاپ كېتىۋاتاتتى. كېسەل قۇتراپ كېتىپ، ئەھۋال ئىنتايىن جىددىيلىشىپ كەتكەنىدى. سىفۇت بەشىر دەرھال «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ جىددىي مەجلىسىنى چاقىرىپ، ئۆزىنىڭ گۇرۇپپىسىنى تارقىتىۋېتىش، سەئدى دوختۇر رىياسەتچىلىكىدە يېڭىدىن بىر گۇرۇپپا قۇرۇپ، كېزىك كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان كىشىلەرنىڭ داۋالىنىشى ئۈچۈن ئوكۇلچىلىق تۈغدۇرۇپ بېرىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. «بوز تورغاي جەمئىيىتى» بۇ تەكلىپنى بىردەك ماقۇللىدى ۋە بۇنىڭ خىراجىتى ئۈچۈن بەش مىڭ رۇپىيە ئاجرىتىشقا ھەمدە سەئدى دوختۇرنىڭ خىزمەتنى قانات يايدۇرۇشىغا ياردەملىشىش ئۈچۈن تۆت كىشى ئاجرىتىپ بېرىشكە قوشۇلدى.

سۇلايمانمۇ ئۆز گۇرۇپپىسىدىكى ئەزالارنىڭ كۆندۈزلىرى بىرئاز ۋاقىت چىقىرىپ، داۋالاش ـ قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە قاتنىشىشى توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. چۈنكى، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش تەربىيەسى ئادەتتە ئاخشامدا ئېلىپ بېرىلاتتى. بۇ تەكلىپ قوبۇل قىلىندى. سىفۇت بەشىر سۇلايماننىڭ بۇ روھىنى قىزغىن ماختىدى.

«بوز تورغاي جەمئىيىتى» دەرھاللا كېسەللىك كۆپ تارقالغان ئاھالىلەر رايونىدا بىر داۋالاش پونكىتى قۇرۇپ، داۋالاش ـ قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى قىزغىن ۋە ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇۋەتتى. ئەزالار ئەتىگەندىلا باش ئورگاندىن چىقىپ كېتىپ، يېرىم كېچىلەردە ئاندىن قايتاتتى. ئۇلار ئۆي ـ ئۆيگە دورا يەتكۈزۈپ بېرىپ، كېسەللەردىن ھەر تەرەپتىن ئوبدان خەۋەر ئېلىپ تۇراتتى، شۇنداقلا ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، تازىلىققا رىئايە قىلىشنىڭ پايدىسىنى تەكىتلەپ تۇراتتى.

سەئىدى دوختۇرنىڭ مۇشۇ كۈنلەردە ئالدىراشچىلىقتا ئۇھ دېگۈدەك ۋاقتىمۇ يوق ئىدى. ھەمىشە كېچىلىرى داۋالاش پونكىتىدا ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ئۇخلايتتى. ئەمدىلەتىن كۆزى يۇمۇلغاندا، بەزى كېسەللەرنىڭ ئەھۋالى ئېغىرلىشىپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تاپاتتى ـ دە، دەرھال شۇ يەرگە يېتىپ باراتتى.

بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، سەئىدى دوختۇر ئاق كۆڭۈل، ھېسداشلىقى كۈچلۈك، خىزمەتكە قىزغىن ئىككى دوختۇر تاپتى. شۇنىڭ بىلەن «بوز تورغاي جەمئىيىتى» يەنە داۋالاش پونكىتىدىن ئىككىنى كۆپەيتىپ تەسىس قىلدى ھەمدە داۋالاش پونكىتلىرىنىڭ خىراجىتى ئۈچۈن بەش مىڭ رۇپىيە كۆپەيتىپ بەردى، ھەربىر داۋالاش پونكىتىغا بىردىن دوختۇر مەسئۇل بولدى. شەھەر ئىچىدىكى ھۆكۈمەت ۋە ساخاۋەت دوختۇرخانىلىرىنىڭ شەرت ـ شارائىتلىرى بەك ناچار ئىدى. خۇسۇسىي دوختۇرخانىلاردىكى خادىملارنىڭ پوزىتسىيەسى

تېخــمــۇ يامــان ئــىدى. ھــەمــمــە كــېــســەلــلــەر «بــوز تــورغــاي جــەمــئــىــيــىتــى»نــىــڭ داۋالاش پونكــىــتــلــىــرىــغا كــېــلــىــپ كــېــســەل كۆرسىتىشنى خالايتتى. داۋالاش پونكىتلىرى ھەممىشە كېسەل كىشىلەر بىلەن تولۇپ كېتەتتى.

كــېــزىــكــنــىــڭ تارقــىــلــىــشى ئاســتــا ـ ئاســتــا تــىــزگــىــنــلــەنــدى. «بــوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ بۇ جەھەتتە ئىشلىگەن خىزمەتلىرى ئۇنىڭ مۇشۇ قالاق جايلاردىكى ئابرۇيىنى تېخىمۇ ئۆستۈردى.

بىر قېتىم گۇرۇپپىلارنىڭ خىزمەتلىرىنى تەكشۈرۈش مەجلىسىدە، بەزىلەر «ھازىر كېزىكنىڭ تارقىلىش مەزگىلى ئۆتۈپ كەتتى، داۋالاش ـ قۇتقۇزۇش پونكىتلىرىنى تارقىتىۋەتسەك» دېگەن تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى. لېكىن، بىر قىسىم ئەزالار بۇ تەكلىپكە قەتئىي قارشى چىقتى. ئۇلار بۇ گۇرۇپپىنى ساقلاپ قېلىش كېرەك، بەلكى ئاھالىلەر رايونىدىن بىرەر پارچە يەر تېپىپ، كىچىككىرەك بىر دوختۇرخانا سالايلى، دېگەن پىكىردە بولدى. بۇنىڭغا كۆپ مەبلەغ كېتەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن پىكىر بىرلىككە كەلمەي، مۇزاكىرە بىرنەچچە سائەت داۋاملاشتى. ئاخىر ئاۋازغا قويۇش ئارقىلىق، كۆپ سانلىق ئەزالار دوختۇرخانا سېلىش پىكرىنى قوللىدى.

دوختۇرخانا سېلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن بىر پارچە يەر كېرەك بولاتتى. «بوز تورغاي جەمئىيىتى» بۇنىڭ ئۈچۈن بىر تەييارلىق گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، ئاھالىلەر رايونلىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ئاخىر تاشيولنىڭ بويىدىكى بىر پارچە يەرنى تاللاپ بېكىتتى. ئەتىسى «بوز تورغاي جەمئىيىتى» ئەۋەتكەن ۋەكىل شەھەر مەمۇرىيىتى پىلانلاش ئىدارىسىنىڭ ئەمەلدارى بىلەن كۆرۈشۈپ، ھۆكۈمەت تەرەپ بىلەن ئۇزۇكسىز سۆزلىشىپ، ھارماي ـ تالماي تىرىشىش ئارقىلىق، ئاخىر يەر ھوقۇقىغا ئىگە بولدى. لېكىن، بىر ئاۋارىچىلىك شۇ بولدىكى، بۇ يەرنى بىرنەچچە ئۆيلۈك كىشى قانۇنسىز ھالدا ئىگىلىۋالغان بولۇپ، خېلى بىر مەزگىلدىن بېرى مۇشۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ

كەلگەنلىكەن، شۇنچە گەپ - سۆز قىلىسمۇ، ئۇلار بۇ يەردىن كۆچۈشكە ئۇنىماي تۇرۇۋالدى. مۇناسىۋەتلىك ئورۇن كۆچۈش بۇيرۇقى چۈشۈرگەندىن كېيىن ماجىرا پەيدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن «بوز تورغاي جەمئىيىتى» جىددىي مەجلىس ئېچىپ، سۇلايماننىڭ ئۆز تەسىرىنى جارى قىلدۇرۇشى توغرىسىدا قارار قىلدى. چۈنكى، بۇ رايوندىكى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش مەركىزىگە سۇلايمان مەسئۇل ئىدى.

ئەتىسى سۇلايمان بۇ ئىشنى ئوقۇغۇچىلىرىغا ئېيتىۋىدى، مۇئەللىمنىڭ گېپى رول ئوينىدى. پۈتۈن مەھەللىدىكى كىشىلەر ھېلىقى بىرنەچچە ئۆيلۈك كىشىگە بۇ جاينى بوشىتىش توغرىسىدا كۆپ نەسىھەت قىلدى. ئۇلار ياخشى گەپلەر بىلەنمۇ پەند - نەسىھەت قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە: «ئەگەر كۆچمىسەڭلار، ھەممىمىز بىرلىشىپ سىلەرگە قارشى تۇرىمىز» دەپ پوپوزىمۇ قىلدى. ئۇلارنىڭ ئادىمى ئاز بولغاچقا، گېپىنى ئاقتۇرالماي، ئاخىر بوشىتىپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. جېدەل - ماجىرامۇ چىقمىدى، ۋارقىراش - جارقىراشلارمۇ بولمىدى، ھەممە خىزمەت ئوڭۇشلۇق بولدى. جاي بوشىتىلىش بىلەنلا قالماي، خىش - پىش، چالما - كېسەكلەر پاك - پاكىز تازىلىنىۋېتىلدى. يەر مەسىلىسى ھەل بولدى، ئەمدى «بوز تورغاي جەمئىيىتى» دوختۇرخانا سېلىش خىزمىتى ئۈستىدە مۇزاكىرە قىلىشقا باشلىدى. بارى - يوقى ئاران ئالتە مىڭ رۇپىيە مەبلەغ قالغانىدى. سىفۇت بەشىر يەنە ئون مىڭ رۇپىيە تەقدىم قىلدى، لېكىن بۇ پۇللار دوختۇرخانا سېلىشقا يەنىلا يەتمەيتتى.

دوختۇرخانا سېلىش پىلانى تازا مۇزاكىرە قىلىنىۋاتقاندا، بىر كۈنى سىفۇت بەشىرنىڭ داچىسى ئالدىغا يېپيېڭى بىر پىكاپ كېلىپ توختىدى - دە، ئوتتۇرا ياشلىق بىر كىشى ماشىنىدىن چۈشتى. ئۇ بەدەنلىرى سېمىز، مەڭزى قىپقىزىل، مېتال رامكىلىق كۆزئەينەك تاقىغان، چاچلىرى چۈشۈپ تاقىر باش بولۇپ قالغان بىر ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ سالاپىتى ۋە

كىيىنىشلىرىدىن قارىغاندا، خېلى بىر سالاھىيەتلىك كىشىدەك قىلاتتى. ئۇ زاكون تايىقى تۇتقان ھالدا داچىغا كىرىپ، سىفۇت بەشىر بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. سىفۇت بەشىر بۇ چاغدا ئۆيدە ئىدى. ئۇ ئىككىيلەن مېھمانخانىدا كۆرۈشتى. كەلگەن مېھمان سىفۇت بەشىرگە ئۆزىنى تونۇشتۇردى. ئۇنىڭ ئىسمى خان باھادۇر فىلسىند ئەلى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىلكىدە ئون مىڭلىغان مو يەر ۋە نۇرغۇن ئۆي بىساتى بار ئىدى. ئۇ ئائىلە ئىگىلىكىگە قاراشتىن باشقا، يەنە شەھەردە سودىگەرچىلىك قىلاتتى. ئۇ بىر باينىڭ ئوغلى ئىدى.

خان باھادۇر ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىنى چۈشەندۈرۈپ، «بوز تورغاي جەمئىيىتى»گە ئىقتىسادىي ياردەم بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى ئىزھار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭ يەنە بەزى تەكلىپلىرىمۇ بار ئىدى. بۇ كىچىك ئىش بولمىغاچقا، سىفۇت بەشىر ئەلى ئەھمەت، فېشىم ئەلا ۋە سەئىدى دوختۇرلارنىمۇ چاقىرىپ كىردى. خان باھادۇر ئۇلارنىڭ ئالدىدا «بوز تورغاي جەمئىيىتى»گە پۇل تەقدىم قىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە ئۆزىنىڭ تەكلىپىنى پۈتۈن ئەزالارنىڭ ئالدىدا ئوتتۇرىغا قويۇش پۇرسىتى بېرىلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ تەلەپ «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ قائىدە ـ نىزاملىرىغا ئۇيغۇن بولمىسىمۇ، لېكىن سىفۇت بەشىرنىڭ گېپى بىلەن ھەممەيلەن خان باھادۇرنىڭ ئىلتىماسىغا قوشۇلدى.

بۇ چاغدا ھەممە ئەزالار باش ئورگاندا بار ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ جىددىي مەجلىسى چاقىرىلدى. خان باھادۇر سىفۇت بەشىرنىڭ ھەمراھلىقىدا مەجلىسخانىغا كىردى. بۇ قېتىمقى مەجلىسكە ئەلى ئەھمەت رىياسەتچىلىك قىلدى.

مەجلىس ئېچىلىش بىلەن، سىفۇت بەشىر ئورنىدىن تۇرۇپ، خان باھادۇرنى ئەزالارغا بىر قۇر تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. خان

باھادۇر مەجلىس رەئىسىنىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ بىرنەچچىنى يۆتىلىپ ئاۋازىنى راۋانلاشتۇردى، ياغلىقىدا يۈز ـ كۆزلىرىدىكى تەرلەرنى سۈرتتى، كۆزئەينىكىنى توغرىلىدى. مۇشۇ ئىشلار ئۈچۈن بىر مىنۇت ۋاقىت كەتتى. ئۇ راستىلا بىر ئاز سالاپەتلىك ئىدى. سۆز قىلغاندا ئاۋازى پەس ۋە مۇلايىم بولۇپ، توختىماي بېشىنى لىڭشىتىپ، ئۆز سۆزىنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇپ تۇراتتى. ئۇ سۆزىنىڭ بېشىدا، «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ ئىجتىمائىي پاراۋانلىق خىزمىتىنى ماختاپ، ئەزالارنى رىغبەتلەندۈردى. ئەزالار ئۇنىڭ سۆزىگە ھېچقانداق نارازىلىق كەيپىياتتا بولمىدى. چۈنكى، ئۇ ياش قۇرام جەھەتتە ئۆزلىرىدىن چوڭ بولۇپلا قالماي، بەلكى خېلىلا سالاپەتلىك كۆرۈنەتتى.

خان باھادۇر ئۇنى ـ بۇنى سۆزلەپ كېلىپ سۆزىنى توختاتتى ـ دە، سومكىسىدىن بىر چەكنى ئېلىپ ئەزالارنىڭ ئالدىغا قويدى.

— ئاڭلىسام، جەمئىيىتىڭلار بىر دوختۇرخانا سالىدىكەن، بۇ مېنىڭ ئازغىنا كۆڭلۈم، بۇ يىگىرمە مىڭ رۇپىيەلىك چەك.

خان باھادۇر «يىگىرمە مىڭ» دېگەن سۆزنى ئۇرغۇلۇق قىلىپ ئېيتتى ۋە گويا ئۇ بىر شان ـ شەرەپلىك خاتىرە ئابىدىسىدەك، گىدىيىپ كۆپچىلىككە قاراپ قويدى.

ئۇ يىگىرمە مىڭ رۇپىيەلىك چەكنى مەجلىس رەئىسىگە تاپشۇرۇپ بەردى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ چىرايى ئالاھىدە سۈرلۈك تۈس ئالدى. ئۇ بىردەم تۇرۇۋېلىپ سىگارت تاماكىنى قاتتىق بىر شوراپ، يەنە كۆپچىلىككە قاراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئىشىنىمەنكى، سىلەر چوقۇم چىرايلىق بىر دوختۇرخانا قۇرۇپ چىقالايسىلەر. سىلەردە ئۇلۇغۋار ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان روھ ۋە غەيرەت بار، — ئۇشتۇمتۇت ئۇ سۆزىنىڭ ئۇرانىنى ئۆزگەرتىپ، بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى، — لېكىن سىلەر دوختۇرخانىنى قانداق باشقۇرىسىلەر؟ دېمەكچى بولغىنىم

راسخوت مەسىلىسى. بۇنىڭدا پەقەت ئىككى خىللا شەكىل بار، يەنى يا ھۆكۈمەت ياردىمىگە تايىنىش، ياكى بولمىسا راسخوتنى ئۆزى تەييارلاش، ھازىر بۇ شەكىللەرنىڭ ئىككىلىسىلا مۇمكىن ئەمەس، — ئۇ يەنە تاماكىنى بىرنەچچە قېتىم شورىۋېلىپ، ئۇدۇلىدا ئولتۇرغانلارغا بىر قۇر قاراپ چىقىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — تەشكىلاتىڭلارنىڭ بۇ توغرۇلۇق قانداق ئويلاشقانلىقى ماڭا قاراڭغۇ. لېكىن، مېنىڭ ئازراق تەكلىپىم بار. مېنىڭ تەكلىپىمنى قوبۇل قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. تۇپتىن ئېيتقاندا، دوختۇرخانا خىراجىتىنىڭ مۇقىم بىر مەنبەسى بولۇشى كېرەك. سىلەر نېمىشقا دوختۇرخانا نامىدىن دورا ئىمپورت قىلىش رۇخسەت قەغىزى ئالمايسىلەر؟ بىر ئامال قىلىپ رۇخسەت قەغىزى ئېلىشنىڭ يولىنى قىلىشىڭلار كېرەك. بىراق، ئىمپورت قىلىنىدىغان دورىلارنىڭ رۇخسەت قىلىنىش مىقدارى دوختۇرخانىنىڭ ئېھتىياجىدىن كۆپ بولۇشى، ھېچبولمىغاندا ئىككى ھەسسە بولۇشى لازىم. ئارتۇق دورىلارنى بازاردا يۇقىرى باھادا ساتقىلى بولىدۇ. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىمنى بەلكىم تولۇق چۈشەندىڭلارغۇ دەيمەن؟ — ئۇ كۈلۈمسىرەپ كۆپچىلىككە يەنە بىر قاراپ قويدى. — دورا ئىمپورت قىلىشقا رۇخسەت قەغىزى ئېلىش ۋە دورىلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئىشلىرىدىن سىلەر غەم يېمەڭلار، ئۇنى ماڭا قويۇپ بېرىڭلار. لېكىن، يەنە بىر ئىشنى مۇشۇ يەردە ئىزاھلاپ ئۆتۈش زۆرۈردەك قىلىدۇ، يەنى دورا سېتىشتىن ئالغان پايدا مەسىلىسى. بۇنىڭ ئەللىك پىرسەنتى سىلەرگە رۇخسەت قەغىزى ئېلىپ بەرگەن ۋە دورىلارنى سېتىشقا مەسئۇل بولغان تەشكىلاتقا بېرىلىشى كېرەك، چۈنكى بۇ ئىش سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىن كەلمەيدۇ.

ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاش بىلەنلا كۆپچىلىك خاتىرجەمسىزلىنىپ، مىدىرلىشىپ كەتتى. ئۆيدىكى كەيپىيات بىرئاز جىددىيلىشىشكە باشلىدى. لېكىن، ھېچكىممۇ گەپ -

سۆز قىلمىدى. خان باھادۇر كەيپىياتىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى سەزدى. شۇنىڭ بىلەن چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

— بەلكىم سىلەر مېنىڭ تەكلىپىمدىن ھەيران بولۇپ، بۇ ئادەم نېمە دەپ بىلجىرلاۋاتىدۇ، بىزنى قاراڭغۇ بازار سودىسىنى قىلدۇرماقچى بولۇۋاتىدۇغۇ، دەپ قېلىشىڭلار مۇمكىن. ئەپەندىلەر، بۇنىڭ قاراڭغۇ بازار سودىسى ئىكەنلىكى يالغان ئەمەس، لېكىن بەزىدە مۇشۇنداق قىلمايمۇ بولمايدۇ. مەرھۇم سەئىدە جۆشى① جامائەت ئىشى ئۈچۈن ھەتتا پاھىشە ئاياللاردىنمۇ ئىئانە توپلىغان. ئىسلام ئۆلىمالىرى بۇ ھارام پۇل، ئۇنى ئىشلىتىش ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىلىرىگە پۈتۈنلەي ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، دەپ قارشى چىققانىدى. ئەگەر شۇ چاغدا سەئىدە جۆشى ئۆلارنىڭ گېپىنى قوبۇل قىلغان بولسا، ئەپەندىلەر، بۈگۈنكى ئالىگار ئۇنىۋېرسىتېتى بولمىغان بولاتتى. بۇ ئۇنىۋېرسىتېت ھىندى مۇسۇلمانلارنى سىياسىي جەھەتتە قوراللاندۇردى ۋە ئۇلارنى ئويغاتتى، — ئۇ ھەممىگە بىر قۇر قاراپ چىقتى، — مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، خەير - ساخاۋەت ئىشلىرىنى بېجىرىشتە ئانچە لايىقىدا بولمىغان بەزى ئىشلارنى ئاز - پاز قىلىشقىمۇ توغرا كېلىدۇ.

خان باھادۇر ئازغىنا تۇرۇۋېلىپ، تاماكىنى يېنىك بىر شوراپ قويۇپ، مەغرۇر ھالدا گىدىيىپ، كۆپچىلىكنىڭ ئىنكاسىنى كۈزەتتى. ئۆيئىچى ئىمتاس ئىدى. خان باھادۇر بىر يۆتىلىپ قويۇپ، خۇش چىراي بىلەن يەنە سۆزلىگىلى تۇردى، — مەن ھەرقايسىڭلارغا ھەمكارلىشىپ ئازراق ئىش قىلىشنى خالايمەن، لېكىن سوكۇلداپ - قاتراپ يۈرۈپ قىلىدىغان ئىشلارغا يارىمايمەن. مەن ئەللىك بەش ياشقا كىرىپ قالدىم. ئەمما، ئىش

① سەئىدە مۇھەممەتخان (1817 — 1898) — ھىندىستاندا ئۆتكەن تارىخشۇناس، مائارىپچى، ئۇ مەشھۇر ئالىگار مۇسۇلمانلار ئۇنىۋېرسىتېتىنى قۇرغان. (جۆشى، يەنى سىر، ياۋروپادىكى پادىشاھلىق ئەللەردە بېرىلىدىغان ئەڭ تۆۋەن مەرتىۋە).

قىلىش غەيرىتىم تېخى بار، مەن سىلەرنىڭ مەسلىھەتچىڭلار بولاي، مېنىڭ بۇ تەشكىلاتنىڭ رولىنى قانداق جارى قىلدۇرغىنىمنى كۆرۈپ بېقىڭلار. مېنىڭ بىر تەۋسىيەمنى ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلار، پۇل — بارلىق خىزمەتلەرنىڭ غايەت زور ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى. بىرەر تەشكىلاتنى تەسىس قىلماق ئاسان، لېكىن ياخشى باشقۇرۇپ كەتمەك ئاسان گەپ ئەمەس. مەبلەغ بولمايدىكەن، ھەرقانداق تەشكىلات ۋە كوللېكتىپنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس. قانداقلا بولسۇن، بۇگۈن مەن سەممىي تەكلىپىمنى ئالدىڭلارغا قويدۇم، دەڭسەپ كۆرەرسىلەر. بىر شائىر ناھايىتى ياخشى ئېيتمىغانمىدى:

پايدا - زىياننى كۆرسىتىپ، قىلدىم نەسىھەت.
قايسى ياخشى، قايسى يامان، ئۆزۈڭ پەرق ئەت.

بولدى، مېنىڭ دەيدىغانلىرىم مۇشۇ. ئەمدى قۇلىقىم سىلەردە.

ئۇ ئورۇندۇقتا بىمالال ئولتۇرۇپ، ئالدىرىماي سىگارت چەككىلى تۇردى. بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن بىرنەچچە ئەزا رەئىستىن سۆز قىلىشقا رۇخسەت قىلىشنى سورىدى. لېكىن، رەئىس رۇخسەت قىلمىدى.

— سىزنىڭ نەسىھەتلىرىڭىزگە ئىنتايىن مىننەتدارمىز، — دېدى ئۇ خان باھادۇرغا، — ئەمدى بىزگە بىر ئومۇميۈزلۈك ئويلىنىشىپ كۆرۈش پۇرسىتى بەرسىڭىز، ئاندىن بىر قارارغا كەلسەك.

— قارارىڭلارنى ماڭا قاچان ئۇقتۇرۇپ قويىسىلەر؟

— مەن مۇشۇ مەجلىستە ئاز - تولا نەتىجە چىقىشىغا ئىشىنىمەن.

— ئەگەر مېنىڭ مۇزاكىرىگە قاتنىشىشىمغا رۇخسەت قىلسىڭىز، ئۆزكۆز قارىشىمنى يەنىمۇ ئوبدانراق شەرھلەپ ئۆتۈشۈم مۇمكىن.

— ئەپسۇسكى، رۇخسەت قىلالمايمەن، — دېدى ئەلى

ئەھمەت، — بۇ، بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، مېنىڭچە، گېپىڭىز ناھايىتى ئېنىق سۆزلەندى، قايتا چۈشەندۇرۇپ ئولتۇرۇش ھاجەت ئەمەس.

خان باھادۇر ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالماي، كەچ سائەت توققۇزدا كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى. سىفۇت بەشىر پۈتۈن ئەزالارغا ۋاكالىتەن ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتى ھەمدە ئۇنى دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ قويدى.

خان باھادۇر كېتىش بىلەنلا بىرنەچچە ئەزا تەڭلا سۆزلەپ كەتتى. ئۇلار ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىشىپ مەجلىسخانىنى بىر ئالدى. رەئىس ئاران دېگەندە ئۇلارنى تىنچىتتى ۋە مۇزاكىرە جەريانىدا ئىككى خىل پىكىردىكىلەرنىڭ سۆزلىشىگە تەڭ ئېتىبار بېرىشنى بەلگىلىدى. شۇنداق بولسىمۇ سۆزلەۋاتقانلارنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋېتىش ئەھۋالى پات ـ پات يۈز بېرىپ تۇراتتى.

بۇ سۆزلىگۈچىلەرنىڭ سۆزىدىن ئەزالارنىڭ كۆپ قىسمى خان باھادۇرنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى ئاسانلا كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە سۇلايماننىڭ ئىپادىسى تېخىمۇ ئاكتىپ بولدى. ئۇ قاتتىق ھاياجان ئىلكىدە جۇشقۇن ۋە جەسۇرانە سۆزلەپ كەتتى، ئاۋازىمۇ ئادەتتىكىدىن يۇقىرى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ سۆزىدە، خان باھادۇرنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىشنى تەكىتلەپلا قالماي، بەلكى يەنە مەنىۋى ئەھمىيىتى نۇقتىسىدىن بىرتالاي كۆزقارىشىنى ئىزھار قىلدى.

— دورىلارنى قاراڭغۇ بازاردا ھايىنىغا سېتىشقا قوشۇلمىساڭلار، — دېدى ئۇ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، — ئۇنداقتا مەن شۇنى دەيمەنكى، مۇبادا بىز مۇشكۇل ئەھۋالدا قېلىشقا مەجبۇر بولساق، بانكىنى بۇلاشقىمۇ، كاپىتالىستلارنىڭ پولات ساندۇقىنى چېقىشقىمۇ، فېئودالىلارنىڭ قورۇقلىرىنى بۇلاشقىمۇ بولىدۇ. بىزگە پۇل كېرەك، خەلقنىڭ پاراۋانلىقى ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشنى قىلساق بولىۋېرىدۇ. بىزنىڭ ئىشلىرىمىز ئالىيجاناب ئىش، بىزنىڭ نىشانىمىز ئۇلۇغ نىشان. بىز ھېچنېمىگە

ئەسقاتمايدىغان ئەخلاق چۈشەنچىسىنى چۆرۈپ تاشلىشىمىز، قانداق قىلغاندا ئۆز پىلانىمىزنى ئىمكانقەدەر بۇرۇنراق ئىشقا ئاشۇرۇشقا بولىدىغانلىقىنى ئېنىق تونۇشىمىز، ھەرقانداق شارائىتتىمۇ ۋاقىت تەقەززاسىغا سەل قارىماسلىقىمىز لازىم.

ئۇ ئۇزاق سۆزلىدى. ئۇنىڭ سۆزى تۈگەش بىلەن تەڭ، قوللىغۇچىلىرى قىزغىن چاۋاك چېلىشىپ كەتتى.

«بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ بۇ قېتىمقى مەجلىسى چۈشتىن كېيىنلا باشلىنىپ، تاكى ئاخشامغىچە داۋاملاشتى. ئۇلار شۇ كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى چاينىمۇ مەجلىسخانىدىلا ئىچىشتى، ئارىلىقتا دەممۇ ئالمىدى. داچىنى مانان قاپلاپ، مەجلىسخانىدا سارغۇچ قىزىل تام چىرىغى يېقىلغان چاغدا، ئەلى ئەھمەت ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەستايىدىل ۋە خاتىرجەملىك بىلەن پىكىر بايان قىلدى.

— خىزمەتداشلار، مەن مەجلىس رەئىسى سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە ئۆز پىكرىمنى سۆزلەپ ئۆتەي. مېنىڭ قارىشىمچە، بەزى ئەزالار خان باھادۇرنىڭ تەكلىپىدە كۆزدە تۇتۇلغان تۈپ مەقسەتنى چۈشەنمىگەن. خان باھادۇر بىر سودىگەر، پۇل تېپىش ئۇنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش مەقسىتى ـ دە!

سۇلايمان گەپ قىستۇردى:

— بىز خان باھادۇرغا قارىتا ھېچقانداق خام خىيالدا بولۇۋاتقىنىمىزمۇ يوق، بىز ئۇنى پەرىشتە دەپ قارىمايمىز. لېكىن، بىز يەنە شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز لازىمكى...

ئەلى ئەھمەت ئۇنى داۋاملىق سۆزلىگىلى قويمىدى.

— مەن سۇلايماندىن گېپىمنى قىلىپ بولۇشقا رۇخسەت قىلىشنى سورايمەن، — دېدى ئۇ. ئۇنى خاپا قىلىشنى خالىمىغان سۇلايمان ئۈنچىقماي ئولتۇردى.

— مېنىڭ قارىشىمچە، خان باھادۇرنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش مەقسىتى پۇل تېپىش، يەنى ئۇ ئەڭ زور بايلىققا ئېرىشىشنىڭ كويىغا چۈشكەن، مۇنداق ئارزۇ خاتا. بۇ، باشقىلارنىڭ يېغىنى تارتىۋېلىپ ئۆزىنىڭ چىرىغىنى يېقىش بىلەن باراۋەر،

كەمبەغەللەرنىڭ قان ـ تەرىنى ئۆز ماشىنىسىنىڭ بېنزىنى قىلىش بىلەن باراۋەر. هازىر مىليونلىغان دېهقانلارنىڭ ئۈچىسىنى ياپقۇدەك كىيىمى يوق، لېكىن ئۇنىڭ ئۆيى تاۋار ـ دۇردۇن، شايى ـ ئەتلەسلەر بىلەن تولغان ... — ئەلى ئەهمەت سۆزلىگەنسېرى هاياجانلاندى، — بۇ، ئەمگەكچى خەلقنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ۋە بۇلاپ ـ تالاش !

كۆپچىلىك جىمجىت ئولتۇرۇپ، ئەلى ئەهمەتنىڭ سۆزىنى زېهىن قويۇپ ئاڭلىدى.

— بىز خان باهادۇر بىلەن هېچقانداق كېلىشىم قىلالمايمىز. ئۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ يولىمىز پۈتۈنلەي باشقا ـ باشقا. ئۇنىڭ غەرىزى «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نى ئۆزىنىڭ قورالىغا ئايلاندۇرماقچى. ئۇنىڭ تەكلىپى بويىچە ئىش كۆرىدىغان بولساق، ئالدى بىلەن دورىلارنى ئاپىرىپ قاراڭغۇ بازار سودىسى قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، ئۇنداقتا هامان بىر كۈنى دوختۇرخانىدىكى هەقىقىي دورىلار تۈرلۈك رەڭدىكى سۇغا ئايلىنىپ قالىدۇ ـ دە، ساختا دورىلار قاراڭغۇ بازارغا ئاقىدۇ. ئاقىۋەتتە ئىگە ـ چاقىسىز، نامراتچىلىق ـ موهتاجلىق ئىچىدە قالغان كېسەللەر قاراپ تۇرۇپ ئۆلۈپ كېتىدۇ، — ئەلى ئەهمەت قولىنى كۆتۈرۈپ، بىگىز قولى بىلەن يۇقىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — مېنىڭچە، بۇ تەكلىپنىڭ ئارقىسىغا «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نى ۋەيران قىلىپ، پۈتۈن ئەزالارنى ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە قويۇش غەرىزى يوشۇرۇنغان. «بوز تورغاي جەمئىيىتى» نېمىشقا بىر ئالىي دەرىجىلىك دوختۇرخانا قۇرماي بولمايدىكەن؟ نېمىشقا ئۇنىڭ خىراجىتىنىڭ كۆپ قىسمى قاراڭغۇ بازار سودىسىدىن كېلىشى زۆرۈر ئىكەن؟ نېمىشقا بەزى ئەزالارنىڭ ئېيتقىنىدەك، هەتتا بۇلاڭچىلىق ۋە تالان ـ تاراج قىلىشتىن كەلسىمۇ بولىدىكەن؟ قەدىرلىك ئەپەندىلەر، هازىر روبىنهان① ياشىغان پادىشاھ رىچاد زامانىسىدەك، بىرنەچچە باينى

① رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، 12 ـ ئەسىردە ئەنگلىيەدە ئۆتكەن قوزغىلاڭچى ئەزىمەت.

بۇلاپ، بىرنەچچە ئۆيلۈك يوقسۇلنى قۇتقۇزغىلى بولىدىغان دەۋر ئەمەس. بۇ — ئىلىم ـ بىلىم دەۋرى، پەن ۋە دېموكراتىيە دەۋرى. بۈگۈنكى كىشىلەر ئۆز مەسىلىلىرىنى ئىنتايىن ئېنىق بىلىپ، شۇ يولدا كۈرەش قىلىدۇ. بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى بىلىمگەنلەر ئانارخىستىك تەشۋىقات ئېلىپ بارىدۇ، بۇنىڭ بىلەن تۇيۇق يولغا كىرىپ قېلىپ، ھالاكەت يولىغا ماڭىدۇ!

ئەلى ئەھمەت كۆپچىلىكنىڭ چىرايىنى بىر قۇر كۆزىتىپ چىقىپ، يۇمشاق ئاھاڭدا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

— خان باھادۇرغا كەلسەك، مېنىڭچە، ئۇنىڭ بىلەن پەقەت دوختۇرخانا سېلىش جەھەتتىلا ھەمكارلىشىشقا، ئۇنىڭ ھەدىيەسىنى قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ، ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ. شۇنى ئېتىراپ قىلىمەنكى، مۇبادا ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلمايدىغان بولساق، ئۇ «بوز تورغاي جەمئىيىتى»گە ھەدىيە قىلىشقا قوشۇلمايدۇ. لېكىن، بۇ ئۇنىڭ «سەمىمىيلىكى ۋە ھېسداشلىقى» ئۈچۈن بىر سىناق. مەن كۆپ گەپ قىلماي، مەن ئىنتايىن سەمىمىيلىك بىلەن ئۆز كۆزقارىشىمنى ئىزھار قىلدىم، كۆپچىلىك پايدىلىنىپ كۆرسە.

ئۆيىدىكى تىمتاس بولۇپ كەتتى، ئەلى ئەھمەتنىڭ سۆزى مەجلىسخانىنىڭ كەيپىياتىنى ئۆزگەرتىۋەتتى، شۇ سەۋەبتىن، ئاۋازغا قويۇشنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى قالماي، بارلىق ئەزالار ئۇنىڭ كۆزقارىشىغا قوشۇلدى.

كەچ سائەت توققۇز بولغاندا خان باھادۇرنىڭ ماشىنىسى يەنە بىر قېتىم «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ باش ئورگىنىدا پەيدا بولدى. ئۇ تەبەسسۇم بىلەن مەجلىسخانىغا كىرىپ كەلدى. سىفۇت بەشىر، ئەلى ئەھمەت ۋە فېشىم ئەلالار ئۇنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشاتتى. خان باھادۇر كىرگەندىن كېيىن بىردەم ئۇياق ـ بۇياقتىن پاراڭ سېلىشىپ كېلىپ، ئاندىن ئاساسىي تېمىغا ئۆتتى.

— قېنى قارارىڭلارنى ئېيتىپ بېقىڭلار.

— خان باھادۇر ئەپەندى، — دېدى سىفۇت بەشىر جاۋابەن، — ئەپسۇسكى، سىزنىڭ تەكلىپىڭىزنى قوبۇل قىلالمايمىز. لېكىن دوختۇرخانا سېلىشتا بىزگە ئىقتىسادىي ياردەم بېرىشنى خالىسىڭىز، بۇنىڭغا ئىنتايىن مىننەتدار بولىمىز.

بۇ گەپنى ئاڭلاپلا خان باھادۇر تاتىرىپ كەتتى.

— ئۇنداق بولسا قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ئويلىنىپ كۆرۈشۈمگە توغرا كېلىدۇ، — دېدى ئۇ ئالدىراپ - تېنەپ.

ئەلى ئەھمەت گەپ - سۆزمۇ قىلماستىن، يىگىرمە مىڭ رۇپىيەلىك چەكنى ئېلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى.

— مانا بۇ چەك، ئۆزىڭىز بەلگىلەرسىز.

— ۋاي - ۋۇي، ئەيىبكە بۇيرۇماڭلار، — دېدى خان باھادۇر ئالدىراپ، — پۇل دېگەن جاپالىق ئەمگەك ھېسابىغا كېلىدۇ. مەن مەلۇم بىر ئىش ئۈچۈن پۇل تەقدىم قىلىماقچى بولسام، سىلەرنىڭمۇ پۇل تەقدىم قىلىشىمغا ئەرزىيدىغان ياكى ئەرزىمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆرۈشۈمگە يول قويۇشۇڭلار كېرەك. ئويلاپ بېقىڭلار، بۇ يىگىرمە مىڭ رۇپىيە دېگەن ئاز گەپ ئەمەس - دە!

— كىم سىزنى ئويلاپ كۆرمە دېيەلەيدۇ؟ — دېدى ئەلى ئەھمەت ئىنتايىن ئەستايىدىللىق بىلەن، — ئەگەر «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ پىلانىغا قوشۇلمايدىغان بولسىڭىز، ئۇنداقتا ھەرقانداق ھەمكارلىشىش مەسىلىسى مەۋجۇت بولمايدۇ.

— ھەي ي ي، مېنىڭ مەقسىتىمنى چۈشەنمەپسىلەر، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — سىلەرنىڭ پىلانىڭلارغا مەن يۈزدە يۈز قوشۇلىمەن. لېكىن، سىلەرنىڭ كونكرېت ئىشلەش ئۇسۇلۇڭلارغا بىرئاز قوشۇلمايمەن. سىلەر مېنىڭ تەكلىپىمنى مەلۇم كەيپىيات بىلەن ئويلاشقاندەك قىلىسىلەر، ئۇنداق بولمىسا، قوبۇل قىلماي قالمايتىڭلار.

سىفۇت بەشىر بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ تۇرۇۋىدى، ئاڭغىچە

فېشىم ئەلا سۆزلىۋالدى:

— خان باھادۇر ئەپەندى، بىزنىڭ مەجلىسىمىز سىزنىڭ تەكلىپىڭىزنى ئومۇمىيۈزلۈك ئويلىشىپ كۆردى، قىلغان قارارنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ.

— ئەپەندىلەر، مەن زادى چۈشىنەلمىدىم! — دېدى خان باھادۇر.

فېشىم ئەلا خان باھادۇرغا تىكىلىپ بىر قاراپ قويۇپ:

— كەچۈرۈڭ، — دېدى ئۇ، — سىز تېخى ھازىر بۇ مەسىلىنى چۈشىنىشىڭىز مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، سىز بىلەن بىزنىڭ مەسىلىنى ئويلاش ئۇسۇلىمىز تۈپتىن پەرقلىنىدۇ.

خان باھادۇرنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ كەتتى، ئۇنىڭغا فېشىم ئەلانىڭ گېپى ئانچە ياقمىدى. ئۇ بىرئاز ئويلىنىپ قېلىپ، ئاندىن چەكنى ئېلىپ سومكىغا سالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كۆكسى ـ قارنىنى كەڭ قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن، چىرايىغا يالغاندىن كۈلكە يۈگۈرتۈپ:

— سىلەر تېخى ياش، زېھنىڭلار تولۇپ يېتىلمىگەن، مېنىڭ تەۋسىيەمنى ئاڭلىمىسىلەر، ئاڭلىمامسىلەر، ئىختىيار ئۆزۈڭلەردە، — دەپ قويدى.

## 5

نىيازنى مۇشۇ كۈنلەردە قاتتىق غەم بېسىۋالغانىدى. ھەربىي تەييارلىقلار ئىسكىلاتى ئىسكىلاتتا ساقلىنىپ قالغان بىر تۈركۈم ماددىي ئەشيالارنى «كىم ئارتۇق» قىلىپ بازارغا سېلىپ ساتقىلى تۇرغانىدى. نىيازمۇ ئۆلگۈرۈپ باردى. ئۇنىڭ شۇ نەرسىلەر ئىچىدىكى بىر تۈركۈم يۇڭ ئەديالنى سېتىۋالغۇسى بار ئىدى. لېكىن، باھاسى ئۇنىڭ مۆلچەرىدىن يۇقىرى ئىدى. نىياز ئۆيدىن چىقىشتا ئاشۇ مالنى ئېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانىدى. كىشىلەر ئۆزۈكسىز باھاسىنى كۆتۈرۈۋەتكەچكە،

ئاخىر ئۇ ئون سەككىز مىڭ روپىيەگە سېتىۋالدى ـ دە، خۇشاللىق بىلەن ماللارنى ماشىنىغا بېسىپ دۇكانغا ئەكەلدى. ئۇ: «قىش بولغاندا يۇڭ ئەدىيالنى ئوبدان باھادا ساتقىلى بولىدۇ» دەپ ئويلاتتى. لېكىن، بولاقنى ئېچىپ كۆرۈپلا كۆڭلى پۇتۇنلەي سوۋۇپ كەتتى. ئەدىيالنىڭ بەرى چىرىپ كەتكىنى چىرىپ كەتكەن، پاختىلىشىپ كەتكىنى پاختىلىشىپ كەتكەنىدى. سەل قاتتىقراق تارتىپ قويسا، قەغەزدەك يىرتىلىپ كېتەتتى. بۇ يۇڭ ئەدىياللار ھەربىي تەييارلىقلار ئىسكىلاتىنىڭ يۈك مەيدانىدا ئۇزاق ۋاقىتقىچە زەي تارتىپ ھۆللىشىپ كەتكەنىدى. ئەمدى پايدا ئېلىش تۈگۈل دەسمايىسىنى ئوندۇرۇۋېلىشتىنمۇ ئۈمىد يوق ئىدى. ئۇ بىر ـ ئىككى ۋاستىچىگە مالنى كۆرسىتىۋىدى، ئۇلار مالنىڭ ئەۋرىشكىسىنى ئەكېتىپ، ھايال بولمايلا، گەپ ـ سۆزمۇ قىلماستىن مالنى قايتۇرۇپ ئەكېلىپ بەردى. باھاسىنى ھەرقانچە ئەرزانلاتسىمۇ، بۇ يۇڭ ئەدىياللارنى ھېچكىم ئېلىشنى خالىمىدى. نىياز ئۇدا بىرنەچچە كېچە ئۇخلىيالمىدى، كۈنبويى بېشى قېتىپ، بوغنىقىپ يۈردى. بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا ياداڭغۇ چىراي بولۇپ، پېشانىسىدە بىرمۇنچە قورۇق پەيدا بولۇپ قالدى. بىر كۈنى خېلى كەچ بولۇپ قالغان چاغدا، پەرىشان ھالدا ئۆيگە قايتىپ بېرىۋىدى، كارىدوردا ئايالىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز ھەيران بولدى. رازىيە ئۆيدە ياتقانىكەن. نىياز ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ قارىسا، ئۇنىڭ بەدەنلىرى قاتتىق ئاغرىپ، يۈزلىرى قىزىرىپ، كۆزلىرى ئىششىپ كەتكەنىدى. نىياز خوتۇنىنىڭ كارىۋىتى يېنىدا تۇرۇپ: «مەن كېچە ـ كۈندۈز ئىنتىزار بولۇپ كەلگەن پۇرسەت ئەمدى كەپتۇ، ئەمدى پىلانىمنى دەرھال ئىشقا ئاشۇراي» دەپ ئويلىدى.

ئۇ خوتۇنىغا بىرمۇنچە يېقىملىق گەپلەرنى قىلىپ، بىردەم تەسەللى بېرىپ قويۇپ، ئاندىن سىمىز دوختۇر بىلەن كۆرۈشۈشكە كەتتى. بۇ چاغدا سىمىز دوختۇر شىپاخانىسىنى تاقاپ، ئۆيىگە قايتاي دەپ تۇرغانىدى. شىپاخانىدا كېسەللەر يوق

ئىدى، دورىگەرمۇ كېتىپ بولغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئالدىرىماي سۆزلەشتى.

ئىش ئاللىبۇرۇن بېكىتىلگەن بولۇپ، نىياز ئالدىن مىڭ رۇپىيە بەرمەكچى بولغانىدى. لېكىن، ئۇ بۇ پۇلنى ھازىرچە بېرەلمەيتتى. مۇشۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ ھەممە مەبلىغى يۇڭ ئەدىيال ۋە باشقا ئىككى تۈرلۈك سودىغا ئىشلىتىلىپ بولۇنغانىدى. ئۇ سېمىز دوختۇردىن مۆھلەتنى بىرئاز ئۇزارتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىۋىدى، سېمىز دوختۇر خاپا بولۇپ:

— بولمايدۇ، ئالدىن بېرىلىدىغان پۇلنى ئېلىپ ئاندىن ئىشلەيمەن، — دېدى.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھودۇقۇپ كەتكەن نىياز، ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلىرىنى بىر قۇر سۆزلەپ، بىرمۇنچە ياخشى گەپلەرنى قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن سېمىز دوختۇرنىڭ پوزىتسىيەسى يۇمشاپ، ئاخىر ئۇنىڭغا بىر ئايلىق مۆھلەت بەردى. بىراق، سېمىز دوختۇر ئەگەر شۇ بەلگىلەنگەن مۇددەتتە پۇل قولىغا تەگمىسە، ئوكۇل سېلىشنى توختىتىپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنى قورقۇتۇپ قويدى.

نىياز شۇ ھامان سېمىز دوختۇرنى ئۆيىگە باشلاپ باردى. سېمىز دوختۇر رازىيەنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى تەكشۈرۈپ كۆردى. ئەمەلىيەتتە كېسەل ئەھۋالى ئېغىر ئەمەس، ھاۋانىڭ ئۆزگىرىشى تۈپەيلىدىن بولغان زۇكام ئىدى، داۋالىسىمۇ بىر ـ ئىككى كۈندە ساقىيىپ كېتەتتى. لېكىن، دوختۇر ئاجايىپ ـ غارايىپ بىر كېسەل نامىنى دەپ رازىيەنى قورقۇتۇپ، يۈرەك ئۆز ئىقتىدارىنى پۈتۈنلەي يوقاتقانلىقىنى، ئۇچەيمۇ زەخىملەنگەنلىكىنى ئېيتتى ۋە يەنە كېسەلنىڭ ئالدىدىلا نىيازغا بۇ كېسەلنى مۇنتىزىم داۋالاش كېرەك، بولمىسا، ھاياتى خەۋپكە ئۇچرايدۇ، بىر داۋالاش باسقۇچى تۈگىگۈچە ئوكۇل سېلىش كېرەك، دەپ تەكلىپ بەردى ھەمدە شۇ يەردىلا تۇنجى ئوكۇلنى سالدى ۋە بۇ كېسەلنىڭ سۇنى ئاز

ئىچىشىنى، تۈزنى كۆپ ئىستېمال قىلىشى، جىسمانىي ئەمگەكتىن ساقلىنىشى لازىملىقىنى تاپىلىدى.

ئىككى ـ ئۈچ كۈندىن ـ كېيىن، رازىيەنىڭ ئىسسىتمىسى يېنىپ، سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. سېمىز دوختۇر ھەر ئۈچ كۈندە بىر كېلىپ، رازىيەگە ئۆز قولى بىلەن ئوكۇل سېلىپ تۇردى. بىر مەزگىللىكچە كېسەلنىڭ سالامەتلىكى نورمال تۇردى. لېكىن، تۇيۇقسىزلا كېسەل ئەھۋالى ئېغىرلىشىپ كەتتى. دوختۇر بىرئاز دورا بېرىۋىدى، ئۇنى يەپ ئازراق ياخشى بولدى.

ئەمما، رازىيە كۈندىن ـ كۈنگە ئاجىزلىشىپ كېتىۋاتاتتى. دوختۇر ئەمگەك قىلىشنى مەنئى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن رازىيە ئەمگەك قىلىپ ئۆگىنىپ قالغاچقا، يەنىلا ئاز ـ تولا ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى. بىراق، ئۇ ئازغىنا، يېنىك جىسمانىي ئەمگەك قىلىپ قويسىلا، دېمى سىقىلىپ، قاتتىق ھاسىراپ، كۆزلىرىگە قاراڭغۇچىلىق تىقىلىپ كېتەتتى ـ دە، شۇنىڭ بىلەن يېتىپ قېلىپ، خېلى ئۇزاقتا ئەسلىگە كېلەتتى.

بىر كۈنى ئۇ لاغىلداپ تىترەپ تۇرۇپ، نىيازغا ئۆزىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى ئېيتىۋىدى، لېكىن نىياز خاپا بولۇپ:

— بۇ بىر خىيالىي تۇيغۇ، — دەپ قويدى.

— مېنىڭ كېسىلىمنىڭ قانداقلىقىنى سىز نەدىن بىلىسىز! بۇ دوختۇر قانداق داۋالاۋاتىدىكىنتاڭ، كېسىلىم ياخشىلىنىش تۇگۇل كۈندىن ـ كۈنگە يامانلىشىپ كېتىۋاتىدۇ.

— سىز ھەمىشە يوقىلاڭ خىياللارغا بېرىلىدىكەنسىز، — دېدى نىياز دەرھاللا، — كۈنبويى قاملاشمىغان ئىشلارنى ئويلاپلا يۈرىدىكەنسىز. كېسىلىڭىزنىڭ يامانلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېچ كۆرمىدىمغۇ، ئەكسىچە، سالامەتلىكىڭىز بۇرۇنقىدىن ياخشى بولۇپ قالدى. يوقىلاڭ خىياللارغا بېرىلىش كېسەلنى گىرىپتسىيەنىڭ خاسىيەتلىك تېۋىپلىرىمۇ ساقايتالمايدۇ.

— سىزگە نېمە دېسەم بولار؟ — دېدى رازىيە ئامالسىز

قىلىپ.

— ئۇنداق بولسا خەيرىيەت دوختۇرخانىسىغا بېرىڭ، شۇ يەردە كېسەللىكىڭىزنى ساقايتالايدۇ! — دەپ ۋارقىرىدى نىياز كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ.

بىردەمدىن كېيىن ئۇ سۆزىنى يۇمشاتتى.

— قاراڭ، يېقىندىن بېرى كۆڭلۈم جايىدا ئەمەس، بىكاردىن - بىكار مېنى غەم قىلدۇرمىسىڭىز قانداق؟ ئەگەر مەن بىرەر پالاكەتچىلىككە يولۇقۇپ قالسام، ئۇ چاغدا خالىغان كىشىڭىزگە داۋالىتىۋالارسىز.

خوتۇنى ئۇنىڭ قورقۇتۇپ قىلغان بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ، لام - جىم دېمىدى.

نىياز يەنە بىردەم كوتۇلدىغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا ماڭدى.

— مۇشۇنداق كەچتە نەگە بارىسىز؟ — دېدى ئايالى.

— جەھەننەمگە، — دېدى ئۇ ئاچچىقى بىلەن.

رازىيە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا قاراپ ماڭدى.

— ھەرگىز چىقىپ كەتمەڭ.

نىياز ئىشىكنىڭ ئالدىغا بارغاندا قەدىمىنى ئاستىلاتتى. رازىيە ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ، بىلىكىدىن تارتىپ ئۆيگە ياندۇرۇپ ئەكىردى. نىياز قېيىدىغان كىچىك باللاردەك دومسىيىپ كارىۋاتقا چىقىپ سوزۇلۇپ ياتتى، رازىيە كارىۋاتنىڭ لېۋىدە ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ بېشىنى تۇتۇشقا باشلىدى. شۇندىن ئېتىبارەن رازىيە بۇ ئىش توغرۇلۇق ئىككىنچىلەپ نىيازغا ئېغىز ئاچماي، داۋالىق داۋالىنىپ، ئوكۇل سالدۇرىۋەردى. لېكىن، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى سارغىيىپ كەتتى. ئۇنىڭغا يۈرىكى داۋالىق ئىچىگە تارتىشىپ تۇرغاندەك بىلىنەتتى، نەپەس ئېلىشى تېزلىشىپ، يۈرەك سوقۇشى كۈچىيىپ كېتىۋاتاتتى.

داۋالاش تۈتىنچى ھەپتىگە قەدەم قويدى. نىياز ئالدىن بېرىلىدىغان مىڭ رۇپىيە پۇلنىڭ غېمىدە ئىدى. لېكىن، بۇ

پۇلنى بېرىۋەتسە، ئۇنىڭ دۇكىنىنى تاقىلىپ قالاتتى. يېقىندىن بۇيان ئۇ ئاران ئىككى - ئۈچ مىڭ رۇپىيەنى ئوبوروت قىلىپ تىجارىتىنى ئاقتۇرۇۋاتاتتى. نىيازنى بارغانسېرى غەم بېسىۋالدى. ئۇ: «ئەگەر دوختۇر ئوكۇلنى توختىتىپ قويسا، چاتاق بولىدۇ. سۇغۇرتا شىركىتىگە ئالدىنقى يېرىم يىل تۆلىگەن بىر نەچچە مىڭ رۇپىيە سۇغۇرتا ھەققىمۇ سۇغا چۈشكەن تاشتەك يوقاپ كېتىدۇ» دەپ ئويلايتتى.

ئۇنىڭ مۇشۇ ئىش توغرىسىدا بېشى قېتىپ تۇرغاندا، بىر كۈنى كەچقۇرۇن خان باھادۇر نىياز بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتتى. خان باھادۇر بىر ۋاستىچى سودىگەردىن نىيازدا بىرمۇنچە يۇڭ ئەدىيال بارلىقىنى ئاڭلاپ يۇڭ ئەدىيال سودىسىغا قىزىقىپ قالغانىدى.

نىياز شۇ كۈنى ئاخشىمى خان باھادۇر بىلەن كۆرۈشكىلى بېرىپ، قىزغىن كۈتۈۋېلىندى. خان باھادۇر نىياز بىلەن بىللە ئۆزىنىڭ ھەشەمەتلىك مېھمانخانىسىدا ئولتۇرۇپ نىيازنى قىزىق سۈتلۈك چاي بىلەن مېھمان قىلدى. ئاندىن يېنىدىكى قىسقۇچنى ئېچىپ، ماشىنىدا بېسىلغان بىر ۋاراق ھۆججەتنى ئېلىپ نىيازغا سۇندى.

— مەندە بەش مىڭ دانە يۇڭ ئەدىيال ئېلىش توغرىسىدا يېزىلغان ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ بىر زاكاز تالونى بار، ئەگەر سودىمىز كېلىشىپ قالسا، سىزنىڭ يۇڭ ئەدىياللىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى مەن ئالىمەن.

— بۇنىڭ ئويلاپ ئولتۇرىدىغان نېمىسى بار؟ — دېدى نىياز دەرھاللا، — باھاسىنى دېيىشسەك، ماڭىمۇ ئاز - پاز نەپ تەگسە بولدى. ھەممىنى سېتىپ بېرىمەن.

— مەن ئۆزۈم ئالمايمەن، — دېدى خان باھادۇر، — سىزنىڭ مېلىڭىز مېنىڭ قولۇمدىن ئۆتۈپ سېتىلىدۇ. پايدىسىنى سۆزلىشىپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز. مەن ساتقۇچىغا ھەربىر يۇڭ ئەدىيال ئۈچۈن ئون رۇپىيە پايدا بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. بۇ،

ھۆكۈمەت ماقۇل بولغاندىن كېيىن بېرىلگەن مال زاكاز قىلىش تالونى.

نىياز خان باھادۇرنىڭ گېپىنى چۈشەنمىدى.

— ھۆكۈمەت ھەربىر يۇڭ ئەدىيال ئۈچۈن سىزگە ئون رۇپىيە پايدا بەرسە، سىز ماڭا قانچە پۇل بېرىسىز؟ — دېدى ئۇ.

خان باھادۇر ئوبدانراق چۈشەندۈرۈشكە مەجبۇر بولدى.

— ئاڭلاپ تۇرۇڭ، مۇنداق بىر چارە بار، مەن سىزدىن مالنى ئالىمەن، ماڭا قولدىن ئۆتكۈزۈش ھەققى بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. لېكىن، مېنىڭ بۇ چارىنى قوللانغۇم يوق. مېنىڭ شەرتىم مۇنداق: يۇڭ ئەدىيال سېتىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن كەلگەن پايدىنىڭ قىرىق پىرسەنتىنى سىز ئالىسىز، قىرىق پىرسەنتىنى مەن ئالىمەن، يىگىرمە پىرسەنتى ھۆكۈمەت ئەمەلدارىغا تەئەللۇق بولىدۇ. چۈنكى، بۇ سودىنى شۇ كىشى تەستىقلىغان، بۇنىڭدىن كېيىنكى تىجارەت ئىشلىرىدىمۇ يەنە ئۇنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىدىغان گەپ. قانداق، قېنى ئۆزىڭىز ئويلىنىپ كۆرۈپ بىرنېمە قىلارسىز.

«بۇ ئوبدان سودا ئىكەن، — دەپ ئويلىدى نىياز، — ئاسانلا بىرنەچچە مىڭ رۇپىيە نەپ تېگىدىكەن. بۇ يۇڭ ئەدىياللارنى قولدىن چىقىرىش بەسى مۈشكۈل ئىش ئىدى. مۇنداق كۆپ پۇلنى نەدىن تاپقىلى بولسۇن؟»

— شەرتىڭىزنى تامامەن قوبۇل قىلىمەن، يەنە قانداق شەرت بولسا ئېيتىڭ، — دېدى ئۇ ئىچىدىكى خۇشلۇقنى ئاران بېسىۋېلىپ.

— بۇ — ئاساسىي شەرت، — دېدى خان باھادۇر كۈلۈپ قويۇپ، — يەنە قانۇن جەھەتتىكى بەزى ئۇششاق شەرتلەر بار. بۇ توغرۇلۇق توختام تۈزگەن چاغدا سۆزلىشەرمىز.

بۇ سودا مۇشۇنداق ئاسانلا پۈتۈپ قالدى. نىياز بۇنىڭدىن چەكسىز خۇشال بولۇپ كەتتى. ئىككىيلەن بىردەم سودا - تىجارەت ئىشلىرى توغرۇلۇق پاراڭلاشتى ۋە ئىمكانقەدەر

چاپسانراق ئادۋوكات ئارقىلىق توختام تۈزۈشنى بەلگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن نىياز ئۆيىگە قايتىپ كەتتى. بۇ كۈنى ئۇ پەۋقۇلئاددە مەمنۇن بولغانلىقىنى ئىپادىلىدى، ئۇنىڭ چىرايىنى قاپلىۋالغان غەم تۇمانى پۈتۈنلەي تارقاپ كەتتى.

ئۈچىنچى كۈنى توختام ئىمزالاندى. توختامدا ھۆكۈمەت ئەمەلدارىغا بېرىلىدىغان پۇل تىلغا ئېلىنماي، بەلكى رەسمىيەت ھەققى دېگەن قىسمىغا كىرگۈزۈۋېتىلگەنىدى. نىياز توختامنىڭ قوشۇمچە نۇسخىسىنى يانچۇقىغا سالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ: «خان باھادۇر مەدەنىي ۋە ئاق كۆڭۈل ئادەم ئىكەن» دەپ ھېس قىلدى. ئىش ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق بولدى، ئەگەر خان باھادۇر خالىسا، ئۇنىڭ يۈك ئەدىيالىنى تۆۋەن باھادا ئېلىپ، ئاندىن كۆپ پايدا تېپىشى تامامەن مۇمكىن ئىدى.

ئىش مۇنداق ئىدى: قاتتىق قارا يامغۇر يېغىش تۈپەيلىدىن پەنجاپ ۋە سىند ئۆلكىلىرى پەۋقۇلئاددە چوڭ سۇ ئاپىتىگە ئۇچرىغان بولۇپ، كەلكۈن يېزا ـ كەنتلەرنى ۋەيران قىلغان، ئون مىڭلىغان ئادەم ئۆي ـ ماكانسىز قالغان، ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەل تارقىلىپ كەتكەن، دېھقانلار ئارقا ـ ئارقىدىن كېسەل بولۇپ يىقىلىۋاتقانىدى. ھۆكۈمەت ئاپەتكە ئۇچرىغانلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بىرمۇنچە جايدا قۇتقۇزۇش پونكىتى قۇرغانىدى. ئاپەتكە ئۇچرىغانلارنى تەمىنلەيدىغان ماددىي ئەشيالار ئىچىدە يۈك ئەدىيالمۇ بار ئىدى، شۇ سەۋەبتىن خېرىدار چاقىرىلغانىدى. خان باھادۇرنىڭ قۇتقۇزۇش كومىتېتىدىكى قايسىبىر خېرىدار بىلەن توختام تۈزۈشنى تەستىقلايدىغان ئەمەلدار بىلەن بۇرۇندىن ئالاقىسى بار ئىدى، شۇڭا ئۇلار كۆرۈشۈش بىلەنلا ئىش چاپسانلا پۈتتى. خان باھادۇر بىلەن نىياز توختام ئىمزالىغاندىن كېيىن، ھەر ئىككىسى ئىنتايىن مەمنۇن بولدى. لېكىن، يۈك ئەدىيالنىڭ ئەۋرىشكىسى ئەۋەتىلگەندىن كېيىن ئۇلار تازا خاتىرجەم بولالمىدى. چۈنكى، ناۋادا ئەۋرىشكە قايتۇرۇۋېتىلسە، ئۇلارنىڭ پۈتۈن پىلانى سازلىقتا سىيلىنغان

مۇناردەك گۇمران بولاتتى. بىراق، تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋالغۇچى ئەمەلدار پايدىنىڭ يىگىرمە پىرسەنتىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەۋرىشكە چاپسانلا تەكشۈرۈشتىن ئۆتۈپ كەتتى ھەمدە مال تاپشۇرۇش باشلاندى.

پاختىلىشىپ، چىرىپ كەتكەن يۇڭ ئەدىياللار نىيازنىڭ دۇكىنىدىن قۇتقۇزۇش پونكىتىغا توشۇلاتتى، ئاندىن ئۇ يەردىن دېھقانلارغا تارقىتىلىپ بېرىلەتتى. تاپشۇرۇش خىزمىتى بىر ھەپتە ئىچىدە ئاياغلاشتى. خان باھادۇر ئۆزىنىڭ ھوقۇقىغا تايىنىپ، ئون بەش كۈندىن كېيىن ھېساباتنى تاماملاپ، يۇڭ ئەدىيالنىڭ پۇلىنى قولىغا ئالدى: دەسمايە ۋە باشقا چىقىملار چىقىرىۋېتىلگەندە، ئۇنىڭغا يىگىرمە بەش مىڭ رۇپىيە ساپ پايدا قالدى. خان باھادۇر بىلەن نىيازنىڭ ھەربىرىگە ئون مىڭ رۇپىيەدىن تەگدى. ئەمەلدارغا توختام بويىچە بەش مىڭ رۇپىيە تەگدى.

نىيازنىڭ قولىغا پۇل تەگكەن كۈنى خۇشاللىقىدىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى. ئۇ بازاردىن تاتلىق يېمەكلىكلەر ۋە گۈلچەمبىرەك سېتىۋالدى، يەنە بىرمۇنچە پۇل خەجلەپ ئايالىغا باشقا نەرسىلەرنى ئالدى ـ دە، ئېچىلىپ ـ يايراپ، ئىرغاڭلاپ مېڭىپ ئۆيگە قايتتى. ئۇ گۇگۇم ۋاقتىدا ئۆيگە يېتىپ باردى. رازىيە كۆزىنى يۇمۇپ كارىۋاتتا ياتاتتى، سۇلتانە غەمكىن ھالدا يېنىدا ئولتۇراتتى.

نىياز يېقىن كېلىپ قاراپ، ئايالىنىڭ قوللىرى تەرلەپ بىھوش ياتقانلىقىنى كۆردى، چىراغ يورۇقىدا ئۇنىڭ چىرايى زەپىراندەك سارغايغان، پېشانىسىدىن مونچاق ـ مونچاق تەر تەپچىرەپ چىققان، كۆزلىرىنىڭ ئەتراپى قارىداپ كەتكەن، يۈزىنىڭ تېرىسى بوشىشىپ كەتكەن بولۇپ، بۆلەكچىلا قېرى كۆرۈنەتتى. نىياز ئىقتىسادىي جەھەتتىكى پەرىشانلىق تۈپەيلىدىن بۈگۈنگىچە ئايالىنىڭ كېسىلىگە ئانچە كۆپ دىققەت قىلىپ كەتمىگەنىدى. بۇ قېتىم زەن قويۇپ قاراپ، بىردىنلا كاللىسى

ئېلىشىپ كەتتى، شۇ تاپتا رازىيە ئۇنىڭغا يىرگىنچلىك ۋە بەكمۇ سەت كۆرۈنۈپ كەتتى. «بۇ خوتۇن ئەمدى ئۆلسۇن، مۇنداق قۇرۇق ئۇستىخان بولۇپ قالغان نەرسە ماڭا ئەسقاتمايدۇ» دەپ ئويلىدى ئۇ زەردە بىلەن.

ئۇ بىرچەتتە ئولتۇرغان سۇلتانەگە قارىدى. ئۇنىڭ تولغان بەدىنى، فىگۇرسى ۋە چىراغ يورۇقىدا نۇرلىنىپ تۇرغان مەڭزى كىشىنى مەپتۇن قىلاتتى! سۇلتانە ئىختىيارسىز ھالدا نىيازغا قاراپ قويدى. ئۇنىڭ يوغان ۋە قاپقارا كۆزلىرى بەئەينى نېلۇپەرگە ئوخشايتتى. نىياز ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىيالماي، دەرھال بېشىنى تۆۋەن سالدى.

— ئانىڭىز نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— تېخى بايىلا گەپ ـ سۆز قىلىپ ئوبدانلا ئولتۇراتتى، ئۇشتۇمتۇت بولالماي قالدى.

— كەچقۇرۇن يۆيۈنغانمىدى؟

— ياق، پات ـ پات مۇشۇنداق كېسىلى قوزغىلىپ قالىدۇ. «مەيدەم ئاغرىيدۇ» دەيدۇ.

نىياز باشقا گەپ ـ سۆز قىلماي، دەرھال ئارقىسىغا قايتىپ سېمىز دوختۇرنىڭ قېشىغا باردى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن قەبىھلىك ئالامەتلىرى ئېپادىلىنىپ تۇراتتى، ئۇ دوختۇرغا مىڭ رۇپىيە بەردى ۋە ۋاقتىدا بىرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئەپۇ سوردى.

— ئەپەندى، — دېدى ئۇ يەنە، — بىر يىل كۈتمەي، مەسىلىنى بۇرۇنراق ھەل قىلىۋەتسەك ئوبدان بولاتتى.

— مەن بۇرۇنلا دېگەنىدىم، سىز ئۇنىمىدىڭىز. ۋاقىت ئۇزىراپ كەتسىمۇ خەتەرلىك بولىدۇ.

— شۇنداق بولسۇن، ئەپەندى، سىزنىڭ ئىختىيارىڭىزغا قويدۇم، ئەمدى ھېچنېمىمۇ دېمەيمەن، — دېدى نىياز خۇشامەت قىلىپ.

# ئالتىنچى باب

## 1

قىش كۈنلىرىنىڭ تۇمانلىق بىر ئاخشىمى. سائەت ئونغا داڭ ئۇرغانىدى. «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ پۈتۈن ئەزالىرى مەجلىسخانىدا ئايلىق مەجلىس ئېچىۋاتاتتى. سەئدى دوختۇر تەشكىلىي پائالىيەتلەر توغرىسىدا دوكلات بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئەزالار مۇزاكىرە قىلدى ۋە دوختۇرخانا سېلىش توغرىسىدىكى پىلاننى ماقۇللىدى.

مەجلىستە، دوختۇرخانا سېلىش ئۈچۈن مەخسۇس بىر گۇرۇپپا قۇرۇلۇپ، بۇ گۇرۇپپىنىڭ باشلىقلىقىغا مۇھەممەت ئالىم تەيىن قىلىندى. چۈنكى، ئۇ بۇرۇن بىناكارلىق شىركىتىدە ئىشلىگەن بولۇپ، قۇرۇلۇش خىزمىتى جەھەتتە ئەمەلىي تەجرىبىگە ئىگە ئىدى. ئۇلار ئالدى بىلەن مۇھەممەت ئالىم ئۆي ئۆلىنى ئۆلچەپ چىقىشنى، ئاندىن بىناكارلىق شىركىتىدىن قورال ـ سايمان ئىجارىگە ئېلىپ، ئەزالار ئۆزلىرى ئىشلەپ ئۇل كولاشنى پىلانلىدى.

ئەتىسى سەھەردە مۇھەممەت ئەلى ئىككى ئەزانى ئېلىپ ئۆلچىگىلى باردى. ئۇلار نەق مەيدانغا بېرىپ بىر قاراپلا قاتتىق ھەيران بولدى. ئۇ يەردە ئادەم بويى كەلگۈدەك بىر قورۇق تام پەيدا بولۇپ قالغانىدى. يەنە ئاق قاقالتىردا بىر لاپاس سېلىنغان، شەرقىي تامنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر تام قويۇلغان، ئىشىك بېشىغا «لوران مەسچىتى» دېگەن خەتلىك بىر چوڭ ۋىۋىسكا ئېسىلغانىدى.

مۇھەممەت ئالىم باشقا يەرگە كېلىپ قالدىمۇ يا، ئۇ ۋە يەنە ئىككى ئەزا بىرلىكتە بىر قۇر ئوبدان كۆزىتىپ چىقىپ، ئاندىن دوختۇرخانا سالدىغان يەرگە بىراۋلار كېچىلەپ مەسچىت سېلىۋالغانلىقىنى جەزم قىلدى. توۋا خۇدايىم، بۇ قانداق ئىشتۇ؟ بۇ مەسچىتنى كىم سالغاندۇ؟

ئۇپۇق سىزىقىدىن قۇياش ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلۈپ، يېڭى بىر كۈن باشلاندى. قۇياش كەڭ زېمىنغا ئالتۇن نۇرلىرىنى چاچتى. مەھەللىلەردە شاۋقۇن ـ سۈرەن باشلاندى. كىشىلەر ھەرقايسىسى ئۆز ئىشلىرىنى قىلىش ئۈچۈن ئالدىراشلىق بىلەن تەرەددۇت قىلىۋاتاتتى. بەزى كىشىلەر ئابايىقى ئۈچەيلەننىڭ ھەيران بولغان ھالدا ھېلىقى يەردە مىدىر قىلماي تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە مەسچىتنى كۆرۈپ ئۇلارمۇ ھەيران قالدى.

— مەن ئاخشام سائەت ئوندا دۇكاندىن قايتقاندا، — دېدى بىر بوۋاي، — بۇ يەرلەر تېخى تۈپتۈز ئىدى. قانداقمۇ بىر كېچىنىڭ ئىچىدە مەسچىت پەيدا بولۇپ قالغاندۇ؟ ئاللاتائالا پەرىشتىلەرنى ئەۋەتكەن ئوخشايدۇ، بولمىسا، بۇنى نېمە دەپ چۈشەندۈرۈش كېرەك؟

ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان كىشىمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا سۆز قاتتى.

— نەبىجان، گەپ توقۇشقا تازىمۇ ئۇستا ئىكەنسىز جۇمۇ. بىز پەرىشتىلەرنىڭ مەسچىت سالغانلىقىنى ئاڭلاپمۇ باقماپتىكەنمىز. مېنىڭچە، بۇ يەردە چوقۇم بىر ئىش بار.

كىشىلەر تۈرلۈك پەرەزلەرنى قىلىۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا ياندىكى كوچىدىن بىر كىشى چىقىپ كەلدى.

— ھازىر كۆرىدىغان نېمە تاماشا بولسۇن؟ تۈنۈگۈن ئاخشام بۇ يەر بەك قىزىپ كەتتى، — دېدى ئۇ. ئاندىن چوڭ يولنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئاۋۇ يەردە ئۈچ ـ تۆت ئاپتوموبىل توختىدى، ئۇنىڭدىن بىرمۇنچە نەرسە ـ

كېرەكلەر چۇشۇرۇلدى. ئاندىن چاپسانلا تام قوپۇرۇلدى.

— بۇ كەچ سائەت قانچىدىكى ئىش؟

— مەن زاۋۇتتىن سائەت ئۇچلەردە قايتقان، بىرەر يۈز ئادەم تۇرۇپتىكەن، راست دەۋاتىمەن.

— ئۇلاردىن سوراپ باقمىدىڭىزمۇ؟

— مەن ئۇ چاغدا بەك چارچاپ كەتكەنىدىم، بۇلار نېمە قىلىشىۋاتقاندۇ، دەپمۇ ئويلاپ قالدىم.

— مەنمۇ ئەتىگەن بامداتقا ئەزان ئېيتقاننى ئاڭلىدىم. ئىمام نامازدىن يانغان جامائەتنىڭ مەسچىتتىن چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىزنىڭ مەھەللىدىكى كىشىلەردىن يوق ئىكەن، ئۇلارنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلمەپتۇ.

— بۇرادەرلەر، ئاللانىڭ سىرىنى ئاللا ئۆزىلا بىلىدۇ.

كىشىلەر مۇشۇ ئىش ئۇستىدە مۇلاھىزە قىلىشماقتا ئىدى. مۇھەممەت ئالىم بۇ يەردە تۇرىۋېرىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ، ئىككى ئەزانى ئېلىپ، «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ باش ئورگىنىغا قايتىپ بېرىپ، ئەھۋالنى دەرھال سىفۇت بەشىرگە دوكلات قىلدى. ئەزالارمۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ مۇلاھىزە قىلىشىپ كەتتى ۋە مۇھەممەت ئالىمنىڭ گېپىگە ئىشەنمىدى. سىفۇت بەشىر گاراژدىن ماشىنىنى ھەيدەپ چىقىپ، ئەلى ئەھمەت بىلەن بىللە شۇ يەرگە كەتتى.

ئۇلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ جىددىي مەجلىسىنى چاقىرىپ، ئەزالارغا ئەھۋالنى تونۇشتۇرۇپ، مۇھەممەت ئالىم دوكلات قىلغان ئەھۋالنى ئىسپاتلىدى. ھازىرقى مەسىلە، قانداق ھەرىكەت قوللىنىش كېرەكلىكىدە ئىدى. ياش ئەزالار قاتتىق ھاياجانلىنىپ، يۈز - كۆزلىرى ئۆپكىدەك قىزارغان ھالدا، سىفۇت بەشىر ۋە ئەلى ئەھمەتلەردىن تۇرلۇك سوئاللارنى سورىدى. ئۇلار ئۆزلىرى كۆرگەن ئەھۋاللارنى بىر - بىرلەپ

سۆزلەپ بەردى. لېكىن، ئەزالار ئۇلارنىڭ بەرگەن جاۋابىغا يەنىلا قانائەت قىلمىدى. ئۇلار مەسچىتنىڭ زادى قانداق سېلىنغانلىقىنى، كىملەر سالغانلىقىنى ئېنىق بىلىشنى بەكمۇ خالايتتى. شۇ ئەسنادا سىفۇت بەشىرگە تېلېفون كېلىپ قالدى. ئۇ تۇرۇپكىنى قولىغا ئېلىۋىدى، قارشى تەرەپتىن خان باھادۇرنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— مەن خان باھادۇر فىلىسند ئەلى.

— ياخشىمۇسىز، — دېدى سىفۇت بەشىر، — بۇ چاغدا تېلېفون بېرىپسىز، بىرەر ئىش بارمىدى؟

— ئىنىم، نازۇك بىر مەسىلە بار ئىدى؟

— قانداق مەسىلە؟

— ئاڭلىسام، سىلەر دوختۇرخانا سالماقچى بولغان يەرگە شۇ جايدىكى ئاھالە مەسچىت سېلىۋاپتۇمىش.

— ئۇ يەردىكى ئاھالە بۇ ئىشتىن پۈتۈنلەي خەۋىرىمىز يوق دەيدۇ. مەن ئۇ يەرگە باردىم. سىزنىڭ ئاڭلىغان خەۋىرىڭىز توغرا ئەمەس.

تۇرۇپكىدىن خان باھادۇرنىڭ كۈلكە ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئىنىم، بۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرى ئەتىگەندىن تارتىپ مۇشۇ يەردە بار.

— سىزنىڭ قېشىڭىزدا ۋەكىللەر بارمۇ؟ — دېدى سىفۇت بەشىر ئالدىراپ.

— ھەئە. دېدىمغۇ، ئۇلار ئەتىگەندىن بېرى مۇشۇ يەردە.

— ئۇنداق بولسا، ئۇلارنى مۇشۇ يەرگە ئەۋەتىڭ. ھازىر «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ مەجلىسىنى ئېچىپ، مۇشۇ مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلىۋاتىمىز، ئۇلار مۇشۇ يەرگە كەلسە، مەسىلە ئاسان ئايدىڭلىشىدۇ.

— گېپىمنى ئاڭلاڭ، سىلەر بۇ خىيالدىن ۋاز كېچىڭلار. چۈنكى، ۋەقە كېڭىيىپ كەتتى. شەھەردىكى ئۈچ ئاخۇنۇم مەسچىت سېلىش ئىسلام قانۇنىغا ئۇيغۇن دەپ پەتىۋا چىقاردى. ئۇنىڭدىن

باشقا، مەن ۋەكىللەرنى ئېلىپ تېخى ھېلىلا رايوننىڭ باش ئەمەلدارىنىڭ ھوزۇرىغا بېرىپ كۆرۈشتۇم. چاتاق چىقىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مەن رايوننىڭ باش ئەمەلدارىغا بۇ ئىشنىڭ جەمئىيەت خاتىرجەملىكىگە تەسىر يەتكۈزۈش خەۋپى بارلىقىنى ئېيتتىم. شۇڭا، ئۇ چارلاش ئۈچۈن ساقچى ئەۋەتىشكە ماقۇل بولدى.

سىفۇت بەشىر مۇنداق تەھدىت سېلىشقا قاتتىق غەزەپلەندى. لېكىن، يەنىلا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، بىرئاز ئەيىبلەش تەلەپپۇزىدا مۇنداق دېدى:

— ئىشتىن بۇرۇن مەن بىلەن بىر مەسلىھەتلەشكەن بولسىڭىز...

— ئىنىم، مېنىڭ راستلا ئويلاپ كۆرۈشۈمگىمۇ پۇرسەت بولمىدى.

— قىسقىسى، بولغۇلۇق بوپتۇ. ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات. ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىشقا قىزىقماسلىقىڭىزنى سورايمەن.

— نېمە دېدىڭىز؟ — دېدى خان باھادۇر خاپا بولۇپ، — مېنى بۇ ئىشقا ئەمدى قىزىقما دەمسىز !؟ ئويلىماي گەپ قىلىۋېرىدىكەنسىز. ئەپەندى، بەك ئاشۇرۇۋەتتىڭىز، گەپ دېگەننى شۇنچە چوڭ قىلامدىكەن. بىز ئىككىمىز تاسادىپىي تونۇشۇپ قالغان. ئەگەر مېنىڭ ئۆز ئىنىم ماڭا مۇشۇنداق گەپ قىلىدىغان بولسا، راست گەپنى قىلسام، ئاغزىغا سالماي قويمايتتىم. ئەپەندى، بۇ دىنىي مەسىلە، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز جېنىمدىن كېچىشىم مۇمكىن !

ئۇ ئۆزىنىڭ تەقۋادارلىق روھىنى ئىپادىلەش ئۈچۈنمىكىن، ئەيتاۋۇر يەنە بىرنېمىلەرنى دەپ كەتتى.

— كەچۈرۈڭ، — سىفۇت بەشىر ئۇنىڭ سۆزىنىڭ بېلىگە تەپتى، — سىز مېنىڭ گېپىمنى پۈتۈنلەي خاتا چۈشىنىپسىز. گېپىمنىڭ مەقسىتى ھەرگىز سىز چۈشەنگەندەك ئەمەس.

— قىسقىسى، مەيلى شۇنداقمۇ بولسۇن. شۇ گەپ ئېسىڭىزدە

بولسۇنكى، بۇ ئىنتايىن نازۇك مەسىلە، سىلەر ئەمدى بۇ مەسىلە توغرىسىدا بىھۇدە باش قاتۇرۇپ ئولتۇرماڭلار، — خان باھادۇر سۆزىنى بىر ئاز يۇمشاتتى، — بۇ مېنىڭ ئاكىلىق سۈپىتىمدە بەرگەن تەكلىپىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلەرمۇ مۇسۇلمان. ھەرھالدا ئۆزۈڭلارنىڭ ئېتىقادىڭلارنى ئويلاپ بېقىشىڭلار كېرەككۇ دەيمەن، دوختۇرخانىنى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن سېلىش مۇمكىن، ئەمما مەسچىت بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. ئۇ تەقۋادار ئىسلام مۇخلىسلىرى تەرىپىدىن سېلىنىدۇ.

سىفۇت بەشىر ئاچچىقلانماي، دەرھال ئۇنىڭغا جاۋاب بەردى:

— بولىدۇ، سىزنىڭ پىكرىڭىز بويىچە قىلىشنى قولغا كەلتۈرەيلى، سىزنىڭ قىممەتلىك نەسىھەتلىرىڭىزگە رەھمەت، خەير - خوش ! — ئۇ تېلېفوننى قويۇپ قويدى.

ئۇ مەجلىسخانىغا قايتىپ كىرىپ، ئاۋۋال رەئىسكە بىر ئېغىز گەپ قىلىپ قويۇپ، ئاندىن پۈتۈن ئەزالارغا: يۈز بەرگەن بۇ ئىشلارنىڭ پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ پىلانلىغۇچىسى خان باھادۇر ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئاخىرىدا خان باھادۇرنىڭ تەھدىت سالغانلىقىنى ئەزالارغا سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ شەخسىي پىكرى «بوز تورغاي جەمئىيىتى» خان باھادۇرنىڭ تەھدىتى ئالدىدا تىز پۈكمەس، ئۇنىڭغا قەتئىي قايتۇرما زەربە بېرىشى كېرەك ئىدى.

ئاسانلا ھاياجانلىنىدىغان بىرنەچچە ئەزا ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە سۇلايمانمۇ بار ئىدى. ئۇ قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ سۆزلىدى:

— بىر ئاخشامدا بىر تام قوپۇرۇش مۇمكىن بولسا، ئوخشاشلا بىر ئاخشامدا ئۇنى ئۆرۈپ تۈپتۈز قىلىۋېتىشمۇ مۇمكىن. بۇنىڭغا ھەرھالدا ئېپادە كۆرسىتىشىمىز كېرەك.

كىشىلەر تەرىپىدىن بىلەرمەن دەپ قارىلىپ كەلگەن، بەلكى ئىشنى تەمكىنلىك بىلەن قىلىدىغان فېشىم ئەلا دەرھال ئورنىدىن تۇردى.

— خۇدا ساقلىسۇن ! سىز مەسچىتنى چېقىۋەتمەكچىمۇ؟ —

دېدى ئۇ سۇلايمانغا قاراپ.
فېشىم ئەلانىڭ بۇ گېپى سۇلايماننىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويدى - دە، ئۇ غەزەپ بىلەن سۆزلەپ كەتتى:
— سىز كىچىككىنە ئەسكى ئۆينى مەسچىت دەيسىز، ئەتە بىرنەچچە پاراكەندىچى قوپۇپ، «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ باش ئورگىنىغا كىلىپ ناماز ئوقۇپ، ئۇلارمۇ ئىشىك بېشىغا مەسچىتنىڭ ۋىۋىسكىسىنى ئاسسا، ئۇنىمۇ دۇرۇس دەپ ئېتىراپ قىلىدىكەنسىز - دە! قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش جىنايەت. دىنىنى نىقاب قىلىپ تۇرۇپ خۇسۇسىي مال - مۈلۈكنى ئىشغال قىلىۋېلىشقا يول قويغىلى بولمايدۇ.
— لېكىن، — دېدى فېشىم ئەلا ۋەزمىن هالدا، — سىز دېگەندەك قىلىنسا، ئاممىنىڭ دىنىي كەيپىياتىنى قوزغاپ قويۇش خەۋپى بار.
— ئۇنىڭ ئۈستىگە جەمئىيەت خاتىرجەملىكىنى ساقلاش ئۈچۈن، كۆزەت قىلىشقا ساقچى ئەۋەتىلگەن بولۇشى مۇمكىن، — دېدى يەنە بىر ئەزا.
— ئەگەر بۇ تەكلىپكە قوشۇلمىساڭلار، ئەمىسە، قۇرۇق تامنىڭ سىرتىدا ئولتۇرۇپ ئاچلىق ئېلان قىلايلى، — دېدى سۇلايمان. بىرقانچە كىشى سۇلايماننىڭ پىكرىگە قوشۇلدى.
— توغرا، ئاچلىق ئېلان قىلىش ئۇنۇملۈك قورال، — دېيىشتى ئۇلار بىر ئېغىزدىن.
فېشىم ئەلا كۆپچىلىكنىڭ هاياجانلىق كەيپىياتىنى كۆرۈپ قايتا گەپ - سۆز قىلمىدى. ئاخىرقى ئەلى ئەھمەت ئورنىدىن تۇرۇپ، سۇلايمانغا قاراپ سۆز قىلدى.
— مېنىڭ قارىشىمچە، بۇ ئىنتايىن نازۇك بىر مەسىلە. بىز ھەرگىز ھېسسىياتقا بېرىلىپ ئىش قىلماسلىقىمىز كېرەك. ئەگەر ئوبدان ئويلانماستىن ھەرىكەت قوللىنىدىغان بولساق، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. مەن سىزنىڭ ھېسسىياتىڭىزنى تامامەن چۈشىنىمەن ھەم ئۇنىڭغا

قايىلمەن. مېنىڭچە، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئالدىن پىلانلانغان. بۇ بىزنىڭ ئۆزىمىزنى تۇتۇۋېلىپ كۈچىمىزگە قارىتا جەڭ ئېلان قىلىش، — ئۇ كىچىككىنە تۇرۇۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مېنىڭ تەكلىپىم، بىز قانۇنغىلا يۆلەنگەندىن كۆرە، ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرگىنىمىز تۈزۈك. بىز شەھەر مەمۇرىيىتىنىڭ ئالىي ئەمەلدارى ئالدىغا بىر ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتەيلى. بۇ ئۆمەك ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇلارغا ئېيتسۇن، ئۇلارنىڭ مۇۋاپىق ھەرىكەت قوللىنىشىنى تەلەپ قىلسۇن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىز يەنە شۇ ئەتراپتىكى ئاھالىلەرنىڭ ئىنكاسىنى بىلەيلى. ئۇلارنىڭ ھېسداشلىقى ۋە ياردىمىگە ئېرىشەلمەيدىغان بولساق، بۇنىڭدىن كېيىن قاتمۇقات قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرايمىز.

ئەلى ئەھمەتنىڭ ئىزچىل رەۋىشتە ياخشى تەرەپكە يېتەكلىشى ئەزالارغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. ئۇلارنىڭ چىرايىدىكى ھاياجانلىنىش ئىپادىسى يوقىلىپ، ئۇلار جىددىي ۋە ئەستايىدىل پىكىر قىلىشقا باشلىدى. ئۆيئىچىدە بىردەم جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەندىن كېيىن، ھەممەيلەن ئەلى ئەھمەتنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى.

سۇلايمان شۇ جايدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئىنكاسىنى بىلىپ چىقىشقا ئەۋەتىلدى. ئۇ ئادەتتىكىدەك كەچ سائەت سەككىزدە ئاھالىلەر رايونىغا كېلىپ، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش مەركىزىدە دەرس ئۆتتى. دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن، ئۇ ئوقۇغۇچىلىرىنى كەتمەي تۇرۇشقا دەۋەت قىلدى.

— بۈگۈن سىلەرگە ئېيتىدىغان مۇھىم بىر گەپ بار ئىدى، — دېدى ئۇ، — خەۋىرىڭلار بار، بىز بۇ يەرگە بىر دوختۇرخانا سالماقچىدۇق. مۇشۇنىڭ ئۇچۇن ئىلتىماس قىلىپ يەر تەستىقلاتتۇق، سىلەرنىڭ ياردىمىڭلار بىلەن بۇ يەر ئېرىغدىلىپ تازىلاندى. لېكىن، بۇ يەردە بىراۋلار كېچىلەپ تام قوپۇرۇپ، ئۇنى مەسچىت دەپ ئاتىۋاپتۇ. ئۇلارنىڭ مۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى

دوختۇرخانا سېلىشقا توسقۇنلۇق قىلىش. ئۇنداق بولمىسا، دوختۇرخانىنىڭ ئورنىنى قانۇنسىز ئىگىلىۋېلىشتىكى مەقسەت نېمە؟ — ئۇ كۆپچىلىككە بىر قاراپ قويدى، — مەن سىلەرنىڭ بۇ مەسىلە توغرىسىدىكى پىكىرىڭلارنى ئۇقۇپ باقاي دەيمەن، چۈنكى بۇ ھەممىڭلارغا ئالاقىدار ئىش. بۇ دوختۇرخانا سىلەر ئۈچۈن سېلىنىدۇ.

دەرھال بىرنەچچە ئادەم سۆزلىدى.

— بۇ جەزمەن بىرىنىڭ قىلغان شۇملۇقى.

— بۇ ئىشقا بۇ مەھەللىدىكىلەر قول تىقمىدۇق، سىرتنىڭ ئادەملىرى قىلدى.

— بۇ بۇلاڭچىلىق، ئاللانىڭ نامىنى سېتىپ قىلىنغان بۇلاڭ - تالاڭ! سوراپمۇ قويماي، ئوغرىدەك تۈيدۈرماي كېلىپ مەسچىت سېلىشىۋاپتۇ. بۇ ئەبلەخلەر مەسچىتكە چوڭ ھۆرمەتسىزلىك قىپتۇ.

— مۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ مۇنداق قىلىشىغا يول قويغىلى بولمايدۇ!

— شۇنداق، بۇ ئۈچىغا چىققان ئەسكىلىك!

سۇلايمان ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئاخىلاپ كۆپ ئىلھاملاندى. ئۇ مەكتەپتىن چىقىپ، تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىدا بىرنەچچە گاز لامپا يېقىقلىق تۇرغانلىقىنى، يوپيورۇق چىراغ يورۇقىدا بىرمۇنچە ئادەمنىڭ پالاستا ئولتۇرۇشقانلىقىنى كۆردى. ئۇلار مەجلىس ئېچىۋاتقاندەك، مەجلىس ھېلىلا باشلانغاندەك قىلاتتى.

ئۇ يېقىنراق بېرىپ قارىسا، ئۇزۇن ساقاللىق بىر داموللا سۆزلەۋاتاتتى؛ شۇ پەيتتە ئۇستىگە ئۇزۇن تون، بېشىغا جىننا تەلپەك كىيىۋالغان خان باھادۇر چەتتىكى بىر ئورۇندۇقتا كېرىلىپ ئولتۇراتتى.

سۇلايماننىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ كەلدى، شۇنىڭ بىلەن بۇرۇن شۇ يەردە ئولتۇرغان كىشىلەر قوشۇلۇپ بەش - ئالتە يۈز كىشىگە يەتتى.

— مۆھتەرەم جامائەت! — دېدى داموللا، — مېنىڭچە، بۇ كىچىك ئىش ئەمەس، بەلكى چوڭ ئىش، ئىنتايىن چوڭ ئىش، مەسچىتنى قوغداش ئۈچۈن بىر جان ئەمەس، ھەتتا مىڭ جاننى قۇربان قىلىشقىمۇ ئەرزىيدۇ. سىلەر كاپىر مەسچىتنى ۋەقەسىنى ئاڭلىغان بولغىيدىڭلار؟ ھاقارەتلىنىشنى خالىمىغان كاپىر مۇسۇلمانلىرى ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، بىرى يىقىلسا، ئۇنى ھۇجۇمغا ئۆتكەن. ئۇلار مۇسۇلمان بولۇشقا مۇناسىپتۇر. بۇ، مەسچىتنى ئۆز ھاياتى بىلەن قوغداپ قېلىش ۋەقەسى خۇددى تۇنۇگۇنلا يۈز بەرگەندەك ھېلىمۇ كىشىلەرنىڭ ئېسىدە تۇرماقتا. قەلبىدە ئېتىقاد يالقۇنى يېنىپ تۇرغان ئاشۇ كىشىلەر كۆكرەك كېرىپ دەس تۇرغاندا، قورال تۇتقانلارنىڭ قوللىرى دىرىلداپ تىترەپ كەتكەن. باتۇرلارنىڭ كۆزنى چاقنىتىدىغان ئوبرازى ئالدىدا، جاللاتلارنىڭ قورقۇپ جان - پېنى چىقىپ كەتكۇدەك بولغان! بۈگۈنكى كۈندە بەزىلەر سىلەرنىڭ ئېتىقادىڭلارنى تەۋرەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ، ئۇلار سىلەرنىڭ ئېتىقادىڭلارغا جەڭ ئېلان قىلىۋاتىدۇ. ئۇلار مۇشۇ مەسچىتنى قۇربان قىلماقچى، ئۇنى تۈپتۈز قىلىۋەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ. خۇدا ساقلىسۇن! سىلەر ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق قىلىشىغا يول قويامسىلەر؟ سىلەرنىڭ ئېتىقادىڭلار بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلەمدۇ؟

سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇ سۆزىنى توختىتىپ، مەجلىس ئىشتىراكچىلىرىغا بىر قاراپ قويۇۋىدى، ئۇشتۇمتۇت ئېگىز - پەس توۋلىغان ئاۋازلار ياڭراپ كەتتى.

— چېداپ تۇرالمايمىز! ھەرگىز چېداپ تۇرالمايمىز!

— ھەرگىز يول قويمايمىز! ھەرگىز يول قويمايمىز!

سۇلايمان ئالدىراپ - تېنەپ ئەتراپىغا قارىدى. توۋلاۋاتقانلار ئىچىدە ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ بار ئىدى. ئۇلار ئۆزىنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ بويۇن تومۇرلىرى كۆپۈپ چىققان بولۇپ، چىرايلىرى ئادەم قورققۇدەك بولۇپ كەتكەنىدى. داموللا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— مۇسۇلمان قېرىنداشلار ! سىلەر جانابىي خان باھادۇردىن مىننەتدار بولۇشۇڭلار كېرەك. بۇ مەسچىت ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ياسالدى، — ئۇ بىر چەتتە ئولتۇرغان خان باھادۇرنى قولى بىلەن كۆرسەتتى. خان باھادۇر بېشىنى سەل تۆۋەن ئېگىپ، ئۆزىنى كەمتەر قىلىپ كۆرسەتتى.

— ئاللاتائالا ئۇنىڭغا بايلىق ۋە ئىززەت - ئابرۇي بېرىش بىلەن بىللە يەنە تەقۋادارلىق قەلب ئاتا قىلغان. ئەمدى ئۇنىڭغا بەتنام چاپلاپ، ئۇنىڭ ئابرۇيىنى تۆكۈشكە ئۇرۇنغان ئاشۇ ھۇجۇمچىلارغا قاراپ بېقىڭلار ! ئۇلار مۇشۇ مەسچىتنى قۇربان قىلىش قەستىدە بولماقتا. سىلەر ئۇلارغا ئېيتىڭلاركى، قەلبىمىزدە تېخى ئېتىقاد قىزغىنلىقى بولىدىكەن، ھايات ۋە بايلىق دېگەن قانچىلىك نەرسە؟ ئاللا ئۈچۈن كاللىمىز كېتىشكە، ئوققا مەيدىمىزنى تۇتۇپ بېرىشكە رازىمىز !

مەجلىس ئىشتىراكچىلىرى ھاياجان بىلەن توۋلاپ كەتتى:

— ئاللاھۇئەكبەر !

— ئاللاھۇئەكبەر !

بۇ ئاۋاز پۈتۈن مەھەللە ئاسمىنىدا ياڭرىدى. سۇلايمان يېنىدا ئولتۇرغان كىشىلەرنىڭ چىرايىدىن غەزەپ ياغدۇرۇپ، كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن ھالدا، ھاياجان بىلەن مۇشتلىرىنى تۈگۈۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدى ۋە بۇنىڭدىن قورقۇپ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى - دە، «بۇ يەردىن غىپپىدە كېتىۋالسام بولغۇدەك، ئۇنداق قىلمىسام، ھاياجانلانغان ئوقۇغۇچىلىرىم مېنىڭ ئەدىپىمنى بەرمىسۇن يەنە» دەپ ئويلىدى.

ئۇ «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ باش ئورگىنىغا ناھايىتى ئۈمىدسىز قايتتى ۋە ئەھۋالنى سىفۇت بەشىرگە دوكلات قىلىپ بولۇپ، ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى. بۇ كېچە ئۇ بەكمۇ ئازابلاندى. ئۇ قايتا - قايتا ئويلايتتى: «ئەزالار جامائەتنىڭ پاراۋانلىقىنى دەپ ئۆزلىرىنىڭ راھەت - پاراغىتىنى

قۇربان قىلىپ ئاچلىققا چىداپ ياشاۋاتىدۇ، ئۇلار بولسا پۇلغا ياللانغان بىر دامولىلىنىڭ كەلسە ـ كەلمەس قىلغان سۆزلىرىگە قاراپ تۇرۇپ ئىشىنىپ كېتىۋاتىدۇ. ھېچ چۇشەنگىلى بولمايدۇ بۇنى. بۇنىڭ ئەكسىچە، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى خان باھادۇرنىڭ سۇيىقەستى بىلەن بولغان تۇرسا، ئۇ ماختىلىپ كۆككە كۆتۈرۈلۈۋاتىدۇ...» سۇلايمان بۇ رايوندىن بەك خاپا بولۇپ كەتتى. «بۇ ئىپلاس قۇرتلار ئەخلەت ئىچىدە ياشاشنى ياقتۇرىدىكەن، ئۇلارنىڭ پاراۋانلىقى ئۇچۇن ئىشلىگەنلەرنىڭ چەككىنى جاپا، تاپقىنى تاپا ـ تەنە بولىدىكەن» دەپ ئويلاپ قالدى.

ئۇ ئويلا ـ ئويلا: «ئاخىر ‹بوز تورغاي جەمئىيىتى› خەق بىلەن ئوينىشىۋېتىپتۇ، ئەزالارنىڭ ھەننىۋاسى ئەخمەق ئىكەن» دەپ ھېس قىلدى. ئۇ پەقەت ئۇخلىيالماي، ئورنىدىن تۇرۇپ، كارىۋاتتىن چۇشۇپ، ئۆيئىچىدە ئۇياق ـ بۇياق مېڭىشقا باشلىدى. ئۆي قاپقاراڭغۇ ئىدى. ئۇ دېرىزە ئالدىغا كەلدى. كەچتىكى شامال ئۇنىڭغا بەكمۇ ئىللىق ۋە يېقىملىق تۇيۇلدى. شامال باھارگۇلىنىڭ خۇش پۇراقلىرىنى ئەكېلىپ دىماققا ئۇرۇپ تۇراتتى. ئاي ئۇچ قەۋەتلىك بىر بىنانىڭ كەينىدىن گۇزەل جامالىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. شەبنەم يۇيۇپ قويغان دەرەخ يوپۇرماقلىرى سارغۇچ ئاي نۇرىدا يالتىراپ تۇراتتى. كېچە خۇشال تەبەسسۇم ئىلكىدە تۇراتتى، سۇلايمان بولسا قاتتىق قايغۇ ـ ھەسرەت ئىچىدە قالغانىدى.

ئۇ ھارغىن كۆزلىرىنى كۇچەپ ئېچىپ، گۇزەل كېچە مەنزىرىسىدىن ھوزۇرلىنىۋېتىپ، بىر چاغلاردا سۇلتانەنىڭ قاپقارا كۆزلىرىگە لىق ياش ئېلىپ، ئۇنىڭ مۇرىسىگە بېشىنى قويغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. ئەمما، ئۇ «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ ئالدىراش پائالىيەتلىرى بىلەن بولۇپ كېتىپ، سۇلتانەنى ئۇنتۇپ قالاي دېگەنىدى. «سۇلتانە مېنىڭدىن قانچە ئاغرىنغاندۇ ـ ھە! ھازىرقى ئەھۋالى قانداقكىنتاڭ ...» ئۇ

سۇلتانە توغرىسىدا ئۇزاقتىچە خىيال سۈردى.

ئۇ ئەتىسى چۈشتە نىيازنىڭ دۇكىنىغا باردى. لېكىن، دۇكان قۇلۇپلاقلىق تۇراتتى. ئۇ نۇشالارنىڭ ئۆيىگە بارىدىغان تار كوچىغا قاراپ ماڭدى. بۇ كۈنى ئۇنىڭغا بۇ كوچا بىر ئاز ناتونۇشتەك بىلىنىپ، كۆڭلى بىرقىسما غەمكىن بولۇپ تۇراتتى. ئۇ ئېغىر قەدەملىرىنى سۆرەپ نۇشالارنىڭ ئۆيى ئالدىغا كەلدى: ئەنە ئاۋۇ پاكار تاملىق هويلا، دوك ئادەمدەك مۈكچىيىپ تۇرغان ئۆگزە، يەنە بىر تۈپ سەندەل دەرىخى ... ھەممىسى ئۆز پېتىچە تۇرۇپتۇ.

نۇشالارنىڭ ئىشىكى چىڭ تاقاقلىق تۇراتتى. سۇلايمان ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە ئىككىلىنىپ قالدى ـ دە، قەدىمىنى تېزلىتىپ ئۇدۇل كېتىپ قالدى. خېلى بىر يەرگە بارغاندا يەنە ئارقىسىغا قايتىپ، ئىككىنچى قېتىم نۇشالارنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلدى. لېكىن، ئۇ يەنىلا ئاستا ئۆتۈپ كەتتى. غەلىتە بىر خىل قورقۇنچ ۋە قايغۇ تۇيغۇلىرىدىن ئۇنىڭ يۈرىكى پوكۇلداپ، ئوي ـ پىكرى چېچىلىپ كەتتى.

ئۇ هارغىن قەدەملىرىنى سۆرەپ تار كوچىدىن چىققاندا، ئالدى تەرەپتىن نىياز كېلىپ قالدى. سۇلايمان ئۆزىنى دالدىغا ئالماقچى بولۇۋىدى، ئاڭغىچە نىياز كۆرۈپ قالدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن سالاملاشتى.

— پاھ، بۇ سۇلايمان ئەپەندىغۇ! ئىنىم، بەكلا كەم دىدار بولۇپ كەتتىڭىز، خېلىدىن بېرى كۆرۈنمەيسىزغۇ؟

— ئۆيگە بېرىپ بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ كەلدىم، — دېدى سۇلايمان بىر ئاز ئوڭايسىزلىنىپ.

— نېمانداق ئۇشتۇمتۇت يوقاپ كەتتىكىن دەپتىمەن. ياخشى تۇرۇۋاتامسىز؟ بىرەر خىزمەت تاپتىڭىزمۇ؟

— هازىرچە ئوقۇيمىكىن دەيمەن.

— هە، بۇمۇ ياخشىغۇ، — دېدى نىياز چوڭلاردەك ئاھاڭدا، — مېنىڭمۇ بىر تالاي قايغۇ ـ هەسرىتىم بار. بىرىنچىدىن،

تىجارىتىم تازا ئاقمايۋاتىدۇ، ئىككىنچىدىن، خوتۇنۇمنىڭ كېسىلى مېنى كۆپ قىيناۋاتىدۇ. ھە، سىزگە ئېيتىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، مەن توي قىلىۋالدىم.

— مۇبارەك بولسۇن، مۇبارەك بولسۇن ! — دېدى سۇلايمان كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ۋاي - ۋۇي، مۇبارەكلەيدىغان نېمىسى بار؟ بىر ۋاقىت تېپىپ سىزگە دەرد - ئەھۋالىمنى ئېيتاي، بۈگۈن سائەت تۆتنىڭ پويىزىغا ئولتۇرۇپ جىددىگە بارماقچىدىم.

— قاچانراق قايتىپ كېلىسىز؟ — دەپ سورىدى سۇلايمان ئالدىراپ.

— تېز قايتىپ كېلىمەن، كۆپ بولسا بىر ھەپتە تۇرىمەن.

— سىز قايتىپ كەلگەندە كېلىپ كۆرۈشەي، — دېدى سۇلايمان.

— جەزمەن كېلىڭ، مېنىڭمۇ سىز بىلەن پاراڭلاشقۇم بار.

نىياز بۇرۇلۇپ كىچىك كوچىغا كىرىپ كەتتى. سۇلايمان چوڭ يولدا كېتىۋېتىپ: «نىيازنىڭ نېمىشقا مەن بىلەن كۆرۈشكۈسى كېلىپ قالغاندۇ؟ ئۇ زادى نېمە قىلماقچىدۇ؟» دەپ ئويلاپ قالدى. ئۇ سۇلتانەنىڭ ئانىسىنىڭ بىتاب بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئەنسىرەپ قالدى - دە، دەرھال نۇشالارنىڭ ئۆيىگە بىر بېرىپ كېلىش قارارىغا كەلدى.

ئۇ «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ باش ئورگىنىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇزاققىچە سۇلتانەنى ئەسلىدى. ئاخشىمى يەنە مەكتەپكە باردى. ئەمما، دەرس ئۆتمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان ئوقۇغۇچىلىرىغا قاراپ، ئۇلارنىڭ تۈنۈگۈن ئاخشامقى كانايلىرى يىرتىلغۇدەك ۋارقىراشقانلىرىنى ئەسلەپ: «بۇ خەقلەر تازىمۇ رەزىل - شەرمەندىلەر ئىكەن، ھۆۋقۇشنىڭ باللىرى ئىكەن، ئۇلار ئۇچۇن يۈرەك قانلىرىمىزنى سەرپ قىلىشقا ئەرزىمەيدىكەن» دەپ ھېس قىلدى.

ئۇ بېشى ئاغرىۋاتقانلىقىنى باھانە قىلىپ، بىردەم تۇرۇپلا

مەكتەپتىن قايتىپ كەتتى. لېكىن، ئۇ «بوز تورغاي جەمئىيىتى» نىڭ باش ئورگىنىغا ئەمەس، بەلكى نۇشالارنىڭ ئۆيىگە قاراپ يول ئالدى. بۇ چاغدا كەچ سائەت توققۇز بولۇپ، كوچىلار چۆلدەرەپ قالغانىدى، ئۇ نۇشالارنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن نىيازدىن قورقۇپ، ئىشىك قاقالماي تۇرۇپ قالدى. بىردەم ئارىسالدى بولغاندىن كېيىن، ئاخىر ئىشىكنى قاقتى.

ئۆيدىن سادا چىقمىدى، ئۇ يەنە قاقتى. شۇ چاغدا سۇلتانەنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— كىم؟ — ئۇنىڭ ئاۋازىدىن قارىغاندا، ئۇ خېلى يىراقتا ئىدى. سۇلايمان نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي، ئىشىكنى يەنە بىر قېتىم قاقتى.

— ۋىيەي، كىم؟ نېمانداق گەپ قىلمايسىز؟ — دېدى سۇلتانە تاقەتسىزلىك بىلەن.

شۇنىڭدىن كېيىنلا هويلىدىن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ، بىرى ئىشىك تەرەپكە كەلدى. ئاياغ تىۋىشى يېقىنلىشىش بىلەن تەڭ سۇلايماننىڭ يۈرىكى ئىختىيارسىز هالدا قاتتىق سېلىپ كەتتى.

— كىم؟ — دېدى سۇلتانە ئىشىك ئىچىدە تۇرۇپ.

ئەمدى جىم تۇرۇۋېرىشكە بولمىدى.

— مەن، سۇلايمان، — دېدى ئۇ ئاران - ئاران ئاڭلانغۇدەك قىلىپ.

جاۋاب سادا چىقمىدى. بىر مىنۇت، ئىككى مىنۇت، تۆت مىنۇت ئۆتتى، خېلى ئۇزاق ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. يا ئاۋاز چىقمىدى، يا ئىشىك ئېچىلمىدى. سۇلايماننىڭ ئۈمىدى ئۈزۈلگەن چاغدا، ئىشىك تاقىقىنىڭ ئاستا ئېچىلغانلىقى ئاڭلىنىپ، «غىچ» قىلىپ ئىشىكتىن كىچىككىنە يوچۇق ئېچىلدى. سۇلايمان ئىشىكنى ئىتتىرىپ ئېچىپ، بوسۇغىدىن بىر پۇتىنى كىرگۈزدى. سۇلتانە ئىشىككە يۆلىنىپ تۇراتتى. سۇلايمان ئۇنىڭ ئېڭىكىنى تۇتۇۋىدى، ئۇ ئارقىسىغا بىر قەدەم داجىدى.

— ئانام ئويغاق. ئۇنىڭغا سىزنىڭ كەلگەنلىكىڭىزنى

ئېيتتىم، — دېدى ئۇ ئاستاغىنا.

سۇلايمان ئالدىراپ ھويلىغا كۆز تاشلىۋىدى، ئاشخانىغا چاپلاپ يەنە بىر ئۆي سېلىنغانلىقىنى، ئۇ ئۆيدە چىراغ يېنىپ تۇرغانلىقنى بايقاپ، ئىختىيارسىز ھالدا ھەيران قالدى.

— ئانام ئاشۇ ئۆيدە، سىز ئاشۇ ئۆيگە كىرىڭ، — دېدى سۇلتانە ئانىسى تۇرغان ئۆينى كۆرسىتىپ.

— نىياز جىددىگە كەتتىمۇ؟

— ھەئە، كىمدىن ئاڭلىدىڭىز؟

— بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئۇنى كۆرۈۋىدىم.

سۇلايمان ئىتتىك يېڭى ئۆيگە قاراپ ماڭدى. ئۇ ئۆيگە كىرىپ، رازىيەنىڭ چىرايى سارغىيىپ، بەدىنى ئىنتايىن زەئىپلەشكەن ھالدا كارىۋاتتا ياتقانلىقىنى كۆردى.

— شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى ئەمدى كەپسىز، تىنچ تۇردىڭىزمۇ؟ — دېدى رازىيە. ئۇنىڭ ئاۋازى بەك ئاجىز ئىدى.

سۇلايمان بىر ئورۇندۇقنى تارتىپ ئولتۇردى.

— تىنچ تۇردۇم، بىراق سىز نېمە ئۈچۈن مۇنداق بولۇپ قالدىڭىز؟ — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا.

— نېمە كېسەل چاپلاشتىكىنتاڭ، بىئارام بولۇپلا تۇرىمەن.

— سىزنى قايسى دوختۇر داۋالاۋاتىدۇ؟

— ئۇ دوختۇرغۇ ياخشىمىش، شۇغىنىسى تۈنۈگۈنكى ھالىم بۈگۈن يوق. ھازىرغىچە سېلىنغان ئوكۇللارنىڭ سانىنى خۇدا بىلمىسە. كۈندە بېرىۋاتقانلىرىنىڭ نېمە دورىلىقىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. ھېچ ياخشىلىنىپ كېتەلمەيۋاتىمەنغۇتاڭ.

سۇلايمان ئەستايىدىل كۆزىتىپ چىقتى. ھەقىقەتەن ئۇنىڭ سالامەتلىكى كۆپ يامانلاشقانىدى. سۆز قىلغاندا نەپەس ئېلىشى ئۈزۈلۈپ قالاتتى، كۆزلىرىنىڭ ئەتراپى قارىداپ كەتكەنىدى. سۇلايمان بىرەر ۋاقىت تېپىپ سەئىدى دوختۇرنى باشلاپ كېلىپ، ئۇنىڭدىن بۇنىڭ زادى قانداق كېسەل ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ نېمىشقا مۇشۇ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى سوراپ كۆرەي دەپ

ئويلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ:

— مېنىڭ بىر ئاغىنەم بار، ئۇ ئۇستا دوختۇر، بىر كۈنى ئۇنى باشلاپ كېلەي، — دېدى.

— ماقۇل، — دېدى رازىيە، — ھېچبولمىغاندا نېمە كېسەل بولغانلىقىمنى بىلىپ قالاي. بۇنى بۇگۈنگىچە بىلمەيمەن دەڭە. باشقا دوختۇرغا كۆرۈنۈپ بېقىشنى ئېيتسام، ئۇ خاپا بولىدۇ. ئۇ ھېلىقى دوختۇرنى نېمانچە چوڭ بىلىدىكىنتاڭ. راستىنى دېسەم، مەن ئۇ دوختۇرغا ئىشەنمەيمەن.

بەلكىم سۇلتانە ھەممە ئىشنى ئانىسىغا ئېيتقانمۇ ۋە ياكى ئانىسى ئاشۇ كۈنى ئاخشامقى ئىشنى ئاڭلىق ھالدا ئېغىزغا ئالمايۋاتامدۇ، ھەرھالدا ئۇ ئۆزىنىڭ كېسىلى توغرۇلۇقلا سۆزلىدى. قىلغان سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ تۇرمۇشتىن ئۈمىدسىزلەنگەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. سۇلايمان ئۇنىڭغا كۆپ تەسەللى بەردى ۋە سەئدى دوختۇرنى تېزرەك باشلاپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئۇ ھويلىغا چىققاندا، قاراڭغۇدا تۇۋرۇككە يۆلىنىپ بىر كىشى تۇرغانلىقىنى كۆردى. بۇ سۇلتانە ئىدى. ئۇ سۇلايماننىڭ چىققانلىقىنى كۆرۈپ، يەنىلا جايىدىن مىدىر قىلمىدى. سۇلايمان ئۇنىڭ يېنىغا بېرىشقا غەيرەتسىزلىك قىلىپ، ئاستا ئىشىك تەرەپكە ماڭدى ۋە ئىشىك ئالدىغا بارغاندا توختاپ سۇلتانەنىڭ كېلىشىنى كۈتتى. سۇلتانە ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇلار بىردەم شۈك تۇرۇشقاندىن كېيىن، سۇلايمان چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن سۇلتانەنىڭ يۇمشاق قولىنى تۇتتى.

— مەن يەنە كېلىمەن، — دېدى ئۇ تىترەڭ ئاۋازدا.

— ئەمىسە چوقۇم كېلىڭ، — دېدى سۇلتانە ئاران ئاڭلانغۇدەك قىلىپ.

سۇلايمان گەپ قىلماي، بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى ـ دە، ئىشىكنى ئېچىپ چىقىپ كەتتى.

## 2

«بوز تورغاي جەمئىيىتى» تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلى ئەھمەت باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكى رايوننىڭ باش ئەمەلدارى بىلەن كۆرۈشتى. بۇ ئېگىز بويلۇق كەلگەن ياش ئەمەلدار تېخى يېقىندىلا بۇ شەھەرگە يۆتكىلىپ كەلگەنىدى. ئۇ ئۇستىگە قارا كاستۇم - بۇرۇلكا كىيگەن، ئاغزىدا غاڭزا چىشلىگەن هالدا ھەيۋەت بىلەن ئىشخانىسىدا ئولتۇراتتى. ئۇ ۋەكىللەر ئۆمىكىنى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ، ئۇلار بىلەن سۆھبەتلەشتى. ئەلى ئەھمەت مەسچىت ۋەقەسىنى ئۇنىڭغا دوكلات قىلدى.

باش ئەمەلدار ئۇنىڭ گېپىنى ئوبدان ئاڭلاپ بولۇپ، تاماكىنى بىر شورىۋېلىپ، بىرئاز خىيال سۈرۈپ ئولتۇردى. ئاندىن ۋەكىللەر ئۆمىكىگە:

— سىلەر ياخشى كەپسىلەر، تۇنۇگۈن خان باھادۇرمۇ بىر ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ بۇ يەرگە كەلگەنىدى. ئەمدى ئىككى تەرەپنىڭ بايانىنى ئاڭلىدىم، مەن تەخىر قىلماي بۇ ۋەقەنى تەكشۈرۈشكە كىرىشىمەن، — دېدى.

— شۇنى ئېيتىپ بېرىشكە بولامدىكىن، بۇ ئاتالمىش «مەسچىت» قۇرۇلۇشى خان باھادۇرنىڭ قۇترىتىشى بىلەن ياسالغانمۇ قانداق؟ — دەپ سورىدى ئەلى ئەھمەت.

— ئۇلارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، مەسچىتنى شۇ جايدىكى ئاھالە سايپتۇ. ئۇنىڭ ئۆزى نوقۇل دىنىي مەسئۇلىيەت نۇقتىسىدىن بۇ ئىشقا قىزىقىپ قاپتۇ.

— سىزگە شۇنى جەزم قىلىپ ئېيتىشىم مۇمكىنكى، بۇ قۇرۇلۇش بىلەن شۇ جايدىكى ئاھالىنىڭ قىلچە ئالاقىسى يوق، — دېدى ئەلى ئەھمەت دەرھاللا.

— مېنىڭچە، سىزنىڭ گېپىڭىز توغرا ئەمەس. ئۇ باشلاپ كەلگەن ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ھەممە ئەزاسى شۇ جايدىكى ئاھالە

ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئۆي ـ ماكانى شۇ جايدا بولۇپ، ئۇلار ئۇزاقتىن بېرى شۇ يەردە ئولتۇرۇپ كەلگەنىكەن.
سۇلايمان باش ئەمەلدارنىڭ گېپىگە رەددىيە بەردى:
— خان باھادۇرنىڭ گېپى پۈتۈنلەي بىلجىرلاش. ئۇ يەردىكى ئاھالىنىڭ بۇ ئىشتىن پەقەت خەۋىرى يوق، بۇ خان باھادۇرنىڭ سۈيىقەستىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇنىڭ دوختۇرخانا سېلىنىدىغان جاينى يولسىزلىق بىلەن ئىگىلىۋېلىشقا ئۇرۇنۇشى دىنىنى نىقاب قىلىپ تۇرۇپ زورلۇق بىلەن تارتىۋېلىش دېگەن گەپ. سىز ئۇنىڭغا دەرھال تەدبىر قوللىنىشىڭىز كېرەك، بولمىسا، قايتۇرما زەربە بېرىشكە مەجبۇر بولىمىز.
سۇلايمان ئۆزىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك بىر ئەمەلدار بىلەن سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ، «بوز تورغاي جەمئىيىتى»دە سۆزلىگەندەك، مەردانە، جۇشقۇن سۆزلەپ كەتتى. بۇ ئەمەلدارلار ئۆزلىرىنىڭ پېشىۋاسى بولغان ھىندىستان مۇلكىي ئەمەلدارلىرىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغانىدى. ئەينى چاغلاردا ئۇلار ئەنگلىيەلىك غوجايىنىغا خۇشامەت قىلىش ئۈچۈن، ھەتتا قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقى بولمىغان خەلقلەرنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەنىدى.
باش ئەمەلدار سۇلايماننىڭ گېپى تۈگىگۈچە، تاماكىسىنى قاتتىق شوراپ ئولتۇرۇپ سەۋرلىك بىلەن ئاڭلىدى. ئاندىن ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەرگە ھومىيىپ قاراپ قويدى.
— سىلەر قالايمىقانچىلىق چىقىرىدىغان بولساڭلار، ھەممىڭلارنى قولغا ئالىمەن. سىلەر بېرىپ مىنىستىرلارغا تەھدىت سېلىڭلار، چۈنكى ئۇلار سىلەرنىڭ سايلام بېلىتىڭلارغا موھتاج، — دېدى ئۇ.
سۇلايمان ئۇنىڭ تەھدىت سالغانلىقىغا غەزەپلىنىپ ئۆپكىدەك قىزىرىپ كەتتى. لېكىن، ئەلى ئەھمەت ئۇنى سۆزلەتمەي ئۆزى سۆزلىدى:
— سىزگە ھەرگىز تەھدىت سالمايمىز، — دېدى ئۇ رايوننىڭ

ياش باش ئەمەلدارىغا، — بىز پەقەت سىزگە ئەرز ئېيتىپ كەلدۇق. بىز بۇنداق جىنايى قىلمىشلارنىڭ جازالىنىشىنىلا ئۈمىد قىلىمىز. ئۇنداق بولمىسا، خەلقنىڭ دىنىي كەيپىياتى قوزغىلىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى قالايمىقانچى ئۇنسۇرلارنىڭ خورىكى ئۆسۈپ قالىدۇ.

— مەسىلە سىز تەسەۋۋۇر قىلغاندەك ئۇنداق ئاددىي ئەمەس. بۇ ئىنتايىن نازۇك مەسىلە. كىشىلەرنىڭ دىنىي كەيپىياتىنىڭ نەقەدەر ئاسان قوزغىلىدىغانلىقىنى سىز بىلمەيسىز. ۋەقە كېڭىيىپ كەتسە، سىز تېخى ھۆكۈمەت تەرەپتىن ئاغرىنىسىز.

ئۇ بۇ سۆزلەرنى ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئاچچىقى بىلەن سۆزلىدى. ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئۇرانىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ئۆز ئالدىدا ئولتۇرغان كىشىلەرنى «قالايمىقان ئالامانلاردىن باشقا نەرسىلەر ئەمەس، ئۇلاردا مەسئۇلىيەتچانلىقمۇ يوق، قانۇنغا ھۆرمەت قىلىشتىن سۆز ئاچقىلىمۇ بولمايدۇ» دەپ قارايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— قىسقىسى، مەن بۈگۈن بۇ ئىش توغرىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا بۇيرۇق چىقىرىمەن. بىخەتەرلىكنى كۆزدە تۇتۇپ، مەسچىت ئالدىدا كۆزەتچىلىك قىلىشقا ساقچى ئەۋەتىمەن. زۆرۈر تېپىلسا، ساقچىلار يەنە كۆپەيتىلىدۇ.

بۇ ئۇنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىۋاتقانلىقىنى بەكمۇ ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرەتتى.

ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى كۆڭلى سوۋۇپ، قاپاقلىرى سېلىنغان ھالدا ئېغىر قەدەملىرىنى سۆرەپ قايتىپ چىقتى. ئۇلار رايوننىڭ باش ئەمەلدارى ئالدىغا زور ئۈمىد بىلەن كەلگەنىدى، ئەمدىلىكتە ئۈمىد يوققا چىقتى. ئۇلار روھى چۈشۈپ باشلىرىنى سالغان ھالدا «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ باش ئورگىنىغا قاراپ يول ئېلىشقا مەجبۇر بولدى.

ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدىكىلەر ئىچىدە سۇلايمان ئەك

قاتتىق ئۇمىدسىزلەنگەنىدى. ئۇ بىر ەر مىڭ جىڭ يۇك يۈدۈۋالغاندەك، قاتتىق هاردۇق يەتكەن هالدا ئاران ماڭاتتى. «بوز تورغاي جەمئىيتى» گە قايتىپ بارغاندىمۇ يەنىلا روهسىزلىنىپ سالپىيىپ كەتكەنىدى. ئەلى ئەھمەت دوكلات يېزىشقا كىرىپ كەتتى، سۇلايمان ئۆيگە كىرىپ ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى. ئۇنى رايوننىڭ باش ئەمەلدارىدىن خاپا بولدى دېگەندىن كۆرە، ئەلى ئەھمەتتىن خاپا بولدى دېگەن تۈزۈكرەك ئىدى. چۈنكى، ئۇ «هۆكۈمەت بۇ ئىشقا چوقۇم تەدبىر قوللىنىدۇ» دەپ بەك ئىشەنچ بىلەن ئېيتقانىدى.

سۇلايمان شۇ ياتقىنىچە، كۆڭلى پەرىشان بولۇپ تاكى چۈشكىچە ياتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئاچچىقى تېخى قايتمىغانىدى. قۇياش كۈنپېتىشقا قىڭغىيىپ، سىرتتا مەكتەپتىن قايتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ چۇۋۇرلاشلىرى ئاڭلاندى. ئىچى تىت ـ تىت بولۇپ تۇرغان سۇلايمان دېرىزە ئالدىغا كېلىپ، يولدا كېتىۋاتقان باللارغا بىر ئالىيىپ قويۇپ، ئاچچىقى بىلەن دېرىزىنى «جالاققىدە» يېپىۋەتتى.

سۇلايمان كەچقۇرۇن سەئدى دوختۇرنى باشلاپ نۇشالارنىڭ ئۆيىگە كەلدى. رازىيەنىڭ سالامەتلىكى بۈگۈنگىچە تېخى ياخشىلانمىغانىدى. ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا يەنە كېسىلى قوزغىلىپ قالغان بولۇپ، هازىر تېخىمۇ زەئىپلىشىپ، بۆلەكچىلا ياداپ كەتكەنىدى. توختىماي قاتتىق هاسراپلا تۇراتتى. سەئدى دوختۇر ئۇنى ئەستايىدىللىق بىلەن تەكشۈرۈپ كۆردى ۋە ئۇنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى تەپسىلىي سوراپ ئاڭلىدى.

ــــ دوختۇر، كېسىلىم خەتەرلىك ئەمەستۇ؟ ــــ دەپ سورىدى رازىيە.

ــــ خەتەرلىك ئەمەس. خۇدا خالىسا، پات ئارىدا ساقىيىپ كېتىسىز، ــــ دېدى سەئدى دوختۇر تەسەللى بېرىپ.

ــــ كۈندىن ـ كۈنگە ناچارلاپ كېتىۋاتىمەن. ئەمدى

ساقىيالمايدىغاندەك قىلمەن، — شۇنداق دەۋېتىپ، ئۇنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ قالدى.

سەئدى دوختۇر ئۇنىڭ خاتىرجەم بولۇشىنى ئېيتىپ، يەنە بىرمۇنچە تەسەللى بەردى. ئاندىن بىرنەچچە خىل دورا بېرىپ، بۇ دورىلارنى ئىچكەندە نېمىلەرگە دىققەت قىلىشنى ئېيتىپ بەردى.

— سىز بۇ دورىلارنى ئىمكانقەدەر چاپسانراق ئىچىڭ، — دەپ جېكىلىدى ئاخىرىدا.

— مېنى داۋالاۋاتقان دوختۇردىن سوراپ باقسام بولارمىكىن، — دېدى رازىيە بوش ئاۋازدا.

سەئدى دوختۇر بۇ گەپنى ئاڭلاپ قايتا ئۈنچىقمىدى. ئۇ رازىيەنىڭ گېپىگە جاۋاب بەرمەي، چىرايى تۇرۇلگەن ھالدا، نېمىنىدۇر ئويلاۋاتقاندەك قىلاتتى.

— دوختۇر، سىز تېخى مېنىڭ گېپىمگە جاۋاب بەرمىدىڭىز؟ — دېدى رازىيە ئۇنىڭ گەپ قىلمىغانلىقىنى كۆرۈپ.

— مېنىڭ قارىشىمچە، — دېدى سەئدى دوختۇر، — سىز بۇنىڭدىن كېيىن غەيرەت مۇھەممەت دوختۇرغا داۋالاتماڭ، بولمىسا، ھاياتىڭىز خەتەرلىك.

رازىيە بىلەن سۇلايمان قاتتىق ئەجەبلىنىپ سەئدى دوختۇرغا قاراپلا قالدى. ئۆي دەرھال تىمتاس بولۇپ كەتتى. قارا چىراغ روجەكتىن كىرگەن شامالدا لېپىلداپ قىلىۋىدى، تامدىكى سايىلەر مىدىرلاپ كەتتى. ئۆي ئىچىدىكى كەيپىيات بىر ئاز سۇرلۇك تۈس ئالغانىدى. كېسەلنىڭ چىرايى زەپىراندەك سارغىيىپ، كۆزلىرى چوڭقۇر ئولتۇرۇشۇپ، ياڭاق سۆڭىكى تومپىيىپ چىققان بولۇپ، بەئەينى بىر مۇردىدەك كۆرۈنەتتى.

سەئدى دوختۇرنىڭ سۆزى بۇ قورقۇنچلۇق سۈكۈتنى بۇزۇپ تاشلىدى.

— سۇلايمان ئەپەندى، بىز قايتايلى.

سۇلايمان ئورنىدىن تۇردى.

— يەنە قايتىپ كېلەمسىز؟ — دەپ سورىدى رازىيە سۇلايماندىن.

سۇلايمان ناھايىتى ئالدىراش ئىدى، ئۇ تېخى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش مەركىزىگە باراتتى.

— قايتىپ كەلمەيمەن، قىلىدىغان مۇھىم بىر ئىشىم بار، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.

— ئەتە كېلەرسىز؟ — دەپ سورىدى رازىيە.

— ماقۇل، ئەتە چۈشتىن كېيىن كېلەي، — دەپ جاۋاب بەردى سۇلايمان دەرھال.

— جەزمەن كېلىڭ جۇمۇ.

— جەزمەن كېلىمەن، جەزمەن.

سەئدى دوختۇر ئالدىدا، سۇلايمان كەينىدە مېڭىپ ئۆيدىن چىقتى. سۇلايمان ئۆيدىن چىقىپلا ئەتراپقا قارىدى. سۇلتانە ئۆز ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇراتتى. ئۇلار بىر - بىرىگە قارىشىۋالدى.

ئىككىيلەن قاپقاراڭغۇ كوچىدا جىم كېتىۋاتاتتى. تۇساتتىن سەئدى دوختۇر بۇ جىمجىتلىقنى بۇزدى.

— غەلىتە ئىش، بۇرۇنلا ئۆلۈپ كېتىدىغان كېسەل كىشى بۈگۈنگىچە ياشاپ كەپتۇ، — دېدى ئۇ.

— ئۇ زادى نېمە كېسەلكىن؟ — دەپ سورىدى سۇلايمان.

دوختۇر ئۇنىڭ گېپىگە جاۋاب بەرمەي، بەلكى بۇ ئىش بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوق دېگۈدەك بىر مەسىلىنى قويدى.

— بۇ كېسەل كىشىنىڭ ئېرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قانداق؟ بۇنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟

— مەن ئويلايمەن، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى چوقۇم ئىناق، ئۇلارنىڭ توي قىلىشقىنىغا تېخى بىرنەچچە ئايلا بولغان.

سەئدى دوختۇر قايرىلىپ ئۇنىڭغا بىر قاراپ قويدى.

— بۇ چوقۇم ئۇ ئايالنىڭ ئىككىنچى قېتىم نىكاھلىنىشى. ئۇنىڭ ئېرى قانچە ياشلاردا بار؟

— خېلى ياشتەك كۆرۈنىدۇ. مېنىڭچە، قىرىقتىن ئاشماسمىكىن.

— كېسەلنىڭ مال - مۈلكى بارمۇ؟

— يوق.

دوختۇر بىردەم ئويلىنىپ، ئاندىن:

— ئەمىسە ئۆز خىيالىمنى ئۆزگەرتسەم بولغۇدەك، — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ، — بۇ غەيرەت مۇھەممەت دوختۇرنىڭ سېسىق نامى پۇر كەتكەن. ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپلا كۆڭلۈمگە گۇمان چۈشتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ، بۇ كېسەلگە توغرا دىياگنوز قويالماي، كەلسە - كەلمەس ئوكۇل سېلىۋەرگەن. مۇنتىزىم تەربىيە كۆرمىگەن بۇ دوختۇرلار كۆپ چاغلاردا كېسەلنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يەتكۈزىدۇ.

— ئابايا ئىنتايىن قورقۇنچلۇق بىر ئىشنى ئويلاپسىز - دە، — دېدى سۇلايمان.

— توغرا، مەن ساقچى دوختۇرخانىسىدا سەككىز يىل تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى بولۇپ ئىشلەپ، جىنايەتچىلەر بىلەن ئۇزاق ۋاقىت ھەپىلەشكەن.

— ئۇ زادى قانداق كېسەل؟

— كېسەلنىڭ قان بېسىمى ئۆرلەپ، يۈرەككە قان يەتكۈزۈپ بېرىدىغان تومۇرلار ئۈزۈكسىز قورۇلغان. بۇ ئۆزگىرىش ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن.

سۇلايمان ئالاقزەدە بولۇپ كەتتى. ئۇ بۇنىڭ ئىنتايىن خەتەرلىك كېسەل ئىكەنلىكىنى بىلەتتى.

سەئدى دوختۇر ئۆزىنىڭ ساقچى دوختۇرخانىسىدىكى كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بەردى. بىر پېشقەدەم پولكوۋنىك بار ئىكەن، ئۇنىڭ بەدىنىگە غالجىر ئىتنىڭ قېنىنى ئوكۇل قىلغانلىقتىن، ئۇ ساراڭ بولۇپ قېلىپ، بىر كۈنى ئۆزىنىڭ خۇدىنى بىلمەي، ئۆزىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ قويغان. بۇ دېلونىڭ ئالدى - كەينى ئىنتايىن ئەگرى - توقاي ۋە قورقۇنچلۇق ئىدى.

سۇلايمان ئەقلى ھەيران بولۇپ، سەئدى دوختۇرغا كۆز ئۇزمەي قاراپ كەتتى.

ئۇلار پاراڭلىشىپ مېڭىپ، «بوز تورغاي جەمئىيىتى»گە يېتىپ بارغاندا، كەچ سائەت سەككىز بولۇپ قالغانىدى. سۇلايمان ئۇ يەردە ئۇزاق تۇرمايلا، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش مەركىزىگە كەتتى.

ئۇ كۈنى سۇلايمان دەرسنى چاپسانلا ئۆتۈپ بولۇپ قايتىپ كەلدى. مۇشۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ خىزمىتىگە بولغان ھەۋىسى سۇسلىشىپ قالغان، «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ پائالىيەتلىرىگىمۇ ئانچە كۆڭۈل بۆلگۈسى كەلمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ھازىر كۆپرەك ئويلايدىغىنى سۇلتانە ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى ئىدى.

ئۇ بىرنەچچە كۈننى ئۆتكۈزۈپ، يەنە نۇشالارنىڭ ئۆيىگە بېرىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. ئۇ چوڭ كوچىنى كېسىپ ئۆتۈۋاتقاندا، ئۇدۇل تەرەپتىن نىياز كېلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەرھال ئارقىسىغا قايتتى ۋە ھازىر نۇشالارنىڭ ئۆيىگە بېرىشنىڭ ئانچە مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى.

ئۇ باش ئورگانغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، «بوز تورغاي جەمئىيىتى» ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن كاراچىغا كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى. كېيىن يەنە «ۋەكىللەر ئۆمىكى پالانى ئەمەلدار بىلەن، پۇستانى مىنىستىر بىلەن كۆرۈشۈپتۇ، ساقچىلارمۇ داۋاملىق تەكشۈرۈۋېتىپتۇ ...» دېگەندەك خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ تۇردى. لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەسچىتنىڭ قۇرۇلۇشىمۇ داغدۇغىلىق ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى. ئاۋۋالقى تۇسۇق ئۆرۈۋېتىلىپ، يېڭىدىن تام قوپۇرۇلدى. ئېگىز تۈۋرۈكلەر قويۇلۇپ، ئەگمە ئىشىك ياسالدى. دېمەك، ھەش - پەش دېگۈچە كاتتا بىر قۇرۇلۇش پۈتۈپ قەد كۆتۈردى. ھۆكۈمەت بولسا تېخىچە بىر قارار چىقارمايۋاتاتتى.

ئاخىر مەسچىت پۈتتى. مەسچىتنىڭ چوڭ يولغا قارايدىغان تەرىپىدە ئون دۇكان بار ئىدى. مەسچىتنى باشقۇرۇش ئۈچۈن بىر تىرىست قۇرۇلۇپ، خان باھادۇر بۇنىڭ ئۆمۈرۋايەتلىك رەئىسى بولدى. ۋاكالىتەن باشقۇرغۇچى بەش كىشىدىن ئىككىسى خان باھادۇرنىڭ جىيەنى، يەنە بىرى كۈيئوغلى ئىدى. خان باھادۇر تىرىستنى رەسمىي تىزىمغا ئالدۇردى.

ئەزالار دەسلەپتە قايناق ھېسسىياتقا تولغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۈرەش ئىرادىسى ئۇرغۇپ تۇراتتى. لېكىن، مەسچىتنىڭ پۈتۈشى بىلەن ئاستا - ئاستا، ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغاندەك ئۇلارنىڭ جەڭگىۋارلىقى تۆۋەنلەپ كەتتى. ئۇلار ئۆزىنىڭ خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولماي، دائىم چايخانىلاردا قۇرۇق پاراڭ سوقۇپ ئولتۇرىدىغان، بەزىدە بىر پاراڭغا چۈشۈپ كەتسە نەچچە سائەتلەپ ئولتۇرۇپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى.

شۇ مەزگىلدە «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ ئۈچ قېتىملىق مەجلىسىگە كەلگەنلەر قانۇندا بەلگىلەنگەن ئادەم سانىغا يەتمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، رەئىس ئامالسىز قېلىپ، مەجلىسنى قايتا - قايتا كېچىكتۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. بۇ، مۇشكۇل ۋە كىشىلەرنىڭ روھى چۈشكەن مەزگىل بولۇپ، «بوز تورغاي جەمئىيىتى» چاك - چېكىدىن بۆسۈلۈپ كېتەي دەپ قالغانىدى.

مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە ئەلى ئەھمەت ئۆزىنىڭ غەيرەت ۋە ئەقىل - پاراسىتىنى ئىپادىلىدى. ئۇ بىر تەتقىقات گۇرۇپپىسى قۇردى. گۇرۇپپىدا ئۇ تۇرمۇشتىكى تۈپ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە ئۆزىنىڭ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى سۆزلەپ ئۆتتى. «بوز تورغاي جەمئىيىتى» خىزمىتىنىڭ خاراكتېرى ۋە زور ئەھمىيىتىنى بايان قىلدى. كىشىلەر ھەر كۈنى كەچ سائەت ئوندا ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت مەركەزلىرىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، تەتقىقات گۇرۇپپىسى مەجلىسخانىغا يىغىلىپ پائالىيەت ئۆتكۈزەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە كۆپىنچە ئەلى ئەھمەت نۇتۇق سۆزلەيتتى. سىغۇت بەشىر بىلەن

فىشىم ئەللارمۇ تۇرلۇك تىمىلار بويىچە ئۆزىنىڭ چۈشەنچىلىرىنى ئىزھار قىلاتتى.

ھەربىر كىشى ئۆزلىرىنىڭ تونۇشى بويىچە پىكىر بىرەتتى. بۇ مۇزاكىرىلەر ئۇلارنىڭ بىلىمىنى ئاشۇرۇپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى.

ئەزالار دەسلەپتە تەتقىقات گۇرۇپپىسىنىڭ پائالىيەتلىرىگە كۆڭۈل بۆلمىدى. مۇزاكىرىلەرگە قاتنىشىشنى خالىمىدى. كۆپ چاغلاردا پىكىرمۇ بەرمەي تاماكا چېكىپ ئولتۇرۇشتى. لېكىن، بۇ ئەھۋال ئۇزاق داۋام قىلمىدى. ئەمدى ئۇلار چايخانىدا ئولتۇرۇپ ۋاقىتنى ئىسراپ قىلماي، بەلكى ۋاقىتنى كۇتۇپخانىدا ئۆتكۈزىدىغان، ئەلى ئەھمەت تەۋسىيە قىلغان كىتابلارنى ئەستايىدىل ئوقۇيدىغان، كىتاب ئوقۇشتىن خاتىرە يازىدىغان، ئاخشىمى تەتقىقات گۇرۇپپىسىنىڭ مۇزاكىرىسىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، قىزغىن پىكىر بېرىدىغان بولۇپ قالدى.

بۇرۇن سۇلايمان «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ مەجلىسلىرىدە سۆز قىلسا، ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن مىلتىق دورىسىنىڭ ھىدى پۇراپ تۇراتتى. لېكىن، ھازىر بۇ ئەھۋال ئۆزگىرىپ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئەتراپلىق سۆزلەيدىغان، دائىم يېرىم كېچىلەرگىچە باش كۆتۈرمەي كىتاب كۆرىدىغان بولۇپ قالدى.

تەتقىقات گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ بىرنەچچە ھەپتىدىن بۇيان، «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ قىياپىتى زور دەرىجىدە يېڭى تۇسكە كىردى. ئەلى ئەھمەتنىڭ نۇتۇقلىرى ئۇلارغا مەنىۋى كۈچ - قۇۋۋەت بەردى. ئۇلار ئەمدى «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ تۇرلۇك پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىدىغان بولۇپ قالدى. لېكىن، ئەلى ئەھمەت يەنىلا قانائەت ھاسىل قىلماي، «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ ئاساسىي ئاجىزلىقىنى تېپىپ چىقتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ باش ئورگىنىنى سىفۇت بەشىرنىڭ داچىسىدىن ئاھالىلەر رايونىغا كۆچۈرۈش تەكلىپىنى بەردى.

ئەلى ئەھمەت مەجلىستە بۇ تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، مەجلىسخانا تىمتاس بولۇپ كەتتى. ھېچ كىشى لام - جىم دېمىدى. بۇ قىش كۈنلىرىنىڭ بىر ئاخشىمى بولۇپ، سوغۇق شامال چىقىپ تۇراتتى. ئەزالار ئىسسىق ئۆيدە ئولتۇرۇشاتتى. ئۆينىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرى ھەم يېپىلغان بولۇپ، تام مەشتە قىپقىزىل چوغ يالقۇنلاپ تۇراتتى. توك ئوچاق ئۈستىگە قويۇلغان چەينەكتىن پۇرقىراپ چىقىپ تۇرغان ھور مەززىلىك چاي ھىدىنى دىماققا ئۇرۇپ تۇراتتى. ئەزالار مانا مۇشۇنداق رومانتىك مۇھىتتا قىلىن كىيىنىپ، تاماكا چېكىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلار ئەلى ئەھمەتنىڭ تەكلىپىگە ئىنتايىن تەئەججۈپلەندى. بىرنەچچە ئەزا بۇنىڭغا قەتئىي قارشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

ئەلى ئەھمەت كىشىلەرنىڭ پىكرىنى ئۇنچىقماي ئاڭلىدى. ئۇنىڭغا قارشى چىققۇچىلار سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كۆزقارىشىنى بايان قىلدى. ئۇنىڭ سۆزلىرى سىلىق ۋە ئەستايىدىل ئىدى. ئۇ كۆپچىلىككە، بەزىلەردە بىرمەھەل روھسىزلىنىش كەيپىياتىنىڭ ئىپادىلىنىشتىكى تۈپ سەۋەبىنىڭ دوختۇرخانا سىلىنىدىغان جايدىن قۇرۇق قالغانلىق ئەمەسلىكىنى؛ چۈنكى بۇنداق ئوڭۇشسىزلىقلار بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بولىدىغانلىقىنى؛ ئىشەنچنى يوقىتىپ قويۇشنىڭ تۈپ سەۋەبى ئۇلارنىڭ مۇشۇ كىچىك بىنادا تۇرۇۋاتقانلىقى ئىكەنلىكىنى؛ ئەگەر ئەزالار خەلق ئاممىسى بىلەن ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولمىسا، ئۇلارنىڭ دەرد - ئەلەمىنى ۋە روھىي ھالىتىنى چۈشەنمىسە، ئۇ خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىنىمۇ بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتتى. ئەلى ئەھمەت ئىتتىكمۇ ئەمەس، ئاستىمۇ ئەمەس، بىر خىل سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرى چاقىرىق كۈچىگە تولۇپ تاشقانىدى.

— ئىنژېنېر بولاي دېسەڭ ماشىنىنىڭ قىسىملىرىنى پىششىق بىلىشىڭ كېرەك. دوختۇر بولاي دېسەڭ، ئادەم بەدىنىنىڭ قۇرۇلمىسىنى ۋە ھەرقايسى ئەزالارنىڭ ئىقتىدارىنى

پىششىق بىلىشىڭ كېرەك. بىر ئىنژېنېر بۇزۇلغان بىر ئىستانوكنى رېمونت قىلىپ چىققاندا ياكى بىر دوختۇر سەكراتقا چۈشۈپ قالغان بىر كېسەلنى مۆجىزىلىك ھالدا قۇتقۇزۇۋالغاندا، ئۇلار چەكسىز خۇشاللىق ھېس قىلىدۇ. بۇ بىر خىل مۇقەددەس روھنىڭ رول ئوينىشى. بىزنىڭ خىزمىتىمىز ئىنتايىن مۇھىم. خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ، نادانلىقنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتىمىز. ئادەملەرنى ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى ئىشلەپ، خەلققە تۇرمۇش يولىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىمىز. بۇ بىر ئۇلۇغ كۇرەش. تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن بۇ كۇرەشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش بىر خىل ئالىيجانابلىق، ئەڭ زور خۇشاللىق. سىلەر قورسىقىنى تويدۇرۇشنىلا بىلىپ، ھېچنېمە بىلەن كارى بولمايدىغان، تۇرمۇشقا دۇربۇن بىلەن نەزەر تاشلايدىغان كەسپىي سىياسەتچىلەرنى ئۆزۈڭلارنىڭ ئۈگىنىش ئۈلگىسى قىلماسلىقىڭلار، بەلكى ئەتراپىڭلاردىكى مۇلازىم ـ كۈتكۈچىلەر، شوپۇر ۋە ئاشپەزلەر بىلەن مۇڭدىشىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ مەسىلىلىرىنى چۈشىنىپ چىقىشىڭلار كېرەك. ھەشەمەتلىك سالونلاردا ئولتۇرۇپ قۇرۇق گەپ سېتىش سىياسەتنى نابۇت قىلماي قالمايدۇ. مەجلىسلەردە «ياشىسۇن» دېگەن بىرنەچچە ئاۋازغا ئىگە بولغان كىشىلەر ئەمەل تۇتۇپ تۆرە بولۇشنى كۆزلەيدۇ. ئۇلار جامائەتنى ئالداپ نام ـ ئاتاققا ئىگە بولۇۋېلىپ، ھوقۇق ۋە بايلىقنىڭ كويىغا چۈشىدۇ. ۋاھالەنكى، «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ يولى بۇ ھەرىكەتلەر بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ ۋە بىر ـ بىرىگە تامامەن زىت، — ئەلى ئەھمەت بىردەم توختىۋېلىپ سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى، — بايلىق بولسا، ئەمەلدار بولغىلى بولىدۇ. بايلىققا ئىگە بولۇشنىڭ ئەپچىل چارىسىنى تېپىش ئۈچۈن بازارغا بېرىپ «مىليونېرلار ئوقۇشقا تېگىشلىك» دېگەنگە ئوخشاش كىتابلارنى سېتىۋېلىشىمۇ ھاجەتسىز، پەقەت خان باھادۇر بىلەن مۇناسىۋەت باغلانسىلا، ئۇنىڭ ئۆزى بايلىققا ئىگە بولۇشنىڭ جانلىق ئەپچىل چارىسى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.

— ئۇ رەھىمسىز كېپەن ئوغرىسى، — دېدى سۇلايمان يۇقىرى ئاۋازدا.

— ئۇنى شارۇق① دېسىمۇ تازا لايىق بولىدۇ، — دېدى ئەلى ئەھمەت.

— سىزنىڭچە، خان باھادۇرنىڭ سېسىق نامىنىڭ پۇر كەتكەنلىكى تېخى ئازلىق قىلامدۇ؟ — دېدى سىفۇت بەشىر كۈلۈپ.

ئەلى ئەھمەت كۈلۈمسىرەپ قويۇپ جىم تۇراتتى. كىشىلەر تىنچلانغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

— مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، بىز كەسپىي سىياسەتچى بولماي، بەلكى دېھقانلار ئىچىگە بېرىپ، ئۆزىمىزنىڭ تۇرمۇش سايىمىزنى شۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىن ئىزدىشىمىز كېرەك. دېھقانلار بىر سىقىم توپىنى ئېلىپ پۇراپ بېقىپلا شۇ يەرنىڭ ياخشى - يامانلىقىنى بىلەلەيدۇ. ئۇلار ئۇنۇمسىز يەرنى مۇنبەت ئېتىزغا، قاقاس چۆلنى ئاشلىق كېنىگە ئايلاندۇرۇپ كەڭ زېمىندىن مول مېۋە ئالىدۇ...

ئەلى ئەھمەتنىڭ سۆزى خېلى ئۇزاق داۋام قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كۆزقارىشىنى كونكرېت مىساللار بىلەن ئىسپاتلىدى. ئاخىرىدا مەجلىس ئىشتىراكچىلىرى ئۇنىڭ تەكلىپىنى ماقۇللىدى. بۇ پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، سىفۇت بەشىر باشچىلىقىدا بىر ھەيئەت تەسىس قىلىندى.

سىفۇت بەشىر توپتوغرا بىر ھەپتە قاتراپ يۈرۈپ، گومدىنىڭ شەھەر ئەتراپىدىكى ئاھالىلەر رايونىدىن بىر پارچە ئەرزان يەر سېتىۋالدى. بۇ ئاھالىلەر رايونى خېلى چوڭ بولۇپ، بىر كىچىك تاقىر تاغنىڭ باغرىغا جايلاشقانىدى. بۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئاھالىنىڭ كۆپ قىسمى ئىشچى ئىدى. يەنە سوت ساتىدىغان

① شېكسپېر دىرامىسى «ۋېنىتسىيە سودىگىرى»دىكى باش قەھرىمان بولۇپ، تېپىك ئۈچىغا چىققان مەنپەئەتپەرەس سودىگەر ئوبرازى.

بىرنەچچە ئائىلە بار ئىدى. گومدى رايونىدا ئاللىبۇرۇنلا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش مەركىزى قۇرۇلغان ۋە ياخشى يولغا قويۇلغانىدى. شەھەرلەردە كېزىك تارقالغان چاغدا، «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ بىرىنچى داۋالاش مەركىزى مۇشۇ يەردە قۇرۇلغانىدى.

«بوز تورغاي جەمئىيىتى» باش ئورگىنى قۇرۇلۇشنىڭ تەييارلىق خىزمىتى ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى. بىر كۈنى قاق سەھەردە پۈتۈن ئەزالار كۆل رەڭ كالتە تامبال ۋە قارا كۆڭلەك كىيىشىپ، ئىش ئورنىغا كېلىپ، ئۆل كولاشقا باشلىدى.

ئۇلار بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ئۆلنى كولاپ بولۇپ، ئاندىن تام قوپۇرۇشقا تۇتۇش قىلدى. ئۇلار ناھايىتى غەيرەت بىلەن ئىشلەيتتى. بەزىلىرى خىش توشۇيتتى. بەزىلىرى لاي ئېتەتتى، بەزىلىرى بولسا تام قوپۇراتتى. ھەرقانچە ئالدىراش ئىشلىسىمۇ ھارغىنلىق ھېس قىلمايتتى. چاچلىرى پاخپايغان، يۈز ـ كۆزلىرى لاي بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا ئاغزىدىن ئەمگەك ناخشىسى چۈشمەيتتى. چۈشتىن كېيىن ئۇلار تەرلەپ ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشەتتى. تاماقتىن كېيىن بىرئاز تاماكا چېكىشەتتى ياكى تام تۈۋىدىكى سالقىنراق يەردە بىردەم ئارام ئېلىشاتتى.

بۇ ئىش يېڭى باشلانغاندا ئۇلار نومۇس قىلىپ، باشلىرىنى كۆتۈرمەي مېڭىشاتتى. ئەمدى بولسا ئىزا تارتمايدىغان، كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن ئىشلەيدىغان، بەزىدە تېخى چاقچاق قىلىشىپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلار ئەمگەك قىلىش جەريانىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن خۇشال ـ خۇراملىققا ئېرىشتى.

كۆپچىلىكنىڭ جاپا چېكىپ تىرىشىشى ئارقىسىدا ئۆي چاپسانلا پۈتۈپ قالدى. ئۆينىڭ ئۆگزىسى ئاق قاڭالتىر بىلەن يېپىلدى. جەمئىي سەككىز ئېغىز ئۆي بولۇپ، ئەڭ چوڭ بىر ئېغىزى كۈتۈپخانا ۋە قوشۇمچە مەجلىسخانا، بىر ئېغىزى ئىشخانا، تۆت ئېغىزى ئەزالارنىڭ ياتىقى قىلىندى. قالغان ئىككى ئېغىزىنى سەئىدى دوختۇر شىپاخانا قىلدى.

ئۆي پۈتكەندىن كېيىن ھەممەيلەن كۆچۈپ كېلىشتى. بۇ يەردىكى تۇرمۇش ئاددىي ـ ساددا ئىدى. ئەتىگەندە ئورۇندىن تۇرغاندىن كېيىن، ھەممەيلەن ئۆزىنىڭ ئورنىنى يىغاتتى، ياتىقىنى تازىلايتتى، چاي قايناتاتتى، كىر ـ قات يۇياتتى، قىسقىسى، ھەممە ئىشنى ئۆزلىرى قول سېلىپ ئىشلەيتتى. «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ خىزمەتلىرىنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن، كۆپ ۋاقتىنى كۇتۇپخانىدا ئۆتكۈزەتتى. ئەلى ئەھمەت بىلەن سىفۇت بەشىر ھەر كۈنى يەنىلا تەتقىقات گۇرۇپپىسىغا دەرس ئۆتۈپ تۇراتتى. ئۇلار ئايدا بىر قېتىم دەم ئالاتتى. بۇ كۈنى ئۇلار ئادەتتە شەھەر سىرتىغا چىقىپ، ساپ ھاۋالىق بىرەر جاينى تېپىپ دالا تامىقى يېيىشەتتى.

ئەزالار ئاھالىلەر رايونىغا كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن بۇرۇنقىدىن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئۇلار بۇ يەرگە كېلىپ بىرنەچچە كۈندىلا، بۇ ئەتراپتىكى مۇھىتنىڭ ئىنتايىن پاسكىنا ۋە قالايمىقان ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. بۇ يەردە پاسكىنا سۇلارنى چىقىرىۋېتىدىغان يېپىق ئېرىق يوق ئىدى. بىرمۇنچە ئائىلىنىڭ ئىشىك ئالدى ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل بولۇپ، ئۇ يەرگە يىغىلىپ قالغان پاسكىنا سۇلار سېسىپ كەتكەن، كىچىك كوچىلاردا ئەخلەت دۆۋىلىنىپ كەتكەنىدى. ئاخشىمى ھەممە يەرنى قاپقاراڭغۇلۇق باساتتى، يورۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى يوق ئىدى. يولۇچىلار دائىم قاراڭغۇدا يىقىلىپ كېتەتتى ياكى پاتقاققا كىرىپ كېتەتتى. ھەر قەدەمنى ئاۋايلاپ بېسىشقا توغرا كېلەتتى.

بۇ ئاھالىلەر رايونىمۇ شەھەر مەمۇرىيىتى كومىتېتىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەسى بولسىمۇ، لېكىن شەھەر مەمۇرىيىتى كومىتېتى بۇ يەرگە ئەزەلدىن ئەھمىيەت بەرمەيتتى. «بوز تورغاي جەمئىيىتى» بىر قېتىملىق مەجلىستە بۇ مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلىشتى ۋە بۇ مەسىلىنى شەھەر مەمۇرىيىتى كومىتېتىنىڭ ئەمەلدارىغا دوكلات قىلىش ئۈچۈن، سەئىدى دوختۇر باشچىلىقىدا بىر ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتىشنى قارار قىلىشتى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ۋەكىللەر ئۆمىكى شەھەر مەمۇرىيىتى كومىتېتىنىڭ رەئىسى بىلەن كۆرۈشتى. رەئىس ئۇلارنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— شەھەر ئەتراپىدىكى ئاھالىلەر رايونى توغرىسىدا شەھەر مەمۇرىيىتى كومىتېتى بىر پىلان تۈزگەندى، كېلەر نۆۋەتلىك يىغىندا بۇ پىلاننى تىرىشىپ ماقۇللىتىمىز، — دېدى. ئۇ يەنە ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ خاتىرجەم بولۇشىنى، پىلان ماقۇللانغان هامان شەھەر ئەتراپىدىكى ئاھالىلەر رايونىنىڭ قۇرۇلۇش - تەرەققىيات خىزمىتى باشلىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى. سەئىدى دوختۇر قايتىپ كېلىپ، بۇنى ئەزالارغا دوكلات قىلدى.

بىر ھەپتىدىن كېيىن شەھەر مەمۇرىيىتى كومىتېتى يىغىن ئاچتى. لېكىن، شەھەر ئەتراپىدىكى ئاھالىلەر رايونى توغرىسىدىكى تەرەققىيات پىلانى تېخى مۇزاكىرىگە قويۇلغۇچە، يىغىن مەيدانىدا قالايمىقانچىلىق چىقىپ، كاتىپ تېلېفون بېرىپ ساقچى چاقىرىشقا مەجبۇر بولدى. مەجلىس رەئىسى مەجلىس تۈگىگەنلىكىنى ئېلان قىلىپ، شىرە ئاستىغا مۆكۈۋالدى.

ئۇلار دەسلەپتە مۇنازىرە قىلىشتى، ئاندىن ئاغزىنى بۇزۇپ بىر - بىرىنى تىللاشقىلى تۇردى. ئاخىر بېرىپ ياقا تۇتۇشۇپ، كىيىملىرىنى يىرتىشىپ، ئاياغلىرىنى ئېتىشىپ، چاچلىرىنى يۇلۇشۇپ، تازا رەسۋالاشتى. گىرىم قىلمىسىمۇ سەھنىگە چىقىپ «لەيلى - مەجنۇن»نى ئوينىسا بولىدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشتى. ئەمەلىيەتتە ھېچقانچە ئىش يوق ئىدى. پەقەت دۇكانلارنى تەقسىم قىلىش ئىشىلا ئىدى. مۇئاۋىن رەئىس دۇكاننى ئىنىسىغا تەقسىم قىلىپ بېرىش غەرىزىدە بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىرى قوپۇپ سەن ۋاكالەتچى سودىگەردىن پارا ئالدىڭ دېسە، يەنە بىرى قوپۇپ سەن مەكتەپتىكى ئايال ئوقۇتقۇچى بىلەن ناشايان ئىشلارنى قىلدىڭ دەپ ھەممەيلەن بىر - بىرىنى كولىشىپ كەتتى ... قىسقىسى، ھەممىسىنىڭ يۈزى قارا، كۆتى پاسكىنا ئىدى.

«بوز تورغاي جەمئىيىتى» رەئىسىنىڭ ۋەدىسىگە ئىشىنىپ، بىر مەزگىل سەۋرلىك بىلەن كۈتتى. لېكىن، ئۇلار شەھەر ئەتراپىدىكى ئاھالىلەر رايونى توغرىسىدىكى تەرەققىيات پىلانىنىڭ تۈزۈلگىنىگە ئۈچ يىل بولغان بولسىمۇ، شەھەر مەمۇرىيىتى كومىتېتىنىڭ تېخى بۇگۈنگىچە مۇزاكىرە قىلىنمىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، «بوز تورغاي جەمئىيىتى» ئالاھىدە مەجلىس ئېچىپ، بۇ خىزمەتنى ئۆزلىرى قول سېلىپ ئىشلەش توغرىسىدا قارار چىقىرىشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار «تازىلىق ھەپتىلىكى» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش ئىشىنى ئورۇنلاشتۇردى.

«تازىلىق ھەپتىلىكى» پائالىيىتى داغدۇغىلىق قانات يايدۇرۇلدى. «بوز تورغاي جەمئىيىتى» شۇ رايوندىكى بىرمۇنچە ياشلارنى بۇ پائالىيەتكە ئىختىيارىي قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، ئەزالارنىڭ مەسئۇللۇقىدا بىرنەچچە گۇرۇپپىغا بۆلدى.

بىر ھەپتىدىن كېيىن ئاھالىلەر رايونىنىڭ قىياپىتى يېڭى تۈسكە كىردى. پۈتۈن ئاھالىلەر رايونى بويىچە ئېرىق كولىنىپ، يەر ئاستى سۇ يولىغا تۇتاشتۇرۇلدى. يوللاردىكى ئوڭغۇل - دوڭغۇل يەرلەر تىندۇرۇلۇپ تۈزلەندى. چوڭ - كىچىك كوچىلار پاك - پاكىز تازىلاندى. بىرمۇنچە ئورۇنلارغا ئەخلەت تۇڭلىرى قويۇلدى؛ تۆت دانە گاز لامپا سېتىۋېلىنىپ، تۆت ئاساسىي دوقمۇشقا ئورنىتىلدى. ئاخشىمى بۇ گاز لامپىلارنى يېقىش ۋە ئۆز ۋاقتىدا كىرسىن قۇيۇپ تۇرۇشقا ئەزالار نۆۋەت بىلەن مەسئۇل بولىدىغان بولدى؛ يېقىن ئەتراپتىكى بىر پارچە بوش يەر تۈزلىنىپ، باللار ئوينايدىغان مەيدان قىلىندى؛ يىقىلاي دەپ قالغان تام ۋە ئۆگزىلەر رېمونت قىلىنىپ يېڭىلاندى. بۇ ھەپتىنىڭ ھەربىر ئاخشىمى ئەزالار ئاھالىلەرگە سالامەتلىكنى ساقلاش توغرىسىدا لېكسىيە سۆزلىدى.

«تازىلىق ھەپتىلىكى» كۈتكەندىكىدىن كۆپ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. ئەزالار ئۆزلىرىنىڭ نەتىجىلىرىدىن ئىنتايىن خۇشال بولدى. ئۇلارنىڭ خىزمەت كەيپىياتى تېخىمۇ ئۆسۈپ كەتتى.

## 3

نىياز جىددىگە بېرىپ قىلمىدىغان ئىشىنى ۋۇجۇدقا چىقىرالماي، چاپسانلا قايتىپ كەلدى. مۇشۇ كۈنلەردە ئۇ ئىش قىلىش خۇشياقماي، ھە دېسىلا ئاغزىنى بۇزۇپ تىللايدىغان، غالجىر ئىتتەك ئالدىغا كەلگەننى چىشلەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۆيدىكى چاغلاردا يا كارىۋاتتا ياتاتتى، يا بولمىسا كارىدوردا ئۇياق - بۇياق مېڭىپ يۈرەتتى.

ئۇ جىددىگە بېرىشتىن ئىلگىرى خېلى كۆڭلى ئوچۇق ئىدى، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن كۈنبويى سالپىيىپ يۈرىدىغان بولۇپ قالدى. بۇرۇن بىر يەرگە بارسا، بىرمۇنچە نەرسە كۆتۈرۈپ قايتاتتى، بۇ قېتىم ئۆيگە ئىككى قولىنى بۇرنىغا تىقىپ قايتىپ كەلدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، بىرەر ئىش بولغاندەك قىلاتتى. رازىيە بىرنەچچە قېتىم بۇنىڭ سەۋەبىنى سوراپ بېقىۋىدى، لېكىن نىياز ئۇنى سىلكىۋەتتى.

نىياز بىر كۈنى ئاخشىمى دۇكاندىن ئۆيگە قايتىپ كېلىپلا كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ، تورۇسقا قاراپ خىيالغا كەتتى. رازىيە بىر چەتتە سىپارى كېسىپ ئولتۇراتتى. ئۇ كۈنى ئۇنىڭ مىجەزى بىرئاز ياخشىلىنىپ قالغانىدى. چۈشتىن كېيىن يۇيۇنۇپ - تارىنىپ ياساندى، ئۇنىڭ بەدىنىدىن خۇش پۇراق چېچىلىپ تۇراتتى. ئوتداندىكى قىپقىزىل چوغنىڭ يالقۇنى تاملارغا شولا تاشلاپ تۇرغان، ئۆيئىچى ئىسسىپ قالغانىدى. بۇ دېكابىرنىڭ بىر ئاخشىمى بولۇپ، سىرتتا ھاۋا سوغۇق، جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. رازىيە ئەدىيالغا مەيدىسىگىچە يۆگىنىپ، قولىنى چىقىرىپ نىيازنىڭ بىلىكىنى لىڭشىتىپ:

— نېمىنى ئويلاۋاتىسىز؟ — دەپ سورىدى.

نىياز ئۆرۈلۈۋىدى، ئىككىيلەننىڭ كۆزلىرى ئۇچراشتى. رازىيە يېقىملىق چىراي بىلەن كۈلدى. لېكىن، نىيازغا ياقمىدى.

— بولدى، ماڭا دەخلى قىلماڭە، مىجەزىم يوق مېنىڭ، — دېدى.

رازىيەنىڭ كۆڭلى ئازار يېدى، لېكىن ئۇ بۇنىڭغا تاقەت قىلدى ۋە ئېگىشىپ ئۇنىڭ مەيدىسىگە يېپىشىپ:

— مەندىن خاپا بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى ئامراقلىق قىلىپ.

— ۋوي، بولدى، خۇدا ھەققى، مېنى ئارامىمدا ياتقىلى قويۇڭا، — دېدى ئۇ.

ئۇ يەنە بىر قېتىم ئازار يېدى ـ دە، تاقەت قىلالماي:

— زادى نېمە بولدىڭىز؟ ئەكېلىڭ، بېشىڭىزنى تۇتۇپ قوياي، — دېدى رەنجىپ. ئۇنىڭ سۆزىدىن نىيازغا ياخشى كۆرۈنۈش پۇرىقى چىقىپ تۇراتتى. بىراق، نىياز چىراي ئاچمىدى، ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمىدى.

— مېڭىڭ، كارىۋىتىڭىزغا كېتىڭا، ئۇيقۇم كېلىپ كەتتى، — ئۇ شۇنداق دەپلا ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ يېتىۋالدى.

رازىيە بەك خاپا بولدى، ئۇنىڭغا ئۆينىڭ تېمپېراتۇرىسى بىردىنلا ئۆرلەپ كەتكەندەك تۇيۇلۇپ، دىمىقتا بولۇپ دەم ئالالماي قالدى. ئۇ چوڭقۇر بىر تىنىۋېلىپ، ئازابلانغان ھالدا: «ئەجەبا مېنىڭ راستلا ئازراقمۇ ياخشى كۆرگۈچىلىكىم قالمىغانمىدۇ؟ بىتابلىق مېنى ئاق چۇمۇلىدەك يەپ قۇرۇتۇۋەتكەنمىدۇ؟ نىياز ئەمدى بۇ قۇرۇق قاقشال بولۇپ قالغان بەدىنىمگە قىلچىمۇ قىزىقمايدىغان بولۇپ قالغانمىدۇ؟ ياكى ئۇنىڭ راستلا مىجەزى يوقمىدۇ؟» دەپ ئويلاپ كەتتى.

ئۇ تۇرمۇش تەجرىبىسى بار ئايال ئىدى. ئالدىنقى ئېرى بىلەن ئون ئىككى يىل ئۆي تۇتقان بولۇپ، ئەر ـ ئاياللار تۇرمۇشى جەھەتتە تەجرىبىلىك ئىدى. بۇرۇنقى ئېرى ھايات چېغىدا ئۇنىڭغا ئوبدان مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇمۇ تۇرلۇك ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئېرىنى ئۆزىنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقمايدىغان قىلالايتتى. ئۇ ئەمدى شۇ ئۇسۇللارنى نىيازغا ئىشلىتىپ

كۆرمەكچى بولدى. بۇنداق قىلىش قورقۇنچلۇق بولسىمۇ، بىراق شۇ تاپتا ئۇ پۈتۈنلەي جىنىنى تىككەندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ سۇلتانەنى چاقىردى:
— سۇلتانە! سۇلتانە!
— هە، مانا چىقىۋاتىمەن، — سۇلتانە ئۆزىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ جاۋاب بەردى.
— بۇ يەرگە چىققىنا!
كارىدوردىن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. سۇلتانە ئىشىك ئالدىغا كەلدى.
— ئانا!
— ئىشىك ئوچۇق، كىرىۋەر.
سۇلتانە ئىشىكنى ئېچىپ كىردى. ئۇ توڭلاپ بىرئاز تىترەپ تۇراتتى. ئانىسى ئۇنى يېنىدا ئولتۇرغۇزدى.
— ئانۇ ئۇخلاپ قالدىمۇ؟
— ئۇ قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەنلا ئۇخلاپ قالدى.
— مېنىڭ تازا تاۋۇم يوق تۇرىدۇ. سەن بىلەن بىردەم سۆزلىشىپ ئولتۇراي دەيمەن.
سۇلتانە كارىۋاتتا ياتقان نىيازغا قايرىلىپ قاراپ قويدى. ئانىسى تاغدىن - باغدىن گەپ قىلغىلى تۇردى. بىردەمدىن كېيىن نىياز مىدىرلىدى. ئانا - بالا ئىككىيلەن پەس ئاۋازدا سۆزلەشمەكتە ئىدى. ئوتداندا ئوت يالقۇنلاپ كۆيۈۋاتاتتى. قىپقىزىل ئوت شولىسىدا سۇلتانەنىڭ چىرايى كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرگۈدەك بولۇپ كەتكەندى. ئۇنىڭ كۆزلىرى جۇلالىنىپ تۇرغان ئىككى گۆھەرگە ئوخشايتتى. مەڭزلىرى بەئەينى يامغۇردىن كېيىنكى قىپقىزىل شەپەقتەك كۆرۈنەتتى.
نىياز ئۆرۈلۈپ، كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ ئايالىدىن سورىدى:
— هوي، سۇلتانە قاچان كىردى؟ — ئۇنىڭ يالغان سۆزلەۋاتقانلىقى مانا مەن دەپ تۇراتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە

ئۇخلىغانلىق ئالامىتى كۆرۈنمەيتتى.

— ئابايا كىردى، — دېدى رازىيە جاۋابەن.

— مۇنداق سوغۇقتا ئۇنى يېنىڭىزغا چاقىرغۇڭىز كېلىپ قاپتۇغۇ؟

سۇلتانە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ سىپارى يۆگەۋاتاتتى، ئۇ نىيازغا تىكىلىپ قارىيالمايتتى. لېكىن، ھەر قېتىم نىيازغا كۆز قىرى چۈشكەندە، ئۇ ھامان نىيازنىڭ كۆزلىرىدىن يىلپىزنىڭ بىرنېمىنى تۇتماقچى بولۇپ ئېتىلغان چاغدىكى كۆز نۇرىغا ئوخشاش بىر خىل نۇر چاقناپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلىپ، قورقۇپ تىترەپ كېتەتتى.

— ھازىر مىجەزىڭىز قانداقراق؟ — سورىدى رازىيە نىيازدىن.

— ئەتە دوختۇرغا كۆرۈنۈپ باقاي. يېقىندىن بېرى ھېچ تاۋىم يوققۇ.

— ئەتە دوختۇرغا كۆرۈنۈش چوقۇم ئېسىڭىزدە بولسۇن.

— ۋاقىت چىقىرىپ چوقۇم بارىمەن.

— ھەمىشە ۋاقىت يوقلا دەيسىز، — دېدى رازىيە، ئۆزىنى نارازى بولغاندەك كۆرسىتىپ، — ئۆزىڭىزنىڭ سالامەتلىكىڭىز-گىمۇ ئەھمىيەت بەرمەيسىز. كېسەل كۆرسەتكىلىمۇ ۋاقىت چىقىرالمىغۇدەك شۇنچە ئالدىراش بولۇپ كەتكەن بارمۇ.

نىياز ئېرەن قىلماي كۈلۈپ قويدى.

سۇلتانە ئۇلارنىڭ قىزغىن پاراڭغا چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كېتىشكە تەمشىلىۋىدى، ئانىسى ئۇنى قولىدىن تارتىپ ئولتۇرغۇزدى.

— تېخى بالدۇر.

— ئۇيقۇم كېلىۋاتىدۇ، — دېدى سۇلتانە.

— سەنزە، قاراڭغۇ چۈشكەننى كۆرۈپلا ئۇخلايدىكەنسەن. بىر دەم ئولتۇرۇپ ئاندىن چىق.

ئۇ سۇلتانەنىڭ چىقىپ كېتىشىنى خالىمايتتى. سۇلتانە چىقىپ كەتسىلا، نىيازنىڭ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈۋالىدىغانلىقىنى بىلەتتى. نىيازنىڭ ئۇنىڭدىن تويغانلىقى ئۇنىڭ ئۇچۇن نەقەدەر ئازاب ـ هە! بۇ، نىيازنىڭ ئەمدى ئۇنىڭغا قىزىقمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. «ياشلىق باھارىمنى يوقىتىپتىمەن، بارلىق جەلپ قىلىش كۈچۈمنى يوقىتىپتىمەن، قېرىپتىمەن، چىرايىممۇ سەتلىشىپتۇ» دېگەن بىر خىل ھېسسىيات خۇددى بىر ئۆتكۈر پىچاقتەك ئۇنىڭ يۈرىكىگە سانجىلدى. ئۇنىڭ بۇ ئازابنى كۆتۈرۈشكە غەيرىتى يەتمىدى.

سۇلتانە ئانىسىنىڭ زورى بىلەن ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

ئوتداندا لاۋۇلداپ كۆيۈپ تۇرغان ئوتنىڭ تەپتىدىن سۇلتانەنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ كەتكەن بولۇپ، ئوت يورۇقىدا ئۇ بۆلەكچىلا چىرايلىق كۆرۈنەتتى. سىرتتا سوغۇق شامال چىقىپ تۇراتتى. ئۇزۇنغا سوزۇلغان كېچە ئاستا ـ ئاستا ئۆتمەكتە ئىدى.

ئۇشتۇمتۇت ئىشىك قېقىلدى. سېمىز دوختۇر كەلگەنىدى. سۇلتانە ئۆزىنىڭ ئۆيىگە چىقىپ كەتتى. رازىيە ئەدىيالغا ئورىنىپ، يۈزىنى تام تەرەپكە قارىتىپ ئولتۇردى. نىياز ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقىپ دوختۇرنى باشلاپ كىردى. دوختۇرنىڭ كىيىۋالغان قارا پەلتوسى ئۇنى تېخىمۇ سېمىز كۆرسىتىپ تۇراتتى.

— كەچۈرۈڭ، نىياز، — دېدى ئۇ بوسۇغىدىن كىرىپلا، — ئابايا مەن بىر كېسەلنى كۆرۈشكە بېرىۋىدىم، شۇ يەردىن ئۇدۇل مۇشۇ يەرگە كېلىشىم.

— ئوكۇلنى ئەتە سالسىڭىزمۇ بولاتتىغۇ، مۇنداق سوغۇقتا كەلمىسىڭىزمۇ بوپتىكەن، — دېدى نىياز.

— ھەي بۇرادەر! — دېدى دوختۇر كۈلۈپ تۇرۇپ، — بىزگە ئارام ئېلىش دېگەن نەدە تۇرۇپتۇ. بىزنىڭ كەسپىمىز شۇنداق كەسىپ ـ دە، — ئۇ شۇنداق دەپ بولۇپ، تامغا تاقاپ قويۇلغان ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ ناھايىتى روھلۇق كۆرۈنەتتى.

چۈنكى، نىياز چۈشتىن كېيىن ئۈنىڭغا يەنە مىڭ رۇپىيە بەرگەندى.

بىر پەستىن كېيىن دوختۇر سومكىسىدىن ئىشپىرىسنى ئالدى. ئۈنىڭ تامغا چۈشكەن سايىسى كىشىنىڭ قورقۇسىنى كەلتۈرەتتى. ئۇ دورا تولدۇرۇلغان ئىشپىرىسنى كۆتۈرۈپ كېسەلنىڭ قېشىغا كەلدى.

— بىر ئاز ياخشىلانغاندەك تۇرامسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

— بۈگۈن بىر ئاز ياخشىلانغاندەك قىلىمەن.

— خۇدا خالىسا، جەزمەن ياخشىلىنىپ كېتىسىز، — دېدى ئۇ تەسەللى بېرىپ.

ئۇ ئىشپىرىس تۇتقان قولىنى ئۇزارتتى.

— ئەكېلىڭ قولىڭىزنى، ئوكۇل سېلىپ قوياي.

— دوختۇر، ئوكۇل سالدۇرمايمىكىن دەيمەن، — دېدى رازىيە ئاۋازىنى تۆۋەن چىقىرىپ.

بۇ ئۈنىڭ تۇنجى قېتىم ئوكۇلنى رەت قىلىشى ئىدى. دوختۇر بىلەن نىياز ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالدى. لېكىن، دوختۇر ئۆزىنى ھېچ ئىش بولمىغاندەك بىر قىياپەتكە كىرگۈزۈپ:

— بۈگۈن نېمە بولدىڭىز؟ — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— نېمىشقىكىنتاڭ، مۇشۇ ئوكۇلنى سالغاندىن كېيىن، سالامەتلىكىم بارغانسېرى ناچارلىشىپ كېتىۋاتىدۇ.

— بۇ بىر خىيالىي تۇيغۇ. ئوكۇلنى سالغانسېرى ياخشىلىنىدۇ، بارغانسېرى ناچارلىشىپ كېتىدىغان ئىش نەدە بولسۇن؟ — دېدى ئۇ قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىپ، — ئەكېلىڭ، قولىڭىزنى ئۇزارتىڭ، قورقماڭ، يەنە بىرنەچچە قېتىم ئوكۇل سالساقلا، ساقىيىپ كېتىسىز.

لېكىن، رازىيە كاجلىق قىلىپ ئۈنىمىدى:

— دوختۇر، ئەمدى ئوكۇل سالدۇرمايمەن.

ئۈنىڭ گېپىگە نىيازنىڭ تازا ئاچچىقى كەلدى.

— بىلجىرلىماڭ، چاپسان سالدۇرۇڭ!
— دېدىمغۇ، بۇنىڭدىن كېيىن كېسىلىمنى داۋالاتمايمەن.

نىيازنىڭ ئاچچىقى كېلىپ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. لېكىن، دوختۇر ئىشارەت قىلىپ ئۇنى توستى.

— گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ، مۇبادا ئوكۇلنى ئۈزۈپ قويساق، كېسىلىڭىزگە بەكمۇ پايدىسىز بولىدۇ. مېنىڭ مۇشۇنداق سوغۇق كۈنلەردە كېچە دېمەي سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە كېلىشىم پۈتۈنلەي سىزنىڭ سالامەتلىكىڭىز ئۈچۈن. بىراق، سىز ئوكۇل سالدۇرۇشنى رەت قىلىۋاتسىز، بۇنى توغرا قىلمىدىڭىز.

ھەرقانچە قىلسىمۇ رازىيە ئوكۇل سالدۇرۇشقا ئۇنىمىغانلىقتىن، دوختۇرنىڭ چىرايىنىمۇ بىر پارچە غەم بۇلۇتى سىيپاپ ئۆتۈپ كەتتى. قارىغاندا، ئۇ بىرئاز قورقۇۋاتقاندەك قىلاتتى. ئەمدى زورلاۋەرگەنلىكىمۇ پايدىسى يوق ئىدى. ئۇ ئىشپىرىستىكى دورىنى تۆكۈۋېتىپ، نىيازغا:

— بۇ كىشى بىرئاز ئەندىشە قىلىپ قاپتۇ، ئەمىسە بىر نەچچە كۈن توختىتىپ قويايلى، — دېدى. ئاندىن يەنە رازىيەگە بۇرۇلدى، — ماقۇل، ئەمدىغۇ خۇشال بولارسىز.

رازىيە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، ئۈندىمەي ئولتۇراتتى.

دوختۇر بىلەن نىياز گەپ ـ سۆز قىلماي ئىشىكنى ئېچىپ چىقىپ كېتىشتى. كوچىدا ئادەمزات كۆرۈنمەيتتى. ئەتراپ جىمجىت، ھاۋا سوغۇق ئىدى. ئۇلار ئاستا قەدەم تاشلاپ مېڭىشتى. بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن، دوختۇر نىيازغا:

— گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ، بۇنىڭ كارايىتى يوق، ئەنسىرەش ھاجەتسىز. مەلۇم باسقۇچقا يەتكەندە كېسەل كىشى جاھىل ۋە كاج بولۇپ قالىدۇ، — دېدى.

— دوختۇر، — دېدى نىياز، — ئۇنىڭ مۇنداق قىلغىنى پەقەت قاملاشمىدى جۇمۇ.

— ھەرگىز كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ، ئۇنىڭدا بىر ئاز خىيالىي تۇيغۇ پەيدا بولۇپ قاپتۇ. مۇنداق ئاياللار گۇمانخور بولۇپ

قالدۇ، مۇنداق گۇماننى پەقەت سىزلا يوقىتالايسىز. ئەمما، قاتتىق ئۇسۇل قوللىنىشقىمۇ بولمايدۇ، ئۇنداق قىلىنسا ئىش چاتاق بولىدۇ.

— ئۇ بىرئاز گۇمانلىنىپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟

ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك ـ پوك ئەتتى. لېكىن، ئۇ چاندۇرمايتتى. نىيازنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ بەدىنىگە سەل تىترەك ئولاشقاندەك بولدى.

— مېنىڭ ئويلىشىمچە، تېخى ئۇنداق ئەمەس، — دېدى ئۇ ئالدىرىماي. بۇ سۆزنى قىلغاندا ئۇنىڭ ئاۋازى سەل تىترەپ كەتتى.

— مەن بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا جىددىيگە كېتىۋىدىم، مەن يوق چاغدا ئۇ باشقا دوختۇرغا كۆرۈندىمۇ يا؟

— شۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ؟

— كاللامغا مۇنداق ئوي كېلىپ قېلىشىنىڭ ئاساسىي سەۋەبى، ئۇنىڭ ئوكۇل سالدۇرمايمەن دېگەن گەپنى بۇگۇن تۇنجى قېتىم ئېغىزغا ئېلىشى، مەن شۇنداق قىلدىمىكىن دەيمىنا.

دوختۇر ئۇنىڭ گېپىگە جاۋاب بەرمەي، ئويغا پاتتى. تۇمان قاپلىغان بۇ كېچىدە ئۇ ئىككىسى تار كوچىدا ئالۋاستىلاردەك لەلەڭلەپ يۈرەتتى.

— سىز خۇدۇكسىرىمەڭ، — دېدى دوختۇر، — ئىنتايىن ئۇستا دوختۇرغا ئۇچراپ قالمىغان بولسىلا، گۇمان تۇغۇلۇشى مۇمكىن ئەمەس. قانداقلا بولسۇن، دىققەت قىلىڭ، ئۇنى ھەرگىز باشقا دوختۇرخانا ياكى شىپاخانىلارغا بارغىلى قويماڭ. ھەرقانداق شارائىتتا ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش قىلىش كېرەك.

ئىككىيلەن سۆزلىشىپ مېڭىپ، كوچىنىڭ بېشىغا چىقتى. چوڭ يولدا دوختۇرنىڭ ماشىنىسى تۇراتتى. ئۇ نىياز بىلەن قول ئېلىشىپ قويۇپ، ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ كىرىپ كەتتى. نىياز ئارقىسىغا قايتىپ، قەدەملىرىنى سۆرەپ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئايالىنىڭ ئوكۇل سېلىشنى رەت قىلىشى ئۇنى غەم ـ ئەندىشىگە سالغانىدى. ئۇ ھەم قورقۇپ، ھەم غەزەپلىنىپ

تۇراتتى.

ئۇ ئاچچىقى بىلەن ئۆيگە كىردى. رازىيە تېخى ئۇخلىمىغانىدى. ئۇلار بىر - بىرىگە قارىشىپ قويىدى، ھېچقايسىسى گەپ - سۆز قىلمىدى. ھاردۇق يەتكەن نىياز كارىۋاتقا چىقىپ بىردەم جىم ياتتى، لېكىن شۇنچە قىلسىمۇ ئۇخلىيالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆرە بولۇپ ئولتۇردى.

— سېنىڭ زادى خىيالىڭ نېمە؟ — دېدى ئۇ رازىيەگە.

— نېمە دېدىڭىز؟ — دېدى ئۇ ئاڭلىمىغانغا سېلىپ.

نىيازنىڭ سەپرايى قىرىق گەز ئۆرلەپ كەتتى.

— ھۇ ئىپلاس خۇنپەر!

— ئۇرۇشقۇڭىز كېلىپ قاپتۇ - دە. بىرنەچچە كۈندىن بېرى بىر قىسمىلا بولۇپ قالدىڭىز، — دېدى ئۇ ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن.

ئۇ ئەدىيالنى تۈزەشتۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى ۋە نىيازنىڭ تازا ئاچچىقى كېلىپ تۇرغانلىقىنى بىلىپ، ئۇرۇشۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن كارىۋاتقا چىقىپ ئۇخلىماقچى بولدى.

— بۈگۈن نېمىشقا ئوكۇل سالدۇرمايسەن؟ — دېدى نىياز ئۇنىڭغا بىر ئالىيىپ قويۇپ.

— قورقتۇم.

— شۇنچە كۆپ پۇلۇم بىكار زايە بولۇپ كېتەمدۇ؟

— ئەمىسە، زايە قىلماڭ.

— مەيلى قانداق بولسۇن، بىر باسقۇچلۇق ئوكۇلنى سالدۇرۇپ تۈگىتىش كېرەك، مەن داۋالاش ھەققىنى ئالدىن بېرىپ بولغان، — دېدى نىياز تاقەتسىزلىك بىلەن.

رازىيەمۇ بوش كەلمىدى:

— خويمۇ ياخشى سۆزلەيدىكەنسىز! بۇ ئوكۇلنى سالدۇرۇپ ئۆلۈپ قېلىشىم بىلەنمۇ كارىڭىز يوق، بەرگەن پۇلىڭىزنىلا ئويلايدىكەنسىز.

— نېمىشقا ھەمىشە ئۆلۈشنىڭلا گېپىنى قىلىسەن؟ — ئەمدى

نىيازنىڭ ئاھاڭى بىرئاز يۇمشىغانىدى.
— خۇدا ھەققى، ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن، — دېدى رازىيە ئاۋازى بوغۇلغان ھالدا، — مەن ئەمدى ھېچكىمگە داۋالاتمايمەن. خۇدانىڭ ئىرادىسى نېمە بولسا شۇ. ئەجىلىم توشمىغان بولسا، مۇشۇنداق تۇرۇپ ساقىيىپ كېتەرمەن، — شۇنداق دەۋېتىپ ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈپ كەتتى.
نىيازغا ئۇنىڭ بۇ قىلىقى ياقمىدى.
— خوتۇن خەق دېگەن تازا بىغەرەز بولىدىكەن - دە، — دېدى ئۇ زەردە بىلەن.
رازىيەنىڭ دەرھال سەپرايى ئۆرلىدى.
— ئاغزىڭىزغا بېقىپراق سۆزلەڭ، — دېدى ئۇ يۇقىرى ئاۋازدا، — ئىسىت، دادىسى قازا قىلىپ كېتىپ قالدى، ئۇنداق بولمىسا ئاغزىنى بۇزۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، گەپنىمۇ ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن قىلاتتى.
ئۇنىڭ دادىسى دېگىنى سۇلتانەنىڭ ئۆز دادىسى ئىدى. ئادەتتە ئۇنىڭ ئېتى تىلغا ئېلىنسا، نىياز بۆرە تېرىسىنى كىيەتتى. ھازىر تازا ئاچچىقى كېلىپ تۇرغاندا، ئوتقا ماي قۇيغاندەك بولدى.
— ئاشۇ ئەبلەخ سېنى يامان ئۆگىتىپ قويغان، — دېدى ئۇ.
— ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمگە تىل تەگكۈزۈۋاتىسىز ! نومۇسنى بىلمەيدىغان !
— تىلىڭنى تارت ! — دەپ ۋارقىرىدى نىياز، — ھو جالاپنىڭ بالىسى، ئۇنىڭ گېپىنى قىلما دېگەنىسېرى بەكرەك قىلىسەن، سەن... — ئۇ يەنە ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپ، ئاندىن رازىيەنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كەلدى.
— ھە، مېنى ئۇرماقچىمۇ !
نىياز يەنە بىرنەچچە ئېغىز تىللاپ، ئاندىن رازىيەنىڭ كاچىتىغا بىر تەستەك ئۇردى، ئارقىدىن ئىككىنچى، ئۈچىنچى تەستەك ئۇرۇلدى. رازىيە ئۇنچىقماي تەستەك يەپ تۇرىۋەردى. نىياز ئاندىن ئۇنىڭ بىلىگە بىرنەچچىنى تېپىۋەتتى.
ۋاراڭ - چۇرۇڭنى ئاڭلىغان سۇلتانە يالاڭ ئاياغ يۈگۈرۈپ

ئۆيگە كىردى. ئانىسى يەردە ياتاتتى. نىياز ھېرىپ كەتكەن قېچىردەك پۇشۇلداپ، كۆزلىرىگە قان تولغان، ئاغزىدىن كۆپۈك چاچراپ تۇرغان ھالدا بىر چەتتە تۇراتتى. سۇلتانە نىيازغا قاراپمۇ قويماي، دەرھال بېرىپ ئانىسىنى قۇچاقلىدى. رازىيەنىڭ چاچلىرى توپىغا مىلەنگەن، چىرايى ئۆلۈكنىڭكىدەك تاتىرىپ كەتكەن بولۇپ، تۆۋەن كالپۇكى قاناپ كەتكەنىدى.

نىياز ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي، كىيىمىنى كىيىپ، شارپىسىنى ئوراپ، ئالدىراپ ـ سالدىراپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

سۇلتانە ئانىسىنى يۆلەپ ئەكېلىپ كارىۋاتقا ياتقۇزدى. ئۇ كۆزلىرى يۇمۇلغان ھالدا قاتتىق ھاسىراپ تۇراتتى. ئۇ ھوشىدىن كەتتى. سۇلتانە ئانىسىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ تەمتىرەپ كېتىپ، ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى.

ئانىسى بىرقانچە مىنۇتقىچە ھوشسىز ياتتى. سۇلتانە ئۇنىڭ يېنىدا يىغلاپ ئولتۇردى. ئاخىر ئانىسى كۆزىنى ئاچتى.

— سۇلتانە... — دېدى ئۇ ئاران ئاڭلانغۇدەك بوش ئاۋازدا.

سۇلتانە دەرھال روممىلىنىڭ ئۇچىدا كۆز يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ:

— ئانا، بىرئاز ياخشى بولدۇڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

ئۇ ھېچنېمە دېمەي، قاتتىق بىر نەپەس ئالدى. ئاندىن:

— بالام نېمىگە يىغلايسەن. پېشانەمگە شۇنداق پۈتۈلگەنىكەن! — دېدى قاتتىق ئېچىنغان ھالدا. سۇلتانە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، بېشىنى ئانىسىنىڭ مەيدىسىگە قويۇپ ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى.

## 4

نىياز دۇكانغا بېرىپ، كىرىپىك قاقماي تاڭ ئاتقۇزدى. ھاۋا سوغۇق بولۇپ، دۇكاندا نە يېپىنچا، نە سېلىنچا يوق ئىدى. پەقەت بىرلا كونا ھەربىيچە پەلتو بار ئىدى. ئۇ پەلتونى پۈتىغا

يېپىۋالدى. كېچە بولغانسېرى سوغۇق كۈچەيگەنلىكتىن، توڭلاپ ئۇنىڭ چىرايلىرى كۆكىرىپ، بەدەنلىرى تىترەپ كەتتى. ئۇ ئىچىدە ئايالىنى قارغاپ كەتتى.

ئۇ ئەتىسى ئۆيگە قايتمىدى.

ئۈچىنچى كۈنى كەچقۇرۇن ئانۇ دۇكانغا كەلدى. نىياز ئۇنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئىچىدە خۇشال بولدى.

مۇشۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە ئائىلىدىكى ئابرۇيى قالمىغانلىقىنى ئويلاپ ئۇنىڭ ئايالىغا ئۆچلۈكى كەلگەنىدى. مانا ئەمدى ئوبدان بولدى. ئۇنىڭ ئائىلىدىكى ئابرۇيى قايتىدىن ئەسلىگە كەلدى.

— بۇ يەرگە نېمىدەپ كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى ئۇ قوپاللىق بىلەن ئانۇدىن.

— ئانام چاقىرىپ كەلگىن دەپ ئەۋەتتى.

«ھە، بۇ جالاپنىڭ بالىسىنىڭ بۇرنىغا سۇ كىرىپتۇ ـ دە، ئانۇنى ئەۋەتكىنى قانچىلىك ئىش ئىدى، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆزى ئالدىمغا كېلىدۇ تېخى» دەپ ئويلىدى ئۇ. ئاندىن ئانۇغا ئالىيىپ قاراپ:

— بېرىپ ئاناڭغا ئېيت، مېنىڭ ئەمدى بۇ ئائىلە بىلەن مۇناسىۋىتىم يوق، — دېدى غەزەپ بىلەن.

ئانۇ ئۇنىڭ گېپىگە جاۋاب قايتۇرماي، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئۇندىمەي تۇردى. ئۇ قورقۇپ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى. نىياز ئۇنىڭ گەپ قىلماي تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، شالىنى چېچىپ ۋارقىرىدى:

— نېمە قاراپ تۇرىسەن، قايتىپ بېرىپ، مېنى ئىككىنچى بۇ ئۆيگە ئاياغ باسمايدىكەن دەپ جالاپ ئاناڭغا ئېيت، — ئۇ بىردەم تۇرۇۋالدى، — كېتەمسەن، يا تاياق يەمسەن؟ — ئۇ شۇنداق دەپلا ئانۇنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كېلىۋىدى، ئۇ قورققىنىدىن تىترەپ كېتىپ، قايتىشقا مەجبۇر بولدى.

ئانۇ كەتكەندىن كېيىن، نىياز «چوقۇم رازىيەنىڭ ئۆزى ئالدىمغا كېلىدۇغۇ» دەپ ھۆكۈم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھېچ

يەرگە بارماي، دۇكاندا كۈتۈپ ئولتۇردى.

كەچ بولۇپ دۇكانلار ئىلگىرى ـ كېيىن تاقىلىپ بولدى. بىرىنچى جىنگدىن كېيىن كوچىدا كىشىلەرنىڭ ئاياغ تىۋىشى بېسىقتى. رازىيەنىڭ كەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ نىياز تىت ـ تىت بولۇپ كەتتى. شۇ ئەسنادا سېمىز دوختۇرنىڭ دورىگىرى كېلىپ، نىيازغا دوختۇرنىڭ ئۇنى دەرھال بىر كېلىپ كەتسۇن دەپ ئەۋەتكەنلىكىنى ئېيتتى.

دوختۇر داۋالاش ئۆيىدە ئۆزى يالغۇز ئولتۇراتتى. نىياز كېلىش بىلەنلا ئۇنى ئۆيگە باشلىدى.

— مەن بىرنەچچە كۈندىن بېرى سىزنى كۈتۈۋاتىمەن، — دېدى دوختۇر.

— ئۇ تېخىچە ئۇنىماي تۇرىدۇ، — دېدى نىياز.

دوختۇرنىڭ گۆشلۈك يۈزلىرىدە تەشۋىش ئالامەتلىرى پەيدا بولدى.

— بۇنىڭدا ئىش چاتاق بولىدۇ، ھەرنېمە قىلىپ بولسىمۇ ئۇنى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈڭ.

— شۇنچە گەپ قىلىپمۇ ماقۇل قىلالماي، ئاخىر ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇپ قېلىپ، ئۈچ كۈن بولدى ئۆيگە كىرمىدىم.

دوختۇر تېخىمۇ بىئارام بولدى.

— ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشماڭ دەپ تۇرسام، مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىماپسىز. مۇشۇنداق قىلىپ ئىشنى بۇزىدىغان بولدىڭىز، — دېدى ئۇ بىرئاز ئاچچىقى كېلىپ.

— دوختۇر، سىز ئۇنى چۈشەنمەيسىز، ئۇ بەك كاج خوتۇن.

— بولمايدۇ، بىر ئامال قىلىپ ئۇنى ماقۇل قىلماي بولمايدۇ. ھازىر ھالقىلىق پەيت، كېچىكتۈرۈشكە ھەرگىز بولمايدۇ، — دوختۇر نىيازغا بىر قاراپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ھازىرلا ئۆيگە قايتىپ بېرىپ، ئامال قىلىپ ئۇنى گەپكە كۆندۈرۈڭ. ئوغۇل بالا دېگەن بىر خوتۇن كىشىنىمۇ بويسۇندۇرالمامدىكەن؟

— دوختۇر، مەن هازىر ئۆيگە قايتالمايمەن، — دېدى نىياز قېيىدىغان باللاردەك چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ.
دوختۇرنىڭ جۇدۇنى تۇتتى:
— بارمىسىڭىز بوپتۇ. ماڭا ئۇچىنچى باسقۇچلۇق مىڭ رۇپىيەنى بېرىۋېتىڭ، كېيىن نېمە قىلسىڭىز ئىختىيارىڭىز.
— دوختۇر، گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ. بۇ مۇنداق ئىش ...
— نېمە مۇنداق ئىش، ئۇنداق ئىش، — دوختۇر ئۇنى سۆزلىگىلى قويماي گېپىنىڭ بېلىگە تېپىۋەتتى، — ئىشقىلىپ، ئۇنىڭغا مەجبۇرەن ئوكۇل سېلىشقا بولمايدۇ. ئوكۇلنى كېسەلنىڭ رازىلىقى بىلەن سېلىش كېرەك. بۇ ئىش قولىڭىزدىن كەلمىسە مەقسىتىمگە يېتىمەن دەپ ئاۋارە بولماڭ، سىز مۇشۇ ئوكۇللار كۇپايە قىلىدۇ، دەپ ئويلاپ قالماڭ. ئۇنىڭ بەدىنىدىكى دورىغا قارشى كۈچ ئىنتايىن كۈچلۈك ئىكەن. باشقا ئايال بولىدىغان بولسا ئاللىقاچان گۆرگە كىرىپ بولغان بولاتتى.
نىياز ئەمدى رەت قىلالمىدى.
— ماقۇل، — دېدى ئۇ نائىلاج، — سىزنىڭ دېگىنىڭىزچە قىلاي. لېكىن، بۇ ئىشنى چوقۇم بۇرۇنراق ئاياغلاشتۇرۇڭ.
دوختۇرنىڭ كۆزلىرىدىن جىنايى نۇر چاقناپ كەتتى.
— بۇ ئىشنى ماڭا تاپشۇرۇڭ، — دېدى ئۇ كۇلۇپ قويۇپ، — مۇشۇ قېتىمدا قالماي ئۇنى جەزمەن ئۆز جايىغا قارار تاپتۇرىمەن.
نىياز شىپاخانىدىن چىقىپ ئۇدۇل ئۆيىگە باردى. رازىيە تېخى ئۇخلىمىغانىدى. ئۇلار كۆرۈشكەندىن كېيىن ھېچقايسىسى گەپ ـ سۆز قىلمىدى. نىياز ئۇنىڭغا نېمە دەپ ئېغىز ئېچىشنى ئويلاپ، كارىۋاتتا جىم ئولتۇرۇپ كەتتى. رازىيە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇراتتى. چىراغ نۇرى ئاجىز بولغاچقا، نىياز ئۇنىڭ زەپىرانىدەك سارغىيىپ كەتكەن يۈزىنىڭ يېرىمىنىلا كۆرەلەيتتى.
بىرنەچچە مىنۇت ئۆتتى، نىياز تېخىچە لام ـ جىم دېمەي ئولتۇراتتى. رازىيەمۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قاراپ قويمىدى.

نىياز تاقەتسىزلىنىپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، بىر چامادانىنى ئېچىپ ئۇنىڭغا نەرسە ـ كېرەكلىرىنى قاچىلىغىلى تۇردى. كىيىم ئاسقۇچتىكى كىيىملىرىنى ئالدى، كارىۋات ئاستىدىن بەتىنكە ۋە ساپما كەشنى ئېلىپ كونا گېزىتكە ئورىدى. ئىشكاپتىن قەغەز ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئالدى. ئاندىن بۇ نەرسىلەرنى چامادانغا رەتلىك قىلىپ سالدى.

رازىيە ئۇنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىغا ئۇندىمەي قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇ بىرنەچچە قېتىم بۇنىڭ نېمە قىلغىنى ئىكەنلىكىنى سوراپ باقاي دېدى ـ يۇ، لېكىن ئېغىز ئاچمىدى. ئۇ نىياز بىلەن گەپلىشىشتىن قورقتى. ئەمما، ئۇ نىيازنىڭ كۆدە ـ كۆرپىسىنى كۆتۈرۈپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشىنى راستلا خالىمايتتى.

كېسەل ئازابىدىن رازىيەدە ئادەم سىياقى قالمىغانىدى. ئۇ ھازىر ئۆيدە ھېچ ئىشقا يارىمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. نىياز ئۆيدىن چىقىپ كەتسە، بۇ ئۆينى قانداق قىلغۇلۇق؟ ئۆيگە كېتىدىغان خىراجەتنى نەدىن تاپقۇلۇق؟ رازىيە بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

ئۇ تازا ئالاقزەدە بولۇپ تۇرغاندا، نىياز ئېغىز ئاچتى.

— مېنىڭ ھېلىقى ئاپتاپتا تاقايدىغان كۆزئەينىكىم قەيەردە؟

— ئۇنى نېمە قىلىسىز؟ — دېدى رازىيە قايرىلىپ.

ئۇنىڭ سۆزى سىلىق ئىدى. بۇنىڭغا قارىغاندا، ئۇ ئەپلىشىپ قېلىشنى خالايدىغاندەك قىلاتتى.

نىياز ئۇنى مۇنداق گەپ قىلىدۇ دەپ تەسەۋۋۇر قىلمىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا قارىدى:

— بىلىسىڭىز ماڭا ئېيتىپ بېرىڭ، — دېدى بوش ئاۋازدا.

رازىيە ئۇنىڭ گېپىگە ئېرەن قىلمىدى.

— يېرىم كېچە بولغاندا نېمانداق ئۇ يەر ـ بۇ يەرنى مالتىلاپ يۈرىسىز؟ — دېدى ئۇ.

— بۇ ئۆيدە تۇرۇشقا ئەمدى يۈزۈم قالمىدى، يەنىلا چىقىپ

كەتكىنىمنى تۇزۇكتەك قىلىدۇ. شۇنداق بولسا، سىز خالىغىنىڭىزنى قىلالايسىز، سىزنى ھېچكىممۇ ئالدىمايدۇ، — ئۇنىڭ گېپىدىن خوتۇنىدىن ئاغرىنغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— يەنە ئاز كۈن چىداپ تۇرۇڭ. مېنىڭ كۈنۈممۇ ساناقلىقلا قالدى. بۇ ئۆيدىن مۇشۇنداقلا چىقىپ كېتىشىڭىزگىمۇ ھاجەت قالمايدۇ.

نىياز ئاستا مېڭىپ رازىيەنىڭ قېشىغا كەلدى.

— ئەزبىرايى خۇدا، سىز مېنىڭ ھەممە پىلانىمنى يوققا چىقاردىڭىز، — دېدى ئۇ رازىيەدىن رەنجىپ، — مېنىڭ نېمىلەرنى ئويلاپ يۈرگىنىمنى نەدىن بىلىسىز؟

— ماڭا بۇرۇن ئېيتمىسىڭىز نەدىن بىلەي، ھەتتا ماڭىمۇ ئىشەنمەيسىز.

— ياقەي، ئۇنداق ئەمەس. مەن ئاۋۋال سىزنىڭ كېسىلىڭىز ساقايسۇن، ئاندىن ئېيتاي دېۋىدىم. ئەمدى بۇ گەپ ئېغىزغا ئېلىنىپ قالدى، ئەمىسە سىزگە ئېيتاي. ھەرنېمە قىلىپ بولسىمۇ سۇلتانەنى ئۆي - ئوچاقلىق قىلىپ قويساق دەيمەن، — رازىيەنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇسى سۇلتانەنى ئىمكانىقەدەر بۇرۇنراق ياتلىق قىلىۋېتىش ئىكەنلىكى نىيازنىڭ كۆڭلىگە ئايان ئىدى. ئۇ رازىيەنىڭ مۇشۇ روھىي ھالىتىدىن پايدىلانماقچى بولدى. نىيازنىڭ قىلغان ھۆكمى خاتا ئەمەس ئىدى. رازىيە ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپلا، دەسلەپتە بىرئاز ھەيران بولدى، ئارقىدىنلا ئۇنىڭ چىرايى ئازراق ئېچىلدى.

— بىرەر يىگىتنى لايىق كۆردىڭىزمۇ؟

«نىياز راستىلا سۇلتانەنىڭ توي ئىشىغا كۆڭۈل بۆلۈۋاتامدۇ؟ ياكى مېنى خۇش قىلىش ئۈچۈن مۇنداقلا دەپ قويۇۋاتامدۇ؟» دەپ ئويلاپ قالدى رازىيە. بۇرۇن ئۇ نىيازغا گۇمان بىلەن قارايتتى. شۇ تاپتا مۇنداق گۇمان يوقىلىۋاتقاندەك قىلاتتى.

— ماڭا بىر يىگىت ياراپ قالدى، — دېدى نىياز، — ئۇ سۇ ئىدارىسىدە ئىشلەيدۇ، ئايلىق مائاشى بىر يۈز ئەللىك بەش

روپىيە. ئۇندىن باشقا يەنە بىرمۇنچە باشقا كىرىمى بار ئىكەن. ئىنگلىز تىلى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەييارلىق سىنىپىنى تۈگەتكەن. ئۇنىڭ دادىسى جامائەت قۇرۇلۇش ئىدارىسىنىڭ ھۆددىگىرى، پۇلى كۆپ، مېنىڭ كونا تونۇشۇم، مەندىن ئۇ ئون مىڭلىغان روپىيەلىك مال ئالغان، ــ ئۇ ئاغزىغا كەلگىنىچە بىرمۇنچە گەپ ياسىدى.

رازىيە نىيازنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ نېمىشقىمۇ بۇگۇنگىچە ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ يۈرگىنىگە بىر ئاز ئۆكۈنۈپ قالدى. ئۇ خېلىلا زېرەك ئايال ئىدى. لېكىن، ھەرنېمە دېگەن بىلەن ئايال ـ دە، ئۇ نىيازنىڭ گېپىگە راست دەپ ئىشىنىپ قالدى.

ــ سىز بۇ ئىشنى تىلغا ئېلىپ باقمىغانىدىڭىز، ــ دېدى رازىيە تولۇپ تاشقان خۇشاللىق بىلەن.

ــ ئاۋۋال كېسىلىڭىزنى ساقايتىش كېرەك. مەن بۇ توي ئىشىنى ئەتىلا بېكىتەلەيمەن، بىراق سىز بۇ ئەھۋالدا تۇرۇپ ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالامسىز، ئىككى ـ ئۈچ كۈندە بىر كېسىلىڭىز قوزغىلىپ تۇرسا، مەنمۇ خاتىرجەم بولالماي، توي تەييارلىقىنى قىلىشقا قولۇم بارمايدىكەن.

ئاندىن نىياز بۇ ئىشنىڭ بىرمۇنچە تەپسىلاتىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردى. ئۇ كىچىك باللاردەك قاتتىق قىزىقىپ ئاڭلىدى ۋە ئۇنى ـ بۇنى سورىدى، شۇنداق قىلىپ، ئۇلار گەپتە چىقىشىپ قالدى. نىياز ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ گەپ قىلىشقا باشلىدى، ئۇلار شۇ تەرىقىدە تاكى تۇن تەڭ بولغۇچە سۆزلىشىپ ئولتۇرۇشتى.

ئەتىسى سېمىز دوختۇر ئۇنىڭغا ئوكۇل سالدى. گەرچە نىياز ئۆيدە بولمىسىمۇ، رازىيە دوختۇرنىڭ ئوكۇل سېلىشىنى رەت قىلمىدى. ئەمدى ئۇ نىيازنى خاپا قىلىشنى خالىمايتتى. ئۇنىڭ ئۆمرىدىكى ئەڭ زور ئارزۇسى ئەمەلگە ئېشىش ئالدىدا تۇراتتى. يېقىنقى كۈنلەردىن بېرى ئۇنىڭ ئەس ـ يادى سۇلتانەنىڭ توي

ئىشى بىلەن بولدى. ئۇنىڭ چىرايىدىكى سىپىرىقلىقمۇ بىرئاز ئۆزگىرىپ، سالامەتلىكى ياخشىلىنىش ئالامىتى كۆرۈلۈۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىگە ئوبدانلا مادار كىرىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ، كۇلۇپلا يۈرىدىغان، نىيازغىمۇ ھەممە تەرەپتىن غەمخورلۇق قىلىدىغان بولۇپ قالدى.

لېكىن، ئىككىنچى قېتىم ئوكۇل سېلىپ بىرنەچچە سائەت ئۆتكەندە، ئۇنىڭ يۈرەك كېسەلى يەنە قوزغىلىپ قالدى. بۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۇ ئاپتاپتا ئولتۇرۇپ سۇلتانەگە كىيىم تىكىۋاتاتتى. كوچىدىن ئويناۋاتقان بالىلارنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قاغىلار قاقىلدىماقتا ئىدى. سەندەل دەرىخىنىڭ سايىسىدە يۇيۇنۇۋاتاتتى، ئۇ يەردىن سۇنىڭ شارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ھاۋا ئىسسىق ۋە دىمىق ئىدى. ئۇشتۇمتۇت رازىيەنىڭ يۈرىكى سىقىلىپ، ئاندىن قاتتىق ئاغرىپ كەتتى. ئۇ دەرھال مەيدىسىنى تۇتۇۋالدى. ئاندىن بەدىنىدە جان قالمىغاندەك بولۇپ، ئاخىر يەرگە يىقىلىپ چۈشتى.

بىرپەستىن كېيىن سۇلتانە يۇيۇنۇش ئۆيىدىن چىقىپ، ئانىسىنىڭ يارىلانغان قۇشتەك يەردە يۇمىلىنىپ ياتقانلىقىنى، چىرايى ئۆزگىرىپ، كۆزلىرىنىڭ قارىسى تارتىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى ـ دە، ئالدىراپ يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنىڭ بەدەنلىرىنى تۇتۇپ كۆردى. ئۇنىڭ پۇت ـ قوللىرى مۇزدەك بولۇپ كەتكەنىدى. سۇلتانە نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تەمتىرەپ كەتتى. ھېلىمۇ ياخشى دەل شۇ چاغدا ئانۇ كېلىپ قالدى. سۇلتانە ئۇنى چاپسان بېرىپ سىمىز دوختۇرنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئۇ گاڭگىرىغان پېتى دوختۇرنىڭ چاپسانراق كېلىشىنى كۈتۈشكە مەجبۇر بولدى.

ئانۇ ھايال بولمايلا قايتىپ كېلىپ، سىمىز دوختۇرنىڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى، باشقا بىر كېسەلنى كۆرۈشكە بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ چاغدا ئانىسىنىڭ ئەھۋالى ئازغىنا

ياخشىلانغانىدى. ئۇ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋالغان هالدا ئاران ـ ئاران ئىڭراپ، مەيدىسىنى ئىككى قوللاپ چىڭ تۇتقىنىچە قىمىرلىماي ياتاتتى.

رازىيەنىڭ ئەھۋالى چۈشتىن كېيىن بىرئاز ياخشىلاندى. ئۇ يەردىن قوپۇپ، ئۆيگە كىرىپ كارىۋاتتا ياتتى. ئۇ گەپ قىلىشقا تەمشىلىپ بىرنەچچە قېتىم كالپۇكلىرىنى ئازراق ئاچتى ـ يۇ، لېكىن يۈرىكى قاتتىق ئاغرىپ تۇرغاچقا، گەپ قىلالماي قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇپ يېتىشقا مەجبۇر بولدى ۋە شۇ ياتقانچە تاكى زاۋالغىچە ياتتى.

ئاخشىمى ئۇ يەنە بىرئاز ياخشىلىنىپ، بىر پىيالە ئىسسىق سۈت ئىچتى ۋە ياستۇققا يۆلىنىپ ئۆرە بولۇپ ئولتۇردى. سۇلتانە ئۇنىڭ بېشىنى تۇتۇپ قويدى. كېچە بىرىنچى جىڭدىن ئۆتتى، لېكىن نىياز تېخىچە ئۆيگە قايتمىدى. سۇلتانە ئانىسىنىڭ بېشىنى تۇتقاچ گەپلىشىپ ئولتۇردى. ئاردىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئانىسى ئۇخلاپ قالدى. سۇلتانەمۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆز ئۆيىگە چىقىپ كەتتى.

نىياز تۈن يېرىملىشاي دېگەندە ئاندىن قايتىپ كەلدى. ئۇ بەك چارچاپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. رازىيە قاتتىق ئۇخلاۋاتاتتى. نىياز ئۇنىڭغا بىر قاراپ قويدى ـ دە، ئاستا كىيىمىنى يەڭگۈشلەپ، كارىۋاتقا چىقىپ ياتتى.

## 5

رازىيەنىڭ يۈرەك كېسىلى ئىككى ـ ئۈچ كۈندە بىر قوزغىلىپ توردى. سىمىز دوختۇر بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئوكۇل سېلىپ تۇردى. ئۇ ئادەتتە كېچىدە كېلەتتى. ئاۋۋال كېسەلدىن بىرنەچچە ئېغىز گەپ سورايتتى، ئاندىن ئازراق تەسەللى بېرىپ قوياتتى ـ دە، ئىشپىرىسنى ئېلىپ، ئوكۇلنى سېلىپ بولۇپلا سومكىسىنى كۆتۈرۈپ كېتەتتى.

بۇ كۈنى ئەتىگەندە رازىيەنىڭ مەيدىسى يىڭنە سانجىغاندەك ئاغرىپ كەتتى. ئۇ چۈش بولغۇچە بىرنەچچە قېتىم ھوشىدىن كەتتى. شۇ كۈنلەردە نىياز ئىش بىلەن كاراچىغا كەتكەنىدى. سۇلتانە ئانىسىنىڭ ئەھۋالىنىڭ بەك ئېغىرلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال سىبىز دوختۇرنى چاقىرتىپ كەلدى. سىبىز دوختۇر كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ھېچقانداق دورا بەرمەي، ھېچقىسى يوق، دەپ قويۇپلا تىكىۋەتتى.

زاۋال ۋاقتى بىلەن رازىيەنىڭ يۈرەك كېسىلى قاتتىق قوزغالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى نۇرسىزلىنىپ، قول - پۇتلىرى مۇزلاپ كەتتى. ئاغزى چىڭ يۇمۇلغانىدى. سۇلتانە بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ يىغلاپ كەتتى. ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرغاندىن تارتىپ ئاغزىغا بىر چىشلەم بىرنېمە سالماي، كۈنبويى ئاچ قورساق يۈردى. ئۇ رەڭگى ئۆڭگەن ھالدا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، ھاڭۋاقتى بولۇپ ئۆينىڭ تۆت تېمىغا قاراپ ئولتۇراتتى.

بىرپەستىن كېيىن بىردىنلا ئۇنىڭ ئېسىگە بىرنېمە كەلدى بولغاي، دەرھال تاھارەت ئېلىپ، بىر بوپىنى ئېچىپ قۇرئاننى ئالدى - دە، ئانىسىنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ ياسىن ئوقۇغىلى تۇردى.

ئۆيدە غۇۋا چىراغ نۇرى كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ كارىۋاتتا ياتقان ئانىسىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ نەپەس ئېلىشى ناھايىتى ئاجىز ئىدى. چىرايىدا قان قالمىغان ئانا بىر چەتتە بېشىنى سىلىپ ئولتۇرۇپ، قورقۇمسىرىغان نەزىرى بىلەن پات - پات ئانىسىغا قاراپ قوياتتى.

ئۆيىئىچى كىشىنىڭ قورققۇسى كەلگۈدەك تىمتاس بولۇپ، پەقەت سۇلتانەنىڭ ئازابلىنىپ يىغلاۋاتقاندەك زەئىپ ئاۋازىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بالا - قازا كېلىش ئالدىدا تۇراتتى. بۇ ئۆينىڭ چىرىغى ئۆچەي دەپ قالدى. ئۇنىڭ ئارقىدىن بۇ ئۆينى گۆردەك قاراڭغۇلۇق باسىدۇ، ئىشىك ئاستا ئېچىلىپ، ئەزرائىل ئۇنچىقماي كىرىپ كېلىدۇ.

قورئان ئوقۇپ ئولتۇرغان سۇلتانە ھويلىدا بىرىنىڭ ئاستا مېڭىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئاياغ تىۋشى يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ قورقۇپ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئىشىككە قارىدى. قاراڭغۇلۇق ئىچىدە بىرى ئىشىككە يۆلىنىپ تۇرغاندەك قىلاتتى. ئۇ ۋارقىرىۋەتكىلى تاس قالدى. ئۆيئىچى جىمجىت ئىدى. ئانا قورقۇمسىراپ سۇلتانەگە قاراپ تۇراتتى. سۇلتانە بەئەينى تاش ھەيكەلدەك مىدىر - سىدىر قىلماي ئولتۇراتتى.

شۇ ئەسنادا رازىيە ئۆرۈلۈۋىدى، كارىۋات «غىچ» قىلىپ قالدى.

— سۇلتانە، — دېدى ئۇ. ئۇنىڭ ئاۋازى بەكمۇ ئاجىز ئىدى.

سۇلتانە ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئانىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ، كارىۋات بېشىدا ئولتۇرۇپ ئانىسىنىڭ بېشىنى تۇتقىلى تۇردى. كەچ سائەت سەككىزلەردە ئانىسىنىڭ ئەھۋالى خېلى ياخشىلىنىپ، گەپ - سۆز قىلالىغۇدەك بولۇپ قالدى. سۇلتانە ئۇنىڭ قېشىدىن نېرى بولمىدى.

ئانىسى ئۇنى - بۇنى دەپ كېلىپ، يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن سۇلتانەگە قاراپ قويدى. ئاندىن بىردەم تۇرۇۋېلىپ، ئۇلۇغ - كىچىك تىندى.

— بالام، — دېدى ئۇ ئانىغا، — سەن بېرىپ گۈلناز ئاچامنى «ئانامنىڭ زۆرۈر گېپى بار ئىكەن، بىر كېلىپ كەتسۇن» دەيدۇ دەپ چاقىرىپ كەل.

سۇلتانە «ئانام بۇ چاغدا گۈلناز ھامامنى چاقىرتىپ نېمە قىلىدىغاندۇ؟ ئادەتتە ئۇنىڭ بىلەن خۇشى يوق ئىدى، قانداق بولۇپ ئۇشتۇمتۇت ئۇنى چاقىرغۇسى كېلىپ قالغاندۇ؟» دەپ ئويلاپ قالدى.

ئۇزاق ئۆتمەي ئانا ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايالنى باشلاپ كىردى. ئۇ سېمىز ئايال بولۇپ، ئوڭ مەڭزىدە بىر مەڭ بار ئىدى. بىر قاراشتا مەڭزىگە بىر قارا ھەرە چاپلىشىۋالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئاغزى يوغان بولۇپ، ھەممىشە سىپارى شوراپ

تۇراتتى. ئۇ ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، ئاۋۋال رازىيەگە بىر قاراپ قويۇپ، ئاندىن:

— سالامەتلىكىڭىز قانداقراق؟ — دەپ سورىدى.

— يامان ئەمەس، كۆڭلىرىم ئاز قالغاندەك قىلىدۇ.

— ۋىيەي، نېمە دېگىنىڭىز بۇ ! — دېدى ئۇ خۇپسەنلىك بىلەن، — بۇنىڭ قايسى چاغ ئىكەنلىكىگىمۇ قارىماي، كەلسە - كەلمەس گەپ قىلامدىكەن. قانداقمۇ كۆڭلىرىڭىز ئاز قالاتتى، خۇدايىم بالىلارنىڭ چوڭىيىپ ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ، بىرەر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتقىنىنى كۆرۈشكە نېسىپ قىلسۇن. ھازىر بىتاب بولۇپ قالغانلىقىڭىزغۇ راست، بىتاب بولمايدىغان كىم بار دەيسىز، ساقىيىپ كېتىسىز. نېمانچە غەم قىلىپ كېتىسىز؟ — ئۇ ئاغزى بېسىلماي سۆزلەپ كەتتى.

قورسىقى ئېچىپ كەتكەن سۇلتانە ئاستا تۇرۇپ چىقىپ كەتتى. رازىيە ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، گۈلناز ئاچا بىلەن پاراڭغا چۈشتى.

— ئاچا، خاشمۇت يېقىندىن بېرى نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى رازىيە.

— يەنىلا ئاشۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىدا ئىشلەۋاتىدۇ. ھازىر پېشقان ئىشچى بولۇپ قالدى. كۈنىگە ئۈچ رۇپىيە تاپىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئاز - پاز خۇسۇسىي ئىشلارنىمۇ قىلىپ كۈنىگە ئىككى رۇپىيەدىن كۆپرەك پۇل تاپىدۇ. ئاكا - ئۇكىلىرىنىڭ ئىچىدە ئۇنى ئەڭ خۇشال دېسە بولىدۇ.

رازىيە تامغا قاراپ بىردەم جىم تۇرۇۋېلىپ:

— ئۇنىڭغا بىرەر لايىق قىز تاپقانسىز، بىر چاغلاردا لايىق ئىزدەپ يول مېڭىۋاتاتتىڭىز.

— تۇنۇگۈن تېخى بىرەيلەن ئەلچى بولۇپ كەپتىكەن، ئۇ قىز ماڭا يارىمىدى، ئۇنىڭ بۇرنى پىلنىڭ بۇرنىدەك ئۇزۇن ئىكەن.

— شۇنداق ئەمەسمۇ، لايىق ئىزدىگەن ئادەم قىز ئىزدىمەي پىل ئىزدەمتى، — دېدى رازىيە، ئاندىن ئىككىيلەن تەڭلا

كۈلۈشۈپ كەتتى.
ئۆيدە بىردەم جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەندىن كېيىن، يەنە رازىيەنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.
— ئاچا، ئەمىسە قىزىم سۇلتانە بىلەن خاشمۇتنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويايلى.
گۈلناز ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمىگەندەك قىلىپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، تەئەججۇپلەنگەن ھالدا رازىيەگە قاراپلا قالدى.
— مەن سىزگە دېمەكچى بولۇپ يۈرەتتىم، بۇ بالا سىزنىڭ ئالدىڭىزدا چوڭ بولغان، بىرەر يامان خۇي - پەيلى يوق، قانائەتچان، مۆمىن بالا بولدى. شۇغىنىسى چىرايى قارىراق. ئوغۇل بالا دېگەننىڭ چىرايى ئاق بولامدۇ، قارىمۇ، بۇنىڭ كارايىتى يوق. پۇل تاپالامدۇ، تاپالامدۇ، ئايالىغا كۆيۈنەمدۇ، كۆيۈنمەمدۇ، شۇنىڭغا قارايدىغان گەپ. خاشمۇتنى بىلىسىز، دىتى يوق بالا ئەمەسقۇ ئۇ. كوچىدا قىزلارنى كۆرسە، بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي يانداپ ئۆتۈپ كېتىدۇ.
— ئاچا، مەن ئۇزاققا قالمايمەن، قايسى كۈنى كۆزۈم يۇمۇلىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. كۆزۈمنىڭ ئوچۇق ۋاقتىدا سۇلتانەنى ئۆي - ئوچاقلىق قىلىپ قويسام دەيمەن. بولمىسا، ئۆلسەممۇ كۆزۈم ئوچۇق كېتىدۇ، — ئۇ شۇنداق دەۋېتىپ يىغلىۋەتتى.
— ۋىيەي، قويۇڭا، نېمىلەرنى دەۋاتىسىز، چاپسان ساقىيىپ كېتىسىز.
— ياق، ئاچا. ساقىيىپ كېتىشىمدىن ئۈمىد يوق. ئەس - يادىم كۆڭلۈمدىكى شۇ ئىشنى چاپسانراق تۈگىتىۋېتىشتىلا بولۇپ قالدى.
— سىزلا ماقۇل دەيدىغان بولسىڭىز، ئوغلۇمنى ئەتىلا باشلاپ كېلىمەن. ئاۋۋال چاي ئىچۈرۈپ قويىمىز. قايسى ۋاقىتتا يۆتكەپ كېتىش سىزنىڭ دېگىنىڭىزچە بولىدۇ.
رازىيەمۇ سۇلتانەنىڭ تويىنى قانچە بالدۇر قىلىۋەتسەك،

شۇنچە ياخشى دەپ قارايتتى. ئۇنىڭ ساقىيىپ كېتىش ئىشەنچى تامامەن يوقالغانىدى. هازىرقى مەسىلە، نىيازنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈش كېرەكمۇ؟ ياكى ئۇ كەلگۈچە توي ئىشىنى بېكىتىۋېرىش كېرەكمۇ؟ دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. بەلكىم نىياز بۇ توي ئىشىغا قوشۇلماسلىقىمۇ مۇمكىن ئىدى.

— ئەتە قانداق كۈن؟

— ئايغا ئون ئۈچ.

— بولمايدۇ. ئۈچ، ئون ئۈچ، يىگىرمە ئۈچ دېگەنلەر خەيرلىك كۈن ئەمەس. مۇنداق بولسۇن، ئۆگۈنلۈككە پەيشەنبە، خۇپتەندىن يانغاندا، خاشمۇت بىلەن سوتچىنى باشلاپ كېلىڭ.

— ماقۇل، سىز دېگەندەك قىلاي.

ئىككىيلەن يەنە خېلى ئۇزاق سۆزلىشىپ ئولتۇردى. رازىيەنىڭ چىرايىدا خاتىرجەملىك ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئالدىرىماي ـ تېنىمەي سۆزلەيتتى ۋە گۈلنازنىڭ گېپىنى تىڭشايتتى. پات ـ پات مەمنۇنىيەتلىك بىلەن كۈلۈمسىرەپ قوياتتى. گۈلنازمۇ ناهايىتى خۇشال ئىدى. مەڭزىدىكى قارا مەڭ چىراغ يورۇقىدا خۇددى قانات قېقىپ تۇرغان قارا هەرىگە ئوخشاپ كېتەتتى. شۇ ئەسنادا خاشمۇتنى باشلاپ ئانۇ كىرىپ كەلدى.

خاشمۇت ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن رازىيەدىن تىنچلىق سوراپ، ئاندىن تام تۈۋىدىكى بىر ئورۇندۇقتا بىرىپ ئولتۇردى. ئۇ ئۇستىگە توق هاۋا رەڭ شالۋۇر، كەڭ پەشمەت كىيگەن، بوينىغا يوڭ شارپا ئورىغانىدى. قارىمۇتۇق كەلگەن بۇ بالىنىڭ كۆزلىرى ئانىسىنىڭكىدەك كىچىك، لېكىن بەدىنى تىمەن ئىدى.

رازىيە قايرىلىپ خاشمۇتقا قاراپ، قەلبى ئېيتقۇسىز ئازابلاندى: «بۇ قارىلاق قانداقمۇ سۇلتانەگە مۇناسىپ كەلسۇن؟ سۇلتانە باياشات ئائىلىگە ياتلىق بولۇشى كېرەك ئىدى. ئۇ بىر مەلىكە ـ دە!» دەپ ئويلىدى. ئاندىن ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىۋېلىپ، يەنە: «مەن ئۇنىڭغا ئوبدان بىر لايىق تېپىپ بېرىشنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتىم. خەير، خۇدانىڭ ئىرادىسى

شۇنداق ئىكەن. سۇلتانەنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن ئەر مۇشۇ قارىلاق ئىكەن» دەپ ئويلىدى.

خاشمۇت كىرگەندىن كېيىن رازىيە قىلىۋاتقان سۆزىنى باشقا تېمىغا ئۆزگەرتىپ، تاغدىن ـ باغدىن گەپ قىلغىلى تۇردى. گۈلناز رازىيە بىلەن بىر ئانىدىن تۇغۇلغان ئاچا ـ سىڭىل ئەمەس، پەقەت ئانا تەرەپكە شىرەم تۇغقان كېلەتتى. ئىككى ئائىلە ئانچە كۆپ باردى ـ كەلدى قىلمايتتى. بۇرۇن گۈلناز سۇلتانەنىڭ كېپىنى پۇراتقان، بەلكى تېخى ئەلچى ئەۋەتىپ سۇلتانەنى سوراتقان، لېكىن رازىيە بۇنى رەت قىلغانىدى.

گۈلناز بىلەن خاشمۇت ئۇزىدى. رازىيە كارىۋاتتا يېتىپ نېمىلەرنىدۇر ئويلاۋاتاتتى. سۇلتانە بىلەن خاشمۇتنىڭ توي ئىشىنى ئۇ ئۆزى بېكىتتى، لېكىن ئۇ بۇ ئىشتىن رازى ئەمەس ئىدى. گۈلنازنىڭ مىجەزىنىڭ يامانلىقىنى، ھەمىشە چوڭ كېلىنى بىلەن جېدەل ـ ماجىرا قىلىشىدىغانلىقىنى رازىيە بىلەتتى.

شۇ ئەسنادا سۇلتانە ئانىسىغا بىر پىيالە ئىسسىق سۈت كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى.

— ئانا، ئەھۋالىڭ قانداقراق؟

— ساقىيالمايدىغاندەكلا قىلىمەن.

— خۇدا ھەققى ئۇنداق دېمە. بىزنىڭ سەندىن باشقا نېمىمىز بار! — سۇلتانەنىڭ قەلبى ئازابلىنىپ كەتتى.

— شۇنى دېگىنە، بالام، مەنمۇ شۇنى ئويلاۋاتاتتىم، مەندىن ئايرىلىپ قالساڭلار قانداق قىلارسىلەر؟ ئانۇغۇ نېمىلا دېگەنبىلەن ئوغۇل بالا، مېنىڭ ئەڭ ئەنسىرەيدىغىنىم سەن، — ئۇ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىۋېلىپ، بېشىنى كۆتۈردى، — ئاھ، پەرۋەردىگارىم! بۇ ئىگە ـ چاقىسىز بالىلارنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن.

— ئانا، ئۇنداق دېمىگىنە. يۈرىكىم پارە ـ پارە بولۇپ كېتەي دەپ قالدى، — دېدى ئۇ دەرھال ۋە ئاۋازى بوغۇلۇپ يىغلىۋەتتى.

ئانىسى ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ:

— يىغلىما، قىزىم، — دەپ تەسەللى بەردى.

سۇلتانە يىغلاۋەردى.

— قارا، سىنى، يىغلاۋېرەمسەن. مىنىڭ تېخى ساڭا قىلىدىغان نۇرغۇن گەپلىرىم بار، — ئۇ ئۇلۇغ نەپەس ئېلىۋېلىپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مەن سىنىڭ ھەم ئاناڭ، ھەم داداڭ، شۇنداقلا دوستۇڭ. ساڭا مەن ئىگە بولماي كىم ئىگە بولىدۇ؟ ئانا بولغان ئادەم دېمەيدىغان بىرمۇنچە گەپلەر بار، ئۇنى دېمەي دېسەم بولمايدۇ. چۈنكى، سىنى بۇ ئۆيدە تىكەندەك يالغۇز قالدۇرۇپ كېتىپ قېلىشقا كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ.

سۇلتانە گەپ ـ سۆز قىلماي، ئانىسىنىڭ گېپىنى تىڭشىدى.

— گۈلناز ئاچام بۈگۈن يەنە خاشمۇتنىڭ گېپىنى چىقاردى. ئۇ ھازىر ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ تېخنىك ئىشچىسى بولۇپ قاپتۇ. ئېيىغا بىر ـ ئىككى يۈز رۇپىيە پۇل تاپىدىكەن. مىنىڭ قارىشىمچىمۇ خېلى يامان ئەمەستەك قىلىدۇ، سەمىمىي، ئاق كۆڭۈل بالا بوپتۇ.

سۇلتانە بۇ گەپنى ئاڭلاپلا ھودۇقۇپ كەتتى: «توۋا خۇدايىم ! ئانام نىمىلەرنى دەۋاتىدىغاندۇ ! ئۇنىڭ داڭقى چىققان بۇزۇق نەرسە ئىكەنلىكى ئوپئوچۇقلا تۇرسا» دەپ ئويلىدى ئىچىدە. ئۆتكەن يىلى يازدا مۇنداق بىر ۋەقە يۈز بەرگەنىدى: مەۋلۇت كۈنى سۇلتانە خاشمۇتلارنىڭ ئۆيىگە بارغانىدى. مەۋلۇت ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن گېلى قۇرۇپ، سۇ ئىچەي دەپ كۇپنىڭ قېشىغا بېرىۋىدى. خاشمۇت خۇددى بىر ئەرۋاھتەك قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ، ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى ۋە ۋارقىراي دېسىمۇ ئاۋازىنى چىقارتقۇزماي، ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىگە شالىنى سۈرتۈپ بىر قىلىۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن سۇلتانە ئۇنى بەك ئۆچ كۆرۈپ كەتكەنىدى.

— مەن بۇ ئىشقا ماقۇل بولدۇم، — دېدى رازىيە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئۇنىڭ ئانىسى ئەتىلا سوتچىنى باشلاپ كەلمەكچى بولۇۋىدى، مەن ۋاقتىنى ئۆگۈنلۈككە خەيتەندىن كېيىن بولسۇن دەپ بېكىتتىم.

سۇلتانە مەيدىسىگە تاش بىلەن قاتتىق ئۇرغاندەك بولۇپ، لاغىلداپ تىترەپ كەتتى. ئۇ قورقۇش نەزىرى بىلەن ئانىسىغا قارىدى. ئانىسى بېشىنى ياستۇققا يۆلىگەن ھالدا ئۈزۈپ - ئۈزۈپ سۆزلەيتتى. چىرايى ئۆلۈكنىڭكىدىن پەرق قىلمايتتى، كۆزلىرى ئۆچەي - ئۆچەي دەپ قالغان چىنچىراغقا ئوخشايتتى.

ئانا - بالا ئىككىيلەننىڭ كۆز نۇرى بىر - بىرى بىلەن ئۇچراشتى. ئانىسى قىزىنىڭ كۆزلىرىنى ئازاب كۆلەڭگىسى قاپلىۋالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ قىزىنىڭ دەردىنى بىلەتتى.

— سۇلايماننىڭ كەلمىگىنىگە خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدى، — دېدى ئانىسى ئۇشتۇمتۇت.

سۇلتانە بۇ قېتىم گەپ قىلماي تۇرالمىدى.

— ئانۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇ يېقىندىن بېرى بەك ئالدىراش ئىكەن.

— بولمايدۇ، بالام، — دېدى ئانىسى، — ئۇ بىر ھاللىق ئائىلىنىڭ بالىسى تۇرسا، بىزدەك كەمبەغەللەرنى قانداقمۇ ياراتسۇن؟ ئۇ چوقۇم بىر يەردىن خىزمەت تاپتى، پۇل تاپتى، يەيدىغان - ئىچىدىغاندىن غېمى يوق. بىزنىڭ ئۇنىڭ بىلەن تەقدىرىمىز بىر ئەمەس، كەمبەغەلنىڭ لايىقى كەمبەغەل.

— ئەمىسە، ئۇنى چاقىرتىپ كېلىپ سوراپ باققىن، — دېدى سۇلتانە يەرگە قاراپ تۇرۇپ.

— ھازىر ئۇنى سوراشقا ۋاقىت نەدە؟

— ئۇنى ھازىرلا تاپقىلى بولىدۇ، ئانۇنى ئەۋەتكىن، تېپىپ كەلسۇن.

— مۇنداق كەچتە ئانۇ قانداق بارىدۇ؟ ئۇ تېخى كىچىك تۇرسا.

— مەن ئۇنىڭ بىلەن باراي، — دەپ سالدى سۇلتانە.

ئانىسى ھەيران بولۇپ سۇلتانەگە قاراپ قويدى. قىز بالا دېگەن ئانىسىغا مۇنداق گەپنى قىلىشقا بولمايتتى. بىراق، قىزى پۈتۈن يۈرەك سۆزىنى ئانىسىغا ئىزھار قىلدى. ئەمدى ئۇ قانداق

قىلىشى كېرەك؟ ئۇ قىزىنىڭ ياخشى كۆرگەن يىگىتىنى ئۆزى ئىزدەپ بېرىشىغا رۇخسەت قىلسا بولامدۇ؟ كىشىلەرنىڭ ئالدىدا سەتچىلىككە قالدۇرىدىغان ئىش تۇرسا بۇ .... ئۇنىڭ كاللىسى ئېلىشىپ كەتتى. ئۇ يەنە: «ئەگەر قىزىمنىڭ بېرىشىغا رۇخسەت قىلمىسام، ئۇ يىغلاپ ـ قاقشاپ ئۆزىنى كاردىن چىقىرىدۇ ۋە ئۆزى خالىغانچە ماڭا ئەر تېپىپتۇ، ئۆگەي دادا تېپىپ بەرگىنى ئازلىق قىلغاندەك، ئۆمۈر بويى مەندىن نەپرەتلىنىدۇ» دەپ ئويلىدى ـ دە، قىزىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ گۇناھكار ئىكەنلىكىنى تونجى قېتىم ھېس قىلدى.

سۇلتانە ئانىسىنىڭ گەپ قىلماي تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

— ئانا، خاپا بولمىغانسەن؟ — دېدى دەرھال، ئۇنىڭ ئاۋازى سەل تىترەپ كەتتى.

ئانىسى ئۇنى باغرىغا باستى.

— ياق، بالام، — ئۇنىڭ نەپىسى تېزلىشىپ ھاسىراپ كەتتى. بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بارغىن، بالام. ئانىنى ئويغىتىپ بىللە بارغىن. لېكىن، چاپسان قايتىپ كېلىڭلار. مەن ئۆيدە يالغۇز قالسام قورقىمەن. سىلەر كەلگۈچە يولۇڭلارغا قاراپ ياتىمەن.

سۇلتانەنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ كەتتى. ئۇ ئالدىراپ كارىۋاتتىن چۈشتى. ئانىسى سۇلتانەنىڭ خۇشاللىقىدىن مەڭزىگە قىزىللىق تېپىپ چىققانلىقىنى، كۆزلىرىنىڭ نۇرلىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى ـ دە، كۆڭلى تەسەللى تېپىپ سەل يېنىكلەپ قالدى. ئاندىن ئۆرۈلۈپ ياتتى.

سۇلتانە ئانىنى ئويغىتىپ، ئۇنى ئېلىپ ئىتتىك ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. سوغۇق قىش كېچىسى ئەتراپ جىمجىت ئىدى. يولدا ئاندا ـ ساندا بىرنەچچە يولۇچى ئۇچراپ قالاتتى. ئۇلار «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ باش ئورگىنىغا يېتىپ بارغاندا كەچ سائەت ئون بولۇپ قالغانىدى.

سۇلايمان كۇتۇپخانىدا كىتاب كۆرۈپ ئولتۇراتتى. ئۇشتۇمتۇت

سىرتتىن ئانىنىڭ سۇلايماننى چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى. سۇلايمان ئاڭلاپلا سىرتقا چىقتى. ئۇ سۇلتانە بىلەن ئانىنى كۆرۈپ ھەيران بولدى.

— ھە سىزمۇ؟

— سىز ئەمدى بىزنىڭ ئۆيگىمۇ بارماس بولۇپ قالدىڭىز. بوپتۇ، مەن باراي دەپ كەلدىم، — دېدى سۇلتانە پىچىرلاپ.

— يېقىندىن بېرى بەك ئالدىراش بولۇپ كەتتىم، — دېدى ئۇ خىجالەت بولۇپ، — قىلچە بوش ۋاقتىم بولمىدى. ئانىڭىزنىڭ سالامەتلىكى قانداقراق؟

— ھازىر يۈرەك كېسىلى كۆندە قوزغىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ.

سۇلايمان مۇنداق سۆزلىشىپ تۇرۇشنىڭ ئانچە مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ، «مەن ھازىرلا چىقىمەن» دەپ قويۇپلا ئۆيگە كىرىپ سەئدى دوختۇردىن شىپاخانىنىڭ ئاچقۇچىنى ئېلىپ، سۇلتانە بىلەن ئانىنى شىپاخانىغا باشلاپ كىردى.

ئانىنى بولغاچقا، سۇلتانە دۇدۇقلاپ گەپ قىلالماي قالدى. سۇلايمان ئۇنىڭ خاتىرجەم بولالمايۋاتقانلىقىنى دەرھال سەزدى ـ دە، شۇنىڭ بىلەن ئىشكاپتىن بىر تال شام ئېلىپ، سۇلتانەنى ئارقىدىكى ئۆيگە باشلاپ چىقتى. ئۆيگە ئۇزۇن بىر شىرە قويۇلغانىدى. سۇلايمان سۇلتانەنى ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلدى. ئاندىن شامنى يېقىپ شىرە ئۈستىگە قويدى.

سۇلتانە بىر قارا پەرەنجە ئارتىۋالغان بولۇپ، پەقەت ئۇنىڭ يۈزىلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. شام يورۇقىدا ئۇنىڭ چىرايى كىشىنى مەھلىيا قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۇزۇن ـ ئۇزۇن كىرپىكلىرى بىلەن ئورىلىپ، بۇلاقتەك مۆلدۈرلەپ تۇرغان شەھلا كۆزلىرى بەئەينى باراقسان دەرەخلەر بىلەن ئورالغان كۆزنىڭ سۈپسۈزۈك كۆل سۈيىگە ئوخشايتتى.

— شۇنچە كەچتە كەپسىز، بىرەر ئىش بارمىدى؟ — دەپ سورىدى سۇلايمان ئۇنىڭدىن كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇرۇپ.

ئۇ ئالدىرىماي سۆزلىدى:
— ماڭا قارىتا زادى قانداق ئوي - پىكىردە ئىكەنلىكىڭىزنى بىلەي دېۋىدىم، — ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ سۇلايمانغا قارىيالمىدى. ئىنتايىن ئىزا تارتىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.
سۇلايمان ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالدى. ئۇ سۇلتانەنىڭ مۇنداق مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىنى ھەرگىزمۇ ئويلاپ باقمىغانىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ تا ھازىرغىچە بۇ ئىشنى ئەستايىدىل ئويلانمىغانىدى. ئۇ نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى ئويلاپ جىم تۇرۇپ قالدى. سۇلتانە ئۇنىڭ گەپ قىلمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىنتايىن بىئارام بولدى.
— بۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ يەنە مۇنداق ئۆيدىن چىقىشىمغا پۇرسەت بولماسلىقى مۇمكىن، — دېدى ئۇ دۇدۇقلاپ.
— نېمىشقا؟ — دەپ سورىدى سۇلايمان.
— ئانام مېنى ياتلىق قىلىۋەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ، — دېدى سۇلتانە قورۇنغان ھالدا.
سۇلايمان ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمىدى.
— قاچانلىققا؟
— ئۆگۈنلۈككە ئاخشامدا.
— ۋوي، شۇنچە چاپسانمۇ؟ ئۆتكەن قېتىمدىكىدەك تويى ئەمەستۇ؟ — سۇلايمان يەنىلا ئىشەنمىدى.
سۇلتانە ئۇنىڭغا بىر ئالىيىپ قويدى. ئۇ سۇلايماننىڭ بۇ گېپىنى ياقتۇرمىدى.
— ئۇ قېتىمقىسى بىلەن ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭدىكى سەۋەب سىزگە مەلۇم، — ئۇ بىر ئاز تۇرۇۋالدى، — ئانام كۈندىن - كۈنگە ناچارلاپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇ ئەمدى ساقىيالمايدىغان بولدۇم دەپ، مېنى ئىمكانقەدەر تېزرەك ياتلىق قىلىۋەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۆز سالامەتلىكىدىن پۈتۈنلەي ئىشەنچى يوقالدى. سىز يېقىندىن بېرى كۆرمىدىڭىز، ھازىرقى ئەھۋالىنى كۆرسە كىشىنىڭ يۈرەكلىرى سىيرىلىپ كېتىدۇ، —

سۇلتانەنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ، كۆزلىرىگە ياش كەلدى. ئۇ رومىلىنىڭ ئۇچىدا يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ، بېشىنى تۆۋەن سالدى.

سۇلايمان بۇ نازاكەتلىك قىزنىڭ مۇشۇنداق سوغۇق قىش كېچىسىدە ئۆزىنى ئىزدەپ كېلىشىنى ئويلىمىغانىدى. سۇلايمان ئۇنى ياخشى كۆرەتتى، چىن قەلبىدىن يارىتاتتى. لېكىن، ئۇ شۇنداق ئويلاتتى: مۇشۇنىڭ ئۇچۇن «بوز تورغاي جەمئىيىتى»دىن ئايرىلسا بولامدۇ؟ ئۇ «بوز تورغاي جەمئىيىتى»گە قاتنىشىپ، ئۆزىنىڭ تۇرمۇش يولىنى ئۆزگەرتىشكە بەل باغلىغان. بۇ، شەخسىنىڭ ئىستەك ـ ئارزۇسى، بەخت ـ سائادىتى، غەم ـ قايغۇسىنى مىليونلىغان خەلق بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، تەبىئەتنى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت ساپ قەلب ـ دە! ئەگەر سۇلتانە بىلەن تۇرمۇش قۇرسا، كېيىن ئۇ «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ ئەزاسى بولالمايدۇ. تۇرمۇش ئۇنى «بوز تورغاي جەمئىيىتى»دىن ئايرىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. ئۇ بىر ئەر سۈپىتىدە ئۆينىڭ مورىسىدىن تۈتۈن چىقىرىش ئۇچۇن بىرەر ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ بېشىنى تۇتمىسا بولمايدۇ. بىرنەچچە يىلدىن كېيىن تېخى دادا بولىدۇ. ئۇ چاغدا ئۆينىڭ چىقىمى تېخىمۇ كۆپىيىدۇ، ئۇ يەنە كۆپرەك پۇل تېپىشنىڭ كويىغا چۈشمىسە بولمايدۇ. بىر بالا، ئىككى بالا .... پۇل تېپىش، تېخىمۇ كۆپ پۇل تېپىش ... مۇشۇنداق ئەھۋال ئۇنىڭغا ئۆمۈر بويى ھەمراھ بولىدۇ. ئۇ ھېچقانداق نەتىجە يارىتالمايدىغان بىر ئادەم بولۇپ قالىدۇ ـ دە، پۈتۈن ئۆمرىنى جىددىيچىلىك بىلەن ئۆتكۈزىدۇ.... ۋاھالەنكى ئۇ ئۆزى مەجنۇنلۇق بىلەن ئاشىق بولۇپ يۈرگەن قىزنىڭ باشقا كىشىگە ياتلىق بولۇشىغا چىداپ تۇرالامدۇ؟ لېكىن، تۇرمۇش دېگەن ھەرھالدا تۇرمۇش ـ دە. ئۇ ئالەمگە ئوخشاش مەزمۇنغا مول ۋە رەڭگارەڭ بولۇپ، ھەر سائەت، ھەر مىنۇتتا ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بىر مەشۇقىدىن مەھرۇم بولۇش دېگەن قانچىلىك ئىش ئىدى؟ كۆپ دېگەندە ئۇنىڭ ھاياتىدىكى بىر ئازابلىق ئەسلىمىسى

بولۇپ قالىدۇ، خالاس. مۇنداق ئىش پەقەت ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا كۆرەش بولمىغان، تۇرمۇشتىن زېرىككەن چاغدىلا ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا ئۇلۇغ خىزمەتلەر تۇرۇپتۇ، ئۇ يەنە بىرنەچچە ئەسىر ياشىيالىغان تەقدىردىمۇ، بۇ خىزمەتلەرنى ئىشلەپ تۈگىتىشى مۇمكىن ئەمەس.

سۈكۈت خېلى ئۇزاق داۋام قىلدى. ئاخىر سۇلتانەنىڭ تاقىتى تۈگىدى.

— بۈگۈن ئاخشام بۇ يەرگە كېلىپ، سىزنى تەشۋىشكە قالدۇردۇم، — دېدى ئۇ.

سۇلايماننىڭ خىيالى بۆلۈنۈپ كەتتى.

— ھە، ياق، ياق. ئانىڭىز سىزنى كىمگە ياتلىق قىلماقچى؟ نېمە ئىش قىلىدۇ؟

— ئېلېكتىر زاۋۇتىنىڭ بىر تېخنىك ئىشچىسى.

— سىلەرگە تۇغقان كېلەمدۇ؟

— ھەئە.

— ئانىڭىز ئۇنى ياخشى كۆرەمدۇ؟

— بەلكىم ياخشى كۆرىدىغاندۇ، — سۇلتانە ئويلاپ ئولتۇرمايلا جاۋاب بەردى.

سۇلايمان بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— مېنىڭ قارىشىمچە، شۇنىڭ بىلەن تۇرمۇش قۇرۇڭ، — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپلا سۇلتانە ئۆيدىكى شام بىردىنلا ئۆچۈپ، ئۆزى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالغاندەك بولۇپ كەتتى. ئۇ تۇنجۇقۇپ، ئاغزىغا گەپ كەلمەي، داڭ قېتىپ ئولتۇرۇپ كەتتى.

— بۇنىڭ ھەر ئىككىمىزگە پايدىسى بار، — دېدى سۇلايمان ئەستايىدىللىق بىلەن.

سۇلتانە ئازابلانغان ھالدا ئويلاپ كەتتى: «نېمىشقىمۇ بۇ يەرگە كەلگەن بولغىيدىم؟ بۇ يەرگە كەلمىگەن بولسام، ھېچبولمىغاندا، كىشىنىڭ يۈرىكىنى لەختە ـ لەختە قىلىدىغان

مۇشۇ گەپلەرنى ئاڭلىماس ئىدىم. پەرۋەردىگارىم ! بۇ نېمىدېگەن ئازاب ۋە ئەلەم ! ئەمدى مەن قانداق قىلاي؟ ئەمدى مەن قانداق قىلارمەن؟»

ئۇ ھوشىدىن كېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— ئەمىسە، مەن قايتاي، — دېدى ئۇ روھى چۈشكەن ھالدا.

سۇلايمان ئۇنى تۇتۇپ قالمىدى.

— سۇلتانە، — دېدى ئۇ مۇلايىملىق بىلەن، — مۇنداق ئىش...

— ئىش ئەمدى تۈگىدى، — سۇلتانە ئۇنى سۆزلەتمەي قويدى. ئۇ بىرنەرسىدىن مەھرۇم بولغاندەك سۇلايمانغا قاراپ، ئۇلۇغ نەپەس ئېلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا باردى - دە، ئۇنىڭ يۈزىنى ئالىقانلىرىغا ئېلىپ، پېشانىسىگە بىرنى سۆيۈپ قويدى، ئاندىن قولىنى چۈشۈردى. ئۇ كۆزلىرىدىن ياشمۇ تۆكمەي، قايتا گەپ - سۆزمۇ قىلماي، ئاستا مېڭىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

سۇلتانە ئانۇنى ئېلىپ تالاغا قاراپ ماڭدى. سۇلايمان ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى.

— مەن سىلەرنى ئۆيگە ئاپىرىپ قوياي، بەك كەچ بولۇپ كەتتى، — دېدى ئۇ.

سۇلتانە ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي جاۋاب بەردى:

— ھاجىتى يوق، مۇنداق سوغۇقتا سىزنى ئاۋارە قىلىشنى خالىمايمەن، — ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى، ئۇ يىغلىۋەتتى بولغاي.

كېچە، ئاچا - ئۇكا ئىككىيلەن ئالغا قاراپ ئاستا يۈرۈپ كەتتى. ئاھالىلەر رايونى جىمجىتلىق ئىلكىدە ئىدى. سوغۇق بارغانسېرى كۈچەيگىلى تۇردى...

سۇلتانە ئۆيىنىڭ ئالدىغا بارغاندا تاشقىرىقى ئىشىكنىڭ ئوچۇق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، يۈرىكى قارتتىدە قىلدى - دە، قاتتىق ئەندىشە بىلەن ئىشىكتىن كىرىپ، يۈرەكسىز ھالدا تۆت

تەرەپكە نەزەر سالدى. هويلا جىمجىت ئىدى. ئانىسىنىڭ ئۆيىدە چىراغ يورۇپ تۇراتتى. ئۇ ئۇدۇل بېرىپ شۇ ئۆيگە كىردى. ئانىسى تام تەرەپكە قاراپ ياستۇققا يۆلىنىپ جىم ياتاتتى. بىر قولى كارىۋاتتىن ساڭگىلاپ قالغانىدى. سۇلتانە يۈگۈرۈپ بېرىپ ئانىسىنىڭ قولىنى تارتىپ كارىۋاتقا ئالدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۇ چۆچۈپ كەتتى ـ دە، ئەس ـ هوشىنى يوقاتقان هالدا:

— ئانا! ئانا! — دەپ توۋلىدى.

ئانىسى جاۋاب بەرمىدى، يەنىلا مىدىر قىلماي ياتاتتى.

سۇلتانە ئالاقزەدە بولۇپ، ئانىسىنى مىدىرلىتىپ:

— ئانا! ئانا! جېنىم ئانا! گەپ قىلساڭچۇ! — دەپ توۋلاپ كەتتى.

ئانىسى گەپ قىلالمايتتى. ئۇ تۈگەپ كەتكەنىدى. سۇلتانە توختىماي توۋلايتتى.

ئۇ كېچىككەنىدى.

# يەتتىنچى باب

## 1

«بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ پائالىيەتلىرى كۈندىن - كۈنگە قانات يېيىۋاتاتتى. «بوز تورغاي جەمئىيىتى» شەھەر ئاھالىسىنىڭ مائارىپ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش مەركىزىدىن بەشنى، كۈتۈپخانىدىن ئىككىنى قۇرۇپ چىقتى. شىپاخانا بىرلا بولسىمۇ، لېكىن ئەتىگەندىن - كەچكىچە كېسەللەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. بەزى كېسەللەر بىرنەچچە چاقىرىم يەرلەردىن كېلىپ داۋالىناتتى. سەئدى دوختۇرنىڭ ئۆھ دەۋېلىشقىمۇ ۋاقتى يوق ئىدى. ئۇ كېچىلىرى دائىم دېگۈدەك تازا تاتلىق ئۇخلاۋاتقاندا، كېسەل كۆرسىتىشكە چاقىرىپ كېلىشەتتى. ئۇ ئۇندىمەستىن كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغىنىچە ماڭاتتى. بەزىدە تېخى كىيىملىرىنى يەڭگۈشلىۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭدا قىلچە دوختۇرلۇق سالاپىتى كۆرۈنمەيتتى، بەلكى ئۇ كوچىلاردا كىشىلەرنىڭ قولاق كىرىنى ئېلىپ قويىدىغان ئادەمگە ئوخشايتتى.

«بوز تورغاي جەمئىيىتى» قول سانائىتى ۋە ئائىلە سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن بىر قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشخانىسى قۇردى. بۇ ئىشخانا ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، بىر قىسمى ئەرلەردىن، يەنە بىر قىسمى ئاياللاردىن تەركىب تاپتى. بۇ يەردە تېخى تۇل ۋە ئۆي - ماكانسىز ئاياللار تەربىيەلىنىپ، ئۇلارغا ئائىلە ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى ياساش ئۆگىتىلەتتى.

ئىشخانىدا ئىشلەپچىقىرىلغان نەرسىلەر بازارغا ئاپىرىپ

سېتىلاتتى. «بوز تورغاي جەمئىيىتى» ئىشخانا نامىدىن شەھەردىكى بىرەر سودا سارىيىدا بىر كۆرگەزمە قىلىپ سېتىش دۇكىنى ئېچىشنى ئويلاشقانىدى. مۇنداق قىلغاندا، قول سانائەت بۇيۇملىرىنى كۆرگەزمە قىلىشقا ۋە سېتىشقا بولاتتى. دۇكاندارلارنىڭ سېتىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن بېرىلىدىغان چىقىممۇ تېجەپ قېلىناتتى. لېكىن، بۇ تەكلىپ ئىشقا ئاشمىدى.

بىر كۈنى مۇنداق بىر ۋەقە يۈز بەردى. كېچە سائەت ئىككىلەردە، بىر كىشى سەئىدى دوختۇرنى چاقىرغىلى كەلدى. بۇ كىشى رەڭگى ئۆڭۈپ، بەك ھودۇقۇپ كەتكەن بولۇپ، ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتتى. دوختۇر ئۇنىڭ سۆزىگە قاراپ كېسەل ئۇنىڭ ئايالى بولۇپ، ئەھۋالى ئىنتايىن جىددىي ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلدى.

زەي ۋە قاراڭغۇ بىر ئۆيدە، كېسەل كىشى بىر ئەسكى چۇشەكتە ھوشىدىن كەتكەن ھالدا ياتاتتى. ئۆيدىكى قارا چىراغ يورۇقىدا چاچلىرى پاخپايغان، چىرايى قارىداپ كەتكەن، ئاغزىدىن كۆپۈك چىقىپ تۇرغان كېسەل كىشى بەئەينى بىر مۇردىدەك ياتاتتى.

دوختۇر گۇمانلانغان ھالدا ئۇنىڭغا قارىغىنىدا كاللىسىغا بىرىنچى بولۇپ «بۇ ئۆلۈۋېلىش ئۈچۈن زەھەر ئىچىۋاپتۇ» دېگەن ئوي كەلدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئويى ئىسپاتلاندى. شۇنىڭ بىلەن دوختۇر كېسەلنىڭ ئېرىدىن ئەھۋالنى سورىدى.

— سىلەر ئۇرۇشۇپ قالغانمىدىڭلار؟

— ياقەي، ئۇرۇشمىغان! — ئۇ جىددىيلەشمەي ھەم ھودۇقماي جاۋاب بەردى. قارىغاندا، ئۇنىڭ گېپى يالغان ئەمەستەكمۇ قىلاتتى.

— ئەمىسە، ئۇ نېمىشقا زەھەر ئىچىۋالىدۇ؟ — دوختۇر بىرئاز جىم تۇرۇۋېلىپ يەنە سورىدى.

ھېلىقى كىشىنىڭ ئەسلىدە ئالاقزەدە بولۇش تۈپەيلىدىن سارغىيىپ كەتكەن چىرايى بىردىنلا قارىداپ كەتتى، ئۇ

كۆزلىرىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:
— زەھەر ئىچۋاپتۇ؟ ياقەي، دوختۇر، ئۇنىڭ زەھەر ئىچىۋېلىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس، — ئۇ ئىنتايىن جەزملەشتۇرۇپ سۆزلىدى.
— ئۇنداق بولسا ئېيتىڭا، ئۇ بۇگۇن نىمە يېگەن؟
ئۇ دوختۇرنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىشتە بىر ئاز دۇدۇقلاپ قالدى. ئۇنىڭ ئەلپازىغا قاراپ، سەئدى دوختۇردا يەنە بىر قېتىم گۇمان تۇغۇلدى.
— ئۇنىڭ نىمە يېگەنلىكىنى نىمىشقا ماڭا دەپ بەرمەيسىز؟ — دەپ قاتتىق سوئال بەردى سەئدى دوختۇر.
ھېلىقى كىشىنىڭ چىرايىدا قان قالمىدى. ئۇ دوختۇرغا تىكىلىپ قارىيالماي، جىنايەتچىدەك يەرگە قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ، كېكىردىكىدىن ئاران - ئاران چىقىۋاتقان سادا، يىغلاۋاتقاندەك ئاڭلىناتتى. سەئدى دوختۇر ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز شۇركۇنۇپ كەتتى.
ئۇ بىر زاۋۇتتا ئىشلەيتتى. بۇنىڭدىن ئىككى ئاي بۇرۇن ئىخچاملاشتۇرۇش ۋاقتىدا، ئۇ خىزمىتىدىن بوشىتىۋېتىلدى. شۇنىڭدىن بېرى ئۇ يا خىزمەت تاپالماي، يا ئاز - تولا ئىش - ئوقەت قىلىشقا دەسمايە تاپالماي كەلدى. ئۇلار ئۇلۇشكۇن ئەتىگەندىن تارتىپ قازان ئاسالماي قالدى. لېكىن، ھەممىدىن بەك غەم قىلىدىغىنى ئەمچەكتىكى بوۋاق ئىدى. قورسىقى ئېچىپ كەتكەن بوۋاق ئامالسىزلىقتىن ئانىسىنىڭ ئەمچەكلىرىنى تاتىلىۋەتتى. بۇگۇن ئۇ قەرز ئېلىش ئۇچۇن كېتىپ، ئۇ يەردىن ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە خوتۇنى توختىماي قۇسۇۋاتاتتى. ئۇ سۈرۈشتۈرۈپ سورىغاندىن كېيىن، خوتۇنى ئۇنىڭغا بالىسىنىڭ يىغىسىغا چىداپ تۇرالماي، ئەخلەت تۆكىدىن بىر ئاز يەيدىغان نەرسە تېپىپ كېلىپ يېگەندىن كېيىن مۇشۇنداق بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتقان.
سەئدى دوختۇر ئۇ ئادەمگە قاراپ قويدى. رەڭگى قارىداپ

كەتكەن بۇ كىشى جىنايەتچىدەك بىشىنى ساڭگىلىتىپ تۇراتتى. تام تۈۋىدە ئۇنىڭ خوتۇنى ھوشسىز ياتاتتى. ئۇنىڭ يېنىدا بىر پارچە ئەسكى زاكىغا ئورالغان بىر بوۋاق ياتاتتى. تەكچىدىكى قارا چىراغنىڭ لىپىلدىشى بىلەن تامغا چۈشكەن سايە مىدىرلاپ تۇراتتى.

دوختۇر دورا بەردى ۋە يەنە يېنىدا قالغان بار - يوقى بەش رۇپىيە پۇلنىمۇ ئۇنىڭغا بەردى. ئاندىن باش ئورگانغا قايتىپ كېلىپ، كارىۋاتقا چىقىپ ھېلىقى كىشى ئايال بىلەن ئۇنىڭ ئېرىنىڭ ئەھۋالىنى ئويلاپ يېتىپ كەتتى. ئۇ ئاي ئاخىرىدا «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ مەجلىسىدە دوكلات بەرگەندە، بۇ ۋەقەنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتتى ۋە كۆلىمى كىچىكرەك بولغان بىر ياردەم بېرىش بانكىسى ئېچىپ، ھاجەتمەنلەرگە ئاز مىقداردا تۆۋەن ئۆسۈم بىلەن پۇل قەرز بېرىپ، ئۇلارنى ئاز - تولا تىرىكچىلىك قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ تەكلىپ ئەزالار تەرىپىدىن قارشى ئېلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بانكا ئېچىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىش ئۈچۈن بىر ھەيئەت تەسىس قىلىش قارار قىلىندى.

بۇ ھەيئەت بىر ھەپتە ئىچىدە ئۆز دوكلاتىنى ئوتتۇرىغا قويدى. سىفۇت بەشىر بۇنىڭ ئۈچۈن يەنە «بوز تورغاي جەمئىيىتى»گە يىگىرمە مىڭ رۇپىيە ئىئانە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بانكا ئېچىلدى.

«بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ شۆھرىتىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ئەزالارمۇ بارغانسېرى ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ھەربىر ئەزا بىر ۋاقىتتا بىرنەچچە ئورۇندا ئىشلەيتتى. مۇشۇ سەۋەبتىن دائىمىي كومىتېت ئەزالارنىڭ سانىنى كۆپەيتىش تەكلىپىنى مۇزاكىرە قىلدى. ئاڭلىق ۋە مەلۇماتلىق بىرمۇنچە ياشلار «بوز تورغاي جەمئىيىتى»گە كىرىشنى خالايتتى. ئاخىر ئەزالارنىڭ سانىنى ئون بەشكە كۆپەيتىش قارار قىلىندى. بۇ ساندىن ئاشۇرۇشقا بولمايتتى. ھازىرغا قەدەر سىفۇت بەشىر «بوز تورغاي

جەمئىيىتى»گە ئەللىك مىڭ رۇپىيە ئىئانە قىلدى. تەشكىل ئۇنىڭ يۈكىنى كۆپەيتىۋېرىشنى خالىمايتتى. شۇڭلاشقا، خىراجەت مەسىلىسىنى ئىئانە توپلاش يولى بىلەن ھەل قىلىش قارار قىلىندى. «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ پۇلغا بولغان ئېھتىياجى كۈندىن ـ كۈنگە جىددىيلىشىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بۈگۈنگىچە تېخى ئىئانە توپلاش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلمىغانىدى.

بىر كۈنى ئاخشىمى خان باھادۇرنىڭ كېلىدىغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئەزالار ھەيران بولدى. سىفۇت بەشىر بىلەن ئەلى ئەھمەت كۈتۈپخانىدا خان باھادۇر بىلەن كۆرۈشتى.

بۇ مارتنىڭ سالقىن بىر ئاخشىمى بولۇپ، سائەت توققۇز بولغانىدى. نېپىز كىيىم كىيگەن خان باھادۇر ئۆزىنى ئاق كۆڭۈل كۆرسىتىپ، كۈلۈمسىرەپ ئولتۇراتتى. ئۇ بازاردىن تېپىلمايدىغان تاماكىنى يېنىدىن ئېلىپ، سىفۇت بەشىر بىلەن ئەلى ئەھمەتكە تۇتۇپ ۋە ئۇلارغا چاقماق چېقىپ بەردى. بۇ چاقماق ئالتۇندىن ئىشلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا قىممەت باھالىق زۇمرەت ئورنىتىلغانىدى. چىراغ يورۇقىدا بۇ زۇمرەتتىن نۇر چاقناپ تۇراتتى. خان باھادۇر گەپنى چاقماقتىن باشلىدى.

لېكىن، ئەلى ئەھمەت بۇ گەپلەرگە قىلچىمۇ قىزىقمىدى. خان باھادۇر كېلىشتىن بۇرۇن، ئۇ ئۆزىنىڭ بىر ھەپتىلىك خىزمەت دوكلاتىنى تەييارلاۋاتاتتى. ئۇ خان باھادۇرنى چاپسانراق يولغا سېلىۋېتىشنى ئويلاپ قويغانىدى. سىفۇت بەشىرمۇ خان باھادۇرنىڭ گېپىدىن تويۇپ كەتتى ـ دە، ئۇنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تەپتى.

— كەچۈرۈڭ، جانابىي خان باھادۇر، سائەت توققۇز يېرىمدا بىر مەجلىسىمىز بار ئىدى، — دېدى ئۇ.

خان باھادۇر تۇرمۇش تەجرىبىسى بار ئادەم ئىدى. بۇ گەپتىن ئۇ ئىككىيلەننىڭ ئۆزى بىلەن سۆزلىشىشكە رايى يوقلۇقىنى چۈشەندى ـ دە، كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— ئىنىم، مەن گۇناھىمنى يۇغىلى كەلدىم، — دېدى.
سىفۇت بەشىر ھەيران بولۇپ سورىدى:
— سىزنىڭ دېمەكچى بولغىنىڭىز...
خان باھادۇر جاۋاب قايتۇرماي، سومكىسىنى ئېچىپ، پۇل چېكى دەپتىرىنى ئېلىپ، بىر ۋاراق يىگىرمە مىڭ رۇپىيەلىك چەكنى يىرتىۋېلىپ، سىفۇت بەشىرنىڭ ئالدىغا قويدى. ئۇ ئىككىيلەن چەككە قاراپ قالدى. خان باھادۇر ئۆزىنى بەك بىچارە كۆرسىتىپ گەپ باشلىدى:
— ئەسلىدە سىلەرگە تېگىشلىك بولغان بۇ نەرسە، بۇگۈنگىچە مۇشۇ يەردە ساقلىنىپ تۇردى. بۈگۈن مەن بۇنى ئۆزۈڭلەرگە قايتۇرۇپ بەرمەكچى.
«خان باھادۇر چوقۇم يەنە بىر نەيرەڭۋازلىق قىلماقچى بولۇۋاتىدۇغۇ» دەپ ئويلىدى ئەلى ئەھمەت. ئۇ گۇمان نەزىرى بىلەن خان باھادۇرغا قارىدى، ئۇ خۇشامەت بىلەن كۈلۈپ تۇراتتى.
— قانداق قوشۇمچە شەرتلىرىڭلار بار، بۇنىمۇ ئېيتىۋېتىڭ، چاپسانراق بىر قارارغا كېلىشىمىزگە ئوڭاي بولىدۇ، — دېدى ئەلى ئەھمەت.
خان باھادۇر قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.
— ئۇكام، قارىغاندا، سىلەر مېنى پەقەت چۈشەنمەيدىكەنسىلەر. قاراڭلار، مەسچىت سېلىش نوقۇل دىنىي مەسىلە. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىر تەقۋادار مۇسۇلمانغا قارىتا ئېيتقاندا، بۇ مېنىڭ مۇقەددەس بۇرچۇم.
ئەلى ئەھمەت ئۇنىڭ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇشىغا يول قويماي، گېپىنى بۆلۈۋەتتى:
— ھازىر ئەڭ ياخشىسى بۇ مەسىلە توغرىسىدا سۆزلەشمەيلى.
خان باھادۇر ئوڭايسىزلىنىپ كۈلۈپ قويدى.
— ئۇمۇ بولىدۇ، ئۇ توغرۇلۇق سۆزلەشمەيلى. مەن پەقەت سىلەرنىڭ مېنى خاتا چۈشىنىپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن

چۈشەنچە بېرىپ قويايلا دېۋىدىم، — ئۇ ئۆزىنى ئاقلىماقچىدى. لېكىن، ئۇ ئىككىيلەنگە ھەقىقىي پاكىت بەش قولدەك ئايان ئىدى. بۇ قېتىم ئۇلارنىڭ راستلا خان باھادۇر بىلەن تالاش - تارتىش قىلىپ ئولتۇرغۇسى يوق ئىدى.

— سىز تېخى شەرتىڭىز ئۈستىدە توختالمىدىڭىزغۇ؟ — دېدى ئەلى ئەھمەت. ئۇ خان باھادۇرنىڭ مۇندىن كېيىن نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى، يىگىرمە مىڭ رۇپىيەنى بېرىشتىكى ھەقىقىي مەقسىتىنىڭ نېمىلىكىنى مۆلچەرلەشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، خان باھادۇرنى ئۇچۇق سۆزلەتمەكچى بولدى.

— مېنىڭ ھېچقانداق شەرتىم يوق، — دېدى خان باھادۇر، — دەل تۈنجى قېتىم كۆرۈشكەن چېغىمىزدا ئېيتقىنىمغا ئوخشاش، تەشكىلاتىڭلارنىڭ پىلانى دەل مېنىڭ ئويلىغانلىرىم. مەن ئاللادىن ھېيىقىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مەندە خەلق ئاممىسى ئۈچۈن ئىشلەش روھى بار. مەن ئۆزۈمنىڭ قالغان ھاياتىمنى خەلق ئاممىسى ئۈچۈن ئىشلەشكە بېغىشلىماقچىمەن.

— نېمىدېگەن ياخشى روھ - ھە، — دېدى ئەلى ئەھمەت. شۇنداق دەپ بولۇپلا مەنستىمەسلىك بىلەن پېشىنىگىدە كۈلۈپ قويدى.

— مەن سىلەرنىڭ ئازراق ھەمكارلىقىڭلارغا موھتاج، — دېدى خان باھادۇر تەۋازۇلۇق بىلەن، — ئۇ مۇنداق ئىش، بۈگۈندىن باشلاپ، تەخمىنەن ئۈچ ئايدىن كېيىن، يەنى 5 - ئايدا شەھەر مەمۇرىيىتى كومىتېتى چوڭ سايلام ئېلىپ بارىدۇ. مەن مۇشۇ رايوننىڭ نامزاتى، ئەسلىدە مەندە مۇنداق خىيال يوق ئىدى. بىراق، سىلەردەك بەزى قىزغىن كۆڭۈللۈك كىشىلەر مېنى سايلام رىقابىتىگە قاتنىشىشقا دەۋەت قىلىپ تۇرۇۋالدى، مەن ئامالسىزلىقتىن ماقۇل بولدۇم، — خان باھادۇر ئالدىرىماي - تېنىمەي سۆزلەيتتى، ئۇنىڭ سۆزلىرى سەمىمىي ئىدى، — ھازىر ھەممە پىلان تەييار بولدى. لېكىن، سىلەرنىڭ تەشكىلاتىڭلارنىڭ ھەمكارلىقى بولمىسا، بۇ پىلانلار يوققا

چىقىدۇ.

— بىزنىڭ ھەمكارلىقىمىز بولمىسىمۇ، سايلام رىقابىتىگە قاتنىشىۋەرسىڭىز بولىۋېرىدۇ، — دېدى سىفۇت بەشىر كۈلۈپ قويۇپ.

— سىلەرنىڭ ھەمكارلىقىڭلار ناھايىتى مۇھىم. سىلەرنىڭ تەشكىلاتىڭلارنىڭ مۇشۇ رايوندىكى خەلق ئاممىسى ئۈچۈن ئىشلىگەن نۇرغۇنلىغان خىزمەتلىرىنى ۋە سىلەرنىڭ بۇ يەردىكى كاتتا ئابرۇيۇڭلارنى كىم بىلمەيدۇ؟ ئەگەر سىلەر بىزنى ئۇچۇرۇۋاتىدۇ دەپ قالمىساڭلار، شۇنداق دېيىشىم مۇمكىنكى، بۇ يەردىكى ئاھالىنىڭ سىلەرگە بولغان ھۆرمىتى چوقۇنۇش دەرىجىسىگە يەتكەن. بۇنىڭ ئەيىبلىگۈدەك ھېچنېمىسى يوق. سىلەرنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىڭلار مەدھىيەلىنىشكە تېگىشلىك.

— خان باھادۇر ئەپەندى، — دېدى ئەلى ئەھمەت، — «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ ھازىر ھېچقانداق سىياسىي پىروگراممىسى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىزنى ئۇ ئىشقا تارتىپ كىرمىسىڭىز ئوبدان بولارمىكىن.

— مەن ئۇيلايمەن، سىلەرنىڭ ھېسداشلىقىڭلارغا ئېرىشسەملا، شۇنىڭ ئۆزىمۇ كۇپايە، — ئۇ چەكنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ھازىرچە بۇ ئازغىنا ئىئانەمنى قوبۇل قىلغايسىلەر. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ كۈچ چىقىرىپ تۇرۇشۇم مۇمكىن.

— بۇ «بوز تورغاي جەمئىيىتى»گە پارا بەرگەنلىكىڭىز بولىدۇ، — دېدى ئەلى ئەھمەت ئۇنىڭ زىتىغا تېگىپ.

— ياقەي، قانداقمۇ پارا بەرگەنلىك بولىدۇ؟

— ماقۇل، پارا ئەمەسمۇ دەيلى، ئەمما، «بوز تورغاي جەمئىيىتى» بىلەن ھەمكارلىشىش ئۈچۈن بېرىلگەن بەدەل دېسەكقۇ بولار؟ — دېدى سىفۇت بەشىر.

ئەلى ئەھمەت سىفۇت بەشىرنىڭ گېپىگە قوشۇلدى.

— ئەگەر بۇ ھەمكارلىقنىڭ بەدىلى بولسا، ئۇنداقتا خان باھادۇر ئەپەندى، كەچۈرسىز، بۇ باھا بەك تۆۋەن، مەن ئېتىراز بىلدۈرىمەن.

ئۇ ئىككىيلەننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ خان باھادۇر تەمتىرەپ كەتتى.

— ئۇقۇشماسلىق بولمىسۇن، بۇ مېنىڭ سىلەرگە چىن دىلىمدىن قىلغان ياردىمىم.

ئۇلار خان باھادۇرنىڭ سەممىيىتىنى بىر قېتىم سىناپ كۆرگەن. ئۇ قېتىمقى ساۋاق ئۇلار ئۈچۈن كۇپايە ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار خان باھادۇرنىڭ بۇ گەپلىرىگە قىلچە ئىشەنمەيتتى.

— خان باھادۇر ئەپەندى، — دېدى ئەلى ئەھمەت، — سىز سودا قىلىدىغان ئادەم، بۇنى ئىنكار قىلالمايسىز. ئۆزىڭىزنىڭ ھامان تەڭ قىممەتلىك سودىلىشىش پىرىنسىپىدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىڭىزنى قانچە قىلغان بىلەنمۇ يوشۇرالمايسىز.

— سىز ناھايىتى تەجرىبىلىك سودىگەر، — دېدى سىفۇت بەشىر، — مۇنداق ئىقتىدارنى ئاللا باشقىلارغا ناھايىتى ئاز ئاتا قىلىدۇ. مەسىلەن ئېيتايلۇق، مېنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بىر سودىگەر بولۇشۇم مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭغا ئالاھىدە زېھىن كېرەك. بۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن، بەلكىم كېيىنكى ئەۋلادلارنى كۈتۈشكە توغرا كېلەر.

خان باھادۇر ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالدى، لېكىن كۆڭلى ئۇنىماي، يەنە سۆزلىدى:

— سىلەر ئەپەندىلەر ھەمكارلاشساڭلار، ئۇنىڭغا ئاللانىڭ ئىلتىپاتى قوشۇلسا، مەن شەھەر مەمۇرىيىتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلىنىمەن. مېنىڭ خەلق ئۈچۈن قانداق ساداقەتلىك بىلەن ئىشلەيدىغانلىقىمنى شۇ چاغدا كۆرىسىلەر.

— سىزنىڭ قىزغىنلىقىڭىز ماڭا بەكمۇ ئايان، — دېدى سىفۇت بەشىر مەسخىرە قىلىپ.

ئەلى ئەھمەتمۇ ئۇنى قويۇۋەتمىدى:
— سىزدەك مۇشۇنداق مۇسۇلماندىن ھېچ كىشى قىلچە گۇمانلانمايدۇ.
خان باھادۇر تۇرمۇشقا پىششىپ كەتكەنىدى. ئۇ دەرھال گېپىنى ئۆزگەرتىپ چىرايىنى تۈردى.
— قاراڭلار، ئۆزۈڭلار دەۋاتىسىلەر، سىلەرنىڭ تەشكىلاتىڭلارنىڭ ھېچقانداق سىياسىي پىروگراممىسى يوق ئىكەن. سايلام جەريانىدا سىلەر ھامان بىر نامزاتنى قوللايسىلەر. ئەگەر سىلەر مېنى نامزات قىلىشقا قوشۇلساڭلار، ئۇ چاغدا مەندىن پايدا كۆرىسىلەر.
— سىزنىڭ «بوز تورغاي جەمئىيىتى»گە قانداق پايدا يەتكۈزىدىغىنىڭىزنى بىلىپ باققۇمىز كېلىدۇ. يىگىرمە مىڭ رۇپىيە بەك ئازلىق قىلىدۇ. بۇنى بۇرۇنلا ئېيتقانىدىم، — دېدى ئەلى ئەھمەت.
— يىگىرمە مىڭ رۇپىيە دېگەن ئاز گەپ ئەمەس، — دېدى خان باھادۇر جاۋابەن، — ئۇنىڭ بىلەن چىرايلىق بىر ئاشخانا بىناسى سالالايسىلەر. بۇ ئۆيلەر تەشكىلاتىڭلارنىڭ مەرتىۋىسىگە قىلچە مۇناسىپ ئەمەس، ھەتتا توكمۇ يوق. بۇ گەپنى قارىسىغىلا دەۋاتمايدىغاندىمەن؟ بىراق، مېنىڭمۇ سىلەرنىڭ پىكرىڭلارغا ھۆرمەت قىلىشىم لازىم. مۇنداق بولسۇن، سىلەرگە يىگىرمە بەش مىڭ رۇپىيەلىك چەك بېرەي.
— ياق، ئەپەندى، بۇ پۇل بەك ئازلىق قىلىدۇ، باھانى يەنە بىر ئاز كۆتۈرسىڭىز قانداق؟ — دېدى ئەلى ئەھمەت.
خان باھادۇر ئۇنىڭ مەسخىرە قىلىۋاتقىنىغا ئانچە دىققەت قىلمىدى. ھازىر ئۇ راستلا سودا ـ سېتىق قىلىشىۋاتقان ھېسسىياتتا ئىدى.
— ئەپەندىلەر، يىگىرمە بەش مىڭ رۇپىيە پۇل بىلەن ياخشى مەكتەپتىن ئىككىنى سالغىلى بولىدۇ. ياخشى باشقۇرىدىغانلا بولساڭلار، ئۇ چاغدا ھەر ئايدا ئاسانلا بەش مىڭ رۇپىيە پايدا

ئالىسىلەر. بىر يىلدىن كېيىن بۇ پۇل بىلەن يەنە ئىككى يېڭى مەكتەپ سېلىش مۇمكىن.
— ئەپەندى، سىزنىڭ قىممەتلىك پىكرىڭىزگە كۆپ رەھمەت، — دېدى سىفۇت بەشىر، — «بوز تورغاي جەمئىيىتى» ھازىر بەش يەردە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش مەركىزى قۇردى. ھازىر ئۇنى كۆپەيتمەكچى ئەمەس. تېخى بىزنىڭ قىلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرغان بۇنىڭدىنمۇ مۇھىم خىزمەتلەر بار.
— سىلەرنىڭ ھەمكارلىقىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن، قىرىق مىڭ رۇپىيە بېرىشىم مۇمكىن. سىلەر بۇ پۇل بىلەن ئۆز پىلانىڭلارنى ئەمەلگە ئاشۇرالايسىلەر. مەن مۇنداق بىر تەكلىپ بېرەي: ئالدى بىلەن بىر سۈت زاۋۇتى قۇرۇڭلار، گومدىدا سىيىر باقىدىغان نۇرغۇن كەسىپىي ئائىلە بار. سىلەر ئۇيىاق - بۇياققا قاتراپ ئاۋارىمۇ بولمايسىلەر. مەلىكىلىك ئىشچىلارنى تېپىش ئاسان. بۇ سۈت زاۋۇتى قۇرۇلسا، نۇرغۇن ئىشسىزلارغا ئىش تېپىلىدۇ. سىلەر ئامما ئۈچۈن كۆپ ئىشلارنى قىلالايسىلەر. زىيان تارتىش مەسىلىسى تۈپتىن مەۋجۇت بولمايدۇ. بازاردا سۈت بىلەن سېرىق مايغا بولغان ئېھتىياج سىلەرگە مەلۇم. بۇ ئىشتىن زور پايدا ئالغىلى بولىدۇ. بۇ پۇل سىلەرنىڭ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ شۆبىلىرىنى بەرپا قىلىشىڭلارغا بەخۇدۇك يېتىدۇ، — ئۇ سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە كۈلۈپ كەتتى، — مەن بۇرۇنلا سىلەرگە مېنىڭ تەكلىپىمنى قوبۇل قىلىشنى ئېيتقانىدىم. قاراڭلار، بۇ نېمىدېگەن قالتىس لايىھە - ھە! — ئۇ سۆزنى تۈگىتىپ، سوئال نەزىرى بىلەن ئىككىيلەنگە قارىدى.
ئەلى ئەھمەت جاۋاب قايتۇردى:
— سىزنىڭ يىراقنى كۆرەرلىكىڭىزنى سىز بىلەن تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەن چاغدىلا بىلگەن. پەرۋەردىگارىم سىزگە تولىمۇ ئەقىللىك بىر كاللىنى ئاتا قىپتىكەن. زۆرۈر تېپىلغاندا، سىزنىڭ بۇ قىممەتلىك تەكلىپىڭىز ئۈچۈن چوقۇم سىزنى

ئاۋارە قىلىمىز. لېكىن، خان باھادىر ئەپەندى، قىرىق مىڭ رۇپىيە يەنىلا ئاز ـ دە!
خان باھادىر يەنە بەش مىڭ رۇپىيە قوشتى. ئۇلار يەنىلا بۇ پۇلنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلدى. خان باھادىر قايتا ـ قايتا ئۆيلىنىپ كۆرگەندىن كېيىن، پۇل سانىنى ئەللىك مىڭ رۇپىيەگە كۆپەيتتى.
— بۇ ئاخىرقى باھا، بۇ ساندىن ئاشۇرۇشقا بولمايدۇ. لېكىن، مۇنداق بىر ئاساسىي شەرت بار، سىلەرنىڭ بارلىق ئەزالىرىڭلار سايلام جەريانىدا ئۆز ئىختىيارى بىلەن مەن ئۈچۈن ئىشلىشى كېرەك، ئۇلارغا ھېچقانداق ھەق بېرىلمەيدۇ. ھەرھالدا بۇ پۇلنى ئەمدى قوبۇل قىلىشىڭلار كېرەكقۇ دەيمەن؟ ئەللىك مىڭ رۇپىيە دېگەن غايەت زور پۇلغۇ؟ ئەگەر دوختۇرخانا سالماقچى بولساڭلار، بۇ پۇل بىلەن چىرايلىق بىنادىن بىرنى سېلىشقا بولىدۇ. سىلەرنىڭ ھازىرقى دوختۇرخاناڭلار، كەچۈرۈڭ، ئۆيناشقاندەكلا ئىشقۇ، قىلچە دوختۇرخانىغا ئوخشىمايدۇ.
ئەلى ئەھمەت ئۇنىڭ دېگەن باھاسىنى يەنىلا رەت قىلدى:
— ئىنتايىن ئەپسۇسلىنىمىزكى، ئاران ئەللىك مىڭ رۇپىيەنى دەپ سىز بىلەن ھەمكارلىشالمايمىز.
خان باھادىرنىڭ سەپراسى ئۆرلەپ كەتتى.
— شۇ ئەللىك مىڭ! — دېدى. بىرئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، يەنە تەسلىكتە ئۇنىڭ ئاغزىدىن بىر جۈملە گەپ چىقتى، — سىلەر زادى قانچە پۇل ئالماقچى؟
خان باھادىر تىت ـ تىت بولۇپ ئولتۇرالماي قالدى. ئۇنىڭ چىرايىدىكى مۇلايىملىق ۋە قىزغىنلىق ئىپادىلىرى يوقالدى. پېشانىسىدىكى قورۇقلار تومپىيىپ چىقتى. بوينىدىكى تومۇرلار چىڭقىلىپ كەتتى. يۈزىدىكى قېلىن گۆشلىرىمۇ ساڭگىلاپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇ بەكلا قېرى كۆرۈنەتتى. بىرئازدىن كېيىن ئەلى ئەھمەت:
— ئاز دېگەندە ئىككى يۈز مىڭ رۇپىيە بېرىشىڭىز كېرەك، —

دېدى.

— ئىككى يۈز مىڭ؟ — دېدى خان باھادۇر ھەيرانلىق بىلەن كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ غەزەپلەنگەن ھالدا، — ئەجەبا، سىلەرنىڭ قارىشىڭلارچە مەن شەھەر مەمۇرىيىتىنىڭ ئەزالىرى سايلىمىغا قاتناشماي، بەلكى ئالتۇن كېنى ئاچامدىكەنمەن؟

ئەلى ئەھمەت ئالدىرىماي ـ تېنىمەي جاۋاب بەردى:

— خان باھادۇر ئەپەندى، بىزنىڭ قارىشىمىز دەل شۇنداق.

خان باھادۇر بىر كالتەك تەگكەندەك بولۇپ كەتتى.

— نېمە؟ چۈشەنمىدىم، بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— ئەپەندى، — سىفۇت بەشىر چۈشەندۈردى، — بۇنىڭدىنمۇ ئاددىي داۋلى بولامدۇ؟

— مېنىڭ قارىشىمچە، ئۆزىڭىزنى خۇپسەنلىككە سېلىۋاتىسىز، — دېدى ئەلى ئەھمەت، — بۇ ئوپئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرغان ئىش ئەمەسمۇ؟ سىز شەھەر مەمۇرىيىتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلانسىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ جىيەن ئوغۇل ۋە نەۋرىڭىزنىڭ نامى بىلەن سودا ـ سېتىقنى خالىغانچە ئۆز چاڭگىلىڭىزغا ئېلىۋالالايسىز. ھەر يىلى ئىككى ـ ئۈچ سودا قولغا كەلسە، بەش يۈز مىڭ، بىرەر مىليون رۇپىيەنى ئوندۇرۇۋالماق قىلچە قىيىن ئىش ئەمەس. يەنە كېلىپ سىز بەش يىل ۋەزىپە ئۆتەيسىز. سىزدەك پىشقان ئادەم بۇ جەرياندا ئىككى مىليون رۇپىيەدىن ئوشۇق پۇلغا ئىگە بولماي قالارسىزمۇ! ئۇنىڭدىن باشقا، پارا يېيىشىڭىز مۇمكىن. يەنە بىرئاز تىرىشىدىغان بولسىڭىز، بايلىق توپلاشنىڭ يولى ساماندەك.

ئەلى ئەھمەت ئالدىرىماي ـ تېنىمەي سۆزلەيتتى. يۈزى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقاندەك قىزىرىپ كەتكەن خان باھادۇر قايتا ـ قايتا لېۋىنى چىشلەيتتى.

ئەلى ئەھمەت سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— بىرەر مىليون رۇپىيە خەجلەپ بىر زاۋۇت قۇرغاندىن كۆرە، شەھەر مەمۇرىيىتىنىڭ ئەزاسى بولۇش كۆپ ياخشى ـ دە!

ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاللا سىزگە غەيرەت ئاتا قىلسا، شەھەر مەمۇرىيىتى كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە ئېرىشىپ قالسىڭىز، كاتتا باي بولۇپ كەتمەمسىز، خاتا دېمىگەندىمەن؟

خان باھادۇر ئەمدى تاقەت قىلىپ تۇرالماي، ئەلى ئەھمەتنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى:

— سىز مېنى مۇشۇنداق پەسكەش دەپ قارامسىز؟ سىزنىڭ بۇ ھاقارىتىڭىزگە تاقەت قىلىپ تۇرالمايمەن!

— ئەپەندى، — دېدى ئەلى ئەھمەت تەسەللى بەرگەن ئاھاڭدا، — تىجارەت قىلىشتا مۇنداق ئۆپكىسىنى باسالماسلىق يارىمايدۇغۇ! ۋاھالەنكى، سىز تېخى تىجارەتكە پىشقان تەجرىبىلىك ئادەم.

— توۋا خۇدايىم! تىجارەت قىلىش بىلەن شەھەر مەمۇرىيىتى سايلىمىنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى بار؟

ئەمدى سىفۇت بەشىرمۇ سۈكۈت قىلىپ تۇرالمىدى.

— ئەمىسە، نېمىشقا «بوز تورغاي جەمئىيىتى»گە ئەللىك مىڭ رۇپىيە بەرمەكچى بولىسىز؟ ئەجەبا، بىزنى ۋىجدانىنى ساتىدىغان، نەپسانىيەتچى پارازىتلار دەپ قارامسىز؟ سىز بىلەن بىزنىڭ مەسىلىلەرنى ئويلاش ئۇسۇلىمىز تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. سىزنىڭ قارىشىڭىزچە، پۇل — تۇرمۇشنىڭ ئەڭ زور كۈچى. بىزنىڭ قارىشىمىزچە بولسا، ئەمگەك ھەممىنى يارىتىدۇ، پۇل پەقەت تاۋار ئالماشتۇرۇشنىڭ ۋاسىتىسىدىنلا ئىبارەت. ئەمگەك ئىنسانلارنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىدۇ. ئىنسانلار ئەمگەك ئارقىلىق شىددەتلىك دەريا ئېقىنلىرىنى ئۆزگەرتىدۇ، قورقۇنچاق ئېگىز تاغلارنى باش ئەگدۈرىدۇ. ئىنسانلار دېڭىز - ئوكيانلارنى بويسۇندۇرۇپ، ئەمدى ئاي ۋە باشقا پلانېتىلارغا يۈرۈش قىلماقتا.

— قاراڭ، سىز سۆزنى نەلەرگە ئەكەتتىڭىز، — دېدى خان باھادۇر، — مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم پەقەت...

— سىزنىڭ دېمەكچى بولغىنىڭىز بىزگە ئىنتايىن ئېنىق،

قايتا ئىزاھلاپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ئەپسۇسكى، بىز سىز بىلەن بۇ سودىدا پۈتۈشەلمەيمىز.
خان باھادۇر قايتا گەپ ـ سۆز قىلماي، چاقماقنى يېقىپ، ئابايىقى يىگىرمە مىڭ رۇپىيەلىك چەكنى كۆيدۈرۈۋەتتى.
ئىككىنچى كۈنى «بوز تورغاي جەمئىيىتى» مەجلىس ئېچىپ، ئەلى ئەھمەت ۋە سىفۇت بەشىرلەرنىڭ خان باھادۇر بىلەن قىلىشقان سۆھبىتى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى مۇزاكىرە قىلدى. پۈتۈن ئەزالار ئۇلارنىڭ قوللانغان ھەرىكىتىنى بىردەك ماختىدى. بۇ مەجلىستە: ««بوز تورغاي جەمئىيىتى› شەھەر مەمۇرىيىتى كومىتېتىنىڭ سايلىمىدا ئۆزىنىڭ نامزاتىنى كۆرسىتىشى كېرەك» دېگەن تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. لېكىن، بۇ توغرۇلۇق بىر قارار چىقىرىلمىدى. مەجلىس ئۈچىنچى كۈنى داۋاملاشتۇرۇلۇپ، يەنە مۇشۇ تەكلىپ مۇزاكىرە قىلىندى. بىر قىسىم ئەزالار ««بوز تورغاي جەمئىيىتى› ھېچقانداق سىياسىي پائالىيەتلەرگە قاتناشماسلىقى كېرەك» دېگەن پىكىردە بولدى. يەنە بىر قىسىم ئەزالار «ئەگەر بىزنىڭ نامزاتىمىزنى سايلامغا قاتناشتۇرمىساق، ئۇ چاغدا خان باھادۇرغا ئوخشاش كىشىلەر ‹ئامما ئۈچۈن خىزمەت قىلىش› ۋېۋىسكىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، تۈرلۈك ناتوغرا ھەرىكەتلەرنى قوللىنىپ، شەھەر مەمۇرىيىتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلىنىۋېلىشى مۇمكىن» دەپ ھېسابلاشتى.
ئىككى كۈن مۇزاكىرە قىلىنغاندىن كېيىن، ئاخىرقى نەتىجىدە «بوز تورغاي جەمئىيىتى» كۆرسەتكەن نامزات پەقەت مۇشۇ رايوننىڭلا سايلىمىغا قاتناشسۇن، دېگەن يەرگە كېلىشتى. دەسلەپتە ئۈچ نامزات كۆرسىتىلدى. ئۇلار سىفۇت بەشىر، ئەلى ئەھمەت ۋە سەئىدى دوختۇر. لېكىن، ئاۋازغا قويۇلۇشتىن بۇرۇن ئەلى ئەھمەت ئۆزىنىڭ نامىنى ئۆچۈرۈۋېتىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ سايلامغا قاتنىشىشنى قوللايدىغانلىقىنى، لېكىن نامزات بولۇشنى خالىمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئاۋازغا قويۇش ئارقىلىق سەئىدى دوختۇر ئالتە ئاۋازغا قارشى ئون ئاۋاز بىلەن سايلاندى. ئۇنىڭ

سايلىنىشىدىكى سەۋەب، ئاساسەن ئۇنىڭ مۇشۇ رايوندا كۆپچىلىكنىڭ ئەڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئىكەنلىكى ھېسابقا ئېلىندى.

ئاۋازغا قويۇش نەتىجىسى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئەزالار سىفۇت بەشىرنىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ، ناتەبىئىي تۇس ئالغانلىقىنى سېزىشتى. لېكىن، ئۇ يەنىلا ھەممىدىن بۇرۇن سەئدى دوختۇرنى تەبرىكلىدى.

## 2

ئەزالار باشقا پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سايلامنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنىمۇ باشلىۋەتتى. ئۇلار بۇ پائالىيەتنى پىلانلىق ئېلىپ باردى. ھەر كۈنى ياكى ئۇ، ياكى بۇ ئاھالىلەر رايونىدا كوچا يىغىلىشى ئېلىپ باردى. ئەزالارنىڭ كىشىلەر قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان نۇتۇقلىرىنىڭ تەسىر دائىرىسى كەڭ بولدى. كىشىلەر توپ - توپ بولۇپ كېلىپ يىغىلىشلارغا قاتنىشىپ، پۈتۈن زېھنى بىلەن ئۇلارنىڭ نۇتۇقلىرىنى ئاڭلايتتى.

تەشۋىقات خىزمىتىگە ئەلى ئەھمەت مەسئۇل بولدى. مەزمۇنى يېڭى - يېڭى تەشۋىقات ئېلانلىرىنى ئىشلەش، تەشۋىقات ۋارىقى ۋە تەشۋىقات قوللانمىلىرىنى بېسىش، سايلام شوئارلىرىنى بېكىتىش، قىسقا - ئىخچام نۇتۇق تېكىستىنى يېزىپ چىقىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىشلەش ئۇسۇلى مۇنداق بولدى: ئەزالار ئالدى بىلەن كوچىغا چىقىپ ياكى يول بويىدا تۇرۇپ شوئار توۋلايتتى، كىشىلەر توپلاشقاندىن كېيىن قىسقىچە نۇتۇق سۆزلەپ، ئاندىن يەنە بىر يەرگە يۆتكىلەتتى.

مەزكۇر رايوندا سايلام رىقابىتىگە قاتناشقانلار ئىچىدە سەئدى دوختۇر ۋە خان باھادۇردىن باشقا، يەنە ئابدۇلھېمىت دېگەن بىر كىشى بار ئىدى. ئۇ بويى پاكار، چىرايى خۇنۈك بىر ئادەم بولۇپ،

خۇددى سېتىقچىلارغا ئوخشاش گېپىنى كۆپ تەكرارلايتتى، ھە دېسىلا قاقاھلاپ كۈلەتتى. بۇرۇن ئۇ خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىدە ئىشلەيتتى. لېكىن، پارىخورلۇق جىنايىتى ئۆتكۈزۈپ، خىزمەتتىن ھەيدەلگەنىدى. ئۇنىڭ ھېلىمۇ ھۆكۈمەت تەرەپتە چوڭ تەسىرى بار ئىدى.

ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن ئايرىلىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ قىلچە روھى چۈشمىدى. بانكىدا بەش يۈز مىڭ رۇپىيە پۇلى، شەھەردە تۆت جايدا ئازادە كىچىك بىناسى، بىر قانچە زاۋۇتتا پېيى بار ئىدى. ئۇ يەنە بىر سولياۋ زاۋۇتىنىڭ لىدىرى بولۇپ، ھەشەمەتلىك ـ باياشات تۇرمۇش كەچۈرەتتى. لېكىن، ئۇنىڭ تەشۋىقاتىنىڭ تەسىرى خان باھادۇرنىڭكىگە يەتمەيتتى.

خان باھادۇر سايلام جەريانىدا پۇلنى پاخالدەك بۇزۇپ ـ چاچتى. ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرى پارقىراپ تۇرىدىغان يېپيېڭى پىكاپلارغا ئولتۇرۇپ ئۇياق ـ بۇياق چېپىپ يۈرەتتى. ئۇلار سايلىغۇچىلارنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن سايلام بېلىتىنىڭ باھاسىنى قايتىدىن بەلگىلىدى. سايلام ۋاقتى يېقىنلاشقانسېرى سايلام بېلىتىنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈپ باردى. ئۇنىڭ ھەربىر مەھەللىگە قويغان ۋاكالەتچىسى سايلىغۇچىلارنى سېتىۋېلىش يولىدا كېچە ـ كۈندۈز قاتراپ يۈردى.

ھەرقايسى نامزاتلار سايلام پائالىيىتىنى جىددىيلەشتۈردى. ئالدۇلھېمىت ھۆكۈمەت تەرەپكە تايىنىپ تۇرۇپ سايلىغۇچىلارغا بېسىم ئىشلەتتى. ساقچى ئىدارىسى بۇ رايوندا تەسىرى بار بەزى كىشىلەرنى چاقىرتىپ ئاپىرىپ، كىمدىكىم ئابدۇلھېمىتكە قارشى چىقسا، ئۇنىڭ ئۈستىدىن سوتقا شىكايەت قىلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تەھدىت سالدى ۋە جېدەلخور ـ لۈكچەكلەردىن پايدىلىنىپ ئۇلارغا ئارام بەرمىدى. ھۆكۈمەت خادىملىرىغا قارىتا ئۆز ئورۇنلىرىدىن ئۇلارنىڭ بارلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ ئابدۇلھېمىتنى قوللىشى لازىملىقى توغرىسىدا يوشۇرۇن يوليورۇق بېرىلدى.

خان باھادۇر ھەربىر سايلام بېلەتنىڭ باھاسىنى ئون رۇپىيەگە چىقاردى. ئۇ ئۈچ سايلام ئىشخانىسى تەسىس قىلىپ، ئۇ يەردە غىزا تەييارلىدى، كۈندە ئۇزۇلمەي زىياپەت بولۇپ تۇردى. خان باھادۇر بەزى گەپدان، نەيرەڭۋازلىقتا ئۇستا كىشىلەرنى تاللاپ خىزمەتكە سالدى. ئۇلارغا ھەر كۈنى بەش رۇپىيەدىن ئون بەش رۇپىيەگىچە ئىش ھەققى بېرىشنى بەلگىلىدى. بۇندىن باشقا، ئۇ يەنە تىجارەت ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئۆي ـ جاي تەقسىماتى ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق ئىشلاردىن پايدىلىنىپ سايلىغۇچىلارنى سېتىۋالدى.

خان باھادۇرنىڭ ئۆزىمۇ ئاھالىلەر رايونىغا بېرىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ تۇردى. ئۇنىڭ ئالىي دەرىجىلىك پىكاپى يېتىپ كېلىش بىلەنلا ئۇنىڭ ئاتارمەن ـ چاپارمەنلىرى ئولىشىپ كېلىپ، پىكاپنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بېرىپ، «ياشىسۇن !» دەپ شوئار توۋلىشاتتى. خان باھادۇر يوغان سىگارت تاماكىنى چىشلىگەن ھالدا، ۋىنستون چېرچىلنىڭ قىياپىتىنى دوراپ پىكاپتىن چۈشەتتى ـ دە، ئۆزىنى ئورىۋالغان ياللانمىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا مېڭىپ، ئاھالىلەر رايونىنىڭ رەستە ـ كوچىلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقاتتى. ئامما ئالدىدا ئۆزىنى ناھايىتى تەۋازۇلۇق كۆرسىتەتتى.

«بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ خىزمەت ئۇسۇلى ئىنتايىن ئاددىي ئىدى. ئۇلار ئاددىي رەختتىن كىيىنگەن بولۇپ، قولىدا تەشۋىقات رەسىملىرى، تەشۋىق ۋاراقلىرى ۋە شوئارلار، شۇنىڭدەك يەنە كاللەك قومۇش شېكىرى ۋە پۇرچاق ئورالغان بوغچا بولاتتى. ھەربىر مەھەللىدە بىر گۇرۇپپا بار ئىدى. ئۇلار تاڭ سەھەر، تېخى ئاسماندىكى يۇلتۇزلار تارقىمىغان چاغدا ئورنىدىن تۇرۇپ، بىرەر چىنىدىن چاي ئىچىپ روھلىنىۋېلىپ، مەجلىس ئېچىپ ئۆز گۇرۇپپىسىنىڭ بىر كۈنلۈك خىزمىتىنى مۇزاكىرە قىلىپ ئورۇنلاشتۇراتتى. ئاندىن كۈن چىقىشتىن

بۇرۇن باش ئورگاندىن يۇرۇپ كېتىشەتتى. ئۇلار پىيادە بىرنەچچە چاقىرىم يول يۇرۇپ ئاھالىلەر رايونىغا كېلىپ، پۇقرالار بىلەن بىللە يەردىلا ئولتۇرۇپ، تاماكا چېكىشكەچ تارتىنماي ـ قورۇنماي مۇڭدىشىپ، ئۇلارنىڭ دەرد ـ ئەھۋالىنى ئاڭلايتتى. قورسىقى ئاچسا، دەرەخ سايىسىدا ئولتۇرۇپلا بوغچىدىكى پۇرچاق بىلەن كالالەك شېكەرنى يەپ، ئاز ـ پاز سوغۇق سۇ ئىچىۋالاتتى. شۇنداق قىلىپ، بىر جايدىن يەنە بىر جايغا يۆتكىلەتتى.

«بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ سايلام پائالىيىتى كەڭ ۋە چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلماقتا، باشقا خىزمەتلىرىمۇ جانلىق ۋە تەسىرلىك ئېلىپ بېرىلماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاران ئون بەش كىشى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار خىزمەت ئۇنۇمى يۇقىرى ئەمەلىي ئىشلىگۈچىلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەربىرى بىرنەچچە جەھەتتىكى خىزمەتنى ئۇستىگە ئالغان بولۇپ، ھەربىر خىزمەتنى جىددىي ۋە تەرتىپلىك ئىشلەيتتى. ساۋات چىقىرىش مەركەزلىرىدىكى دەرسلەر ھەر كۇنى ئادەتتىكىدەك ئۆتۈلۈپ تۇراتتى. قول ھۇنەرۋەنچىلىك ئىشخانىسىنىڭ ھۇنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭ مەھسۇلاتىمۇ ئېشىپ، بارغانسېرى بازار تېپىۋاتاتتى. ياردەم بېرىش بانكىسىنىڭ خىزمىتىمۇ كىشىنى مەمنۇن قىلغۇدەك بولۇپ، قەرز پۇل بېرىش ئىشى ئادەتتىكىدەك ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى. ھازىرغىچە تېخى بانكىدىن ئاغرىنغان گەپ ـ سۆزلەر ئاڭلانمىدى، ئاھالىلەر رايونىدىكى بىرمۇنچە كىشىلەر قەرز پۇلدىن پايدىلىنىپ ئىشسىزلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىۋالدى.

سۇلايمان «بوز تورغاي جەمئىيىتى» قانات يايدۇرغان ھەرقايسى پائالىيەتلەر جەريانىدا كۆرۈنەرلىك ئىپادە كۆرسىتىپ، ھەممە يەردە ماختاشقا مۇيەسسەر بولدى. مۇشۇ كۇنلەردە ئۇ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا خىزمەتكە بېرىلىپ كېتىپ، ئالدىراشچىلىقتا ئاخشىمى تۇزۇكرەك بىرنەچچە سائەتمۇ ئۇخلىيالمىدى ۋە ئۇدا بىرنەچچە ھەپتىگىچە ساقال ـ ـ ـ ـ ـ مۇ

ئالالمىدى. ئۇ ھەر كۈنى سەھەردە ئۆز گۇرۇپپىسىنىڭ مەجلىسىنى ئاچاتتى؛ كۈن چىقىشتىن بۇرۇن ئۆزىنىڭ خىزمەت ئورنىغا يېتىپ بېرىپ، ئاھالىلەر رايونىدا تەشۋىق قىلىپ نۇتۇق سۆزلەيتتى، شوئار چاپلايتتى، كىشىلەرگە تەشۋىق بۇيۇملىرى تارقىتاتتى ۋە ئۇلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇراتتى؛ ئاخشىمى يەنە ۋاقتىدا ساۋات چىقىرىش مەركىزىگە بېرىپ دەرس ئۆتەتتى؛ يېرىم كېچە بولغاندا باش ئورگانغا قايتىپ بېرىپ، يەنە بىر كۈنلۈك خىزمەت دوكلاتىنى يېزىشى كېرەك ئىدى. يېقىندىن بېرى «بوز تورغاي جەمئىيىتى» كۈندە مەجلىس ئېچىپ تۇردى، سۇلايمان ھەر قېتىملىق مەجلىسكە ۋاقتىدا قاتنىشىپ، ئاكتىپ پىكىر بېرىپ تۇردى.

يۇقىرىدىكى پائالىيەتلەردىن باشقا، «بوز تورغاي جەمئىيىتى» يەنە سۇلايمانغا سىفۇت بەشىر بىلەن بىللە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا بېرىپ ئىشلەشنى تاپشۇردى. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدىلا قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ قۇرۇلۇشى «بوز تورغاي جەمئىيىتى» بىلەن زور مۇناسىۋەتلىك ئىدى. دەسلەپتە ئىشچىلار دائىم «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ باش ئورگىنىغا كېلىپ ئۆزىنىڭ دەرد ـ ئەھۋالىنى ئېيتىپ، ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلىشاتتى. ئۇ چاغدا تېخى ئىشچىلارنىڭ بىر مۇنتىزىم تەشكىلى يوق ئىدى. گەرچە خېلى تىرىشچانلىقلار كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن غوجايىنلار تورلۇك ھىيلىگەرلىك ۋاسىتىلىرىنى قوللىنىپ بۇزغۇنچىلىق قىلغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ بىر قېتىملىق مەجلىسىدە قارار قوبۇل قىلىنىپ، ئىشچىلارنىڭ مۇنتىزىم تەشكىلاتى قۇرۇلدى ۋە ھۆكۈمەتكە تىزىمغا ئالدۇرۇلدى. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھەممە كادىرى ئىشچى ئىدى. «بوز تورغاي جەمئىيىتى» سىفۇت بەشىرنى ئۇلارغا ياردەم قىلىشقا تەيىنلىدى. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ خىزمەتلىرى راۋاجلانغان چاغدا سۇلايماننىمۇ ئۇ يەرگە ئەۋەتىلدى. ئۇ بۇ يېڭى

ۋەزىپىنى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئۈستىگە ئالدى.

سۇلايماننىڭ قىزغىنلىقى بارغانسېرى ئاشماقتا ئىدى. لېكىن، سىفۇت بەشىر بارغانسېرى بوشىشىپ، ئىش خۇشياقماس بولۇپ قالدى. «بوز تورغاي جەمئىيىتى» شەھەر مەمۇرىيىتى كومىتېتىنىڭ سايلىمىغا قاتنىششقا نامزات كۆرسەتكەن چاغدا ئەزالار ئۇنىڭ پوزىتسىيەسىنى ئاز ـ تولا سەزگەنىدى. ئەمدى ئۇ دائىم كۇتۇپخانىغا كىرىۋېلىپ، باش كۆتۈرمەي كىتاب كۆرىدىغان بولۇپ قالدى. مۇشۇ كۈنلەردە چىرايى باشقىچە، كەم سۆز، دائىم ئۆزىنىڭ خىزمەت ئورنىغا بارمايدىغان بولۇۋالدى. بۇ ئەھۋال خىزمەتكە ئاۋارىچىلىك كەلتۈردى. «بوز تورغاي جەمئىيىتى» باش ئورگىنىدىكى بىرمۇنچە كىشىلەر ئۇنىڭدىن رەنجىپ قالدى. كېيىن، «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ بىر مەجلىسىدە سىفۇت بەشىرنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىك پوزىتسىيەسى سۈرۈشتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىش تەلەپ قىلىندى ۋە ئۇنىڭغا قارىتا ئىنتىزامنى ئىجرا قىلىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

سىفۇت بەشىر «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ رەئىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تەشەببۇسچىسى ئىدى. باش كاتىپ ئەلى ئەھمەت مۇشۇ سەۋەب تۈپەيلىدىن باشقا ئەزالارنىڭ پىكرىگە قوشۇلماي، سىفۇت بەشىرگە پەقەت ئاگاھلاندۇرۇش بېرىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئەلى ئەھمەتنىڭ تەكلىپى قوبۇل قىلىندى. سىفۇت بەشىر ئاگاھلاندۇرۇلدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلدى، بۇنىڭدىن كېيىن ئۆز خىزمىتىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشقا ۋەدە بەردى.

سىفۇت بەشىر ۋەدە بەرگەندىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە خىزمەتنى ئاكتىپ ئىشلىدى. لېكىن، كېيىنچە ئۇنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىك پوزىتسىيەسى يەنە ئاستا ـ ئاستا باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ بىر قېتىم قىلغان مەسئۇلىيەتسىزلىكى، كۆپچىلىكتە ئۇنىڭغا قارىتا

ئىشەنچسىزلىك كەيپىياتىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

بۇ ئىش مۇنداق بولدى: بىر كۈنى «بوز تورغاي جەمئىيىتى» كومىتېتىدا چوڭ بىر يىغىلىش ئۆتكۈزۈشنى ئورۇنلاشتۇردى. بۇ يىغىلىش ئۈچۈن، ئۇلار بىرنەچچە كۈن تەشۋىق قىلىپ، شوئارلارنى چاپلاپ، ماتېرىيال تارقىتىپ، رەستە ـ كوچىلاردىكى كىچىك تىپتىكى يىغىلىشلار ئارقىلىق ئۇقتۇرۇش قىلىپ كەلگەنىدى. يىغىن ئېچىلىدىغان كۈنى يىغىن مەيدانى تەرەپ ـ تەرەپتىن كەلگەن كىشىلەر بىلەن تولۇپ كەتتى.

يىغىننىڭ ئاساسىي نۇتۇق سۆزلىگۈچىسى سىنفۇت بەشىر ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ سۆز قابىلىيىتىنىڭ ئۇستىلىقى بىلەن مۇشۇ رايوندا ئالقىشقا سازاۋەر ئىدى. ھەر قېتىم ئۇ كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان سۆزلەرنى قىلغاندا، يىغىن ئىشتىراكچىلىرى ئۈن چىقارماستىن بوينىنى سوزۇشۇپ، كۆز ئۈزمەي ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇشاتتى ۋە ئۈنلۈك شوئار توۋلىشاتتى. ئۇنىڭ نۇتقى بىر خىل مەپتۇن قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىدى. بەزىدە يىغىن مەيدانىدا سەل پاتىپاراقچىلىق يۈز بەرسە، ئۇ سەھنىگە شۇنداق چىقسىلا دەرھال تەرتىپ ئوڭلىناتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرى ئېنىق، ئاۋازى جاراڭلىق، ئاھاڭى يېنىك ۋە رىتىملىق ھەمدە ھېسسىياتى قايناق، پىكرى ئۆتكۈر ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ نۇتقى تەبىئىي ۋە ئاھاڭدار بولۇپ، كىشىلەرنىڭ يۈرەك تارىنى چېكەتتى. يىغىن ئىشتىراكچىلىرى دائىم ئۆزىنىڭ ھاياجىنىنى باسالماي، ئۈنلۈك شوئار توۋلاپ، قىزغىن ئالقىش ياڭرىتىپ تۇراتتى.

ئۇ كۈندىكى چوڭ يىغىندا دەسلەپتە سەئدى دوختۇر سۆزلىدى. ئۇنىڭ مىجەز ـ خۇلقى مۇلايىم بولۇپ، سۆزنى ئىتتىكمۇ ئەمەس، ئاستىمۇ ئەمەس، بىر قېلىپتا سۆزلەيتتى. ئاۋازى يۇقىرى ئەمەس ئىدى، سۆزلەرنى ئېھتىيات بىلەن تاللاپ ئىشلىتەتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ سۆزىدىن بىرئاز زېرىكىپ قېلىپ، كۆزلىرىنى سەھنىگە تىكىپ سىنفۇت بەشىرنى ئىزدەشتى.

لېكىن، بۇ چاغدا ئۇ بىر مەيخانىدا ۋىسكى ئىچىپ ئولتۇراتتى. شۇ كۈنلەردە كەيپى جايىدا بولمىغاچقا، پات ـ پات كىشىلەرگە بىلدۈرمەي هاراق ئىچىدىغان بولۇپ قالغانىدى. بۇ ئۇنىڭ لوندوندا ئۆگىنىپ قالغان ئادىتى بولۇپ، كىچىككىنە تىت ـ تىت بولسىلا، هاراق ئىچىپ ئاچچىقىنى چىقىراتتى.

ئۇ ئازراق مەست بولۇپ، كۆزلىرىدىن نۇر قاچقان، قەدەملىرىنى سۆرەپ باسقان هالدا يىغىن مەيدانىغا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ سەهنىگە چىقىشى بىلەن تەڭ پۈتۈن يىغىن مەيدانى جانلىنىپ كەتتى، كىشىلەر پۈتۈن دىققىتىنى يىغىپ، سىفۇت بەشىرنىڭ نۇتۇق سۆزلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشتى. ئۇ تەمكىن هالدا مېڭىپ مىكرافوننىڭ ئالدىغا كەلدى. يىغىن ئىشتىراكچىلىرى قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ نۇتقىنى باشلىدى:

— دوستلار، خىزمەتداشلار! مەن بۈگۈن سىلەر بىلەن ئوچۇق ـ يورۇق سۆزلەشمەكچىمەن، — ئۇ بىرئاز توختىۋېلىپ، كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، ئاڭلىغۇچىلارغا قاراپ چىقتى، — يىغىلغان مۇشۇ كىشىلەرنى كۆرۈپ، گويا سان ـ ساناقسىز تاشپاقىلار بىر يەرگە توپلىشىۋالغاندەك هېس قىلىۋاتىمەن.

ئاڭلىغۇچىلار هەيران بولۇپ، ئەنسىزلىك ئىچىدە بەدەنلىرىنى قىمىرلىتىپ كەتتى. سىفۇت بەشىر سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— شۇنداق، تاشپاقا. بۇ تاشپاقىلار مەن هازىرلا ئويۇن كۆرسىتىدىغان بىر سېھىرگەردەك، پۇتلىرىنى قورسىقى ئاستىغا تىقىپ، بويۇنلىرىنى سوزۇپ قاراشماقتا.

ئۇ بىر كېكىرىۋېتىپ، ئاڭلىغۇچىلارغا قاراپ هاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى. يىغىن مەيدانىدا گۇدۇڭلاشقان ئاۋازلار ئاڭلاندى. بەزى ئاڭلىغۇچىلار سىفۇت بەشىرنىڭ چىرايىغا قاراپ خىيالغا كەتتى.

— هازىر تاشپاقىلار ئۆمىلەپ ماڭىدىغان دەۋر ئەمەس، بەلكى ئىلىم ـ پەن تەرەققىي تاپقان دەۋر. بۈگۈنكى كۈندە بىر ئادەم

رادىيودا سۆزلىسە، ئۇنىڭ ئاۋازىنى پۈتۈن دۇنيا خەلقى ئاڭلىيالايدۇ، تېلېۋىزوردا ئۇنىڭ سۆزلەۋاتقاندىكى قىياپىتىنىمۇ كۆرەلەيدۇ. ئەپەندىلەر، مۇشۇ ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەۋاتقان دەۋردە، ئېيتىڭلارچۇ، سىلەر قەيەردە تۇرۇۋاتىسىلەر؟ ئەپسۇسكى، سىلەر گويا ئۇخلاپ چۈش كۆرۈۋاتىسىلەر، ھېچ نەرسىنى سەزمەيۋاتىسىلەر. بۇ — نادانلىق، بۇ — سەۋەنلىك! سىلەرنى تاشپاقا ئەمەسمۇ دەيلى، لېكىن سىلەر ئەيسانىڭ قويى، ئۇ خالىسىلا سىلەرنى ئەكېتىۋېرىدۇ...

يىغىن مەيدانى قالايمىقانلىشىپ كەتتى، كىشىلەر ھەقىقەتەن تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنى ھەرگىزمۇ تاشپاقا، قوي، دەپ قارىمايتتى. ئۇلار قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، چۈشەنمىگەنلىكىنى ۋە ئېتىراز بىلدۈرىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى.

— ھەي! ھوشۇڭنى تېپىۋال!

— ساراڭ بولۇپ قالدىڭمۇ، ھەي ھايۋان!

بىر توپ ياش باللار «قاقاق ـ قاقاق» دەپ توخۇنى دوراشتى.

— قۇلاق سېلىڭلار، — دېدى سىفۇت بەشىر ئۆزىنى سەل بېسىۋېلىپ، — مەن سۆز قىلىۋاتقاندا، كاللام ناھايىتى سەگەكقۇ؟

ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ كىشىلەر پاراقىىدە كۈلۈشۈپ كەتتى. يىغىن مەيدانى قالايمىقانلىشىپ، كىشىلەر ئۆرىتۆپە بولۇپ، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ كۆتۈرۈلدى. سىفۇت بەشىرنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئەلى ئەھمەت ئۇنىڭ پېشىنى ئاستا تارتىپ قويدى. لېكىن، سىفۇت بەشىر يەنىلا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇشتا چىڭ تۇردى. ئۇنىڭ كۆزلىرى بارغانسېرى قىزىرىپ، پۈتلىرى تىترەپ، بەدەنلىرى ئىرغاڭلاپ، گەپلىرى قولاشمىغىلى تۇردى. كىشىلەر ۋارقىراپ تىللاشقا باشلىدى. يىغىن مەيدانىنى باشقۇرۇش قىيىن بولۇپ قالدى. شۇ ئەسنادا ئەلى ئەھمەت دەرھال مىكروفوننى ئۆچۈرۈۋەتتى ـ دە، سىفۇت بەشىرنى تەسلىكتە ئولتۇرغۇزۇشتى.

ئەلى ئەھمەت يىغىن مەيدانىنى تىنچلاندۇرماقچى بولۇپ سۇلايمانغا ئىشارەت قىلىۋىدى، سۇلايمان مىكروفوننىڭ ئالدىغا كېلىپ سۆزلەشكە باشلىدى. كانايدىن سۇلايماننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ: سىفۇت بەشىرنىڭ يېقىندىن بىرى كېسەل بولۇپ، كۆنبويى قىزىتمىسى ئۆرلەپ يۇرگەنلىكىنى، كۆپچىلىك ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ قىزىتمىسىنىڭ ئۆرلەپ تۇرغانلىقىغا قارىماي بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى، قاتتىق قىزىتما تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ ئەس ـ ھوشى تازا جايىدا بولماي، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالغانلىقىنى ئېيتىپ، ئاڭلىغۇچىلاردىن ئەپۇ سورىدى.

سۇلايماننىڭ بۇ گېپى دەرۋەقە رول ئوينىدى. ئۇنداق بولمىغان بولسا شۇ كۈنى سىفۇت بەشىر بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرگەن بولاتتى.

بۇ ۋەقە ئەزالاردا سىفۇت بەشىرگە قارىتا قاتتىق رەنجىش كەيپىياتىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇلار «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ كېلەر قېتىملىق مەجلىسىدە سىفۇت بەشىرگە جىددىي چارە كۆرۈشنى تەلەپ قىلىشتى.

سىفۇت بەشىر ئەخمىقانە ئىشتىن يەنە بىرنى قىلدى: «چۈبىر» توقۇمىچىلىق زاۋۇتى تۆت ئىشچىنى خىزمەتتىن بوشىتىۋەتكەن. بۇ توغرۇلۇق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى زاۋۇت تەرەپكە قاتتىق ئېتىراز بىلدۈرگەن ھەمدە بىر ھەپتە ئىچىدە بۇ تۆت ئىشچىنىڭ خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلمىسە، ئىش تاشلاشنى ئوتتۇرىغا قويغان.

غوجايىن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تەلىپىگە پەرۋا قىلماي، بۇ تۆت ئىشچىنىڭ خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قەتئىي رەت قىلغان. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى شۇ كۈنىلا مەجلىس ئاچقان، بۇ مەجلىسكە سىفۇت بەشىر بىلەن سۇلايمانلارمۇ قاتناشقان. مەجلىستە ئىش تاشلاش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. سۇلايمان بۇنى پۈتۈنلەي قوللىغان، لېكىن سىفۇت بەشىر قارشى

تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئۇ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشكىلى ھازىر تېخى مۇستەھكەم ئەمەس، بۇنداق ھەرىكەت قوللىنىشقا بولمايدۇ، دەپ قارىغان. لېكىن، ئىشچىلارنىڭ كەيپىياتى جۇشقۇن بولغاچقا، ئىش تاشلاش توغرىسىدا بىردەك قارار قوبۇل قىلىنغان.

ئىش تاشلىغان كۈنىنىڭ ئەتىسى ئىشچىلار زاۋۇت دەرۋازىسى ئالدىدا نامايىش قىلىپ، ئىشقا چىقماقچى بولغان ئىشچىلارنى توسۇۋالغان. بۇنىڭ بىلەن زاۋۇت باشلىقى ساقچىلارنى چاقىرتقان، لېكىن ئۇلار بىلەن ئىشچىلار ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بەرمىگەن. ئىش تاشلىغان ئىشچىلارنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقىغا خەۋپ يەتمىگەن. زاۋۇت تەرەپ بۇ نامايىشلارنى بەك قورقۇنچلۇق ھېس قىلىپ، چۈشتىن كېيىن بىرمۇنچە لۈكچەكلەرنى كۆشكۈرتۈپ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرغان. ساقچى تەرەپ ئىش تاشلاش تەرتىپىنىڭ قالايمىقانلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى بۇزغان دېگەن نام بىلەن ئۈچ قېتىم ساقچى كالتىكىنى ئىشقا سېلىپ ئىشچىلارنى قوغلىغان. ئاقىۋەتتە، سەككىز ئىشچى يارىلىنىپ، نامايىشچى ئامما تارقىتىۋېتىلگەن.

ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋەزىيەتنى ئومۇميۈزلۈك تەھلىل قىلىش ئۈچۈن جىددىي مەجلىس چاقىرغان. شۇ چاغدا ساقچىلارنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تۇرغان جايغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش ئېھتىمالى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادەم ئۇتارمىش دېگەن مىش ـ مىش گەپلەرمۇ خېلىلا ئۇلغىيىپ قالغانىدى. سىفۇت بەشىر شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئاغرىپ قالدىم دەپ مەجلىسكە قاتناشمىغان. ئۇ ئەسلىدىلا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ خىزمىتىگە قىزىقماي يۈرەتتى. ئۇ «بوز تورغاي جەمئىيىتى»گە يازغان دوكلاتىدا، «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ ئەزالىرى ئىشچىلار ھەرىكىتىگە ئارىلاشماسلىقى، ئۆزىنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئىجتىمائىي پاراۋانلىق جەھەتتىلا چەكلىشى

كېرەك، دەپ تەكىتلىگەنىدى.

ئۇ شۇ كۈنى ئاخشىمى باش ئورگاندىن ئۆزىنىڭ داچىسىغا قايتىپ كېتىپ، مىجەزى يوقلۇقىنى باھانە قىلىپ مەجلىسكە قاتناشمىغان. كېيىن، ئەزالار شۇ ئاخشىمى ئۇنىڭ خان باھادۇر بىلەن بىللە هاراق ئىچىشىپ ئولتۇرغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان.

بۇ ۋەقە تۇيۇقسىزدىن قاتتىق غەزەپكە كەلگەن ئەزالار «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ جىددىي مەجلىسىنى ئېچىشنى تەلەپ قىلىشتى. چىرايى تاتىرىپ كەتكەن سىفۇت بەشىر مەجلىسخانىغا كىرىپ، تاماكا چېكىپ جاۋابكارلاردەك ئولتۇردى.

مەجلىسكە فېشىم ئەلا رىياسەتچىلىك قىلدى. سۇلايمان ئالدى بىلەن سىفۇت بەشىرگە سوئال قويۇپ، ئۇنىڭ بىرمۇنچە خاتالىقلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئېغىرى ئۇنىڭ خان باھادۇر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، «بوز تورغاي جەمئىيىتى»گە قارشى تۇرغانلىقىنى ئەيىبلەش ئىدى. سىفۇت بەشىر بۇنى ئاڭلاپ ئاچچىقىدا قىزىرىپ كەتتى. ئۇ «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ رەئىسى ۋە تەشەببۇسچىسى ئىدى. «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ مۇنتىزىم بىر تەشكىلاتقا ئايلىنىش جەريانىدا ئۇ ئاتمىش مىڭ رۇپىيە ئىئانە قىلدى، هارماي ـ تالماي تىرىشچانلىق كۆرسەتتى، ئۆزىنىڭ راھەت ـ پاراغەتلىك تۇرمۇشىدىن ۋاز كەچتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئۇنى «بوز تورغاي جەمئىيىتى»گە قارشى تۇردى دەپ ئەيىبلەش بەك ئاشۇرۇۋەتكەنلىك، بەك ئۇۋال قىلغانلىق بولاتتى. چۈنكى، ئۇنىڭدا مۇنداق خىيال پەقەت يوق ئىدى. ئۇنىڭ بىردىنبىر نارازىلىقى «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ شەھەر مەمۇرىيىتى كومىتېتى نامزاتلىقىغا ئۇنى كۆرسەتمەي، سەئىدى دوختۇرنى كۆرسەتكەنلىكى ئىدى. ئۇ نامزاتلىققا ئۆزىنى سەئىدى دوختۇردىن تېخىمۇ لاياقەتلىك دەپ قارايتتى.

ئەمەلىيەتتە، ئەزالارنىڭ ئەيىبلىشىمۇ ئادىل بولمىغانىدى. ئۇ خان باھادۇرنى ئىنتايىن ئۆچ كۆرەتتى. ئۇ كۈنى ئاخشىمى

مەجلىسكە قاتناشمىغانلىقىنىڭ سەۋەبى شۇكى، يولدا تاسادىپىي هالدا خان باهادۇر بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى، خان باهادۇر ئۇنى زورلاپ، تارتىپ ئۆيىگە باشلاپ كىردى. خان باهادۇرنىڭ غەرىزى ئۇنىڭ بىلەن سايلامغا ئالاقىدار ئىشلار توغرىسىدا سۆزلەشمەكچىدى. لېكىن، سىفۇت بەشىر ئۇنى هېچنېمىگە ئېرىشتۈرمىدى.

خاتالىقلار كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەندىن كېيىن، سۇلايمان سىفۇت بەشىرنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن دەرهال ئىستېپا بېرىشنى، ئۇنىڭ مەسىلىسىنى رەسمىي تەكشۈرۈپ، جىددىي بىر تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلدى. مەجلىس رەئىسى سىفۇت بەشىرگە ئۆزىنى ئاقلاش پۇرسىتى بەردى. لېكىن، ئۇ ئاچچىقىدا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، مەجلىستىن چىقىپ كېتىش يولى بىلەن ئېتىراز بىلدۈردى.

مەجلىس يەنىلا داۋاملاشتۇرۇلدى. سىفۇت بەشىر چىقىپ كېتىپ يېرىم سائەتتىن كېيىن، ئۇنىڭ شوپۇرى بىر پارچە خەت ئەكىرىپ باش كاتىپ ئەلى ئەھمەتكە بەردى. بۇ سىفۇت بەشىرنىڭ ئىستېپا قەغىزى بولۇپ، ئۇ «بوز تورغاي جەمئىيىتى»دىن چىقىپ كېتىشنى ئىلتىماس قىلغانىدى.

ئەلى ئەھمەت ئۇنىڭ مۇنداق ھېسسىياتتا بېرىلىپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى. ئۇ ئىستېپا قەغىزىنى ئەزالارغا ئوقۇپ بەردى ھەمدە ئۇنىڭ مەسىلىسىنى ھازىرچە بىر تەرەپ قىلماي تۇرۇپ، «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ كېلەر قېتىملىق مەجلىسىدە ئاندىن ئويلىشىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ تەكلىپ قوبۇل قىلىندى.

## 3

ماي ئېيىنىڭ باشلىرى، سايلامغا ئىككى ھەپتىلا ۋاقىت قالغانىدى. بىرنەچچە كۈندىن بېرى كۈنبويى ئىسسىق شامال

چىقىپ، ئالەمنى تۇپا ـ چاڭ قاپلاپ، دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى كۆيدۈرۈۋەتتى، ئوتتەك ئاپتاپ تەپتىدىن كىشىلەرنىڭ ھالى قالمىدى. چۈش ۋاقتىلىرىدا پۈتۈن شەھەر جىمجىتلىققا چۆمگەن بولۇپ، كوچىلاردا بىرەر ئادەمنىڭ قارىسمۇ كۆرۈنمەتتى.

تومۇز كۈنلىرىنىڭ جىمجىت بىر چۈش ۋاقتىدا، ئەلى ئەھمەت ئۆيدە يېڭى بىر نۇسخا سايلام تەشۋىق ئېلانى يېزىپ ئولتۇراتتى. ئۇشتۇمتۇت ئىشىك ئىتتىرىپ ئېچىلىپ سۇلايمان كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزلىرى چوغدەك ئاپتاپتا كۆيۈپ قىزىرىپ كەتكەن، چاچلىرىنى چاڭ ـ توزان باسقان، پۈتۈن بەدىنى چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمۈلگەنىدى.

ئەلى ئەھمەت بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا قارىدى.

— بىر ئىش بارمىدى، سۇلايمان؟ — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ھازىرلا ئاڭلىغان خۇش خەۋەر، — دېدى سۇلايمان قولىدىكى بوغچىنى شىرەگە قويۇپ، يۈزىدىكى تەرلەرنى سۈرتۈپ تۇرۇپ.

— خۇش خەۋەر؟ قېنى، چاپسان سۆزلەڭ.

— بىر رەقىب سايلامغا قاتنىشىشتىن ۋاز كېچىپتۇ.

— نېمىشقا؟ — دەپ سورىدى ئەلى ئەھمەت ھەيران بولۇپ.

— ئابدۇلھېمىت جەڭدىن باش تارتىپتۇ، — سۇلايمان ھازىر ئۇستازىنىڭ ئالدىدا قىلچىمۇ قورۇنماي سۆزلەيدىغان بولۇپ قالغانىدى، — بۇگۈن ئۇ نامزات بولمايدىغانلىقىنى قارار قىپتۇ. قاراڭە، بۇ نېمىدېگەن كىشىنى روھلاندۇرىدىغان خەۋەر! ئەمدى يەقەت خان باھادۇرلا قالدى. ئۇ قانچىلىك ئىش تەۋرىتەلەيتتى! — ئۇ شۇنداق دەپ بولۇپلا قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. لېكىن، ئەلى ئەھمەت قىلچە خۇشال بولغانلىقىنىڭ ئىپادىسىنى كۆرسەتمەي، ئەكسىچە چوڭقۇر ئويغا پاتتى.

ئۇنىڭ گەپ قىلماي جىم بولۇپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، سۇلايمان بىرئاز چۈشىنەلمەي قالدى.

— نېمانداق گەپ قىلمايسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— بۇنى خۇش خەۋەر دېگىلى بولمايدۇ، — دېدى ئەلى ئەھمەت ئالدىرىماي.
— نېمىشقا؟
— مېنىڭ مۆلچەرىمچە بولغاندا، ئۇ سايلامدىن چېكىنىپ چىقىشنى ئىككى ھەپتىدىن بۇرۇن ئېلان قىلىشى كېرەك ئىدى. ئابدۇلھېمىتنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇگۈنگىچە سۆرەپ كەلگەنلىكىگە ھەيران بولۇۋاتىمەن.
— گېپىڭىزنى چۈشەنمىدىم.
ئەلى ئەھمەت ئۇنىڭغا چۈشەندۈردى:
— سىز بەلكىم ئابدۇلھېمىتنىڭ سايلامدىن چېكىنىپ چىقىشىنىڭ كىمگە پايدىلىق بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆرمىگەن بولىسىڭىز كېرەك. ئابدۇلھېمىت سايلامغا قاتناشسا، خان باھادۇرغا بېرىلىدىغان ئاۋاز ئازايغان بولاتتى. چۈنكى، ئاۋاز بەرگۈچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە. بۇ سىنىپ بەزىدە قايمۇقتۇرۇلۇپ، بىزگە قارشى كۈچكە ئايلىنىشىمۇ مۇمكىن. بۇنى ئۇنىڭ تۇتقان ئورنى بەلگىلىگەن، بۇ — ئىشەنچسىز سىنىپ، — ئۇ سۆلايماندىن سورىدى، — ئېيتىڭا، سىغۇت بەشىرنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟
— مەندە بۇ توغرۇلۇق بىرەر يېڭى خەۋەرمۇ يوق. ئاڭلىسام، ئۇ ھازىر دائىم ھاراق ئىچىپ يۈرىدىكەن، مىجەزى بەك ئوساللىشىپ كېتىپتۇمىش.
ئەلى ئەھمەتنىڭ چىرايى تۈرۈلدى. بۇ خەۋەر ئۇنىڭغا قاتتىق زەربە بولۇپ تۇيۇلغاندەك قىلاتتى.
— ھەي ي ي، بىچارە سىغۇت بەشىر، — دېدى ئۇ ئەنسىرىگەندەك قىلىپ، — ئۇ شەخسىي ھېسسىياتنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتتى، — ئۇ بېشىنى سىلىپ بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئابدۇلھېمىتنىڭ سايلامدىن چېكىنىپ چىقىشى مەيلى قانداقلا بولسۇن، بىزگە پايدىسىز. ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان پۈتۈن ئاۋاز ئەمدى خان باھادۇرغا

بېرىلىدۇ. بۇ رايوندىكى كەمبەغەللەر ئارىسىدا «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ يىلتىزى مۇستەھكەم. زاۋۇت ئىشچىلىرى چوقۇم بىزگە ئاۋاز بېرىدۇ. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەك.

سۇلايمان جاۋاب قايتۇرمىدى. ئەلى ئەھمەت تاماكا قۇتىسىنى ئېلىپ سۇلايمانغا بىر تال تاماكا تۇتتى. ئۆزىمۇ بىر تال ئېلىپ تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن، ئالدىرىماي چېكىشكە باشلىدى.

بىردەمدىن كېيىن ئەلى ئەھمەت دېدى:

— ئەھۋالدىن قارىغاندا، خان باھادۇر ئابدۇلھېمىتقا خېلى كۆپ پۇل بەرگەن گەپ. بولمىسا، ئۇ سايلامدىن مۇنداق ئاسانلا ۋاز كەچمىگەن بولاتتى. بۇنىڭ بىلەن خان باھادۇر كۈچىيىپ قالىدۇ.

ئەلى ئەھمەتنىڭ مۆلچىرىنىڭ تامامەن توغرىلىقىنى ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدى. ئەتىسى كوچىلارغا ئابدۇلھېمىتنىڭ ھەر يوغان ئېلانلىرى چاپلىنىپ كەتتى. ئۇ بۇ ئېلانلاردا ئۆزىنىڭ خان باھادۇرنى قوللاش سەۋەبىدىن سايلامدىن چېكىنىپ چىققانلىقىنى جاكارلىغان، شۇنىڭدەك يەنە ئۆزىنىڭ سايلىغۇچىلىرىنى خان باھادۇرنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاشقا چاقىرغان.

بۇ ئىش دەرھاللا ئۈنۈم بەردى. خان باھادۇرنىڭ قوللىغۇچىلىرى روھلىنىپ كەتتى. ئۇلار بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا چوڭ بىر يىغىلىش تەييارلىدى. بۇ، سايلام پائالىيىتى باشلانغاندىن بۇيان خان باھادۇر ئۆتكۈزگەن تۇنجى قېتىملىق يىغىلىش ئىدى. مۇشۇ كۈنگە كەلگۈچە ئۇ، يىغىلىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولماي قالسا، قىلغان ئەجرى بىكار كېتىپ، خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشەنچىگە تەسىر يېتىشىدىن ئەنسىرەپ، چوڭ يىغىن چاقىرىشقا جۈرئەت قىلالماي كەلگەنىدى.

ئۇلار مۇۋەپپەقىيەتلىك بىر چوڭ يىغىن ئېچىش ئۈچۈن، دوقمۇش ـ دوقمۇشقا ئادەم بويى كەلگۈدەك ئېلان تاختىلىرىنى ئورناتتى، يۇقىرى ئاۋازلىق كاناي ئورنىتىلغان ئىككى جىپ

ماشىنا ھەر كۈنى تۈن يېرىمىغىچە تەشۋىقات ئېلىپ باردى.

مۇنداق ئەھۋالدا ئەزالار بىرئاز ئولتۇرالماي قالدى. شۇنىڭ بىلەن «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ بىر مەجلىسىدە بىرەيلەن خان باھادۇرنىڭ يىغىن مەيدانىغا كىشى كىرگۈزۈپ، توك سىمىنى كېسىۋېتىپ، قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. لېكىن، ئەلى ئەھمەت بۇنىڭغا قەتئىي قارشى چىقتى. ئۇ، قارشى تەرەپكە ئۆزىنىڭ كۈچىنى نامايان قىلىش پۇرسىتى بەرمىسەك، ئۇ چاغدا كۈرەش جەريانىدا ئۆز قوشۇنىمىزنى مۇستەھكەملەپ، ئۆزىمىزنىڭ ئاجىزلىقلىرىمىزنى تېپىشىمىز مۇمكىن ئەمەس، قارىسىغا ئىشلەش جاسارەتسىزلىكنىڭ ئىپادىسى، دەپ قارىدى.

خان باھادۇر بۇ چوڭ يىغىنغا نۇرغۇن پۇل خەجلىدى. يىغىن مەيدانىدىكى كاتتا چېدىر زىننەتلىنىپ يېپيېڭى قىلىنغان، ئەتراپىقا رەڭگارەڭ چىراغلار ئېسىلغان؛ سەھنە بىرنەچچە گەز كۆتۈرۈلۈپ راسلانغان بولۇپ، ئەتراپىغا سىرىق رەختتىن تەييارلانغان پلاكاتلار ئېسىلغان، سەھنىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاسما چىراغ ئېسىلغان، سەھنىگە قېلىن گىلەم سېلىنغانىدى. رەئىسنىڭ ئورۇندۇقى كىشىنىڭ دىققىتىنى بۆلەكچىلا جەلپ قىلاتتى. ئۇ ئورۇندۇق قىزىل مەخمەلدىن قاپلانغان بولۇپ، يىراقتىن قارىغاندا ئوردا قوبۇلخانىسىغا ئوخشاش ھەشەمەتلىك كۆرۈنەتتى.

چوڭ يىغىننىڭ تەشكىلىي خىزمىتى رىفاد ئەلى دىكىلگە ھاۋالە قىلىنغانىدى. ئۇ بويى پاكار، ئۆچكە ساقال، چېكە چاچلىرى ئۇزۇن، يىلانغا ئوخشاش تولغىماچ ھاسا تۇتقان ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ تەلەتى مەخسۇسلا مۇشۇ يىغىلىشنىڭ كەيپىياتىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن تەكلىپ قىلىپ كېلىنگەن دەرۋىشكە ئوخشايتتى. دىكىل يىغىلىشلارنى ئۇيۇشتۇرۇشقا ماھىر مۇتەخەسسىس دەپ قارىلاتتى. ئۇ ئەسلىدە بىر ماشىنىچى بولۇپ، شەھەردە دۇكىنى بار ئىدى. لېكىن، سايلام كۈنلىرىدە

ئۇمۇ سايلام پائالىيەتلىرىگە قاتنىشاتتى. پۇللا بەرسە «كەتمەن» چېپىۋېرەتتى. بۇرۇن ئۇنىڭ بىر توپ ئادەملىرى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە شوئار توۋلايدىغانلار، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ توۋلايدىغانلار، مەخسۇس چاۋاكچىلار بار ئىدى ھەمدە يەنە بىرنەچچە چوماقچىلىرى بولۇپ، ئۇلار كىمكى يىغىن مەيدانىنى قالايمىقانلاشتۇرسا، دەرھال تۇتۇپ كانىيىدىن بوغاتتى. بىراق، ھازىر ئۇنىڭ ئاۋۋالقى ئادەملىرى تارقاپ كەتكەنىدى.

دىكىل چوڭ يىغىن باشلىنىشتىن بىر سائەت بۇرۇن يىغىن مەيدانىغا كېلىپ، ئادەت بويىچە بىر قۇر ئايلىنىپ تەكشۈرۈپ چىقتى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ قول ئاستىدا يىگىرمە بەش ئادەم بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرى بىر ئورۇنغا قويۇلدى. شوئار توۋلىغۇچىلارغا ئاۋۋال كىم توۋلايدىغانلىقى، ئاندىن قانداق قوشۇلۇپ توۋلايدىغانلىقلىرى تەپسىلىي تاپشۇرۇلدى، چاۋاكچىلارغا چاۋاك چېلىش پەيتىنى قانداق ئىگىلەش ئۇقتۇرۇلدى. ئۇ ئۆزى بەلگە بەرمىگۈچە ھېچقانداق ئادەمنىڭ خالىغانچە شوئار توۋلىشىغا ۋە چاۋاك چېلىشىغا بولمايدىغانلىقىنى قايتا - قايتا تەكىتلەپ ئۆتتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئالدىنقى كۈنى ئۇلارنى بىر قېتىم مەشىق قىلدۇرغانىدى. ئەمما، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغانلار بولغاچقا، چوڭ يىغىن باشلىنىشتىن ئاۋۋال ئۇلارغا يەنە بىر قېتىم جېكىلىمەي بولمايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ: «كىمدىكىم سەۋەنلىك ئۆتكۈزسە، بىر تىيىنمۇ ئالالمايدۇ» دەپ تەھدىت سالدى. ئۇنىڭ بەلگىلىگەن باھاسى مۇنداق ئىدى:

شوئارنى باشلاپ توۋلىغۇچى — ھەربىر كىشى بەش رۇپىيە.

شوئارنى ئەگىشىپ توۋلىغۇچى — ھەربىر كىشى ئىككى رۇپىيە.

چاۋاك چالغۇچى — ھەربىر كىشى بىر رۇپىيە.

بۇنىڭدىن باشقا، دىكىل يەنە شوئارنى ئۈنلۈك ۋە قىزغىن توۋلىغۇچىلارغا ئايرىم مۇكاپات بېرىشكە ۋەدە بەردى.

دىكىل بۇ ئىشلارنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن چوماقچىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى غەلىبە قىلىشقىلا بولىدۇ، مەغلۇپ بولۇشقا بولمايدۇ، دەپ ئاگاھلاندۇردى.
كەچقۇرۇن بولۇش بىلەنلا كىشىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن يىغىن مەيدانىغا كىرىشكە باشلىدى. خان باھادۇر كېلىشتىن بۇرۇن يىغىن مەيدانى ئادەم بىلەن لىق تولدى. تەخمىنەن ئون بەش مىڭچە ئادەم بار ئىدى. ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى خان باھادۇرنىڭ زاۋۇتىدىكى ئىشچىلار، شۇنىڭدەك يەنە ئۇنى قوللايدىغان بەزى زاۋۇت غوجايىنلىرىنىڭ ئىشچىلىرى بولۇپ، ئۇلار ماشىنا بىلەن ئەكېلىنگەن ھەمدە ھەربىر كىشىگە يىغىنغا قاتناشقانلىقى ئۇچۇن ئىسمىنا ھەققى بېرىلگەنىدى.
سائەت سەككىزگە ئاز قالغاندا، خان باھادۇرنىڭ ماشىنىسى يىغىن مەيدانىغا كىرىۋىدى، ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرى گۈررىدە ماشىنىنىڭ قېشىغا بېرىشتى. بىرى ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. خان باھادۇر كۆرەڭلىگەن ھالدا ماشىنىدىن چۈشتى. خىزمەتچى خادىملار ۋە ئۇنىڭ بەزى ئەگەشكۈچىلىرى بەس ـ بەس بىلەن ئۇنىڭغا گۈلچەمبىرەك تاقىدى. دىكىل دەرھال شوئارنى باشلاپ توۋلىغۇچىغا بەلگە بېرىۋىدى، يىغىن مەيدانى ئاسمىنىدا، «ياشىسۇن خان باھادۇر» دېگەن شوئار ياڭراپ كەتتى.
خان باھادۇر خىزمەتچى ۋە ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تەبەسسۇم بىلەن قولىنى پۇلاڭلىتىپ ئالغا قاراپ ماڭدى. ئادەملەر قىستىلىشىپ كەتكەچ، ئۇ ماشىنىنىڭ قېشىدىن مېڭىپ سەھنىگە چىققۇچە ساقمۇساق ئون مىنۇت ۋاقىت كەتتى.
ئۇ سەھنىگە چىقىپ، يىغىن مەيدانىغا بىر قۇر نەزەر تاشلاپ، يىغىن مەيدانىدىكى ھەشەمەتلىك مەنزىرىنى كۆرۈپ قاتتىق ھەيران قالدى. ئۇ مۇنداق چوڭ يىغىلىشنى تەسەۋۋۇر قىلمىغانىدى. خۇشاللىقتىن ئۇنىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ بىرمۇنچە گۈلچەمبىرەك تاقاپ، يېڭى تويى بولغان يىگىتتەك ياسانغان ھالدا ئېگىز ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. ھەممە

كۆزلەر ئۇنىڭغا تىكىلمەكتە، ھەممە ئىخىز ئۇنىڭ نامىنى تۇۋلىماقتا ئىدى. خان باھادۇر بۇ مەنزىرىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ كەتتى.

نىيازمۇ خان باھادۇرغا ئەگىشىپ بۇ چوڭ يىغىنغا قاتناشقانىدى. ئۇ يىغىن مەيدانىدىكى شۇنچىۋالا ھەشەمەتنى، خان باھادۇرنىڭ قوللىغۇچىلىرىنىڭ شۇنچە كۆپلۈكىنى كۆرۈپ، خان باھادۇر ھەقىقەتەن قالتىس ئادەم ئىكەن، دەپ ئويلاپ قالدى. نىياز خان ـ پادىشاھلاردەك ئىگىز ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان خان باھادۇرغا قايتا ـ قايتا قاراپ، ئۇنىڭدا بىر خىل ئەيمىنىش ھېسسىياتى پەيدا بولدى.

چوڭ يىغىن باشلىنىش بىلەنلا ئاۋۋال قۇرئان ئوقۇلدى. ئاندىن بىر كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ نۇتۇق سۆزلەپ، خان باھادۇرنى بىرمۇنچە مەدھىيەلەپ ئۆتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىرنەچچە كىشى سۆزگە چىقتى. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى «خان باھادۇر خەلقنىڭ سادىق يولباشچىسى» «توغرا، تەقۋادار مۇسۇلمان»، «ئۇ ساداقەتلىك ۋە خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش روھىغا ئىگە»، «ئۇ سايلىنىشقا ئەڭ لاياقەتلىك» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەردىن نېرى كەتمەيتتى.

سۆزلىگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك لۇران مەسچىتىنىڭ سېلىنىشىنىڭ خان باھادۇرنىڭ غايەت زور تۆھپىسى ئىكەنلىكى، ئېتىقادنى قوغداش يولىدا كۆرسەتكەن زور خىزمىتى ئىكەنلىكى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتتى. ئۇلار خان باھادۇرنىڭ «ئاممىنىڭ ۋەكىلى» ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئىشلەتمىگەن چىرايلىق ۋە تەسىرلىك سۆزلىرى قالمىدى. بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، ئۇلارغا خان باھادۇر پۇل بەرگەنىدى.

نۇتۇق سۆزلىنىۋاتقان جەريانىدا، دىكىل ۋە ئۇنىڭ ھەمـ ـ ھۇچىلىرى ئۈنلۈك شوئار توۋلاپ تۇرۇشتى، چوڭ يىغىننىڭ كەيپىياتى ئىنتايىن قىزغىن بولدى. لېكىن، خان باھادۇرنىڭ

سۆزلەيدىغان ۋاقتى يېقىنلاشقانسېرى ئۇنىڭ يۈرىكى دۇپۇلدىگىلى تۇردى. چۈنكى، ئۇ ئەزەلدىن ئاشكارا چوڭ يىغىنلاردا سۆزلەپ كۆرمىگەنىدى. ئۇ ئۆيدىن چىققاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ نۇتقىنىڭ چوقۇم غايەت زور تەسىر قوزغايدىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى. نۇتۇقنى گېزىتخانىنىڭ بىر مۇھەررىرىگە يازدۇرغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە خان باھادۇر ئۆيگە كىرىۋېلىپ ئىشىكنى تاقاپ بىرنەچچە كۈنگىچە يادلىغان ۋە ئەينەككە قاراپ تۇرۇپ، ھەر خىل ئەھۋالدىكى چىراي ئىپادىلىرىنى مەشىق قىلغانىدى. لېكىن، شۇ تاپتا مۇنچىۋالا كۆپ ئادەمنى كۆرۈپ، بىرئاز ھودۇقۇپ، ھەتتا نەپەس ئېلىشىمۇ تېزلىشىپ كەتتى.

ئۇ نۇتقىنى باشلاشتىن بۇرۇن لىق بىر ئىستاكان سۇ ئىچتى ۋە سىگارت تاماكىنى بىرنەچچە قېتىم شورىۋالدى. ئەمما، ئۇنىڭ يادلىۋالغان سۆزلىرى ئاستا ـ ئاستا كاللىسىدىن قاچقىلى تۇردى، ئۇ ھەدەپ ئېسىگە كەلتۈرۈشكە تىرىشاتتى. شۇ ئەسنادا: «ئاللاھۇئەكبەر !» دېگەن شوئار ئاۋازى ياڭرىدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ يىغىن مەيدانىنىڭ ھەرقايسى بۇلۇڭلىرىدىنمۇ «ئاللاھۇئەكبەر !»، «ياشىسۇن خان باھادۇر !» دېگەن ئۇنلۇك شوئارلار توۋلاندى.

كۆكتە ياڭرىغان شوئار ئاۋازى خان باھادۇرنىڭ كاللىسىنى ئېلىشتۇرۇۋەتتى. ئۇ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي، تاماكىنى ئىككى ـ ئۈچ قېتىم شورىدى، ئۇنىڭ پۇتلىرى تىترەپ، نەپىسى تېزلىشىپ، بەدىنىدىكى پۈتۈن قان يۈزىگە تېپىپ چىقتى. ئۇ مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا نۇتقىنى باشلىدى:

— مۇسۇلمان قېرىنداشلار ! مەن سىلەرنىڭ كۆپ ۋاقتىڭلارنى ئالمايمەن. سىلەرگە ئېيتىدىغان بىرنەچچە ئېغىزلا سۆزۈم بار.

ئۇ مۇشۇ گەپلەرنى ناھايىتى تەسلىكتە قىلدى. ئۇنىڭ ئاۋازى بىرئاز بوغۇلۇپ قالدى. لېكىن، ئۇ كۈچىنىڭ بارىچە ئۆزىنى تۇتۇۋالماقتا ئىدى.

— مەن سىلەر ئۈچۈن ئاز ـ تولا مەجبۇرىيەت ئۆتەشكە

ئىراده باغلىغان بىر چاكىرىڭلار، — بەزى سۆزلەر ئۇنىڭ ئېسىگە كېلىۋىدى، ئۇ دەرھال شۇ سۆزىنى قىلدى، — ھەربىر سايلانغۇچى ئۆزىدە سىلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىش روھىنىڭ بارلىقىنى، سىلەرنىڭ دەرد - ھالىڭلارنى ئوبدان بىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئەمما، سىلەر نېمىشقا مېنىڭ گېپىمگە ئىشىنىسىلەر؟ بەلكىم سىلەر، خان باھادۇر سايلام بېلىتىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن نەيرەڭۋازلىق قىلىۋاتىدۇ. ئۇ ئەڭ چوڭ ئالدامچى ۋە نەپسانىيەتچى، دېيىشىڭلار مۇمكىن.

ئۇ ئۆزىنىڭ گېپىنى ئەمدى رەسمىي تېمىغا يۆتكەي دەپ تۇرۇۋىدى، ئاڭغىچە ئۇشتۇمتۇت دىكىلىنىڭ بېشى قىچىشىپ كەتكەنلىكتىن، قولىنى كۆتۈرۈپ بېشىنى قاشلىدى. بۇنىڭغا چاۋاكچىلاردىن بىرىنىڭ كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئۇ دىكىلنى بەلگە بېرىۋاتىدۇ دەپ بىلىپ، يېنىدىكى شېرىكىنى نوقۇپ قويۇپ، قاتتىق چاۋاك چالدى. شۇنىڭ بىلەن باشقا شېرىكلىرىمۇ چاۋاك چېلىشتى.

چاۋاكىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەن تەڭ، شوئار توۋلىغۇچىلارمۇ ئارقىدا قېلىشنى خالىماي، دەرھال كېكىردىكى يىرتىلغۇدەك ۋارقىراشقىلى تۇردى:

— راست گەپ قىلغانلار ئالىيجانابتۇر!

— يالغانچىلار ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيدۇ!

— ئالدامچىلار ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيدۇ!

— سايلام بېلىتىنى سېتىۋالغۇچىلار ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيدۇ!

يىغىن ئىشتىراكچىلىرىمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ توۋلاشتى. شۇنىڭ بىلەن شوئار ئاۋازى يىغىن مەيدانىنى بىر ئالدى، بۇ شوئارلار ئەمەلىيەتتە «بوز تورغاي جەمئىيىتى»گە قارىتىلغان بولۇپ، خان باھادۇرنىڭ خىزمەتچىلىرى «بوز تورغاي جەمئىيىتى»گە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، دىكىلنىڭ ئادەملىرىگە بۇ شوئارلارنى يادلاتقۇزغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە خان باھادۇر «بوز

تورغاي جەمئىيىتى»نى ئەيىبلىگەن چاغدا، ئۇلارنىڭ بۇ شوئارلارنى توۋلىشىنى تەكىتلىگەنىدى.
بۇ شوئارلارنى ئاڭلاپ خان باھادۇر نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى، ئۇ يىغىندا قالايمىقانچىلىق چىقىپ، ماڭا قارشى شوئار توۋلىنىۋاتىدۇ، دەپ بىلدى ـ دە، بۇنىڭ بىلەن ئەمدى ئېسىگە كەلگەن سۆزلەر پۈتۈنلەي يادىدىن چىقىپ كەتتى. يەنە بىر تەرەپتە، تېخىمۇ پەرىشان بولۇپ كەتكەن دىكىل خان باھادۇرنىڭ نەزىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئاچچىقىدا بىر جايدا تۇرالماي غودۇڭشىپ كەتتى:
— بۇ هارامزادىلەر يۈزۈمنى قويمىدى! ھەممە ئىش يوققا چىقتى، ئەمدى ئۇلارغا بىر تىيىنمۇ بېرەلمەيمەن.
ئۇنىڭ بىر ئوچۇم ساقىلى ئۆچكىنىڭ قۇيرۇقىغا ئوخشاش دىرىلداپ، ئۇ بەئەينى تىياتىر سەھنىسىدىكى ھەييارلارغا ئوخشاپ قالدى.
خان باھادۇر غەزەپ بىلەن سۆزلىدى:
— بەزىلەر يىغىننى قالايمىقانلاشتۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ، مەن ئۇلارغا ئېيتىپ قويايكى، بىز ئېرىپ كېتىدىغان شام ئەمەس، قانغا قان، جانغا جان ئالىمىز!
بۇ گەپنى ئاڭلاپ دىكىل ۋەزىيەتنى ئوڭشاش پەيتى كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ، دەرھال بەلگە بەردى. شۇنىڭ بىلەن يىغىندا يەنە: «ئاللاھۇئەكبەر، ئاللاھۇئەكبەر» دېگەن ئاۋازلار ياڭرىدى.
ئۆزىنى كۆرستىش پۇرستىگە ئىگە بولغان دىكىل ئەمدى خان باھادۇر كۆرەلەيدىغان يەرگە كېلىپ تۇردى. بۇ شوئارلار ھەقىقەتەن رول ئوينىدى، خان باھادۇر تولۇپ تاشقان ھاياجان بىلەن سۆزلەپ كەتتى:
— ئۆزۈمنى ماختىماقچى ئەمەسمەن. لېكىن، مېنىڭ تۆھپەمنى سىلەر كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر. ئەھمەت رايونىغا جايلاشقان لۇران مەسچىتىنى كىم ياساتقان؟

— مەسچىتنىڭ دۇكانلىرىدىن ئېلىنغان ئىككى يۈز مىڭ روپىيە ھارام پۇلنى كىم ئالغان؟ — دېدى بىرەيلەن غەزەپ بىلەن.

دىكىلنىڭ قولچوماقلىرى ئۇ ئادەمگە ساردەك ئېتىلىپ بېرىپ، ئۇرۇپ - تېپىپ، يىغىن مەيدانىدىن سۆرىگەنچە ئېلىپ ماڭدى. يىغىن ئىشتىراكچىلىرى بۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈردى. بەزى كىشىلەر بۇ چوماقچىلارنىڭ قولىدىن ھېلىقى كىشىنى تارتىۋالماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ تۇتۇشۇپ، ئۇرۇشۇپ كەتتى. يىغىن مەيدانى بىردىنلا جىددىيلەشتى - دە، كىشىلەر ئاللا - توۋا كۆتۈرۈپ، تەرەپ - تەرەپكە قاچقىلى تۇردى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، قانداق قىلىشنى بىلەلمەي قالغان خان باھادۇر ئاستاغىنا سەھنىدىن چۈشۈپ، بىر توپ خىزمەتچىلەرنىڭ ھىمايىسىدە غىپپىدە تىكىۋەتتى.

بىرپەس پاراكەندىچىلىك بولغاندىن كېيىن، چوڭ چېدىرنىڭ ئىچى قۇپقۇرۇق بولۇپ قالدى. ئايرىم خىزمەتچىلەر ۋە دىكىلنىڭ سەھنە ئاستىدا تۇرغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا ئادەم قالمىغانىدى. دىكىلنىڭ شېرىكلىرى بېشىنى ساڭگىلىتىپ جىنايەتچىلەردەك ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ يۈرگەن دىكىل ئەلپازىنى بۇزۇپ، ئۇلارنى ئەيىبلەيتتى.

— ھەي ي ي، سىلەر مېنى نەزىرىڭلارغا ئالمىدىڭلار، ئەمدى مەن خان باھادۇرغا قايسى يۈزۈم بىلەن قارايمەن؟ قۇلاق سېلىڭلار، ماڭا ياخشى ئاقىۋەت يوق، سىلەرنىمۇ كەچۈرمەيمەن، سىلەرگە بىر تىيىنمۇ بەرمەيمەن. سىلەرگە قانداق ئۆگەتكەن؟ سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىن كېلىدىغىنى شۇنچىلىك ئىكەن. ئازراق كاللا ئىشلەتكەن بولساڭلار ... تۇفى! ھەممىڭ ھېچ ئىشقا يارىمايدىغان بىرنېمىلەر ئىكەنسەن!

دىكىل يۈزىنى كۆتۈرۈپ خان باھادۇرنىڭ قېشىغا بارالماي، يىغىن مەيدانىدىن ئۇدۇل ماشىنىچىلىق دۇكىنىغا قايتىپ كەتتى. لېكىن، خان باھادۇر ئۇنىڭدىن قىلچە ئاغرىنماي، بەلكى

ھەممە گۇناھنى «بوز تورغاي جەمئىيىتى»گە ئارتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى ئادەملىرى بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ، ھەممە ئاچچىقىنى «بوز تورغاي جەمئىيىتى»گە قارىتىپ، ئىچىنى بوشاتتى.

خان باھادۇر ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرى تاكى يېرىم كېچىگىچە كېچىك بىنادا ئولتۇرۇپ، قانداق قىلىپ يېڭى سايلام تاكتىكىسىنى يولغا قويۇش، ئىنتىقام ئېلىش ھەرىكىتىنى قوللىنىش، «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ يىغىلىشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەت قىلىشتى.

## 4

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن «بوز تورغاي جەمئىيىتى»مۇ ئاشكارا يىغىلىش ئۆتكۈزدى. يىغىنغا نۇرغۇن ئادەم قاتناشتى، يىغىن قىزغىن بولدى. سۇلايمان نۇتۇق سۆزلىدى، ئۇنىڭ سۆزلىرى ئېنىق ۋە جاراڭلىق ئىدى. ئۇ، سايلام پائالىيىتى جەريانىدا كۆپ قېتىم نۇتۇق سۆزلەش ئارقىلىق، ئەمدى پىشىپ - يېتىلىپ، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ قەلبىنى ئىگىلەشكە باشلىغان بولۇپ، پەيدىنپەي ئۆزىگە خاس نۇتۇق سۆزلەش ئىستىلىنى شەكىللەندۈرۈپ، پىشقان ناتىق دەپ تونۇلغانىدى.

سۇلايمان سۆزلەپ كېلىپ مۇنداق دېدى:

— سىلەرنىڭ قايغۇ - ھەسرەت، ئازاب - ئوقۇبەت تارتىشىڭلارنىڭ سەۋەبى، سىلەرنىڭ ئاجىز، قابىلىيەتسىز بولغانلىقىڭلاردىن ئەمەس، بۇنىڭ تۈپ سەۋەبى شۇكى، سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىڭلارنى كۆرەلمەيسىلەر، ھوقۇقۇڭلارنى ۋە ئۇنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشەنمەيسىلەر.

ئۇشتۇمتۇت يىغىن مەيدانىدا بىرنەچچە كىشى ۋارقىرىدى:

— ئۇ بىلجىرلايدۇ !

— ئالدامچى !

— سايلام بىلىنگە ئىگە بولۇشنى قەستلەيدۇ.
— سىنىڭ سۆزۈڭنى ئاڭلىمايمىز !
— يوقال، كۆتۈر كەشىڭنى !

يىغىن مەيدانىدا ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتۈرۈلدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ توخۇ ۋە مۇشۇكلەرنى دورىغان ئاۋازلار ئاڭلانغىلى تۇردى. سۇلايمان بىر ئاز ھودۇقۇپ قالدى. چۈنكى، ئۇ مۇنداق ئىشقا تۇنجى قېتىم دۇچ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئاڭلىغۇچىلارنى تىنچىتىشقا دەۋەت قىلىۋىدى، لېكىن ۋاراڭ - چۇرۇڭ تېخىمۇ ئەدەپ كەتتى، بەزىلەر ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭغىلى تۇردى، بەزىلەر پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، ۋاراڭ - چۇرۇڭ بولۇۋاتقان يەرگە بوينىنى سوزۇپ قاراشماقتا ئىدى. جېدەل چىقارغۇچىلار تەخمىنەن ئون بەش - يىگىرمە كىشى بولۇپ، ئۇلار قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، كانايلىرى يىرتىلغۇدەك ۋارقىرىشاتتى. ئۇلارنىڭ غوۋغالىرى ئۇزاققىچە بارمىدى. يىغىن مەيدانىدىكى بىر قىسىم قىزغىن يىگىتلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، تۈرلۈك ئامال - چارىلەرنى قىلىپ، ئۇلارنى نەسىھەت بىلەن توستى. ئەمما، ئۇلار قەستەن جېدەل قىلماقچى بولدى. بۇنى كۆرۈپ كىشىلەر قاتتىق غەزەپلەندى - دە، تەرەپ - تەرەپتىن يوپۇرۇلۇپ كېلىشىپ ئۇلارنى ئارىغا ئېلىۋالدى. بەزى ئەبلەخلەر ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ بەدەر تىكىۋەتتى. بەزىلىرىنى كىشىلەر تۇتۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر كەشلىرىنى قولىغا ئېلىپ ئۇلارنى ئۇر - ئۇر قىلىپ، ئەدىپىنى بېرىپ رەسۋاسىنى چىقىرىۋەتتى. ئەزالار نۇرغۇن گەپ - سۆزلەرنى قىلىپ يۈرۈپ، ئۇلارنى تەسلىكتە قويدۇرۇۋەتتى.

بىر دەملىك پاراكەندىچىلىكتىن كېيىن، چوڭ يىغىن داۋاملاشتۇرۇلۇپ، تاكى يېرىم كېچىگىچە ئېچىلدى. سۇلايمان قايناق ھېسسىيات بىلەن نۇتۇق سۆزلىدى. ئۇنىڭ نۇتقى كىشىلەرنىڭ يۈرەك تارىنى چەكتى، ئاڭلىغۇچىلار تەكرار - تەكرار ئۇنلۇك شوئار توۋلاپ تۇردى. جىمجىت كېچىدە شوئار

ئاۋازى يىراق ـ يىراق جايلارغا كەتتى.
شۇ كۈنى ئاخشىمى «بوز تورغاي جەمئىيىتى» مەجلىس ئېچىپ، يىغىلىشتا يۈز بەرگەن مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلدى. چۈنكى، بۇ پەقەت ئىشنىڭ باشلىنىشىدىنلا ئىبارەت بولۇپ، بۇنىڭغا يېتەرلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك ئىدى. مەجلىس ئىنتايىن قىزغىن ئېچىلدى. ئەزالار بۇ ۋەقەگە قاتتىق غەزەپلىنىپ، قايناپ كېتىشتى.
ئۇشتۇمتۇت ئىشىك ئاستا ئېچىلدى. ئۆينىڭ ئىچى بىردىنلا تىمتاس بولۇپ كەتتى. ئەزالار ئىشىك ئالدىدا سىفۇت بەشىرنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇشتى. ئۇنىڭ چاچلىرى بەئەينى كەندىر يىپىدەك قۇرۇپ پاخپايغان، پېشانىسىدە چوڭقۇر قورۇقلار پەيدا بولغان، چىرايى خۇنۇكلەشكەن، ياڭاق سۆڭەكلىرى تومپىيىپ چىققان، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنىدى.
سىفۇت بەشىر ئىشىك ئالدىدا بىردەم تۇرۇۋېلىپ، ئاندىن گەپ ـ سۆز قىلماي كىرىپ كەلدى. ئۇ، سېمونت يەرنى تاقىلدىتىپ دەسسەپ مېڭىپ ئەلى ئەھمەتنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ، يوغان قورام تاشتەك تىك تۇردى. بىرپەستىن كېيىن جىمجىت ئۆيدە سىفۇت بەشىرنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:
— رەئىس ئەپەندى، «بوز تورغاي جەمئىيىتى»دىكى خىزمەتداشلار، مېنىڭ قوپاللىق بىلەن ئۇسۇپ كىرگەنلىكىمنى كەچۈرگەيسىلەر. مېنىڭ مەجلىس مەيدانىغا مۇنداق ئۇسۇپ كىرىشكە ھوقۇقۇم يوق ئىدى. لېكىن، «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ مەنىۋى كۈچى مېنى ئۆزىگە تارتتى. بەلكىم بۇ مېنىڭ ئەزالارنى، «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ باش ئورگىنىنى ۋە بۇ يەردىكى ھەممىنى ئاخىرقى كۆرۈشۇم بولۇپ قالار، — سىفۇت بەشىر ئالدىرىماي سۆزلىمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ بىرئاز نەپەسى بوغۇلۇۋاتقاندەك قىلاتتى، — مەن مەڭگۈگە بۇ شەھەردىن كەتمەكچىمەن، بەلكى بۇ مەملىكەتتىن كەتمەكچىمەن. تەئەللۇقاتلىرىمنى سېتىۋەتتىم، لوندونغا بېرىپ

ئولتۇراقلاشماقچىمەن.

ئۇنىڭ چىرايلىق مەڭزلىرى كۆز كۆنلىرىنىڭ خازانلىرىدەك سارغايغان، كۆزلىرىدىن نۇر قاچقانىدى. ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— مېنىڭ ئېپتىخارلىنىدىغىنىم، مەن «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ بىر ئەزاسى ئىدىم، مېنىڭ ئازابلىنىدىغىنىم، كۆرەش سەپىرىدە مەن سىلەر بىلەن جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولالمىدىم. «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ ئىشلىرى مېنىڭ كىشىلىك هاياتىمدىكى غايەم بولسىمۇ، لېكىن هازىر سىلەرنىڭ قوشۇنۇڭلاردىن ئايرىلىپ، نىشانىدىن چەتنەپ، هاردۇق يېتىپ هالىدىن كەتكەن، يېگانە قېلىپ يالغۇزلۇق يەتكەن، هەرقانداق نىشاننى تەرك ئەتكەن بىر سەپەر قىلغۇچى بولۇپ قالدىم.

ئۇ سۆزلەۋېتىپ بىردىنلا توختاپ قالدى، ئۇنىڭ پېشانىسىدىن مونچاق ـ مونچاق تەر تامچىلىرى تېپىپ چىقىپ، كېسەلمەن كىشىدەك روهسىزلىنىپ كەتتى. ئۆيئىچى تىمتاس ئىدى، ئەزالار نېمە قىلىشنى بىلەلمەي، غەمكىن بولۇپ قالدى. پەقەت ئەلى ئەهمەت ئورنىدىن تۇرۇپ، سىفۇت بەشىرگە قاراپ قويۇپ، قوللىرىنى كېرىپ، چوڭقۇر هېسسىيات بىلەن سىفۇت بەشىرنى قۇچاقلىدى.

ئىككىيلەن بىردەم قۇچاقلاشقاندىن كېيىن، جىمجىت ئۆي ئىچىدە ئاستا يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى. سىفۇت بەشىر يىغلىۋەتكەنىدى. ئۇ كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياش تۆكۈپ، ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى.

ئەلى ئەهمەت ئۇنىڭ دولىغا ئاستا ئۇرۇپ قويۇپ:

— سىزنىڭ مۇنداق تەسىرچان ئىكەنلىكىڭىزنى بىلمەپتىكەنمەن. سىفۇت بەشىر، سىز تېخى ياشقۇ، — دېدى.

سىفۇت بەشىر ئۇنىڭ دولىغا ئېسىلىپ بىردەم كۆز يېشى قىلغاندىن كېيىن، بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— ئەمدى مەن كېتەي، — دېدى.

— قەيەرگە بارىسىز؟ — دەپ سورىدى ئەلى ئەھمەت.

— مېھمانخانىغا. مەن ئۆيلىرىمنى ئۆتكەن ھەپتە سېتىۋەتكەنىدىم.

— ئەتە مېھمانخانىدىن بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىڭ، — دېدى ئەلى ئەھمەت سەمىمىي ھالدا.

— بىراق، مەن لوندونغا كەتمەكچى.

— ھېچ يەرگە كەتمەڭ.

— سىفۇت بەشىر، لوندونغا كەتمەي مۇشۇ يەردە تۇرۇڭ، — دېيىشتى بىرنەچچە ئەزا تەڭ دېگۈدەك.

سىفۇت بەشىر كۈلۈمسىرىدى. ئۇنىڭ چىرايى سەبىي باللارنىڭ چىرايىغا ئوخشاپ كەتتى. بىرنەچچەيلەن ئورنىدىن تۇرۇپ: «ياشىسۇن سىفۇت بەشىر!» دەپ ئۈنلۈك توۋلىدى. ئۇلار خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا پاتماي، ئېچىلىپ - يايراپ كۈلۈشۈپ كەتتى. سىفۇت بەشىر يوق چاغدا ئۇلار بىر مۇھىم كىشىنىڭ يوقلۇقىنى كۈچلۈك ھېس قىلىشقانىدى. بۈگۈن ئۇنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن شوخ باللاردەك سەكرىشىپ كەتتى. ئۇلار سىفۇت بەشىرنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ، قورۇنماي - تارتىنماي كۈلۈشۈپ، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى.

بىردەمدىن كېيىن چاي كەلتۈرۈلدى. ئەلى ئەھمەت بىلەن سىفۇت بەشىر چاي قۇيۇلغان ئىستاكانىنى كۆتۈرۈپ كۇتۇپخانىغا كىرىشتى - دە، چاي ئىچكەچ ئولتۇرۇپ سۆھبەتكە چۈشۈپ كەتتى. شۇ ئەسنادا رىياز كىرىپ كەلدى. ئۇ «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ ئەزاسى ئەمەس ئىدى. بەزى - بەزى كېلىپ تۇراتتى، بەزىدە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپمۇ قالاتتى. ئۇ ئەلى ئەھمەتنىڭ ساۋاقدىشى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ «بوز تورغاي جەمئىيىتى» بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقانىدى. ھەر قېتىم بۇ يەرگە كەلگەندە ئەلى ئەھمەت بىلەن بىللە ياتاتتى.

سىفۇت بەشىرمۇ ئۇنىڭ بىلەن تونۇشاتتى. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنى تەسىس قىلغان چاغدا رىياز كۆپ ياردەم

بەرگەنىدى. ئۇ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ پائالىيەتلىرى جەريانىدا سىفۇت بەشىر بىلەن بىللە ئىشلىگەنىدى. سىفۇت بەشىر ئوتتۇرا يولدا چىكىنىپ چىققانلىقى، ئۇنىڭ ئۇستىگە سولايماننىڭ سايلام پائالىيىتى جەريانىدا بارغانسېرى ئالدىراش بولۇپ كەتكەنلىكى تۇپەيلىدىن، مۇشۇ كۈنلەردە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ خىزمەتلىرىگە رىياز مەسئۇل بولۇۋاتاتتى.

سىفۇت بەشىر چاي ئىچكەچ ئولتۇرۇپ، رىيازدىن:

— ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ پائالىيەتلىرى قانداق بولۇۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئىش تاشلاش مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىغىر قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىققانىدى، لېكىن ھازىر ۋەزىيەت ئوڭشىلىپ قالدى.

— رىياز، ۋەزىيەتنىڭ ياخشىلىنىپ كېتىشىگە ئىشىنەمسىز؟ — دەپ سورىدى سىفۇت بەشىر تەبەسسۇم بىلەن.

— نېمە؟ بۇنىڭ گۇمانلىنىشقا ئەرزىيدىغان يېرى بارمىدى؟

— رىياز، — دېدى سىفۇت بەشىر توغرىدىن - توغرا، — راست گەپنى قىلسام، مەن بۇنىڭغا گۇمانلىنىش پوزىتسىيەسى بىلەن قارايمەن.

— سىفۇت بەشىر، سىز بۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى ئەستايىدىل ئويلاپ كۆردىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى رىياز.

— ياق، لېكىن مەن ئويلايمەنكى، مەن «بوز تورغاي جەمئىيىتى» ئارقىلىق ياخشى ئىشلىيەلىشىم مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن بىللە مېنىڭ ئويۇمچە، «بوز تورغاي جەمئىيىتى» ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ پائالىيەتلىرىدىن ئايرىلسا ئوبدان بولاتتى. مەن بۇ مەسىلە توغرىسىدا ئەلى ئەھمەت بىلەن سۆزلەشتىم، — ئۇ ئەلى ئەھمەتكە بۇرۇلدى، — ئەلى ئەھمەت، قانداق دەيسىز؟

شۇ چاغقىچە بىر ئېغىز گەپ قىلماي، ئۇ ئىككىيلەننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان ئەلى ئەھمەت كۈلۈپ جاۋاب بەردى:

— بۇ مەسىلە «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ مەجلىسىدىمۇ مۇزاكىرە قىلىندى ھەمدە ئەزالارنىڭ بىرنەچچىسى بۇ مەسىلىدە سىز بىلەن بىر پىكىردە بولدى. لېكىن، مەن سىزنىڭ پىكرىڭىزگە بۇرۇنمۇ قوشۇلمىغانىدىم، ھازىرمۇ قوشۇلمايمەن.

رىياز ئۇشتۇمتۇت سىفۇت بەشىرگە غەلىتە بىر سوئال قويدى:

— سىفۇت بەشىر، سىز يۈز مىڭ رۇپىيەنى دوغا قويۇپ قاچانغىچە ئوينىماقچى؟

سىفۇت بەشىر بۇ گەپنىڭ مەنىسىگە چۈشەنمىدى.

— سىزنىڭ گېپىڭىزنى چۈشەنمىدىم، چۈشەندۈرۈپ بەرسىڭىز ئىكەن، — دېدى ھەيران بولۇپ.

رىياز كۈلۈپ كەتتى:

— شۇنداق دېمەكچىمەنكى، سىز ئۆزىڭىزنىڭ پۇلىڭىز بىلەن «بوز تورغاي جەمئىيىتى»دىن ئىبارەت بۇ ھارۋىنى قاچانغىچە تارتماقچىسىز؟ كۆڭلەرنىڭ بىرىدە سىزنىڭ پۇلىڭىز تۈگىسە، ئۇ چاغدا تەئەللۇقاتىڭىزنى ساتىسىز، ئۇمۇ تۈگىسە، قانداق قىلىدىغان گەپ؟ بۇ ھارۋا قانداق ماڭىدۇ؟ سىز ئۆزىڭىزنىڭ قىلمىشىڭىزنى تەھلىل قىلىپ كۆردىڭىزمۇ؟ مۇبادا يۈز مىڭ، ھەتتا بىرنەچچە يۈز مىڭ رۇپىيە پۇل بىلەن جەمئىيەتتە بەزى ئۆزگىرىشلەرنى مەيدانغا چىقارغىلى بولىدىغان بولسا نېمىدېگەن ئاسان ئىش بولغان بولاتتى - ھە! — ئۇ كۈلۈپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بۇ ناھايىتى ئاددىي مەسىلە، سىز زادى نېمە قىلماقچى؟

سىفۇت بەشىر قىسقىلا جاۋاب بەردى:

— بىز نامراتلىق ۋە قالاقلىق بىلەن كۈرەش قىلىمىز.

— لېكىن، سىز نامراتلىق بىلەن قالاقلىقنىڭ يىلتىزىنى چۈشەنمەيدىكەنسىز. جەمئىيەتتە نېمىشقا يۇقىرى - تۆۋەنلىك ۋە باي - كەمبەغەللىكنىڭ پەرقى بولىدۇ؟ بۇ بىر تۈپ مەسىلە. بەلكى، سىز بۇ تۈپ مەسىلىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتمىگۈچە ئاچا يولدا ئايلىنىپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولىسىز.

— يولداش، — دېدى ئەلى ئەھمەت تەبەسسۇم بىلەن رىيازغا قاراپ، — ھازىر تۈن يېرىملىشىپ قالدى. سىز بۇ قېتىملىق سۆھبەت ئارقىلىق سىفۇت بەشىرگە ئۆزىڭىزنىڭ ئىنقىلابىي ئىدىيەڭىزنى چۈشەندۈرۈپمۇ كېتەلمەيسىز.

ئەلى ئەھمەت سۆھبەتنى ئاياغلاشتۇرۇشنى ئويلىغانىدى، لېكىن رىياز سۆھبەتنى توختىتىپ قويۇشنى خالىمىدى. ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— مەن بۇرۇنمۇ بۇ مەسىلە توغرۇلۇق سىفۇت بەشىر بىلەن سۆھبەتلەشكەن. نامراتلىق ۋە قالاقلىقتىن قۇتۇلماقچى بولىمىز - يۇ، لېكىن ئەمگەكچى ئاممىنىڭ بۇ كۈرەش جەريانىدىكى كۈچ - قۇۋۋىتىگە ئەھمىيەت بەرمەيمىز. مۇنداق قىلساق قانداق بولىدۇ؟ ھەربىر كۈرەش، ھەربىر ھەرىكەت مەيلى ئۇ سىياسىي، ئىجتىمائىي ياكى ئىقتىسادىي خاراكتېردە بولسۇن، تۈپتىن ئېيتقاندا، ھەممىسى سىنىپىي كۈرەش، ئەمگەكچىلەر ئاممىسى بىلەن ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزاققا سوزۇلىدىغان كۈرەشتۇر. ئىنسانلار جەمئىيىتىدە خۇسۇسىي مۈلۈك ئىدىيەسى كېلىپ چىققاندىن باشلاپ سىنىپ پەيدا بولغان. شۇنىڭ بىلەن سىنىپىي كۈرەشمۇ باشلانغان. پەقەت سىنىپلا مەۋجۇت بولىدىكەن، ئادەمنى ئادەم ئېكسپلاتاتسىيە قىلىدىغان ھادىسە يوقىتىلمايدىكەن، بۇ كۈرەش داۋاملىشىۋېرىدۇ. بۇ كۈرەشتە سىز مۇقەررەر ھالدا بىر تەرەپتە تۇرىسىز، ئوتتۇرا يول يوق، ئوتتۇرا يولدا ماڭغىلى بولمايدۇ.

— ئۇنداق قىلغىلى بولمايدۇ، — دېدى ئەلى ئەھمەت، — ھېچبولمىغاندا «بوز تورغاي جەمئىيىتى»گە بۇنداق پوزىتسىيە تۇتماسلىقىڭىز كېرەك. «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ رولى ئىسلاھات خاراكتېرىدە بولۇپ، بىز ئۇنىڭ ئارقىلىق ئاممىغا مەنپەئەت يەتكۈزىمىز، ئۇلارغا كىتاب ئوقۇتىمىز، خەت تونۇتىمىز، ئۇلار ئۈچۈن كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئالىمىز، كېسەلنى داۋالايمىز. قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشخانىسى ۋە ياردەم

بىرىش بانكىسى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىشسىزلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىمىز. بىز خەلق ئاممىسىدىن ئايرىلماي، بەلكى ئۇلارغا يېقىنلىشىمىز، ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزنى كۈندىن ـ كۈنگە قويۇقلاشتۇرۇشىمىز كېرەك. مەن رىيازنىڭ بۇ كۆز قارىشىغا پۈتۈنلەي قوشۇلىمەن. بولۇپمۇ بىز خان باھادۇردەك مۇنداق رەقىبكە دۇچ كەلمەكتىمىز. ئۇ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى باي بولۇش ۋە مەرتىۋىسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ كاپىتالى قىلماقتا. بىز ئۆزىمىزنىڭ كۈرەشلىرىمىز جەريانىدا ئەمگەكچىلەر ئاممىسىغا كەڭ تۈردە تايىنىشىمىز تېخىمۇ زۆرۈر.

خان باھادۇرنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنىش بىلەن تەڭ، سىفۇت بەشىر سورىدى:

— شەھەر مەمۇرىيىتى كومىتېتىنىڭ سايلىمى قانداقراق كېتىۋاتىدۇ؟ خان باھادۇرنىڭ ۋەزىيىتى ياخشى ئەمەس دەپ ئاڭلىدىم.

— شۇنداق، — دېدى ئەلى ئەھمەت، — بىز بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭ ئاساسى خېلىلا ناچار. ئۇلارنىڭ ئۆتكۈزگەن ئاشكارا يىغىلىشى تەشكىللەش كۈچلۈك بولمىغانلىقتىن مەغلۇپ بولدى. ئۇ بىر ئوچۇم بۇزۇق ئادەملەرنى ياللىۋېلىپ، بىزنىڭ چوڭ يىغىنىمىزغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، نەتىجىدە ئۇمۇ مەغلۇپ بولدى. بىراق، ئۇنىڭ قولىدا نۇرغۇن مەبلەغ بار.

ئۇلار يەنە سايلام ئىشلىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا بىردەم پاراڭلاشتى. كېيىن، رىياز ئادەتتىكىگە ئوخشاش ئەلى ئەھمەت بىلەن بىللە يېتىپ قالدى. سىفۇت بەشىر قايتىپ كەتمەي، بىر ئەزا بىلەن بىللە ياتتى. باشقا ئەزالار بۇرۇنلا ئۇخلاپ كەتكەنىدى.

يېرىم كېچە. «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ باش ئورگىنىدا كىشىلەر تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇشتۇمتۇت باش ئورگاننىڭ دەرۋازىسى قاتتىق قېقىلدى. قېشىم ئەلا ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ دەرۋازىنى ئېچىشقا چىقتى. ئۇ دەرۋازىنى ئېچىپلا قاتتىق

چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا بىر توپ ساقچى تۇراتتى. ساقچى ئەمەلدارى فىشىم ئەلاغا ئۆزلىرىنىڭ بۇيرۇققا بىنائەن «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ باش ئورگىنىنى ئاختۇرۇشقا كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. ساقچىلار ئەلى ئەھمەتنىڭ ئۆيىگە بېسىپ كىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن رىيازنى تاتلىق ئۇيقۇدىن ئويغاتتى ھەمدە «بىخەتەرلىك قانۇنى»غا ئاساسەن ئۇ ئىككىيلەننى «بۇزغۇنچىلىق قىلىش، قالايمىقانچىلىق چىقىرىش ۋە ھۆكۈمەتكە قارشى پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش جىنايىتىنى ئۆتكۈزگەن» دېگەن سەۋەب بىلەن قولغا ئالدى.

باشقا ئەزالارمۇ ئويغىنىپ، ئەلى ئەھمەتنىڭ ئۆيىگە كىرىشتى. سىفۇت بەشىر قولغا ئېلىش قەغىزىنى كۆرسىتىشنى سورىۋىدى، ساقچى ئەمەلدارى كۆرسەتمىدى ۋە ساقچى ئىدارىسىگە بارغاندىن كېيىن جىنايەتچىنىڭ ئۆزىگە كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەلى ئەھمەتمۇ قولغا ئېلىش قەغىزىنى كۆرسىتىش كېرەك دەپ چىڭ تۇردى. لېكىن، ئۇلار بۇنىڭغا پەرۋا قىلماستىن، ئۇنى ۋە رىيازنى ئېلىپ ماڭدى. سىفۇت بەشىر بىلەن سەئدى دوختۇر ئۇلار بىلەن بىللە بارىمىز دەپ چىڭ تۇرۇۋالغان بولسىمۇ، لېكىن ساقچىلار قەتئىي رەت قىلدى.

ساقچىلار كەتكەندىن كېيىن ئەزالار ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمىدى. ئۇلار ئەلى ئەھمەت بىلەن رىيازنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىغا قاتتىق ئېچىنىشتى ۋە غەزەپلەندى. سىفۇت بەشىر كىچىچە كۆز يۇممىدى. تاڭ ئېتىش بىلەنلا سەئدى دوختۇر بىلەن بىللە ساقچى ئىدارىسىگە باردى. ئەلى ئەھمەت بىلەن رىياز ئۇ يەردە يوق ئىدى. ساقچى تەرەپ بۇ ئىشتىن خەۋەرسىزلىكىنى ئېيتتى. سىفۇت بەشىرلەر قاتتىق ھەيران بولدى. بۇ كۈنى ئۇلار تەرەپ ـ تەرەپكە قاتراپ يۈرۈپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار بىلەن كۆرۈشتى، لېكىن قولغا ئېلىنغان ئىككىيلەننىڭ ئىز ـ دېرىكىنى تاپالمىدى. كەچقۇرۇن ناھايىتى

تەسلىكتە ئۇلارنىڭ مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىدە تۇتۇپ تۇرۇلغان بولۇپ، سوراق قىلىنىۋاتقانلىقى، ھېچقانداق كىشى بىلەن كۆرۈشۈشكە رۇخسەت قىلىنمايدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى.

ئەزالارنىڭ غەزىپى ئىچىگە پاتماي قالدى. سەئىدى دوختۇر قايتا ـ قايتا نەسىھەت قىلىپ يۈرۈپ، ئۇلارنىڭ كەيپىياتىنى ئاران بېسىقتۇرغا چۈشۈردى. ئەلى ئەھمەتنىڭ قولغا ئېلىنىشى ئەزالارنى سايلام ھەرىكىتىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىشكە مەجبۇر قىلدى. ئۇلار شۇنداق ھۆكۈم قىلدى: بۇ قېتىمقى قولغا ئېلىشنى خان باھادۇر ئارقىدا تۇرۇپ پىلانلىغان گەپ. چۈنكى، ئەلى ئەھمەت «بوز تورغاي جەمئىيىتى» سايلام ھەرىكىتىنىڭ باش قوماندانى. ئۇ بۇ سايلام ھەرىكىتىگە توغرا ئۇسۇل بىلەن يېتەكچىلىك قىلىپ، «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نى مالىيە كۆچى يېتىشمەسلىككە ۋە تۈرلۈك قىيىن مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەن شارائىتتا، داۋاملىق ئۇستۇنلۈككە ئىگە قىلىپ كەلدى. رىياز ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئارقىلىق سايلىغۇچىلار ئىچىدىكى ئىشچىلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نى قوللىدى. ئىشچىلار «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ قوللىغۇچىلىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلار «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ سايلام پائالىيەتلىرىگە ئىنتايىن ئاكتىپ ۋە قىزغىن قاتناشتى. سايلىغۇچىلار ئىچىدىكى ئىشچىلار بۇ رايوندا چوڭ سالماقنى ئىگىلەيتتى، سايلامنىڭ غەلىبە ـ مەغلۇبىيىتى زور دەرىجىدە ئىشچىلارنىڭ ئاۋاز بېرىشىگە باغلىق ئىدى.

ئەلى ئەھمەت بىلەن رىياز قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، ئەزالار ھەسسىلەپ تىرىشىپ خان باھادۇرنىڭ سايلام پائالىيىتىگە قارشى تۇردى. ھازىر ئۇلار سىفۇت بەشىرنىڭ رەھبەرلىكىدە جان تىكىپ ئىشلىمەكتە ئىدى. ئۇلارنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە كېڭىيىپ بېرىۋاتقان پائالىيەتلىرى نەتىجىسىدە، سايلام كەيپىياتى «بوز تورغاي جەمئىيىتى»گە پايدىلىق تەرەپكە بۇرۇلۇشقا باشلىدى. «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ نامزاتى سەئىدى دوختۇر داڭلىق

شەخس بولۇپ قالدى.

بۇنداق ۋەزىيەت خان باھادۇرنىڭ ئوغىسىنى قايناتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەرھال سايلام بىلتىنىڭ باھاسىنى ئۆستۈردى. ئۇنىڭ بۇ ھىيلىگەرلىكىمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئالامىتىنى كۆرسىتەلمىدى. بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي ئىدى. «بوز تورغاي جەمئىيىتى» ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك سايلام تەشۋىقاتىدىن پايدىلىنىپ، سايلام ھەرىكىتىنى بايلار بىلەن كەمبەغەللەر ئوتتۇرىسىدىكى سىنىپىي تالىشىشقا ئايلاندۇرۇۋەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىنقىلابىي شوئارلىرى خەلق ئاممىسى ئارىسىدا زور تەسىر قوزغىدى، خەلق ئاممىسىنى ئويغاتتى. سايلىغۇچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلغان كەمبەغەل، قالاق ئاممىنىڭ خان باھادۇرغا بولغان ئۆچمەنلىكى كۈچەيدى. ئۇلار ھەتتا بىرقانچە قېتىم خان باھادۇرنىڭ خىزمەتچىلىرىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خىزمەتچىلەر قورقۇپ تار كوچىلارغىمۇ كىرەلمەيدىغان، پەقەت چوڭ كوچىلاردىلا ئايلىنىپ يۈرىدىغان بولۇپ قالدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇلارنىڭ سايلام پائالىيىتىنىڭ دائىرىسى تارىيىپ كەتتى.

خان باھادۇر ھەر قېتىم مۇشۇنداق دوكلاتنى ئاڭلىغاندا، ئاچچىقىغا پايلىماي، كانىيى يىرتىلغۇدەك ۋارقىراپ، خىزمەتچىلىرىنى تىللاپ كېتەتتى. ئۇ كۈنبويى غەمكىن ۋە خاپا چىراي يۈرەتتى. ھەر كۈنى يېڭى تاكتىكا تۈزۈپ، ئۆزىنىڭ سايلام ھەرىكىتىگە رىياسەتچىلىك قىلغۇچى بىلەن نەچچە سائەتلەپ مەسلىھەتلىشىپ كېتەتتى.

بىر كۈنى كېچە سائەت ئىككىدىن ئاشقان چاغ. گومىدى ئاھالىلەر رايونىدا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. كۈنبويى ئىسسىق شامال چىقىپ، كەچقۇرۇنلۇقى سىم ـ سىم يامغۇر ياغقان بولۇپ، شۇ تاپتا ئاسماننى يەنىلا قارا بۇلۇت قاپلىغانىدى. سالقىن كېچە شامىلى سوقۇپ تۇراتتى. «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ باش ئورگىنىدا ئەزالار تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى.

ئۇشتۇمتۇت ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ كۆتۈرۈلدى. سىرتتىكى بۇ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئاۋازى كىچىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇۋەتتى.

سىفۇت بەشىرنىڭ ئۆيى كوچىغا يېقىن ئىدى، ئۇ كۆزلىرىنى ئېچىپ، بىردەم جىم تۇرۇپ قۇلاق سالدى، ئاندىن ئالدىراپ ئۆرە بولۇپ ئولتۇردى. يەنە بىر چەتتە قېشىم ئەلا ياتاتتى. سىفۇت بەشىر ئۇنى ئويغاتتى. ئەمەلىيەتتە قېشىم ئەلا بۇرۇنلا ئويغىنىپ كەتكەن بولۇپ، بىرئاز ۋەھىمىگە چۈشكەندەك كۆرۈنەتتى. ئىككىيلەن قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ تىڭشىدى. لېكىن، شاۋقۇن ـ سۈرەندىن باشقا ھېچنېمىنى ئاڭلىيالمىدى.

ۋاڭ ـ چۇڭ بارغانسېرى كۈچەيگىلى تۇردى. چىقىۋاتقان ئاۋازلارغا قاراپ ھۆكۈم قىلغاندا، بۇ شاۋقۇن ـ سۈرەنلەر دەل «بوز تورغاي جەمئىيىتى» باش ئورگىنىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا بولۇۋاتاتتى. ئۇشتۇمتۇت سۇلايمان ئىشىكنى ئېچىپلا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ بىلەن يەنە بىرنەچچە ئەزا بىللە كىردى. سۇلايمان بەك جىددىيلىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى.

— باش ئورگانغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلماقچى بولۇشۇۋېتىپتۇ، — دېدى ئۇ ھاسىراپ تۇرۇپ.

«تۇيۇقسىز ھۇجۇم» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن ھودۇقۇپ كەتتى.

— مەن ھويلىدا ياتقانىدىم، — دېدى سۇلايمان، — ۋاراڭ ـ چۇرۇڭنى ئاڭلاپ كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام، باش ئورگانغا يېقىنلا يەردە بىر توپ ئادەم كۆرۈندى. ئۇلار ئۈنلۈك سۆزلىشىپ، «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نى تىللىشىۋاتىدۇ. ئۇلار بىرەر يۈزدىن كۆپرەك ئادەمدەك قىلىدۇ.

شۇ ئەسنادا سەئىدى دوختۇرمۇ كىردى. ئۇ ياخشى ئۇخلىيالمىغاچ، كۆزلىرى قىزىرىپ، چاچلىرى پاخالدەك چۇۋۇلۇپ كەتكەنىدى. ئۆيئىچى ئادەم بىلەن تولدى، ئۇلار بىرئاز جىددىيلىشىپ قالغانىدى.

بىردەمدىن كېيىن دەرۋازىنى ئۇرغان ئاۋاز ئاڭلاندى. شاۋقۇن

تېخىمۇ كۈچەيدى. بەزىبىر تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغۇچىلارنىڭ تىللىغان ئاۋازلىرىمۇ ئېنىق ئاڭلانغىلى تۇردى. ئاندىن جاراڭ - جۇرۇڭ قىلىپ، ئەينەك چېقىلغان ئاۋازلار ئاڭلاندى.

— شىپاخانا تۈگەشتى ! — دېدى سەئدى دوختۇر تىت - تىت بولۇپ.

ئەينەكلەرنىڭ جاراڭ - جۇرۇڭ قىلىپ چېقىلىشى بىلەن ئەزالارنىڭ تەشۋىشى تېخىمۇ كۈچەيدى. ئۇنىڭ ئارقىدىن باش ئورگاننىڭ دەرۋازىسى قاتتىق ئۇرۇلغىلى تۇردى. ھازىر ئۇلارنىڭ ئالدىدا يا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغۇچىلارغا ئالدىن چىقىپ زەربە بېرىش، يا سىرتقا چىقماي دەرۋازىنى چىڭ ساقلاشتىن ئىبارەت ئىككى يول بار ئىدى. لېكىن، ئۇلار بىر قارارغا كېلەلمىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى مۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كېلىپ باقمىغانىدى.

ئۇشتۇمتۇت سىفۇت بەشىر كىشىلەر ئارىسىدىن ئۆتۈپ، دەرۋازىغا قاراپ ماڭدى. ئەزالار ئۇنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇ دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ، دەرۋازىنى ئاچتى - دە، قوللىرىنى ئىككى بىقىنىغا تىرەپ تۇرۇپ ئۇنلۇك ئاۋازدا سۆزلىدى:

— بۇرادەرلەر ! ئەقلىڭلاردىن ئازماڭلار، ئەزالار سىلەرنىڭ دۈشمىنىڭلار ئەمەس، بەلكى چاكىرىڭلار. ئۇلارنىڭ ھەممىسى سىلەر ئۈچۈن... — شۇ ئەسنادا بىر يوغان تاش كېلىپ ئۇنىڭ چېكىسىگە تەگدى. سىفۇت بەشىر سۆزىنىڭ ئاخىرىنى قىلالماي قالدى، بېشى ئايلىنىپ يىقىلىپ چۈشۈشكە تاس قالدى. چېكىسى قاناپ كەتتى.

— بۇرادەرلەر ! — دېدى ئۇ قولىنى پۇلاڭلىتىپ، — شىپاخانىنى چاقماڭلار، ئۇ كەمبەغەل كېسەللەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇغۇ، سىلەر... — ئۇنىڭ بېشىغا يەنە بىر كالتەك تەگدى. ئۇ تۇرالماي دەلدۈگۈنۈپ كېتىپ، بىر قولى بىلەن ئىشىكنى تۇتۇۋېلىپ، ھاسىراپ تۇرۇپ، ئاخىرقى پۈتۈن كۈچىنى چىقىرىپ

سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — خۇدا ھەققى، مېنىڭ گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار، ئەقلىڭلاردىن ئازماڭلار!

لېكىن، ئۇنىڭغا ھېچكىم پەرۋا قىلمىدى. ئۇلار تەلۋىلەرچە ۋارقىراپ، ئۇنىڭغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ كەلدى. تاياق - كالتەك تەرەپ - تەرەپتىن ئۇرۇلغىلى تۇردى. سىفۇت بەشىر ئالدىراپ بېشىنى تۇتۇۋالدى. شۇ ئەسنادا بىرى ئۇڭ تەرەپتىن ئېتىلىپ كېلىپ نەيزىنى بىقىنىغا بىر سانجىۋىدى، ئۆتكۈر نەيزە ئۇنىڭ بىقىنىنى تېشىپ كىرىپ كەتتى. سىفۇت بەشىر «ۋاي» دەپلا يىقىلاي دېگەندە، ئۇنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان سۇلايمان دەرھال سىفۇت بەشىرنى يۆلىۋالدى. سىفۇت بەشىر سۇنۇپ كەتكەن شاختەك سۇلايماننىڭ باغرىغا يىقىلدى. سۇلايمان ئۇنى كۆتۈرۈپ ئەكىرىپ كەتمەكچى بولىۋىدى، لېكىن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغۇچىلار تەپتارتماستىن تاياق - كالتەكلەر بىلەن ئۇرغىلى تۇردى.

ئەمدى باش ئورگاندىكى ئەزالار قاراپ تۇرالماي، ئۇ ئىككىيلەننى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن يۈگۈرۈپ چىقىشتى. تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغۇچىلار ئۇلارنى قاتمۇقات ئورىۋېلىپ، ئۇر - ئۇر قىلىپ باش - كۆزىنى قانغا بويىدى. تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغۇچىلار ئۇلارغا ياۋۇزلارچە قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ، ئەزالارنى كالتەكلەپ خېمىر قىلىۋېتىشنى قەستلىدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن يىرتقۇچ يىلپىزنىڭكىگە ئوخشاش ئادەمخورلۇق نۇرى چاقنايتتى. ئۇلارنىڭ ئەپت - بەشىرىسى يالماۋۇزلارنىڭكىدەك قورقۇنچلۇق ئىدى.

چۇقان - سۈرەنلەر پۈتۈن مەھەللىدىكىلەرنى چۆچۈتىۋەتتى. ھەممە ئائىلە سەگەكلەشتى. كىشىلەر ئۆگزە ياكى بوسۇغىلىرىدا لاغىلداپ تىترەپ تۇرۇپ، قورقۇمسىرىغان كۆزلىرىنى تىكىپ «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ باش ئورگىنىغا قاراشماقتا ئىدى. ئەزالار ئۆلۈم تەھدىتى ئاستىدا قالغانىدى، لېكىن ھېچكىم بۇ يەرگە يېقىنلىششقا جۈرئەت قىلالمايتتى. ھەممە يەرنى

قاراڭغۇلۇق قاپلىغان بولۇپ، قولاقنى يارغۇدەك شاۋقۇن ـ سۈرەن ئەتراپنى بىر ئالغانىدى.

قاراڭغۇ كېچىدە لاۋۇلداپ يانغىن پەيدا بولدى. قاتتىق شامال چىقىۋاتاتتى، لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوت ئۆلغىيىپ كېتەي دەۋاتاتتى. «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ باش ئورگىنى كۆيۈۋاتاتتى. بۇ يەردە كەمبەغەل كېسەللەرنىڭ دورىخانىسى، ياردەم بېرىش بانكىسى ۋە كۇتۇپخانا بار ئىدى. بۇ يەر ئەزالارنىڭ تۇرالغۇ جايى ئىدى. ئۇلار نامراتلىقنى يوقىتىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلاتتى. مانا ھازىر ئۇلار خان باھادۇرغا سېتىلغان قارا نىيەتچىلەرنىڭ قورشاپ ھۇجۇم قىلىشىغا ئۇچراپ، نەيزە ـ كالتەكلەرگە قارشى قۇرۇق قول بىلەن ئېلىشماقتا. ئاخىر ئۇلار يارىلىنىپ، قانغا مىلىنىپ، دەرمانىدىن كېتىپ يىقىلىشتى.

كۈچلۈك ئوت «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ باش ئورگىنىنى يالماپ يۇتماقتا ئىدى. ئىشكاپلار پاراسلاپ كۆيمەكتە، ئەينەكلەر شامدەك ئېرىپ كەتمەكتە، كىتابلار كۆيۈپ كۈل بولماقتا. بۇ يەردە تولستوي، شېكسپېرلارنىڭ ئەسەرلىرى، ئارستوتېل ۋە روسسولارنىڭ پەلسەپىۋى كىتابلىرى، غالىب① ۋە ئەكبەر② لەرنىڭ داستانلىرى، ماركس ۋە لېنىنلارنىڭ ئىنقىلابىي ئەسەرلىرى بار ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى يالقۇن يالماپ يۇتۇۋەتتى. ئۇلۇغ ئەدىبلەرنىڭ، مۇتەپەككۇرلارنىڭ، ئىنسانلار تەرەققىياتىنىڭ ئۇلۇغ بايراقدارلىرىنىڭ كىتابلىرى كۆيمەكتە، كۆيۈپ كۈلگە ئايلانماقتا. شىپاخانىمۇ ئەينەك دۆۋىسىگە ئايلىنىپ قالدى. دورا شىشىلىرى پۇتۇنلەي چېقىلىپ سۇنۇپ كەتتى. شىپاخانا كۆيۈپ پاراسلاپ چىقىۋاتقان ئاۋاز، گويا: «خان باھادۇر، سەن غەلىبە قىلدىڭ، سەن ئەمدى زەردار، مىنىستىر، شەھەر مەمۇرىيىتىنىڭ ئەزاسى بولۇۋال. سەن رەقىبىڭنى مەغلۇپ

① غالىب (1797 ـــ 1869) ـــ ئوردۇ ۋە پارس تىللىرىدا يازىدىغان ھىندى شائىرى.

② ئەكبەر (1877 ـــ 1938) ـــ ئوردۇ تىلىدا يازىدىغان شائىر، پەيلاسوپ.

قىلدىڭ. قارا، سەئىدى دوختۇر ئېغىر يارىلىنىپ يەردە ياتامدۇ؟»
دەۋاتقاندەك قىلاتتى.

باش ئورگاننىڭ ئۆيلىرى كۆيمەكتە ئىدى. لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان بۇ ئوت بەئەينى بىرمۇنچە ئوت ئەجدىھا تىللىرىنى چىقىرىپ بېسىپ كېلىۋاتقانغا ئوخشايتتى. بىرپەستىن كېيىن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغۇچىلار «بوز تورغاي جەمئىيىتى»گە قارشى شوئارلارنى توۋلاپ، خۇددى ئۇرۇش مەيدانىدىن غەلىبە بىلەن قايتقان قەدىمكى زاماندىكى تاتار تاجاۋۇزچىلىرىدەك خۇشال ۋارقىرىشىپ چوڭ يولغا چىقىشتى. ئۇ يەردە بىرنەچچە ئاپتوموبىل تۇراتتى. ئۇلار ئاپتوموبىلغا چىقىپ چاپسان يۈرۈپ كەتتى.

«بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ باش ئورگىنى ئالدىدا ئەزالار ھوشسىز يېتىشاتتى. قاچاندۇر سىفۇت بەشىر ئۆلۈپ قالغانىدى. سۇلايمان قاتتىق ھاسىرىماقتا. فېشىم ئەلا يوقاپ كەتكەنىدى. سەئىدى دوختۇر بىلەن باشقا بىرنەچچە ئەزا قانغا مىلىنىپ ياتاتتى.

تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغۇچىلار كەتكەندىن كېيىن، ئاندىن ساقچىلار يېتىپ كەلدى. قىپقىزىل ئوت يورۇقىدا سىفۇت بەشىر تېپىلدى. ئۇ كۆل - توپىلارغا مىلىنىپ ياتاتتى. ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرى قانغا بويالغان، تۆۋەن كالپۇكى ساڭگىلاپ قالغان بولۇپ، گويا پۇرقىراپ قويۇق ئىس چىقىۋاتقان «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ باش ئورگىنىغا قاراۋاتقاندەك كۆزلىرى ئوچۇق تۇراتتى.

# سەككىزىنچى باب

## 1

گۈندىپاي تۆمۈر دەرۋازىنى ئاچتى، نۇشا بىلەن يەنە بىرەيلەن ياش ـ ئۆسمۈرلەر تۈرمىسىدىن چىقىپ كەلدى.

بۇ ياز كۈنلىرىدىكى سالقىن بىر كەچقۇرۇن بولۇپ، ئەرەب دېڭىزى تەرەپتىن كۈچلۈك دېڭىز شامىلى سوقۇپ تۇراتتى. ئاسماندا غۇژمەك ـ غۇژمەك بۇلۇتلار لەيلەپ يۈرەتتى. تېخى بايىلا ياغقان سىم ـ سىم يامغۇردا ھۆل بولۇپ كەتكەن يولنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يېرىدە يامغۇر سۇلىرى يىغىلىپ قالغانىدى. بۇ ئىككىيلەن تۈرمە تېمىنى بويلاپ ئالغا قاراپ ماڭدى.

ئارقىدا مېڭىۋاتقىنى نۇشا ئىدى. بىراق، بۈگۈن ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېلىۋاتقىنى راجا ئەمەس، بەلكى پوگال ئىدى. بۇ، بۇنىڭدىن بىرنەچچە ئاي ئىلگىرى خۇددى بۈگۈنكىدەك كەچقۇرۇندا يۈز بەرگەن ئىش ئىدى: تۈرمىدىكى باشقۇرغۇچى مۇئەللىم دوسكىغا پاكىستاننىڭ خەرىتىسىنى سىزىۋاتاتتى. ئۇشتۇمتۇت، بىر چەتتىن «مە، مە» دەپ قوينىڭ مەرىشىنى دورىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. باشقۇرغۇچى مۇئەللىم چۆچۈپ سەكرەپ كەتتى ـ دە، مەزمۇت دەسسىيەلمەي «پالاقىدە» يىقىلىپ چۈشتى. بۇنىڭ بىلەن دەرسخانىدا «پاراققىدە» كۈلكە كۆتۈرۈلدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىملىرىدىكى توپىلارنى قاقتى. قورققىنىدىن ھەممەيلەننىڭ چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى. باشقۇرغۇچى مۇئەللىم قوللىرىنى قاتتىق ئۇۋۇلىغىلى تۇردى. بۇ بىرەرىنى پالاكەت باسىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ئۇ ئادەمنى ئۇرسا، ساراڭلاردەك ئۇراتتى. ئادەتتىكىگە ئوخشاش، ئۇنىڭ دەھشەتلىك

كۆز نۇرى قېلىن كۆزئەينەكتىن ئۆتۈپ پۈتۈن دەرسخانىغا تىكىلدى. راجا ئۇنىڭ بۇ تەلەتىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى. باشقۇرغۇچى مۇئەللىم ئۇنىڭ كۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، قولىغا شۇپۇڭ ئېلىپ، راجاغا ساردەك ئېتىلدى. راجا قورقۇپ بېشىنى تۆۋەن قىلىۋالدى. باشقۇرغۇچى مۇئەللىم ئۇنى قاتتىق ئۇرۇپ تۇرۇپ:

— سەن ھارىمى قوينى دوراشنى ياخشى كۆرىدىكەنسەن ئەمەسمۇ؟ مەن سېنى قوي قىلىپ قويای، — دەپ ۋارقىرىدى.

ئۇ توختىماي ئۇرىۋەردى. ھەر قېتىم ئۇرغاندا: «ماڭا قوينى دوراپ بەر! ماڭا قوينى دوراپ بەر!» دەپ توۋلايتتى.

راجا دەسلەپتە چىداپ تۇردى، كېيىن ئاغرىققا چىداپ تۇرالماي:

— مەن قوينى دورىمىدىم، — دەپ ۋارقىرىدى.

باشقۇرغۇچى مۇئەللىم بەدىنىنى رۇسلىۋېلىپ تېخىمۇ بەك ئۇرغىلى تۇردى.

— ھۇ، ئۆكتەم، سەن تېخى يالغانچىلىق قىلىۋاتىسىنا!

— ئەزبىرايى خۇدا، ئەپەندى، مەن قوينى دورىمىدىم، — دېدى راجا.

— دورىغان كىم؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

راجا ئىككىلىنىپ قېلىپ، ئۈندىمىدى. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ بىلىكىگە يەنە بىر تاياق تەگدى.

— ئەپەندى، دورىغان پوگال، — دېدى ئۇ دىرىلداپ تۇرۇپ.

پوگالنىڭ ھەقىقىي ئىسمى مۇھەممەت ئەلى ئىدى، لېكىن كىشىلەر ئۇنى پوگال دېيىشەتتى. ئۇ ھەمىشە دەرسخانىدا شۇنداق قىلىقلارنى قىلاتتى. خىلمۇخىل غەلىتە ئاۋازلارنى دورىيالايتتى. يا قولتۇقىدىن ئاۋاز چىقىراتتى، يا بىرىنىڭ كىتابىنى تىقىپ قوياتتى، يا بىرىنى چىمدىۋالاتتى. ئۇ ئۆزى ياخشى ئۆگەنمەيلا قالماستىن، باشقىلارنىمۇ ئۆگەنگىلى قويمايتتى. ھەممەيلەن ئۇنىڭدىن بەك قورقاتتى، چۈنكى ئۇ ئىنتايىن يولسىز نېمە

ئىدى.
باشقۇرغۇچى مۇئەللىم راجانى قويۇۋېتىپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقان پېتى پوگال ئولتۇرغان يەرگە قاراپ ماڭدى. پوگال تاياق يېيىشكە كەلگەندە تەجرىبىلىك ئىدى. باشقۇرغۇچى مۇئەللىم ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ بولغۇچە، ئۇ بېشىنى ئىككى تىزىنىڭ ئارىلىقىغا تىقىپ تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇۋالدى. باشقۇرغۇچى مۇئەللىم كەلگىنىچە ئۇنى قاتتىق ئۇرغىلى تۇردى، پوگال غىڭ قىلماي چىداپ تۇردى، «پاڭ» قىلىپ ئاۋازىنى چىقىرىپمۇ قويمىدى، ئۇ ھەمىشە شۇنداق قىلاتتى.
دەرس ۋاقتى توشۇپ، باشقۇرغۇچى مۇئەللىم دەرسخانىدىن چىقىپ كېتىشىگە، پوگال ئىككى سەكرەپلا راجانىڭ قېشىغا باردى. راجا قورقۇمسىرىغان نەزىرى بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ تۇردى. پوگال ھە دېگەندىلا ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىدى. ئاندىن:
— سەن ھارامزادە نېمىشقا مېنى چاقىسەن؟ — دەپ تۇۋلىدى. راجا قورقۇپ بېشىنى تۆۋەن سالدى.
— تۇز تۇر، ئاناڭنى ! — دېدى پوگال. ئۇ شۇنداق دەپلا ئارقىسىغا بىر قەدەم داجىپ تۇرۇپ، «ھايت» دەپلا سەكرەپ راجانىڭ بېشىغا كاللا قويدى. ئاندىن ئارقا - ئارقىدىن كاللا قويۇۋەردى. ئۇ ھەر قېتىم كاللا قويغاندا، «ھايت» دەپ تۇۋلاپ تۇراتتى. بىرنەچچە قېتىم كاللا قويغاندىن كېيىن، راجانىڭ بېشى ئايلىنىپ كېتىپ، يەرگە يىقىلىپ بۇرنى قاناپ كەتتى. ئۇ قولىغا ئاققان قاننى كۆرۈپ، غەزىپى قىرىق گەز ئۆرلىدى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ پوگالغا قاراپ تايغاندەك ئېتىلدى. لېكىن، پوگال ئۇنىڭ چېكىسىنى دەللەپ تۇرۇپ بىر مۇشت قويۇۋىدى. ئۇ دەلدۈگۈنۈپ كەتتى، تېخى ئۆزىنى ئوڭلاپ مەزمۇت تۇرۇۋالغۇچە، پوگال يەنە بىرنى ئۇردى. ئارقىسىدىن راجانىڭ تىزىغا بىرنى تەپتى. راجا ئېغىر يارىلىنىپ، ئاغرىققا چىدىماي ۋارقىراپ كەتتى.
بۇ ئىش يۈز بەرگەندىن كېيىن، پوگال چاقىرتىلىپ

سۇرۇشتۇرۇلدى ۋە جازا بېرىلدى. ئەمما، راجانىڭ تېزىدىكى جاراھەت ساقايمىدى. بىرنەچچە قېتىم تېڭىلغان بولسىمۇ، لېكىن جاراھەت ساقىيىش تۇگۇل تېخىمۇ كېڭىيىپ كەتتى. راجا ئاقساپ ماڭىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ دائىم ئۆزى يالغۇز پۇتىنى قاشلاپ ئولتۇراتتى. كېيىن شۇ جاراھەتنىڭ ئاستى تەرەپتە، پاقالچىقىدىمۇ بىر يەر شەلۋەرەپ كەتتى. بۇ، جاراھەتنىڭ تەسىرىدىن بولماي، بەلكى ئۆزى شۇنداق بولۇپ قالغاندى. ئۇزاققا قالماي راجانىڭ بەدەنلىرىدە بىرمۇنچە قىزىل داغلار پەيدا بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن قىچىشقان بەدەنلىرىنى قاشلاپلا يۈرىدىغان بولۇپ قالدى.

بىر قېتىم دوختۇر تۇرمىگە كېلىپ بەدەن تەكشۈرگەندە، راجانىڭ بەدىنىدىكى قىزىل داغلارنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنى بىر ئۆيگە چاقىرىپ ئەكىرىپ، ئۇنىڭدىن نۇرغۇن گەپ سورىدى ۋە ئۇنى ساقمۇساق يېرىم سائەت تەكشۈرۈپ كۆردى.

دوختۇر يەنە بىر قېتىم تۇرمىگە كەلگەن چاغدا، راجانىڭ بەدىنىنىڭ يەنە بىرنەچچە يېرى شەلۋەرەپ، يىرىڭ ئېقىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ چىرايىمۇ بۆلەكچىلا كۆرۈمسىزلىشىپ، قۇلاقلىرى ئىششىپ، تىرناقلىرى تۆكۈلۈپ، كىشىنىڭ قورققۇسى كەلگۈدەك بولۇپ كەتكەنىدى. ئەمدى ئۇ ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرمەي، ئىنتايىن ھارغىن ھالدا جاراھەتلىرىنى قاشلاپ ئولتۇرىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

دوختۇر كۆرۈپ ناھايىتى جىددىيلىشىپ كەتتى. ئۇ كۈنى دوختۇر راجادىن ھېچقانداق گەپ ـ سۆز سورىماي، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كەتتى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن بىر قۇتقۇزۇش ماشىنىسى كېلىپ تۇرمىنىڭ تۆمۈر دەرۋازىسى ئالدىدا توختىدى ـ دە، راجانى ماشىنىغا سېلىپ دوختۇرخانىغا ئەكېتىشتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ ئىككىنچىلەپ بۇ يەرگە قايتىپ كەلمىدى.

نۇشا ھېلىمۇ راجانىڭ دوختۇرخانىدا ئىكەنلىكىنى ياكى باشقا

جايغا كەتكەنلىكىنى بىلمەيتتى. لېكىن، ھەر ۋاقىت ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ كەلمەكتە ئىدى. بۈگۈن تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەچكە، راجانى تېخىمۇ سېغىنىدى، ئۇ پىيادىلەر يولىدا كېتىۋېتىپ، راجا ھازىر قەيەردىدۇ؟ ئۇ قانداقراق تۇرغاندۇ؟ ئۇنى قەيەردىن تاپقىلى بولار؟ دەپ ئويلاپ ماڭدى.

نۇشانىڭ پوگال بىلەن يېقىن بولۇپ قېلىشى راجا تۈرمىدىن كەتكەندىن كېيىنكى ئىش بولۇپ، بۇمۇ بىر ۋەقە تۈغۈلۈش تۈپەيلىدىن باشلانغان. پوگال بەدەنلىرى مىختا، ئۇن ئالتە ياشلىق بالا بولسىمۇ، لېكىن كىچىك بالىدەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ بويى پاكار، تەنلىرى قارا ئىدى. ئۇ بىر كىرا ماشىنىسى شوپۇرىنى پىچاق بىلەن ياردار قىلىپ قويغانلىق گۇناھى بىلەن ياش ـ ئۆسمۈرلەر تۈرمىسىگە قامالغانىدى. ئۇ ھەمىشە: «بىر پىچاق سېلىپلا ئۇنىڭ ئۈچەي ـ باغرىنى چۇۋۇۋەتتىم. ئۇ قانداق قۇتۇلۇپ قالدىكىنتاڭ، بولمىسا، ئۇنى تىرىك قويمىغان بولاتتىم» دەپ ئۆزىنىڭ بۇ قىلمىشىنى كۆز ـ كۆز قىلاتتى.

تۈرمىداش بالىلار ئۇنى كۆرۈپلا قورقۇپ قالدى. بىرنەچچە كۈن ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا بۇ بالىلار ئارىسىدا ئۇنىڭ داڭقى چىقىپ كەتتى.

ئۇ ھە دېسىلا ئاغزىنى بۇزۇپ تىللايتتى، يوقىلاڭ ئىشلار ئۈچۈن ئۇرۇشاتتى، دائىم جېدەل تېرىپ، باشقا بالىلارنى ئۇراتتى. ھەمىشە ئۇنىڭ مەنمەنلىك قىلىپ: «ھەي، قېنى ئوغۇل بالا بولساڭ، مەيدانغا چىق!» دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلىغىلى بولاتتى. ئۇ تۈرمىگە يېڭى كىرگەن چاغدا، بەزى تۈزەلمەس جىنايەتچىلەر ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىپ كۆرگەنىدى، ئۇ ئەركىن تۇردە مۇشت ئېتىشقا ئۇستا ئىدى. پۇرسەت تاپسىلا ئاز ـ تولا ھۈنىرىنى كۆرسىتىپ قوياتتى. ئۇ ئىنتايىن چاققان بولۇپ، ئۇرۇشقاندا چاقماقتەك تېز ھەرىكەت قىلالايتتى. ئۇ قارشى تەرەپنىڭ دىققىتىنى ئوڭ تەرەپكە تارتىپ تۇرۇپ، بىردىنلا سول تەرەپتىن چىقىپ، بىرلا چارپۇتلاپ قارشى تەرەپنى يىقىتاتتى. ئۇ

قارشى تەرەپكە يۈزلەنگەن چاغدا، ئۇنىڭ بەدىنى تال چىۋىقتەك ئەۋرىشىم ھەرىكەتلىنەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى كىچىك بولسىمۇ، لېكىن بورسۇقنىڭ كۆزلىرىدەك ئۆتكۈر ئىدى. ئۇ ھەمىشە ئالدى بىلەن قارشى تەرەپنى تازا چارچىتىپ، قارشى تەرەپ ھاسىراپ قالغان چاغدا قوچقارغا ئوخشاش ئارقىسىغا يېنىپ تۇرۇپ، ئاندىن «ھايت» دەپ ئوقچۇپ بېرىپ مۈشت ئاتاتتى. ئۇ قارشى تەرەپكە: «نېمانداق ئالىيىسەن؟ قېنى كېلە ! كەلمەمسەن !» دەپ تەھدىت سالاتتى. قارشى تەرەپ مۈشت ئاتقاندا، ئۇ ئۆزىنى قانداق قاچۇرۇشنى بىلەتتى. ئاندىن ھىجىيىپ: «ئاتە مۈشتۈڭنى، يەنە بىرنى ئاتە !» دەپ قارشى تەرەپنى يەنە ھۇجۇم قىلىشقا قۇترىتاتتى. بەزى چاغلاردا ئۆزىمۇ ئېتىلىپ بېرىپ قارشى تەرەپكە ئۈزمەي مۈشت ئاتاتتى.

ئۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك سوراقتا تارتىلىپ، جازالىنىپ تۇراتتى. ئۇ مۈشتلىشىشتا باتۇر ئىدى، تاياق يېيىشتىنمۇ قورقمايتتى. ھەر قېتىم تاياق يەپ قايتىپ چىققاندا، ھىجىيىپ تۇرۇپ: «ئۇلار بىكار قولىنى ئاۋارە قىلىدۇ» دەيتتى. ئاندىن بالىلارنىڭ بىرىگە: «ھەي، بېلىمگە مۇشتلاپ قويە، مۇشۇ يەرگە بىر نەچچە تاياق تېگىۋىدى» دەيتتى. ئۇ تۈرمىدىكى بالىلارغا ئەنە شۇنداق بۇيرۇق قىلاتتى. ھېچكىممۇ ئۇنىڭ گېپىنى يىرالمايتتى.

بىر قېتىم نۇشا ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن قاتتىق تاياق يېدى. ئۇ كۈنى پوگال ئازراق بىر ئىش ئۈچۈن خاپا بولۇپ قالدى ـ دە، بىر بالىنى توخۇ بولۇشقا، نۇشانى ئۇ بالىنىڭ ئۈستىگە مىنىشكە بۇيرۇدى. نۇشا بۇنىڭغا ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن پوگال ئۇنىڭ يۈزىنى دەللەپ تۇرۇپ مۈشت بىلەن بىرنى قويۇۋىدى، نۇشانىڭ بېشى ئايلىنىپ، كۆزلىرىگە قاراڭغۇچىلىق تىقىلىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغۇچە ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى ـ ئۈچ مۈشت يەپ، كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتتى.

پوگالنىڭ مۇنداق ئۈچ مۇشتىغا بەرداشلىق بېرىش ھەقىقەتەن ئاساس ئەمەس ئىدى. ئۇ چاغدا نۇشا تۇرمىگە يېڭى كىرگەن بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ يۈز كۆرۈشۈش سوۋغىسى ئىدى. پوگال ھېلىقى بالىنى كەچۈرۈپ، نۇشانى توخۇ بولۇشقا، ھېلىقى بالىنى ئۇنىڭ ئۇستىگە مىنىشكە بۇيرۇدى.

شۇنىڭدىن تارتىپ نۇشا ئاغلىق ھالدا پوگالدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈردى. ئەمما، راجا ئۇنىڭغا تېز يۇكمىدى. ئۇ ئىككىسى بىرقانچە قېتىم ئۇرۇشتى، ھەر قېتىمدا راجا زىيان تارتتى.

تۆنجى قېتىملىق ئۇرۇشۇش مۇنداق باشلاندى: پوگال ئادەتتىكىگە ئوخشاش باشقا بالىلارنى دەيدەيگە سېلىپ، قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ: «قېنى قايسى نوچىنىڭ قولى قىچىشىپ قالغان بولسا، كېلىپ سۇركىۋالسۇن !» دېدى. بۇ چاغدا ھەممە جىنايەتچى قاماقخانىنىڭ ئالدىدىكى سەيناادا دەرەخلەرگە سۇ قۇيۇۋاتاتتى. ھېچكىم ئۇنىڭ گېپىگە پەرۋا قىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ:

— ھەممىڭ توخۇ يۈرەك، ھېچقايسىڭنىڭمۇ جىگىرى يوق ئىكەن، — دەپ تىللىدى ۋە يەنە ئاغزىنى بۇزۇپ بىرمۇنچە سەت گەپلەرنى قىلدى. ئۇ ھەمىشە ئاشۇنداق ئۇسۇل بىلەن باشقىلارغا چېقىلاتتى.

راجامۇ شۇ يەردە ئىدى. ئۇ قوللىرىنى بىقىنىغا تىرەپ تۇرۇپ، پوگالغا ئالىيىپ:

— ئاغزىڭغا بېقىپراق سۆزلە، ئاتقان پاختاڭنى بۇرنۇڭدىن بۇلاق قىلمەن بىكار، — دېدى.

پوگال ئۇنىڭغا قاراپ كۇلۇپ قويۇپ:

— ئەمىسە، سەن كېلىپ ئېلىشىپ كۆرە، دۇلامخان① ! — دېدى ـ دە، يۈگۈرۈپ راجانىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇردى. راجا باشقا گەپمۇ قىلماي، ئۇنىڭ ئاغزىنى چەنلەپ تۇرۇپ قاتتىق بىر مۇشت

① دۇلامخان — رىۋايەتلەردىكى مەشھۇر پوچى.

ئاتتى. راجا ئۇ چاغدا ناھايىتى مىختا بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاچچىقى كېلىپ تۇراتتى. پوگالنىڭ بۇ ئۇشتۇمتۇت ئۇرۇلغان مۇشتىغا قىلچە تەييارلىقى يوق ئىدى. بۇ مۇشت دەل ئۇنىڭ ياڭىقىغا تەگدى ـ دە، ئاغزى قاناپ كەتتى. ئۇ ئارقىسىغا بىر ئاز داجىپ تۇرۇپ، ئاغزىدىكى قاننى سۇرتۇۋەتتى.

— خېلى كۈچلۈك بار تەنتەك ئىكەنسەن، — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ. ئاندىن راجاغا قارىتىپ قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، — قېنى كېلە، كېلە! — دەپ ئۇنى ئۇرۇشقا چاقىردى. راجا چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرۇپ يەنە مۇشت ئېتىۋىدى، پوگال ئۆزىنى قاچۇرۇۋېلىپ، خۇددى ئارتىسلاردەك يالغان كۈلۈپ قويۇپ، راجاغا قاراپ:

— يەنە بىرنى ئاتە، ئەزىزىم، قېنى ئاتە! — دېدى. راجا يەنە بىر مۇشت ئېتىۋىدى، ئۇمۇ بىكار كەتتى. ئۇ ئاچچىقىغا پايلىماي ئارقا ـ ئارقىدىن مۇشت ئېتىۋەردى، پوگال ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرۈپ ئۆزىگە مۇشت تەگكۈزمىدى. بىردەمدىن كېيىن راجا ھاسىراپ قالدى. بۇ چاغدا پوگال ئوقچۇپ بېرىپ ھۇجۇم قىلدى. ئۇنىڭ مۇشتۇمىنىڭ كۈچى بار ئىدى، بىر مۇشت بىلەن راجانى پىرقىرىتىۋەتتى. راجا ئۆزىنى ئوڭشىۋالغۇچە پوگال ئۇستى ـ ئۇستىگە مۇشت ئاتتى. بەش مۇشتتىن كېيىن راجا يىقىلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن راجا يەنە بىرنەچچە قېتىم پوگال بىلەن ئۇرۇشتى. دەسلەپتە كىچىككىنە ئىشلار ئۈچۈن ئۇ پوگال بىلەن ئېلىشتى. كېيىن ئۇنىڭدىن قورقۇپ قالدى. پەقەت ئاچچىقىغا چىدىيالمىغان چاغدا ئۇرۇشۇپ قالمىسا باشقا چاغلاردا ئۇرۇشمايدىغان بولۇپ قالدى.

پوگال ھازىر باللارنىڭ باشلىقى بولۇپ قالدى، باللارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئاغزىغا قارايتتى. ھېچكىم ئۇنىڭغا قارشىلىق بىلدۈرەلمەيتتى.

قاتتىق ئىسسىق كۈنلەرنىڭ بىرى چۈشتىن كېيىن، مەھبۇس ماشىنىسى تۈرمە دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

گۇندىپايلار دەرۋازىنى ئاچتى. ئۈچ ساقچى ئورۇقتىنا كەلگەن بىر ئۆسمۈر بالىنى يالاپ ئەكىردى. بۇ بالىنىڭ قولىغا كويزا سېلىنغان. ئۇ ھاۋا رەڭ كالتە ئىشتان، تار يەڭلىك يىپەك كۆڭلەك كىيگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەجدىھا بىلەن يىلپىزنىڭ سۈرىتىدىن باشقا، يەنە قۇچاقلىشىپ تۇرغان ئەر ـ ئاياللارنىڭمۇ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەنىدى. بېلىگە تۇچتىن چىلتەك تۇتۇلغان كەمەر باغلىغان، كۆزىگە يېشىل رەڭلىك كەڭ رامكىلىق كۆزئەينەك تاقىغان بولۇپ، ھوللىۋۇددا ئىشلەنگەن مۇشتلاشچىلىق فىلىمدىكى شەخسلەرگە ئوخشاپ كېتەتتى.

ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىسىم ـ فامىلىسىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئۇ مېنى تالزون دەپ ئاتاشلار دېگەنلىكتىن، بۇ ئىسىم ئۆسمۈر جىنايەتچىلەر ئارىسىدا تارىلىپ كەتتى. ياشقا كەلگەندە ئۇ تېخى ئۆسمۈر ئىدى. لېكىن، باسقۇنچىلىق جىنايىتى بىلەن سوراق قىلىنىۋاتاتتى. سوت تېخى ھۆكۈم چىقارمىغان، ھېچكىم كېپىلگىمۇ ئالمىغانىدى. ئۇ مەخسۇسلا لۇكچەكلىك قىلمىشلىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى ۋە كىنو بېلىتىنى ھايىنىغا ساتاتتى. شەھەردە ئۇنىڭ بىرمۇنچە ئادەملىرى بار ئىدى. ئۇلار دائىم ئۇنى يوقلاپ تۇرمىگە كېلىپ تۇراتتى ھەمدە ھەر قېتىم ئۇنىڭغا بىرنەرسىلەرنى ئالغاچ كېلەتتى.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ يەنە خۇپىيانە ھالدا گۇندىپايلارغا تاماكا ئالدۇرۇپ ئوغرىلىقچە چېكەتتى، باشقا بالىلارغىمۇ بېرەتتى. تاماكىنىڭ خاسىيىتى بىلەن چاپسانلا ئۇنى بالىلار ياخشى كۆرۈپ قالدى. ئۇ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان بالىلارنى بىر گۇرۇپپا قىلىپ تەشكىللىدى. بۇ بالىلار كۇنبويى ئۇنىڭ چۆرىسىدىن كەتمەي، ئۇ نېمە دېسە، خوپ دەپ تۇراتتى. قولىدىن كېلىشىچە ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتى. ئۇ پۇت ـ قوللىرى كۈچلۈك بولۇپ، چېلىشىش ـ ئېلىشىش جەھەتتە تەربىيە كۆرگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بالىلار ئارىسىدا تېخىمۇ يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە ئىدى.

پوگال ئۇنچىقماي يۇرۇپ تالزوننى بىرنەچچە كۈن كۆزەتتى.

ئۇنىڭمۇ تالزون بىلەن ئاغىنە بولغۇسى بار ئىدى، ئەمما تالزون كۆرەڭلەپ، ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمىدى، بەلكى بىر قېتىم پوگال ئۇنىڭدىن تاماكا سورىغۇدى، ئۇ ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىغۇەتتى. پوگال بۇ چاغدا ئۇندىمىدى. بىر - ئىككى كۈن گەپ قىلماي يۈرگەندىن كېيىن، ئاندىن ئۇ تالزونغا چىقىلدى. ئەمەلىيەتتە، ھېچقانچە چوڭ ئىش يوق ئىدى. تالزوننىڭ ھە دېسىلا كىشىلەرنى ئىنگلىزچە تىللايدىغان ئادىتى بار ئىدى. بۇ پاسكىنا گەپلەرنى ئامېرىكا كىنولىرىدىن ئۆگەنگەنىدى. بىر كۈنى تالزوننىڭ كاللىسى قىزىپ كېتىپ، بىر بالىغا چاقچاق قىلىپ «ھەي ئۆلگۈر !» دېۋىدى، ئۇ بالا ئۇنچىقمىدى. ئەمما، پوگال ئۇ بالىغا بولۇشتى.

— ھەي، تالزون، ئادەمنى تىللىمىساڭ قانداق؟ — دېدى ئۇ.

— كۆزۈمدىن يوقال، تەنتەك ! — دېدى تالزون پىسەنت قىلماي.

پوگال ئۇنىڭ ياڭىقىغا بىرنى قويۇپ:

— سەن گۈي، تىللىما دېگەنسېرى تىللايسىنا، — دەپ ۋارقىرىدى.

تالزون ئۇنىڭغا قاتتىق بىر ئالايدى - دە، كىنولاردىكى بوكسچىلارغا ئوخشاش پوگالنىڭ ئالدىدا قوللىرىنى پۇلاڭلاتقىلى تۇردى. ئاندىن بىردىنلا توگۇلۇپ، پوگالنىڭ يۈزىگە بىرنى ئۇردى. بۇ مۇشت ئانچە قاتتىق تەگمىدى. ئەگەر ئۇنىڭ ئورنىدا باشقا ئادەم بولىدىغان بولسا، پوگال ئۆزىگە مۇشت تەگكۈزمىگەن بولاتتى. پوگال بىر مۇشت يېگەندىن كېيىن، قارشى تەرەپ پور كۆتەك ئەمەس، بەلكى چامباشچىلىقتىن خېلى خەۋىرى بار ئىكەن، دەپ ھۆكۈم قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن قارشى تەرەپكە ھۇجۇم قىلدى.

ئىككىيلەن خۇددى قوچقاردەك سوقۇشۇپ كەتتى. بۇ بەك كەسكىن ئېلىشىش بولدى. بارلىق بالىلار ئۇلارنى چۆرىدەپ قاراپ تۇرۇشتى. بۇ ئىككىيلەن بىر - بىرىدىن قېلىشماي، قاتتىق تىركىشىپ كەتتى. ئۇلار ئۇسۇللىرىنى ئۇزۇكسىز ئۆزگەرتىپ

ھۇجۇم قىلىپ تۇردى. بىردەمدىن كېيىن پوگال بەرداشلىق بېرەلمەي قالدى. ئۇ چېكىسى ۋە يۈزىگە بىرنەچچە مۇشت يېدى. بىر قېتىم تالزون بىر مۇشت ئېتىپ ئۇنى يىقىتىۋەتكىلى تاس قالدى. بىر چەتتە قاراپ تۇرغان بالىلار چاۋاك چېلىپ ۋارقىراپ تۈۋلىدى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى تالزوننىڭ قوللىغۇچىلىرى ئىدى.

تالزوننىڭ ئۇزمەي ھۇجۇم قىلىشى ئارقىسىدا، پوگال ئارقا ـ ئارقىدىن بىرنەچچە مۇشت يېدى ۋە ئارقىغا ئاستا ـ ئاستا تاكى قورۇق تامنىڭ تۈۋىگىچە چېكىنىپ باردى. ئۇنىڭ دۈمبىسى تامغا تاقالدى. ئۇ ئالاقزەدە بولۇپ ئوڭ ـ سولغا قارىغىلى تۇردى، ئەھۋالدىن قارىغاندا، بەدەر تىكىۋېتىشكە پۇرسەت ئىزدەۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزلىرى كۆكىرىپ ئىششىپ چىقتى. لەۋلىرىدىن قان ئېقىپ قېچىردەك قاتتىق ھاسىراپ كەتتى. تالزون شۇ پەيتتە پۈتۈنلەي ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ تۇراتتى. لېكىن، پوگال ئېڭىشىپ تۇرۇپ غەلىتە ۋارقىراپ، قوچقاردەك بىرلا سەكرەپ تالزوننىڭ ئېڭىكىگە كاللا قويدى. ئۇنىڭغا قىلچە تەييارلىقى بولمىغان تالزوننىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتتى. پوگال ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش پۇرسىتى بەرمەي، ئارقا ـ ئارقىدىن بىرنەچچە قېتىم كاللا قويدى. تالزون ساراڭ بولۇپ قالغاندەك، ئاغزىنى يوغان ئېچىپ، ئىرغاڭلاپ مەزمۇت تۇرالماي قالدى.

پوگال چاپسانلىق بىلەن ئۇنىڭ ئوڭ قولتۇقىنىڭ ئاستىدىن چىقىپ ئارقىسىغا ئۆتۈپ، قاتتىق بىر مۇشت بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇپ گاڭگىرىتىۋەتتى. ئەمدى تالزون تامغا چاپلىشىپ، پوگال ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ قالدى. ئاندىن پوگال يەنە ئوقچۇپ چىقىپ ئۇنى بىرنەچچىنى ئۇرۇۋەتتى. تالزون قاتتىق ھاسىراپ، تامغا يۆلىنىپ، پۇتلىرىنى كېرىپ يەردە ئولتۇرۇپ قالدى ۋە ئاستا ـ ئاستا ئۇنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلدى.

بۇ قېتىمقى ئۇرۇشۇش نەتىجىسىدە تالزوننىڭ ھەيۋىسى

تۆكۈلدى. ئۇ ئىنتايىن قاتتىق ھاقارەتلەنگەنلىك ھېس قىلدى. بىرنەچچە كۈندىن بۇيان ئۇ ئۈچ ئېلىش پۇرسىتىنى كۈتۈپ كەلدى.

بىر كۈنى ئۇ تاللانغان بىرنەچچە بالىنى ئېلىپ، تازا پەيتىنى تاللاپ تۇرۇپ پوگالنى ئارىغا ئېلىۋالدى ـ دە، ئالدىن مەسلىھەتلىشىپ قويغان پىلان بويىچە، ئۇنىڭ چىشىغا تېگىشكە بىر بالىنى چىقاردى. پوگال ئۇ بالىغا بىر ئالىيىپ قويۇپ، تىللىغان پېتى ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنىڭ بويىنىنى بوغۇۋالدى. شۇ ئەسنادا تالزون ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى گۇرردە كېلىپ پوگالنى يىقىتىپ يەرگە بېسىۋالدى. تالزون ئۇنىڭ مەيدىسىگە مىنىۋېلىپ، ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزىگە ئۇرۇپ كەتتى.

دەل شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان نۇشا پوگالنىڭ تاياق يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ نېمىنى ئويلىدىكىنتاڭ، تالزونغا قاراپ:

— بىگىسىلار بولسا شۇنچىۋالا ئادەم بىرلىشىپ بىر ئادەمنى ئۇرامسىلەر؟ — دېدى.

تالزون بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا ئالايدى.

— تىلىڭنى تارت! ھۇ، ئۆلگۈر! — دېدى ئۇ.

— بىرگە بىر ئۇرۇشامسىلەر، — دېدى نۇشا.

ئۇ تالزون بىلەن پوگالنى يەكمۇيەك تۇرۇپ ئۇرۇشۇشلار دېمەكچىدى. لېكىن، تالزون نۇشانى مەن بىلەن ئۇرۇشماقچى بولۇۋاتىدۇ دەپ ئويلىدى ـ دە، شۇنىڭ بىلەن ئۇ پوگالنى قويۇۋېتىپ نۇشانىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلدى.

— قېنى كېلە، ھارامدىن بولغان شۇمتەك، قېنى سەن ئاۋۋال مۇشت ئاتە!

نۇشا ئۇرۇشۇشتىن قورقاتتى.

— ۋاي ـ ۋۇي، نېمە ماڭا چاپلىشىۋالىسەن؟ — دېدى ئۇ قورقۇمسىراپ تۇرۇپ.

ئەمەلىيەتتە نۇشامۇ ئانچە ئاجىز ئەمەس ئىدى، ھازىر ئۇنىڭ پۇت ـ قوللىرى ۋە باشقا ئەزالىرى كۈچلىنىپ، بەدىنى خېلىلا

مىختا بولۇپ قالغانىدى. تالزون گەپ ـ سۆز قىلماستىنلا ئۇنىڭ يۈزىگە قاتتىق بىر مۇشت قويۇۋىدى، نۇشا قورقىنىدىن هودۇقۇپ ئارقىسىغا بىرنەچچە قەدەم داجىپ كەتتى. تالزون يەنە بىرنى سالدى. نۇشا مۇشتلىشىشنى بىلمىسىمۇ، ئاچچىقىغا چىدىماي تالزونغا ئېتىلدى. ئۇنىڭ چېكىسىگە يەنە بىر مۇشت تەگدى. لېكىن، ئۇ تالزوننى قۇچاقلاپ تۇتۇۋېلىپ بىردەم ئېلىشقاندىن كېيىن، بىر چارپۇتلاپ يەرگە يىقىتىپ، شۇ پەيتتىن پايدىلىنىپ مەيدىسىگە بىرنەچچىنى تىزلاپ، تالزوننى ۋايجان دېگۈزۈۋەتتى.

پوگال بۇ چاغدا تالزوننىڭ شېرىكلىرى بىلەن ئېلىشىۋاتاتتى. ئۇ يالغۇز ئۆزى بىر توپ بالىنىڭ هۇجۇمىغا تاقابىل تۇرماقتا ئىدى. نۇشا تالزوننى ئۇرۇپ يىقىتىپ قويۇپلا يۈگۈرۈپ پوگالنىڭ قېشىغا باردى. ئۇنىڭ هازىر كۆزىگە هېچنېمە كۆرۈنمەي قالغانىدى. شۇنىڭ ئۇچۇن، بىردەمدىلا هېلىقى بالىلار قېچىشىپ كەتتى.

پوگال يۈگۈرۈپ كېلىپ نۇشانى قۇچاقلاپ كەتتى.

— مېنىڭ باتۇر يولۇۋىسىم، خېلى كارامىتىڭ بار ئىكەن. ۋاقتى كەلمىگۈچە ئۆزۈڭنى كۆرسەتمەيدىكەنسەن ـ دە، — دېدى ئۇ.

شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇلار ئارىسىدا دوستلۇق پەيدا بولۇپ، يېقىن ئاغىنە بولۇپ قالدى. راجا تۇرمىدىن كەتكەندىن كېيىن نۇشا يالغۇزلۇق هېس قىلغانىدى، لېكىن پوگال بۇ زىياننى تولدۇردى. بۇ ئىككىسى بىر بولسىلا هەيۋە كۆرسىتىپ، باشقىلارغا بۇيرۇق چۈشۈرەلەيتتى.

بىر كۈنى كېچىدە قاتتىق بوران چىقىپ، ئاندىن يامغۇر قاماقخانىنىڭ ئۆگزىسىگە تاراسلاپ ياغقىلى تۇردى.

بالىلار ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرغاندا تالزوننىڭ يوقلۇقى سېزىلدى، شۇنىڭدەك يەنە مەشىق مەيدانىدىكى لاي يەردە تاكى قورۇق تامغا بارغۇچە ئاياغ ئىزى تۇرغانلىقىنى بايقىدى. دېمەك،

تالزون كېچىدە تامدىن ئارتىلىپ قاچقانىكەن.

نۇشا تۇرمىدە ھېچنېمە ئۆگىنەلمىدى، لېكىن پوگال بىلەن بىللە يۈرۈپ، ئۇنىڭدىن ئۇرۇشۇش - مۇشتلىشىشنى ۋە ئالاھىدە ئەھۋاللارغا ئەپچىللىك بىلەن قانداق تاقابىل تۇرۇشنى ئۆگەندى. ئۇ ئەمدى دائىم بىرەر باھانە تېپىپ باللار بىلەن ئۇرۇشىدىغان، بۇرۇنقىدەك ئىككىلىنىپ، قورقۇپ تۇرمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭدىن باشقا، پوگال ئاتاقلىق يانچۇقچى ئىدى. ئۇ يانچۇقچىلىق ماھارىتىنىمۇ قىلچە ئېلىپ قالماستىن نۇشاغا ئۆگىتىپ قويدى. ياش - ئۆسمۈرلەر تۇرمىسىدىكى بىرمۇنچە باللار تۇزەلمەس جىنايەتچى بولۇپ، ئۇلار ئارىسىدا قۇلۇپ قايرىشقا ئۇستا ئافرادۇن دېگەن بىر بالا بار ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھۈنىرىنى سېخىيلىق بىلەن باللارغا ئۆگىتىپ قويدى، نۇشامۇ ئۇنىڭدىن بىر مەزگىل ئۆگىنىپ، ھازىر ئاساسەن ئىگىلىدى، شۇغىنىسى ئۆگەنگەننى ئىشلىتىش پۇرسىتى يوق ئىدى.

راجا كەتكەندىن كېيىن نۇشا پوگال بىلەن ئاغىنە بولۇپ قالغانىدى. كۇتۇلمىگەندە ئۇ ئىككىسى بىر كۈندە تۇرمىدىن قويۇپ بېرىلدى.

## 2

قاراڭغۇ چۈشۈپ، شەھەر ئىچىدىكى ھەممە ئۆيدە چىراغ يېقىلغانىدى. ئىككىيلەن پىيادىلەر يولىدا ئاستا كېتىۋاتاتتى. ئۇشتۇمتۇت ئارقا تەرەپتىن بىرىنىڭ «پوگال !» دەپ توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

پوگال ئارقىسىغا قايرىلىپ قارىۋىدى، پېترو ئۇستا ئاق قاڭالتىردا ياسالغان پاكارغىنا بىر چايخانىنىڭ ئالدىدا تۇراتتى، ئۇنىڭ يېنىدا باجۋامۇ بار ئىدى. پوگال ئۇلارنى كۆرۈپ قەدىمىنى توختاتتى. پېترو يۈگۈرۈپ كېلىپ، يىراقتىنلا غۇلاچلىرىنى كېرىپ پوگالنى چىڭ قۇچاقلىدى.

— ئۇ نېمىلەر سېنى ئەمدى قويۇپ بېرىپتۇ - دە، مەن بۇ يەرگە سائەت تۆتتىلا كەلگەنىدىم، — دېدى ئۇ كۈلۈپ.

پېترو ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ، يېقىنچىلىق بىلەن ئۇنىڭ گەجگىسىگە ئاستا ئۇرۇپ قوياتتى. باجۋا بىر لۆڭگىنى ئېچىپ، بىر گۈلچەمبىرەكنى ئېلىپ پوگالنىڭ بويىنىغا ئېسىپ قويدى. پوگال گۈلچەمبىرەكنى ئاسقاندىن كېيىن، بىردىنلا نۇشانى ئېسىگە ئالدى - دە، ئۇنى ئۇستىسىغا تونۇشتۇردى:

— ئۇستام، نۇشامۇ ئۆز ئادەم، مەن بىللە چىققان.

نۇشا بېشىنى ئازراق ئېگىپ، ھۆرمەت بىلەن پېترو ئۇستىغا ئېھتىرام بىلدۈردى. پېتروغا ئۇنىڭ بۇ ئىشى ياراپ كەتتى - دە، چوڭلاردەك ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ:

— ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولسۇن، — دەپ قويدى، ئاندىن باجۋانى ئىشقا بۇيرۇدى، — سەن بىر ماشىنا تېپىپ كەلگىن، مەن ئۇلارغا بىرئاز چاي ئىچكۈرگەچ تۇراي.

باجۋا ماشىنا تېپىشقا ماڭدى. پېترو ئۇستا ئۇ ئىككىيلەن بىلەن بىللە چايخانىغا كىردى. ئۇلار ئۇدۇلدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشتى.

— غوجايىن، — دېدى پېترو چايخانا غوجايىنىغا، — بىرىنچى دەرىجىلىك سۈتلۈك چايدىن ئىككى چوڭ ئىستاكان بېرىڭگا، ياخشى سۈت بولسۇن، بۇ بالا بەك جۇدەپ كېتىپتۇ، — ئۇ كۆيۈنگەن ھالدا پوگالنىڭ بىلىكىنى تۇتۇپ قويدى، — ئۇ يەردە تاماق بېرىپ تۇرامدۇ؟ ئۇستىخانلىرىڭ كۆرۈنۈپ قالاي دەپ قاپتۇ.

پوگال تۇرمىدىكى دەرد - ئازابلارنى سۆزلەپ بەردى. پېترو ھەربىر ئىشنى تەپسىلىي سوراپ ئاڭلىدى.

نۇشا ئۇلارنىڭ سۆھبىتىنى ئاڭلاپ جىم ئولتۇردى. بىردەمدىن كېيىن چاي كەلتۈرۈلدى. ئۇلار چاي ئىچىپ بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ چوڭ يولغا چىقتى. باجۋا بىر كىرا ماشىنىسىنى چاقىرىپ كېلىپ ئۇلارنى كۈتۈپ تۇراتتى. تۆتەيلەن

ماشىنىغا چىقىشتى، ماشىنا ئوسمان قەلئەسىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. پېترو ئۇستا شۇ يەردە تۇراتتى.

بېندى يولىدىكى يول چىراغلىرى غۇۋا كۆكۈچ نۇر چېچىپ تۇراتتى. كاراچىنىڭ بۇلۇتقا تاقاشقان ئېگىز بىنالىرىنى تۈن پەردىسى قاپلىغانىدى. پېترو ئۇستا قالتىس ھەيۋەت بىلەن گىدىيىپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئوتتۇرا ياشلىق، چاچلىرىغا ئاق كىرگەن، قويۇق ساقال ـ بۇرۇتلۇق، كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ تۇرىدىغان، ئوتتۇرا بويلۇق، ئىنتايىن ساغلام ئادەم ئىدى.

كىرا ماشىنىسى كىچىك كوچىنىڭ ئاغزىغا كېلىپ توختىدى. پېترو ماشىنا كىراسىنى بېرىۋەتتى. ئۇ گۇمان نەزىرى بىلەن نۇشاغا بىر قاراپ قويۇپ، ئاندىن پوگالنى چەتكە تارتتى.

ــــ بۇ نۇشانىڭ قانداق ئىش ؟ ــــ دەپ سورىدى ئۇ.

ــــ ئۇستام، ئۇ بىز بىلەن بىللە بولسۇنچۇ، ــــ دېدى پوگال دەرھال.

ــــ بوپتۇ، ئېلىپ قالايلى، بىراق ئۇنىڭ قولىدىن نېمە ئىش كېلىدۇ؟

ــــ گەپ سىغمايدۇ، ئۇ ناھايىتى باتۇر. ئۇنىڭ ئۇستىگە مەنمۇ ئۇنىڭغا بىر ئاز ھۈنەر ئۆگىتىپ قويدۇم.

ــــ سەن نېمىنى ئۆگىتەلەيتتىڭ؟ ئۆزۈڭ تېخى تۈزۈكرەك بىلمەي تۇرۇپ، باشقىلارغا ئۆگەتكىلى تۇرۇپسەن ـ دە، ــــ دېدى پېترو قاتتىق تېگىپ.

پوگال ئوڭايسىزلىنىپ كۈلۈپ قويدى.

پېترو باجۇا بىلەن نۇشانى ئىشارەت قىلىپ چاقىردى، ئاندىن ئۇلار بىلەن بىللە تار كوچىغا كىرىپ ئۆزىنىڭ تۇرار جايىغا يېتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ تۇرىدىغان ئۆيى ئالتە ئېغىزلىق ئۆي ۋە بىر ئۈزۈن كارىدوردىن ئىبارەت بولۇپ، ھويلىسى كەڭ ـ كەڭرى، لېكىن خىش ياتقۇزۇلمىغانىدى. ھويلىنىڭ بىر بۇرجىكىدە ئېگىلىپ قالغان بىر تۈپ دەرەخ بولۇپ، ئۇنىڭ شاخلىرىغا نۇرغۇن قاغا قونۇۋالاتتى، ئايدىڭ كېچىلىرى قاغىلار

قاقىلداپ ئۇياق ـ بۇياق ئۇچۇپ يۈرەتتى. ھازىر چوڭ ئۆيدە چىراغ يېنىپ تۇراتتى. تامغا يۆلىنىپ تۇرغان جىگرەم پېترونى كۆرۈپلا دەرھال ئورنىدىن دەس تۇردى.

— ئۇلار تېخى قايتىپ كەلمىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى پېترو.

— قادىر بىلەن بانچە قايتىپ كېلىپ چاي ئىچىشكە چىقىپ كەتتى، — دېدى ئۇ جاۋابەن.

پېترو «ھىم» دەپ قويۇپ، ھارغىنلىق بىلەن يەرگە سېلىنغان كەندىر پالاستا ئولتۇردى. جىگرەم پوگالغا كۆلۈمسىرەپ قاراپ قويۇپ، ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ قاتتىق قۇچاقلىشىپ كەتتى.

— ئاداش، — دېدى جىگرەم، — سەن يوق، قارتىمۇ قىزىمىدى دېگىنە. ئەزبىرايى خۇدا، سېنى سېغىنمىغان كۈنىمىز بولمىدى.

— ئەمىسە، بۈگۈنلا ئويناپلى، ماڭا قارتا ئوينىمىغىلىمۇ ئۇزاق بوپتۇ. ئارانلىقتا بىر قول قارتا تېپىۋىدىم، ئاشۇ گۈيلار تارتىۋالدى، — دېدى پوگال كۈلۈپ تۇرۇپ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ جىگرەمگە ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر تۈرمىسىدىكى نۇرغۇن ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى. بىردەمدىن كېيىن ئىشىك ئالدىدا يىگىرمە نەچچىگە كىرگەن ئىككى بالا پەيدا بولدى. ئۇنىڭ بىرى چىرايى قارامتۇل، چاچلىرىنى پارقىرىتىپ مايلىغان، ئۇستىگە كالتە كۆڭلەك، ئاستىغا بۇرۇلكا كىيگەنىدى. يەنە بىرى ئۇنىڭغا ئوخشىمايتتى. ئۇ چىرايى ئاقراق، بوينىغا تور شارپا ئورىغان، پاختا رەختتىن تىكىلگەن كەڭ پۇچقاقلىق شالۋۇر كىيگەنىدى. ئۇلار كۆرەڭلىگەن ھالدا كۈلۈشۈپ تۇراتتى.

پېترو كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ تۈۋلىدى.

— قاراڭلار، شۇنچىۋالا كۆرەڭلەپ كېتىپسىلەر! خېلىدىن بېرى ئەدىپىڭلارنى يېمىدىڭلارغۇ دەيمەن؟

ئابايىقى ئىككىيلەن قورقۇپ كېتىپ، ئالدىراپ ـ تېنەپ ئۇستىسىغا سالام بېرىپ، ئاندىن قورۇنغان ھالدا بىر بۇلۇڭغا

بېرىپ ئولتۇردى.

— نېمىشقا بۇلۇڭغا كىرىپ يوشۇرۇنۇۋالىسىلەر؟ ئابايا قەيەرگە كەتتىڭلار؟ — دېدى پېترو.

ئۇلار جاۋاب بەرمىدى. بۇنىڭغا پېترونىڭ ئاچچىقى كەلدى.

— زۇۋانىڭلار تۇتۇلۇپ قالدىمۇ، نېمىشقا گەپ قىلمايسىلەر؟ — دەپ ئاغزىنى بۇزدى ئۇ. ئاندىن ئابايىقى قارىلاق بالىدىن سورىدى، — سەن گەپ قىلە، قارا شەيتان!

— ئۇستام، ئازراق كېچىكىپ قالدۇق.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ پېترونىڭ سەپراسى قىرىق گەز ئۆرلىدى.

— نېمە، ئازراق كېچىكىپ قالدۇق؟ ھازىر سائەت ئون بولدى، مۇشۇ ئازراق كېچىكىپ قالغانلىقمۇ؟ سىلەرنى پاسپورت ئىشخانىسىغا ئەۋەتكەن، ئۇلار سائەت تۆتتە ئىشتىن چۈشىدۇ. ھازىر ئۇ يەردىن بىرەر ئادەمنىڭ قارىسىنىمۇ تاپقىلى بولمايدۇغۇ دەيمەن؟

— بىز يەنە كىرىفتونغا بېرىپ كەلدۇق.

— بىكار لاغايلاپ يۈردۇق دېگىنە، شۇمتەك! نېمانداق ھەممىڭلار ھۇرۇنلۇق كېسىلىنى يۇقتۇرۇۋالغانسىلەر. ھەي تەنتەكلەر، ھوشۇڭلارنى تېپىپ يۈرۈڭلار! سىلەرگە بەك كەڭ قورساقلىق قىلىپ كەتتىم، ھەي جىگرەم. سەن ئىش قىلامسەن يا پاراڭ سوقامسەن؟

ئۇ ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، تام تۈۋىگە بېرىپ شۇ يەردىكى بىر ئارچا ياغىچىدىن ياسالغان ساندۇقنى ئاچتى - دە، ئۇنىڭدىن ئۇزۇن بىر تىزىملاش دەپتىرىنى ۋە قەلەم - سىياھ قۇتىسىنى ئېلىپ، چىراغ تۈۋىگە كېلىپ ئولتۇردى.

— سىلەرنىڭ سىرتتا ئايلىنىپ يۈرگەن ۋاقتىڭلار قىسقا بولمىدى، قېنى قانداق قالتىس ھوسۇل ئالدىڭلاركىن؟ — دېدى پېترو ھېلىقى ئىككى ياشقا.

قارىراق كەلگەن بالا شالۋۇرىنىڭ يانچۇقىدىن بىر ئاز قەغەز پۇل ۋە تومپۇر چىقىرىپ جىگرەمنىڭ يېنىغا قويدى.

— جىگىرەم، قانچە پۇل ئىكەن؟ — دەپ سورىدى پېترو ئۇستا.

جىگرەم ساناپ چىقتى.

— جەمئىي ئەللىك بەش رۇپىيە توققۇز ئاننا ئىكەن، — دېدى. ئاندىن بۇ پۇل سانىنى تىزىملاش دەپتىرىگە خاتىرىلەپ قويدى.

— ئاران شۇمۇ؟ — دېدى پېترو، — تۈنۈگۈنكى ھوسۇللىرىڭلار خېلى كۆپ ئىدى، بۈگۈن نېمە بولدى؟

— تۈنۈگۈن تۆت قېتىم قىلغان، بۈگۈن ئاران بىر قېتىم قىلدۇق.

— ھەي ي ي، بۇنداق قىلساڭلار قانداق بولىدۇ. ئۇدا بۇنداق قىلىۋەرسەڭلار بولمايدۇ. تۈنۈگۈن نېمىشقا ماڭا دېمىدىڭلار؟ بۇنىڭدىن كېيىن بىر قېتىم قىلساڭلار بولدى. بولمىسا تۇتۇلۇپ قالساڭلار، سىلەرنىڭ تاپقان پۇلۇڭلار سىلەرنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كېتىدىغان سوۋغاتقىمۇ يەتمەيدۇ.

ئەمدى پېترونىڭ غەزىپى تارقاپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئۇ ئۆزىنى چوڭلاردەك تۇتۇپ، ئۇلارغا يانچۇقچىلىق قىلىشنىڭ يېڭى ئۇسۇلىنى ئۆگىتىشكە باشلىدى. ھېلىقى ئىككىيلەن بېشىنى كۆتۈرمەي، ئەدەپ بىلەن ئولتۇرۇپ ئاڭلىماقتا ئىدى. شۇ ئەسنادا ئۆيگە يېشى كىچىك ئۈچ بالا كىرىپ كەلدى.

— ئۇستام، ياخشىمۇسىز !؟

ئۇچەيلەن ئۇنىڭغا سالام بېرىپ بولۇپ، بىر چەتكە ئۆتۈپ ئولتۇرۇشتى. بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئىگىز بويلۇق يەنە بىر بالا كىردى. ئۇ پېتروغا سالام بەرگەندىن كېيىن گەپ ـ سۆز قىلماي ئولتۇردى. پېترو سوزۇلۇپ يېتىپ، باجۇاغا ئۇچا تۇتقۇزۇۋاتاتتى. يانچۇقچىلار ئارقا ـ ئارقىدىن قايتىپ كەلگىلى تۇردى. سائەت ئون بىر بولغاندا ئۆيئىچى لىق تولدى، جەمئىي ئون ئالتەيلەن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە يېشى كىچىك باللار، تەمبەل ياشلار، شۇنداقلا ئايرىم ياش قۇرامىغا يەتكەن كىشىلەر

بار ئىدى. ھەربىر يانچۇقچى كىرگەندىن كېيىن، پوگال بىلەن قىزغىن قۇچاقلىشىپ، تۇرمە ئەھۋالىنى سورايتتى.

يانچۇقچىلار ئۆيدە خۇددى بىر توپ چىۋىندەك ۋىڭىلداپ گەپلەشمەكتە ئىدى. پېترو گەپ ـ سۆز قىلماي يانپاشلاپ ياتاتتى. ئاخىرىدا ئۇ بىر كېرىلىۋېلىپ ئورنىدىن تۇردى. بارلىق يانچۇقچىلار ئۆزىنى رۇسلاپ ئەدەپ بىلەن تىز ئولتۇرۇشتى. جىگرەم چىراغ بىلەن خاتىرە دەپتىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى.

ــ قېنى دەپتەرگە ئالدىرۇشنى باشلاڭلار، ــ دېدى پېترو يانچۇقچىلارغا.

يانچۇقچىلار نۆۋەت بىلەن بىر ـ بىرلەپ ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ، يانچۇقىدىن قەغەز پۇل ۋە تومپۇرلارنى چىقىرىپ ئۇنىڭ ئالدىغا قوياتتى. پېترو ھەربىر يانچۇقچىنىڭ ئىسمىنى ئۇنلۇك ئوقۇپ، پۇلنى ئۆزى ساناپ چىقاتتى. جىگرەم بىر ـ بىرلەپ دەپتەرگە ئالاتتى.

پېترو ئۇستا گاھ ئۇنى مۇرىسىگە ئۇرۇپ قويۇپ، بىرنەچچە ئېغىز ماختاپ قوياتتى، گاھ بۇنى بىرنەچچە ئېغىز تىللاپ قوياتتى ۋە بەزىدە قايسىبىرىگە ئوغرىلاش ماھارىتىنى ئۆگىتىپ قوياتتى. يانچۇقچىلارنىڭ ھەممىسى پۇتۇن پۇلنى تاپشۇرغاندىن كېيىن، پېترو ئۇستا ئۇ پۇلنىڭ ئۇچتىن بىر قىسمىنى جىگرەمگە تاپشۇرۇپ بەردى. بۇ گۇرۇھقا تەئەللۇق قىسمى ئىدى. قالغان پۇلنى پېترو ھەربىر كىشىگە ئىش ھەققى ھېسابىدا بۆلۈپ بەردى. يانچۇقچىلار ئوخشىمىغان دەرىجىلەر بويىچە پۇل ئالدى.

پېترو ئۇستا ئىش ھەققىنى تارقىتىپ بولغاندىن كېيىن، جىگرەمگە قولى بىلەن باجۋانى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

ــ سەن ئۇنىڭغا يىگىرمە رۇپىيە بەر، ــ دېدى. ئاندىن جىگرەمنى ئىشقا بۇيرۇدى، ــ سەن چىقىپ يېڭى تاتلىق يېمەكلىكتىن بىرئاز ئەكىر، مەن شاگىرت قوبۇل قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزىمەن. ئەۋزەلنىڭ دۇكىنىغا بارما. ئۇ ئەبلەخ

مايغا نىمە ئارىلاشتۇرىدىكىنتاڭ، ئاۋۇ كۆنى سەن ئەكەلگەن نوقۇت ھالۇسى ئادەمنىڭ گېلىنى ئاغرىتىپ قويىدى، ھېلىغىچە تېخى بىرقىسما بولۇپ تۇرىمەن.

باجۋا جىگرەمدىن يىگىرمە رۇپىيە ئېلىپ چىقىپ كەتتى. پېترومۇ ئۆيدە ئۇزاق ئولتۇرماي، ئاستا تۇرۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ چىقىپ كېتىشى بىلەن تەڭ، يانچۇقچىلار ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشقا چۈشۈشتى. ئۇلار پوگالنىڭ يېنىغا سۈرۈلۈپ كېلىپ، ئۇنىڭدىن خىلمۇخىل مەسىلىلەرنى سورىدى. نۇشا بىر چەتتە جىم قاراپ ئولتۇردى. ئۇ بىرئاز قورقۇپ قالغانىدى، چۈنكى يانچۇقچىلار ئۇنىڭغا گۇمان بىلەن قارىماقتا ئىدى.

پېترو ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇ ئەمدىلا يۇيۇنۇپ چىققان بولۇپ، بەلنىڭ تۆۋىنىنى يوغان بىر پارچە ئاق رەخت بىلەن ئورىۋالغان، لۆڭگە بىلەن ھۆل بەدەنلىرىنى سۈرتمەكتە ئىدى. ئۇ بەدىنىنى سۈرتۈپ بولۇپ بىر ئاچقۇچنى جىگرەمگە تاشلاپ بەردى.

— ماڭا ساندۇقتىن بىر قور پاكىز كىيىم ئېلىپ بەرگىنە، — دېدى. جىگرەم ئاچقۇچنى ئېلىپ ماڭاي دەپ تۇرسا، ئۇ جىگرەمگە يەنە ئىش تاپشۇردى، — مېنىڭ تەقىيەم بىلەن جايناماز نىمۇ ئالغاچ كىر.

جىگرەم چىقىپ كەتتى. پېترو ئۇستا نۇشاغا ئىشارەت قىلىپ:

— مېنىڭ قېشىمغا كەل، — دەپ چاقىردى.

نۇشا ئېھتىيات بىلەن مېڭىپ ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— ئوڭ قولۇڭنى ئۇزارتقىنا، كۆرۈپ باقاي، — دېدى پېترو.

نۇشا قولىنى ئۇزارتتى. پېترو ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ، ھەربىر بارمىقىنى سىلاپ كۆردى. ئۇنىڭ بارماقلىرى يۇمشاق ۋە ئىنچىكە - ئۇزۇن ئىدى.

— بارماقلىرىڭنىڭ ئۇزۇنلۇقى يارايدىكەن، شۇغىنىسى ئەۋرىشىم ئەمەس ئىكەن. بىرئاز ۋاقىت مەشىق قىلىشقا توغرا

كېلىدۇ، ــــ دېدى پېترو.

پېترو ئۇنىڭ بارماقلىرىنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، نۇشا ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭاي دېۋىدى، پېترونىڭ ئاچچىقى كەلدى.

ــــ نېمىدىن قورقىسەن؟ بەدىنىڭ مىختا ئىكەن، لېكىن ئانچە چېچەن ئەمەس ئىكەنسەن، ــــ دېدى ئۇ. نۇشا ئۇندىمەي ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

پېترو يەنە بىر نېمە دېمەكچى بولۇپ تۇرىۋىدى، ئاڭغىچە بانچە سۆزلەپ كەتتى:

ــــ تۈنۈگۈن كارادىلدىكى ئەھمەتجان ئۇستامنى پالاكەت بېسىپتۇ. بۇندىن بۇرۇن ئۇ تېخى ھەيۋە قىلىپ كۆرەڭلەپ يۈرەتتى.

ــــ نېمە دېدىڭ؟ ــــ دەپ سورىدى پېترو ئۇنىڭ گېپىگە قىزىقىپ.

ــــ ئۇلار پو ئېتىپ: كاراچىدىكى بارلىق يانچۇقچىلار ئىچىدە ئىقتىدارلىق بىرىمۇ يوق، يەنىلا ئاشۇ ئۇستاز دەپ ئاتاشقا لايىق، دېيىشىپ يۈرەتتى، ــــ دېدى بانچە.

پېترو بۇ گەپنى ئاڭلاپلا ئاچچىقى كېلىپ قايناپ كەتتى.

ــــ پۈتۈن شەھەر بويىچە يالغۇز ئاشۇ نەرسىلا ئۇستاز دەپ ئاتاشقا لايىق ئىكەن ـ دە! بۇ پۈتۈنلەي بىلجىرلاش. ئۇنىڭ يانچۇقچىلىق قىلىشتا بىلىدىغان ئىككى خىل ھۈنىرىنى ئۇششاق باللارمۇ بىلىدۇ. ھەقىقىي يانچۇقچىلىق قىلىش ھۈنىرىنى ئۇنىڭ ئۇستىسىمۇ بىلمەيدۇ. ئۇ نەرسە تېخى ھازىرغىچە ئۈچىنچى بارمىقىنىمۇ تۈزۈكرەك ئىشلىتەلمەيدۇ. باشمالتىقىنى پەقەت ئىشلىتەلمەيدۇ. ئۇنى قويۇپ تۇرايلى، بومبايدا ئۆگەنگەن يانچۇقچىلارنىڭ بەرى كالۋا، ــــ ئۇ جۇشقۇنلۇق ۋە ھاياجانلىق بىلەن باشلىرىنى چايقاپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، ــــ كالكۇتتادىن تارتىپ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغىچە ھەممە يەردىكى بەلكىم بۇ ئىشنى قىلغۇچىلار باردۇر، ئەمما ماڭا ئوخشاش ھەق ئالماي ھۈنەر ئۆگىتىدىغان ئادەم يوق. مېنىڭ

ئۇستازىم شەيخ نەبى باخشىنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇ چاغدا ئۇ يەتمىش ياشتىن ئاشقان بولۇپ، ئادەتتە تالا ـ تۈزگە ئاز چىقاتتى. ئۇ بىر مۇنتىزىم مەكتەپ ئاچقان، ئۆگىنىش ھەققى ساقمۇساق يۈز روپىيە ئىدى. ئۇ يەردە ھۈنەر ئۆگىنىشتە تېخى نۇرغۇنلىغان ئازابلارنى باشتىن كەچۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. سەللا كۆڭۈلگە ياقماي قالساڭ، ئاغزىڭغا ئۇراتتى. ھېچكىممۇ غىڭ قىلالمايتتى ياكى بولمىسا ئۇ كۆتۈڭگە تېپىپ چىقىرىۋېتەتتى. لېكىن، ئۇنىڭ راستلا بىڭىسى بار ئىدى. بەزى داڭلىق ئۇستازلارمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا يېڭىلگەنلىكىگە تەن بېرەتتى.

پېترونىڭ ئاچچىقى قايتقانىدى. ئۇ روھلانغان ھالدا سۆزلەۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا جىگرەم كىيىملەرنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. پېترو ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ، جايىنامازنى پالاسنىڭ ئۈستىگە سېلىپ، بىر بۇرجەكتە ئولتۇردى. بىرپەستىن كېيىن باجۋامۇ بىرمۇنچە نەرسە كۆتۈرۈپ كىرىپ، ئۇ نەرسىلەرنى پېترونىڭ ئالدىغا قويدى. جىگرەم ئىسرىق سالدى. ئۇنىڭدىن چىققان ئىس غۇژمەك ـ غۇژمەك بولۇپ لەرزان ئۈزۈپ لەيلەپ يۈرەتتى. ھاۋادا چاپانسلا خۇش پۇراق پەيدا بولدى. پېترو بېشىغا تۇرك تەقىيەسىنى كىيىپ، يېمەكلىكلەرنى داستىخانغا قويۇپ، ئاندىن كۆزلىرىنى يۇمۇپ دۇئا قىلىشقا باشلىدى.

دۇئادىن كېيىن ئۇ نۇشانى يېنىغا چاقىرىپ، ئۇنىڭغا ئۆز قولى بىلەن گۈلچەمبىرەك تاقاپ قويدى ۋە ئۆزىنىڭ بېشىدىكى تەقىيەسىنى ئېلىپ ئۇنىڭ بېشىغا كىيدۈرۈپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن شاگىرت قوبۇل قىلىش مۇراسىمى ئاياغلاشتى. ئەمدى نۇشا پېترو گۇرۇھىغا رەسمىي قاتناشتى. پېترو تاتلىق يېمەكلىكتىن بىر پارچە ئېلىپ، نۇشانىڭ ئاغزىغا سېلىپ قويدى. ئاندىن ھەممەيلەن يېيىشكە باشلىدى. نۇشا ئورنىدىن تۇرۇپ يانچۇقچىلارنىڭ ھەربىرى بىلەن قۇچاقلاشتى. ئۇ بۇ

گۆرۆھىنىڭ ئۇن يەتتىنچى ئەزاسى بولۇپ قالدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن پېترونىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە بانچە كىنو ناخشىسىدىن بىرنى ئوقۇپ بەردى. ئۇنىڭ ئاۋازى ياخشى ئىدى، ئۇ بەدەنلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ تۇرۇپ ناخشا ئېيتاتتى. قادىر ئاغزىدا تەڭكەش قىلىپ ئىسقىرتىپ بەردى.

يانچۇقچىلار تاكى تۈن يېرىمىغىچە ئولتۇرۇشۇپ، ئاندىن ئۇخلاشتى. ئۇلارنىڭ بىرمۇنچىسى مۇشۇ يەردە تۇراتتى، بىر ئۆيدە بىرقانچە كىشى ياتاتتى. پوگال بىلەن نۇشا بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇلدى.

پېترو ساقمۇساق بىر ھەپتە نۇشاغا يانچۇقچىلىق ھۈنىرىنى ئۆگەتتى. تەربىيە ئارقىلىق نۇشانىڭ بارماقلىرىغا كۈچ كىرىپلا قالماستىن، بەلكى ئىنتايىن چاققان بولۇپ كەتتى. كېيىن جىگرەم ئۇنىڭ يېتەكچىسى قىلىپ بەلگىلەندى.

جىگرەم ئورۇقراق كەلگەن بولۇپ، زېرەك ۋە چاققان ئىدى. پېترو ئۇنى ئالاھىدە ئەتىۋارلايتتى. ئۇ بارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك يانچۇقچىلارنىڭ ئالدىدا جىگرەمنى ئۆزىنىڭ ئىزباسارى دەپ جاكارلىغانىدى. ئۇ جىگرەمگە بەك ئىشىنەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، يانچۇقچىلارنىڭ ھېساباتلىرىنى ۋە پۇللارنى شۇ تۇتاتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى ياخشى بولۇپ، نۇشاغا بەك كۆڭۈل بۆلەتتى، ھەممە ئىشتا ئېتىبار بېرەتتى. ھەر كۈنى ئۇنىڭغا بىرنەچچە قېتىم چاي ۋە قېتىق بېرەتتى. تاماكىنىمۇ ئۇنىڭ خالىغانچە چېكىشىگە يول قوياتتى. بىرنەچچە كۈنگە قالماي نۇشا جىگرەم بىلەن ئوبدان تونۇشۇپ، بەك چىقىشىپ كەتتى. شۇ كۈنلەردە جىگرەمنىڭ ۋەزىپىسى شەھەرنىڭ ئاھالە زىچ ئورۇنلاشقان بىر رايونىدىكى ئاپتوبۇس بېكىتىدە يانچۇقچىلىق قىلىش ئىدى. ئاي بېشىدىكى بىر كۈنى جىگرەم «چوڭ خورازدىن بىرنى بوغۇزلاپ» (يانچۇقچىلار يانچۇقتىن پۇل ئوغرىلاشنى «خوراز بوغۇزلاش» دېيىشەتتى) بىر قېتىمدا ئىككى يۈز رۇپىيەدىن كۆپرەك پۇل تاپقانىدى.

جىگرەم پۇل ئوغرىلىغان چاغدا نۇشا ئۇنىڭ يېنىدا تۇراتتى، يەنە ئاجا پابۇرمۇ بار ئىدى. نۇشا جىگرەمنىڭ پۇل ئوغرىلىغان چاغدىكى ئېغىر ـ بېسىق ۋە تەبىئىيلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ئۇ جىگرەمنىڭ قاچان قول سالغانلىقىنى پەقەت بىلمىدى. جىگرەم ئۇنىڭ قولىغا بىر قاپچۇقنى تۇتقۇزۇپ، ئۇنى دەرھال كېتىشكە ئىشارەت قىلغاندىلا، ئاندىن بىلدى. پېترو ئاللىبۇرۇن بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغان بەلكى تېخىمۇ ئۇنى رەسمىي سىناپ كۆرگەنىدى.

نۇشا قاپچۇقنى ئېلىپ، ئۇدۇل جىگرەم ھەر كۈنى بارىدىغان چايخانىغا باردى. تەخمىنەن ئون بەش مىنۇتتىن كېيىن جىگرەم بىلەن ئاجا پابۇرمۇ خۇشال ھالدا چايخانىغا كېلىشتى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن چاپسان ۋە ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى. ئەسلىدە نۇشا يانچۇق كولاشتىن بىرئاز قورقاتتى، بۇ قېتىملىق سىناقتىن كېيىن ئۇنىڭ يۈرىكى چوڭىيىشقا باشلىدى.

## 3

نىياز ئايالىنىڭ ئۆمۈر سوغۇرتا پۇلىنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا غايەت زور ئۆزگىرىش پەيدا بولدى. ئۇ ئەللىك مىڭ روپىيەنىڭ چېكىنى تاپشۇرۇۋېلىپلا، شەھەر ئەتراپى رايونىدا بەك ھەشەمەتلىك بولمىغان بىر داچا سېتىۋېلىپ، بۇ يېڭى جايغا كۆچۈپ كىردى.

بۇ قاقاسىراق جاي بولۇپ، ئارقا تەرىپى ئېگىز ـ پەس ئېدىرلىق ئىدى. ئالدى تەرەپتە كونا پاسوندىكى بىرنەچچە قورۇ بولۇپ، بىر چاغلاردا ھەربىي قىسىمنىڭ بەزى ئوفىتسېرلىرى بۇ يەردە ئولتۇرغان، كېيىن بۇ ئۆيلەر يەرلىك ئورۇنغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، بۇ يەردە قۇرۇلۇش باشلىنىپ، كۈندىن ـ كۈنگە ئۆزگەرمەكتە ئىدى. ئەمما، گۇگۇم ۋاقتى بولۇش بىلەنلا ھەممە

يەردە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى، يولۇچىلارمۇ يوق ھېسابىدا بولاتتى؛ قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەن تەڭ چىلبۆرىلەر ھۇۋلاشقا باشلايتتى ـ دە، قورققىنىدىن كىشىلەرنىڭ چاچلىرى دىردىيىپ كېتەتتى؛ كېچىسى بولسا پۈتۈن مەھەللە قەبرىستانلىقتا ئوخشاش قورقۇنچلۇق بولۇپ كېتەتتى.

نىيازنىڭ داچىسىدا جەمئىي تۆت ئېغىز ئۆي بولۇپ، ئۇ سېتىۋېلىنغاندىن كېيىن بىرئاز كونا ئۆي جاھازلىرىنى ئېلىپ، ھەرقايسى ئۆيگە تىزىپ قويدى. كىچىك بىنا ئەتراپىدا كەڭ بىر پارچە بوش جاي بولۇپ، ئۇ يەردە بىرمۇنچە دەرەخ بار ئىدى. بۇ دەرەخلەر ئۇزاقتىن بۇيان پەرۋىشسىز قالغان، ھويلىنى ياۋا ئوت ـ چۆپلەر بېسىپ كەتكەنىدى؛ كېچىلىرى دەرەخنىڭ خازانلىرى خۇددى بىرى شىپىرلاپ مېڭىۋاتقاندەك شىلدىرلاپ يەرگە چۈشۈپ تۇراتتى.

بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇ راھەت تۇرمۇش كەچۈردى. لېكىن، بېرىپ ـ كېلىشتە ئاۋارىچىلىك تارتىپ قالدى. ئۇ شەھەر ئىچىدە تىجارەت قىلاتتى. ھەر كۈنى قاق سەھەردە ماڭاتتى، بەزىدە ئاپتوبۇس بېكىتىدە نەچچە سائەتلەپ كۈتۈشكە توغرا كېلەتتى. بۇ يولدا ئاران بىرنەچچىلا ئاپتوبۇس بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كونىراپ كەتكەن بولغاچقا، دائىم بۇزۇلۇپ تۇراتتى. ئۇ قاتناش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئالتە مىڭ بەش يۈز رۇپىيە خەجلەپ كىچىك ماشىنىدىن بىرنى سېتىۋالدى. قىزىل رەڭلىك بۇ پىكاپنىڭ پاسونى بەك كونا بولسىمۇ، مېڭىشى خېلى جايىدا ئىدى.

ماشىنا ئالغاندىن كېيىن نىياز ئۆزىگە قانات چىققاندەك بولۇپ قالدى. ئۇ كەڭ شالۋۇر ۋە ئۇزۇن كۆڭلەكلىرىنى تاشلاپ، بۇرۇلكا ۋە قىسقا كۆڭلەك كىيدى. ساقال ـ بۇرۇتلىرىنىمۇ چۈشۈرۈۋەتتى. ھەر كۈنى كۆرەڭلەپ ماشىنا بىلەن ئۇياق ـ بۇياققا چېپىپ يۈرىدىغان بولۇپ قالدى. كېيىن دۇكىنىنىمۇ بىرىگە بېرىۋېتىپ، كىچىك بىناسىنىڭ ئىشىك ئالدىغا:

«ھۆكۈمەت ھۆددىگىرى شەيخ مۇھەممەت نىياز» دېگەن چوڭ ھەرپلىك ئىنگلىزچە خەت يېزىلغان بىر سولياۋ تاختا ئېسىپ قويىدى.

ئۇ ئىنگلىزچىنى قىلچە ئۇقمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ھەقىقەتەن ھۆكۈمەت ھۆددىگىرى ئىدى. ئۇ جامائەت قۇرۇلۇشى ئىدارىسىنىڭ ئىشخانا بىناسىنى سېلىشنى ھۆددىگە ئالغانىدى. بۇ قۇرۇلۇش ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ B دەرىجىلىك ھۆددىگىرى سۈپىتىدە ھۆددىگەرلەر ئىسمىلىكى دەپتىرىگە تىزىملانغانىدى. نىياز بۇ قۇرۇلۇشنى ھۆددىگە ئالغانلىقتىن، شەھەر مەمۇرىيەتى كومىتېتى يېڭى بازار سېلىش كەسپىنىمۇ ئۇنىڭغا ھۆددىگە بەردى. ئۇ يەتتە يۈز مىڭ رۇپىيەگە خېرىدار بولدى، باشقا خېرىدار بولغۇچىلارنىڭ پۇل سانى ئاز ئىدى، لېكىن شۇ كۈنلەردە ئەمدىلا شەھەر مەمۇرىيەتى كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولغان خان باھادۇر سايلام جەريانىدا بولغان چىقىمنى ئۇندۇرۇۋېلىش كويىدا بولۇۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ نىياز بىلەن كونا ئاغىنىدارچىلىقى بار ئىدى. شۇڭا، ئۇ نىيازغا ھۆددىگە بېرىشنى تەستىقلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچتىن بىر قىسىم پاي ئۇنىڭغا تەۋە ئىدى.

نىياز بۇرۇن قۇرۇلۇش كەسپىنى قىلىپ باقمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇنداق چوڭ قۇرۇلۇشنى ھۆددىگە ئېلىشقا يېتەرلىك مەبلىغىمۇ يوق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ يەنە پۈتۈن قۇرۇلۇشنى باشقا بىر ھۆددىگەرگە بەش يۈز ئەللىك مىڭ رۇپىيەگە ھۆددىگە بەردى. ئەمدى ئۇ ھۆددىگە ئېلىنغان قۇرۇلۇش نامى بىلەن زاكاز قىلغان سېمونت ۋە پولات ماتېرىياللىرىنىڭ ئارتۇق قىسمىنى بىر ئامال قىلىپ قاراڭغۇ بازاردا سېتىۋەتسىلا بولاتتى.

ئۇنىڭ خان باھادۇر بىلەن بولغان ئالاقىسى ئەسلىدىلا ياخشى ئىدى. قۇرۇلۇشنى ھۆددىگە ئېلىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇلارنىڭ بېرىش ـ كېلىشلىرى تېخىمۇ قويۇقلاشتى. نىياز ھەر كۈنى ئۆزىنىڭ كۆپ ۋاقتىنى خان باھادۇر بىلەن بىللە ئۆتكۈزەتتى. ئۇ

خان باھادۇر ئارقىلىق شەھەردىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار بىلەنمۇ تونۇشۇپ قالدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئاستا ــ ئاستا شەھەرنىڭ مەشھۇر زاتلىرىدىن بولۇپ قالدى.

ئۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك خان باھادۇرنىڭكىگە بېرىپ، بىللە شاراب ئىچىشىپ، قارتا ئوينىشىپ ئولتۇراتتى. خان باھادۇر قارتا خۇمارى ئىدى. شەھەر مەمۇرىيىتى كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولغاندىن كېيىن، خىزمەت ئالدىراش بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا بۇرۇنقىدەك قارتا ئويناپ تۇراتتى. ئاخشىمى بەزى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ۋە مۇشۇ شەھەردىكى كاتتا سودىگەرلەر ئۇنىڭ ئۆيىگە يىغىلاتتى. كۈندە شۇنداق بولاتتى، ھەرگىز ئۈزۈلۈپ قالمايتتى. بۇ يەر راستىلا بىر خۇسۇسىي كۇلۇب بولۇپ قالغانىدى.

نىياز ئىنتايىن راھەتتە ياشىماقتا ئىدى. سۇلتانە بىلەن ئانىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە مۇشۇ داچىغا كۆچۈپ كىردى. ئۇلار باشقا نەگىمۇ بارالىسۇن؟ ئۇلارنى كىممۇ بېقىپ تەربىيەلىسۇن؟ بىراق، نىيازنىڭ سۇلتانەگە بولغان پوزىتسىيەسى ھەرھالدا نورمال ئىدى. رازىيە ۋاپات بولغىلى بىرنەچچە ئاي بولدى. بۇ كۈنلەردە نىياز سۇلتانەگە چېقىلمىدى، ئۇنى تەڭلىكتىمۇ قالدۇرمىدى. نىياز ئادەتتە ئەتىگەندىلا ماشىنا بىلەن چىقىپ كېتىپ، كەچ بولغاندا ئاندىن قايتىپ كېلەتتى. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاۋايلاپ مېڭىپ، ئۆزىنىڭ ياتىدىغان ئۆيىگە كىرىپ ئۇخلاپ قالاتتى. سۇلتانەنىڭ قېشىغا ھەرگىزمۇ كىرمەيتتى. نىيازنىڭ سالامەتلىكىمۇ ياخشى بولۇپ كەتكەنىدى. بۇرۇن ئۇ كۈنبويى دۇكاندا.ئولتۇرغانلىقتىن، ئاستا ــ ئاستا سەمرىپ كەتكەنىدى. ھازىر ئۇياق ــ بۇياق قاتراپ يۈرگەچ، بىر ئاز ئورۇقلىدى. چىرايىمۇ ياخشى بولۇپ قالدى. دائىم شاراب ئىچىپ تۇرغانلىقتىن، ئۇنىڭ مەڭزىدىن قىزىللىق كەتمەيتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە نىلون كۆڭلەك بىلەن بۇرۇلكا كىيىپ، بۆلەكچىلا روھلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ھەتتا سۇلتانەنىڭ

كۆزىگىمۇ بۇرۇنقىدىن ئىسسىقراق كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى.
ياز كۈنلىرىنىڭ بىر كەچقۇرۇنلۇقى كۈنپېتىشتىكى ئۇپۇقتا پەيدا بولغان توق قىزىل شەپەق نۇرىدا دەرەخ يوپۇرماقلىرى ئىرغاڭلاپ تۇراتتى. بىر كارۋان ئالدى تەرەپتىكى يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. «كولدۇرۇڭ، كولدۇرۇڭ» قىلغان قوڭغۇراق ئاۋازى كەچقۇرۇندىكى جىمجىتلىقنى بۇزماقتا ئىدى. بۇ چاغدا سۇلتانە ئۆز ئۆيىنىڭ دېرىزىسى ئالدىدا سىرتقا نەزەر سېلىپ تۇراتتى. دېرىزىنىڭ ئاستى چىملىق بولۇپ، نىياز بىر تۈپ دەرەخنىڭ تۈۋىدە ماشىنىغا ماي قۇيۇۋاتقان شوپۇرنى كۈتمەكتە ئىدى. ئۇ سىرتقا چىقماقچىدى. كەچكى شەپەق نۇرىدا ئۇ ئەركىن ـ بىمالال كۆرۈنەتتى. سۇلتانە كۆز ئۇزمەي ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغاندا، نىياز بېشىنى كۆتۈرۈپ بۇ تەرەپكە قارىۋىدى، ئىككىيلەننىڭ كۆز نۇرى ئۇچرىشىپ قالدى. سۇلتانە دەرھال دېرىزە ئالدىدىن نېرى كەتتى، ئۇنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇشقا باشلىدى.
نىياز يەكشەنبە كۈنلىرى ئادەتتە ئۆيدە بولاتتى. لېكىن، كۆپ ۋاقىتلاردا ئۆزىنىڭ ئۆيىدە تۇراتتى ياكى مېھمانخانىدا مېھمانلار بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇ سۇلتانە بىلەن ناھايىتى قىسقا گەپلىشەتتى. ئۇ بىرقانچە قېتىم سۇلتانە بىلەن ئانىنى ماشىنىغا ئولتۇرغۇزۇپ بازارغا ئاپاردى، ھەر قېتىم بىرمۇنچە نەرسە ئېلىپ قايتتى. بۇ نەرسىلەرنىڭ كۆپ قىسمى سۇلتانەگە بېرىش ئۈچۈن ئېلىنغانىدى.
ئۇ سۇلتانەگە ناھايىتى سىلىق مۇئامىلە قىلاتتى ۋە كۆيۈنەتتى. ھەمىشە يەرگە قاراپ تۇرۇپ گەپ قىلاتتى، گېپىمۇ كۆپ ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ خۇسۇسىي ئىشلىرىنى كۆپ سورۇشتۇرمەيتتى. مەسىلەن، «بۇ يەردە تۇرۇشتىن قورقامدىكەنسىز؟»، «كېچىدە يۆتەلگىنىڭىزنى ئاڭلاپ قالدىم، دوختۇرغا كۆرۈنۈپ باقسىڭىز بولارمىكىن؟»، «كۆڭلىڭىزگە ياقمايۋاتقان بىرەر ئىش بارمۇ؟» دېگەنگە ئوخشاش گەپلەرنىلا قىلاتتى.

ئۇ ھەر ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى ئەتىگەندە ئانىنى يېنىغا چاقىرىپ، ئۇنىڭدىن شۇ ئايدىكى ئۆي خىراجىتى ئۈچۈن ئۈچ يۈز رۇپىيە پۇلنى سۇلتانەگە كىرگۈزۈپ بېرەتتى. توك پۇلى، خىزمەتكارنىڭ ئىش ھەققى ۋە كىر - قات يۇيۇش ھەققى قاتارلىقلارنى سۇلتانەگە بېرەتتى. كۈنلەر كۆڭۈللۈك ۋە ئوخشۇشلۇق ئۆتۈۋاتاتتى، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئانىسىنى سېغىنىش ھېسسىياتى تەدرىجىي سۇسلىشىپ قالدى. ئۇنىڭ چىراي - قىياپىتى بارغانسېرى تولۇپ پارقىراپ، كۆزلىرى بۇلاقتەك مۆلدۈرلەپ تۇراتتى. زىلۋا بەدەنلىرىگە مۇناسىپ ھالدا گۈلدەك چىرايلىق ياسىنىپ يۈرەتتى.

لېكىن، نىياز سۇلتانەگە بارغانسېرى ئىللىق مۇئامىلە قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئانىغا بارغانسېرى سوغۇق مۇئامىلە قىلىۋاتاتتى. ھە دېسىلا ئۇنى تىللايتتى، ھەتتا ئىككى قېتىم ئانىنىڭ كاچىتىغا ئۇردى. بىر قېتىم ئۇ بەك ياۋۇزلۇق قىلدى، چاي قۇيۇلغان ئىستاكاننى ئانىغا ئېتىۋىدى، ئانا ئۆزىنى قاچۇرۇۋالدى - دە، ئىستاكان تامغا تېگىپ، پارە - پارە بولۇپ كەتتى.

ئانا كۈنبويى دەككە - دۈككىدە بولۇپ، ھەمىشە بىر چەتتە يالغۇز ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ يېشى تېخى كىچىك بولسىمۇ، لېكىن كىچىك بوۋايغا ئايلىنىپ قالغانىدى. نىياز ئۆيدىلا بولىدىكەن، ئۇ ئىمكانقەدەر نىيازغا كۆرۈنمەسلىككە تىرىشاتتى. نىياز بىرەر ئىش بىلەن ئۇنى چاقىرىپ قالىدىغان بولسا، قورققىنىدىن رەڭگى سارغىيىپ، ئالاقزەدە بولۇپ لاغىلداپ تىترىگەن ھالدا ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۈندىمەي تۇراتتى. ئۇنى قانداق ئىشقا بۇيرۇسا، ئۇ ھامان ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ، گەپلىرى پەلپەتىش بولۇپ كېتەتتى. شۇنىڭ بىلەن نىياز ئۇنى تېخىمۇ يامان كۆرۈپ كېتەتتى.

سۇلتانە نىيازنىڭ ئانىغا تۇتقان پوزىتسىيەسىنى سەزگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا بىرنېمە دېيەلمەيتتى. بىر قېتىم نىياز

ئانۇنى بىر تەستەك قويۇۋىدى، ئانۇ يىغلاپ سۇلتانەنىڭ قېشىغا كىرگەندە، ئۇنىڭ قاتتىق ئىچى ئاغرىپ كەتتى، ئانۇنىڭ يۈزىدە بارماقلارنىڭ ئىزى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى، سۇلتانە ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىۋېتىپ، ئۆزىمۇ يىغلىۋەتتى. ئۇ ئانۇنى باغرىغا بېسىپ يىغلاپ، ئاۋازى بوغۇلغان ھالدا:

— جېنىم ئۇكام، چىداپ تۇرغىن. خۇدا ھەققى، مۇنداق قاتتىق يىغلىما، يۈرىكىم پارە - پارە بولۇپ كېتەي دەپ قالدى، — دېدى.

ئۇ كىچىكىدىنلا ئانۇغا ئامراق ئىدى. ھازىر شۇنچىۋالا چوڭ جاھاندا ئانۇ ئۇنىڭ بىردىنبىر يېقىن ئادىمى بولۇپ قالغانىدى. ئاتا - ئانىسى ئىلگىرى - كېيىن ئالەمدىن ئۆتۈپ كەتتى، ئۇشانىڭ ئىز - دېرىكى تېپىلمىدى...

نىياز ئانۇغا كۈندىن - كۈنگە يامان پوزىتسىيە قوللىنىپ، ئۇنى دائىم ئازابلايدىغان بولۇپ كەتتى. ئۆيدە بىر خىزمەتكار تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەتەي ئانۇنى ئىشقا سالاتتى. ئازراق سەۋەنلىك كۆرۈلسە، ئاغزىنى بۇزۇپ تىللايتتى، يۈز - كۆزىگە تۈكۈرەتتى، بىلىكىدىن تۇتۇۋېلىپ ئىلغۇچ بىلەن سانجىيتتى.

ئانۇ بىرقانچە قېتىم سۇلتانەگە دەرد تۆككەن بولسىمۇ، ئۇ ھەر قېتىمدا ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشكە مەجبۇر ئىدى، نىيازنىڭ قېشىدا ئۇندىيەلمەيتتى. كېيىن - كېيىن ئانۇمۇ دەرد تۆكمەيدىغان بولۇپ قالدى. نىياز ئۇرغان چاغدا ئىتائەتچانلىق بىلەن بويسۇنۇپ تۇراتتى - دە، ئاندىن بىر بۇلۇڭغا كىرىپ تازا يىغلىۋالاتتى. ئۇ نىيازنى يامان كۆرەتتى. ئەمدى سۇلتانەدىنمۇ ئۈمىدسىزلىنىپ قالدى. ئۇ بارغانسېرى يالغۇزلۇقنى ياخشى كۆرىدىغان، تۈرلۈك قالايمىقان خىياللارنى قىلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ چىرايى بارغانسېرى سارغىيىپ، بەدەنلىرى ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالدى.

نېمىشقىكىنتاڭ، نىياز جۇدەپ قۇرۇق ئۇستىخان بولۇپ قالغان بۇ بالىنى شۇنچە ئۆچ كۆرەتتى. ئۇنى كۆرسىلا دەرھال

نىيازنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ، لەۋلىرى تىترەپ، ئۇنى بىر ئازابلىنىۋالمىسا بىرەر نەرسىسى كەم بولۇپ قالىدىغاندەك بولۇپ كېتەتتى.

نىيازنىڭ نەزىرىدە ئۇ گويا بىر ئىتتەك قەدىرسىز ئىدى. مەلۇم دەرىجىدە، سۇلتانە مۇنداق ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەبكار ئىدى. ئۇ ئانۇغا بەك ئامراق ئىدى. ھەر كۈنى نۇرغۇن ۋاقتىنى ئۇنىڭدىن خەۋەر ئېلىشقا بېرەتتى. ئەتىگەندە ئۇنى ئۆزىنىڭ قېشىدا ئولتۇرغۇزۇپ چاي بېرەتتى ۋە كۆپرەك نەرسە يېگۈزۈشكە تىرىشاتتى. ئاخشىمى ئۆزىنىڭ ئۆيىدە ياتقۇزاتتى. ئۇنىڭ كىيىملىرىنى ياماپ، تۈگمىلىرىنى قاداپ، دەپتەر ـ كىتابلىرىنى رەتلەپ، ئاياغ كىيىمىنى چوتكىلاپ، ئورۇن ـ كۆرپىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ بېرەتتى ۋە باشقىلار. ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەن تۇراتتى. ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىن ئانۇنى يۇيۇنۇش ئۆيىگە ئەكىرىپ قوياتتى، ئانۇ يۇيۇنۇپ بولغۇچە ئۆزى لۆڭگىنى تۇتۇپ ئىشىك ئالدىدا ساقلاپ تۇراتتى. ئانۇ يۇيۇنۇش ئۆيىدىن چىققاندا، ئۇ بەدەنلىرىنى سۈرتۈپ، چاچلىرىنى تاراپ قوياتتى، بىردەمدىن كېيىن ئۇنىڭغا بىر ئىستاكان ئىسسىق سۈت ئەكېلىپ بېرىپ، زورلاپ ئىچۈرەتتى. ئۇ مەكتەپكە ماڭغاندا، سۇلتانە ھەمىشە ئۇنىڭ قارىسى يوقالغۇچە ئىشىككە يۆلىنىپ قاراپ تۇراتتى.

سۇلتانە جان ـ دىل بىلەن ئانۇدىن خەۋەر ئېلىش بىلەنلا بولۇپ كەتكەنىدى. نىياز بەزىدە ئۇنىڭ ئىشىكنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، پۈتۈن زېھنى بىلەن ئانۇنىڭ ئىشىنى قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتى. ئۇ نىيازغا بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپمۇ قويمايتتى. مۇشۇ سەۋەبتىن نىياز ئانۇغا ئۆچ بولۇپ كەتتى.

ئانۇنىڭ غېرىبسىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، سۇلتانە خاتىرجەم بولالماي، ھەمىشە ئۇنى ئۆزىنىڭ قېشىدىن نېرى كەتكۈزمەيتتى. ئۇ ئانۇنى ئانىنىڭ بالىسىنى ياخشى كۆرگىنىگە ئوخشاش ياخشى كۆرەتتى. ئۇ ئانۇدىن خەۋەر ئېلىشتىن تەسەللى

تاپاتتى.

سۇلتانە بىر كۆنى ئازراق زۇكامداپ، بىرئاز تاۋى يوق بولۇپ قېلىشۇىدى، نىياز ئۇنى زورلاپ خىزمەتكارنى قوشۇپ دوختۇرغا ئەۋەتتى. بۇ قاش قارايغان چاغ ئىدى. ئانۇ ئادەتتىكىدەك چىملىقتىكى دەرەخ تۈۋىدە ئولتۇراتتى. پۇتۇنلەي قاراڭغۇ چۈشكەندە ئاندىن ئۆيگە قايتىپ كىردى. بۇ چاغدا نىياز ئۇنى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە چاقىرىۋىدى، ئانۇ قورققىنىدىن رەڭگى ئۆڭگەن هالدا نىيازنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— شۇنچە توۋلاپ كەتتىم، نەگە كەتتىڭ؟ هۇ هايۋان! زۇۋان سۇرمەيسەنغۇ؟ نەگە كەتتىڭ دەۋاتىمەن! — دەپ ۋارقىرىدى نىياز.

— دەرەخنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرغانىدىم، — دېدى ئانۇ تۆۋەن ئاۋازدا.

نىياز ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىغاندىن كېيىن:

— هە، ئەمدى يالغانچىلىقنى ئۆگىنىپسەن - دە. هوشۇڭنى تېپىپ يۈر، بولمىسا تېرەڭنى تەتۈر سويىمەن. بۇ ئۆيدە تۇرىمەن دېسەڭ، ياۋاش بول، بېشىڭ قايغان، پۇتۇڭ تايغان يەرلەردە لاغايلاپ يۈرۈشۈڭگە رۇخسەت يوق. مېنىڭ ئۆيۈم دارىلئېتام ئەمەس، — دېدى. ئۇ يەنە بىردەم تىللىغاندىن كېيىن، ئاندىن توڭلۇق بىلەن ئۇنى ئىشقا بۇيرۇدى، — ئىشكاپتىن ماڭا بىر ئىستاكان ئەكېلىپ بەر! ئاۋۇ بۇلۇڭدىكى ئۆزۈن بوتۇلكىنىمۇ ئالغاچ كەل!

ئانۇ ئۈندىمەي ئىشكاپ تەرەپكە ماڭدى.

كۈن ئولتۇرغان بولۇپ، توختىماي شامال چىقىپ تۇراتتى. هاۋا يېقىملىق ئىدى. چارچاپ ئۆستىخانلىرى ئىڭىرلىشىپ كەتكەن نىيازنىڭ ئازراق ۋىسكى ئىچكۈسى كېلىپ قالغانىدى.

ئانۇ ئىشكاپتىن بىر ئىستاكان ئېلىپ، ئاندىن هاراق بوتۇلكىسىنىمۇ قولىغا ئېلىۋاتاتتى، دەل شۇ چاغدا، نىياز:

— نېمانداق مىسىلدايسەن؟ — دەپ ۋارقىرىۋىدى، هودۇقۇپ كەتكەن ئانۇنىڭ دىققىتى چېچىلىپ كېتىپ، بوتۇلكا قولىدىن

چۈشۈپ سۇنۇپ كەتتى. يەرگە تۆكۈلگەن ۋىسكى هارىقىنىڭ پۇرىقى ئۆينى بىر ئالدى.

نىياز قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى چەكچەيتكەن پېتى يۇگۇرۇپ بېرىپ زەردە بىلەن ئانۇنىڭ چېچىدىن تۇتۇۋېلىپ بېشىنى قاتتىق سىلكىپ، ئاندىن بىر ئىتتىرىۋىدى، ئانۇ پومزەككە ئوخشاش بېرىپ تامغا سوقۇلۇپ، ئاندىن يىقىلىپ چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن نىياز ئۇنىڭ بەل، قورساق ۋە مەيدىلىرىگە بىرمۇنچە تېپىۋەتتى.

نىياز ئانۇنىڭ مەيدىسىگە قاتتىق بىر تېپىۋىدى، مەيدىسى ئاغرىپ كېتىپ، ئانۇ تولگۇلۇپ كەتتى. ئۇ يەنە قاتتىق بىرنى تېپىۋىدى ئانۇ يۇمۇلىنىپ بىرنەچچە گەز يەرگە بېرىپ، ئۆلۈكتەك مىدىر - سىدىر قىلماي يېتىپ قالدى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆيدىن قېچىپ چىقىپ كەتمەكچى بولىۋىدى، نىياز توسۇۋالدى ۋە دەرهال بېرىپ ئىشىكنى تاقىۋالدى. ئاندىن ئاستا ئانۇنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ سىلكىگىلى تۇردى. ئانۇ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم غەيرەتلىنىپ، ئاچچىقىدا ئاغزىنى يوغان ئېچىپ، نىيازنىڭ بېغىشىنى چىشلىۋالدى. قولى ئاغرىپ چىرايى ئۆزگۈرۈپ كەتكەن نىياز: «هۇ شۇمتەك، قولۇمنى ئەجەب ئاغرىتىۋەتتىڭ !» دەپ ۋارقىراپ، ئانۇنى يەرگە بېسىپ، ئۇستىگە مىنىۋالدى. ئانۇ بۇ يوغان گەۋدىنىڭ ئاستىدا بېسىلىپ مىدىرلىيالماي قالدى. نىياز ئۇنىڭ كانىيىنى بوغۇۋالدى، ئانۇنىڭ كۆز قارىچۇقلىرى چاناقلىرىدىن چىقىپ كېتەي دەپ قالدى.

نىياز قويۇۋەتكەندىن كېيىن، ئانۇ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ خېلى ۋاقىتقىچە يېتىپ، ئاندىن ئىڭرىغىلى تۇردى.

— مېنىڭ ئۆيۈمدىن دەرهال يوقال ! بولمىسا جېنىڭنى ئالىمەن! — دەپ ۋارقىرىدى نىياز.

ئانۇ تىرمىشىپ ئۆرە قوپۇۋىدى، مەزمۇت تۇرالماي يىقىلىپ چۈشتى. ئۇنىڭ بەدەنلىرى چىلىق - چىلىق تەر بولۇپ

كەتكەنىدى. ئۇ بىرنەچچە مىنۇتقىچە ھاسىراپ ياتتى.

— دەرھال ئۆيدىن چىقامسەن ياكى يەنە ئەدىپىڭنى يەمسەن؟ — نىياز شۇنداق دەپلا قان تولغان كۆزلىرىنى ئالايتىپ يەنە ئانۇغا ئېتىلدى.

ئانۇ دەرھال ئۆرە بولۇپ ئولتۇرۇپ:

— بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق قىلماي، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق قىلماي، — دەپ يالۋۇردى.

— ئەمىسە، بۇ يەردىن كەت! — دېدى نىياز ۋە ئىشىكنى ئېچىپ ۋارقىرىدى، — ئېسىڭدە بولسۇن، ئىككىنچى بۇ ئۆيگە دەسسىگۈچى بولما، ئۇنداق قىلمىساڭ، ھايات قالارمەنمىكىن دېمە!

ئانۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، دەلدۇگۇنۇپ مېڭىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ كىچىك بىنادىن چىقىپ چىملىقنى كېسىپ ئۆتتى - دە، دەرۋازىدىن چىقىپ، قاقاس يولنى بويلاپ ئالغا قاراپ ئاستا يۈرۈپ كەتتى.

## 4

قاپقاراڭغۇ كېچە. ئانۇ ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيدىغان كوچىدا نەگە بېرىشنى بىلەلمەي، بىرنەچچە سائەت ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئاخىر پىيادىلەر يولىدا يېتىپ ئۇخلاپ قالدى.

يېرىم كېچە بولاي دېگەندە، ئۇشتۇمتۇت يامغۇر يېغىۋاتقاندەك بىلىنىپ، كۆزىنى ئاچتى. ئۇنىڭ كىيىملىرى ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ دەرھال ئۆرە بولۇپ ئولتۇرۇۋىدى، ئۇشتۇمتۇت قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن بىرىنىڭ:

— ئەجەب قورقۇپ كەتتىم! ئۆلىدىغان بولساڭمۇ تۈزۈكرەك يەرنى تاپمامدىغان! — دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

ئانۇ شۇنداق قارىسا، بىر ئادەم ئۇنىڭ بېشىدا تۇرۇپ سىيىۋاتقانىكەن. ئۇ ئالدىراپ - تېنەپ ئارقىسىغا سۈرۈلۈپ،

قورققىنىدىن يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك بولۇپ، ئابايىقى ئادەمگە قاراپ قالدى. ئۇ ئادەم مىدىر قىلماي تۇراتتى.

— نېمانداق بۇ يەردە ئۇخلايسەن؟ ئۆيۈڭدە ياتىدىغان جاي يوقمىدى؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئىشتان بېغىنى ئېتىپ بولۇپ.

ئانۇ جاۋاب قايتۇرماي، قورققىنىدىن ئۇنىڭغا قارىغان پېتى يەردە ئولتۇراتتى.

— ئۆيۈڭ مۇشۇ يېقىن ئۆپچۆرىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى ھېلىقى ئادەم يەنە.

— ياق، — دەپ جاۋاب بەردى بۇ قېتىم ئانۇ لاغىلداپ تۇرۇپ.

ئۇ ئادەم بىردەم جىم تۇرۇپ كەتتى. قاراڭغۇدا ئانۇ ئۇنىڭ قىياپىتىنى كۆرەلمەي، گەۋدىسىنىلا كۆرەلەيتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى تۆۋەن بولۇپ، ئاھاڭىدىن قارىغاندا، ئۇ توغرا ئادەمدەك قىلمايتتى.

— نېمىشقا بۇ يەردە ياتىسەن دەۋاتىمەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ يەنە.

ئانۇ گەپ - سۆز قىلمىدى. ھېلىقى ئادەممۇ قايتا ئۇنچىقمىدى. يولدا ھېچقانداق سادا يوق، جاھاننى قاراڭغۇچىلىق قاپلىغانىدى. ئۇشتۇمتۇت ئاتنىڭ كىشنىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئانۇ شۇنىڭدىلا ئۆزىدىن بىرنەچچە قەدەم نېرى يەردە بىر پەيتون تۇرغانلىقىنى بايقىدى. ئات كىشنەپ يەرنى تېپىشلىگىلى تۇرىۋىدى، ھېلىقى ئادەم ئاتقا قاراپ: «خان غوجام، سەل جىم تۇرۇپ تۇرغىن، مانا ھازىرلا قېشىڭغا بارىمەن» دەپ قويدى. ئاندىن ئانۇغا بۇرۇلدى.

— سەن نېمىشقا بۇ ئەخلەتنىڭ ئارىسىدا ياتىسەن؟ يۈر، مەن بىلەن ماڭ، — دېدى ئۇ.

ئانۇ يەنىلا لام - جىم دېمىدى. ئۇ نېمە دەپ جاۋاب بېرىشى لازىملىقىنى بىلمەيتتى.

— ئاۋۋال ئورنۇڭدىن تۇرغىنا، — دېدى ئۇ مۇلايىملىق

بىلەن. ئاندىن ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى.

ئانۇ پەيتونغا چىقىپ، پەيتونكەشنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. پەيتونكەش قامچىسىنى پۇلاڭلىتىپ قويۇپ، تىزگىنىنى سىلكىۋىدى، پەيتون مېڭىپ كەتتى. ئالدى تەرەپتە چىراغ يورۇقى كۆرۈنمەيتتى. ئاتنىڭ رىتىملىق تۇياق ئاۋازىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. پەيتوننىڭ سىلكىپ تەۋرىتىشى بىلەن ئانۇ بىردەمدىلا ئۇخلاپ قالدى. ئۇ قانچىلىك ئۇخلىغىنىنىمۇ بىلمەيتتى. كۆزىنى ئاچقاندا، پەيتون بىر تار كوچىدا كېتىۋاتاتتى. پەقەت بىر نەچچىلا سىپارى دۇكىنى ۋە سۇتخانا تېخى ئوچۇق بولۇپ، چىراغ يېنىپ تۇراتتى.

پەيتونكەش پەيتوننى بىر سۇتخانىنىڭ ئالدىدا توختىتىپ، پەيتوندىن چۈشۈپ سۇتخانىغا كىردى.

بىر سېمىز غوجايىن پەيتونكەش بىلەن سالاملاشتى.

— هە، نورۇز، نەدىن كېلىشىڭ؟ بۈگۈن بەك كەچ قايتىسەنغۇ؟

— بىر ئادەمنى كىرا قىلىپ هەربىي لاگېرغا بارغانىدىم، بەك هېرىپ كەتتىم، — نورۇز بىردەم توختىۋالدى، — ماڭا بىر كىلوگىرام سۇت بېرە، چوڭ قاچىغا قۇيۇپ بەرگىن.

— بۇ يەردە ئىچمەمسەن؟

— ياق، ئەكېتىمەن.

غوجايىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۇرۇپلا قالدى ـ دە، ئېگىلىشىپ پەيتون تەرەپكە قاراپ، ئۇنىڭ ئىچىدە بىر ئوغۇل بالا ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى.

— هەي، ئېنىقىنى ئېيتقىنا، بۇ شاكىچىكنى نەدىن تاپتىڭ؟ — دەپ سورىدى ئۇ نورۇزدىن.

— سورىمايلا قوي، ئۆز ئايىغى بىلەن كېلىپ قالدى، — دېدى نورۇز كۈلۈپ، — ئاللاتائالا هەممىۋا ئادەمگە رىزىق ئاتا قىلىدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ، پەهۋان؟

پەهۋان ئانۇغا يەنە بىر قېتىم قاراپ قويدى.

— بۇ شاكىچىكنىڭ چىراي ـ تۇرقى يامان ئەمەس ئىكەن،

شۇغىنىسى بەكرەك كىچىك ئىكەن. يەنىلا مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلا، مۇنداق ناشايان ئىشلارنى قىلىپ يۈرمەي، چاققانراق ئۆيلىنىۋالغىن.

نورۇز ئېرەن قىلماي كۈلۈپ قويدى.

— ۋاي - ۋۇي ي ي، ئۆيلەنگەننىڭ نېمە مەززىسى بار دەيسەن، جېدەل - ماجىرادىن قۇتۇلالمايدىغان گەپ.

— سەنزە، يامان بىر ئىللەتنى يۇقتۇرۇۋاپسەن جۇمۇ.

— ۋالاقلاۋەرمەي، چاپسانراق سۈتنى بەرسەڭچۇ، — نورۇز شۇنداق دەپ بولۇپ، بەش رۇپىيەلىك پۇلدىن بىرنى چىقىرىپ غوجايىننىڭ قولىغا تۇتقۇزدى، — پىشلاق بولسا، ئىككى يۈز ئەللىك گىرام بەر، بولمىسا، باشقا تاتلىق يېمەكلىكتىن بىرئاز بەر.

— قارا، بۈگۈن شۇنچە خۇشالغۇسەن، — دېدى غوجايىن.

نورۇز كۈلۈمسىرەپلا قويدى. پەھۋان سۈت قۇيۇلغان قاچىنى ئۇنىڭغا بەردى.

— پىشلاق تۈگىگەن، ساڭا شېكەر قۇيمىقى بېرەي، — دېدى ئۇ.

— بوپتۇ، شۇنى بەر، تېزرەك بوله.

پەھۋان ئاشقان پۇل بىلەن بىر بولاق شېكەر قۇيمىقىنى نورۇزغا بەردى. نورۇز ئۇنى ئېلىپ پەيتوننىڭ قېشىغا كېلىپ، سۈت بىلەن شېكەر قۇيمىقىنى ئانۇنىڭ قولىغا بېرىپ، لىككىدە پەيتونغا چىقتى - دە، يولغا راۋان بولدى. پەيتون رەستىدىن ئۆتۈپ بىرنەچچە كوچىغا بۇرۇلغاندىن كېيىن بىر ھويلىغا كىردى. تاملىرى كونىراپ ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن بۇ ھويلىدا ئۆگزىسىگە لاي سىلىنغان بىرنەچچە ئۆي بولۇپ، ئۇ ئۆيلەرنىڭ بىر ئېغىزى نورۇزنىڭ ئىدى. نورۇز ئىشىكنى ئېچىپ، سەرەڭگە ياندۇرۇپ قارا چىراغنى ياقتى. ئۆينىڭ بىر تەرىپىدە بىر كارىۋات بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە بىر مەينەت يوتقاندىن باشقا يەنە بىرنەچچە قۇر كىيىم - كېچەك چېچىلىپ ياتاتتى. ئۇنىڭ يېنىغا قويۇلغان ساندۇق ئۈستىدە تارغاق، چاچ ماي قۇتىسى ۋە باشقا

بەزى ئۇششاق ـ چۈششەك نەرسىلەر تۇراتتى. نورۇز چىراغنىڭ پىلىكىنى چىقىرىپ قويۇپ، كارىۋاتتىكى كىيىم ـ كېچەكنى يىغىشتۇرۇۋەتتى.

— سەن مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇر، مەن چىقىپ ئاتنى باغلىۋېتىپ كىرەي، قورقما، — دېدى ئۇ.

ئۆيئىچى بەك زەي بولۇپ، غەلىتە بىر خىل پۇراق بار ئىدى. ئانۇ كارىۋاتتا پۇتلىرىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ، روھسىز هالدا ئۆيدىكى نەرسىلەرگە بىر قۇر قاراپ چىقتى. ئۇ هاڭ ـ تاڭ بولۇپ قالدى. بۇلارنىڭ هەممىسى ئۇنىڭغا ناتونۇش بولۇپ، ئاجايىپ بىلىنمەكتە ئىدى. مۇشۇ ئالتە ـ يەتتە سائەت ئىچىدە ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرنى ئۇنىڭ يېشىدىكى باللار چۈشىنەلمەيتتى. ئۇ گويا چۈش كۆرۈۋاتقاندەك قىلاتتى، نېمە ئىشلىقىنى ئاڭقىرالمايتتى. ئۇنى پۇتۇنلەي خىيالىي سەزگۈ چۇلغىۋالغانىدى.

نورۇز ئۆيگە قايتىپ كىرىپ ئىشىكنى تاقاپ قويدى. ئاندىن سۈت بىلەن شېكەر قۇيماقنى بىر ئالىيۇمىن داسقا سېلىپ ئەكېلىپ، ئانۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ ئۇنىڭغا يېگۈزدى.

تاڭ سۈزۈلەي دېگەندە نورۇز ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

ئانۇنىڭ كۆزلىرىگە ياش تولغانىدى. ئۇ قاچان ئويغاندىكىن تاڭ ئۆلۈكتەك مىدىر ـ سىدىر قىلماي كارىۋاتتا ياتاتتى. ئۇ نورۇزنىڭ چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. تۈڭلۈكتىن چۈشكەن يورۇقنى كۆردى. تاڭ ئاتقانىدى. يېقىن ئەتراپتىكى مەسچىتتىن: «ئاللاهۇ ئەكبەر، ئاللاهۇ ئەكبەر» دەپ ناماز بامداتقا ئەزان توۋلاۋاتاتتى.

هويلىدا ئۇششاق بالىلارنىڭ يىغا ئاۋازى، ياشانغانلارنىڭ يۆتەلگەن ئاۋازى، ئاياللارنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. بۇ ئاۋازلار قوشۇلۇپ شاۋقۇن ـ سۈرەن ئەۋجىگە چىقتى. ئانۇ جىم يېتىپ بۇ ئاۋازلارغا قۇلاق سېلىپ، كۆزلىرىنى تۈڭلۈككە تىكىپ، ئۆيگە چۈشۈۋاتقان يورۇقلۇققا قارىغىنىچە

خىيالغا كەتتى.

نورۇز بىر بولاق ئىسسىق پوشكال كۆتۈرۈپ كىردى.

— شۇ چاغقىچە يېتىپسەنغۇ، يۈز - كۆزۈڭنى يۇدۇڭمۇ؟ — دېدى ئۇ ئانۇغا بىر قاراپ قويۇپ.

ئانۇ جاۋاب قايتۇرماي، كارىۋاتتىن چۈشۈپ، تام تۈۋىدە تۇرغان ئېۋرىقتا كۈپتىن سۇ قۇيۇپ، ئاندىن ئىشىك ئالدىغا چىقىپ يۈزىنى يۇيۇپ كىردى.

قەلبى ئازابلىنىپ تۇرغان ئانۇنىڭ ھېچ نەرسە يېگۈسى يوق ئىدى. نورۇز زورلاپ يۈرۈپ ئۇنىڭغا پوشكالدىن ئىككىنى يېگۈزدى. قالغان تۆتىنى ئۇنىڭ چۈشلۈكى ئۈچۈن قويۇپ قويدى.

— ئامال بار چۈشتە قايتىپ كېلىمەن ياكى بولمىسا ئاخشاملىققا قايتىمەن. قورقما، نېمە لازىم بولسا ماڭا ئېيت، — دېدى نورۇز.

ئانۇ گەپ - سۆز قىلماي ھاڭۋېقىپ ئۇنىڭغا قاراپ قالدى.

— يېتىپ ئوبدان ئۇخلا، سالامەتلىكىڭ ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، — دېدى نورۇز ئۇنىڭ گەجگىسىگە ئاستا ئۇرۇپ قويۇپ، — قورسىقىڭ ئاچسا پوشكالنى يە، كەچلىك تاماقنى مەن ئالغاچ كېلىمەن، ماقۇلمۇ؟ — ئۇ ئانۇنىڭ يۈزىنى ئاستاغىنا چىمدىپ قويۇپ، كۈلۈپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئادۋوكات ئەپەندى مېنىڭ پەيتونۇمنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. مەن چىقاي، قورقمىغىن جۇمۇ، — ئۇ ئۆيدىن چىقىپ، ئىشىكنى ئېتىپ تېشىدىن قۇلۇپ سېلىپ قويدى.

ئانۇ كۈنبويى ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن كارىۋاتتا ياتتى. چۈشتىن كېيىن، بىرئاز قورسىقى ئاچقاندەك بولىۋىدى، لېكىن ئۇ نېمە بولدىكىنتاڭ بىر پوشكالنىمۇ يەپ بولالمىدى. ئۇ بىر ئىستاكان سۇ ئىچىپ، يەنە كارىۋاتقا چىقىپ ياتتى.

نورۇز كەچ سائەت ئوندا قايتىپ كەلدى. ئۇ نان ۋە قورۇما ئالغاچ كەلگەنىدى. ئۇ يەنە ئانۇغا ئالغاچ كەلگەن بىر گۈللۈك شايى كۆڭلەكنى كىيدۈرۈپ قويدى.

— بالام، ساڭا بەك ياراشتى، — دېدى ئۇ مەمنۇن بولۇپ، — مېنىڭ قېشىمدا تۇرساڭ راھەت كۆرىسەن.

ئانىۇ كۆڭلەكنى كىيىپ، ئالايىتەن خۇشال بولغۇدەك بىر نەرسە ھېس قىلمىدى. لېكىن، نورۇز بەك خۇشال بولۇپ، ئاغزى بېسىلماي بۇ كۆڭلەكنى ماختاپ كەتتى. ۋاھالەنكى، ئۆزىنىڭ ئۇستىدىكى كۆڭلىكى ئىنتايىن مەينەت، شالۋۇرى ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر ئىدى.

ئۇ ئىگىز ۋە تەمبەل كەلگەن، بىلى سەل ئېگىلگەن ئادەم بولۇپ، ئوتتۇز ياشلارغا كىرگەن، چىرايى قارا كۆسەيدەك، چاچلىرى ئۇزۇن، كۆزلىرى قىيسىق ئىدى. كۆلىدىغان بولسا پىت كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كېتەتتى. چىرايىنى قانچە سەت دېسىمۇ ئارتۇق كەتمەيتتى. تەلەتى چوڭ ھاماقەتكە ئوخشايتتى. لېكىن، ئۇ قىلچە ھاماقەت ئەمەس ئىدى. ھەر كۈنى ئون بىر - ئون ئىككى رۇپىيە، بەزى كۈنلەردە ئون سەككىز - يىگىرمە رۇپىيە پۇل تاپاتتى. ئۇ گېلىغا ئامراق ئىدى، قاچاندا قارىساڭ ئاغزى بىكار تۇرمايتتى. شەھەردىكى پەيتونكەشلەر ئىچىدە ئۇ ئۆزىنىڭ قوپاللىقى بىلەن مەشھۇر ئىدى. كىچىككىنە ئىشلار ئۈچۈنمۇ ۋارقىراپ - جارقىراپ جېدەل چىقىراتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە پۇت - قوللىرى چاققان ئىدى. شۇڭا، كىشىلەر ئۇنىڭدىن قورقاتتى. ئۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك بېكەتتىكى باشقا پەيتونكەشلەر بىلەن قىزىرىشىپ قالاتتى - دە، دائىم ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپ، ئاندىن مۇشت كۆتۈرۈپ ئۇراتتى. لېكىن، ئۇنىڭ ئانىۇغا تۇتقان پوزىتسىيەسى ناھايىتى مۇلايىم بولۇپ، ئۇنىڭغا سىلىق مۇئامىلە قىلاتتى. ئانىۇمۇ ئۇنى خاپا قىلمايتتى. ئەسلىدە ئۇنىڭ كىشىگە ئارىلاشمايدىغان مىجەزى بار ئىدى. ھازىر گەپ - سۆزى تېخىمۇ ئازلاپ، كۆپ چاغلاردا گەپ قىلماي جىم يۈرىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

نورۇز ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئىشىككە قۇلۇپ سېلىپ قويۇپ كېتەتتى، ئاخشىمى قايتىپ كەلگەندە ئاندىن ئاچاتتى. ئۇ ئانىۇغا

يەيدىغان ۋە ئىچىدىغان نەرسە ئالغاچ كەلگەندىن باشقا، دائىم ئۇنىڭغا يەنە باشقا نەرسىلەرنىمۇ ئالغاچ كېلەتتى. تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ قاتتىق بىر كېكىرىۋېتىپ، كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلايتتى ـ دە:

— بۇ يەرگە كېلىپ پۇتۇمنى تۇتۇپ قويە، — دەيتتى ئانۇغا.

ئانۇ كېلىپ ئۇنىڭ پۇتلىرىنى تۇتاتتى. ھەر قېتىمقى مۇشۇنداق چاغدا نورۇز ئۇنىڭ بىلەن گەپلىشىشنى خالاپ قالاتتى.

— تاۋىڭ يوقمۇ؟ — دەپ سورايتتى ئۇ ئانۇدىن.

ئانۇ بېشىنى چايقايتتى.

— نېمىنى ئالغۇڭ كەلسە، دەرھال ماڭا ئېيت.

— ماقۇل.

نورۇز بەزىدە ئۇنىڭ مۇنداق جىممىغۇرلۇقىدىن بىزارمۇ بولاتتى. بىر قېتىم ئۇ سەل خاپا بولغاندەك قىلىپ:

— گەپ ـ سۆز قىلىشاڭچۇ، ئاغزىڭنى يىپ بىلەن تىكىۋالدىڭمۇ؟ سەنزە، كۆڭلۈڭدە نېمە ئويلىساڭ، ماڭا خاتىرجەم سۆزلەپ بېرىۋەرمەمسەن، — دېدى.

ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئانۇ بىر كۈنى:

— مەن ئوقۇيمىكىن، — دېدى دۇدۇقلاپ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ نورۇز قاتتىق ھەيران بولدى.

— ئوقۇيمىكىن دېدىڭمۇ؟ مەكتەپكە بېرىپ نېمە قىلاتتىڭ؟ ئۇ يەرگە بارغان باللارنىڭ ھەممىسى ساياق بولۇپ كېتىدۇ، سەن بارساڭ سەنمۇ شۇنداق بولۇپ كېتىسەن.

ئانۇ ئۇنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ ئۈمىدسىزلىنىپ قالدى. ئۇ دائىم مەكتەپكە بېرىپ ئوبدان ئوقۇپ، ئاندىن ئوبدانراق بىر خىزمەت تېپىپ، سۇلتانەنى ئۆزىنىڭ قېشىدا بىللە تۇرغۇزۇشنى ئويلايتتى. ئۇ سۇلتانەنى بەك سېغىنغانىدى. دائىم ئۇنى ئويلاپ ئولتۇرۇپ يىغلىۋېتەتتى. ھازىر ئۇنىڭ قېشىغا بارالمايتتى. نورۇز كۆرۈپ قالىدىغان بولسا، ئۇنى ھەرگىز كەچۈرمەيتتى.

ئانۇ نورۇزنىڭ بۇ ئۆيدە ئىككى ھەپتىدىن كۆپرەك تۇردى. نورۇز ھەر كۈنى ئۇنى ئۆيىگە سولاپ قويۇپ، كەچ بولغاندا ئاندىن قايتىپ كېلەتتى. ئۇ كۈنبويى مۇشۇ كىچىك ئۆيدە سولىنىپ تۇراتتى. بەزىدە تىت ـ تىت بولۇپ ئۆيدە ئايلىنىپ مېڭىپ يۈرەتتى ۋە بەزىدە بىر يىغلاپ كەتسە، خېلى ۋاقىتقىچە يىغىسىنى توختىتالمايتتى. ئۇ ئەمدى نورۇزنىڭ قەبىھ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقا باشلىغانىدى. نورۇزنىڭ چىشلىرى پاسكىنا بولۇپ، ئاغزى پۇرايتتى، بۇرۇتلىرى قويۇق ئىدى. ئۇ ئانۇنى سۆيگەندە، ئانۇنىڭ كۆڭلى ئاينىپ كېتەتتى.

بىر كۈنى ئاخشىمى نورۇز قاتتىق مەست ھالەتتە قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن بولۇپ، قەدەملىرىنى ئېگىز ـ پەس باسقان ھالدا ئۆيگە كىرىپلا:

— ئىشىكنى تاقىۋەت، — دېدى ئانۇغا قاراپ.

ئانۇ دەرھال ئىشىكنى تاقىدى. نورۇز ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا ئالدىغا ئېگىلىپرەك تۇرۇپ، ئانۇغا قادىلىپ قاراپ:

— بۇ يەرگە كەل ! — دېدى.

ئانۇ ياۋاشلىق بىلەن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىۋىدى، نورۇز ھىجىيىپ تۇرۇپ:

— ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولغاي، قوزام، — دەپلا ئانۇنى كۆتۈرۈپ كارىۋاتقا باستى. ئاندىن قارا چىراغنى بىر تېپىۋىدى، چىراغ نە ـ نەلەرگە چۈشۈپ، بىر ـ ئىككى لىپىلدەپ قويۇپلا ئۆچۈپ قالدى. ئۆينى دەرھال قاراڭغۇلۇق باستى ...

نورۇز ئەتىگەندە تۇرۇپ قارىسا، ئانۇ يوق ئىدى. ئالدىراپ ـ تېنەپ سىرتقا چىقىپ قارىسا، ئۇ يەردىمۇ كۆرۈنمەيتتى. نورۇز شۇ كۈنى پەيتوننى ھەيدەپ ساراڭ بولۇپ قالغاندەك، ئانۇنى ئىزدەپ بارمىغان يېرى قالمىدى، لېكىن تاپالمىدى. ئۇ ئۇدا بىر نەچچە كۈنگىچە ئىزدەپمۇ ئانۇنىڭ قارىسىنى كۆرەلمىدى.

ئارىدىن بىرنەچچە ئاي ئۆتۈپ، نورۇز ئانۇنى ئۇنتۇپ قالاي دېگەنىدى، ئۇشتۇمتۇت بىر كۈنى ئۇنى كۆرۈپ قالدى. بۇ كەچ

سائەت ئون بىر بولغان چاغ بولۇپ، كوچا جىمجىت ئىدى. نورۇز ھېرىپ ـ ئېچىپ ھالى قالمىغان ھالدا قايتىپ كېلىۋاتاتتى. يولنىڭ دوقمۇشىدىكى ئىستولبىنىڭ قېشىدا ئانۇنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ بۆلۈنمە چاچ قويۇۋالغان، يىپەك كۆڭلەك ۋە كەڭ شالۋۇر كىيگەن، بوينىغا گۈلچەمبىرەك ئاسقان بولۇپ، سىپارى چايناپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قېشىدا يەنە ئۈچ كىشى بولۇپ، ئۇلار ئاق رەڭلىك كىيىم كىيىۋالغانىدى. تۇرقىدىن قارىغاندا لۈكچەكلەردەك قىلاتتى. ئانۇ ئۇلار بىلەن كۈلۈپ گەپلىشىۋاتاتتى.

نورۇز ئۇنىڭدىن كۆز ئۈزمەي، پەيتونىنى ئالدىغىراق ھەيدەپ ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىدا توختىتىپ، پەيتوندىن سەكرەپ چۈشتى ـ دە، چىرايىدىن قەھر ـ غەزەپ ياغدۇرۇپ ئانۇغا قادىلىپ قارىدى. ئانۇ ئۇنى كۆرۈپ، قورقۇپ چىرايى تامدەك بولۇپ كەتتى.

نورۇز كاپ قىلىپ ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ:

— نېمە ھاڭۋېقىپ تۇرىسەن؟ ئۆزۈڭ ماڭامسەن ياكى مەن سۆرەپ ماڭامدىمەن؟ — دېدى.

ھېلىقى ئۈچەيلەن ھەيران بولۇپ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ نورۇزغا قاراپ قالدى. ئۇلاردىن بىرى يېقىن كېلىپ:

— نېمە ئىش بۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇنىڭ ئۆزىدىن سوراڭ، — دېدى نورۇز.

— ئۇنىڭدىن سوراش ئاسان گەپ، ئاۋۋال نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى سىز ئېيتىپ بېقىڭا.

— ئەپەندىلەر، — دېدى نورۇز غەزەپ بىلەن، — سىلەر مېنىڭ بۇ بالامنى شۇنچە كۈنلەردىن بېرى تۇتۇپ قاپسىلەر، ئەمدى ئەڭ ياخشىسى، ياۋاشلىق بىلەن نېرىراق تۇرۇڭلار، بولمىسا سىلەرگە ياخشىلىق يوق.

— قاراڭلار، بۇ بالا ئۇنىڭكى بولۇپ قالدىغۇ! — دېدى ھېلىقى ئادەم شېرىكلىرىگە.

— ئۇنىڭ ئۆزىدىن سوراپ بېقىڭلار، — دېدى نورۇز

مۇنازىرىلىشىپ.

— سورايدىغان نېمىسى بار؟ بىز سەككىز يۈز رۇپىيە خەجلىدۇق. سىز پەيتونىڭىز بىلەن ئېتىڭىزنى سېتىپ كېلىپ، پۇل تۆلەپ قايتۇرۇۋېلىڭ. سىز بېرىپ بەننۇ شېجىردىن بىزنىڭ شۇنچىلىك پۇل خەجلىگەن ـ خەجلىمىگەنلىكىمىزنى سوراپ كۆرۈڭ.

بۇ گەپ يالغان ئەمەس ئىدى. ئانۇ نورۇزنىڭ ئۆيىدىن قېچىپ چىققاندىن كېيىن، يولدا بەننۇ شېجىر بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ. بەننۇ بىر پاھىشىخانا ئاچقانىدى. دائىم ئوغۇل باللارنى ئالدام خالتىسىغا چۈشۈرۈپ، ئاۋۋال ئۇلار ئارقىلىق پۇل تاپاتتى، كۆپرەك پۇل بېرىدىغان خېرىدار چىقىپلا قالسا، ئۇ، باللارنى سېتىۋېتەتتى. ئاشۇ كۈنى ئۇچىغا چىققان مەككار بەننۇ ئانۇنى كۆرۈپ، چوقۇم ئۆيىدىن قېچىپ چىققان بالا، دەپ ھۆكۈم قىلدى ـ دە، ئانۇغا تەسەللى بېرىپ، ياغلىما سۆزلەرنى قىلىپ يۈرۈپ، ئۇنى ئالداپ ئەكەتتى. بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئەھمەتخانغا سېتىۋەتتى.

ھازىر نورۇز بىلەن گەپلىشىۋاتقان كىشى ئەنە شۇ ئەھمەتخان ئىدى. ئۇ تېرە ماللار تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولۇپ، تاپاۋىتى ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئەيش ـ ئىشرەت قىلىپ نومۇسسىز تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئۆزى بىر لۈكچەك بولۇپ، يەنە بىرنەچچە جېدەلخورنى بېقىپ يېنىدا ساقلايتتى.

— مەن كىمنىڭ بەننۇ ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن، ئۇنى ھازىر ئەكېتىمەن، — دېدى نورۇز ئۇنىڭغا.

— ئەكېتىمەن دەپلا ئەكېتىدىغان گەپمىكەن؟ — دېدى ئەھمەتخان.

— قېنى كىمنىڭ يۈرىكى قاپتەك بولسا، توسۇپ باقسۇنچۇ، — دېدى نورۇز بوينىنى قېقىپ. ئاندىن ئانۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ «يۈر !» دەپ تارتتى.

شۇ ئەسنادا ئەھمەتخاننىڭ بۇرادىرىدىن بىرى ئالدىغا ئۆتۈپ،

نورۇزنى يېنىككىنە ئىتتىرىپ قويۇپ:
— يۈرۈڭ، نېرىراق بېرىپ سۆزلىشەيلى، — دېدى.
— سىلەر مېنى يالغۇز كۆرۈپ، ئۇچەيلەندىن قورقىدۇ، دەپ چاغلاۋاتامسىلەر نېمە؟ — نورۇز ئۇنىڭغا كۆزلىرىنى قاتتىق ئالايتىپ ۋارقىرىدى.
بۇ گەپ ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرمىدى. ئۇ يەنە سىلىق گەپ قىلدى.
— مېڭىڭ، بۇرادەر، بېرىپ ئىشىڭىزنى قىلىڭ. نېمانداق بىزگە يېپىشىۋالىسىز؟
نورۇز يەنە ئانۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ تارتىۋىدى، ئەھمەتخاننىڭ بۇرادىرى يېنىدىن شارت قىلىپ ئۇزۇن بىر پىچاقنى چىقاردى. نورۇز ئۆتكۈر پىچاق ئۇچى ئۆزىنىڭ قورسىقىغا تەگلەنگەنلىكىنى كۆردى.
— ئەمدى كېتىۋېلىڭ! بولمىسا جېنىڭىزدىن جۇدا بولىسىز، — دېدى ھېلىقى ئادەم.
نورۇز ئەمدى لام - جىم دېمەي، يالتىراپ تۇرغان پىچاققا تىكىلىپ قاراپ قالدى.
— ھەي، سەن زادى كېتەمسەن، يا بىزنىڭ قولىمىزدا ئۆلگۈڭ كېلىۋاتامدۇ؟ — دېدى ئەھمەتخان ئاغزىنى بۇزۇپ.
نورۇز قورقۇپ قالدى، ئۇ ئارقىسىغا بىرنەچچە قەدەم يېنىپ، ئاندىن بۇرۇلۇپ پەيتونغا قاراپ ماڭدى. ئۇ پەيتونغا چىقىپ بولغاندىن كېيىن، ئەھمەتخان:
— بۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى بۇ تەرەپكە كەلگۈچى بولما، ئۇنداق قىلمايدىغان بولساڭ، جاجاڭنى يەپ ئۆلىسەن ! — دېدى.
نورۇزنىڭ غەزىپى چېكىدىن ئاشتى. لېكىن، ئۇ تەنھا، قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقى يوق، ئۇلار بولسا ئۈچ كىشى، ئۇنىڭ ئۇستىگە پىچىقى بار. شۇ سەۋەبتىن ئۇ ئاستا كېتىشكە مەجبۇر بولدى.
نورۇزنىڭ پەيتونى يۈرۈپ كەتتى. ئانۇ ئەھمەتخان ۋە ئۇنىڭ بۇرادەرلىرى ئوتتۇرىسىدا جىم تۇرۇپ قالدى.

## 5

ئانۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن قايتىپ كەلمىدى. ھەر كۈنى ئۇنىڭ يولىغا قاراپ سۇلتانەنىڭ كۆزى تېشىلگۈدەك بولدى. ئۇ ئانۇنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى بىر ـ بىرلەپ يىغىشتۇرۇپ ئىشكاپقا سېلىپ قويدى. يەنە ئۇنىڭغا يېڭىدىن تىككەن بىرنەچچە قۇر كىيىمنىمۇ بىللە سېلىپ قويدى. ھەر قېتىم ئۇنى سېغىنغان چاغلاردا ئىشكاپنى ئېچىپ، ئۇ نەرسىلەرگە قارىغىنىچە تۇرۇپ كېتەتتى، ئاندىن كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلىۋېتەتتى. ئۇ ئانۇ يېنىدىكى چاغدا زور تەسەللى تاپاتتى. ئانۇ يوقاپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ بەك يېتىمسىرەپ كەتتى، كۈنبويى ئەقلىدىن ئازغان ئادەمدەك ئۆيدە چۆرگىلەپ يۈرىدىغان بولۇپ قالدى. بەزىدە دېرىزە ئالدىغا كېلىپ، سائەت ـ سائەتلەپ پەرىشان ھالدا يولغا قاراپ، ئانۇنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇپ كېتەتتى.

خىزمەتكار ئايال ئۇنىڭ مۇنداق ھەسرەتلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، گومدىغا پال ئېچىشقا ئۇستا بىر ياشانغان ئادەم كەلگەنلىكىنى، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا قايىل بولۇپ، ئايىغىغا باش قويىدىغان دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇنى پال ئاچۇرۇپ بېقىشقا دەۋەت قىلدى. يەنە بىرنەچچە ئاجايىپ ئىشنى سۇلتانەگە سۆزلەپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن سۇلتانەنىڭ پالچىنى كۆرۈپ باققۇسى كەلدى. بىر كۈنى نىياز سىرتقا چىقىپ كەتكەندە، سۇلتانە خىزمەتكار ئايالنى ئېلىپ پالچىنىڭ قېشىغا باردى. ئۇ يەرگە بېرىپ قارىسا، بىر تالاي ئادەم پال ئاچۇرۇشنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تېخى يىراق يەرلەردىن كەلگەنىدى. پالچىنىڭ ئۆيى كىچىك تاغ باغرىغا جايلاشقان بولۇپ، ئىككى ئېغىزلىق ئاددىيغىنا تاختاي ئۆي ئىدى. ئۆينىڭ ئالدىدا بىر چەللە بولۇپ، بۇ يەر ئەرلەرگە تەييارلانغانىدى. بېشىغا رومال سالغان ئاياللار

بىر ئىغىز ئۆيدە ئولتۇراتتى. سۇلتانە شۇ ئۆيگە كىرىپ بىر جاي تېپىپ ئولتۇردى. ئۇ ئەتىگەن سائەت توققۇزدا كەلگەن بولۇپ، چۈشتىن كېيىن ئاندىن ئۇنىڭغا نۆۋەت كەلدى.

ئۆيئىچى كەڭ ـ كۇشادە ئىدى. پالچى بىر ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. ئۆيگە كۈجە يېقىلغان بولۇپ، گۈپۈلدەپ خۇش پۇراق چىچىپ تۇراتتى. ئۇ ئوتتۇرا ياشلىق، يۈزىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان، بومبا ساقاللىق، چاچلىرى ئۆسكىلەڭ، ئۇستىگە بىنەپشە رەڭ ئۇزۇن كۆڭلەك كىيگەن ئادەم ئىدى. سۇلتانە خىزمەتكار ئايال بىلەن بىللە ئۆيگە كىرگەندە، ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ كاللىسىنى ئارام ئالدۇرۇپ ئولتۇراتتى.

سۇلتانە ئەدەپ بىلەن گىلەمدە ئولتۇردى. پالچى يەنىلا كۆزىنى يۇمۇپ ئولتۇراتتى. ئۆي جىمجىت ئىدى.

ئۇشتۇمتۇتلا ئۇ گەپ قىلدى.

— قىزىم، ئىنىڭىز شەرقىي شىمال تەرەپكە كېتىپ، هازىر بىر ئادەمنىڭ قولىغا چۈشۈپ قاپتۇ.

سۇلتانە هەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قاراپ قويدى. ئۇ يەنىلا كۆزىنى يۇمۇپ ئولتۇراتتى. سۇلتانە مىنىڭ ئىنىمنى دەپ پال ئاچۇرغىلى كەلگەنلىكىمنى ئۇ قانداق بىلگەندۇ، دەپ قاتتىق تەئەججۈپلەندى ـ دە، ئىخلاسمەنلىك بىلەن بېشىنى تۆۋەن سالدى. ئۆيدە كۈجىنىڭ ئىسى تولغىنىپ لەيلەپ يۈرەتتى. ئۆيئىچى تىمتاس ئىدى. بۇ ئەهۋال كىشىدە بىلىپ بولمايدىغان سىرلىق تۇيغۇ پەيدا قىلاتتى.

بىردەمدىن كېيىن پالچى كۆزلىرىنى ئېچىپ، سۇلتانەگە قاراپ:

— سىلەر قاچان كىردىڭلار؟ — دەپ سورىدى هەيران بولغان هالدا.

سۇلتانە گەپ قىلمىدى.

— بىز كىرگىلى خېلى ۋاقىت بولدى، — دېدى خىزمەتكار ئايال، — تېخى بۇ خان قىز توغرۇلۇق بەزى گەپلەرنى سۆزلەپ

بەردىلە.

— قانداق گەپ؟

— ئۇنىڭ ئىنىسى يوقاپ كەتكىلى خېلى كۈنلەر بولغانىدى، سىلى توغرا ئېيتىپ بەردىلە.

پالچى پىسىڭڭىدە كۈلۈپ قويدى.

— هە، هە، نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىمكىنتاڭ، — دېدى ۋە بىرپەس تۇرۇۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — هەج قىلىشقا كېتىۋاتقانلار چۈشكەن بىر كېمە قارا بورانغا ئۇچراپ قالغانىكەن، مەن بۇيرۇقتا بىنائەن ئۇلارنى قۇتقۇزۇشقا بارغانىدىم. توۋا خۇدايىم! بۇ قانداق بىر كۆرۈنۈش - هە! كېمىنىڭ ئىچىدە قالايمىقانچىلىق هۆكۈم سۈرگەن بولۇپ، هەر بىر كىشى ئۆلۈم ئالدىدا جان تالاشماقتا ئىدى. قاتتىق دولقۇن كېمىنى خۇددى يوپۇرماقتا ئوخشاش سەكرىتىپ يۈرەتتى، — ئۇ چۈشەكەۋاتقاندەك ئالدىرىماي سۆزلەيتتى. خىزمەتكار ئايال هاڭ - تاڭ بولۇپ ئاغزى ئېچىلىپ قالغانىدى. سۇلتانە بېشىنى تېخىمۇ تۆۋەن سالدى.

پالچى سۆسۈن سىياھ بىلەن ئىككى پارچە تۇمار يېزىپ، سۇلتانەگە ئۇزارتتى.

— مەڭ، بۇنى ئېلىڭ، بىرىنى ئۆيۈڭلارنىڭ شىمالىي تېمىنىڭ بۇلۇڭىغا كۆمۈپ قويۇڭ، يەنە بىرىنى يىپ بىلەن بىر دەرەخكە ئېسىپ قويۇڭ. شامال ئۇنى مىدىرلاتقان چاغدا، ئۇ بالىنىڭ دىلىغا ئەنسىزلىك چۈشىدۇ - دە، ئاندىن ئۆيىنى سېغىنىدۇ. خۇدا بۇيرۇسا، قاش قارايغان چاغدا ئۇ چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ.

سۇلتانە تۇمارنى ئېلىپ، پالچىغا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن يېنىدىن ئون رۇپىيە چىقىرىپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇۋىدى، پالچى كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ رەت قىلدى.

— ئىنىڭىز قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قارا قويدىن بىرنى ئېلىپ، ئۇنى بوغۇزلاپ خامتالاش قىلىپ غېرىب - غۇرۋالارغا

تارقىتىپ بېرىڭ، ــــ دېدى ئۇ.
سۇلتانە پۇلنى قايتىدىن پۇل قاپچۇقىغا سېلىپ، پالچى بىلەن خوشلىشىپ، خۇشال - خۇرام ئۆيگە قايتتى. ئۇ پالچىنىڭ دېگىنى بويىچە، تۇمارنىڭ بىرىنى يەرگە كۆمۈپ قويدى، يەنە بىرىنى باغچىدىكى بىر تۈپ پۈتى دەرىخىگە ئېسىپ قويدى. ئۇ ئانۇنىڭ چوقۇم قايتىپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. چۈنكى، ئۇ پالچىنىڭ سېھرىي كۈچىگە قاتتىق ئىشەنگەنىدى.
شۇ كۈنى ئۇ ئاشخانىغا كىرىپ، ئۆزى قاراپ تۇرۇپ ئاشپەزگە ئانۇ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئاقئاش ئەتكۈزدى. كۈن غەربكە قىيسىيىپ گۈگۈم ۋاقتى بولاي دېگەندە خاتىرجەمسىزلىنىشكە باشلاپ، قايتا ـ قايتا دېرىزە ئالدىغا بېرىپ سىرتقا تەلمۈرۈپ قارىغىلى تۇردى. كۈن ئولتۇرۇپ، قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى، ئەمما ئانۇ تېخىچە كەلمىدى. كېچىمۇ بولدى، ھەممە يەر قاراڭغۇ بولۇپ كەتتى، يولۇچىلارنىڭمۇ ئايىغى ئۈزۈلدى. لېكىن، يەنىلا ئانۇنىڭ قارىسى كۆرۈنمىدى. ئۇ ئىنىسىنى كۈتۈپ، كىرپىك قاقماي تاڭ ئاتقۇزدى.
ئۇنداق ئاخشامدىن يەنە نۇرغۇنلىرى ئۆتۈپ كەتتى. پالچىنىڭ تۇمارى ئېگىز دەرەخ شېخىدا لەپىلدەپ تۇراتتى. خىزمەتكار ئايال سۇلتانەنى يەنە بىر قېتىم پال ئاچۇرۇشقا دەۋەت قىلدى. لېكىن، سۇلتانە ماقۇل بولمىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، پالچىنىڭ سېھرىي كۈچى كارغا يارىمايتتى.
نىياز سۇلتانەنىڭ دەرد ـ ئازابىنى تولۇق چۈشىنەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ، ھەدەپ سۇلتانەگە ياخشى كۆرۈنۈشكە تىرىشىپ، بازاردىن ئۈنى ـ بۇنى ئالغاچ كېلەتتى، لېكىن سۇلتانە ئۇنىڭدىن بىر ئاز بەزگەنىدى. ئانۇنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشىگە ئۇنىڭ سەۋەبكار ئىكەنلىكى سۇلتانەگە مەلۇم ئىدى.
نىيازنى كۆرسىلا ئۇنىڭ قەلبىدە ئۆچمەنلىكنىڭ غەزەپ ئوتى ياناتتى. ئۇنىڭ بۇ كىچىك بىنادىن كەتكۈسى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قوۋم ـ قېرىنداشلىرى يوق ئىدى. بۇ يەردە ئۇنىڭغا

ھېسداشلىق قىلىدىغان بىرەر كىشىمۇ تېپىلمايتتى. مۇنداق چاغلاردا ئۇ سۇلايماننى ئويلاپ قالاتتى. لېكىن، ئۇنى ئېسىگە ئالغان ھامان ئۇنىڭ غەزىپى ئۆرلەپ كېتەتتى. «كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنى كۆرۈپ قالسام، يۈزلىرىنى تاتىلاپ، يۈزىگە تۈكۈرۈپ، تازا تىللىۋالماي قويمايمەن» دەپ ئويلايتتى ئۇ. لېكىن، يەنە تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى سۇلايمانغا كۆرسەتكۈسى كېلەتتى. بۈگۈنكى سۇلتانە ئۇ بۇرۇن تونۇيدىغان نامرات، غېرىبسىنىپ قالغان يېتىم قىز ئەمەس ئىدى. ھازىر ئۇ چىرايلىق داچىدا تۇراتتى. ئولتۇرۇشقا ماشىنىسى، قىممەت باھالىق ئۆي جاھازلىرى، خالىغانچە ئىشلىتىدىغان خىزمەتكارى بار ئىدى. تاۋار - دۇردۇن كىيىملىرى بىلەن زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ سانى يوق ئىدى. يالغۇز ئاياغ كىيىملا بىرنەچچە دوژنىغا يېتەتتى. بۇنداق ھەشەمەتلىك تۇرمۇشنى سۇلايمان بەلكىم ئويلاپمۇ باقمىغاندۇ.

نىياز بىر كۈنى سۇلتانەنى زورمۇزور خان باھادۇرنىڭ ئۆيىگە ئاپاردى. خان باھادۇرنىڭ ئۆي - جايى بەك پۇزۇر بولۇپ، تۇرمۇشى ئىنتايىن ھەشەمەتلىك ئىدى. ھەربىر ئۆيگە ئېسىل جاھازلار قويۇلغانىدى. بىرتالاي خىزمەتكار ئىشلەيتتى. ئۇنىڭ خوتۇنى قۇرۇق گەپ سېتىپ شۆھرەت قازىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان ئايال بولۇپ، بىر گەپ قىلىپ كەتسە، گېپىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. سۆز - ھەرىكەت ۋە يۈرۈش - تۇرۇشلىرىدا ھامان ئۆزىنىڭ دۆلەتمەن ئېسىل خېنىملاردىن ئىكەنلىكىنى نامايان قىلاتتى. ئۇنىڭ ئىككى قىزى ئەدەپلىك، چوڭ ئوغلى شوخ، تېتىك ئىدى.

كەچقۇرۇن سۇلتانە ئۇ ئۇچەيلەن بىللە چاي ئىچىشىپ ئولتۇردى. چوڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى شاھىد ئەلى بولۇپ، بويى ئېگىز، تېنى ساغلام، قەددى - قامەتلىك، كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ تۇرىدىغان كېلىشكەن يىگىت ئىدى. ئۇ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا

ئېرىشكەن بولۇپ، بىلىم ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئامېرىكىغا مېڭىش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ سۆھبەت جەريانىدا سۇلتانەنى «نىياز خانىم» دەپ ئاتىۋىدى، سۇلتانە قاتتىق تەئەججۇپلەندى. ئۇ دەرھال بۇ ئۇقۇشماسلىقنى تۈگىتەي دېدى ـ يۇ، يەنە تۇرۇپ «نىياز ئۇنىڭغا نېمە دەپ تونۇشتۇرغان بولغىيدى» دەپ ئويلاپ قالدى ـ دە، شۇنىڭ بىلەن ئۈنچىقمىدى. لېكىن، «ئاشۇ شەرمەندە ئۇلارغا شۇنداق بېشارەت بەرگەن بولسا كېرەك» دەپ قاتتىق ئاچچىقى كەلدى.

— نىياز خانىم، سىزنى كۆرۈپ ھەيران بولدۇم، — دېدى شاھىد.

— نېمىشقا ھەيران بولدىڭىز؟

— مەن تېخى سىزنى ... — ئۇ دۇدۇقلاپ قالدى، — سىزنى قانداقراق كىشىدۇ دەپتىكەنمەن.

ئۇنىڭ قىلىقلىرى ساددا بالىلارنىڭكىگە ئوخشايتتى. سۇلتانەگە ناھايىتى ئوماق بىلىندى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — دەپ سورىدى سۇلتانە كۈلۈپ تۇرۇپ.

— سىزنى چوقۇم ئالاھىدە بولسا كېرەك دەپ ئويلاپتىكەنمەن، — ئۇ بىر ئاز ھودۇقۇپ قالدى.

شۇ ئەسنادا شاھىدنىڭ سىڭلىسى سۆز قاتتى.

— مېنىڭچە، ئۆزۈڭ بىر ئاز ئالاھىدە.

— نېمىشقا؟ — دەپ سورىدى سۇلتانە ئۇلارنىڭ گەپلىرىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەلمەي.

— بىز بۇرۇن نىياز ئەپەندىنىڭ خانىمى چوقۇم بەدىنى دوغىلاق، ئۆزى قارىلاق، مۇنداقلا بىر ئايال بولسا كېرەك، دەپتىكەنمىز، ئەمما سىز شۇنچە ساھىبجامال ئىكەنسىز، — دېدى سىڭلىسى، ئاندىن سۆزنى ئاكىسىغا قاراتتى، — شۇنداقمۇ ئاكا، مەنىسى شۇغۇ دەيمەن؟

— توغرا، توغرا، سەن بەك ئەقىللىك جۇمۇ، — دېدى ئۇ

كۆلۈپ تۇرۇپ.

سۇلتانەنىڭ ئۇقۇشماسلىقنى تۈگەتكۈسى كېلىپ كەتتى، لېكىن يەنە تۇرۇپ نىيازنىڭ خاپا بولۇشىدىن قورقتى. ئۇ نىيازنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈشكە جۈرئەت قىلالمايتتى.

سۇلتانە ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن، خان باھادۇر ئائىلىسىدىكى كىشىلەرنىڭ ئوبرازى ئۇنىڭ خىيالىغا كىرىۋالدى. ئۇنىڭ ئاشۇ كۆرەڭلەپ خۇدىنى بىلمەي قالغان ئايالى، چىقىشقاق قىزلىرى، مەسۇم ۋە شوخ شاھىد ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمىدى. نېمىشقىدۇر شاھىدنىڭ قىلغان گەپ ـ سۆزلىرى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە قايتا ـ قايتا ياڭرايتتى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن شاھىد ئۇشتۇمتۇتلا كېلىپ قالدى. نىياز ئۇ چاغدا ئۆيدە يوق ئىدى. سۇلتانە مېھمانخانىغا كىردى. شاھىد بىر ئىش بىلەن نىيازنى ئىزدەپ كەلگەنىدى. ئۇ گەپ ئارىسىدا سۇلتانەنى يەنە «نىياز خانىم» دەپ ئاتىدى. سۇلتانە بۇ ئۇقۇشماسلىق ئەمدى داۋاملىشىۋەرمىسۇن، دېگەن يەرگە كەلدى.

— مېنى نىياز خانىم دېمەڭ، — دېدى ئۇ.

— نېمە ئۈچۈن؟

— مەن تېخى ياتلىق بولمىغان تۇرسام، — سۇلتانە ئىنتايىن ئىزا تارتىپ ئاستا سۆزلىدى، — بەلكىم بىلمىسىڭىز كېرەك، بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز بويىچە ئېيتقاندا، نىياز مېنىڭ ئۆگەي دادام بولىدۇ.

شاھىد ھەيران بولۇپ ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى.

— ھە، ئاۋۇ كۈنى نېمىشقا دېمىدىڭىز؟

— سىلەر مېنىڭ گەپ قىلىشىمغا پۇرسەت بەرمىسەڭلا يا. شاھىد ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىدى.

— بىز تېخى شۇنداق دەپ بىلىپ كەپتۇق، كەچۈرۈڭ، ئەيىبكە بۇيرۇماسسىز؟

— بۇ بىر ئۇقۇشماسلىق، ئەيىبكە بۇيرۇيدىغان نېمىسى بار؟ — دېدى سۇلتانە ئۇنىڭ تەلەتىنى كۆرۈپ.

شاھىد باشقا گەپ ـ سۆز قىلماي، تاماكا چېكىپ ئولتۇردى. سۇلتانە تۈيدۈرماي ئۇنىڭغا لەپپىدە بىر قاراپ قويدى. چىرايىدىن ئۇ ناھايىتى جاسارەتلىك كۆرۈنەتتى. كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ تۇراتتى. كالپۇكلىرى ئەتىرگۈل رەڭگىگە ئوخشايتتى... ھەقىقەتەن بىر سالاپەتلىك ۋە خۇش تەبىئەتلىك يىگىت ئىدى.

— نېمە ئويلاۋاتىسىز؟ — دېدى سۇلتانە ئۇنىڭ گەپ قىلماي ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ. شاھىد ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قالدى ـ دە:

— ھېچ نەرسە، مۇنداقلا ئويلاپ ئولتۇردۇم، — دەپ قويدى.

— نېمە؟ — دېدى سۇلتانە كۈلۈمسىرەپ.

شاھىد ئۇنىڭغا بىر قاراپ قويۇپ، ئاندىن ئەنسىزلىك بىلەن بېشىنى قاشلاپ قويدى.

— مەن سىزنىڭ ئىشىڭىز توغرۇلۇق ئويلاۋاتىمەن، — دېدى ئۇ يۇمشاق ئاھاڭدا.

— مېنىڭ ئىشىم توغرۇلۇق؟

شاھىد جاۋاب قايتۇرمىدى. ئۇ قىزىرىپ كېتىپ، قورۇنغان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى. ئاندىن ئارقىسىغا قاراپمۇ قويماي سىرتقا چىقىپ كەتتى. سۇلتانە گەپ ـ سۆز قىلماي ئۇزاققىچە جىم ئولتۇرۇپ كەتتى.

شاھىد ئەتىسى كەچقۇرۇن يەنە كەلدى. نىياز يەنىلا ئۆيدە يوق ئىدى. سۇلتانە ئۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، قىلچە تارتىنمايلا مېھمانخانىغا كىردى. ئىككىيلەن سالاملاشتى ـ يۇ، باشقا گەپ ـ سۆز قىلىشمىدى. مېھمانخانىدا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە، سىرتتا تۈن پەردىسى چۈشۈپ، ئاسمان بارغانسېرى قاراڭغۇلاشماقتا ئىدى.

بىردەمدىن كېيىن شاھىد ئالدى بىلەن ئېغىز ئاچتى:

— مەن سىز بىلەن كۆرۈشكىلى كېلىۋىدىم.

— مەن بىلەن؟

— بۇ يەر بەك قاقاس ئىكەن، — شاھىد گەپنى باشقا تەرەپكە بۇرىۋەتتى، — قورقۇۋاتقىنىڭىز يوقمۇ؟ — قورقۇۋىڭىز كەلمەمدۇ؟

— بىر ئاز قورققۇم كېلىدۇ، — سۇلتانەنىڭ ئاۋازى سەل تىترەپ كەتتى، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ شاھىدقا قارىدى، — بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟

شاھىد گەپ قىلماي، بەدىنىنى يانتۇراق قىلىۋالدى، ئۇنىڭ چىرايىدىن خاتىرجەمسىزلىك ئالامىتى تېپىپ چىقتى. ئۇ توساتتىن ئورنىدىن تۇرۇپ، بۇرۇلۇپلا ئىشىككە قاراپ ماڭدى. لېكىن، ئىشىك ئالدىغا يېقىن بارغاندا توختاپ، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ سۇلتانەگە قارىدى. ئىككىيلەننىڭ كۆز نۇرى ئۇچراشتى. شاھىد بىر ئاز جىددىيلىشىپ، خۇددى سېھىرلەنگەندەك، قەدەملىرىنى بىر - بىرلەپ بېسىپ سۇلتانەنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇنىڭ نەپەس ئېلىشى جىددىيلەشكەن بولۇپ، بەدەنلىرى تىترەۋاتقاندەك قىلاتتى. سۇلتانە ئورنىدىن تۇردى، ئىككىيلەننىڭ ئارىلىقى ناھايىتى يېقىن ئىدى. سۇلتانەنىڭ يۈزى شاھىدنىڭ نەپەسلىنىشىدىن چىققان ئىسسىق ھارارەتنى سەزدى. ئۇشتۇمتۇت شاھىدنىڭ كۆزىدىن باشقىچە بىر خىل نۇر چاقناپ، لەۋلىرى تىترىگەندەك بولدى - دە، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، غولاچلىرىنى كېرىپ سۇلتانەنى قۇچاقلاپ، ئۇنىڭ ئاغزىغا، مەڭزىگە، چاچلىرى ۋە بوينىغا مەجنۇنلاردەك سۆيۈپ كەتتى، سۇلتانە بىرنەچچە قېتىم بەدەنلىرىنى تولغاپ، بوشىنىپ چىقىشقا ئۇرۇنۇپ كۆردى، لېكىن بۇ پەقەت بەدىنىنى تولغاپ نازلىنىپ قويۇشتىنلا ئىبارەت بولدى، خالاس. بىردەمدىن كېيىن ئۇنىڭ بەدەنلىرى ئىسسىققا يولۇققان شامدەك يۇمشاپ ئېرىپ كەتتى، بېشىمۇ شاھىدنىڭ مۈرىسىگە قويۇلدى.

جىمجىت ئۆيدە شاھىدنىڭ نەپەسلەنگەن ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى بولاتتى. سۇلتانە ئۇنىڭ باغرىدا بىر ھەيكەلدەك چاپلىشىپ تۇراتتى.

— مەن ئامېرىكىغا بارمايمەن، تەبىئىي پەنلەر ماگىستىرلىقىنى ئېلىشقا بارمايمەن، — دېدى شاھىد.

— نېمىشقا؟

— مەن سىزدىن ئايرىلىشنى خالىمايمەن. بۈگۈن شۇنى سىزگە ئېيتقىلى كېلىۋىدىم، — ئۇ كۆيۈنگەن ھالدا سۇلتانەنىڭ بېشىنى سىلىدى، — مەن ئاۋۋال سىز بىلەن توي قىلىمەن. ئەزبىرايى خۇدا، بۈگۈنلا ئانامغا ئۇچۇق ئېيتىمەن. ئەمدى سىز بولمىسىڭىز مەن ياشىيالمايمەن، — ئۇ قاتتىق ھاياجانلانغانىدى، — سىز ماڭا مەنسۇپ، سىز مېنىڭ، — ئۇ شۇنداق دەپ بولۇپلا يەنە مەجنۇن كەبى ئۇنىڭ بويۇنلىرىغا سۆيۈپ كەتتى.

شاھىد كەتكەندىن كېيىن سۇلتانە ئۆزىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كىردى، ئاندىن ئەينەككە قاراپ ئۆزىگە سەپسېلىپ: «راستىلا شۇنچە چىرايلىقمۇ مەن؟ راستلا شاھىدنىڭ لايىقىمۇ مەن؟» دەپ ئويلىدى. ئۇنىڭ بۇلاقتەك كۆزلىرى ئەينەكتە نۇرلىنىپ تۇراتتى، ئۇ كالپۇكلىرىنى سەل مىدىرلىتىپ كۈلۈمسىرەپ قويدى.

ئۇ ئىنتايىن شاد ـ خۇراملىق ئىچىدە بەختلىك بىر ئاخشامنى ئۆتكۈزدى. ئەمما، شاھىد ئىككىنچى كەلمىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە نىياز سۆز ئارىسىدا شاھىدنىڭ ئامېرىكىغا كەتكەنلىكىنى ئېيتىۋىدى، بۇ گەپ سۇلتانەنىڭ يۈرىكىگە مۇشت بولۇپ تەگدى. ئۇ قاتتىق ئازاب ئىچىدە قالدى. تۇرمۇش ئۇنى يەنە بىر قېتىم ئەخمەق قىلغانىدى.

بۇ قېتىمقى زەربە ئازابىدىن ئۇ بىر ئۆلۈپ، بىر تىرىلدى. تۇرمۇش ئۇنىڭ ئەتراپىغا زۇلمەت تورىنى يايغانىدى. ئۇ گويا يەنە قاقاس جەزىرىگە قايتىپ بېرىپ، باشپاناھسىز ۋە ئامالسىز قالغاندەك بولدى.

يامغۇر پەسىلىدىكى بىر كېچە، ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلاپ، يەر ـ زېمىننى لەرزىگە سېلىپ قارا بوران چىقماقتا ئىدى. ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە يامغۇر قاتتىق شارقىراپ يېغىپ كەتتى. يۇرچاقتەك ـ يۇرچاقتەك يامغۇر تامچىلىرى دېرىزىگە تاراسلاپ تېگىپ تۇراتتى. دەھشەتلىك بوران قاراڭغۇلۇق ئىچىدە

گۆركىرىمەكتە ئىدى. كەچ سائەت ئون بىر ۋاقتى، سۇلتانە تېخى ئۇخلىمىغانىدى. ئۇشتۇمتۇت توكَ توختاپ قالدى ـ دە، چىراغلار ئۆچۈپ، ھەممە يەر قاپقاراڭغۇ بولۇپ كەتتى. سۇلتانەنى قاتتىق ۋەھىمە باستى.

ئۇ قورقۇپ لاغىلداپ تىترىگەن پېتى كارىۋاتتا ياتاتتى. يامغۇر توختىماي يېغىۋاتاتتى. ئۇ يامغۇر ئاۋازى ئىچىدىن ماشىنىنىڭ تورمۇزلانغانلىقىنى ئاڭلىدى. نىياز قايتىپ كەلگەنىدى. ئاندىن ئۇنىڭ قەدەم تىۋىشى ئاڭلىنىپ، ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلىدى، ئارقىدىن ئىشىك ئېچىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى، نىياز ئۆز ئۆيىگە كىرىپ كەتكەنىدى. بىرنەچچە قېتىم يۆتەل ئاۋازى ئاڭلانغاندىن كېيىن، بۇ كىچىك بىنا جىمجىتلىققا چۆمدى.

كېچە خېلى بىر يەرگە باردى، تېخىچە يامغۇر يېغىپ، بوران چىقىپ تۇراتتى. سۇلتانە تېخى ئۇخلىمىغانىدى. توكمۇ كەلمىدى. بۇ قاراڭغۇ ـ زۇلمەت ئۇنىڭغا بەك قورقۇنچلۇق بىلىنمەكتە ئىدى. بوران ـ يامغۇر ئاۋازى ئىچىدىن ئۇ كارىدوردا بىرىنىڭ ئاستا مېڭىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغاندەك بولدى ـ دە، قورقىنىدىن لاغىلداپ تىترەپ كەتتى.

ئاياغ تىۋىشى ئۇزۇلمەي ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ئۇشتۇمتۇت «تاك ـ تاك ـ تاك» قىلىپ سۇلتانەنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكى قېقىلدى.

ئىنتايىن قاتتىق قورقۇپ كەتكەن سۇلتانە كارىۋىتىنىڭ گىرۋىكىدىكى توسۇق تاختايغا مەھكەم چاپلىشىۋالدى. ئاندىن بىرىنىڭ تۆۋەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

ـــ سۇلتانە، سۇلتانە، ـــ نىياز ئۇنى ئاستا چاقىرىۋاتاتتى.

ـــ كىم؟ ـــ دەپ سورىدى سۇلتانە.

ـــ ئىشىكنى ئېچىڭ، ـــ دېدى نىياز.

سۇلتانە نېمە قىلىشنى بىلەلمەي، بىرھازاغىچە ئويلاپ يېتىپ كەتتى. ئىشىك توختىماي قېقىلىۋەردى، نىياز ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇنىڭ ئىسمىنى چاقىرىۋەردى.

ئاخىر سۇلتانە ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنى ئاچتى، نىياز كىرىپ كەلدى. ئۇ گەپ ـ سۆز قىلماي بىردەم تۇرغاندىن كېيىن:

— دىققەت قىلىڭ، ئۇخلىغاندا پەخەس بولۇڭ، — دېدى.

— نېمە بولدى؟

— ئابايا كارىدوردا بىرىنىڭ مېڭىپ يۈرگەنلىكىنى سېزىپ قالدىم.

سۇلتانە بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز تىترەشكە باشلىدى. نىياز سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

— دەسلەپتە كارىۋاتتا يېتىپ، قۇلاق سېلىپ ئاڭلىدىم. كېيىن چىقىپ قارىسام، ھېچنېمە كۆرۈنمىدى. قاراڭغۇدا ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايدۇ، سىز بىرئاز شام ئالدۇرۇپمۇ قويماپسىز.

قورققىنىدىن سۇلتانەنىڭ ئاغزى گەپكە كەلمەي قالدى.

— قورقۇۋاتامسىز؟ — دەپ سورىدى نىياز ۋە ئۇنىڭ جاۋابىنى كۈتمەستىنلا كاپ قىلىپ ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ تارتتى، — يۈرۈڭ، بۈگۈن كېچە مېنىڭ ئۆيۈمگە چىقىپ يېتىڭ.

— ياق، — دېدى سۇلتانە بەدىنىنى تولغاپ ئاستاغىنا. ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقاتتى.

— ئەخمەقلىق قىلماي، يۈرۈڭ، — دېدى نىياز ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلىپ. شۇ گەپ بىلەن تەڭ سۇلتانەنى كۆتۈرۈۋالدى. سۇلتانە قارشىلىق بىلدۈرمەي، لاسسىدە ئۇنىڭ قۇچىقىغا تاشلاندى.

سىرتتىكى دەرەخزارلىقتا بىر كىچىك قۇشنىڭ تۇساتتىن «چىر» قىلغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى ـ دە، بۇ ئاۋاز چاپسانلا يامغۇر ـ بوران ئاۋازى ئىچىدە يوقاپ كەتتى. يامغۇر دېرىزىلەرگە، ئۆگزىگە، دەرەخلەرگە ئۇرۇپ شارقىراپ ياغماقتا ئىدى، بارغانسېرى ئەدەپ كېتىۋاتقان بوراننىڭ دەرەخ شاخلىرىنى شاراقلىتىشلىرى گويا بىر ئادەمنىڭ قاقاھلاپ كۈلۈۋاتقىنىغا ئوخشاپ كېتەتتى...

# توقفۇزىنچى باب

## 1

سۇلايمان دوختۇرخانىدا بىر يېرىم ئايغىچە ياتتى.
ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ ئون بىر يېرى زەخىملەنگەن بولۇپ، تاشقى كېسەللىكلەر ياتىقىدا ھوشسىز ئۈچ كۈن ياتتى، ئۇنىڭ سېزىمى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، كۆرۈش قۇۋۋىتى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەپ كەتتى. بەدىنى زەئىپلىشىپ كەتكەنلىكتىن، ھەتتا گەپمۇ قىلالماي قالدى. بىقىنىنىڭ ئۈچىنچى قوۋۇرغىسى ئاستىدا چوڭقۇر بىر پىچاق يارىسى بار بولۇپ، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن دوختۇرلارنىڭ شۇنىڭغا بېشى قېتىپ كېتىۋاتاتتى.
دەسلەپكى كۈنلەردە بىر قىسىم ئەزالار داۋاملىق دوختۇرخانىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن ھال ـ ئەھۋال سوراپ تۇرغاندى، بىراق كېيىن ئۇشتۇمتۇت ھېچكىم كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. سۇلايمان بۇنىڭغا ھەيران بولدى. ئۇ ئەزالارنىڭ مۇنداق سوغۇق پوزىتسىيەسىگە ناھايىتى خاپا بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆزىنىڭ غېرىبسىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئازابلاندى.
ئۇ جاراھىتى ساقايغاندىن كېيىن، ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ دوختۇرخانىدىن «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ باش ئورگىنىغا قايتتى. يول بويى ئۇ «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى مەجلىسىدە ئۇلارنىڭ پوزىتسىيەسىنى قاتتىق ئەيىبلەيدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە نېمىشقا مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلغانلىقىنى سورايدىغانلىقى ئۈستىدە ئويلاپ ماڭدى.
لېكىن، ئۇ گومىدىغا قايتىپ بېرىپ، «بوز تورغاي

جەمئىيىتى»نىڭ باش ئورگىنىنى كۆرگىنىدە، بۇ خىياللارنىڭ ھەممىسىنى چۆرۈپ تاشلىدى. باش ئورگاننىڭ تاملىرى بوگۇنگىچە تېخى ئوتتا ئىسلىنىپ كەتكەن پېتى تۇراتتى. كۆيۈپ بۇزۇلغان ئىشىك ـ دېرىزىلەر يېڭىلانغان بولسىمۇ، لېكىن ۋەيرانچىلىقنىڭ قالدۇق ئىزلىرى يەنىلا مەۋجۇت ئىدى. كۇتۇپخانىنىڭ بىر تېمى بىرنەچچە ئىنگلىز سۇڭگى كەڭلىكتە چاك كەتكەنىدى.

سۇلايمان بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەندە كۈن ئولتۇراي دەپ قالغانىدى. تۈن پەردىسى ئاستىدا باش ئورگاننىڭ ئۆيلىرى خۇددى خارابىلەردەك قاقاس كۆرۈنەتتى. سۇلايمان ئۆيگە كىرىپ قارىسا، ئۆيئىچى سۈرلۈك ئىدى. ئاۋۋالقى قىزغىن كەيپىياتمۇ يوق، ئەزالار ئالدىراشلىق بىلەن ئىشلەيدىغان ئەھۋالمۇ يوق ئىدى. ئۇ كارىدوردىن ئۆتۈپ ئىشخانىغا قاراپ ماڭدى. ئىشخانىنىڭ ئىشىكى داغدام ئوچۇق بولۇپ، ئۆيئىچىدىكى يورۇقلۇق ئىنتايىن ئاجىز ئىدى. خىرە يورۇقلۇق ئىچىدە ئولتۇرۇق ـ ئاجىز بىر كىشى شىرەنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ باش چۆكۈرۈپ ماتېرىيال كۆرۈۋاتاتتى. ئۇ يېقىنراق بېرىپ قاراپلا چۆچۈپ كەتتى، ئۇ سەئدى دوختۇر ئىكەن. ئۇنىڭ يۈزلىرىنى قورۇق باسقان، چېكە چاچلىرى ئاقىرىپ كەتكەن بولۇپ، ئىنتايىن قېرى كۆرۈنەتتى.

سۇلايماننىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ كەتتى، تۇرغان جايىدا تۇرۇپلا قالدى. شۇ ئەسنادا توساتتىن سەئدى دوختۇر بېشىنى كۆتۈرۈپ، سۇلايماننى كۆرۈپلا ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى.

— ۋوي، سۇلايمان!

سۇلايمان ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن قۇچاقلاشتى.

— دوختۇر، ئۆزىڭىزنى نېمانداق قىلىۋەتتىڭىز؟

دوختۇر كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ كۈلكىسىگە قاتتىق قايغۇ ـ ھەسرەت ئارىلاشقانىدى. سۇلايماننىڭ سوئالى ئۇنىڭ قەلبىنى ئازابلىدى. بۇنى سەزگەن سۇلايمان باشقا گەپ ـ سۆز قىلمىدى. ئىككىيلەن ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشتى. ئۆي پۈتۈنلەي

قاراڭغۇلاشقانىدى، دوختۇر ئورنىدىن تۇرۇپ قارا چىراغنى يېقىپ قويدى.

— باشقا ئەزالار قېنى؟ — دەپ سورىدى سۇلايمان.

— ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت ئورنىغا كېتىشتى، چاپسان قايتىپ كېلىدۇ.

سەئدى دوختۇرنىڭ جاۋابى سۇلايمان ئۈچۈن ئىنتايىن چوڭ تەسەللى بولدى. ئۇلار كۆپ پاراڭلاشتى. سەئدى دوختۇر ئۇنىڭغا: سىفۇت بەشىرنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىنغان كېچىسى قوربان بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ قىرىق ئىككى يېرى يارىلانغانلىقىنى، ئۇندىن باشقا، يەنە بەزى ئەزالارمۇ يارىلانغانلىقىنى، پەقەت فېشىم ئەلا بىلەن يەنە ئىككىيلەن ئارقا تامدىن ئارتىلىپ قېچىپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

فېشىم ئەلا قېچىپ چىققاندىن كېيىن، دەرھال بېرىپ ساقچىغا مەلۇم قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ساقچىلار نەق مەيدانغا يېتىپ كەلگەندە، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغۇچىلار ئاللىقاچان تىكىۋەتكەنىدى.

ساقچىلار ئاران ئىككى كۈن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپلا، ھەممە ئەزالارنى دېگۈدەك تۇتۇپ كەتتى. باش ئورگاننى ئاختۇرۇپ، بارلىق ھۆججەتلەرنى ئەكەتتى ھەمدە «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ ئۆيلىرىنى پېچەتلىۋەتتى.

ئەزالار «سىفۇت بەشىرنى ئۆلتۈرگەن» دېگەن جىنايەت بىلەن ئەيىبلەندى. ساقچى تەرەپنىڭ تەكشۈرۈش دوكلاتىدا: «بۇ دېلونىڭ ئاساسىي ئەھۋالى مۇنداق: سىفۇت بەشىر «بوز تورغاي جەمئىيىتى»دىكى ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىپ، شۇ كۈنى لوندونغا كېتىش ئالدىدا تۇرغانىكەن. ۋەقە چىققان كېچىدە ئۇ «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ باش ئورگىنىغا كېلىپ، «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ خىراجىتى ئىچىدىكى ئۆزىگە تېگىشلىك پۇلنى قايتۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىلغان. لېكىن، بۇ تەلەپ رەت قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن ۋەقە پارتلىغان. ئەزالار ئىچىدە سىفۇت

بەشىرنى قولىلىغۇچىلارمۇ بولغاچقا، تالاش ـ تارتىش يۈز بەرگەن، كېيىن ئىككى تەرەپ ياقا تۇتۇشۇپ ئۇرۇشقان. بىر قىسىم ئەزالار سىفۇت بەشىر بىلەن ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلماقچى بولۇپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن باش ئورگاننىڭ ئۆيلىرىگە ئوت قويۇۋەتكەن ۋەھاكازا...» دېيىلگەندى. ئالىم ئەھمەت ساقچى تەرەپنىڭ گېپىنى قوللىدى. كېيىن فېشىم ئەلامۇ رەسمىي گۇۋاھچى بولۇپ قالدى.

ئەڭ قىزىقارلىقى شۇكى، شىكايەتنامىدە: سايلامغا ئاۋاز بېرىشتىن ئىلگىرى ھېچكىمنى كېپىلگە بېرىپ چىقىشقا بولمايدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاۋاز بېرىدىغان چاغدا ئاۋاز بېرىش پونكىتىدا، «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ نازارەتچىسى يوق ئىدى. سايلام بېلىتىنى ھېسابلىغاندىمۇ «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ ۋەكىلى تۆپىدە بولمىدى.

سەئىدى دوختۇر نامىزات ئىدى. لېكىن، ئۇمۇ باشقا ئەزالار بىلەن بىللە تۈرمىگە قاماپ قويۇلدى. سايلام نەتىجىسى ئېلان قىلىنغاندا، ئۇنىڭ ئېرىشكەن ئاۋاز سانى ناھايىتى ئاز بولدى، ھەتتا كاپالەت پۇلىمۇ مۇسادىرە قىلىندى. خان باھادۇر كۆپ ئاۋاز بىلەن شەھەر مەمۇرىيىتى كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى. ئۇلار شانلىق غەلىبىسىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن داغدۇغىلىق زور نامايىش ئۆتكۈزدى. ئاھالىلەرگە تاتلىق يېمەكلىك تارقىتىپ بەردى. ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرى ئۆز ئۆيلىرىنىڭ ئىشىك ئالدىغا پانۇس يېقىپ، شەلپەر ئاستى.

خان باھادۇر غەلىبە قىلىپ بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ساقچى تەرەپ «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ ئەزالىرىنى كېپىلگە بېرىشكە ماقۇل بولدى. يەنە بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئەلى ئەھمەت قويۇپ بېرىلدى. لېكىن، رىياز يەنىلا سولاقتا قالدى. بەزى ئەزالار تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن قورقۇپ كېتىپ «بوز تورغاي جەمئىيىتى»دىن ئايرىلدى. ھازىر جەمئىي يەتتە ئەزا قالغاندى. قالايمىقانچىلىق تۈپەيلىدىن بارلىق

خىزمەتلەر توختاپ قالدى. قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشخانىسى باشقىلار تەرىپىدىن زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋېلىندى؛ ساۋات چىقىرىش مەركەزلىرىمۇ تاقىلىپ قالدى؛ كۈتۈپخانىنى بىر ھارۋىكەش ئاتخانا قىلىۋالدى؛ باش ئورگاننىڭ قۇپقۇرۇق ئۆيلىرى ھېلىمۇ پېچەتلەنگەن پېتى تۇراتتى.

ئەزالار تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، ئۇلار قاتمۇقات قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى. ئۇلارغا قىيىنچىلىقلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئۈچۈن، پائال كۈرەش ئېلىپ بارماي ۋە قايتىدىن پايدىلىق كەيپىيات ياراتماي بولمىدى. شۇ يول بىلەن بۇ ھەرىكەتنى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشقا توغرا كەلدى.

سەئدى دوختۇرنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، سۇلايماننىڭ غەزەپ ـ نەپرىتى قايناپ تاشتى.

— بۇ ئاپەتلەرنى خان باھادۇر كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇ ھەقىقەتەن ئىنتايىن رەزىل ۋە زەھەرخەندە ئەبلەخ ئىكەن!

— ئۇنى ھوقۇق ئارزۇسى مۇشۇنداق غالجىر ۋە شەخسىيەتچى قىلىۋەتكەن ـ دە، — دېدى دوختۇر.

— فېشىم ئەلا بىلەن ئالىم ئەھمەتنى كۆردىڭىزمۇ؟

— ياق، — دوختۇر سەل تۇرۇۋېلىپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئاڭلىسام، خان باھادۇر ئۇلارنى شەھەر مەمۇرىيىتى كومىتېتىدا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. كىرىمى ئاز ئەمەس ئىكەن، باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈۋېتىپتۇ.

بىرئاز ۋاقىتتىن كېيىن ئەلى ئەھمەتمۇ كەلدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ياش ئىككى ئەزا بىللە كىردى. ئەلى ئەھمەت سۇلايماننى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن قۇچاقلىشىپ كەتتى.

— مەن تېخى سىزنىمۇ باشقىلاردەك بىزنى تاشلاپ كېتىپ قالدىمىكىن دەپتىمەن، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

— مەن دوختۇرخانىدىن ھېلى چىقتىم، — دېدى سۇلايمان جاۋابەن، — مېنىڭ ئۆلۈك ياكى تىرىكلىكىمنى، زادى نېمە

بولغانلىقىمنى سوراپمۇ قويمىدىڭلار.

ئەلى ئەھمەت ناماقۇللۇق بىلدۈردى:

— كەچۈرۈڭ. بىر مەزگىل تۈرمىدە ياتتىم، تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن مۇنداق داۋالغۇپ تۇرغان ۋەزىيەتتە يوقلىيالمىدىم. توغرا ئېيتتىڭىز، ئەپۇ قىلىڭ.

سائەت سەككىز بولغاندا بارلىق ئەزالار قايتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى سۇلايماننى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. ھەممەيلەن ئۇنىڭ كەلگەنلىكىگە ئىنتايىن خۇشال بولۇشتى. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا بىر خىل يېڭى كۈچ - قۇۋۋەت ۋە قايناق ھېسسىيات ئۇرغۇپ تۇراتتى.

ئۇ كۈنى ھەممەيلەن كەچلىك تاماقنى بىللە يېدى. سائەت ئون بىرگە ئاز قالغاندا «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ مەجلىسى ئېچىلىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت پىلانى بېكىتىلدى. ئىلگىرىلەش يولىدىكى قىيىنچىلىقلارنى قانداق قىلىپ تىرىشىپ تۈگىتىش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى. مەجلىس يېرىم كېچىگىچە داۋاملاشتى، ھەربىر ئەزا پىكىر بايان قىلدى.

مەجلىستە بىرمۇنچە يېڭى تەكلىپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بىرمۇنچە ئەزالار بىر تۈركۈم يېڭى ئەزا قوبۇل قىلىش لازىملىقىنى تەكىتلىدى. لېكىن، ئەلى ئەھمەت بۇ تەكلىپكە قارشى چىقتى. چۈنكى، «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ ھازىرقى خىراجىتى ئىنتايىن چەكلىك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئون ئىككى مىڭ رۇپىيە تېخى ئەلى ئەھمەت ئۆزىنىڭ ئۆيىنى سېتىۋەتكەندىن كېيىن تەقدىم قىلغان پۇل بولۇپ، بۇنىڭ كۆپ قىسمى دەۋالىشىش ۋە كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن سەرپ قىلىنىپ بولغانىدى. ئەلى ئەھمەت بىرئاز خىراجەت توپلاشنىڭ غېمىنى قىلىش لازىملىقىنى ئەزالارنىڭ سەمىگە سېلىپ قويدى.

بىر قىسىم ئەزالار «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ ھېسداشلىرىدىن ئىئانە توپلاش پىكرىدە بولدى. سۇلايمان ساۋات

چىقىرىش مەركەزلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلاردىن ئاز مىقداردا ئۆگىنىش خىراجىتى ئېلىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. سەئىدى دوختۇرمۇ ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى. ئۇ يەنە داۋالىنىشقا كەلگەن كېسەللەردىن، ھېچبولمىغاندا دورا پۇلىنى تۆلەشكە قۇدرىتى يېتىدىغانلاردىن ھەق ئېلىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. لېكىن، ئۇ كۈنى ھېچقانداق تەكلىپ قوبۇل قىلىنمىدى. خىراجەت مەسىلىسىنى كېلەر قېتىمقى مەجلىستە مۇزاكىرە قىلىشقا قالدۇرۇشقا توغرا كەلدى.

سەئىدى دوختۇر «سۇلايماننىڭ سالامەتلىكى تېخى ھازىرلا خىزمەتكە قاتنىشىشقا يار بەرمەيدۇ، ئۇ بىر ئاز ۋاقىت دەم ئالسۇن» دېگەن تەكلىپنى بېرىۋىدى، لېكىن سۇلايمان بۇ گەپكە پەقەت قۇلاق سالماي، ئەتىسىلا ئۆزىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئىزدەپ باردى. ئۇ يەرگە بېرىپ قارىسا، ئەسلىدىكى ساۋات چىقىرىش مەركىزىنىڭ ئورنىدا بىر قاسساپ گۆش دۇكىنى ئېچىۋاپتۇ. قاسساپنىڭ ئۆيىمۇ شۇ ئەتراپتا ئىكەن. سۇلايمان ئۇنىڭغا دۇكاننى يۆتكەشنى ئېيتىۋىدى، ئۇ ئادەم ئۆكتەملىك قىلىپ ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىدى. سۇلايمان بىلەن بىللە كەلگەن كىشىنىڭمۇ ئاچچىقى كەلدى، شۇنىڭ بىلەن كەيپىيات جىددىيلىشىپ، ھېلىلا ئۇرۇشۇپ قالىدىغاندەك ۋەزىيەت شەكىللەندى.

سۇلايمان ئەھۋالنىڭ تەرەققىياتىنى توسۇۋالدى ھەمدە باشقا جاي تېپىپ ساۋات چىقىرىش مەركىزى قۇرايلى، جاي تېپىلمىسا، يەرگىلا بورا سېلىپ، گاز لامپا يېقىپ دەرس ئۆتىۋېرەيلى، دېگەن يەرگە كەلدى.

سۇلايمان كەچقۇرۇن ئۇ يەرگە قايتا بارغاندا، تامغا تاقاپ كونا قاڭالتىرلاردا بىر لاپاس ياسالغانلىقىنى، گاز لامپا يېقىپ، يەرگە بورا سېلىپ قويۇلغانلىقىنى كۆرۈپ بەك خۇشال بولۇپ كەتتى. «بوز تورغاي جەمئىيىتى» تۇنجى قېتىم ساۋات چىقىرىش مەركىزى ئاچقاندىكى مەنزىرە ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا قايتا پەيدا

بولدى.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا جىددىي كۆپىيىپ كەتتى. كېيىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى توختىتىپ قويىماي بولىمىدى. بۇ ساۋات چىقىرىش مەركىزىنىڭ خىزمىتى ئوڭۇشلۇق قانات يايدۇرۇلغاندىن كېيىن، سۇلايمان بۇ يەرگە يەنە بىر ئەزانى مەسئۇل قىلىپ قويۇپ، ئۆزى باشقا بىر ساۋات چىقىرىش مەركىزى قۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتى. سۇلايماننىڭ بىرەر ئايلىق جاپالىق ئىرىشىشى ئارقىسىدا ساۋات چىقىرىش مەركىزىدىن ئۈچى قۇرۇلۇپ، نورمال ئوقۇتۇش پائالىيىتى باشلىنىپ كەتتى.

سۇلايماننىڭ كېلىشى ئەلى ئەھمەتكە چوڭ ياردەم بولدى. ھازىر ھەرقايسى خىزمەتلەر تەدرىجىي ئىزىغا چۈشمەكتە ئىدى. «بوز تورغاي جەمئىيىتى» قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشخانىسىنى قايتۇرۇۋېلىپ، ئۇنى قايتا قۇرۇش خىزمىتىنى باشلىدى. كۆتۈپخانىمۇ قايتىدىن ئېچىلدى، شىپاخانىمۇ تۈزەشتۈرۈلۈپ يېپيېڭى قىلىنىۋېتىلدى.

ھازىرغا كەلگۈچە ئەزالار تېخى خىراجەت مەسىلىسىنى قانداق ھەل قىلىش توغرىسىدا بىرەر قارارغا كېلەلمىگەنىدى. خىراجەت كەم بولغانلىقتىن، ئەزالار ھەر كۈنى بىر ۋاخلىق تاماقنى كەم يەپ، تۇرمۇش راسخوتىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئازايتتى. ئۇلار پاپىرۇس چەكمەي، يەرلىك تاماكا چېكىدىغان بولدى. كىمنىڭ كىيىمى يىرتىلىپ كېيىشكە يارىماي قالسا، باشقا ئەزالارنىڭ كىيىمىنى ئەپلەپ - سەپلەپ كىيىپ تۇردى.

سۇلايمان دوختۇرخانىدىن بەدىنى ناھايىتى زەئىپ ھالدا چىققانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جىددىي، جاپالىق خىزمەت قىلىش ۋە يېتەرلىك ئوزۇقلىنالماسلىق تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ بەدىنى تېخىمۇ ئاجىزلاپ كەتتى. جۇدەپ ياڭاق سۆڭەكلىرى تومپىيىپ چىقتى، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتتى. چاچلىرى قۇرۇق چۆپكە ئوخشاپ قالدى. چىرايى زەپىرانىدەك سارغىيىپ كەتتى. لېكىن،

ئۇ ئۆزىنىڭ سالامەتلىكىنى بىر ياقىقا قايرىپ قويۇپ، پۈتۈن قەلبىنى خىزمەتكە بېغىشلىدى.
ئۇ بىر كۈنى كەچقۇرۇن كوچىدا كېتىۋېتىپ ئۇشتۇمتۇت نىياز بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. نىيازنىڭ قېشىدا سۇلتانە بار ئىدى. ئۇ مودا شايى كىيىملەرنى كىيىپ، قالتىس پۇزۇر ياسانغان، يۈزىگە ئۇپا سۈرتكەن بولۇپ، مەلىكىلەردەك سالاپەتلىك بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇلار بىر ماگىزىندىن چىقىۋاتاتتى، سۇلايمان ئۆزىنى دالدىغا ئالغۇچە نىياز كۆرۈپ قالدى.
— ھەي، سۇلايمان.
ئۇ ئامالسىز توختىدى. نىياز ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى.
— ھە، ئۇكام، نەدىن سورايمىز؟ دىدارىڭىزنىمۇ كۆرگىلى بولمايدىغان بولۇپ كەتتىغۇ؟
— مەن مۇشۇ يەردە تۇرۇۋاتىمەن، — دېدى سۇلايمان جاۋابەن.
— قاراڭ، ئۆزىڭىزنى نېمانداق تاشلىۋەتتىڭىز؟
سۇلايمان ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ بىرئاز خاتىرجەمسىزلەندى. ھەقىقەتەن ئۇنىڭ تۇرقى كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق ئىدى. چاچلىرى پاخپايغان، ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن، يۈز ـ كۆزلىرىنى چاڭ ـ توزان باسقان، ئۈستىباشلىرى مەينەت، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر يېڭى يىرتىلىپ بىلىكى كۆرۈنۈپ قالغانىدى. نىياز بولسا پاكىز كىيىنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ جىلىتكىسى بىلەن چىبەرقۇت شالۋۇرى ئۇنى ئەركىن ۋە روھلۇق كۆرسىتىپ تۇراتتى. چىرايى قىپقىزىل بولۇپ، كۆزلىرى بۆلەكچىلا نۇرلىنىپ تۇراتتى. ئۇ سۇلتانە بىللە ماڭسا ئىنتايىن لايىق كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا سۇلايمان ئۆزىنى ئەخلەت ئىچىدىن چىققان چاشقاندەك ھېس قىلىپ قالدى.
— خىزمەت تاپتىڭىز؟ — دەپ سورىدى نىياز.
— خىزمەت تېپىش نىيىتىدىن ئاللىبۇرۇن ۋاز كەچكەنمەن.
— ئەمىسە، قانداق تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىسىز؟

— هازىر بەزىبىر ئىجتىمائىي خاراكتېردىكى خىزمەتلەرنى قىلىۋاتىمەن.

نىياز بىردىنلا كۈلۈپ كەتتى.

— ئۇكام، سىز قاچاندىن بېرى ئىجتىمائىي خاراكتېردىكى خىزمەت دائىرىسىگە كىرىپ قالدىڭىز؟ قاراڭ، ئۆزىڭىز ئۆزگىرىپ نېمە بولۇپ كەتكەن. مەن بىر قاراشتىلا تونۇيالماي قالدىم سىزنى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ سۇلايماننىڭ ئىنتايىن كۆڭلى بۇزۇلدى.

— كېسەل بولۇپ قالدىم، — دېدى ئۇ.

— ئۇكام، — دېدى نىياز ئىنتايىن يېقىنچىلىق بىلەن، — سىز ئۇنداق ئوتتۇرىغا چىقىدىغان ئىشلارنى قىلىشقا لايىق ماتېرىيال ئەمەس، ئۇ چوڭ ئەربابلار قىلىدىغان قۇۋلۇق ـ شۇملۇق. مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىسىڭىز خاتا قىلغان بولمايسىز. قۇرۇپ كەتسۇن ئۇلارنىڭ پۇت تېپىشىشلىرى. ئەتە كېلىپ مەن بىلەن كۆرۈشۈڭ، مەن سىزنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قوياي. مېنىڭ ئىشخانام توك بىلەن تەمىنلەش ئىدارىسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى كوچىدا. ئۇ يەرگە بېرىپ كىمدىنلا سورىسىڭىز دەپ بېرىدۇ. مەن ئادەتتە سائەت ئوندا ئىشقا بېرىپ، چۈشتىن كېيىن ئىككىگىچە شۇ يەردە بولىمەن. مەڭ، ماۋۇ مېنىڭ نام ـ ئەمەل كارتوچكام، — ئۇ يانچۇقىدىن بىر پارچە نام ـ ئەمەل كارتوچكىسىنى چىقىرىپ سۇلايمانغا بەردى.

ئۇنىڭ بۇ گېپى سۇلايماننىڭ قاتتىق غەزىپىنى كەلتۈردى. قانداقتۇر بىرەر پەسكەشلىك يول بىلەن هارام بايلىققا ئېرىشكەن كونا مالالار سودىگىرى قاراپ تۇرۇپ ماڭا مۇشۇنداق گەپ قىلىۋاتىدۇيا! گويا بىر باي بولۇش بىلەنلا ئۇنىڭ كاللىسىمۇ ئەقىللىك بولۇپ قالغاندەك، دەپ ئويلاپ قالدى ئۇ.

— رەھمەت سىزنىڭ ھېسداشلىق قىلغىنىڭىزغا، — دېدى ئۇ مەنسىتمىگەن ھالدا، — هازىر ماڭا خىزمەت ئىزدەشنىڭ هاجىتى يوق، كېيىنچە مەندە شۇنداق ئوي تۇغۇلۇپ قالسا، شۇ

چاغدا سىزنى ئاۋارە قىلارمەن.

سۇلايمان شۇنداق دەپ بولۇپلا يانچۇقىدىن بىر پاچكا يەرلىك تاماكا چىقىرىپ، بىر تالنى ئاغزىغا چىشلەپ تۇتاشتۇراي دەۋاتقاندا، نىياز يالتىراپ تۇرغان تاماكا قۇتىسىنى ئېچىپ، سۇلايمانغا تۇتتى:

— «ئوتتۇز بەش ماركىلىق» تىن بىر تال چېكىپ قويۇڭ.

— رەھمەت، يەنىلا مۇشۇنى چەككىنىم تۈزۈك، — دېدى سۇلايمان دەرھاللا.

— ۋاي - ۋۇي، نېمانداق تۈزۈت قىلىسىز، دائىم ياخشى تاماكا چېكىپ تۇرسا، مەسىلىلەرنىمۇ ئەتراپلىق ئويلىغىلى بولىدۇ، — دەپ ۋاتىلدىدى ئۇ، شۇ ئەسنادا سۇلتانە:

— ماڭايلى، بارغانسېرى كەچ بولۇپ كەتتى، — دېدى سەۋرسىزلىنىپ.

نىياز بۇرۇلۇپ سۇلتانەگە قاراپ، كۈلۈپ تۇرۇپ:

— بۇ كىشى سۇلايمان ئەپەندى بولىدۇ، مېنىڭ كونا تونۇشۇم، ئوقۇمۇشلۇق ئادەم، شۇغىنىسى ھازىر رەھبەر بولۇش ئارزۇسى ئىچىگە كىرىپ قېلىپ، ئۆزىنى مۇشۇنداق قىلىۋېتىپتۇ، — دەپ، سۇلايماننىڭ ئورنىدا ئىزاھ بەرگىلى تۇردى. لېكىن، سۇلتانە سۇلايمانغا قاراپمۇ قويماي، ئۆزىنىڭ ئۇزۇن قىزىل تىرنىقىغا قارىغىنىچە جىم تۇراتتى.

سۇلايماننىڭ كۆڭلى سوۋۇپ كەتتى.

— ماقۇل، مەن ماڭاي، ئالدىراش بىر ئىشىم بار ئىدى، — دېدى ئۇ ئالدىراپ.

— بولىدۇ، بولىدۇ، خالىسىڭىز ئىشخانامغا بارارسىز، — نىياز شۇنداق دېگەچ ئالغا قاراپ ماڭدى.

سۇلتانە گۈزەل ۋە يۇمران بويىنىنى گىدەيتىپ، ھەربىر قەدىمىنى كۆرەڭلەپ بېسىپ، نىياز بىلەن قاتارلىشىپ مېڭىپ بىر چەتتە توختىتىپ قويۇلغان ماشىنىغا چىقتى. نىياز ماشىنا ھەيدىدى، سۇلتانە ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. سۇلايمان گەپ -

سۆز قىلماي قاراپ تۇردى. ئۇ سۇلتانە چوقۇم ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ماڭا قارايدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن، سۇلتانە ئارقىسىغا قارىمىدى. ئۇ يېقىنچىلىق قىلىپ نىيازنىڭ مۇرىسىگە چاپلىشىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا پەس ئاۋازدا بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلدى، ئاندىن ئىككىلىسى كۈلۈشۈپ كەتتى.

ماشىنا ئورنىدىن قوزغىلىپ، تاشيول بويلاپ يۈرۈپ كەتتى. سۇلايمان كۆڭلى پەرىشان بولغان ھالدا ئۇلارنىڭ قارىسى يوقالغۇچە ئارقىسىدىن قاراپ قالدى. ئاندىن ئالدىغا ماڭغاچ ئويغا پاتتى: «ھەي سۇلايمان ! سۇلتانە ھازىر يىراقلاپ كەتتى. سەن بولساڭ پاتقاققا پېتىپ قالدىڭ. بۇنى ئۆزۈڭ خالىغان. چۈنكى، سەن جەمئىيەتتىكى ئەخلەتلەرنى پاك ـ پاكىز تازىلاشقا نىيەت قىلغان، سەن چىرايلىق، گۈزەل نەرسىلەرنى ئويلىماسلىقىڭ كېرەك، مەيلى ئۇ سۇلتانە بولسۇن ياكى ئۇن بەش كۈنلۈك تولۇن ئاي بولسۇن. سېنىڭ كۆرەش مەقسىتىڭ بىرەر ساھىبجامالغا مۇيەسسەر بولۇش ئەمەس، بەلكى بارلىق سەت ۋە رەزىل نەرسىلەرنى گۈزەل ۋە ياخشى نەرسىلەرگە ئايلاندۇرۇش.»

سۇلايمان ھەرھالدا ئۆزىگە بىر قۇر تەسەللى بەردى. لېكىن، ئۇ ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىغا سۇلتانە ئىسىملىك بىر قىزنىڭ بۆسۈپ كىرگەنلىكىنى، بەلكى ئۇ بىر كۈنى ئاخشام ئۇنىڭغا مۇھەببەت ئىزھار قىلغانلىقىنى ئۇنتۇمايتتى. بىراق، ئۇ قىز بۈگۈن ئۇنى بىر قاراپ قويۇشقىمۇ ئەرزىمەيدىغان ئادەم دەپ قارىماقتا. بۇ ئۇنىڭ ئۆچ ئېلىشىمۇ ياكى ھەقىقەتەن ئۇنى زاتى پەس دەپ قارىغىنىمۇ؟ ئۇنىڭ كاللىسىدا سان ـ ساناقسىز مۇشۇنداق سوئاللار قايتا ـ قايتا پەيدا بولدى. بۇ كۈنى ئۇ پەرىشان بولۇپ كۆڭۈل قويۇپ دەرس ئۆتەلمىدى.

ئۇ بۇ كېچىنى كۆڭلى پاراكەندە بولغان ھالدا ئۆتكۈزدى. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە قانچىلىغان كېچىلەرنى شۇنداق ئۆتكۈزدى. بىر كۈنى ئۇ ئەنە شۇنداق كەيپىيات بىلەن ئەلى ئەھمەتنىڭ قېشىغا كىرىپ، ئانىسىنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ

قالغانلىقىنى، ئۆيگە قايتىپ بېرىپ بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ كەلمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

ئەلى ئەھمەت ئىمكانقەدەر بۇرۇنراق قايتىپ كېلىشىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭغا يول خىراجىتى ئۈچۈن يىگىرمە رۇپىيە بەردى ھەمدە بالدۇرراق قايتىپ كېلىشىنى يەنە بىر قېتىم جېكىلىدى.

ئىككىنچى كۈنى ئاخشىمى سۇلايمان پويىز بىلەن يولغا چىقىپ كەتتى.

## 2

خىرە ـ شىرە بىر ئەتىگەندە سۇلايمان بىر كونا چامادىنىنى كۆتۈرگەن، ئۇستىباشلىرىنى توپا ـ چاڭ باسقان، چاچلىرى پاخپىيىپ كەتكەن ھالدا ئاستا ئۆيىگە كىرىپ كەلدى. بۇ تۇرقىدىن ئۇ بەئەينى يەرلىك دورىپۇرۇشلارغا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ كېلىشى ئائىلىسىگە خۇشاللىق بېغىشلىمىدى. ئائىلىسىدىكى ھەممە كىشى ئۇنىڭغا سوغۇق كۆز بىلەن قارىدى. دادىسى ئۇنىڭغا گەپ قىلىشنىمۇ خالىمىدى. ئانىسى ئانىلىق مۇھەببىتى تۈپەيلىدىن ئۇنى باغرىغا بېسىپ ئۇزاق يىغلىدى. ھەممەيلەن ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ بىردەم تۇرۇشتى. ھېچكىم ئۇنىڭ بىلەن ئارتۇقچە سۆزلەشمىدى. ئۇنىڭ ھال ـ ئەھۋالىنىمۇ سورىمىدى. ئاندىن ھەممەيلەن ئۆز ئىشى بىلەن بولدى. ئۇنىڭ قايغۇلۇق، غەمكىن چىرايى، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرى ۋە جۇلۇقى چىقىپ كەتكەن ئۇستىباشلىرى ھەممە ئىشنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ تۇراتتى.

سۇلايمان كەتكەندىن كېيىن ئۆيدە نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولغانلىقىغا دىققەت قىلدى. دادىسى پېنسىيەگە چىققان بولۇپ، پېنسىيە پۇلى بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتاتتى. ئۇ ئۇزۇن ساقال قويۇپ، كۈندە بەش ۋاخ نامازنى تەرك قىلماي ئوقۇپ تۇراتتى. ھەر كۈنى قاق سەھەردە تېخى يولتۇز تارقىمىغان چاغدا ئورنىدىن

تۇرۇپ قۇرئان ئوقۇيتتى. يېرىم كېچىدە يەنە بىر قېتىم ناماز ئوقۇيتتى. ئۇ كۆپ ۋاقتىنى ئۆزىنىڭ ياتىدىغان ئۆيىدە ئۆتكۈزەتتى. ئۆيدە ئۆزى يالغۇز تاماكا چېكىپ، كىتاب كۆرۈپ ئولتۇراتتى. ناماز ئەسىرنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ ھويلىدىن ئۆتۈپ ئوتتۇرا ئۆيگە كىرىپ ئولتۇراتتى. بۇ چاغدا ياشانغان قولۇم - قوشنىلارمۇ كىرەتتى. ئۇلار تاماكا چېكىشىپ، سىپارى يېيىشىپ، پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىنىڭ تېمىسى ناھايىتى چەكلىك ئىدى. ئۇلارنىڭ پاراڭلىرى ساپلا ئۇششاق - چۇششەك ئىشلار ۋە ئۆزلىرىنىڭ قايغۇ - ھەسرەتلىرى توغرۇلۇقلا بولاتتى، بەزىدە ئەتراپىدىكى تۇرمۇش توغرۇلۇقمۇ ئاز - تولا قىسقىچە باھا بېرىشەتتى.

ئۇ دادىسىنىڭ گەپلىرىدىن شۇنى ئېنىق ھېس قىلدىكى، دادىسىنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم ئىدى. ئۇنىڭ ئىپتىخارلىنىدىغىنى ئۇ جان كۆيدۈرۈپ ئوتتۇز ئالتە يىل ھۆكۈمەت خىزمىتىنى قىلدى، ھەممە باشلىقلا ياخشى كۆرۈنۈپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۆتمۈشى ئىنتايىن پاك ئىدى. ھازىر ھەر ئايدا ئۈچ يۈز يىگىرمە بەش رۇپىيە پېنسىيە پۇلى ئېلىپ، ئوبدان تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەممە بالىسىنى ئالىي تەربىيە ئالدۇرۇپ، ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلدى. ئۇ پەقەت ئوغلى سۇلايماننىڭ كارغا يارىماس ئادەم بولغانلىقىدىنلا ئېچىناتتى. ئۇ، سۇلايمان بىر مۇئاۋىن رايون باشلىقى بولالمىغان تەقدىردىمۇ، ھېچبولمىغاندا بىر مۇئاۋىن مۇپەتتىش بولالايتتى، دەپ ئويلىغانىدى.

ئانىسى بەك قېرى چىراي كۆرۈنەتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە مىجەزى ئوساللىشىپ، يىغلاڭغۇ بولۇپ قالغانىدى. بۇرۇن بۇ ئائىلىدە ئۇنىڭ گېپى گەپ ئىدى. ئەمما، بۇگۈنكى كۈنلۈكتە ئۇ كېرەكسىز بىرنەرسىگە ئايلىنىپ، ئەخلەت دۆۋىسىگە تاشلىۋېتىلگەنىدى. ئۇ قازناقتا ئوخشايدىغان ئاددىي ۋە كىچىك

بىر ئۆيدە ياتاتتى. كۆنبويى يۆتىلىپ، سىپارى كېسىپ، سىپارى يەپ ئولتۇراتتى. ئۆينىڭ تاملىرىغا تۈكۈرۈك - خەپرۇكلەر چاپلىشىپ كەتكەندى. ئۇ ئۆزىنىڭ باللىرىنى ئىش ئۇقمايدۇ، ئەدەپسىز، دەپ قارايتتى. باللىرى بولسا ئۇنى نادان، كاردىن چىققان، دەپ قارايتتى. ئۆيگە بىرەر «ئەزىز مېھمان» كېلىپ قالسا، ئۇنى ئۆيگە سولاپ، تېشىدىن قۇلۇپ سېلىپ قوياتتى. ئۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇ بىر سۆزلەپ كەتسە، ئۇنىڭ باش - ئايىغى يوق گەپلىرى كىشىنىڭ قۇلىقىغا ياقمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ تېخى دائىم كىشىنى ئۇياتقا قويىدىغان، ئائىلىدىكى سەتچىلىكلەرنى سىرتقا يايىدىغان گەپ - سۆزلەرنى قىلاتتى.

لېكىن، ئۇنىڭغا يەنىلا باللىرىدىن ئۆچ ئالىدىغان پۇرسەت بار ئىدى. ئۇ مۇنداق قىلاتتى: مېھمان كەلگەن چاغدا، ئۇ مەينەت كىيىملەرنى كىيىپ، كەشنى سۆرەپ، قەستەن مېھماننىڭ قېشىغا كىرەتتى. بۇنى كۆرۈپ ئاچچىقى كېلىپ تاتىرىپ كەتكەن ئىككى قىزى بىلەن كېلىنى ئۇنى دەرھال چىقىپ كەتسۇن دەپ ئۇنىڭغا قاتتىق هومىياتتى. لېكىن، ئۇ قىلچە پەرۋا قىلماي، مېھماننىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، گەپ خالتىسىنى ئېچىۋېتەتتى. مېھمان كەتكەندىن كېيىن ئۆيدە بىر قۇر جېدەل بولاتتى. ئۆيدىكى ھەممەيلەن ئۇنى ئەيىبلەيتتى. ئۇ بولسا يىغلاپ ئۇلارنى تىللاپ، بۇ ئۆيدىن مەڭگۈ كېتىپ، سىڭلىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تەھدىت سالاتتى. ئاندىن ساندۇقتىن كىيىم - كېچەكلىرىنى ئېلىپ، يوتقان - كۆرپىلىرىنى تېڭىپ، پويىز ئىستانسىسىغا چىقىش ئۈچۈن هارۋا چاقىرتاتتى. بۇ بىر تىياتىرنىڭ يۇقىرى دولقۇنىغا ئوخشايتتى. مېڭىش ئالدىدا ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ، باللىرى بىلەن بىر - بىرلەپ قۇچاقلىشىپ چىقاتتى. مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئىشمۇ تىنچىپ تۈگىگەن هېسابلىناتتى.

ھەر قېتىم ئۆيگە مېھمان كېلىپ كەتكەندە، ھەمىشە مۇشۇنداق كومېدىيە يۈز بېرەتتى. بەزىدە مېھمان كېلىشتىن

ئىلگىرى ئۇنىڭغا ياخشى گەپلەرنى قىلىپ يۈرۈپ تۈرلۈك ئاماللارنى تېپىپ ئۇنى خۇشال قىلىپ، ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ، بىرنېمىلەر قىلىپ يۈرۈپ ئۆيگە سولاپ قويۇشاتتى. لېكىن، مۇنداق قىلىشتىمۇ ئۇنىڭ خالاش ـ خالىماسلىقىغا قاراشقا توغرا كېلەتتى. چۈنكى، ئۆيگە سولاپ قويۇلغان تەقدىردىمۇ ۋارقىراپ ـ جارقىراپ جاھاننى بېشىغا كىيىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ئۇسۇلى بەك يامان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بەزىدە ئىش تىنچ ـ ئامان ئۆتۈپ كېتەتتى، بەزىدە بولسا غەلۋە قىلىپ تىنچ تۇرمايتتى ـ دە، ئەتراپتىكى قولۇم ـ قوشنىلار بۇ ئۆيگە مېھمان كەلگەنلىكىنى بىلىپ كېتەتتى.

ئانىسى يېقىندىن بېرى ئۆي ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان كىچىك قىزىدىن ئەڭ كۆپ ئاغرىناتتى. ئۆي ئىشلىرىنى ئۇنىڭ باشقۇرۇشى ئانىسىنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش دېگەن سۆز ئىدى. ئانىسى بۇنىڭغا قانداقمۇ چىداپ تۇرالىسۇن. بۇ ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۆيدىكى ئورنى بىر خىزمەتكارغىمۇ يەتمەيدىغان بولۇپ قالدى. ھازىر ئۇنىڭ كىچىك قىزى ئۆينىڭ ئىگىسى بولدى. ئۇ ئالىي مەكتەپنىڭ تەييارلىق سىنىپىنى تۈگەتكەن ئوقۇغۇچى بولۇپ، تارىنىش ـ ياسىنىش، ئۇپا ـ ئەڭلىك سۈركەش، مودا ۋە چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىشنى ياخشى كۆرەتتى. يەنە تېخى ئايال ئوقۇتقۇچىسىغا يېڭى ـ يېڭى سوۋغاتلارنى بېرىپ تۇراتتى. بۇ ئارتۇقچە خىراجەت ئائىلىنىڭ تۇرمۇشىغا بىۋاستە تەسىر يەتكۈزمەكتە ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئانىسىغا بىردىنبىر ھەمراھ بولىدىغان سىپارى قۇتىسى دائىم ئۇنىڭ قارغاپ تىللايدىغان ئوبيېكتى بولۇپ قالغانىدى. ئانىسى ئەمدى ھېچقانداق ئىشقا ئېرەن قىلمايتتى، پەقەت سىپارىغىلا بەك قىزىقاتتى. ھەر قېتىم سىپارى يېيەلمىگەن چاغدا قاتتىق غەزەپلىنىپ كېتەتتى.

سۇلايماننىڭ ئاچىسى لاھۇردىكى بىر ئىنستىتۇتنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. ھازىر تەتىل بولغانلىقتىن ئۆيدە تۇراتتى.

ئۇ پەلسەپە پەنلىرى بويىچە ماگىستىرلىق ئىلمي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەنىدى. لېكىن، ئۇ بىر خىل «پەلسەپە»گىلا ئىشىنەتتى، ئۇ بولسىمۇ ئابرۇيلۇق بىر ئەمەلدار بىلەن تۇرمۇش قۇرۇش ئىدى. شۇ سەۋەبتىن، تولا كۈتۈپ ئۇنىڭ چاچلىرى ئاقىرىپ كېتەي دەپ قالدى. ئۇ كۆڭۈل قويۇپ ئۇپا ـ ئەڭلىك سۈرتۈپ تۇرسىمۇ، لېكىن يەنىلا كۆزلىرىنىڭ قۇيرۇقىدىكى مانا مەن دەپ تۇرغان قورۇقلارنى ياپالمايتتى. ئۇ ئۆيدىكى كىشىلەر بىلەن ئاز سۆزلىشەتتى، ھەممەيلەنگە خۇددى ئۆزىنىڭ مالىيىدەك بۇيرۇق قىلاتتى.

ئۇ ھازىر كۆڭۈلدىكىدەك بىر ئەر تېپىشقا بولغان ئىشەنچىنى يوقىتىپ، چەت ئەلنىڭ ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشىش كويىغا چۈشكەنىدى. يېقىندىن بېرى ئۇنىڭ خىيالى كېچە ـ كۈندۈز شۇ ئىشتا ئىدى. ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشىش ئۈچۈن مائارىپ مىنىستىرلىقىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك بىر ئەمەلدارنىڭ ئۆيىگە كۆپ قاتراپ كەتكەنلىكتىن، كىشىلەر ئارىسىدا بىرمۇنچە سۆز ـ چۆچەكلەر پەيدا بولدى.

سۇلايماننىڭ ئاكىسى سۇ ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ خىزمەتچىسى ئىدى. ئۇ كىيىنىشكە بەك ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا غەرب جەمئىيىتى تەسىرىنىڭ ھەننىۋاسى تېپىلاتتى. ئۇنىڭ ئايالى تولۇق ئوتتۇرىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ ئۆزىنى تېخى ئەنگلىيەلىك مۆتىۋەر قىياپىتىدە كۆرسىتىشكە تىرىشاتتى. ئۇ ئەتىگەندە ئويغانغاندىن كېيىن، يوتقاندىن چىقماي تۇرۇپ چاي ئىچەتتى. ناشتا قىلغان چاغدا گېزىت ئوقۇيتتى. گېزىتتىن ئۆزى تونۇيدىغان بەزى ئەمەلدارلارغا ئالاقىدار خەۋەرلەرنى ئىزدەيتتى. ئىشقا ماڭغاندا ئايالى ھامان ئۇنى ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ قوياتتى. ئاندىن ئۇ ئايالىنى سۆيۈپ، ئىنگلىزچە «خەير ـ خوش» دەپ قوياتتى. ئۇ ھەمىشە ئايالىنى «قەدىرلىكىم» دەپ ئاتايتتى. ھەر قېتىم ھوللىۋود كىنوسىنى كۆرۈپ بولغاندا، دورامچىلىق قىلىپ يىغى

پاسوندىكى كىيىمدىن بىرنى كىيىپ غەلىتە بولۇۋالاتتى. ئۇ ئۆيدە كۈندە بىر خىل قىلىق چىقىراتتى. ئۇ بىر كۈنى بازاردىن بىر مىس قوڭغۇراق ئەكېلىپ، شىرەگە قويۇپ قويۇپ، ناشتا ۋە تاماق ۋاقتىدا قوڭغۇراق چېلىپ، تاماق يېيىشنى رەسمىي جاكارلايدىغان بولۇۋالدى. بەزىدە ئايالىغا چېنىقىش سايمانلىرى ئالغاچ كېلەتتى ـ دە، قاق سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئايالىنىڭ چېنىقىشىغا يېتەكچىلىك قىلاتتى ۋە ئۇنىڭغا تۈرلۈك تەلەپلەرنى قوياتتى. ئۇ دائىم ئۆزىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئايالىغا ئىشلىتەتتى. ئايالى سەمرىپ قالسا، ئۇنىڭ ئوزۇقلىنىشىنى چەكلەيتتى؛ ئورۇقلاپ قالسا، ئۇنىڭ سېرىق ماي ۋە سۈت ئىستېمال قىلىش مىقدارىنى كۆپەيتەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بالىلىرى بىلەن دائىم ئىنگلىزچە سۆزلىشەتتى. بالىلىرىنىڭ ئاغزىدىن بىرەر ئېغىز ئوردۇچە سۆز چىققىنىنى ئاڭلاپ قالسا غەزىپى قىرىق گەز ئۆرلەيتتى. ئۇنىڭ ئىككى بالىسى تېخى كىچىك ئىدى، لېكىن كەلگۈسىدە ئۇلارنى ئەنگلىيە دىنىي جەمئىيىتىنىڭ مەكتىپىدە ئوقۇتۇشنىڭ ئامالىنى قىلىشقا باشلىغانىدى.

ئۇ ھېچقانداق چوڭ ئەمەلدار ئەمەس ئىدى. كىرىمى ئاز، چىقىمى بارغانسېرى كۆپىيىۋاتاتتى. بۇ يېتىشسىزلىكنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇ دائىم پارا يېيىشنىڭ يېڭى ـ يېڭى چارىلىرىنى كەشىپ قىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بىردىنبىر ئارزۇسى ئۆزىنى كىشىلەرگە چوڭ بىر ئەرباب قىلىپ تونۇتۇش ئىدى. بىراق، ئانىسى ئۇنى قانداقتۇر بىر چوڭ ئەرباب دەپ تونۇمايلا قالماستىن، ئەكسىچە بىر دۆت دەپ قارايتتى. ئۇ ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن دائىم كېچىلىرى پىۋا ئىچىپ مەست بولۇۋېلىپ، ھەيۋە قىلىپ ئانىسىنى قورقۇتاتتى.

ئىنىسى باكلاۋۇرلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئىگە بولغان بولۇپ، ئەتىگەندىن كەچكىچە كىتاب ئوقۇشنىلا بىلەتتى. ئۇنىڭ بىردىنبىر كىشىلىك تۇرمۇش مەقسىتى قانداق قىلىپ بىر مۈلكىي ئەمەلدار بولۇپ، ئالىي دەرىجىلىك كىچىك بىنادا

ئولتۇرۇش، چىرايلىق پىكاپقا چۈشۈپ، ئەتراپىدا بىر تالاي خىزمەتچىلەر توققۇز تەزىم قىلىپ خوش ـ خوش دەپ تۇرىدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە بولۇش ئىدى. ئۇ شۇنى دەپ ئۆزىنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى كاردىن چىقىرىۋېلىپ، يۇقىرى گىرادۇسلۇق كۆزئەينەك تاقىدى. ئۇنىڭ ئەتراپتىكى هايات بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوق ئىدى، ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە ئۆيگە كىرىۋېلىپ كىتاب ئوقۇشنىلا بىلەتتى.

ئۆيدىن ئايرىلغىنىغا بىرنەچچە يىل بولغان سۇلايمان ئەمدى ئۆيگە كېلىپ، ئۆيدىكى شۇنچىۋالا ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ، بىر ئاز ناتونۇش هېس قىلىپ قالدى. گەرچە ئۇنىڭ ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللىرىنىڭ ئارزۇسى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ئومۇمي مەقسىتى بىرلا، يەنى يۇقىرى تەبىقە قاتارىغا قىستىلىپ كىرىشنىڭ كويىدا بولۇش ئىدى. ۋاهالەنكى، ئۇلار پەقەت هاۋادا مۇئەللەق تۇراتتى. زېمىننى كۆرەلمەيتتى، ئاسمانغىلا قارايتتى. تۆۋەن چۈشۈشنى خالىمايتتى، يۇقىرى چىقىشقا قۇربى يەتمەيتتى، ئۇلار بىرىنىڭ ياردەم بېرىپ قولىدىن تارتىپ چىقىرىپ قويۇشىغا موهتاج ئىدى.

سۇلايمان ئۆيگە كېلىشتە، سالامەتلىكىنى ئوبدان ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە مەنىۋى جەهەتتىكى غەمكىنلىكتىن بىرئاز خالاس بولۇشنى ئويلىغانىدى. ئەمما، ئۆيگە كېلىپ بىر هەپتە بولار ـ بولمايلا كېزىك بولۇپ قېلىپ، بىرنەچچە هەپتە ياستۇق تۇتۇپ يېتىپ قالدى. بۇ ئۇنىڭ ئۆمرىدىكى ئەڭ ئازابلىق مەزگىل بولدى. ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللىرىنىڭ پوزىتسىيەسى ئۇنى ئىنتايىن ئەپسۇسلاندۇردى. هېچكىم ئۇنىڭ هالىنىمۇ سورىمىدى. گويا ئۇ بىر كېزىك تارقاتقۇچىغا ئايلىنىپ، كىم يېقىن كەلسە شۇنىڭغا يۇقتۇرۇپ قويىدىغاندەك، هەممىۋاسى ئۇنىڭدىن يىراق قاچتى.

ئۇلار ئۆزلىرى بىللە ئولتۇرۇشۇپ سۆزلىشەتتى، كۈلۈشەتتى، بىردەم كىنونىڭ پاراڭلىرىنى قىلىشاتتى، بىردەم كىيىم ـ

كېچەكلەرنىڭ يېڭى پاسونلىرى توغرىسىدا سۆزلىشەتتى. لېكىن، ئۇنىڭ كېسىلىنى ئېغىزغا ئېلىپمۇ قويمايتتى. ئۇ قاتتىق قىزىپ، كارىۋاتتا بىئارام بولۇپ قىينىلىپ ياتاتتى، كۆڭلى تارتقان نەرسىنى يەي دېسە يوق ئىدى.

ئاكىسى ئالدىراش بولغاچقا، ئۇنىڭدىن خەۋەر ئېلىشقا پەقەت ۋاقتى يوق ئىدى. ئىنىسى پۈتۈن زېھنى بىلەن مۈلكىي ئەمەلدار بولۇشقا تەييارلانماقتا ئىدى. ئۇ پەقەت سۇلايمانغا بىر قېتىملا دوختۇر چاقىرىپ بەردى. بىراق، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سۇلايماننىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى مۇنداق ئىشقا بۇيرۇماسلىقىنى پۈرتىپ قويدى. ئاچىسى ئاندا - ساندا ئىشىك ئالدىغا كېلىپ قالاتتى - دە، قول ياغلىقىدا ئاغزىنى توسۇپ، بوسۇغىدا تۇرۇپ، قول ئىشارىسى بىلەن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ قويۇپلا بۇرۇلۇپ كېتىپ قالاتتى.

پەقەت ئانىسىلا ئۇنىڭغا بىرئاز مېھرىبانلىق قىلاتتى. كۈنبويى ئەنسىرەپ تىت - تىت بولاتتى، كېچە - كېچىلەپ ئۇنىڭ يېنىدا قاراپ ئولتۇراتتى. دوختۇرنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئۇنىڭغا ۋاقتى - ۋاقتىدا دورا بېرىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ بېشىنى تۇتۇپ قوياتتى. قىزىتمىسى بەك ئۆرلەپ كەتسە، پۇتلىرىنىڭ ئالىقىنىنى سۈرتۈپ، لۆڭگىنى ھۆلدەپ پېشانىسىگە قويۇپ، بىر ئامال قىلىپ ئۇنىڭغا تەسەللى بېرەتتى. بەزىدە سۇلايمان ئۆزىنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىدىن تىت - تىت بولۇپ يىغلاپ كەتسە، ئانىسى ئۇنىڭغا تەسەللى بېرەتتى. نەتىجىدە تەسەللى بېرىپ كېلىپ ئۆزىمۇ يىغلىغىلى تۇراتتى.

ئاي ئاخىرىدىكى بىرنەچچە كۈندە ئۆينىڭ پۈتۈن خىراجىتىنى قەرزگە تايىنىپ ھەل قىلىشقا توغرا كەلدى. سۇلايماننىڭ دورىلىرىمۇ نېسىگە ئەكېلىندى. ئۇزاققا سوزۇلغان كېسەل ئۇنى كىچىك بالىلاردەك كاج قىلىپ قويغانىدى. ئۇنىڭ ئاپېلسىن شىرنىسى ئىچكۈسى كېلىپ، قايتا - قايتا ئانىسىنى بازاردىن ئەكېلىپ بېرىشكە قىستاپ تۇرۇۋالدى. ئانىسى دەسلەپتە بەزلەپ

قويدى، كېيىن نائىلاج يىغلىۋەتتى. ئاندىن كۆز يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كەتتى. سۇلايمان دەرھال ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى قاتتىق ھېس قىلدى. ئۇ ياتقان يەر ئۆينىڭ ئالدى ھويلىسى ئىدى. ئاكىسىنىڭ ئۆيى ھويلىنىڭ شەرق بۇرجىكىدە بولۇپ، دېرىزىسى ئوچۇق تۇراتتى. بۇ چاغدا ئاكىسى ئۆيدە ئىدى.

كارىۋاتتا ياتقان سۇلايماننىڭ كۆزى ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە چۈشتى. ئۇ شىرەدە بىرمۇنچە يېڭى مېۋىلەر تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئاپېلسىنمۇ بار ئىدى. ئاكىسى ئايالىنى دوختۇرخانىغا بىللە بېرىپ، باشلىقىنى يوقلاپ كېلىشكە ئاۋازلىق گەپ قىلىپ دەۋەت قىلىۋاتاتتى. بۇ مېۋىلەر مەخسۇس شۇنىڭغا ئېلىنغانىدى. قۇرۇق قول يوقلاپ بارسا سەت تۇراتتى. جىم تۇرۇپ مۇشۇ ئەھۋاللارنى كۆرگەن سۇلايماننىڭ قەلبى غەلىتە بىر خىل ئازابلىنىپ كەتتى.

بىر كۈنى ئاخشىمى قىزىتمىسى ئۆرلەپ ئۇخلىيالمىدى. بەدەنلىرى تونۇردەك قىزىپ، ئاغزى قۇرۇپ كەتتى. بىرنەچچە قېتىم ئۆزىنىڭ زەئىپ ئاۋازى بىلەن ئانىسىنى چاقىرىۋىدى، لېكىن ئانىسىمۇ كەچقۇرۇندىن باشلاپ قىزىتمىسى ئۆرلەپ يېتىپ قالغاچقا، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمىدى. سۇلايمان خېلى ئۇزاق چاقىرىپ، ئاخىر ئۆزى تىرمىشىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كارىۋاتتىن چۈشتى. بۇ يېرىم كېچىدىن ھالقىغان ۋاقىت بولۇپ، پۈتۈن ئۆيلەر جىمجىت ئىدى. ئاي زېمىنغا سۈس نۇر چېچىپ تۇراتتى، توختىماي سوغۇق شامال چىقىۋاتاتتى. سۇلايمان تامنى تۇتۇپ قەدەملىرىنى ئاران سۆرەپ بېسىپ ئۆيدىن چىقتى، ئاندىن دەلدەڭلەپ ھويلىدىن ئۆتۈپ، تاماق شىرەسى قويۇلغان ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە ھاسىراپ نەپەس ئالالماي قالدى. ئۆيدە كىچىككىنە خىرە - شىرە يورۇق بار ئىدى. ئۇ شىرەنىڭ ئۈستىدە بىر تېرموس تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئاندىن بىردەم ئىشىككە يۆلىنىپ ھاسىراپ تۇرۇۋالدى. پېشانىسىدىن

پۇرچاقتەك تەر تېپىپ چىقتى. گېلى قۇرۇپ ئېچىشىپ كەتتى. ئەمدى تامنى تۇتۇپ قەدەملىرىنى ئاران يۆتكەپ، شىرەنىڭ قېشىغا كېلىپ تېرموسنى ئېچىپ بىر پارچە مۇز ئالدى. شۇ ئەسنادا ئۇشتۇمتۇت پۇتلىرى تىترەپ، كۆزىگە قاراڭغۇچىلىق تىقىلىپ، بېشى قېيىپ يىقىلىپ چۈشتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ مۇزدەك يەردە قانچە ئۇزاق ياتقانلىقىنى، قاچان كارىۋىتىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى ۋە كىمنىڭ يۇدۇپ ئەكەلگەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئۇ ھوشىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ قۇلىقىغا يەڭگىسىنىڭ ئاۋازى كىردى. ئۇ ئېرىگە گەپ قىلىۋاتاتتى.

— تېرموسنى سۇندۇرۇۋېتىپتۇ. تېخى ئۆتكەن ئايدىلا قىرىق رۇپىيەگە ئېلىۋىدۇق.

— قەدىرلىكىم، مۇنداق قايغۇرۇپ كەتمەڭ، سالامەتلىكىڭىزگە دەخلى يېتىدۇ. مەن يەنە بىرنى ئالاي، — دېدى ئۇ ئايالىغا.

لېكىن، ئۇ توختىماي كوتۇلداپ تۇراتتى. سۇلايمان ئۇنىڭ غوتۇلداشلىرىنى ئاڭلاپ ياتتى. كېسەل بولۇپ ياتقان كۈنلەردە ئۇنىڭ قەلبى مۇشۇنداق نۇرغۇن قېتىم جاراھەتلەندى. لېكىن، دەردىنى ئاغزىدىن چىقىرالمايتتى.

دادىسى يىقىلىندىن بېرى ھەر كۈنى مەسچىتكە نامازغا چىقىدىغان بولۇپ قالغانىدى. مەسچىتتىن قايتقاندا ئۇنى يوقلاپ تۇراتتى. دادىسى ئۆيگە كىرىپلا، ئېڭىشىپ سۇلايماننىڭ پېشانىسىنى ۋە تومۇرىنى تۇتۇپ كۆرەتتى. لېكىن، گەپ - سۆز قىلماي كارىۋاتنىڭ يېنىدا تۇرۇپ دۇئا قىلاتتى.

ھەر قېتىم ئۇ كىرگەندە سۇلايمان كۆزىنى ئاچاتتى. دادىسىنىڭ چىرايىدا مۇقەددەس بىر خىل سۈر، ئاپپاق ساقاللىرى سەل - پەل دىرىلداپ، كۆزلىرىدىن مەڭگۈ كىشىلەرنىڭ ئىلكىدە بولۇش ئالامىتى چىقىپ تۇراتتى. بۇلارنى كۆرۈپ سۇلايمان شۇنداق ئويلايتتى: «بۇ بوۋاي نېمىدېگەن بەختسىز - ھە! ئۇ ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارىنى دەستە - دەستە

ھۆجەتلەر دۆۋىسى ئىچىدە ئۆتكۈزدى. باشقىلارغا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن كۈنىگە ئون نەچچە سائەتلەپ ئىشلىدى. يىل بويى كىيگىنى ئەسكى - تۈسكى كىيىم، يېگىنى غورىگىل تاماق بولدى. ھاۋايى ھەۋەسمۇ قىلمىدى. مەيخانىلارغىمۇ كىرمىدى، ياش چېغىدا بىرەر قىز - چوكانىنىڭ قىزىقتۇرۇشىغىمۇ ئۇچرىمىدى، توي قىلغاندىن كېيىنكى شېرىن تۇرمۇشتىمۇ قانغۇدەك لەززەت ئالالمىدى. ئۇ جان پىدالىق بىلەن ئىشلىدى. پۇلنى ئاز خەجلەپ، ئىمكانقەدەر كۆپرەك يىغىشقا تىرىشتى. ئۇ كېيىنكى ئەۋلادلارنى پارلاق كېلەچەككە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن شۇنداق قىلدى. ئۇ يۈرەك قانلىرىنى سەرپ قىلىپ تاپقان دەستە - دەستە ئاقچىلىرىنىڭ ھەممىسىنى بالىلىرىنىڭ ئۆگىنىشى ئۈچۈن سەرپ قىلدى. ئەمما، ئۇنىڭ تەربىيە كۆرگەن ئاشۇ بالىلىرىنىڭ ئېلىپىنىڭ سۇنۇقىنى بىلمەيدىغان نىياز بىلەن ھېچقانداق پەرقى بولمىدى. بۇ بوۋاي نېمىدېگەن ئەخمەق - ھە !» دەپ ئويلىدى سۇلايمان. ئۇنىڭ دادىسىدىن نىيازنىڭ دادىسى كۆپ ئەقىللىك ئىكەن. ئۇ نىيازنى مەكتەپكە بەرمىگەن، ئۆزى جاپالىق ئەمگەك قىلىپ تاپقان پۇللىرىدىن بىر تىيىنىنى نىيازغا سەرپ قىلمىغان. ئۇنىڭ ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىللىرى جېنىنىڭ بارىچە ئېرىششنىڭ كويىدا بولغان شان - شۆھرەت ۋە دۇنيا - دۆلەتنى نىيازمۇ ئىزدىگەنىدى. لېكىن، نىياز يول تەييارلىدى. خەت تونۇمايدىغان بىر كونا ماللار سودىگىرى مەلۇماتلىق ئۈچ كىشى ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى. كىچىك بىنا، پىكاپ ۋە نۇرغۇن ئامانەت پۇل، مانا بۇ ئۈچ كوزىر ئۇنىڭ غەلىبە قىلغانلىقىنىڭ ئالامىتى، ئۇ چوڭ ئەرباب بولۇپ قالدى. لېكىن، ئۇ ئۈچەيلەن تېخىچە ئاشۇ ئۈچ كوزىرنى تېپىش كويىدا يۈرمەكتە.

سۇلايمان نىيازنىمۇ ئۆچ كۆرەتتى، ئۆزىنىڭ ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىللىرىنىمۇ كۆزگە ئىلمايتتى. نىيازنىڭ ئۇنى مەنسىتمەسلىكىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇ ئالىي دەرىجىلىك تاماكا

چېكەلمەيتتى. مودا كىيىملەرنى كىيەلمەيتتى، ئولتۇرىدىغان ماشىنىسى يوق ئىدى. لېكىن، ئۇ نامرات، قالاق ئامما ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلايتتى. ئۇنىڭ ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىللىرىنىڭ ئۇنى كۆزگە ئىلماسلىقىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇ يۇقىرى ئەمەل ھەم ئۇستۈن تەمىناتنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە بايلىق توپلاشنىڭ كويىغا چۈشمەيتتى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، ئامما ئۈچۈن خىزمەت قىلىش كۆلكىلىك ئويۇندىنلا ئىبارەت ئىدى، خالاس. ئۇلار يۇقىرىغا قاراشنىلا بىلەتتى. كۆك ئاسماننىڭ تېگىدە يەنە ھايۋان كەبى تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان مىليونلىغان ئاچ - يالىڭاچ خەلقنىڭ بار ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. بۇ كىشىلەرمۇ ئۇلارغا ئوخشاش ئادەم ئىدى، شۇنداقلا بەخت - سائادەتنىڭ نېمىلىكىنى، ئازاب - ئوقۇبەتنىڭ نېمىلىكىنى ئوبدان بىلەتتى.

ئاغرىپ قالغان مەزگىلدە ئۇ دائىم مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان ئىشلار ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزەتتى. ئۇنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدا يوشۇرۇنغان تەبىئىي سەزگۈسى ئويغىنىشقا باشلىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇ نامراتلارنىڭ دەرد - ئەلەملىرىنى ئۇنتۇپ قالدى - دە، ئۇنىڭ خىيالى ئۆزىنىڭ ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىللىرىدىن ئۆچ ئېلىش، بىر ئامال قىلىپ ئۇلارنى باش ئەگدۈرۈش، چوقۇم ئۆزىنىڭ ئار - نومۇسىنى ئاقلاشتىلا بولۇپ قالدى.

ئۇ سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، «بوز تورغاي جەمئىيىتى»گە قايتىپ كېتىش نىيىتىدە يېنىپ، قانداق قىلىپ ئۆچ ئېلىش ئۈستىدە ئويلاشقا باشلىدى. شۇ كۈنلەردە ئانىسى ئۇنى ئۆيلەپ قويايلى دەپ تۇرۇۋالدى. ئانىسىنىڭ ئارزۇسى ئۆزىنىڭ ھايات چېغىدا ئوغلىنى ئۆي - ئوچاقلىق قىلىپ قويۇش ئىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ، دادىسىنىڭ ئويى بولۇپ، ئايالى ئارقىلىق سۇلايمانغا دېگۈزگەنىدى. ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيەگە مەنسۇپ بولغان ئادەتتىكى دادىلارغا ئوخشاش ئۇمۇ سۇلايماننى توغرا يولغا

قايتۇرۇپ كېلىشىنىڭ بىردىنبىر چارىسى بۇرۇنراق ئۆيلەپ قويۇش دەپ قارايتتى.

سۇلايمان ئۆيلىنىشنى خالىمايتتى، ئانىسى ئۇنىڭغا قىزنىڭ تاغىسى قانۇن تۈزۈش كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ئىكەنلىكىنى، قىزنىڭ دادىسى قازا قىلىپ كەتكەنلىكتىن، تاغىسى ئۇنى ئۆز بالىسىدەك كۆرۈپ تەربىيەلىگەنلىكىنى، ئۇ قىز مېلى ئۈچۈن بەش مىڭ رۇپىيە چىقىرىدىغانلىقىنى، بۇنىڭدىن باشقا يەنە خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇشقا بولىدىغانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن، سۇلايمان ئەستايىدىل ئويلىنىپ كۆرۈشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ: «تۇرمۇشقا كىرىدىغان ھەممە دەرۋازا چىڭ تاقالغان، ھازىر پەقەت ئارقا ئىشىك بىلەنلا مېڭىشقا بولىدۇ. قانۇن تۈزۈش كومىتېتىنىڭ ئەزاسىنىڭ قولىدا چوقۇم ئارقا ئىشىكنىڭ ئاچقۇچى بار» دەپ ئويلىدى. ئۇ بىرنەچچە كۈن ئويلىنىپ كۆرگەندىن كېيىن، ئۆيلىنىشكە خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولدى.

توي ئوبدان قىزىدى. دادىسى پۇل قەرز ئېلىپ بۇ توينى قىلدى. چۈنكى، قانۇن تۈزۈش كومىتېتىنىڭ بىر ئەزاسى بىلەن قۇدا بولاتتى. شەھەردىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ۋە مەشھۇر زاتلاردىن باشقا يەنە ئۈچ مىنىستىر توي مۇراسىمىغا قاتناشتى. شۇ سەۋەبتىن شۇ يەردىكى بىرمۇنچە گېزىتلەر توي مۇراسىمىنىڭ سۈرەتلىرىنى بېسىپ چىقاردى. سۈرەتكە قارىسىڭىز، توي قىلغان يىگىت سۇلايمان ئەمەس. بەلكى مىنىستىردەك قىلاتتى. بىر گېزىت ئەمەلدارلارغا ياخشىچاق بولۇپ، كۆپرەك ئېلان بېسىپ چىقىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن، شۇنداق بىر سۈرەت بەرگەنىكى، ئۇنىڭدا ئەمەلدارلارلا گەۋدىلەنگەن بولۇپ، يىگىت كۆرۈنمەيتتى.

سۇلايمان ئايالىنىڭ ئاق كۆڭۈل بىر قىز ئىكەنلىكىنى توي كېچىسى ئاندىن بىلدى. ئۇ سەككىز يىل ئوقۇغان بولۇپ، كاللىسى يۇمشاق سىڭىزغا ئوخشايتتى، سۇلايمان بەئەينى كۇلالچى بولدى ـ دە، بۇ سىڭىز لاينى خالىغان شەكىلگە

كەلتۈرۈشكە باشلىدى. بۇ قىز سۇلايمان تەسەۋۋۇر قىلغاندەكىدىنمۇ بەك ساھىبجامال ۋە مەسۇم ئىدى. سۇلايماننىڭ خۇشال بولىغىنى شۇكى، بۇ سودىدا ئۇ قىلچە زىيان تارتمىدى. ئۇ قىز مېلىدىن باشقا يەنە بەش مىڭ رۇپىيەگە ئىگە بولدى. قانۇن تۈزۈش كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان قېيىنئاتىسى ھازىر ئۇنىڭغا خىزمەت تېپىشنىڭ كويىغا چۈشكەنىدى.

توي بولۇپ ئۈچىنچى ھەپتىسى قېيىنئاتىسىدىن ئۇنىڭ دەرھال كاراچىغا كېلىشى لازىملىقى، خىزمەت تېپىپ قويغانلىقى توغرىسىدا خەت كەلدى. شۇنىڭ بىلەن سۇلايمان ئايالىنى ئۆيدە قويۇپ، شۇ كۈنىلا بىرىنچى نۆۋەتلىك پويىزغا ئولتۇرۇپ كاراچىغا يۈرۈپ كەتتى.

## 3

قىش كۈنلىرىنىڭ بىرى، چۈشتىن كېيىنكى ھاۋا تۇتۇق ۋاقىت ئىدى. نۇشا يول بويىدا ئۆزى يالغۇز تىرامۋاي ساقلاپ تۇراتتى. پېترو ئۇستا جىگرەمنى كۆرگەزمىخانىغا ئىشقا بۇيرۇپ، نۇشانى پوگالغا قوشۇپ قويغانىدى. ئۇلار سائەت تۆتتە بىر ئىرانلىقنىڭ چايخانىسىدا كۆرۈشۈشكە كېلىشكەنىدى. ھازىر تېخى بىرنەچچە سائەت ۋاقىت بار ئىدى. ئۇ ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن كەميارغا بېرىپ ئايلىنىپ كېلەي، بەلكىم بىرەر نەپ چىقىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن دەپ ئويلىدى.

پېترو ئاللىبۇرۇنلا «ھەرقانداق كىشىنىڭ گۇرۇپپىدىن ئايرىلىپ، ئۆز ئالدىغا ھەرىكەت قىلىشىغا بولمايدۇ، مۇنداق قىلىش ناھايىتى خەتەرلىك» دەپ يوليورۇق بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن نۇشا بەزى چاغلاردا ئۆز ئالدىغا ھەرىكەتمۇ قىلاتتى. چۈنكى، ئۇ ھازىر يانچۇقچىلىق قىلىش تېخنىكىسى جەھەتتە خېلىلا پىشىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە مىڭلىغان ئادەمنىڭ ئارىسىدا قورقماي قول سالالايدىغان دەرىجىدە يۈرىكى چوڭلاپ

كەتكەندى.

نۇشا خېلى ئۇزاق ساقلىغان بولسىمۇ، لېكىن تىرامۋاي كەلمىدى. ئاچچىقىدا ئۇ پىيادە ماڭدى. كوچىدىكى ئۆتكۈنچى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ھېرىپ ـ چارچىغان، دۇكانلار خېرىدارسىز چۆلدەرەپ قالغانىدى. ئىككى كىرا موتوسىكلىتىنىڭ شوپۇرى موتوسىكلىتىنى يول چېتىدە توختىتىپ قويۇپ، ئۆزى ئۈستىدە مۈگدەپ ئولتۇراتتى. ھاۋا بەك دىمىق ئىدى. نۇشا قوللىرىنى شالۋۇرىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ، ئاغزىدا ئىسقىرتىپ بەخىرامان كېتىۋاتاتتى. ئۇ كۆرەڭلىگەن ھالدا خېلى ئۇزاق ماڭدى. بۇ چاغدا بىر دوقمۇشتا بىر تىلەمچىنىڭ:

— ئەپەندى، خۇدانىڭ يولىدا بىرئاز ئاتىغانلىرىنى ئىلتىپات قىلسىلا! — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

نۇشا بۇ ئاۋازغا دىققەت قىلماي ئالغا كېتىۋاتقاندا، بىردىنلا ئۇنىڭغا بۇ ئاۋاز تونۇشتەك بىلىندى. شۇنىڭ بىلەن قەدىمىنى توختىتىپ، بۇرۇلۇپ قارىدى. تامنىڭ كۆلەڭگىسىدە بىر تىلەمچى تۈگۈلۈپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى ئىنتايىن مەينەت، پاخپايغان چاچلىرى يۈزىنى توسۇۋالغان، بىر پۇتى يوق ئىدى. ئۇ ئوڭ قولىنى ئۇزارتىپ بىرنېمە تىلەۋاتاتتى.

نۇشا تىلەمچىنىڭ چىرايىغا ئوبدان سەپسېلىپ قاراپ بىردىنلا شۈركۈنۈپ كەتتى، ئۇ راجا ئىدى! ئۇنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلغان بولۇپ، تۈگۈلگەن بەدىنى چىرىپ كەتكەن جەسەتكە ئوخشاش كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاينىتاتتى. نۇشا قاتتىق بىر نەپەس ئېلىۋېلىپ، ئاندىن ئاستا مېڭىپ راجانىڭ يېنىغا باردى. راجا ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ ئەنسىزلەنگەندەك بولدى. ئۇنىڭ ئەتراپىغا گىژىلداپ چىۋىن ئولىشىۋالغان بولۇپ، چىرىپ كەتكەن بەدىنىدىن يىرىڭ ئېقىپ تۇراتتى.

— راجا! — دېدى نۇشا پەس ئاۋازدا.

راجا كۆزلىرىنى ئېچىپ، نۇشانى تونۇشقا تىرىشتى. ئاندىن

خۇشال بولۇپ:

— نۇشا ! — دەپ توۋلىدى ۋە ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلىپ ئورنىدىن تۇردى.

— ئاداش، نېمانداق بولۇپ كەتتىڭ؟ — دەپ مۇنداقلا سوراپ قويدى نۇشا.

ئۇنىڭ بۇ گېپى راجاغا قاتتىق تەگدى. تېخى بايىلا ئۇنىڭ چىرايىدا پەيدا بولغان ئازغىنا خۇشاللىق ئالامىتى دەرھال يوقالدى.

— پېشانەمگە شۇنداق پۈتۈلگەنىكەن، — دېدى ئۇ ھالسىز ھالدا.

ئۇنىڭ سۆزى ياشانغان كىشىلەرنىڭكىدەك جىددىي، ئاۋازى تۆۋەن بولۇپ، گويا شەكىلسىز بىر كۈچ ئۇنىڭ گېلىنى قاتتىق بوغۇۋالغاندەك قىلاتتى.

— سېنى دوختۇرخانىغا ئەكەتكەن ئەمەسمۇ؟ ئۇ يەردە داۋالاپ ساقايتمىدىمۇ؟ — دېدى نۇشا.

راجا ئاچچىق كۈلۈپ قويدى.

— دوختۇرخانىدا بىر پۈتۈمنى كېسىۋەتتى، ئاندىن ماخاۋ كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسىغا ئەۋەتىۋەتتى. ئۇ يەردە بىر نەچچە كۈن تۇردۇم. لېكىن، ئۇ يەردە ئورۇن بولمىغاچقا، بىر كۈنى دەرۋازىۋەن مېنى سۆرەپ ئاپىرىپ بىر دەرەخنىڭ قېشىغا تاشلىۋەتتى. شۇنىڭدىن تارتىپ كوچىلاردا تىلەمچىلىك قىلىپ جان بېقىۋاتىمەن.

نۇشا ئۇندىمەي ئولتۇرۇپ كەتتى. راجا ئالدىرىماي ئۆز ھالىنى بايان قىلماقتا ئىدى.

— بىر تېۋىپقا كۆرۈنگەنىدىم، ئۇ سىفلىس بولۇپ قاپسەن دەيدۇ.

— سىفلىس دېگەن قانداق كېسەل ئىكەن؟ — دەپ سورىدى نۇشا.

— پاھىشىخانىلارغا كىرىپ يۈرىدىغان ئادەملەردە بولىدىغان

كېسەل ئىمىش.
— سەن ئەزەلدىن ئۇنداق ئىشلارغا يېقىن كەلمەيدىغان تۇرساڭ! — دېدى نۇشا چۈشىنەلمەي.
— مەنمۇ دوختۇرغا شۇنداق دېدىم. ئەمما، ئۇ «داداڭ شۇنداق كېسەل بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ كېسەل نەسلىگە تارتىدۇ» دەيدۇ.
— بۇنى داۋالىتىپ باقتىڭمۇ؟
جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان راجاغا بىر ئاز جان كىردى. ئۇ ئۆزىگە خاس شەكىل بىلەن جاۋاب بەردى.
— ئاداش، سەنمۇ تازا قىزىق ئىكەنسەن. بىكارغا كېسەل داۋالايدىغان ئىش نەدە؟ ئۇنىڭغا پۇل كېتىدىغان گەپ.
نۇشا ئۇنى دىلخەستە قىلىشنى خالىماي، دەرھال گەپنى باشقا ياققا يۆتكىدى.
— ھازىر نەدە تۇرۇۋاتىسەن؟
راجا ئاچچىق كۈلۈپ قويدى.
— مېنىڭ قانداقمۇ باش تىققۇدەك يېرىم بولسۇن؟ قەيەردە تۇرغۇم كەلسە، شۇ يەردە تۇرىمەن. بىرنەچچە كۈندىن بېرى مۇشۇ يەردە تۇرۇۋاتىمەن، — ئۇ سەل تۇرۇۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — سەن يېقىندىن بېرى نېمە قىلىۋاتىسەن؟ خېلى روھلۇق كۆرۈنىسەن، ئىش تاپقان ئوخشىمامسەن؟
نۇشا ئوچۇق ئېيتماي، مۇنداقلا جاۋاب بەردى:
— ھەئە، ئىش تاپتىم.
— كۆڭۈللۈك ئۆتۈۋاتامسەن؟
— ھىم، — نۇشا قىسقىلا جاۋاب بەردى.
— نۇشا، ماڭا بىر ھاسا ئېلىپ بەرسەڭ بوپتىكەن، — دېدى راجا دۇدۇقلاپ، ئاندىن يېنىدە تۇرغان كالتەكنى كۆرسەتتى، — ماۋۇ نەرسە بىلەن ئىككى قەدەم ماڭسا قىينىلىپ كېتىدۇ كىشى. بىر ھاسا ئېلىش ئۈچۈن ئون رۇپىيە پۇل يىغقانىدىم، ئۇخلاپ قالغان چېغىمدا يانچۇقچى سوقۇپ كېتىپتۇ، — راجا بىر

تىللىقۋېتىپ، كۆڭلى بۇزۇلغان هالدا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — نۇشا، چوقۇم ماڭا بىر هاسا ئېلىپ بەر. مەن جىق مىننەتدار بولىمەن. هازىر بەك قىينىلىپ كەتتىم.

— ئاداش، بۇنىڭ مىننەتدار بولغۇدەك نېمىسى بار ئىدى. مەن هايال قالدۇرماي ئېلىپ بېرەي، — دېدى نۇشا دەرهال.

ئۇ راجا بىلەن بىرەر سائەت بىللە ئولتۇرۇپ خالىغانچە پاراڭلاشتى. ماڭىدىغان چاغدا ئۇنىڭغا بىر رۇپىيە بەردى ۋە ئۇنىڭ يېگۈسى كەلگەن بەزى نەرسىلەرنى ئەكېلىپ بەردى. چۈنكى، راجا ئەتىگەندىن تارتىپ ئاچ قورساق ئىدى.

راجانى كۆرگەندىن كېيىن نۇشانىڭ كۆڭلى ئىنتايىن غەش بولدى. ئۇ باشپاناهسىز قالغان راجانى قايتا - قايتا ئويلاپ كەتتى. هەرهالدا راجاغا ئازدۇر - كۆپتۇر بىرەر ئىش قىلىپ بېرىش لازىملىقىنى هېس قىلدى. ئىككىنچى كۈنى ئۇ بىر ئاز يەيدىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ، راجانىڭ قېشىغا يەنە كەلدى.

ئەمدى ئۇ راجانىڭ قېشىغا دائىم كېلىپ تۇرىدىغان بولدى. هەر قېتىم كەلگەندە ئۇنىڭغا ئاز - تولا بىرنەرسە ئالغاچ كېلەتتى. ئۇ راجاغا هاسىمۇ ئەكېلىپ بەردى. راجا هاسا تايىنىپ مېڭىشقا باشلىدى. ئۇچىسىدىكى مەينەت ۋە سېسىق كىيىملىرىنى تاشلاپ، يېڭى كىيىم كىيدى. نۇشا بىرەر جاي تېپىلسا، راجا بىر ماكانلىق بولۇپ قالسا ئوبدان بولاتتى، دەپ ئويلايتتى.

هاۋا كۈندىن - كۈنگە سوۋۇغىلى تۇردى. كېچىسى يول بويىدا ياتقان راجا شەبنەمدە هۆل بولۇپ، توڭلاپ تىترەپ كېتەتتى. نۇشا ئۆي تاپالماي، ئاخىر بىر ئۆيىنىڭ تېمىغا بىر پارچە بېرېزېنتنى تارتىپ، ئۇنىڭ ئاستىدا راجانىڭ يېتىشىغا جاي راسلاپ بەردى.

ئۇ راجاغا بۇ ئىشلارنى قىلىپ بېرىپ، كۆڭلى ئىنتايىن خۇشال بولدى. بۇ ئاجايىپ بىر خىل خۇشاللىق ئىدى. ئۇ گويا ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىدىمۇ بىر مەقسەت بولغاندەك، ئۇ يالغۇز

يانچۇقچىلا ئەمەس، بەلكى باشقا ئىشلارنىمۇ ئاز - تولا قىلالايدىغاندەك ھېس قىلدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئەڭ زور ئارزۇسى راجانىڭ كېسىلىنى داۋالىتىپ ساقايتىش بولۇپ قالدى.

ئۇ بىر كۈنى راجانى بىر دوختۇرنىڭ قېشىغا ئاپارغانىدى، بىراق دوختۇر ئۇ ماخاۋ كېسىلى ئىكەن، ماخاۋ كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىش كېرەك، دەپ ئۇنى داۋالىغىلى ئۇنىمىدى. لېكىن، نۇشا دوختۇرخانىدا ئۇنىڭ يەنە بىر يېرىنى كېسىۋېتەرمىكىن دەپ قورقۇپ، ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپارمىدى.

ئۇ نۇرغۇن دوختۇرلارنىڭ قېشىغا باردى، لېكىن ھەممىسىدىن نائۈمىد بولۇپ قايتتى. كېيىن ئۇ راجانى بىر تېۋىپقا كۆرسەتتى. ئۇ يەردە ئۇلار زور تەسەللى تاپتى. تېۋىپ راجانىڭ كېسىلىنى ساقايتقىلى بولمايدىغان كېسەل ئەمەس، ئۈزمەي داۋالىسىلا، سەللىمازا ساقىيىپ كېتىشى مۇمكىن دەپ قارىدى. ئۇ داۋالاش ھەققى ئۈچۈن ئىككى يۈز ئەللىك رۇپىيە سورىدى.

ئۇ چاغدا نۇشا ئۈندىمەي راجانى قايتۇرۇپ كەتتى. ئۇ راجانىڭ كېسىلىنى تۈپتىن ساقايتىش ئۈچۈن، قانداق قىلىپ ئىككى يۈز ئەللىك رۇپىيە تېپىش ئۈستىدە كۆپ باش قاتۇردى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ پوگال بىلەن بىللە يانچۇقچىلىق قىلغاندىن باشقا، ئۆزىمۇ مۇستەقىل ھەرىكەت قىلدى ۋە مۇشۇ پۇلنى پېتروغا بىلدۈرمەي تىقىپ قويدى. راجا ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىككى يۈز ئەللىك رۇپىيە پۇل تېپىشى كېرەك - دە!

بىر قېتىم ئۇنىڭ بىر ئادەمگە كۆزى چۈشتى. ئۇ ئادەمنىڭ يېنىدا نۇرغۇن پۇل بار ئىدى. نۇشا: «ئىش ئەپلىشىپ قالىدىغان بولسا، راجانى داۋالىتىش ئۈچۈن كېتىدىغان خىراجەتنىڭ ھەممىسى بۈگۈنلا قولغا كېلىدۇ» دەپ ئويلىدى. بۇ چاغدا كەچ سائەت توققۇز بولۇپ قالغان، ھاۋا ناھايىتى سوغۇق، كوچىدا ئادەم ئاز ئىدى. نۇشا خۇددى بىر سايىغا ئوخشاش ھېلىقى ئادەم بىلەن قاتار ماڭدى. ئاندىن يانچۇقىدىن خەنجەرنى ئېلىپ ئاستا

ئاچتى. ئۇلار قاپقاراڭغۇ بىر جايغا يېتىپ بارغاندا، نۇشا بىر سەكرەپلا ھېلىقى ئادەمنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋېلىپ، خەنجەرنى ئۇنىڭ مەيدىسىگە تەڭلەپ تۇرۇپ:

— يېنىڭدا نېمە بولسا ياۋاشلىق بىلەن چىقار ! — دېدى.

ھېلىقى ئادەم ئالاقزەدە بولغان ھالدا، ئالۋاستىدەك تۇرغان قاراڭغۇلۇق ئىچىدىكى نۇشاغا قاراپلا قالدى. ئۇنىڭ كۆكرىكىگە خەنجەر تەڭلەنگەنىدى. ئۇ ئادەم قورقۇپ كەتكەچكە، لاغىلداپ تىترەپ، ئاغزى گەپكە كەلمەي ئېچىلىپلا قالدى. نۇشا ئۇنىڭ گەپ قىلماي تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزى ئۇنىڭ يانچۇقىدىن قاپچۇقنى ئېلىپ، ئەمدى ئۆزىنىڭ يانچۇقىغا سالاي دەپ تۇرىۋىدى، شۇ ئەسنادا تار كوچىدىن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ قالدى. بىر ئۆينىڭ دېرىزىسىدىن چۈشۈپ تۇرغان يورۇقتا، ئىككى ئادەمنىڭ مۇشۇ تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقى كۆرۈندى. نۇشا ھېلىقى ئادەمنىڭ قولىدىن تارتىپ قاراڭغۇ يەرگە ئەكېلىپ:

— ۋارقىرايدىغان بولساڭ خەنجەرنى تىقىمەن، — دەپ تەھدىت سالدى.

ھېلىقى ئادەم قورققىنىدىن تىترەپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ نۇشاغا قاراپ تۇراتتى. بۇ ئىككىيلەن قاراڭغۇلۇق ئىچىدە تامغا چاپلىشىپ تۇراتتى. تار كوچىدىكى تاش ياتقۇزۇلغان يولدىن چىقىۋاتقان ئاياغ تىۋىشى ھەربىيلەرنىڭ ئاياغ تىۋىشىدەك ئېغىر ۋە كۈچلۈك ئىدى. نۇشا: «بۇلار ساقچىلارمۇ نېمە؟» دەپ بىر ئاز ھودۇقۇپ قالدى.

ئېغىر ئاياغ تىۋىشى بارغانسېرى يېقىنلىشىۋاتاتتى... شۇ ئەسنادا ئۇشتۇمتۇت ھېلىقى ئادەم: «مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭلار ! مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭلار !» دەپ ۋارقىراپ كەتتى. بۇ ئاۋاز شۇنداق دەھشەتلىك ئىدىكى، پۈتۈن قاراڭغۇ تار كوچىنى لەرزىگە كەلتۈرۈۋەتتى.

نۇشا ئۇنىڭ ئاغزىغا بىر ئۇرىۋىدى، ئۇ ئادەم تامغا سوقۇلۇپ يىقىلىپ چۈشتى. لېكىن، ئۇ ئېسىگە كېلىۋېلىپلا يەنە

تۇۋلىغىلى تۇردى. ئەمدى نۇشانىڭ ئۇ يەردە تۇرۇشى ناھايىتى خەتەرلىك ئىدى. شۇڭا، ئۇ قاراڭغۇ كوچىنىڭ ئىچىگە قاراپ قاچتى. ئەتراپتىكى چۆچۈپ كەتكەن خەقلەر بالكونىدىن تۆۋەنگە قاراپ بىرنېمىلەرنى دېيىشىپ كەتتى.

تار كوچىدا كېلىۋاتقان ئىككى كىشى ھەقىقەتەن ساقچى ئىدى. ئۇلار ئاۋازنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال توختاپ، كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ قاراڭغۇلۇق ئىچىگە دىققەت بىلەن قارىدى. ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىدا ئۇچقاندەك يۈگۈرۈۋاتقان بىر ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈندى. بۇ نۇشا ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئارقىسىدىن قوغلىدى.

نۇشا تار كوچىدا خېلى يىراققىچە يۈگۈرۈپ بېرىپ، يەنە بىر تار كوچىغا بۇرۇلۇپ كىرىپ كەتتى. بۇ كوچىمۇ قاپقاراڭغۇ بولۇپ، تاش ياتقۇزۇلغان يولدا ئاياغ تىۋىشى تاراقلاپ تۇراتتى. ئۇ نەچچە قېتىم ئەخلەتلەرگە پۇتلىشىپ يىقىلىپمۇ چۈشتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ھېچنېمىگە قارىماي جېنىنىڭ بارىچە يۈگۈردى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تۇرلۇك ئاۋازلار ئاڭلانغىلى، قوغلاپ كېلىۋاتقانلارنىڭ ئاياغ تىۋىشى يېقىنلىشىپ قالغىلى تۇردى. ساقچىلار پۇشتەك چېلىپ جىددىي مۇراجىئەت قىلىۋاتاتتى.

نۇشا يۈگۈرۈۋېرىپ نەپەس ئالالماي قالدى ۋە پۇتلىرىدىمۇ جان قالمىدى. ئۇشتۇمتۇت كوچىنىڭ ئۇ بېشىدىنمۇ ئاۋاز ئاڭلىنىپ، خىرە يورۇقلۇق ئىچىدە ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئەمدى ئالغا يۈگۈرۈشمۇ خەتەرلىك ئىدى. شۇنىڭ ئۇچۇن، ئۇ قەدىمىنى توختىتىپ تامغا چاپلىشىپ تۇرۇۋالدى. تامدا بىر دېرىزە بار ئىدى. نۇشا بۇ دېرىزە بەلكىم ئېچىلىشى مۇمكىن دەپ ئويلاپ ئاستا ئىتتىرىۋىدى، دېرىزىنىڭ بىر قانىتى ئېچىلدى. ئۇ دېرىزىگە يامىشىپ چىقىپ، ئىچى تەرەپكە سەكرەپ چۈشتى ــ دە، ئاندىن دەرھال دېرىزىنى تاقاپ، دېرىزىگە يۆلىنىپ تۇرۇۋالدى.

نۇشانىڭ تۇرغان ئورنى تار بىر كارىدور بولۇپ، كارىدورنىڭ بېشىدا يۇقىرىغا چىقىدىغان پەلەمپەي بار ئىدى. يۇقىرىدىن غۇۋا

يورۇق چۈشۈپ تۇراتتى. نۇشا نەپەسىنىمۇ چىقارماي جىم تۇرۇۋالدى، ئۇنىڭ پېشانىسىدىن مونچاق ـ مونچاق تەر تامچىلىرى تەپچىپ چىقتى. ئۇ ئاغزى ئېچىلىپ، يۈرىكى قېپىدىن چىققۇدەك بولۇپ لاغىلداپ تىترەپ كەتتى.

كوچىدىكى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلار، پۇشتەك ئاۋازى، تاراقلىغان ئېغىر قەدەم تىۋۇشى تېخىچە ئاڭلىنىپ تۇراتتى. شۇ ئەسنادا بىراۋنىڭ يۆتىلىۋاتقانلىقى ئاڭلاندى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ پەلەمپەيگە يورۇق چۈشتى. ئاندىن بىر ئادەم پەلەمپەيدىن چۈشۈشكە باشلىدى. قەدەم تىۋۇشىغا ئەگىشىپ يورۇقلۇق پەلەمپەيدىن يۆتكىلىپ كارىدورنىڭ تېمىغا چۈشتى ـ دە، پەلەمپەيدە بىر ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈندى. بۇ بىر شالاڭ ساقاللىق، تاقىر باشلىق، كۆزئەينەكلىك، ئۇزۇن چاپانلىق، ئېگىز بويلۇق ياشانغان بىر كىشى ئىدى. ئۇ ئوڭ قولىدا شام كۆتۈرۈپ ئېڭىشىپ پەلەمپەيدىن چۈشۈۋاتاتتى. نۇشا ئالاقزەدە بولۇپ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي، تامغا چاپلاشقان پېتى قولىدا خەنجەرنى چىڭ تۇتۇپ، ھودۇققان ھالدا بوۋايغا قاراپ تۇردى.

بوۋاي پەلەمپەيدىن چۈشۈپ، كارىدور بويلاپ ئاستا مېڭىپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇ نۇشانىڭ قېشىغا بىرنەچچە قەدەم قالغاندا نۇشانى كۆردى ـ دە، قەدىمىنى توختاتتى. ئۇنىڭ قولى تىترەپ، شامنىڭ ئوتى سەكرەپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن كارىدوردا بىرمۇنچە سايىلەر لەپىلدەپ تەۋرىنىشكە باشلىدى. نۇشا سەكرەپ چىقىپ، خەنجەرنى ئۇنىڭغا تەڭلىدى.

— ئاۋاز چىقىرىدىغان بولساڭ قارنىڭنى يېرىۋېتىمەن، — دېدى ئۇ.

بوۋاي ھودۇققان ھالدا نۇشاغا قارىدى. ئاندىن خەنجەرنى كۆرۈپ ئۇنىڭ قورۇق باسقان يۈزىنى ۋەھىمە قاپلىدى. ئۇ يا ماڭماي، يا گەپ قىلماي، تۇرغان جايىدا جىم تۇراتتى. ئەمما، نۇشانىڭ دېمى سىقىلىپ، نەپىسى تېزلىشىپ، ئۇنى تەر بېسىپ كەتتى. خەنجەر تۇتقان قولىمۇ تىترىمەكتە ئىدى. بوۋاي بۇ

ئەھۋاللارنى كۆرۈپ:

— قورقما، سەن ئۈچۈن بۇ يەر بىخەتەر، — دېدى ئۇنىڭغا.

خەنجەرنى تۇتۇپ مىدىر قىلماي تۇرغان نۇشاغا بۇ بوۋاي ناھايىتى غەلىتە تۇيۇلدى.

— قورقما، — دېدى بوۋاي بىردەم تۇرغاندىن كېيىن، بۇ قېتىم ئۇنىڭ ئاۋازى ئېنىق ھەم كۈچلۈك ئىدى، — مەن بىر ياشانغان ئادەم تۇرسام، نېمىشقا مەندىن مۇنچىۋالا قورقىسەن؟ بۇياققا كەل، ئارقامدىن ماڭ، — ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ماڭدى. لېكىن، نۇشا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىشقا جۈرئەت قىلالمىدى ھەم خەنجەرنى يېنىغا سېلىۋالدى. بوۋاي سەمىمىي ھالدا يەنە سۆزلىدى، — شاكىچىك، مەندىن نېمانچە قورقىسەن؟ كېلىۋەر، قورقما.

ئۇنىڭ سۆزلىرى سىلىق ۋە ئوچۇق - يورۇق ئىدى. نۇشا ئىختىيارسىز ھالدا قەدىمىنى كۆتۈرۈپ، بوۋاينىڭ ئارقىسىدىن ھوشيارلىق بىلەن ماڭدى. ئىككىيلەن يۇقىرىغا چىقتى. بۇ يەر تىمتاس ئىدى. پەلەمپەينىڭ ئۈدۈلىدا بىر ئىشىك بار ئىدى. بوۋاي كىردى، نۇشامۇ ئارقىدىن كىردى. بۇ ئاددىيغىنا بىر ئۆي بولۇپ، ئۆينىڭ ئالدىدا تار بىر كارىدور بار ئىدى. ئىككىيلەن ئۆينى كېسىپ ئۆتتى. ئۈدۈلدا يەنە بىر ئىشىك بولۇپ، ئۆيدە چىراغ يورۇپ تۇراتتى. ئەمما، بوۋاي بۇ ئۆي تەرەپكە ماڭماي، باشقا ياققا بۇرۇلۇپ، بىر ئاز مېڭىپ، بىر ئىشىكنى ئېچىپ كىردى. نۇشا قارىسا، بۇ كەڭ - كۇشادە ئۆي بولۇپ، لىق كىتاب سېلىنغان ئۈچ ئىشكاپ بار ئىدى. يەنە ئۈستى كىتاب ۋە قەغەزلەر بىلەن تولغان ئۇزۇن بىر شىرە تۇراتتى. بوۋاي شامنى شىرەگە قويۇپ، ھارغىنلىق يەتكەن ھالدا ئورۇندۇققا ئولتۇردى ۋە يانىدىكى بىر ئورۇندۇقنى كۆرسىتىپ، نۇشانى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. نۇشا گويا سېھىرلەنگەندەك، گەپ - سۆز قىلماي ئورۇندۇقتا ئولتۇردى.

ئۆي ئىنتايىن جىمجىت ئىدى. بوۋاي شىرەدىكى غاڭزىنى

ئېلىپ، تاماكا سېلىپ تۇتاشتۇرۇپ، ئاستا چېكىشكە باشلىدى. ئۇشتۇمتۇت قەيەردىندۇر بىر ئىڭرىغان ئاۋاز چىقتى. نۇشا بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ، ھوشيارلىق بىلەن قۇلىقىنى دىڭ تۇتتى. غەلىتە بىر خىل ۋەھىمىدىن تەنلىرى جۇغۇلداپ كەتتى. بوۋاي تاماكا چېكىپ جىم ئولتۇراتتى. تاماكا ئىسى ئۆينى بىر ئالغانىدى.

بىردەمدىن كېيىن سىرتتا بىرىنىڭ ماڭغانلىقى ئاڭلاندى. ئارقىدىنلا ئون ئالتە ـ ئون يەتتە ياشلاردا بار ئورۇقىنا بىر قىز كىرىپ كەلدى. ئۇ يەڭسىز يېپىنچىغا ئورىنىۋالغانىدى. ئۇ ئاستا مېڭىپ بوۋاينىڭ يېنىغا كەلدى.

ــــ دادا، توك تېخىچە كەلمىدى، ھەممە يەر قاپقاراڭغۇچىلىق بولۇپ كەتتى، ــــ دېدى ئۇ.

بوۋاينىڭ بىرنېمە ئېسىگە كەلگەندەك بولدى:

ــــ ھە، مەن رەفىق دوختۇرنىڭ ئۆيىگە چىقىپ، توك بىلەن تەمىنلەش ئىدارىسىگە تېلېفون بەرسەم بولغۇدەك، ــــ دېدى. ئاندىن بىردەم توختىۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، ــــ ئۇ ھازىر بەلكىم ئۇخلاپ قالغاندۇ؟

ــــ سەن ئابايا تېلېفون بەرگىلى چىققانىدىڭغۇ؟ ــــ دېدى قىز.

بوۋاي نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالدى.

ــــ توغرا، چىقتىم، چىقتىم، ــــ ئۇ بىرنەرسىنى ئويلاپ قالدى. ئاندىن نۇشاغا قاراپ قويدى، ــــ سەن، سەنچۇ، دېمەكچى بولغىنىم... ــــ ئۇنىڭ ئاۋازى سەل تىترەپ قالدى، ــــ ھە، كەچۈرگىن، سېنىڭ بۇ يەردە ئولتۇرغانلىقىڭنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. نادىرە، ئۇ بىزنىڭ مېھمىنىمىز. ئۇنىڭ بىرئاز مىجەزى يوق بولۇپ قاپتۇ، ئۇنىڭغا بىر ئىستاكان قىزىق قەھۋە بەرسەڭ قانداق؟ ــــ ئۇ شۇنداق دەپ بولۇپ، يېنىكلىگەن ھالدا كۈلۈپ قويدى.

نادىرە باشقا گەپ قىلماي بۇرۇلۇپ مېڭىۋىدى، بوۋاي ئۇنى چاقىرىپ توختىتىۋالدى.

— ئاناڭنىڭ كېسىلى يەنە قوزغىلىپ قالدىمۇ؟ — دەپ سورىدى بوۋاي.

— ھەئە! بىراق ھازىر ئۇنىڭ كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى.

بوۋاي قايتا گەپ - سۆز قىلمىدى، نادىرە چىقىپ كەتتى. ئۆيدە يەنە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. بوۋاي ئالدىرىماي تاماكا چېكىپ ئولتۇرۇپ ئويغا پاتتى. شام يورۇقىدا ئۇنىڭ تاقىر بېشى پارقىراپ تۇراتتى. قېلىن كۆزئەينەك تاقالغان كۆزلىرى ئۇيقۇسىراپ يۇمۇلۇۋاتقاندەك قىلاتتى.

بىردەمدىن كېيىن نادىرە ئۈچ بۇرجەكلىك بىر پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ كىردى. پەتنۇستا بىر ئىستاكان سۈت ۋە بىر ئىستاكان قەھۋە بار ئىدى. ئۇ ئېگىشىپ پەتنۇسنى شىرەگە قويۇۋاتقاندا، ئۇنىڭ يۈزىگە شامنىڭ خىرە يورۇقى چۈشتى. نۇشا ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ «ئەجەب چىرايلىق قىز ئىكەن بۇ» دەپ ئويلاپ قالدى. ئۇنىڭ بويلىرى زىلۋا، كۆزلىرى تىنىق كۆل سۈيىدەك سۈزۈك ئىدى. لېكىن، چىرايىدا ھېچقانداق ئىپادە كۆرۈنمەيتتى. بىرئاز ئەستايىدىلدەك كۆرۈنەتتى. ئۇ ئىستاكاننى ئېلىپ، قورۇنمايلا نۇشاغا بەردى. ئاندىن ئۆيدە ئۇزاق تۇرمايلا چىقىپ كەتتى.

سۈتنى ئىچكەندىن كېيىن نۇشاغا بىرئاز جان كىرگەندەك بولدى. ئۇ «ھازىر خەتەر ئۆتۈپ كەتتى، كېچە خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالدى، ئەمدى قايتاي» دەپ ئويلىدى. شۇ ئەسنادا بوۋاي ئۇنىڭدىن گەپ سوراپ قالدى.

— بىرەر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويدۇڭمۇ؟

— ياق، — نۇشا بېشىنى چايقىدى.

— ئوغرىلىق قىلغانمۇ؟

— ھەئە، — نۇشا ئالدىرىماي جاۋاب بەردى، ئاندىن نومۇس قىلىپ يەرگە قارىۋالدى.

بوۋاي چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىپ، بىرئاز خىيال سۈرۈپ، ئاندىن نۇشاغا:

— يېشىڭ چوڭ ئەمەستەك قىلىدۇ، قانداق بولۇپ ئوغرى بولۇپ قالدىڭ؟ — دېدى ۋە دەرھال ئۆزىنىڭ سۆزىگە ئۆزى ھەيران قالدى، — ھە، سەندىن بۇ مەسىلىنى سورىماسلىقىم كېرەك ئىدى. بۇنىڭغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى ئۆزۈڭمۇ بىلمەسلىكىڭ مۇمكىن. سەن ھازىر تېخى جىق ئىشلارنى چۈشەنمەيسەن. مەسىلەن، ئەگەر مەن ساڭا «سېنىڭ دوختۇر، قانۇنشۇناس، ئالىم، مائارىپچى، يازغۇچى ياكى رەسسام بولۇشۇڭ مۇمكىن» دېسەم، چوقۇم ئىنتايىن ھەيران بولارسەن؟

نۇشا ھەقىقەتەن ھەيران بولدى. ئۇ ھاڭۋاقتىلاردەك ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ئۇنىڭغا قاراپلا قالدى. بوۋاي سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— سەن ئۆزۈڭنىڭ تۇرمۇش يولۇڭنى ئۆزگەرتسەڭ بولامدۇ؟ — ئۇ سەل تۇرۇۋېلىپ ئاندىن ئۆزىنىڭ گېپىنى تەكرارلاپ سۆزلىدى، — يول دېگەن سۆزنى چۈشىنىشىڭ قىيىنراق، بۇ سۆزنى ئىشلەتمەسلىكىم كېرەك ئىدى. قارا، بىز تېخى ئۆزىمىزنى تونۇشتۇرماپتۇق. مېنىڭ ئىسمىم كېرىم ئەلا، مۇشۇ يەردىكى ئىنستىتۇتنىڭ ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى بولىمەن. سېنىڭ ئىسمىڭنى سورىسام بولامدۇ؟

— نۇشا.

پىروفېسسور كېرىم كۈلۈپ، نۇشاغا قاراپ قويدى.

— نۇشانىڭ مەنىسى يېڭى تويى بولغان يىگىت دېگەن بولىدۇغۇ، بالام، سېنىڭ ئىسمىڭ ياخشى ئىكەن. گەرچە مەن ئىسمى ياخشى ئادەمنىڭ ئۆزىمۇ ياخشى بولىدۇ، دەيدىغان گەپكە قوشۇلمىساممۇ، ھەرھالدا سېنىڭ ئىسمىڭ ھەقىقەتەن چىرايلىق ئىكەن. غالىبنىڭ باشقىچە ئاتىلىشىمۇ مىرزە نۇشا. سەن بىر شائىر بولۇشۇڭ كېرەك. مېنىڭ قارىشىمچە، مۇشۇ ئىسىملىك كىشىلەرنىڭ خاراكتېرى شېئىرىي تۈيغۇغا باي بولىدۇ، — ئۇ سەل توختىۋېلىپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — كەچۈرگىن، جىقراق سۆزلەپ كەتتىم. بىزنىڭ مەملىكىتىمىزدە كىشىلەرنىڭ

ئىسمىغا قارىتا مۇنچىۋالا روھىي ھال جەھەتتىكى تونۇشى نەدە بولسۇن. راستىنى ئېيتقاندا، ئەگەر ھېچ يەردە مۇنداق روھىي ھال جەھەتتىكى تونۇش بولمىغان بولسا، درىنكۋود ئىسىملىك ئەنگلىيەلىك مەشھۇر ئەدىبمۇ بولمىغان بولاتتى. درىنكۋودنى بىلەمسەن؟ بۇ سۆزنىڭ مەنىسى «سۇ ئىچىش» دېگەن بولىدۇ. قارا، نېمىدېگەن قىزىق، بۇمۇ ئىسىم ھېسابلىنىدۇ ـ دە.

ئۇ توختىماي سۆزلەيتتى، نۇشا گەپ ـ سۆز قىلماي ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇ پروفېسسورنىڭ گەپلىرىنىڭ ئەڭ كۆپ دېگەندە ئون پىرسەنتىنى چۈشىنەلەيدى. ئۇ بىر ئاز تىت ـ تىت بولۇپ كېرىلىپ قويدى.

— ھە، ئۇيقۇڭ كەپتۇ، ئۇخلىساڭ بولغۇدەك، — دېدى پىروفېسسور دەرھال.

— مەن كەتسەم بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى نۇشا شۇئان.

— ھازىر كەچ سائەت ئون بىر بولۇپ قالدى. مۇشۇ چاغدا كەتسەڭ مۇۋاپىق بولامدۇ؟

— چاتاق يوق، ئەنسىرىمەڭ.

— كېيىن چوقۇم كېلىپ مەن بىلەن كۆرۈشكىن. سەن تېخى تۈزەلمەس جىنايەتچى ئەمەس. سەن خەنجەرنى ماڭا تەڭلىگەن چېغىڭدا، قولۇڭنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى بايقاپ، بۇ سېنىڭ تۇنجى قېتىم جىنايەت ئۆتكۈزۈشۈڭ ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلدىم، — ئۇ سەل توختىۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — سەن تۈرمىدە ياتقانمۇ؟

— ياتقان، — نۇشا مۇنداقلا جاۋاب بەردى.

— ھە، تۈرمىدە ياتقانىكەنسەن ! — لېكىن يەنىلا تۈزەلمەس جىنايەتچىگە ئوخشىمايدۇ، ئوتتۇرىدا چوقۇم بىرەر ھالقا كەملىك قىلىدۇ. ئۇنداقتا مېنىڭ پۈتۈن تەھلىلىم خاتا بولۇپ چىقتى، — ئۇ ھەيرانلىق بىلەن نۇشاغا قاراپ، ئىنتايىن جىددىي ھالدا سۆزلىدى، — مەيلى قانداقلا بولسۇن، سەن چوقۇم كېلىپ مەن بىلەن كۆرۈشكىن. يۇر، سېنى ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ

قويماي.

ئۇ شامنى ئېلىپ ئورنىدىن تۇردى. ئىككىيلەن پەسكە چۈشۈپ، كارىدوردىن ئۆتۈپ ئىشىك ئالدىغا كەلدى، نۇشا ئىشىكتىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، قايرىلىپ پىروفېسسورغا قارىدى. شام يورۇقىدا ئۇ خۇددى تىياتىرلاردىكى قىزنىقچىلاردەك كۆرۈنۈپ كەتتى. نۇشا تار كوچىنىڭ بېشىغا چىققاندا مۇنۇلارنى ئويلىدى: «قىزىق ئىش، بۇ قېرى نېمە دەپ بىلجىرلايدۇ؟ بۇ ئىشنى قىلما دەيدۇ، بۇنى قىلمىسام نېمە قىلىمەن؟ سەرگەردان بولۇپ يۈرەمدىمەن؟ قانداقتۇر دوختۇر، قانۇنشۇناس بولغۇدەكمىشمەن. بۇ ئويېئوچۇق ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈشقۇ ! بۇ تازا كۈلكىلىك گەپ ـ دە. مەن قانداقمۇ دوختۇر بولالايمەن؟ پېشانىغا نېمە پۈتۈلگەن بولسا، شۇنى قىلغۇلۇق. مېنىڭ پېشانەمگە يانچۇقچىلىق قىلىش پۈتۈلۈپتىكەن...»

ئۇ خىيال سۈرۈپ كېتىۋېتىپ، يانچۇقتىن قاپچۇقنى ئېلىپ تەكشۈرۈپ قارىدى. ئۇنىڭدا بىر يۈز سەكسەن رۇپىيەچە پۇل بار ئىدى. ئۇ خۇشال بولۇپ ھىجىيىپ كەتتى. ئۇ كۆڭلىدە: بۇ كەسىپنىمۇ يامان دېگىلى بولمايدۇ، بىرنەچچە مىنۇتنىڭ ئىچىدىلا پۇل قولۇڭغا كېلىدىغان گەپ. پېترو ئۇستام توغرا ئېيتىدۇ، ئۇ ئاددىيغىنا ئىش قوشۇش، قولۇڭدا ئازراق ماھارىتىڭلا بولسا بولدى، دەپ ئويلىدى.

## 4

نۇشا تۇرالغۇ جايىغا يېتىپ بارغاندا كېچە سائەت ئون بىر يېرىم بولغانىدى. لېكىن، پېترو تېخىچە ئاتارمەن ـ چاپارمەنلىرى بىلەن بىللە چۆرىدىشىپ ئولتۇراتتى. پېترو تامغا يۆلىنىپ، يۇرت كەزگۈچى راھىبتەك چازا قۇرۇپ ئولتۇراتتى. بارلىق يانچۇقچىلار ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ بىر چەمبىرەك ھاسىل قىلغانىدى. ئۆيئىچى ئىسقا تولغان بولۇپ، ھەممىسى تەك

ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىشماقتا ئىدى.
نۇشانى كۆرۈپلا پېترونىڭ قاپىقى تۈرۈلدى.
ـــ ھەي، ئابايا نەگە باردىڭ؟
ـــ كىنو كۆرگىلى باردىم، ـــ دېدى نۇشا لايغەزەللىك بىلەن.
ـــ ئەمىسە ئاللاركا ئۇستىنىڭ تەۋەسىگە نېمىشقا باردىڭ؟ بولدىن سودا سارىيىنىڭ ئۇ تەرىپى بىزگە تەۋە ئەمەس دەپ مىڭ قېتىم ئېيتقاندىم. سەن تەنتەك نېمىشقا ئۇ يەرگە بېرىپ ئۆزۈڭنى كۆرسىتىسەن؟ ئاللاركانىڭ ئادەملىرى سەن شۇمتەككە يەتمەمدىكەن؟ بىكاردىن ـ بىكار ماڭا ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرىسەن، ـــ پېترو كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا تىكىلدى، ـــ قېنى يەتتە تىكەن خانىش مەرھەمەت قىلسۇن ! ـــ بۇ پېترونىڭ يانچۇقچىلارنى پۇل تاپشۇرۇڭلار دېگەن مەنىدە ئىشلىتىدىغان مەخسۇس سۆزى ئىدى.
نۇشا بەلكىم ئۇستام بىرەر يىپ ئۇچىنى بىلىپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ ھېس قىلدى. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ پۇلنى تاپشۇرغۇسى يوق ئىدى.
ـــ مەن پەقەت ئۇ تەرەپكە بارمىدىم. ئاكىكا پابۇرمىكىن، ئۇ دائىم شۇ ياققا بارىدۇ، ـــ دېدى ئۇ بولغىنىنى كۆرەرمەن دەپ.
بىر بۇلۇڭدا مۈگدەپ ئولتۇرغان ئاكىكا پابۇر تاشپاقىنىڭكىگە ئوخشاش ئورۇق ۋە ناتەكشى بوينىنى سوزۇپ، دىمىقىدا خىڭىلداپ گەپ قىلغىلى تۇردى.
ـــ قاراڭ، ئۇستام، بۇ تەنتەك بىكاردىن ـ بىكار ماڭا قارا چاپلاۋاتىدۇ. مەن ئاغزىغا بىرنى ئۇرۇپ ئۇنىڭ پۈتۈن چىشلىرىنى تۆكۈۋەتمىسەم. مەن چۈشتىن تارتىپ قىزىتمام ئۆرلەپ مۈشۈ يەردە ياتتىم. ئۇ ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈۋاتىدۇ.
ـــ بولدى، بەس ! ـــ دېدى پېترو. ئاندىن نەزىرىنى ئىشىكنىڭ قېشىدا ئولتۇرغان بىر يىگىتكە ئاغدۇردى، ـــ سەن ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆردۈڭمۇ؟ ـــ ئۇ قولى بىلەن نۇشانى كۆرسەتتى.

— ھەئە، ئاشۇ. قاش قارايغان ۋاقىتتىن تارتىپ ھېلىقى ئادەمنىڭ پېيىگە چۈشكەن.

نۇشانىڭ ئۇنى شۇنچە ۋاقىتتىن بىرى تېخى تۇنجى قېتىم كۆرۈشى ئىدى. ئۇ بەللىرى توم، ئۆزى تەمبەل كەلگەن يىگىت ئىدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ قىلچە تەپتارتماستىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئۇستام، مەن تېخى بىرنەچچە قېتىم بۇ مېنىڭ مېھمىنىم دەپ ئىشارەت قىلدىم. بىر قېتىم پۇتىغا دەسسەپ قويدۇم. ئۇ يەنىلا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ مىدىر قىلماي تۇرىۋەردى.

پېترو كۈلۈپ كەتتى.

— ھەي ي ي، سېنىڭ خەۋىرىڭ يوق، ئۇ كەلگىنىگە تېخى بىرنەچچە كۈن بولدى، بۇ ئىشلارنى نەدىن بىلسۇن؟

— مەن بىر قاراپلا ئۇنىڭ يېڭىياچە ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلدىم.

نۇشا پەقەت ئىقرار قىلمىدى.

— كىشىگە تۆھمەت قىلمىساڭ قانداق؟ مەن سېنى ھەرگىز كۆرمىدىم، — نۇشا شۇنداق دەپلا ئۇنىڭغا زەردە بىلەن ھومايدى.

شۇ ئەسنادا پېترو ئۇستىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— سەن گەدەنكەشلىك قىلماي تۇر، سەل تۇرۇپ مەلۇم بولىدۇ.

نۇشا قاپچۇقنى چۆرۈۋېتىپ، پۇلنى شالۋۇرىنىڭ يۇچقىقىغا تىقىۋالغانىدى. ئۇ بۇنىڭغا ھېچكىمنىڭ دىققەت قىلمايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ گەپنىڭ يوغىنىنى قىلدى.

— يالغان ئېيتقان بولسام يېنىمنى ئاختۇرۇڭ!

— نېمە، — دېدى پېترو بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ، — سەنزە مېنى مۇشۇنداق ئاسان ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ دەپ ئويلامسەن؟

ئۇ جىگەرمەنى چاقىردى.

— مەيلى پۇل يېنىدا بولسۇن ياكى باشقا يەردە قويغان

بولسۇن، ئاۋۋال يېنىنى ئاختۇر ! بۇ تەنتەك راستچىل ئەمەس ئىكەن، — دېدى ئۇ جىگرەمگە. جىگرەم نۇشانى ئىككى قولىدىن تارتىپ تۇرغۇزدى.

— قولۇڭنى كۆتۈر ! — دەپ ۋارقىرىدى پېترو. نۇشا قوللىرىنى كۆتۈردى. شۇنىڭ بىلەن جىگرەم ئۇنىڭ يېنىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى. جىگرەم ئۇنىڭ ھەممە يېرىنى ئاختۇرۇپ چىقتى، لېكىن پۇل چىقمىدى. ئاندىن ئۇ يۇقىرىدىن - تۆۋەنگە قارىتا يەنە بىر قېتىم ئاختۇرغىلى تۇردى. جىگرەمنىڭ قولى شالۋۇرنىڭ پۇچقىقىغا تەگكەندە، نۇشانىڭ سەل خۇدۇكسىرەپ قالغانلىقىنى پېترونىڭ قۇۋ كۆزلىرى كۆرۈپ قالدى.

— بۇياققا كەل ! — دېدى ئۇ نۇشاغا.

نۇشا ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى. پېترو گەپ قىلمايلا ئۇنىڭ شالۋۇرىنىڭ پۇچقىقىنى تارتىپ، بارمىقىنى قاتلانغان گىرۋەككە كىرگۈزۈپلا پۇلنى تارتىپ چىقتى - دە، مەنسىتمىگەن ھالدا ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلىدى. ھەممەيلەن ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قاراپ قالدى. نۇشانىڭ چىرايى دەرھال ئۆلۈكنىڭ چىرايىدەك تاتىرىپ كەتتى. پېترو غەزەپ بىلەن نۇشاغا ھومايدى.

— سەن تېخى مېنىڭ كۆزۈمنى بويىماقچى بوپسەن - دە، — دېدى زەردە بىلەن، — پو ئاتقانلىق ئەمەس، قانچىلىغان ساڭا ئوخشاش شۇمتەكلەر مېنىڭ ئالىقىنىمدىن قېچىپ قۇتۇلالمىغان. ماڭا بۇ كەسىپنى قىلىۋاتقىلى ئوتتۇز نەچچە يىل بولدى، — ئۇ قولاقلىرىنى سىلاپ بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مېنىڭ سۇرەتلىرىم چەت ئەللەرگىمۇ كەتكەن، — پېترو ئەمدى سۆزىنى جىگرەمگە قاراتتى، — ساناپ باقە، قانچە پۇل ئىكەن !

— بىر يۈز سەكسەن ئۈچ، — دېدى جىگرەم ساناپ چىققاندىن كېيىن.

— قانداق؟ سېنىڭچە قانچىلىك بولۇشى كېرەك ئىدى؟ بۇ سان توغرىمۇ؟ — دەپ سورىدى پېترو ھېلىقى ئاللاركانىڭ

ئادىمىدىن.

— ھەئە. بىزنىڭ مۆلچەرىمىزمۇ شۇنچىلىك ئىدى، — دېدى ئۇ.

پېترو جىگرەمىنىڭ قولىدىن پۇلنى ئېلىپ ئۇنىڭغا بەردى. ئۇ پۇلنى ئېلىپ ساناپ چىقىپ، ئاندىن ئۇنىڭ بىر قىسمىنى ئايرىپ پېترونىڭ ئالدىغا قويدى.

— بۇ قىرىق ئالتە رۇپىيە. يىگىرمە بەش پىرسەنت بويىچە ھېسابلىغاندا، بۇ سىلەرگە تېگىشلىك. ئەگەر سىز مۇۋاپىق كۆرمىسىڭىز، يەنە مەسلىھەتلىشەرمىز.

— ياق، ياق، مۇشۇنداق بولسا بولىدۇ، — دېدى پېترو دەرھال.

ئاللاركانىڭ ئادىمى كەتمەكچى بولۇپ ئورنىدىن تۇرىۋىدى، پېترو ئۇنىڭغا:

— مەندىن ئاللاركا ئۇستامغا سالام ئېيتقىن. ئاندىن شۇنىمۇ دەپ قوي، بۇ ھارىمى تېخى كىچىك، قائىدە ـ يوسۇننى ئۇقمايدۇ. مەن ئۇنىڭ ئوبدان ئەدىپىنى بېرىپ قويىمەن، — دېدى.

ئاللاركانىڭ ئادىمى چىقىپ كەتتى. ئۆي جىمىپ قالدى. نۇشا پۇتۇنلەي ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ قويغانىدى. ھازىر ئۇنىڭ بېشىغا چوڭ بالا كېلىش ئالدىدا تۇراتتى. پېترو يەۋېتىدىغاندەك زەھەرلىك نەزىرى بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى.

— ھەي تەنتەك، سەن مېنىڭ يۈزۈمنى چۈشۈرۈۋەتتىڭ. ئاللاركا چوقۇم «پېترو قانداقمۇ بۇ كارغا يارىماسلارنى تەربىيەلەپ چىقتىكىنە» دەيدۇ. مېنىڭ قارىشىمچە، ئۇ ئەبلەخ چوقۇم بۇ ئىشنى داۋراڭ قىلىپ، شەھەردىكى ھەممە يانچۇقچىلار ئۇۋۇسىغا يېيىۋېتىدۇ. مۇشۇنداق شاگىرتنى تەربىيەلەپ چىققانلىقىم ئۈچۈن ئابرۇيۇم پۈتۈنلەي تۆكۈلىدىغان بولدى.

نۇشا جىنايەتچىدەك بېشىنى ساڭگىلىتىپ لاغىلداپ تۇراتتى. پېترو ئاچچىقىدا ۋارقىرىماقتا ئىدى. ئاندىن ئۇ قادىرغا قاراپ:

— قادىر، بۇ ھارىمىغا بىرنەچچە پەشۋا بېرىپ قوي، —

دېدى. قادىر ئورنىدىن تۇرۇپ نۇشانى بىرنى تەپتى. نۇشا ئاغرىققا چىدىماي ۋايجان دەپ توۋلاپ كەتتى.

— هەي، قاتتىقراق تەپ! خوتۇن كىشىگە ئوخشاش شۇنداقمۇ بوش تېپەمدىكەن، — دېدى پېترو.

قادىر سەكرەپ تۇرۇپ، بىلەكلىرىنى سىلكىپ، ئاۋۋال ئوڭ بىلىكىنى ئىچىگە ئېگىپ، جەينىكى بىلەن بىر ئۇرۇۋىدى، نۇشا ئوڭدا چۈشۈپ ئىڭراپ يۇمىلاپ كەتتى. قادىر ئوقچۇپ بېرىپ قاتتىق تېپىشكە باشلىدى. ئۇ ئۇزمەي تېپىۋەردى. قادىر قاۋۇل هەم ساغلام بولغاچقا، پۇتى تۆمۈر تۇياققا ئوخشايتتى. مۇشت - پەشۋالىرىنىڭ تورى بار ئىدى.

نۇشا توختىماي ئاللا - توۋا كۆتۈرەتتى. ئاغزى قاناپ، چىرايى غەلىتە سەتلىشىپ، يەردە دومىلايتتى.

ئالۋاستىغا ئوخشايدىغان قادىر ئۆزىنىڭ «بىگىسى»نى كۆرسىتىشتىن توختايدىغاندەك قىلمايتتى. شۇ ئەسنادا پېترو:

— بولار ئەمدى، بۇ تەنتەك بىرپەس دەم ئېلىۋالسۇن، — دېدى.

قادىر ئۆزىنىڭ جايىغا قايتىپ بېرىپ ئولتۇردى. ئۇ خۇددى كەركىداندەك ئاستا هاسىرىماقتا ئىدى. ئۆيدىكى بارلىق يانچۇقچىلار ئاۋازىنى چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالماي جىم ئولتۇراتتى. نۇشا يەردە تارتىشىپ قالدى. پېترو پۇتىنى ئالماپ، بەدىنىنى سەل مىدىرلىتىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ قورقۇنچلۇق سايىسى ئۇدۇل تامدا مىدىرلاپ تۇراتتى. مۇشۇنداق بىرنەچچە مىنۇت ئۆتتى، هېچكىم گەپ - سۆز قىلمىدى، هېچكىم جايىدىن قوزغالمىدى. نۇشا يەردە مىدىرلىماي قاتتىق پۇشۇلداپ ياتاتتى. جىمجىت ئۆيدە پەقەت ئۇنىڭ هاسىراپ - هۆمۈدىگەن ئاۋازىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بىردەمدىن كېيىن پېترو بۇرۇقتۇرما ئاۋازدا نۇشاغا قاراپ:

— قوپۇپ تۈز ئولتۇر، قىلغان خۇپسەنلىكىڭمۇ يېتەر، ئەمدى، شاپىلاق بىلەن ئويغىتىپ قويماي يەنە، — دېدى.

نۇشا ئالدىراپ ـ تېنەپ قوپۇپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ يۈزلىرى ياش يۇقى بولۇپ كەتكەن. چاچلىرى پاخپىيىپ يۈزىگە ساڭگىلاپ چۈشكەن بولۇپ، ئاغزىنى ئۇمچەيتىپ بوشراق ئىڭسەدەپ يىغلاپ تۇراتتى. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ بىچارە تەلەتى پېترونى قىلچىمۇ تەسىرلەندۈرمىدى.

— ئاۋۋال ئۇنىڭغا ئازراق «زەمزەم» ئىچۈرۈپ، ئاندىن ئۇنى قوغلاپ چىقار، — دېدى ئۇ جىگرەمگە.

جىگرەم سىرتقا چىقىپ كېتىپ، بىردەمدىن كېيىن بىر ئەينەك تەجرىبە نەيچىسىنى كۆتۈرۈپ كىردى. نەيچىگە ساپسېرىق سۇيۇقلۇق قاچىلانغانىدى. نۇشا ئۇنى كۆرۈپلا يالۋۇرۇپ تۇۋلاپ كەتتى.

— ئۇستام، خۇدا ھەققى، گۇناھىمدىن ئۆتسىلە، بۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى سەۋەنلىك ئۆتكۈزسەم بوغۇزلىۋەتسىلە.

ئۇ توختىماي يالۋۇراتتى، لېكىن ھېچكىم ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمايتتى. پېترونىڭ بىر ئىشىز گېپى بىلەنلا بىر يانچۇقچى ئوقچۇپ بېرىپ، نۇشانىڭ مەيدىسىگە مىنىپ ئولتۇرۇپ، قوللىرىنى چىڭ تۇتۇپ تۇردى. يەنە بىرى ئاغزىنى يېرىپ ئېچىپ تۇردى. جىگرەم ئۇنىڭ ئاغزىغا بىرنەچچە تامچە سۇيۇقلۇق تامدۇردى. ئاندىن ئۇنى بوشىتىۋەتتى.

نۇشا ھاپىلا ـ شاپىلا ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ كۆزلىرى تومپىيىپ كۆزلى ئايىنىپ كەتكەنىدى.

— سىرتقا چىقىپ قۇس! ئۆينى مەينەت قىلىدىغان بولساڭ يەنە ئىچىسەن. چىقامسەن ـ چىقمامسەن؟ — دەپ قىستىدى پېترو.

نۇشا دەلدەڭلىگەن پېتى سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئۆيئىچىدە يەنە بىر قېتىم جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. بىردەمدىن كېيىن نۇشا قايتىپ كىرىپ بوسۇغىدا تۇردى.

— ئەمدى سېنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشۇڭ ھاجەتسىز، — دېدى پېترو قاتتىق ئاھاڭدا، — نەرسە ـ كېرەكلىرىڭنى ئېلىپ يوقال

بۇ يەردىن!

— ئۇستام، — دېدى نۇشا روھسىز ھالدا، — ئەزبىرايى خۇدا، مەن ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتاي، مۇنداق ئىش ئىدى...

— ئېيتقۇدەك نېمىسى بار، ماڭ! — دەپ ۋارقىرىدى پېترو.

— ئاڭلىسىلا، ئۇستام.

— سەن ھارىمىنى ئوبدان بىلىمەن، — پېترو ئۇنىڭغا ئون رۇپىيەلىك تىيزىدىن بىرنى تاشلاپ بېرىپ، مەنسىتمىگەن ھالدا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بۇنىمۇ ئال. بۇ سەن قىلىدىغان ئىش ئەمەس. سەن سولامچىلاردەك يۇزسىز ئىكەنسەن، ماڭە، بېرىپ ئاناڭغا سولامچىلىق قىل.

نۇشا بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئالىيىپ قارىدى.

— ھەي ھارىمى، نېمىشقا ئالىيىسەن؟ — دەپ تىللىدى پېترو، — سەن ساقچى ئىدارىسىگە بېرىپ، پېترو يانچۇقچىلار ئۇۋۇسى ئېچىپتۇ، دەپ مەلۇم قىل، يۈگۈر، قەسەم ئىچىپ بېرىپ مەلۇم قىل. لېكىن، شۇنى مەھكەم ئېسىڭدە تۇتقۇنكى، مەن ھەر ئايدا ئۇلارغا ئىككى مىڭ رۇپىيە بېرىپ تۇرىمەن. سەن ئۆزۈڭنى ئەقىللىك چاغلاپ، مەندەك پېترونى بەربات قىلىۋېتىشنى خىيال ئەيلىمە.

نۇشا جاۋاب قايتۇرماي، تۇرغان جايىدا جىم تۇراتتى.

— ماڭامسەن ياكى ئەدىپىڭنى يەمسەن؟ — دېدى پېترو تەھدىت سېلىپ، — سېنى كۆرسەم كۆزلىرىمگە قان تولۇپ كېتىدۇ، چاپسان يوقال كۆزۈمدىن!

نۇشا پۇلنى ئېلىپ، ئاستا مېڭىپ بۇ قاراڭغۇ ئۇۋۇدىن چىقىپ كەتتى.

بۇ تۈن يېرىمىدىن ئاشقان ۋاقىت بولۇپ، ھاۋا ئىنتايىن سوغۇق ئىدى. نۇشا كېچىنى نەدە ئۆتكۈزۈش ئۈستىدە ئويلاپ تۇرۇپ، بىردىنلا راجانى ئېسىگە ئالدى. راجا ئېسىگە كېلىش بىلەنلا نۇشا قورقۇشقا باشلىدى. ئۇمۇ بىر بىتەلەي ئىكەن، ئەسلىدە ھېلىقى پۇلغا ئۇنىڭ كېسىلىنى داۋالاتماقچىدى، ئەمدى

ئۆزى بالايىئاپەتكە يولۇقتى. ئۇنىڭ پاتىدىغان جايى بولمايلا قالماستىن، بەلكى «خىزمىتى»مۇ يوق بولدى. ئۇ ئويغا پاتقان هالدا تاشيول بىلەن ئاستا مېڭىپ خېلى يىراققا كېتىپ قالدى. كوچا سۈرلۈك ئىدى. جىمجىتلىق ئىچىدىن پات ـ پات ئىتلارنىڭ قاۋىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بىر ساقچى يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭغا گۇمانلىنىش نەزىرى بىلەن قاراپ قويدى. ئۇشا سەل هودۇقۇپ قالدى ـ دە، كوچىلاردا مۇنداق لەلەڭشىپ يۈرۈشىنىڭ مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى هېس قىلدى. هاۋا سوغۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ بەك چارچاپ كەتكەنلىكتىن ئاخىر يول بويىدىكى بىر توپ دەرەخنىڭ تۈۋىگە كېلىپ ئولتۇردى.

تۈن قاراڭغۇسى ۋەهشىي ئالۋاستىدەك گىدىيىپ تىك تۇراتتى. هاۋا بارغانسېرى سوغۇق بولغىلى تۇردى. شەبنەم يوپۇرماقلاردىن سىيرىلىپ پەسكە تامچىلىماقتا ئىدى. ئۇنىڭغا يېقىنلا يەردە بىر ئادەم تۈگۈلۈپ ياتاتتى، ئۇ قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەنىدى، ئۇشا توڭلاپ كېتىپ، هەرقانچە قىلىپمۇ ئۇخلىيالمىدى.

ئۇ ئولتۇرا ـ ئولتۇرا ئاخىر بېشىنى كۆتۈرۈپ يېنىدا ياتقان ئادەمگە قاراپ قويىدى ۋە بىردىنلا ئۆزىنىڭ قول ماهارىتىنى بىر سىناپ كۆرۈش لازىملىقىنى ئويلاپ قالدى. ئۇنىڭ خىيالىغا شۇ ئىش كېلىش بىلەن تەڭ ئۇنىڭ قوللىرى قىچىشقىلى تۇردى.

ئۇ هېلىقى ئادەمنىڭ قېشىغا ئاستا سۈرۈلۈپ بېرىپ، ئۇنىڭ يانچۇقىغا قول سالدى. ئۇ ئادەمنىڭ ئۈستىدە كونا بىر سوكنا پەلتو بار ئىدى. ئۇنىڭ بىر يانچۇقىدىن بىرنەچچە پارچە قەغەز ۋە بىر كونا تارغاق چىقتى. يەنە بىر يانچۇقىدىن هېچنېمە چىقمىدى. ئىچكى يانچۇقىدىن بىر رۇپىيەلىك تىيىزىدىن بىرى ۋە بىرنەچچە ئاننا پارچە پۇل، ئىككى سۆڭلۈق بىر پارچە سۈرەت چىقتى. ئۇ خىرە ـ شىرە يورۇقتا سۈرەتكە قارىۋىدى، سۈرەتتىكى مېنى كۆتۈر دېگەندەك قىلىپ قوللىرىنى ئۇزارتىپ تۇرغان سېمىز بىر كىچىك بالا ئىكەن، ئۇشا بۇنىڭ نېمە سۈرەتلىكىنى

ئۇقالمىدى، ئۇ دەسلەپتە پۇلنى ئۆزىنىڭ يانچۇقىغا سالماقچى بولدى، بىراق بۇ بالا ئاچ قېلىپ ئۆلۈپ كەتمىسۇن، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن قارغىشقا قالماي، دەپ ئويلىدى ـ دە، شۇنىڭ بىلەن پۇلنى ئالغان يانچۇققا سېلىپ قويىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ھازىر ناھايىتى چاققانلىق بىلەن يانچۇقچىلىق قىلالايدىغان بولۇپ قالغانلىقىدىن خۇشال بولدى، ئۇ ئابايىقى ئادەمنىڭ ھەممە يانچۇقىنى بىر قۇر ئاختۇرۇپ چىققىچىمۇ ئۇ ئادەم سەزمىدى.

ئۇنىڭ باش ـ كۆزلىرى شەبنەمدە ھۆل بولۇپ كەتتى، بەدەنلىرى جاقىلداپ تىترەپ تۇراتتى. ئۇخلاش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ «بەلكىم بىرەر ئوچۇق چايخانا باردۇ، شۇ يەرگە بېرىپ، بىرەر چىنە چاي ئىچەي» دەپ ئويلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئورنىدىن تۇردى.

تۇساتتىن نۇشانىڭ ئېسىگە يېنىدا ئۇخلاۋاتقان ئادەم چۈشتى ـ دە، ھە، ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ قوياي، بولمىسا، يانچۇقچى ئۇنىڭ يېنىدىن ھېلىقى پۇلنى ئېلىۋالسا، ئۇ ئەتىگەندە چايمۇ ئىچەلمەي قالمىسۇن، دەپ ئويلىدى.

نۇشا ئېڭىشىپ ھېلىقى ئادەمنى مىدىرلىتىپ:

— ھەي بۇرادەر، شۇنداق قاتتىق ئۇخلاپ كەتتىڭىزمۇ؟ — دېدى تەكەللۇپ قىلمايلا، لېكىن ئۇ كىشى ئورنىدىن تۇرمىدى. ئۇشتۇمتۇت نۇشا ئۇ كىشىنىڭ قولى مۇزدەك توڭلاپ، بەدەنلىرى ياغاچتەك قېتىپ قالغانلىقىنى سەزدى، ئۇ كىشى قاچاندۇر مۇشۇ يەردە ئۆلۈپ قالغانىدى. نۇشا قورقۇپ تىترەپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى جەسەت تارتىۋاتقاندەك ھېس قىلدى ـ دە، بەدەر قاچتى، ئۇ ھامان ئارقىسىدىن بىرى ئېھتىيات بىلەن كېتىۋاتقاندەك، قايتا ـ قايتا ئارقىسىغا قاراپ قوياتتى.

ئۇ ئالاقزەدىلىك ئىچىدە بىر ئىرانلىقنىڭ چايخانىسىغا كىردى، بۇ چاغدا چايخانا تېخى ئاۋات ئىدى. ئۇ يەردە بىرمۇنچە ھۆۋقۇش قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ، ئاۋازلىق سۆزلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە كىرا ماشىنا شوپۇرلىرى،

ھارۋىكەشلەر، ساقچىلار ۋە سەرگەردانلار بار ئىدى. قىزىق چايدىن ئىككى ئوتلام ئىچكەندىن كېيىن نۇشانىڭ كۆڭلى سەل تىنچىدى، ئاندىن ئۇ سېرىق مايلىق بولكىدىن ئىككىنى يېدى ۋە يەنە بىر ئىستاكان چاي ئىچتى، لېكىن تېخىچە ئۇنىڭ كۆڭلى تولۇق ئارامىغا چۈشمىگەنىدى. ئابايىقى ئادەم ئۇنىڭ خىيالىغا كىرىۋالدى. ئۇ ئاشۇ ئادەمنىڭ يانچۇقىغا قول سېلىپ، بىر رۇپىيە بەش ئاننا پۇلنى ئالمىغانىدى. ئۇ ئويلىغانسېرى بەكرەك ئىچى سىيرىلىپ كەتتى، كىشىنىڭ نەرسىسىنى ئوغرىلاش ئەڭ زور نومۇس، يامان يولدىن قايتىپ، ياخشى يولغا مېڭىشىم كېرەك، دەپ ئويلىدى، گويا ئۇنىڭغا بىرى «دۇنيادىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىلا يانچۇقچى ئەمەسقۇ!» دەۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئۇ شۇ ئولتۇرغانچە تاڭ يورۇغاندىن كېيىن چايخانىدىن چىقتى.

ئۇ ئىش ئىزدەپ پۈتۈن بىر كۈن قاتىرىدى، لېكىن تاپالمىدى. بۇ ئاخشامنى پويىز ئىستانسىسىنىڭ پويىز كۈتۈش ئۆيىدە ئۆتكۈزدى. يېنىدىكى ئون رۇپىيەنىڭ تۈگەي دەپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى بارغانسېرى غەم باستى.

ئاخىر ئۇ بىر رېمونت زاۋۇتىدىن موتوسىكلىت تازىلايدىغان بىر خىزمەت تاپتى. ئايلىق مائاشى ئەللىك رۇپىيە بولۇپ، ئىش ۋاقتى ئەتىگەن سائەت سەككىزدىن كەچ سائەت ئالتىگىچە ئىدى. ئۇ بۇ شەرتلەرنى قوبۇل قىلىپ، ئىشقا چۈشتى.

خىزمەت تېپىلغان بىلەن ياتىدىغان جاي تېخى يوق ئىدى، بۇ چاغدا ئۇ پىروفېسسور كېرىم ئەلانى ئېسىگە ئالدى ـ دە، بېرىپ شۇ كىشى بىلەن كۆرۈشەي، بەلكىم بىرئاز قىيىنچىلىقىم ھەل بولۇپ قالار دەپ ئويلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر كۈنى كەچقۇرۇن رېمونت زاۋۇتىدىن ئۇدۇل پىروفېسسورنىڭ ئۆيىگە باردى. پىروفېسسور ئۆيىدە بار ئىدى، ئۇ نۇشانى كۆرۈپلا:

— ئاخىر كەپسەن، مەن سېنىڭ چوقۇم كېلىدىغانلىقىڭغا

ئىشەنگەنىدىم، — دېدى.

— مەن ھازىر كونا كەسپىنى تاشلاپ، بىر رېمونت زاۋۇتىدا ئىشلەۋاتىمەن، — دېدى نۇشا.

پىروفېسسور كۈلۈپ كەتتى، بۇ خەۋەر ئۇنى خۇشال قىلىۋەتتى.

— ئوبدان بوپتۇ، ئوبدان بوپتۇ، بىر ئىنژېنېر بولۇپ قېلىشىڭ مۇمكىن، — ئۇ نۇشانىڭ ماي يۇقى يۈزلىرىگە زەن قويۇپ قاراپ چىقتى، — بەلكى سەن ھازىرلا ئىنژېنېرغا ئوخشاپ قاپسەن، — ئۇ نۇشانىڭ گەجگىسىگە ئۇرۇپ قويۇپ ماختاپ كەتتى.

نۇشا شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بۇ يەرگە كېلىشتىكى مۇددىئاسىنى ئېيتتى.

— خىزمەت تېپىلدى، ئەمما تېخىچە تۇرار جاي يوق، كۆندە كېچىنى پويىز ئىستانسىسىنىڭ پويىز كۈتۈش ئۆيىدە ئۆتكۈزۈۋاتىمەن.

پىروفېسسور بىرئاز ئويلىنىۋېلىپ، ئاندىن ئىنتايىن ئەستايىدىللىق بىلەن دېدى:

— مەن ساڭا تۇرىدىغان جاي بېرەي، — ئۇ دەرھال قىزىنى چاقىردى، — نادىرە، بۇ يەرگە كېلىپ تونۇشۇۋالار، ئۇنىڭ ئىسمى نۇشا، ئۇ بىزنىڭ دوستىمىز، ئەگەر سەن دوست دېگەن سۆزگە قارشى بولساڭ، ئۇنداق دېمىسەڭ بولىدۇ، لېكىن ئۇ چوقۇم بىزنىڭ مېھمىنىمىز، بۇنىڭدىن كېيىن بىز بىلەن بىللە تۇرىدۇ.

— بىراق، دادا، ئۆيدە نەدە جاي بار؟

— بۇ گېپىڭ توغرا بولمىدى. ھازىر جاينى كۆڭۈلدىن تېپىش كېرەك، ياق، كاللىدىن. قەيەردە ياتسا ياخشى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا كاللا ئىشلىتىپ ئويلاپ كۆرۈش كېرەك.

نادىرە ھېچقانداق جاۋاب قايتۇرمىدى، پىروفېسسور تىت ــ تىت بولۇپ ئۆيدە ئۇياق ــ بۇياق مېڭىپ كەتتى.

— تېپىلدى، — دېدى ئۇ بىردەمدىن كېيىن خۇشال بولۇپ، — تاماق يەيدىغان ئۆيدىكى شىرەنى كارىدورغا چىقىرىۋەتسەك قانداق؟ تاماق دېگەننى كارىدوردا يېسىمۇ بولىۋېرىدۇغۇ. بىر شەھەردە بىرگە ياتىدىغان جاي تېپىلمىغان يەردە، باشقىلارنىڭ بىر ئۆينى مەخسۇس تاماقخانا قىلىشىغا ھەققى يوق.

نادىرە پىروفېسسورنىڭ مىجەزىنى ناھايىتى ئوبدان چۈشىنەتتى. ئۇنىڭ قىلغان قارارىنى ئەمەلگە ئاشۇرماي قويمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭلاشقا، ئۇ لام - جىم دېمەي ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ خىزمەتكارنىڭ ياردىمىدە تاماق شىرەسىنى كارىدورغا چىقىرىۋېتىپ، نۇشاغا ئۆي بوشاتتى.

پىروفېسسور يەنە نۇشاغا كارىۋات قويدۇرۇپ، ئورۇن - كۆرپە تەييارلىتىپ بەردى. قاق سەھەردە پىروفېسسور نۇشانى ئويغىتىپ، چاي ئىچىشكە چاقىردى. نۇشا يۇيۇنۇش ئۆيىگە كىرىپ، ئالدىراپ يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ، پىروفېسسورنىڭ يېنىغا كىردى. پىروفېسسور بىلەن نادىرە تاماق شىرەسى يېنىدا ئۇنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى. شىرەگە چاي ۋە ناشتىلىق يېمەكلىك قويۇلغانىدى. نۇشا ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

— سەندە ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈش تۇيغۇسى ئېغىر ئىكەن. بۇياققا كەل، يېقىن كېلىپ ئولتۇر، — دېدى پىروفېسسور.

نۇشا ئەيمەنگەن ھالدا ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. پىروفېسسور ھېچقانداق گەپ - سۆز قىلماي، گېزىت كۆرۈشكە بېرىلىپ كەتتى. نادىرە نۇشانىڭ ئالدىغا چاي، بولكا ۋە بىر تۇخۇم ئەكېلىپ قويدى. نۇشا تارتىنچاقلىق بىلەن چاي ئىچىشكە باشلىدى. قارىغاندا، ئۇ بىرئاز جىددىيلەشكەندەك قىلاتتى. ئۇنىڭغا ھەممە نەرسە ناتونۇش كۆرۈنەتتى.

ئۇ كۈنى ئۇنىڭ كۆڭلى ناھايىتى خۇشال ئىدى، زاۋۇتتا خىزمەتنىمۇ قالتىس تىرىشىپ ئىشلىدى. ئىشتىن چۈشكەن

چاغدا ئۇ بىرىنچى قېتىم خۇشاللىق ھېس قىلدى. ئۇ ئۇدۇل ئۆيگە قايتىپ بېرىپ، يۇيۇنۇش ئۆيىدە راھەتلىنىپ بىر يۇيۇنۇۋېلىپ، يەنە پىروفېسسور بىللە كەچلىك تاماق يېدى.

ئۇ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۆز تۇرمۇشىدا غايەت زور ئۆزگىرىش يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى سېزىشكە باشلىدى. ئۇ ئەمدى كوچىلاردا سەرگەردان بولۇپ يۈرمەيتتى، ناچار چايخانىلاردا ۋاقىت ئۆتكۈزمەيتتى، كۆپ ۋاقىتتا ئۆيدە بولاتتى، تۇرمۇشى بەلگىلىك قانۇنىيەت بويىچە كېتىۋاتاتتى.

# ئونىنچى باب

## 1

سۇلايماننىڭ كاراچىغا كەلگىنىگە بىرنەچچە ئاي بولۇپ قالدى. ئۇ قېيىنئاتىسىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا بىر چەت ئەل شىركىتىگە خىزمەتكە ئورۇنلاشتى. ئايلىق مائاشى بەش يۈز رۇپىيە بولۇپ، خىزمىتىمۇ ئالدىراش ئەمەس ئىدى، توي قىلغان چاغدا قېيىنئاتىسى ئۇنىڭغا بەش مىڭ رۇپىيە بەرگەنىدى. ئۇ بۇنىڭدىن توت مىڭ رۇپىيەنى پارا بېرىپ شەھەرنىڭ ئاۋات رايونىدىن بىر يورۇق ئۆي تاپتى.

بۇ يورۇق، شامال ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان ئۈچ ئېغىزلىق ئۆي ئىدى. بۇ كۆپ قەۋەتلىك بىنادا ئولتۇرغانلارنىڭ كۆپ قىسمى ئاتەشپەرەسلەر بىلەن خىرىستىيانلار ئىدى. ئۇلار تازىلىققا ئادەتلەنگەن بولۇپ، تۇرمۇش ئۇسۇلى يۇتۇنلەي ياۋروپالىشىپ كەتكەنىدى. دائىم كىچە خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغاندىمۇ تىنچلانمايتتى.

سۇلايماننىڭ كىرىمى يېتەرلىك، تۇرمۇشى كۆڭۈلدىكىدەك ئىدى. خىزمەتتىن باشقا ۋاقىتلاردا ئومۇمەن ئۆيدە بولاتتى، كۆپ ۋاقتىنى ئۆگىنىشكە بېرەتتى. مۇشۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ قىزىقىدىغىنى ھەر ھەپتىنىڭ بېشىدا بىرئاز يېڭى كىتاب سېتىۋېلىش بولۇپ قالغانىدى.

ئۇ بىر ئېغىز ئۆينى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئاجرىتىپ، ئىككى كىتاب ئىشكاپى، بىر يېزىق ئۈستىلى، بىر يورۇق ساپا قويۇپ، ئۇنى كىچىك بىر كۇتۇپخانىغا ئايلاندۇردى. ئۆي جاھازلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆزى سېتىۋالدى، بىر قىسمىنى ئىجارىگە ئالدى.

پۈتۈن ئۆينى رەتلىك سەرەمجانلاشتۇردى.

ئۇنىڭ كاراچىدا ھېچقانداق تونۇش ـ بىلىشلىرى يوق ئىدى. باشقىلار بىلەن تەشەببۇسكارلىق بىلەن تونۇشمىدى. ئىشخانىدىكى خىزمەتداشلىرىغا قارىتا قىزىقىش ۋە دوستانىلىك ھېسسىياتىمۇ تۇغۇلمىدى. لېكىن، ئۇلار بىلەن ئىمكانقەدەر ئىناق ئۆتۈشكە تىرىشتى.

ھازىر ئۇ كونا ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتىپ، تۇرمۇشىنى رەتكە سېلىۋالدى. ئۇ ئۆزىگە بىرنەچچە مادىدا چوڭ پىرىنسىپ بەلگىلىۋالدى. ئۇنىڭ بىرى ئىشخانىدىكى ھېچكىم بىلەن ئارازلىشىپ قالماسلىق ئىدى. ئۇنىڭ تۇپ سەۋەبى شۇكى، ئۇ ھەر كۈنى يەتتە سائەت شۇ يەردە بولاتتى، ئىشخانىدىن ئۆيىگە قايتىش بىلەنلا ئۇ يەردىكى مۇھىت ۋە كەيپىياتنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتەتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ ھەر قانداق خىزمەتدىشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىشخانا دائىرىسىدىن ھالقىمايتتى.

يەكشەنبە كۈنلىرى ئۇ يا چۈشتىن كېيىن كىنو كۆرەتتى، يا دېڭىز بويىدىكى مەنزىرىلىك رايونغا بېرىپ، نەچچە سائەتلەپ سۇنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ۋە پەسىيىشىنى ھەم دولقۇنلاپ ئۆركەشلىشىنى كۆرۈپ ئولتۇراتتى. تۇرمۇشى خاتىرجەم بولغاچقا، مۇھەببەتسىزلىكتىنمۇ رازى بولۇپ قالدى. بىردىنبىر ئەپسۇسلىنىدىغىنى ئاشخانىلارنىڭ تامىقى ئاغزىغا تېتىمايتتى، شۇڭا ئۇ ئۆزىگە تاماق قىلدۇرۇش ئۈچۈن بىر خىزمەتكار تاپتى. لېكىن، بىر ھەپتىگە قالماي، بىر كۈنى ئىشخانىدىن ئۆيىگە قايتىپ قارىسا، خىزمەتكار يوق، چامادانىنىڭ قۇلۇپىمۇ قايرىپ ئېچىلغان ! ھەرنېمە بولسىمۇ چامادانىدا يەنە قىرىق بەش رۇپىيە بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىرنەچچە قۇر كىيىم يوقالغان. ھەرھالدا چوڭ زىيان بولماپتۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاي ئاخىرىمۇ بولۇپ قالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن خىزمەتكار تاپماي دېگەن يەرگە كەلدى ـ دە، ئەتىسى ئايالىغا خەت يېزىپ ئۇنىڭ كېلىشىنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەر

قېتىملىق خىيتىدە شۇ پىكىردە چىڭ تۇردى.

قىش كۈنلىرىدىكى تۇمانلىق بىر ئەتىگەندە ئۈنىڭ ئايالى كاراچىغا كەلدى. ئۇ بىر خىزمەتكار موماينى بىللە ئېلىپ كەلگەنىدى. سۇلايمان تاڭ يورۇش بىلەن تەڭلا ئۇلارنى ئالغىلى پويىز ئىستانسىسىغا چىقتى. پويىز كېچىككەنىدى. ئۇ پويىز كۈتۈش ئۈيىدە ساقلاپ ئولتۇرغاندا كۆڭلىدە غەلىتە بىر قىسما تۇيغۇ پەيدا بولدى. ئايالى خىزمەتكار موماي بىلەن بىللە ئايالار ۋاگونىدىن چۈشتى. ئۇنىڭ ئۇستىدە پەرەنجە بار ئىدى. ئۇ ناھايىتى قورۇنغاندەك قىلاتتى. ئۆيگە قايتىپ بارغۇچە ئۇ تارتىنىپلا تۇردى، گەپ قىلسىمۇ تىكىلىپ قارىمايتتى.

سۇلايمان بۇ كۈنى رۇخسەت سورىمىغانىدى. ئۇ ئۆيدە ئۇزاق ھايال بولمايلا ئىشقا كەتتى. چۈشتىن كېيىن ئۇنىڭ كۆڭلى ئاللىقاچان ئۆيگە ئۇچۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ئىشخانىدىن چىقىپلا خۇشاللىقىدا خۇدىنى بىلمەي قالدى.

ئۇ ئۇدۇل بازارغا بېرىپ تاتلىق يېمەكلىك، مېۋە - چېۋە ئالدى. ئاندىن يەنە گۈل دۇكىنىدىن بىر دەستە گۈل ئالدى. ئۆيگە بېرىپ قارىسا، ئايالى چاي تەييارلاپ ئۇنىڭ يولىغا قاراپ تۇرغانىكەن. ئۇ بەلكىم ھېلىلا يۇيۇنۇپ چىققان بولسا كېرەك، ئۇستىگە ھاۋا رەڭ كىيىم كىيگەن بولۇپ، ئاپپاق چىرايى بەئەينى گۈلدەك، كىشىنى مەپتۇن قىلاتتى.

سۇلايمان چاي ئۇستىدە ئەتەي بىرەر گەپ قىلىپ ئۇنىڭ قورۇنۇشىنى ئازايتىشقا تىرىشتى، ئۇ بەئەينى شوخ باللاردەك توختىماي ئۇ يەردىن، بۇ يەردىن سۆزلەيتتى. بۇ كۈنى كەچقۇرۇنلۇق ۋاقتىنى ئۇ قەۋەتلا كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزدى.

سۇلايمان ئايالىنىڭ ئىنتايىن ئىشچان ۋە ئەدەپلىك ئىكەنلىكىنى چاپسانلا بايقىۋالدى. ئۇ تاڭ يورۇماستىلا ئورنىدىن تۇرۇپ، سۇلايماننىڭ ئاياغلىرىنى مايلاپ، كىيىملىرىنى دەزماللاپ، ساقال ئېلىش سايمانلىرىنى ئەينەكنىڭ ئالدىغا تىزىپ تەخ قىلىپ قوياتتى. ئۇ يۇيۇنۇپ بولغۇچە ناشتىلىق چاينى

تەييارلاپ بولاتتى. ئۆيدە خىزمەتكار بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا سۇلايماننى ئۆزى كۈتەتتى. دائىم سۇلايماننىڭ خىزمەتكارغا بۇيرۇغان ئىشلىرىنى ئۇ تالىشىپ قىلاتتى.

ئۇ ئاخشىمى ئۆيگە قايتقاندا ئىچىشكە چاي تەييار ئىدى. چارچاپ ئورۇندۇققا ئولتۇرۇشىغا، ئايالى ئېڭىشىپ تۇرۇپ بەتىنكىسىنىڭ شوينىسىنى يېشەتتى. سۇلايمان ئۇنداق قىلماسلىقىنى ئېيتسىمۇ ئۇ ئاڭلىمايتتى. ئۇ سۇلايماننىڭ كىيىملىرىنى كىيىم ئىلغۇغا ئېسىپ، ھەممە نەرسىسىنى جاي ـ جايىغا رەت ـ رېتى بىلەن قويۇپ قوياتتى. سۇلايمان ئايالى كەلگەندىن كېيىن تۇرمۇشتا بەك ئىختىيارىي بولۇپ كەتتى. ھەر كۈنى ئىشقا كېتىدىغان چاغدا ئۆينى سىپتىقچىنىڭ دۇكىنىدەك مالىماتاڭ قىلىپ ئېلەشتۇرۇۋېتەتتى. چۈشتىن كېيىن بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئەسلىي ئورنىغا رەتلىك تىزىپ قويۇلاتتى.

تۇرمۇش كۆڭۈللۈك ئۆتمەكتە ئىدى. سۇلايماننىڭ سالامەتلىكىمۇ كۆپ ياخشى بولۇپ قالدى. چىرايىمۇ روھلىنىش ئالامىتى قاپلىدى. كىيىنىشلىرىمۇ رەتلىك بولۇپ قالدى. بىراق، ئۇنىڭ گەپ ـ سۆزى بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقان چاغدا، ئايالى بارغانسېرى جىمغۇر بولۇپ كەتتى. ئۇ ناھايىتى ئاز گەپ قىلاتتى. ئۇ بىرەر ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك ھېس قىلسا، كۈلۈمسىرەپ قوياتتى. بۇ چاغدا قىپقىزىل كالپۇكلىرى خۇددى ئېچىلغان گۈل بەرگىگە ئوخشاپ كېتەتتى ـ دە، ئاپپاق چىشلىرى كۆرۈنۈپ قالاتتى. سۇلايمان ئۇنىڭ كۈلۈمسىرىشىنى بەك ياقتۇراتتى، ئۇ كەم سۆز بولغان بىلەن ئالاقىلىشىشكە ماھىر ئىدى. بىرنەچچە كۈنگە قالمايلا قوشنا ـ قولۇملار بىلەن ئوبدانلا تونۇشۇپ كەتتى. بۇ بىنادىكى خىرىستىيانلار ۋە ئاتەشپەرەسلەر ئائىلىسىدىكى خوتۇن ـ قىزلارنىڭ كۆپچىلىكى بەزى ئىشخانىلارنىڭ ماشىنكىسى ياكى تېز خاتىرىلىگۈچىسى ئىدى. ئۇلار بەدەننى سىقىپ تۇرىدىغان كىيىملەرنى كىيەتتى،

ئەرلەردەك كالتە چاچ قويانتى. مائاشىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئېسىل كىيىملىك رەختلەر ۋە زىننەت بۇيۇملىرىغا سەرپ قىلاتتى. قوشنىلارنىڭ قىزلىرى دائىم ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ تۇراتتى. ئۇلار گەپ قىلغاندا سىپايىگەرلىك بىلەن كىشىلەرگە ھەيۋە قىلاتتى. ئۇلارنىڭ كۈلكىلىرىدىن ياسالمىلىق، كۆزلىرىدىن ساختىپەزلىك چىقىپ تۇراتتى. ھەربىر قىلغان ھەرىكىتى ئىنتايىن سۈنئىي ئىدى. ئۇلارنىڭ گەپلىرى ئومۇمەن كىيىم - كېچەكنىڭ يېڭى پاسونلىرى، يېڭى كىنولار، تانسا، سەيلىگە چىقىپ غىزالىنىش ۋە شەھەردىكى بەزى چوڭ مېھمانخانىلارغا ئالاقىدار ئىشلار ئۈستىدە بولاتتى. بەزىدە مەلىكە مىرگىرېتنىڭ ئەڭ يېڭى رەزىللىكلىرى ئۈستىدىمۇ پاراڭ قىلىشاتتى ۋە بەزىدە پادىشاھ فارۇخ ياكى ئەلى خاننىڭ تەخت ۋارىسىنىڭ يېڭى ئاشنىسى توغرىسىدا باھا بېرىشەتتى. قىسقىسى، ئۇلار مۇشۇ خىلدىكى ئىشلارغا پەۋقۇلئاددە قىزىقاتتى.

سۇلايمان ئايالىدىمۇ دائىم بۇ قىزلار بىلەن ئارىلىشىپ يۈرۈش تۈپەيلىدىن بەزى ئۆزگىرىشلەرنىڭ پەيدا بولغانلىقىغا دىققەت قىلدى. ئۇ سۆز ئارىسىدا دائىم بەزىبىر قاملاشمىغان ئىنگلىزچە سۆزلەرنى ئىشلىتىدىغان، ياسىنىپ يۈرىدىغان، چاچلىرىنىڭ پاسونىنى پات - پات ئالماشتۇرۇپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى؛ بۇرۇن كىنو بىلەن خۇشى يوق ئىدى، ھازىر گەپ - سۆزلىرىدە كىنوغا قىزىقىدىغانلىقى ئىپادىلىنىپ تۇراتتى؛ شۇنىڭدەك ئۆزىنىڭ ھۆسن - چىرايىنى ئېرىنىڭ ماختىشىنى ياقتۇرىدىغان بولۇپ قالدى.

بىر يەكشەنبە كۈنى قوشنىلار يىغىلىشىپ، شەھەر سىرتىغا دالا تاماقى يېيىش ئۈچۈن چىقماقچى بولۇشتى. ئۇلار بىر بولكىۋاينى كىرا قىلىپ، ھەممىسى تىقىلىشىپ ئولتۇرۇشۇپ خاۋكىس قولتۇقىغا كېلىشتى. ئۇلار ئۇ يەردە ناھايىتى كۆڭۈللۈك تاماشا قىلدى. دېڭىز سۈيىدە يۇيۇندى، سايازلىقتا يېتىپ قۇياش ۋاننىسىغا چۈشتى، يەنە بىرمۇنچە خىلمۇخىل نەرسىلەرنى يېدى.

قوْياش ئەرەب دېڭىزىغا پېتىپ، دېڭىز دولقۇنى قىزغۇچ سېرىق رەڭگە ــ شەپەققە پۈركەنگەندە ئاندىن ھېرىپ ـ چارچاپ قايتىپ كەلدى.

شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇلار دائىم يەكشەنبە كۈنى دالا تامىقى يېيىش ئۈچۈن سىرتقا چىقىپ تۇردى. سۇلايمانمۇ شەنبە ئاخشىمى چوقۇم ئايالى بىلەن بىللە كىنوغا باراتتى. ئىككى ـ ئۈچ كۈندە بىر قېتىم كەچقۇرۇن ئايالىنى ئېلىپ سىرتقا چىقىپ سەيلە قىلاتتى، بازار ئارىلايتتى، چايخانىلارغا كىرەتتى. ئاينىڭ بېشىدا تېخى ئايالىي دەرىجىلىك ئاشخانىغا كىرىپ، بىر ۋاخ كەچلىك تاماق يېيىشەتتى.

تۇرمۇش ئازادا ئۆتۈۋاتاتتى. لېكىن، تۇرمۇش تىپتىنچ ئۆتىۋەرمىدى. بۇنداق قىزىق ئويۇن كەبى تۇرمۇش كىشىلەر سەزمىگەن ھالدا باشلىنىۋاتاتتى. سۇلايمان دەسلەپتە قىلچە سەزمىگەندى، كېيىن ئاستا ـ ئاستا چۈشەندى. ئۇ بۇرۇن ھەر كۈنى قىرىق بەت كىتاب كۆرەتتى. بەزىدە بىرەر يۈز بەتتىن ئاشاتتى. ئاشۇ كۈنلەردە ئۇ ئۇستەل چىرىغىنىڭ يورۇقىدا خېلى كەچ بولغۇچە كىتاب ئوقۇيتتى. ئايالى ئۇياق ـ بۇياقىا قايتا ـ قايتا ئۆرۈلۈپ، گەپ قىلىپ دەخلى قىلاتتى. لېكىن، ئۇ يەنىلا ئۆگىنىش ئىچىگە چۆمۈپ كېتەتتى. ئەمدى بولسا ئۇ ئۈنچىۋالا پۈتۈن زېھنى بىلەن بېرىلمەيدىغان بولۇپ قالدى.

ئايالى ئاستا ـ ئاستا بازار ئارىلاشقا ئادەتلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ ئالغان خىلمۇخىل ئاياغ كىيىملىرى بىرنەچچە دوژنىغا يەتتى. بۈگۈن بىر كىنو كۆرسە، ئەتىسىلا يېڭى كىيىمدىن بىرنى تىكتۈرىدىغان بولۇپ قالدى. پەرداز ئۈچۈن كېتىدىغان خىراجىتىمۇ كۆپەيدى. ئۇ دائىم يۈيۈنغاندا ئىشلىتىدىغان، قولغا سۈرتىدىغان ۋە يۈزگە سۈرتىدىغان تۈرلۈك يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئېلىپ تۇراتتى. بازار ئارىلاپ چىقىپ، بىرەر نەرسە ئالمىغان چاغلاردا چوقۇم كەڭ تارقالغان ژۇرنالدىن بىرنى ئالغاچ كېلەتتى ـ دە، ئۇنى كۆرۈپ بولۇپلا چېچىنى يېڭى پاسوندا ياساتاتتى. ئۇ

كىيىملەرنى كۆكرىكىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئوچۇق كۆرسىتىپ تۇرىدىغان قىلىپ تىكتۇرەتتى. كىيىملىرى شۇقەدەر سىقىپ تۇراتتىكى، بەدىنىنىڭ ھەممە ئەگرى سىزىقلىرى مانا مەن دەپ ئېنىق بىلىنىپ تۇراتتى.

ھازىر ئۇ «ئىش قىلسام قولۇمنىڭ تېرىسى يىرىكلىشىپ، چىرايىم قارىداپ كېتىدۇ» دەپ ئىشتىن بىزار بولۇپ، كۆنبويى خىزمەتكارنى ئىشلىتىدىغان بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ھازىر قانداق قىلغاندا ئۆزىنىڭ ھۆسن ـ جامالىنى تولۇق كۆرسەتكىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالدى. ئۇ ساھىبجامال ئايال ئىدى. كەچقۇرۇنلىرى يۇيۇنۇپ ـ تارىنىپ بولۇپ شىرەگە كېلىپ ئولتۇرغاندا، ئۆيئىچى خۇشپۇراق گۈلدەك پۇراپ كېتەتتى. سۇلايمان ئىشخانىدىن ھېرىپ ـ چارچاپ ئۆيگە كەلگەندە، ئۇنىڭ ئاشۇ كىشىنى مەھلىيا قىلغۇدەك جامالىنى ۋە تولغان بەدەنلىرىنى كۆرۈپ ھارغىنلىقىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپلا كېتەتتى. ئۇ ئايالى بىلەن بىللە بولۇشتىن لەززەت ئالاتتى.

ئۇنىڭ تاپاۋىتى چەكلىك ئىدى، لېكىن چىقىمى ئۇزۇكسىز كۆپىيىۋاتاتتى. بارا ـ بارا كىتابمۇ ئالمايدىغان بولۇپ، ئۆگىنىشىمۇ توختاپ قالدى. بۇ ئاينىڭ مائاشى كېلەر ئاينىڭ مائاشى چىققۇچە ئالالىغاچان خەجلىنىپ بولاتتى. دائىم پۇلنى تۆلىيەلمىگەن بەزى نەرسىلەرنىڭ تالونلىرى قولىدا قېلىپ، كېلەر ئايغا قالدۇرۇشقا توغرا كېلەتتى.

سۇلايمان ھازىر تاماكا چېكىشنىمۇ ئازايتىپ، ئۆزىنىڭ ئىستېمال بۇيۇملىرىغا سەرپ قىلىدىغان خىراجىتىنى زور دەرىجىدە تېجەيدىغان بولدى. ئۇ دائىم دەزمالىلانمىغان كىيىم بىلەن ئىشقا بارىدىغان بولۇپ قالدى ۋە خىزمەتداشلىرىدىن پۇل قەرز ئېلىشقا باشلىدى. بەزىدە تېخى قەرزنى ۋاقتىدا قايتۇرالماي، باشقىلارنىڭ مەسخىرىسىگە ئۇچرايتتى. ئۇ بۇرۇن خىزمەتداشلىرى بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشتىن ساقلىناتتى. ئەمدى بولمىدى، ھېچبولمىغاندا قەرز بەرگۈچىلەر بىلەن بولغان

مۇناسىۋەتنى بىر ئامال قىلىپ ياخشىلاشقا توغرا كېلەتتى.

سۇلايماننىڭ مىجەزى بارغانسېرى ئۆزگىرىپ، تېرىككەك بولۇپ قالدى. كىچىككىنە ئىشلار ئۈچۈن ئايالى بىلەن ماجىرالىشىپ قالاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر ماجىرالاشسا بىر قانچە كۈنگىچە تۈگىمەيتتى. نەتىجىدە ئۇ ئىشتىن قايتقاندىن كېيىن ئۆيگە قايتماي، بەلكى چايخانىلارغا كىرىپ ئولتۇرۇپ ياكى كىنو كۆرۈپ، خېلى كەچ بولغاندا ئاندىن قايتىپ كېلەتتى.

قىش ئۆتۈپ، ئاستا ـ ئاستا ياز بولغىلى تۇردى. بىر كۈنى خىزمەتداشلار «ئاي تاماشىسى كېچىلىكى» ئۆتكۈزۈپ، ئاشخانىنىڭ ئوچۇقچىلىقتىكى چىملىقىدا يېرىم كېچىگىچە تاماشا قىلىشتى. سۇلايمان پىۋا ئىچىپ تۇرۇپ ئاينى تاماشا قىلدى. بۇ تاماشىغا قاتناشقانلار ئىچىدە ئىشخانىدىكى قىسمەن ئايال خىزمەتچىلەرمۇ بار ئىدى. سۇلايمان تازا مەست بولغاندىن كېيىن، بېرىپ ئۇلارغا چېقىلغىلى تۇردى. ئۇ بىر قىزنىڭ كۆڭلىكىنى يىرتىۋېتىپ، بەدىنىنىڭ يىرىمىنى ئېچىۋەتتى؛ بىر قىزنىڭ مەڭزىنى سىلىۋىدى، ئۇ قىز تۇۋلاپ كەتتى؛ ھەتتا بىر يىگىتنىڭ يۈزىگە لىق بىر ئىستاكان پىۋىنى چېچىپ، بەكمۇ شاللاقلىق قىلدى.

بۇ ئىنتايىن گۈزەل كېچە ئىدى. ئاسماندا مۇئەللەق تۇرغان يۇپيۇمىلاق تولۇن ئاي ئۆزىنىڭ سۈزۈك نۇرىنى كەڭ زېمىنغا سەپمەكتە ئىدى. مۇزىكانتلار تەسىر قوزغاتقۇچ پەدىلەرگە چېلىپ تۇراتتى. كىشىلەر كەيپ ـ ساپا سۈرمەكتە ئىدى. بىر توپ چىرايلىق قىزلار بولۇشىغا كۈلۈشۈپ ئويناقلاپ يۈرۈشەتتى. ئۇلار ئەرلەرنىڭ شاللاقلىقىغا قارىتا، بەزىدە يالغاندىن ئۆزىنى نارازى بولغاندەك قىلىپ كۆرسىتەتتى، بەزىدە بولسا بىر كۈلۈپ قويۇپلا ئۆتكۈزۈۋېتەتتى. سۇلايمان بۇ گۈزەل كېچىدە پۈخادىن چىققۇچە يايراپ، غايەت زور لەززەتلەندى.

ئۇ ئۆيگە قايتقاندا ئەتىگەن سائەت ئۈچ بولغانىدى. شۇ چاغقىچە ئۇخلىمىغان ئايالى ئۇنىڭغا ئىشىك ئېچىپ بەردى. بۇ

ئۇنىڭ سۇلايماننىڭ شاراب ئىچكىننىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشى ئىدى. سۇلايمان بۇ چاغدا پەلىپەتىش سۆزلەپ ئۆزىگە ئىگە بولالماي قالغانىدى. ئۇ كۆز ئالدىدا تۇتۇق قارا كۆلەڭگە داۋالغۇپ تۇرغاندەكلا ھېس قىلاتتى. ئۇ كىيىمنىمۇ ئالماشتۇرماي، دەلدەڭشىپ كېلىپ كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى. بىر ئاز يېتىپ، شارابىنىڭ كۈچى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ يۈزىنىڭ نەملىشىپ قالغانلىقىنى سەزدى. شۇ ئەسنادا يەنە ئۇنىڭ يۈزىگە بىر تامچە سۇ تامدى. ئۇ بۇرۇلۇپ قارىسا، ئايالى ئۇنىڭ قېشىدا بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇراتتى. كۆكۈچ چىراغ نۇرىدا ئۇنىڭ كىشىنى مەپتۇن قىلارلىق چىرايى غەمكىن كۆرۈنەتتى. كۆزلىرىگە ياش تولغانىدى.

سۇلايمان بېشىنى سىگار يان قىلىپ چوڭقۇر ئويغا پاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇنداق قىلماسلىقى لازىملىقىنى، ئايالىنى ئازابلاندۇرماسلىقى كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ يەنە ئىنتايىن خۇشالمۇ بولدى. چۈنكى، ئايالى ئۇنى چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن ياخشى كۆرمەكتە ئىدى. بۇ خىل خۇشاللىق بىر كېچىلىك يايراپ ئويناشقا قارىغاندا تېخىمۇ لەززەتلىك ئىدى.

## 2

ئاي بېشىدىكى بىر ھەپتىنىڭ ئاخىرى ئىدى. سۇلايمان چۈشتە ئىشخانىدىن ئۆيگە قايتتى. ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن چۈشتىن كېيىن چاي ئىچىۋېتىپ، كەچقۇرۇن سىرتقا چىقىپ ئويناپ كېلىش قارارىغا كېلىشتى. ئۇلار ئوبدانراق بىر ئاشخانىغا كىرىپ ماروژنى يەپ، ئاندىن كىنو كۆرمەكچىدى. كىنونى تاللاشتا ئىككىيلەننىڭ ھەۋىسى ئوخشىمايتتى. شۇ سەۋەبتىن ماروژنى يېگەن چاغدا، ئاندىن بىر قارارغا كېلىشمەكچى بولۇشتى. كەچلىك تاماقنى كىنودىن قايتقاندا

سىرتتا يەيدىغان بولدى. ئۇلار مەيلى قايسى ئاشخانىدا تاماق يېسۇن، چوقۇم قىزىق ۋە لازا سېپىلگەن قوي گۆشى كاۋىپى بولۇشى كېرەك، دەپ كېلىشتى.

ياز كۈنلىرى كۈن پاتقاندىن كېيىنلا نۇرغۇن كىشىلەر ئۆيلىرىدىن كوچا ـ رەستىلەرگە چىقىشاتتى. ھەممە يەرنى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قاپلاپ، دۇكانلار خېرىدارلار بىلەن تولۇپ كېتەتتى. ئۇلار روھلانغان ۋە غەم ـ قايغۇسىز ھالدا كوچىدا كېتىۋاتاتتى، بىر دوقمۇشقا كەلگەندە، سۇلايمان ئۇشتۇمتۇت ياش بىر بالىنىڭ ئۆزىگە ئىنتايىن دىققەت بىلەن قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭ كىيىنىشى ئادەتتىكىدەك بولۇپ، چاچلىرى پاخپايغان، ئاق يۇسماق كەلگەن، بۇرۇتى ئەمدىلا خەت تارتقانىدى. سۇلايمان دەسلەپتە ئۇنىڭ تەلەتىدىن يىرگەندى، بىراق دەرھاللا يەنە ئۇنى بىر يەردە كۆرگەندەك قىلدى. «ۋۇي، بۇ نۇشا ئەمەسمىدۇ؟»

ئۇ دەرۋەقە نۇشا ئىدى. ئۇ سۇلايماننى تونۇۋالدى. سۇلايماننى كۆرۈپلا قەدىمىنى توختىتىپ، ئاندىن يەنە ئالدىغا بىرنەچچە قەدەم ماڭدى. لېكىن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆيدىن قېچىپ چىقىپ كاراچىغا كەلگەنلىكىنى، بۇنىڭدىن چوقۇم سۇلايماننىڭمۇ خەۋىرى بارلىقىنى، سۇلايمان كۆرۈپ قالسا، مۇقەررەر ھالدا بۇ ئىشنى تىلغا ئالىدىغانلىقىنى، ئۇ چاغدا سەت بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ قالدى ـ دە، شۇنىڭ بىلەن تېزلا بۇرۇلۇپ، كىشىلەر ئارىسىغا كىرىپ غايىب بولدى.

نۇشا سۇلايماننى كۆرگەندىن كېيىن ئۆز ئائىلىسىنى ئېسىگە ئالدى: «ئانام قانداقراق تۇرغاندۇ؟ سۇلتانە قانداقراق تۇرغاندۇ؟ ئانومۇ خېلى بوي تارتىپ قالغاندۇ؟ بەلكىم ئوقۇۋاتقاندۇ؟ ياكى ئانام ئۇنى ماڭا ئوخشاش ئوقۇتماي، ئىشقا سېلىۋاتقانمىدۇ؟ شۇنداقلا مېنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنلىكىم ئۈچۈن ئانام جەزمەن يىغلاۋاتقان بولسا كېرەك...» ئۇ شۇنداق ئويلاپ كېلىپ، مۇنداق بىر ئىشنى ئەسلەپ قالدى: بىر قېتىم ئۇ ئۆگزىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ، بېشى يېرىلىپ، يۈز ـ كۆزى قانغا بويىلىپ

كەتكەندە، ئانىسى قورققىنىدىن لاغىلداپ تىترەپ، ۋارقىراپ يىغلاپ كەتكەندى... ئۆزىنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كەتكىنىگە ئانىسى چوقۇم يىغلايدۇ، سۇلتانەمۇ چوقۇم يىغلايدۇ، پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر چوقۇم ئۇنى سېغىنىدۇ...

ئۇ شۇ كۈنى نادىرەلەرنىڭ ئۆيىدىن چىققاندا قەۋەتلا خۇشال ئىدى. ئالدىنقى كۈنى مائاش ئالغانىدى، ھازىر يېنىدا قالغىنى يىگىرمە رۇپىيەگە يەتمەيتتى. ئابايا ئۇ ئۆزىگە ئىككى كۆڭلەك، بىر مايكا سېتىۋالدى. ئۇ خۇشاللىقىدا يەنە بىر قۇتا كەمپۈت ۋە نادىرە ئۈچۈن بىر كىشىلىك چىرايلىق سولىياۋ ھالقا سېتىۋالدى. بۇ ھالقىنى ئالغاندا، ئۇ «ئاشۇ قىزنىڭ دۆلىتىدە، تەييار تاماق يەپ، قىزىق چاي ئىچىۋاتىمەن، ئۇنى خۇشال قىلاي» دەپ ئويلىدى. بۇ نەرسىلەر ئۈچۈن يىگىرمە بەش رۇپىيەدىن كۆپرەك پۇل خەجلىدى، لېكىن ئۇ ئىنتايىن خۇشال بولدى. ئەنە شۇنداق خۇشاللىقتا چۆمگەن ھالدا كوچىدا كېتىۋاتاتتى، لېكىن سۇلايمانىنى كۆرۈپلا ئۇنىڭ قەلبىنى غەم ــ غۇسسە باستى. ئائىلىسىدىكىلەرنى سېغىنىش ھېسسىياتى ئۇنى ئازابلىغىلى تۇردى. ئۇ: «ئۆزۈمغۇ كاراچىدا ئوبدان ئۆتۈۋاتىمەن، ئۆيدىكىلەر قانداقراق ئۆتۈۋاتقاندۇ؟» دەپ قايتا ــ قايتا ئويلاپ كەتتى.

ئۇ قايغۇ ــ ھەسرەت ئىلكىدە پىروفېسسورنىڭ ئۆيىگە قايتتى. خىزمەتكار ئۇنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرغانىدى. ئۇشا خىزمەتكارنى كىرگۈزۈۋېتىپ، ئىشىكنى تاقاپ، يۇقىرىغا چىقتى. ئۆيئىچى ئىمتاس ئىدى. پىروفېسسورنىڭ ئۆيىدە چىراغ يېنىپ تۇراتتى ھەمدە توك يەلپۈگۈچنىڭ ئايلىنىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتاتتى. نۇشا ئۇ تەرەپكە ئۆتمەي، كارىدوردىن ئۆتۈپ نادىرەنىڭ ئۆيىگە بېشىنى تىقىپ قارىدى. ئىشىك ئوچۇق ئىدى. نادىرە باش كۆتۈرمەي كىتاب ئوقۇۋاتاتتى. ئۇستەل چىرىغىنىڭ ئاجىز يورۇقىدا ئۇنىڭ يۈزى بەئەينى تاش ھەيكەلگە ئوخشاش، ئىزناسى شۇنداق ئېنىق بىلىنىپ تۇراتتى. ئوچۇق دېرىزىدىن كىرگەن مەيىن شامالدا ئۇنىڭ ماڭلاي چاچلىرى يېنىك يەلپۈنۈپ

تۇراتتى.

نۇشا بىردەم قاراپ تۇرۇپ، ئاندىن پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئۆيگە كىرىپ، ئۇنىڭ كەينىگە كېلىپ تۇردى. نادىرە ئۇنىڭ كىرگەنلىكىنى قىلچە سەزمىدى. نۇشا بىردەم تۇرغاندىن كېيىن قولىنى ئۇزارتىپ، ھالقىنى شىرەگە قويۇپ قويدى. چىراغ يورۇقىدا ھالقا يالتىراپ تۇراتتى. نادىرە ھەيران بولۇپ ھالقىغا قارىدى، ئاندىن قايرىلىپ نۇشاغا بىر قاراپ قويۇپ، قەددىنى رۇسلاپ ئولتۇردى.

— تېخى تاماق يېمىگەنسىز؟ شۇنچە ۋاقىتقىچە قەيەرگە باردىڭىز؟ ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن نېمىشقا ئۇدۇل ئۆيگە قايتىپ كەلمەيسىز؟

ئۇ نۇشاغا ئارقا ـ ئارقىدىن بىرمۇنچە سوئال بەردى. قاتتىق سۆزلىگىنىگە قارىغاندا، ئۇ بىرئاز خاپا بولغاندەك قىلاتتى. نۇشا سەل ھودۇقۇپ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، ئۇنىڭغا قارىغىنىچە جىم تۇردى.

— دادام سىزنى كۆپ سوراپ كەتتى. مۇنداق ئۆيگە قايتماي يۈرمەسلىكىڭىز كېرەك ئىدى، — دېدى ئۇ يەنە.

نۇشا: «ۋاي ـ ۋۇي، بۇ كارامەت يامان قىز ئىكەن جۇمۇ، خۇددى ئانىسى بالىسىغا تەنبىھ بەرگەندەك گەپ قىلىدىكەن كىشىگە» دەپ ئويلىدى. لېكىن، ئۇ ھېچنېمە دېمەي، ئەخمەقلەرچە كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىپ تۇراتتى. نادىرە ھالقىنى ئۇياق ـ بۇياق ئۆرۈپ قاراپ بېقىپ:

— بۇنى نېمىشقا ئالدىڭىز؟ — دېدى خاپا بولۇپ.

نۇشا يەنىلا ئۈنچىقمىدى.

— مەن سىزدىن بۇنى نېمىشقا ئالدىڭىز دەپ سوراۋاتىمەن.

— سىزگە ئالدىم، — دېدى نۇشا ئالدىراپ ـ تېنەپ.

— ماڭا؟ — دېدى ئۇ ھەيران بولۇپ، ئاندىن ئاچچىق كۈلۈپ قويدى.

— ئەپەندى، مېنىڭ بىر دوزنىدىن كۆپ ھالقام بار. ئۆزىڭىزنىڭ كۆڭلىكىڭىزگە قارىڭا، قەيىرىگە قارىسىڭىز ماي - داغ. ئۇنىڭ ئۇستىگە مۇشۇ بىرلا.

— يەنە ئىككى كۆڭلەك ئالدىم، — دېدى نۇشا دەرھاللا. ئاندىن قولىدىكى كىچىك بولاقنى ئېچىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى.

نادىرە كۆڭلەككە قاراپ قويۇپ، ھالقا سېلىنغان قۇتىنى ئۇنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويدى.

— بۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى مۇنداق نەرسىلەرنى ئالغۇچى بولماڭ. ماڭا لازىمى يوق، ئۆزىڭىز ساقلاپ قويۇڭ.

نۇشا ئۇنىڭ مۇنداق پوزىتسىيەسىدىن خاپا بولۇپ، ئۇنىڭغا بىر ئالىيىپ قويۇپ، ھالقىنى ئېلىپ ماڭاي دەپ تۇرغاندا، نادىرە ئۇنىڭدىن:

— تاماقنى نەدە يېدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— ھېچ يەردە يېمىدىم، — دېدى نۇشا خۇشياقمىغاندەك قىلىپ.

— تېز چىقىپ تامىقىڭىزنى يەۋېلىڭ.

— يېمەيمەن، — دېدى ئۇ قېيىداپ.

ئۇ خۇددى كاج باللاردەك دومسىيىپ كەتكەنىدى. نادىرە ئاستا ئۇنىڭغا بىر قاراپ قويدى - يۇ، گەپ - سۆز قىلمىدى. نۇشا خاپا بولۇپ ئۆيدىن چىقىپ، ھارغىن قەدەملىرىنى سۆرەپ پەلەمپەيدىن چۈشۈپ، ئۆزىنىڭ ياتىدىغان ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

ئۇ كارىۋاتقا چىقىپ خاتىرجەمسىزلەنگەن ھالدا ئۇياق - بۇياق ئۆرۈلۈپ ياتاتتى. نادىرەنىڭ پوزىتسىيەسى ئۇنىڭ كۆڭلىنى سوۋۇتقانىدى. ئۇ خۇشال - خۇراملىق بىلەن ئۇنىڭغا ھالقا ئەكەلسە، ئۇ مۇشۇنداق مەنسىتمەي قايتۇرۇۋەتتى، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى.

نۇشا ئۇنىڭ پوزىتسىيەسىدىن ئۆزىنى تېگى پەس، رەزىل دەپ قارايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئەسلىدىلا تۇيغۇن ئىدى. بۇ ئىش ئۇنىڭ نېرۋىسىغا يىڭنە سانجىغاندەك تەگدى - دە، ئۇزاققىچە خىيال سۈرۈپ كەتتى.

كېچە قايسى ۋاقىتلارغا بېرىپ قالغانكىنتاڭ، ئەتراپ قاپقاراڭغۇ ئىدى. نۇشانىڭ ئۇيقۇسى كېلىپ تۇراتتى، ئۇشتۇمتۇت ئىشىك سىرتىدىن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. ئاندىن ئۆزىنىڭ كارىۋىتىنىڭ بېشىدا بىرىنىڭ يېنىك نەپەس ئېلىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى. نۇشا كۆزىنى ئېچىپ قارىشىغىلا ئۇنىڭ پېشانىسىگە يۇمشاق بىر قول تەگدى.

— نۇشا.

ئۇ نادىرە ئىدى. نۇشانى مىدىرلىتىپ ئويغىتىۋاتاتتى. نۇشا تىنىقىنى چىقارماي تۇرىۋالدى. «نادىرە بۇ چاغدا نېمىشقا كىرگەندۇ؟» دەپ ئويلاپ قالدى ئۇ. نادىرە يەنە بىرنەچچە قېتىم مىدىرلاتقاندىن كېيىن، نۇشا ئۆرە بولۇپ ئولتۇردى ۋە كۆزىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ:

— نادىرە، — دېدى.

— ھىم.

— بىرەر ئىش بارمىدى؟

— تاماق يەۋېلىڭ، — دېدى ئۇ مۇلايىملىق بىلەن، — ئەتىگەندىن بېرى ھېچنېمە يېمەپسىز.

نۇشا ئورنىدىن تۇرۇپ چىراغ ياندۇردى. ئۇ قارىسا، نادىرە تاماق ئەكىرگەنىكەن. ئۇ پەتنۇسنى شىرەگە قويۇپ، ئاندىن كارىۋاتنىڭ يېنىدا ئولتۇردى.

— ئاۋۋال قولىڭىزنى يۇيۇڭ.

نۇشا ئىتائەتچانلىق بىلەن يۇيۇنۇش ئۆيىگە چىقىپ قولىنى يۇيۇپ، ئاندىن قايتىپ كىرىپ تاماقنى يېگىلى تۇردى. نادىرە ئۇنىڭ گەپ - سۆز قىلماي جىم بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ:

— ھالقا قۇتىسى قېنى؟ ئەكېلىڭ، — دېدى. نۇشا ياستۇقىنىڭ ئاستىدىن ئېلىپ ئۇنىڭغا ئۇزارتتى.

— قاراڭ، — دېدى ئۇ ھالقىنى قولىغا ئېلىپ، — بۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى مۇنداق نەرسىلەرگە پۇلنى بۇزۇپ - چاچماڭ. ئۆزىڭىزگىمۇ تېخى نۇرغۇن نەرسىلەر كېرەك.

نۇشا ئۈندىمەي، بېشىنى تۆۋەن قىلىپ، تاماق يېيىش بىلەنلا بولۇپ كەتتى. نادىرە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— مېنىڭ گېپىمگە خاپا بولغاندەك تۇرىسىز، — ئۇ كۈلۈمسىرەپ قويدى، — ئابايا سىزنى جازالاپ قوياي دېۋىدىم. قاراڭ، بۇ ئىش تولىمۇ نامۇۋاپىق بوپتۇ.

نۇشا بۇ ئىشنىڭ قانداقتۇر نامۇۋاپىق بولغانلىقىنى ھېس قىلمىدى. ئۇ ھەيران بولۇپ نادىرەگە قارىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن ئىنتايىن ئەستايىدىللىق چىقىپ تۇراتتى، ئۇ خۇددى ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان ئوقۇتقۇچىدەك، پۇتىنى مىنگەشتۈرۈپ، گىدىيىپ ئولتۇراتتى. نۇشا غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن، نادىرە قاچا - قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇپ ماڭماقچى بولىۋىدى، ئاڭغىچە نۇشا ئۆزى يىغىشتۇرماقچى بولدى. بۇنى كۆرۈپ ئۇ نارازى بولدى.

— مۇنداق تۇزۇتنى قويۇڭ. ئەتە ئەتىگەندە ئىشقا بارىسىز، چاپسان ئۇخلاڭ، — ئۇ ئالدىراپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. نۇشا ئۈنچىقماي، پەلەمپەيدىن ئاڭلىنىۋاتقان ئاياغ تىۋىشىغا قۇلاق سېلىپ ئولتۇردى.

بۇ تۈنجى قېتىملىق ئىش ئەمەس ئىدى. نادىرە ئۇنىڭغا باشتىن - ئاخىر مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلاتتى، ئۇ ئىككىيلەننىڭ ياش قۇرامى كۆپ پەرقلەنمىسىمۇ، لېكىن ئۇ نۇشانىڭ ئالدىدا ئۆزىنى چوڭ ئادەملەردەك تۇتاتتى. ھە دېسىلا ئۇنى ئەيىبلەيتتى. دەسلەپتە نۇشاغا بۇ ئىش بىر ئاز ئېغىر تۇيۇلدى، ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن نۇشا ئاستا - ئاستا ئۇنى چۈشىنىپ قالدى. ئۇ ھامان نۇشاغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ھەيدەكچىلىك قىلىپلا تۇراتتى.

— نۇشا، ئەتىگەن نېمىشقا كېچىكىپ قويتىڭىز؟

— نۇشا، چىشلىرىڭىز نېمانداق مەينەت، بۇندىن كېيىن ھەر كۈنى ئىككى قېتىم چىش يۇيۇڭ.

— نۇشا، سىز ئارتىسلاردەك چاچ قويماڭ، سايىق باللارغا ئوخشاپ قالىدىكەنسىز.

— نۇشا، قاراڭ، يەنە ئاغزىڭىزدىن بەزەپ گەپ چىقتى.

نۇشا هازىر خېلى ئەدەپلىك بولۇپ قالدى. ئەمدى قوپاللىق بىلەن قاقاھلاپ كۈلمەيدىغان، گەپ ـ سۆزنىمۇ ئۆز لايىقىدا قىلىدىغان بولدى. بۇرۇن ئۇنىڭ ياسىنىشى ئارتىسلارغا ئوخشايتتى. هازىر چېچىنى قىسقارتتى، شالۇۋۇرىنىمۇ تورۇۋالمايدىغان بولدى. بۇرۇن ئاخشاملىرى كۆڭلى خۇش چاغلاردا، تېخى كىنو ناخشىلىرىنى غىڭشىپ قوياتتى. ئەمدى ئۇنىڭ ئۆيىدە مۇنداق ئاۋازمۇ ئاڭلانمايدىغان بولدى.

پىروفېسسور ئەتىگەنلىك ناشتا قىلغان چاغدىلا نۇشانى كۆرەلەيتتى، شۇنداقتىمۇ بۇ چاغدا ئۇ باش كۆتۈرمەي گېزىت ئوقۇيتتى، نۇشا بىلەن پاراڭلىشىشقا هەرگىز ۋاقتى يوق ئىدى. نۇشا بىلەن ئاندا ـ ساندا ئۇچرىشىپ قالسىمۇ، خۇددى ئۇنى كۆرمىگەندەك، ئالدىراپ ـ سالدىراپ ئۆتۈپ كېتەتتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە پىروفېسسورنىڭ خىيالىغا نېمە كەلدىكىن، ئۇ ئۇشتۇمتۇت نۇشانىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلدى. ئۇ بوسۇغىدىن كىرىپلا:

— بايىلا بىر ئىش خىيالىمغا كېلىپ قالدى. سەن مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇغىن، — دېدى.

— ئۇنداقتا ئىشقا بېرىشنى قانداق قىلىمەن؟ — دېدى نۇشا بوش ئاۋازدا.

— هە، بۇ گېپىڭ توغرا، مەن بۇنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. ئەمىسە كەچ كۇرس قانداق؟ بىراق، بىزنىڭ كەچ كۇرسلىرىمىز قاملاشمىغان. مەن بىر ئەپەندى بىلەن تونۇشىمەن. ئۇ ئاخشىمى كەچ كۇرستا دەرس ئۆتىدۇ، كۈندۈزى سوتتا چاقىرىق قەغىزى تارقىتىدۇ. بۇ كەچ كۇرس ئېچىشنى چاقىرىق قەغىزى تارقىتىش بىلەن ئوخشاش قىلىپ قويغانلىق ئەمەسمۇ؟ بۇ مەسىلىنى تاكى بۈگۈنگىچە كاللامغا سىغدۇرالماي كېلىۋاتىمەن. مەن ئىشىنىمەنكى، ئۇ ئېھتىمال ئوقۇغۇچىلارنى رىغبەتلەندۈرمەي، بەلكى ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئىسكەنجىلەپ قويسا كېرەك، — ئۇ

شۇنداق دەپ كېلىپ، ئۆزىمۇ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.
نۇشا ئۇندىمەي ئاڭلاپ ئولتۇردى. پىروفېسسور يەنە سۆزلىگىلى تۇردى.

— سېنىڭ ئىنژېنېر بولالماسلىقىڭغا ئاساسىڭ يوق. ۋاھالەنكى، تەربىيە كۆرۈش زۆرۈر، تەربىيە كۆرۈش زۆرۈر، — ئۇ ئويلاپمۇ ئولتۇرماستىن، ئۆزىچە پىچىرلىدى. ئاندىن تۇساتتىن نۇشاغا قاراپ سۆزلىدى، — زاۋۇتتىكى خىزمىتىڭدىن ۋاز كەچسەڭ نېمىشقا بولمايدىكەن؟

نۇشا بىرنېمە دېمەكچى بولۇۋىدى، بىراق پىروفېسسور ئۇنىڭغا سۆزلەش پۇرسىتى بەرمەي، ئۆزى ئالدىرىماي سۆزلىگىلى تۇردى، — توغرا، سەن پۇل تېپىشىڭ لازىم، بولمىسا، ئۆزۈڭنى تۆۋەن كۆرۈش تۇيغۇسىدىن قۇتۇلالمايسەن. ئەھۋالدىن قارىغاندا، باشقا بىر ئامال تاپساق بولغۇدەك، — ئۇ شۇ گەپلەرنى قىلغاچ سىرتقا ماڭدى.

شۇنىڭدىن كېيىن نۇشا بىرقانچە كۈنگىچە پىروفېسسورنى كۆرمىدى. نادىرەمۇ دادىسىدەكلا غەلىتە بىر قىز ئىدى. كىچىككىنە بىر ئىش بولسا قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ كېتەتتى. بەزىدە نۇشا غەزەپ بىلەن ئۇنىڭغا بىرنەچچە ئېغىز رەددىيە بېرەتتى، لېكىن ئۇ كۈلۈپ قويۇپلا ئۆتكۈزۈۋېتەتتى. نۇشا بىر كۈنى قىممەت رەڭلىك بىر كۆڭلەك ئالدى، ئۇنىڭغا جار سېلىشىپ تۇرغان ئاياللارنىڭ رەسىمى بېسىلغانىدى. ئۇ ئاشۇ كۆڭلەكنى كىيىپ نادىرەنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈۋاتقاندا، نادىرە ئۇنىڭغا:

— نۇشا، بۇ نېمە زاڭلاشماق؟ — دېدى.

نۇشا ئۇنىڭ گېپىنى چۈشەنمىدى.

— نېمە بولدى؟

— بۇنى كىيسىڭىز سوپونچىنىڭ ئېلانچىسى بولۇپ قالىدىكەنسىز.

نۇشانىڭ ئاچچىقى كەلدى. لېكىن ھېچنېمە دېمىدى. نادىرە يەنىلا ئۇنى ئەخمەق قىلدى.

— بۇ كۆڭلەكنى كىيىسىڭىز بەئەينى ئاقىنانچىغا ئوخشاپ قالىدىكەنسىز، يەنە كېلىپ تېخى ئۇچىنچى دەرىجىلىككە دەڭە.

يازدا ئۇ نۇشانى بىرنەچچە قېتىم ئەيىبلىدى. نۇشانىڭ بىرئاز ئاچچىقى كېلىپ تۇراتتى. شۇڭا، غەزىپى ئۆرلەپ:

— سىز ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە چېچىڭىزنى قىرىق قېتىم تارايسىز، ئاجايىپ ـ غارايىپ كۆڭلەكلەرنى ئالماشتۇرۇپ كىيىپلا تۇرىسىز. لېكىن، مەن سىزنى ھەرگىز چىلىلىكنىڭ ماتكىسىغا ئوخشاپ قاپسىز دېمىدىم، — دېدى. نۇشا بۇ گەپنى قىلىپ بولۇپ، ئاپلا، بۇ قېتىم پالاكەت باسىدىغان بولدى، دەپ بىرئاز قورقتى. لېكىن نادىرە پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى. نۇشا چىقىپ كەتمەكچى بولىۋىدى، ئۇ چاقىرىپ توختىتىۋالدى.

— نۇشا، كەچۈرگىن، بۇ گەپنى قىلماسلىقىم كېرەك ئىدى. مېنىڭ سەۋەنلىكىمنى ئەپۇ قىل، — دېدى ئۇ.

نۇشا مۇشۇنداق نۇرغۇن ـ نۇرغۇن ئىشلاردىن ئۇنىڭ زادى قايسى خىل ئادەمگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئايرىۋېلىشقا ئامالسىز قالدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئانىسى ئىنتايىن ساددا ئائىلە ئايالى بولۇپ، ئۇنىڭ رېماتىزىم كېسىلى بار ئىدى. بۆرىكىمۇ دائىم ئاغرىپ تۇراتتى. شۇڭا، ئۇ كۈنبويى كارىۋاتتا ياتاتتى. نۇشا بۇ ئائىلىگە يېڭى كەلگەن چاغدا ئۇ خاپا بولۇپ، نۇشاغا چىرايمۇ ئاچمىغانىدى. بەلكىم تېخى ئېرىدىنمۇ ئاغرىنغان بولسا كېرەك. ئەمما، ئۇ نۇشانى چاپسانلا چۈشىنىپ قالدى. چۈنكى، نۇشا بەكمۇ سەۋرچانلىق بىلەن ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتى. دائىم ئۇزاققىچە ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ پۇتىنى ۋە بېشىنى تۇتۇپ قوياتتى. تەرەپ ـ تەرەپكە قاتراپ يۈرۈپ دورا ئەكېلىپ بېرەتتى.

نۇشا دائىم كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، كارىۋاتنىڭ يېنىدىكى كىچىك ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، بېشىنى تۇتقاچ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭ سېلىشاتتى. موماينىڭ دەيدىغىنى پۈتۈنلەي ئادەتتىكى گەپلەر ئىدى. بەزىدە ئۆتمۈشىنى ئەسلەيتتى، بەزىدە تۇغقان ۋە دوستلىرىنىڭ گېپىنى قىلاتتى. بەزىدە «ئۇ

ئادەم يامان، بۇ ئادەم ياخشى» دەپ كىشىلەرنىڭ گېپىنى قىلاتتى ۋە بەزىدە بولسا تېخى ئېرىدىن ئاغرىنىپ بېرەتتى. ئۇنىڭ پىروفېسسوردىن ئاغرىنىدىغان يەرلىرى كۆپ بولۇپ، ھەممىسى ئادەتتىكى ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلار ئىدى. پىروفېسسور ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمايتتى. نادىرەمۇ كۆڭۈل بېرىپ كەتمەيتتى. بۇ ئۆيدە ئۇنىڭ كوتۇلداپ قىلغان گەپلىرىگە يالغۇز نۇشالا قۇلاق سالاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، نادىرەنىڭ ئانىسى نۇشانى ئوبدان بالا ئىكەن دەپ ھېس قىلدى. ھەر قېتىم نۇشا ئۇنىڭ قېشىدىن چىقىپ كېتىدىغان چاغدا، ئۇ پېشقەدەملەردەك ئۆزاققىچە دۇئا قىلىپ ئۇنىڭغا بەخت تىلەيتتى.

نۇشا ھازىر پىروفېسسور ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ قالدى. دەسلەپتە نۇشا بەك تارتىناتتى، ھازىر ئەھۋال ئۆزگەردى. بەزىدە تاماق كېچىكىپ قالسا، ئۇنىڭ خالىغىنىچە، خىزمەتكار تۇرىدىغان ئۆيگە قاراپ: «ھەي، قورساق بەك ئېچىپ كەتتىغۇ، قورسىقىم دۇمبىگە چاپلىشىپ قالاي دەپ قالدى» دەپ تۇۋلىغىنى ئاڭلىناتتى.

شۇنداقلا، ئۇنىڭ كىيىملىرىنىڭ تۈگمىلىرى ئۈزۈلۈپ كەتسە ياكى كىيىملىرى يىرتىلىپ كەتسە، ئۇ نادىرەنى تېپىپ بېرىڭ دەپ تۇرۇۋالاتتى ۋە ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ يۈرۈپ مەقسىتىگە يەتمىگۈچە توختىمايتتى. لېكىن، ئۇ پىروفېسسور كېرىم ئەلانى يەنىلا چۈشىنىپ كېتەلمىدى. دەسلەپتە ئۇ كىشى نۇشا ئۈچۈن بىر تېپىشماق ئىدى، ھازىرمۇ يەنىلا تېپىشماق پېتىچە تۇراتتى. ئۇ پەقەت پىروفېسسورنىڭ قالتىس ئادەم ئىكەنلىكىنى، ئاز دېگەندە شەپقەتلىك پەرىشتىدىن قېلىشمايدىغانلىقىنى بىلەتتى.

ئۇ پىروفېسسورنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيتتى. بىر قېتىم يېقىن ئەتراپتىكى بىر ئىدارىنىڭ خىزمەتچىسى بىر ئىش ئۈچۈن نۇشانىڭ ئالدىدا پىروفېسسورنى دۆت دەپ ھاقارەتلىمۇىدى، نۇشا ئۇنىڭ ئاغزىغا بىرنەچچىنى ئۇرۇپ، ئاغزى ـ بۇرنىنى قان قىلىپ، ھوشىدىن كەتكۈزۈۋېتىپ، ماجىرا تۇغدۇردى.

بۇ ئىش پىروفېسسورنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندىن كېيىن، ئۇ دەرھال بېرىپ ھېلىقى كىشىنى تېپىپ، ئۇنىڭغا ناماقۇل بولىدى ھەمدە ئون رۇپىيە تۆلىدى. نۇشا «پىروفېسسور خاپا بولىدىغان بولدى» دەپ قورقۇۋىدى، لېكىن ئۇ نۇشاغا:

— ساڭا بولغان قارشىمنى ئۆزگەرتىشىم كېرەك ئىكەن، سەن بىر ئىنژېنېر بولماي، ھەربىي بولساڭ بولغۇدەك. مەن سېنىڭ خاراكتېرىڭنى ياقتۇرۇپ قالدىم، — دەپ ئۇنىڭ گەجگىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ ماختاپ قويدى.

## 3

بۇ ياز كۈنلىرىنىڭ چۈشتىن كېيىنكى جىمجىت ۋاقتى بولۇپ، ھاۋا تونۇردەك قىزىپ كەتكەنىدى. چاڭ ـ توزان بېسىپ كەتكەن ئۆي بۆلەكچىلا تۇسكە كىرىپ قالغانىدى. ھارغىنلىق يەتكەن سۇلتانە ئۆيدە ياتاتتى، ئىشىك ـ دېرىزىلەر مەھكەم تاقاقلىق ئىدى. ئۇ نېپىز كۆڭلەك كىيگەن بولۇپ، ئۇنىڭ يالىڭاچ بىلىكى ياستۇقتىن ساڭگىلاپ قالغانىدى. رەڭگى ساماندەك سارغىيىپ، چىرايى غەمكىن كۆرۈنەتتى.

ئۇ دوختۇرخانىدا ساقمۇساق بىر ئاي يېتىپ، تېخى ئۆتكەن ھەپتە ئۆيگە قايتتى. يېنىدىكى كىچىك كارىۋاتتا ئۇخلاۋاتقان ئوغۇل بوۋاق ئۇنىڭ بالىسى ئىدى. بوۋاقنىڭ يۈزى نىيازنىڭكىگە ئوخشايتتى. ئۇنىڭ پېشانىسى كەڭ، بۇرنى يۇقىرىغا قاراپ تۇرىدىغان، ئاغزى يوغان ئىدى. ئۇ يەڭگىش ئالدىدا، ھايات ـ ماماتلىق بوسۇغىسىدا ئۈچ كۈن جان تالاشتى. بالا ئەتىگەن سائەت تۆتتە تۇغۇلدى. ئالدىنقى ئاخشىمىلا سۇلتانەنىڭ ئەھۋالى نورمالسىز بولۇپ، بىرنەچچە قېتىم ھوشىدىن كەتتى. كېچە سائەت ئون ئىككى بولغاندا ئۇنىڭ تومۇرىنىڭ سوقۇشى بەك ئاجىزلاپ كېتىپ، پۈتۈن بەدىنى چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۈمۈپ چىرايى كۆكىرىپ كەتتى.

ئايال دوختۇر بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ دەرھال نىيازغا تېلېفون بەردى. نىياز تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. شۇ كۈنى ئاخشىمى شارابنى كۆپ ئىچىپ قويغاچقا، خۇدنى بىلمەي ياتاتتى. ئۇ بىرھازادىن كېيىن تېلېفوننى قولىغا ئېلىپ، ئۆزىنىڭ تاڭ سەھەردىن بۇرۇن دوختۇرخانىغا بارالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپلا تېلېفوننى قويۇپ قويدى. سېسترا يەنە داۋاملىق بىرنەچچە قېتىم تېلېفون بەردى، تېلېفون توختىماي جىرىڭلاپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن نىياز ئۆرۈلۈپ بىر ئۇخلىغان پېتى ئىككىنچى ئويغانمىدى.

سەھەر سائەت تۆتتە سۇلتانەنىڭ جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالدى. بالا تۇغۇلغاندىن كېيىنمۇ ئۇ ھوشىغا كېلەلمىدى. دوختۇر ئۇنىڭغا قان بەردى. نىياز ئەتىگەن سائەت سەككىزدە دوختۇرخانىغا كېلىپ، بالىنىڭ تۇغۇلغانلىقىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتتى، ئۇ بالىنى بىر كۆرمىسەم بولمايدۇ دەپ تۇرۇۋالدى، نەتىجىدە بىر سائەت كۈتتى. بۇ ئارىلىقتا ئۇ تاشقىرىدا تىت ـ تىت بولۇپ ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ يۈردى. سېسترا بالىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ئۇنىڭغا كۆرسەتكەندە، ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا بالىنى سۆيۈپ كەتتى.

سۇلتانە دوختۇرخانىدا ياتقان مەزگىلدە نىياز دائىم ئۇنى يوقلاپ تۇردى. كۈندە بىرنەچچە قېتىم تېلېفون ئارقىلىقمۇ سۆزلىشىپ تۇردى. ھەر قېتىمدا بالىغا مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى سورىماي قالمايتتى. ئۇ بالىسىغا بەك ئامراق ئىدى. سۇلتانە ئۆيگە قايتىپ چىققاندا بالىغا بىر دۆۋە ئويۇنچۇق تەييارلاپ قويغانىدى. ئۇ ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپلا سۇلتانەنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، بالىنى سۆيۈپ قويۇپ، ئاندىن بىردەم ئوينىتاتتى. كەچقۇرۇن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇ چوقۇم يەنە بالىنى سۆيۈپ قوياتتى. ئەگەر بالا ئويغاق بولسا، ئۇ كارىۋاتنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئاۋازىنى غەلىتە چىقىرىپ بىرنېمىلەرنى دوراپ بالىنى ئوينىتاتتى.

نىيازنىڭ بالىغا مۇنداق ئامراق بولغانلىقىغا سۇلتانەمۇ خۇش

ئىدى. ئۇ ئۆزىمۇ بالىنى بەك ياخشى كۆرەتتى. بۇ بالىنى ئۇ ھاياتىنىڭ خەۋپىگە قارىماي تۇغقانىدى. دەسلەپتە ئۇ ئۆزىنىڭ بويىدا قالغانلىقىنى بىلگەندە، ساقمۇساق بىر كۈن يىغلىدى. كۈنلەرنىڭ بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈشى بىلەن بارغانسېرى تېخى دۇنياغا تۆرەلمىگەن بۇ ھامىلىدىن بىزار بولۇپ كەتتى. ئۇ بەزىدە قاتتىق خاپا بولۇپ كەتكەن چاغلىرىدا: «ئاھ، پەرۋەردىگارىم، بۇ شۇمتەك دۇنياغا كۆز ئېچىش بىلەن تەڭلا ئۇنىڭ جېنىنى تېنىدىن جۇدا قىلغايسەن» دەپ قارغايتتى. ئۇ ئازابلىنىپ جۇدەپ ئاغرىپ قالدى. شۇ كۈنلەردە ئۇ كىچىككىنە ئىشلار ئۈچۈن تېرىكىپ نىيازغا ئاچچىقلاپ ۋارقىراپ كېتەتتى، بەزىدە ئىشىكنى تاقىۋېلىپ، نەچچە سائەتلەپ يىغلاپ كېتەتتى. ئەسلىدە ئۇ كۆپ ۋاقتىنى ئۆيدە ئۆتكۈزەتتى، ئەمدى سىرتقا تېخىمۇ ئاز چىقىدىغان بولۇپ قالدى، ھەتتا ئۆيدىكى خىزمەتكار بىلەن ئۇچرىشىپ قالسىمۇ بىرئاز قورققاندەك قىلاتتى.

ئۇ ئەسلىدە بالا تۇغۇلغاندىن كېيىنلا، بالىنى ئاستاغىنا بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇشنى ئويلىغانىدى. بىراق، ئەمدى بالىنى كۆرسە ئۇنىڭ كۆڭلى يايراپ كېتىدىغان بولدى، ھەر ۋاقىت بالىنىڭ ئىشى بىلەن ئالدىراش بولۇپ يۈرەتتى. بالىلىق بولۇش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇنىڭدا ئەمدى نىيازغا قارىتا قىزىقىش پەيدا بولدى. بالا تۇغۇلمىغاندا، ئۇ نىياز بىلەن بىللە تۇرسا، ئىچى تىت ـ تىت بولۇپ كېتەتتى. ئۇ نىيازغا كەمدىن ـ كەم سۆزلەيتتى. سۆزلىگەندىمۇ ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن زىتىغا تېگىش، مەنسىتمەسلىك، بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئۆچمەنلىك چىقىپ تۇراتتى. ۋاھالەنكى ئەمدى نىياز بالىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە، ئۇ ئۇزاققىچە نىياز بىلەن گەپلىشىپ ئولتۇرىدىغان بولدى، سۇلتانەنىڭ نىياز بىلەن بارغانسېرى يېقىنلىشىپ كېتىشىدە، بالا ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ تۇرغان مۇستەھكەم ۋاستە بولۇپ قالدى.

ھاۋا كۈندىن ـ كۈنگە ئىسسىپ، قاتتىق تومۇز ئىسسىقى

بولۇپ كەتتى. ھويلىدا كۈنبويى غازاڭلار شىلدىرلاپ تۇراتتى. بىر كۈنى قاتتىق قارا بوران چىقىپ، ئاسمان قىزىرىپ، دەرەخلەر غىچىرلاپ قاتتىق لىڭشىپ، دېرىزە ئەينەكلىرى سۇنۇپ كەتتى. قارا بوران ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن يامغۇر شارقىراپ قۇيۇۋەتتى.

بوران ـ چاپقۇن غايەت زور زىيان كەلتۈردى. نۇرغۇن جايدىكى ئېلېكتىر سىملىرى ئۈزۈلۈپ كەتتى. ئاخشىمى پۈتۈن شەھەر قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قېلىپ، بەئەينى بىر خارابىلىكتەك قورقۇنچلۇق بولۇپ كەتتى.

زىيان ئەڭ چوڭ بولغان ئورۇن شەھەر مەمۇرىيىتى كومىتېتىنىڭ سودا بازىرى بولدى. بۇ ئىككى قەۋەتلىك بىنا بولۇپ، ئاستىنقى قەۋىتى سودا بازىرى، ئۈستۈنكى قەۋىتى تۇرار جاي ئىدى. قاتتىق بىر گۈلدۈرلەش بىلەن تەڭ ئۆگزىنىڭ بىر قىسمىغا چاك كېتىپ گۈمۈرۈلۈپ چۈشتى، بىرنەچچە تام چاك ـ چېكىدىن بۆسۈلۈپ ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆرۈلۈپ كەتتى. يىغا ـ زار قىلىشقان، ۋارقىراشقانلارنىڭ ئاۋازى جاھاننى بىر ئالدى. ئۈستۈنكى قەۋەتتە ئولتۇرىدىغان بىرنەچچە ئائىلە كىشىلىرى پۈتۈنلەي كۆمۈلۈپ كەتتى. بۇ چاغدىكى ئەھۋال ناھايىتى قالايمىقان ئىدى، ئەتراپ قاپقاراڭغۇ بولۇپ، يامغۇر چېلەكتە قۇيغاندەك قاتتىق يېغىۋاتاتتى. قۇتقۇزۇش ئەترىتىنىڭ ئەزالىرى كېچىچە خارابىلەر ئىچىدىن يارىلانغانلارنى قۇتقۇزدى. ئون ئىككى كىشى شۇ يەردىلا قازا تاپقان بولۇپ، بۇلارنىڭ بەشى بالا، يەتتىسى ئايال ئىدى. يەنە ئەللىك بەش يارىدار دوختۇرخانىدا ياتقۇزۇلدى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىنتايىن ئېغىر يارىلانغانىدى.

ئەتىسى ھەر قايسى گېزىتلەر بۇ خەۋەرنى قارا رامكىغا ئېلىپ بېسىپ چىقاردى. باش ماقالىدە، بۇ پاجىئەلىك ۋەقەنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبىنىڭ تەكشۈرۈلۈشى تەلەپ قىلىندى ھەمدە شەھەر مەمۇرىيىتى كومىتېتىنىڭ مەسئۇل ئەمەلدارى قاتتىق ئەيىبلەندى.

شەھەر مەمۇرىيىتى كومىتېتىدا خان باھادۇرغا قارشى بولغان بىر قىسىم كىشىلەر بار ئىدى. ئۇلار بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بايانات ئېلان قىلىپ، رەئىس بولغان خان باھادۇردا ئېغىر خاتالىق بار دەپ ھېسابلىدى. چۈشتىن كېيىن شەھەر ئاھالىسى ئېتىراز بىلدۈرۈش يىغىنى ئۆتكۈزدى. بىرمۇنچە كىشى يىغىندا كەسكىن سۆز قىلدى. سۆزگە چىققۇچىلارنىڭ بەزىلىرى نىيازنىڭ ئىسمىنى ئاشكارا تىلغا ئالدى. چۈنكى، ئۇ سودا بازىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ھۆددىگە ئالغۇچى ئىدى. ئاھالىنىڭ قاتتىق ئېتىراز بىلدۈرۈشى ئارقىسىدا، شەھەر ۋالىيسى دەرھال ئالاھىدە ساقچى ئىدارىسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى باشچىلىقىدا تەكشۈرۈش ھەيئىتى تەيىنلىدى. بۇ خەۋەر بۇرۇنلا غەم قىلىپ تۇرغان خان باھادۇرنىڭ بېشىنى تېخىمۇ ئاغرىتىۋەتتى. ئىش بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتاتتى. قارشى گۇرۇھتىكىلەر ئۇنى تۇرمىگە سولاتقۇزماي توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن خان باھادۇر شەھەر مەمۇرىيىتى كومىتېتىنىڭ جىددىي مەجلىسىنى چاقىرىپ، پۈتۈن جاۋابكارلىقنى نىيازغا ئارتىپ قويدى.

خان باھادۇر شەھەر مەمۇرىيىتى كومىتېتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تالاش ـ تارتىشنى بېسىقتۇرغاندىن كېيىن، ئاندىن دىققىتىنى تەكشۈرۈش ھەيئىتىگە قاراتتى. ئۇ مەزكۇر ھەيئەتتىكى ساقچى ئەمەلدارىنىڭ تېگى ـ تەكتىنى سۈرۈشتۈرۈپ، ئۇنىڭ پىنسىيەگە چىقىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى بىلىۋالدى ـ دە، خۇددى گۆھەر تېپىۋالغاندەك قوللىرىنى يۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ: «بولدى، ئىش پۈتتى» دېدى.

ئەتىسى خان باھادۇر ئۇ ئەمەلدار بىلەن كۆرۈشتى. بۇ تۇرمۇشنى پۇختا بىلىدىغان ئادەم ئىدى. خان باھادۇر ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىدىغانلىقىغا چاپسانلا ھۆكۈم قىلدى ـ دە، يىگىرمە مىڭ رۇپىيە پۇلنى مەخمەل تاشلىق بىر كىچىك قۇتىغا سېلىپ، ساقچى ئەمەلدارىغا «سوۋغات» قىلدى. ئۇ ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن ھالدا گىدىيىپ ئۆيگە قايتتى.

تەكشۈرۈش داۋاملىشىۋاتاتتى. خان باھادۇر ئادەتتىكىگە ئوخشاش ھەر كۈنى ئاخشىمى ئۈچ ـ تۆت رومكا ۋىسكى ئىچىپ، يېرىم كېچىگىچە قارتا ئوينايتتى. ئۇ نىيازنى ئۆيىگە كەلتۈرمىدى ھەمدە ئۇنى بىر مەزگىل شەھەردىن نېرىراق كېتىشكە دەۋەت قىلدى. نىيازنىڭ بۇ ھەقتە ئاللىبۇرۇن تەييارلىقى بار ئىدى. لېكىن، ئۇ بۇ يەردىن كەتسە، كىشىلەردە گۇمان پەيدا بولۇپ قېلىشىنى نەزەردە تۇتۇپ، كېتىش ۋاقتىنى كەينىگە سۈرگەنىدى.

بىرنەچچە كۈندىن بېرى نىيازنىڭ بېشى قېتىپ كەتتى. ئۇ ئۆيدە كۆپ تۇرماي، ئۇنىڭ قولىدىن سودا بازىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ھۆددىگە ئالغان ھۆددىگەرلەر ئارىسىدا قاتراپ يۈردى. ئۆيدىكى چاغلىرىنى ئۇ ھامان پەرىشانلىق، تاقەتسىزلىك ۋە ئەنسىزلىك ئىچىدە ئۆتكۈزەتتى. دائىم تۈن يېرىمىدا ئورنىدىن تۇرۇۋېلىپ، سۇلتانەگە تاغدىن ـ باغدىن سۆزلەپ كېتەتتى.

بىر كۈنى ئاخشىمى ئۇ سۇلتانەنىڭ ئۆيىگە كىردى. سىرتتا سىم ـ سىم يامغۇر يېغىپ، توختىماي ھاۋا گۈلدۈرلەپ تۇراتتى. بالا ئويغاق بولۇپ، كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ نىيازغا قارىدى. بىراق، نىيازدا قىلچە چىراي ئىپادىسى كۆرۈلمىدى.

— ئۆزىڭىزنىڭ غېمىنى يەپ، بالىنىمۇ ئۇنتۇپ قالدىڭىز. قارىڭا، ئۇ سىزگە قاراۋاتىدۇ، — دېدى سۇلتانە ئۇنىڭغا، نىياز بالىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ قويدى.

— ئوغلۇم، داداڭغا جىنايەت ئارتىلىپ قالسا، سەن كىم بىلەن ئوينارسەن؟ — دېدى ئۇ.

— مېنىڭچە، يېقىندىن بېرى بىرەر يامانلىققا يولۇقۇپسىز جۇمۇ، — دېدى سۇلتانە دەرھال.

نىياز ئۈنچىقماي كۈلۈپلا قويدى. سۇلتانە يەنە بىرنېمە دەي دەپ تۇرىۋىدى، ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلاپ قالدى. نىياز بالىنى سۇلتانەگە بېرىپ چىقىپ كەتتى. پېشايۋان ئاستىدا بىر ساقچى ماشىنىسى تۇراتتى. ئىشىك ئالدىدا بىر ساقچى ئەمەلدارى

ۋە بىرنەچچە تولۇق قوراللانغان ساقچى تۇراتتى. ئۇلار قولغا ئېلىش قەغىزى كۆتۈرۈپ كەلگەنىدى. نىيازنى دەرھال يالاپ ساقچى ماشىنىسىغا چىقىرىپ ئەكەتتى.

خان باھادۇر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ جىددىيلىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ تۈزگەن قارشى تەدبىرىدە نىيازنىڭ قولغا ئېلىنىش ئېھتىمالىنىڭ بارلىقىغا سەل قارالغانىدى. سودا بازىرىنى ھۆددىگە ئېلىشتىن كەلگەن پايدىدىن سەكسەن مىڭ رۇپىيە پۇل خان باھادۇرنىڭ يانچۇقىغا كىرگەنىدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۇ سالغان ئەينەك زاۋۇتىغا ئىشلەتكەن سېمونت ۋە پولات چىۋىقلارمۇ سودا بازىرى قۇرۇلۇش ھېسابىدىن كەلگەنىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى نىياز ئارقىلىق قىلىنغانىدى. ئۇ، ئالىمادىس نىياز بۇ سىرنى ئاشكارىلاپ قويىدىغان بولسا، ئۆزىنىڭمۇ چېتىلىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ قالدى.

خان باھادۇر ئۆزىنىڭ سەۋەنلىكىنى تۇنجى قېتىم سەزدى. ئۇنىڭ ئۆزىنى قاچۇرماسلىقى، بەلكى نىيازنى ئۆز قولىدا تۇتۇشى لازىم ئىدى. قىسقىسى، ھازىر يۈز بەرگەن ئىشلارنى توسۇشى زۆرۈر ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، ئۇ خېلى تەسلىكتە نىيازنى كېپىلگە ئېلىپ تۈرمىدىن چىقاردى.

تەكشۈرۈش ھەيئىتى بىر ئايدىن كېيىن ھۆكۈمەتكە دوكلات تەييارلىدى. سودا سارىيى قۇرۇلۇشىدا سۈپەتسىز ماتېرىياللار ئىشلىتىلگەن، تام قوپۇرۇشقا ئىشلىتىلگەن سېمونتنىڭ نىسبىتى ناھايىتى ئاز بولغان، قوم ـ سېغىزنىڭ نىسبىتى كۆپ بولۇپ كەتكەن. ئۆگزىگە يېپىلغان سېمونت تاختايغا پۈتۈنلەي ساختىلىق ئىشلىتىلگەن بولۇپ، پولات چىۋىق ئەسلىي ئىشلىتىشكە تېگىشلىك بولغان مىقداردىن كۆپ ئاز بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە تامنىڭ ئۇلىمۇ مۇستەھكەم بولمىغان، يەنى چوڭقۇرلۇقى يېتەرلىك بولمىغان... دوكلاتتا پۈتۈن جىنايى جاۋابكارلىق نىيازغا ئارتىلغان.

تەكشۈرۈش ھەيئىتى ھۆددىگە ئالغۇچىغا ئېغىر جازا بېرىشنى

ھۆكۈمەتتىن قاتتىق تەلەپ قىلغان. چۈنكى، ھۆددىگە ئالغۇچى قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ، ئىنتىزامنى بۇزغانلىقتىن ئون ئىككى ئادەمنىڭ ئۆلۈشىگە، يەتتە ئادەمنىڭ مەجرۇھ بولۇپ قېلىشىغا ۋە نەچچە يۈز مىڭ روپىيە قىممىتىدىكى ئىقتىسادىي زىياننىڭ بولۇشىغا سەۋەبچى بولغان.

پۈتۈن دوكلاتتا نىياز ھۆددىگە ئالغۇچى سۈپىتىدە ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك جىنايى جاۋابكارلىقلار قاتار تىزىپ كۆرسىتىلگەن ھەمدە ئۇنىڭ كەچۈرۈم قىلىشقا بولمايدىغان قانۇنسىز ئۇنسۇر ئىكەنلىكى ئىسپات قىلىنغان. بۇ دوكلات تېخى يۇقىرىغا يوللانماي تۇرۇپلا، خان باھادۇر ئۇنىڭ كۆچۈرمىسىدىن بىر نۇسخىسىنى قولغا چۈشۈرۈۋالدى. بۇنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ سېپى بۇزۇلۇپ كەتتى.

نىياز ئەمدى ئۇنىڭ بىخەتەرلىكىگە ئىنتايىن زور خەۋپ بولۇپ قالغانىدى. بۇ ئەنزىنىڭ تېخى سوتقا تاپشۇرۇلىدىغانلىقى، سوتتا تېخى نىيازنىڭ ئىقرارى ئاڭلاپ ئۆتۈلىدىغانلىقى ئۇنىڭغا مەلۇم ئىدى.

خان باھاردۇر كۆپ باش قاتۇرۇپ، ئاخىر بىر ئامال تاپتى، يەنى نىيازنى جايلىۋەتمەكچى بولدى. بۇ بىردىنبىر چىقىش يولى ئىدى. چۈنكى، نىياز ھاياتلا بولىدىكەن، ئۇ خان باھادۇر ئۈچۈن ھەر ۋاقىت بىر خەۋپ ئىدى. ئۇنىڭ يېتەرلىك دەلىل ـ ئىسپات كۆرسىتىپ، خان باھادۇرنى تۈرمىگە كىرگۈزۈشى مۇمكىن ئىدى.

خان باھادۇر مۇكەممەل بىر پىلان تۈزۈپ چىقتى. ھازىر پەقەت بىر كىشىنىلا كۈتۈپ تۇراتتى، بۇ كىشى ھازىر راۋالپىندىدا بولۇپ، دەرھال بۇ يەرگە كېلىش ئالدىدا تۇراتتى.

## 4

ھاۋانى قارا بۇلۇت قاپلاپ، سىم ـ سىم يامغۇر توختىماي يېغىپ تۇراتتى. ئۆيگە غۇرقىراپ كىرىپ تۇرغان نەمخۇش مەيىن

شامال يامغۇر پەسلىنىڭ يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغانلىقىدىن شەپە بېرەتتى. نادىرە باش كۆتۈرمەي خەت يېزىۋاتاتتى. نۇشا ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ ئالدىدا باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ دەرسلىكى تۇراتتى. ئۇ بىرنەچچە ھەپتىدىن بۇيان نادىرەنىڭ ياردىمىدە كىتاب ئوقۇشقا باشلىغانىدى.

نادىرە يازا - يازا ئاخىر قەلەمنى قويۇپ، بىر كېرىلىۋېتىپ، بىردەم جىم ئولتۇرغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزە ئالدىغا باردى.

نۇشا لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ، كۆزلىرىنى كىتابقا تىكىپ، مەكتەپ بالىلىرىدەك باشلىرىنى ئىرغاڭلىتىپ كىتاب ئوقۇۋاتاتتى. بىردەمدىن كېيىن نادىرەنىڭ:

— ھەي، نۇشا، بۇ يەرگە كېلىڭە، — دېگىنى ئاڭلاندى.

ئۇ ئۇندىمەي دېرىزە ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭ يېنىدا تۇردى. نادىرە گەپ - سۆز قىلماي جىم تۇراتتى. سىرتتا شىرىلداپ يامغۇر يېغىۋاتاتتى. ئاسماننىڭ بىر چېتىدىن ئارىلاپ - ئارىلاپ گۇلدۇرماما ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالاتتى. دېرىزىدىن كىرگەن ساپ ھاۋالىق مەيىن شامال نادىرەنىڭ چاچلىرىنى لەپىلدىتىپ تۇراتتى.

— قارىغاندا، يامغۇر كېچىچە ياغىدىغاندەك قىلىدۇ، — دېدى نادىرە.

— ھەئە، — دېدى نۇشا ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇپ.

ئۇشتۇمتۇت نادىرە غەلىتە بىر سوئال سورىدى.

— نۇشا، سىز بىرەر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغانمۇ؟

— ياق، — ئۇ بېشىنى چايقىدى.

— بىراق، تىت - تىت بولۇپ يۈرگەندەكلا قىلىسىز.

نۇشا جاۋاب قايتۇرمىدى.

يەنە بىردەم جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. سەل سالقىن شامال ئۈرۈش بىلەن نادىرەنىڭ تەنلىرى جۇغۇلدىغىلى تۇردى. ئۇ بىر ئاز بىئارام بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ نۇشاغا قارىماي تۇرۇپ:

— سىز بىرەر قىزنى سۆيۈپ باقـقانمۇ؟ — دەپ سورىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى بىرئاز تىترەپ كەتتى. نۇشاغا ئۇنىڭ سوئالى غەلىتە تۇيۇلدى.

— ياق، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ ئوڭايسىزلانغان ھالدا.

نادىرە بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ:

— راستمۇ؟ — دېدى بوش ئاۋازدا.

نادىرە نۇشاغا كۆز ئۈزمەي قاراپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن گويا پۈتۈن شەھەردىكى چىراغ نۇرلىرى ئەكس ئېتىۋاتقاندەك نۇر چاقناپ تۇراتتى.

— نۇشا، — دېدى ئۇ مۇجمەل ئاھاڭدا.

نۇشا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئۇنىڭ لەۋلىرىگە سۆيدى. بۇ ئۇنىڭ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم سۆيۈش، قىزغىن ۋە ئۇزاققا سوزۇلغان سۆيۈش ئىدى. بۇنىڭ تەمى ناھايىتى قورقۇنچلۇق ئىدى. قورقۇپ ئۇنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ كەتتى.

دەل شۇ ئەسنادا ئۆيدە بىرىنىڭ «ئۆھۆ» دەپ بىرلا يۆتەلگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى. نۇشا شۇنداق بۇرۇلۇپ قارىسا، ئۇنىڭ ئالدىدا پىروفېسسور قېلىن كۆزئەينەك ئارقىسىدىكى دۈپدۈگىلەك كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، قوللىرىنى كەينىگە قىلىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ سۈرلۈك ھالدا تۇراتتى. نۇشا ئۇنى كۆرۈپلا قورقۇپ جان - پېنى چىقىپ كەتتى. ئۇ دەرھال يەرگە قارىۋالدى، ئاندىن ئىشىك تەرەپكە كېتىۋېتىپ:

— ئارقامدىن ماڭ ! — دېدى ئۇنىڭغا.

نۇشا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. ئىككىيلەن پەلەمپەيدىن پەسكە چۈشۈپ، نۇشا ياتىدىغان ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلدى. پىروفېسسور ئىشىكنى تۇتۇپ، توختاپ: «زادىلا تاقەت قىلىش مۇمكىن ئەمەس، قەتئىي مۇمكىن ئەمەس، قەتئىي مۇمكىن ئەمەس. بۇ ئىنسانىيەتنىڭ ھېسداشلىقىنى ئاياغ ئاستى قىلغانلىق» دەپ غودۇڭشىدى. ئاندىن توساتتىن:

— ئېيتقىنا، توغرىمۇ قانداق؟ — دەپ توۋلىدى.

نۇشا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ جىنايەتچىلەردەك تۇراتتى.

— ئەپەندى، — دېدى پىروفېسسور يەنە، — بۇ ئۆيدىن دەرھال چىقىپ كەت. ساڭا ئەڭ كۆپ بولغاندا بەش مىنۇتلا ۋاقىت بېرەلەيمەن، — ئۇ شۇنداق دەپ بولۇپ، پۇتلىرىنى كېرىپ، ئىشىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇردى. نۇشا نېمە قىلىشىنى بىلمەي، ئۇنىڭغا قارىغىنىچە داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى.

— ئەپسۇسلانغان ھالدا شۇنداق دېيىشكە مەجبۇرمەنكى، — دېدى پىروفېسسور ئىنتايىن جىددىي ھالدا، — سەن ھازىرغىچە يەنىلا جىنايەتچى. سەن چىقىپ ئۆچۈڭنى جەمئىيەتتىن ئال. ئۆچۈڭنى مەندىن ئالساڭ بولمايدۇ، قەتئىي بولمايدۇ! سەن جىنايەت سادىر قىلغان ئادەم. سەن يانچۇقچى، بۇلاڭچى. مەن سېنىڭ قىزىمنى ئەخمەق قىلىشىڭغا قەتئىي يول قويمايمەن. سېنىڭ نادىرە بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈشۈڭ مۇمكىن ئەمەس. ئۇ بىر تۇز سىزىق، سەن بولساڭ بىر يانتۇ سىزىق. سىلەر ئىككى تەكشىز سان. لېكىن، سەن بۇ ئىشنى ناھايىتى مۇناسىپ دەپ ھېسابلىغان.

نۇشا ئەقلىنى يوقاتقان ئادەمدەك لام - جىم دېمەي ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. پىروفېسسور قاتتىق ۋارقىرىدى:

— نېمە قاراپ تۇرىسەن؟ ئۈچ مىنۇت ئۆتتۇپ كەتتى. بەش مىنۇت توشقاندا بۇ يەردىن چىقىپ كېتىشىڭ كېرەك. ماڭە، نەرسە - كېرەكلىرىڭنى باغلاپ، بۇ يەردىن دەرھال يوقال!

نۇشا ئالدىراپ - تېنەپ ئۆزىنىڭ كىيىملىرىنى بىر كىرلىككە ئوراپ باغلاپ قولتۇقىغا قىستى. پىروفېسسور خۇددى تەپتىشلەردەك نۇشانىڭ بېشىدىن - ئايىغىچە بىر قۇر قاراپ چىقىپ:

— بولدى، ئەمدى ماڭساڭ بولىدۇ، — دېدى ئۇ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ.

نۇشا ئۆيدىن چىقتى. پىروفېسسور گەپ - سۆز قىلماي ئۇنىڭ ئالدىدا مېڭىپ دەرۋازىنى ئېچىپ بەردى. نۇشا ئېھتىيات بىلەن

دەرۋازىدىن چىقتى. ئاندىن ئىشىكنىڭ تاقالغانلىقى ئاڭلاندى. كارىدوردىن، ئاندىن پەلەمپەيدىن ئاياغ تىۋىشى كەلمەكتە ئىدى. دېمەك، پىروفېسسور يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتكەنىدى.

نۇشا ئۆيئىچىدىكى شەپكە قۇلاق سېلىپ دەرۋازا سىرتىدا تۇراتتى. يامغۇر داۋاملىق يېغىۋاتاتتى. قاراڭغۇچىلىق دەستىدىن ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ پىروفېسسورغا قورسىقى كۆپتى: «بۇ قېرى تازىمۇ ھۇۋقۇشتەك بىر نېمە ئىكەن. نېمانداق ئالجوقا سۆزلەيدىغاندۇ؟» دەپ ئويلاپ قالدى.

لېكىن، ئۇ بۇ ئائىلىدىن مېھرىنى ئۈزەلمەيتتى. ئۇ بىر نەچچە يىلدىن بېرى بىر ئائىلىگە ئېرىشكەنىدى. ئۇ بۇ يەردە كۆڭۈللۈك، ئەركىن ئۆتۈۋاتاتتى. ئەسلىدە ئۇ مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇماقچىدى. قېلىن - قېلىن كىتابلارنى قولتۇقلاپ، كۆڭۈللۈك ھالدا مەكتەپكە كىرەتتى، ئاندىن ئوتتۇرا مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەتتى. نادىرەمۇ شۇنداق دېگەنىدى. بىراق، نادىرە ئۇنىڭ شېرىن چۈشىنى بىتچىت قىلىۋەتتى. نۇشا ھەم نادىرەدىن خاپا بولاتتى، ھەم ئۇنى سېغىناتتى. ئۇ زىلۋا بوي، كىشىنى مەپتۇن قىلارلىق قىز ئىدى. ئۇ ھەدېسىلا نۇشانى ئەيىبلەيتتى. لېكىن، نۇشاغا ئۇنىڭ خاپا بولغان ۋاقتى بەك قىزىق تۇيۇلاتتى. ئەمدى ئۇنى كۆرەلمەيدىغان بولدى. شۇلارنى ئويلاپ نۇشانىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى. ئۇ تەنھالىقتا ئەمدى كاراچىدىن ئايرىلىپ، ئانىسىنىڭ قېشىغا كېتىش خىيالىغا كەلدى: «ئىشلار ھامان كۆڭۈلدىكىدەك بولمايۋاتىدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە ئۆيگە قايتىپ كېتەي» دەپ ئويلىدى ۋە ئەتىسى ئەتىگەنلىك پويىزغا ئولتۇرۇپ، كاراچىدىن مەڭگۈگە كېتىش قارارىغا كەلدى.

تۈن يېرىملاشقان بولۇپ، يامغۇر توختىماي يېغىۋاتاتتى. نۇشا پويىز ئىستانسىسىنىڭ يولۇچىلار پويىز كۈتۈش ئۆيىدە كېچىنى ئۆتكۈزمەكچى بولدى. شۇ چاغدا ئۇ راجانى ئېسىگە ئالدى - دە، «ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ ئاندىن ماڭاي، كىم بىلسۇن،

كەلگۈسىدە ئۇنىڭ بىلەن يەنە كۆرۈشەلەمدىمەن، يوق» دەپ ئويلىدى.

پىروفېسسورنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا تۈرتۈپرىشكە بولمايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بوغچىسىنى بېشىغا قويۇپ، يامغۇرغا قارىماي چوڭ يول تەرەپكە ماڭدى. ئۇ راجانىڭ يېنىغا كەلگەندە تۈن قاراڭغۇسى تېخىمۇ سۈرلۈك بولۇپ كەتكەنىدى. راجا تۈگۈلۈپ بىر بۇلۇڭدا ياتاتتى. ئۇنىڭ يېنىدا بىر ئىت ياتاتتى. راجا ئۈستىگە دالدا قىلغان يوپۇقتىن توروكلاپ تامچا ئۆتۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئىچى لاي ھەم سېسىق ئىدى. نۇشا قەدىمىنى توختاتتى. ئۇ ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى. شۇ ئەسنادا ھاۋشىپ ئىت قاۋىدى، ئاندىن راجانىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— كىم؟

— مەن، نۇشا، بۇ يەر تازىمۇ قاراڭغۇ ئىكەن، — دېدى نۇشا.

— ھەي ي ي، شۇنداق قارا پېشانە يارىلىپتىكەنمەن. قېنى كىر، كىرە، — دېدى راجا روھسىز ھالدا.

نۇشا ئېڭىشىپ كىردى. كۆچلۈك سېسىقچىلىق ھىدى دىماغقا ئۇرۇپ تۇراتتى. ئۇ ئۇندىمەستىن كېلىپ راجانىڭ قېشىدا ئولتۇردى.

— يامغۇر يېغىۋاتسا كەپسەنغۇ؟ — دەپ سورىدى راجا.

— ئەتە ئەتىگەنلىك پويىزغا ئولتۇرۇپ ئۆيگە قايماقچىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى نۇشا.

— راستمۇ؟ — راجا ئىشەنمىدى، — راست گەپ قىل.

— يالغان دەۋاتمايمەن.

— بىراق، سەن كىتاب ئوقۇشقا باشلىغانلىقىڭنى دېگەن ئەمەسمۇ؟ يەنە مەكتەپكە بېرىپ تىزىملىتىمەن، ئوتتۇرا مەكتەپنى ئوقۇپ تۈگىتىپ، كەلگۈسىدە ئۇنى قىلىمەن، بۇنى قىلىمەن دېگەن گەپلەرنى قىلىۋاتاتتىڭ تېخى. بۇ پىلانلىرىڭ نېمە بولدى؟

— ئەسلىدە ئىش شۇنداق بولماقچىدى، لېكىن مېنىڭ

پېشانەم تەتۈر ئىكەن.

راجا ئۈنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ:

— تېخى ئەمدىلا كەلگەن تەلەي يەنە قېچىپتۇ - دە، بۇ زامان بىزنى نابۇت قىلىۋەتتى، — دەپ غودۇڭشىپ قويدى.

— ھەي، چاقچىقىڭنى قوي، — دېدى نۇشا تىت - تىت بولۇپ، — مەن ساڭا توغرا گەپ قىلىۋاتسام، سەن چاقچاقىغا ئايلاندۇرۇۋاتىسەن. قىلچە ئىش ئۇقمايدىغان بىر تەنتەك ئىكەنسەن.

— ئاداش، — دېدى راجا، — ئىچىمدە خۇشال بولۇۋاتىمەن. سەن كېلىپ ماڭىمۇ بىر مۇڭداشقىلى ئادەم چىقتى. مەن چۈشتىن تارتىپ مۇشۇ يەردە يېتىۋاتىمەن. ئۈنىڭ ئۈستىگە قىزىۋاتىمەن، — ئۇ قاتتىق يۆتىلىپ كەتتى. نۇشا ئۈنىڭ پېشانىسىنى تۇتۇپ باقتى. ئوتتەك قىزىق ئىدى. ئۈنىڭ كىيىملىرى خۇددى كىرچىنىڭ سۇ قاچىلانغان ئىدىشىغا چىلانغاندەك چىلىق - چىلىق سۇ بولۇپ كەتكەنىدى.

— ۋۇي، بىرنېمە يېدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى نۇشا.

— ياق، قورسىقىممۇ ئاچمىدى.

— قېنى بىر تاماكا چەك.

— ھەي، نۇشا، راست گەپ قىلسام، سېنىڭ كەلگىنىڭگە كۆڭلۈم بەك خۇشال بولدى.

ئىككىيلەن تاماكا تۇتاشتۇرۇپ پۇرقۇرىتىپ چېكىشكە باشلىدى. يامغۇر توروكلاپ يوپۇقنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ، سوغۇق شامال ۋىژىلداپ سوقۇپ تۇراتتى. ئىككىيلەن خېلى ئۇزاق پاراڭلاشتى. كېيىن نۇشا تامغا يۆلىنىپ كۆزىنى يۇمدى، راجامۇ مۈگدىگىلى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن ھارغىنلىق يېتىپ ئىككىلىسى ئۇخلاپ قالدى.

نۇشا تۈن نىسپىدىن ئۆتكەندە ئويغىنىپ كەتتى. ئىت يامغۇردا قالغاچقا، غىڭشىپ ئۈنىڭ ئىككى پۇتىنىڭ ئارىلىقىغا كىرىۋالغانىدى. نۇشا دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— ھۆ ئاناڭنى، ئەجەبمۇ قورقۇپ كەتتىم، — دەپ تىلىلدى ئۇ.
ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ راجامۇ ئويغىنىپ كەتتى.
— ھەي، نېمە بولدى؟
— نېمە بولاتتى، سېنىڭ ئىتىڭ بولمايدۇ، — دېدى نۇشا خاپا بولۇپ، — قارا، سېنىڭ باققان بىرنېمەڭنى.
— ئاداش، — دېدى راجا ئىنتايىن نائۈمىد بولۇپ، — ئىنسان بىلەن ئالاقەم ئۈزۈلگەن تۇرسا، ھايۋان بىلەن بىللە تۇرسام بولمامدىكەن؟ — ئۇنىڭ ئازابلىنىش بىلەن تولغان بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ، نۇشانىڭ تېنى جۇغۇلداپ كەتتى.
يامغۇر توختاپ، ئاستا ـ ئاستا تاڭ يورۇغىلى تۇردى.
— تاڭ يورۇپ قالدى، مەن پويىز ئىستانسىسىغا باراي، — دېدى نۇشا.
— يەنە بىردەم ئولتۇرغىن، — دېدى راجا دەرھال.
نۇشانىڭ يېنىدا ئوتتۇز رۇپىيە ۋە يەنە بىر ئاز پارچە پۇل بار ئىدى. ئۇ ئاستاغىنا يانچۇقىدىن بەش رۇپىيەلىك تىيىزىدىن بىرنى ئېلىپ راجاغا سۇندى.
— ماۋۇ بەش رۇپىيەنى يېنىڭغا سېلىپ قويغىن.
— ياق، ئاداش. سېنىڭ پۇلۇڭنى ئالسام بولمايدۇ. مېنىڭ كارىم چاغلىق. سەن ئۆيدىن ئايرىلغىلى ئۇزاق بولدى، ئىككى قولۇڭنى بۇرنۇڭغا تىقىپ قايتساڭ، كىشىلەر نېمە دەيدۇ؟
نۇشا ئال دەپ زورلاپ تۇرۇۋالدى، بىراق راجا ئالغىلى ئۇنىمىدى.
— بولدى، گېپىم قۇرۇپ كەتتى، بىر تال تاماكا بەرگىنە، — دېدى ئۇ.
ئىككىيلەن بىر تالدىن تاماكا تۇتاشتۇردى. راجا يېنىدىن ئۇزۇن بىر پىچاقنى ئېلىپ نۇشاغا سۇندى.
— ماۋۇنى ئېلىۋال، ئەسقېتىپ قالار. ماڭا ئەمدى بۇنىڭ لازىمى يوق، — دېدى ئۇ.
— مەن يېنىمدا پىچاق ساقلايدىغان ئادىتىمنى ئۆزگەرتتىم.

ئۆزۈڭ يېنىڭدا قويۇپ قويغىن، ــــ دېدى نۇشا دەرھاللا.
ــــ ئالغىن، مەندىن ساڭا يادىكار بولۇپ قالسۇن، ــــ دېدى ئۇ تۆۋەن ئاۋازدا، ــــ يېنىمدا قويسام، بەلكىم كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئۆز قولۇم بىلەن قارنىمنى يېرىۋېتىشىم مۇمكىن. بۇنداق ھاياتنىڭ نېمە ئەھمىيىتى، بۇنداق ياشاش ئازابلىنىشتىن باشقا نەرسە ئەمەسقۇ.
نۇشا پىچاقنى ئېلىپ، ئاستا قويۇپ قويدى. ئۇنىڭغا تاڭ ئالدىدىكى خىرە ـ شىرە يورۇقلۇقتا راجانىڭ چىرايى بەكمۇ قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈپ كەتتى. راجا نەپىسى بوغۇلۇپ، قاتتىق ـ قاتتىق نەپەس ئالماقتا ئىدى. جاراھەتلىرى توختىماي ئاغرىپ تۇرغانلىقتىن، ئۇ پات ـ پات ئىڭراپ تۇراتتى. ئاخىر نۇشا ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭماقچى بولغاندا، راجا:
ــــ يەنە جىنىدەك ئولتۇرغىن، ــــ دەپ چىن كۆڭلىدىن ئۆتۈندى، ــــ مېنىڭ بىردىنبىر يۆلەنچۈكۈم سەن. بۇ دۇنيادا مېنىڭ بىرەرمۇ يېقىن ئادىمىم يوق، ــــ ئۇ شۇنداق دەۋېتىپ، ئاۋازى بوغۇلۇپ، ئاندىن يىغلىۋەتتى ۋە نۇشانىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، يۈزىنى ئۇنىڭ قولىغا ياقتى.
ــــ نۇشا، خۇدا ھەققى، مېنى تاشلىۋەتمىگىن. مېنىڭ قېرىنداش ـ تۇغقان ياكى يار ـ بۇرادىرىم يوق. ئاھ پەرۋەردىگارىم، سەندىن ئۆزگە پاناھىم يوق، ــــ ئۇ ئاللاغا داد ـ پەرياد ئەيلەپ يىغلاپ كەتتى. نۇشانىڭ ئىچى سىيرىلىپ، كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلۈپ كەتتى ۋە ئۇنىڭ ياشلىرى راجانىڭ يۈزىگە چۈشتى.
ئىككىيلەن ئۇزاققىچە يىغلاشقاندىن كېيىن، راجا ئۇنىڭ قولىنى قويۇپ بېرىپ، ئاستا ئولتۇردى.
ــــ ئەمدى ماڭغىن، كېچىكىپ قالمىغىن، ئاناڭ يولۇڭغا قاراپ قالمىسۇن، ــــ دېدى ئۇ نۇشاغا.
نۇشا جاۋاب قايتۇرماي، يانچۇقىدىن تاماكا قۇتىسىنى ئېلىپ راجاغا بەردى. ئاندىن بوغچىسىنى ئېلىپ سىرتقا چىقتى.

ئۇ سىرتقا چىقىپ بولۇپ، يەنە قايرىلىپ راجاغا قارىدى. راجانىڭ كۆزلىرى ياشقا تولغانىدى.

— ئاداش، ماڭغىن، كېچىكىپ قالىسەن بىكار، — دېدى ئۇ نۇشانىڭ توختىغانلىقىنى كۆرۈپ. ئۇ شۇنداق دەپ بولۇپلا يۈتىلىپ كەتتى. نۇشا يۈرۈپ كەتتى. لېكىن، راجانىڭ يۆتەل ئاۋازى يەنىلا ئۇنىڭ قۇلىقىدىن كەتمىدى.

ئۇ پويىز ئىستانسىسىغا كەلدى، پويىز سۇپا ئالدىغا كېلىپ بولغانىدى. ئۇ پويىز بېلىتى ئېلىپ، ئۈچىنچى دەرىجىلىك ۋاگونغا چىقىپ ئولتۇردى. پويىزنىڭ مېڭىشىغا تېخى بىر ئاز ۋاقىت بار ئىدى، بىراق يولۇچىلار قىستا - قىستاڭ بولۇپ كەتكىلى تۇردى.

بىر سائەتتىن كېيىن پويىز يۈرۈپ كەتتى. ۋاگون يولۇچىلار بىلەن لىق تولۇپ كەتكەنىدى. ئۇلار كۇلكە - پاراڭلار بىلەن ئولتۇرۇشاتتى. نۇشا بولسا بىر بۇلۇڭدا جىم ئولتۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ شەھىرىنى، ئاھالىلەر رايونىنى، يەنە ھېلىقى تار كوچىسىنى، كوچا بېشىدىكى شەھەر مەمۇرىيىتى كومىتېتىنىڭ يول چىرىغىنى، ئاخشاملىرى ھەممە بالىلارنىڭ چىراغ ئاستىدا ئويناپ ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتۈرىدىغانلىقىنى ئەسلىدى. ئۇ ئاھالىلەر رايونىدىكى ئەڭ پاكار ئۆيلەرنىمۇ ئەسلىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ ئۆيىمۇ بار ئىدى. ئۇ يەنە ئانىسىنى، ئاچا ۋە ئىنىسىنى سېغىندى: «ئۇلار ھازىر قانداقىراق تۇرغاندۇ؟ ئۇلار مېنى كۆرسە نېمە دەر؟» دېگەندەك ئوي - ئەسلىمىلەر ئۇنىڭ خىيالىغا بىر - بىرلەپ كېلىشكە باشلىدى... پويىز ئۇچقاندەك كېتىۋاتاتتى، نۇشا ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ خىيالغا چۆمۈپ كەتتى.

نۇشا پويىزدىن چۈشكەندە تۈن يېرىملاشقانىدى. ئۇ جىمجىت مېڭىپ ۋوگزال بىناسىدىن چىقتى - دە، بىر ئۈچ چاقلىق ھارۋىغا قاراپ ماڭدى. يېقىنراق بېرىپ قارىسا، ئۇنى قەيەردىدۇر كۆرگەندەك قىلدى. ھارۋىكەش ئورۇق، ياش بالا بولۇپ، چاچلىرى ئۆسكىلەڭ، بېشى يوغان، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن ۋە

قىسىق ئىدى.

ئۇمۇ نۇشاغا زەن قويۇپ قاراپ:

— نۇشا، قايتىپ كەپسەن! — دەپ تۇۋۇلىغان پېتى ئىختىيارسىز هالدا نۇشا بىلەن قۇچاقلىشىپ كەتتى. بۇ شامى ئىدى. نۇشا ئۇنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتتى.

— ۋۇي، قاچاندىن بېرى بۇ ئىشنى قىلغىلى تۇردۇڭ؟ — دەپ سورىدى نۇشا.

— دادام ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئائىلىمىزنىڭ تۇرمۇشى قىيىن بولۇپ قالدى.

— داداڭ ئۆلۈپ كەتتىمۇ، قاچان؟

— بۇ يىل ئۇچىنچى يىلى.

— سىلەرنىڭ دۇكىنىڭلار يەنە بارمۇ؟

— دۇكاننى دادام يېتىپ قالغان چاغدا سېتىۋەتكەن، — شامى ئۆزىنىڭ غەم - قايغۇلىرىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ هازىر ئەتىگەندە گېزىت سېتىپ، ئاخشىمى ئۇچ چاقلىق هارۋا هەيدەيتتى. ئائىلىسىدە يەتتە جان تاماق يەيتتى. هەممە يۈك ئۇنىڭ زىممىسىگە ئارتىلغانىدى. ئۇنىڭ سالامەتلىكى ياخشى ئەمەس ئىدى. گەپ قىلىۋېتىپ، توختىماي يۆتىلىپ تۇراتتى. ئۇ ئۇشتۇمتۇت نۇشادىن:

— سەن نەگە كېتىۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى. نۇشا ئۇنىڭ سوئالىغا بىرئاز هەيران بولدى.

— ئۆيگە كېتىۋاتىمەنغۇ، باشقا نەگە باراتتىم.

— قايسى ئۆيگە؟

نۇشا هودۇقۇپ قالدى.

— ۋۇي، نېمىلەرنى دەۋاتىسەن، ئۆزۈمنىڭ ئۆيىگىچۇ، ئاشۇ تار كوچىدىكى ئۆيگە. مېنىڭ يەنە قايسى ئۆيۈم بار ئىدى؟

— هە، سېنىڭ تېخى هېچ ئىشتىن خەۋىرىڭ يوق ئىكەن - دە؟

— دېدى شامى بېشىنى ساڭگىلىتىپ پىچىرلاپ.

نۇشانىڭ يۈرىكى قاتتىق سوقۇپ كەتتى. ئۇ لاغىلداپ

تىترەپ:

— نېمە؟ — دېگەن گەپنىلا دېيەلىدى.

— ھازىر ئۇ يەردە ھاجى رەھىم باخشى ئولتۇرىدۇ، — دېدى شامى.

— ئەمىسە، ئانامچۇ؟ — ئالدىراپ - تېنەپ سورىدى نۇشا.

— ئۆلۈپ كەتكىنىگە ئىككى يىل بولدى، — دېدى شامى قاتتىق ئېچىنغان ھالدا.

بۇ نۇشاغا غايەت زور زەربە بولدى. ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا شامىغا ئېسىلىپ يىغلاپ كەتتى. بىردەم يىغلىغاندىن كېيىن، ئېسەدەپ تۇرۇپ:

— ئاچام بىلەن ئانۇ قەيەردە؟ — دەپ سورىدى.

شامى گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى.

— سەن كەتكەندىن كېيىن ئۆيۈڭلاردا بىرمۇنچە غەلىتە ئىشلار يۈز بەردى. ھازىر مەن بىلەن بىللە بىزنىڭ ئۆيگە بارغىن. ئولتۇرۇپ ئالدىرىماي سۆزلەپ بېرەي. سۆزلەپ كەلسەك گەپ تولا.

نۇشا قاتتىق تۇرۇۋالدى.

— ئاۋۋال سۆزلەپ بەر. سېنىڭ گېپىڭ مېنىڭ كۆڭلۈمنى بەك بۇزۇۋەتتى. ئاھ، ئانام، دىدارىڭنىمۇ بىر كۆرۈۋالالماپ-تىمەن... — نۇشا يەنە يىغلاپ كەتتى.

— سەۋر قىل. ھارۋىغا چىقە، يولدا بارغۇچە سۆزلەپ بېرەي، قارا، ئاسماننى قارا بۇلۇت بېسىپ كەتتى، يامغۇر يېغىپ قالسا چاتاق بولىدۇ.

نۇشا ھارۋىغا چىقىپ ئولتۇردى. شامى ھارۋىنى ھەيدەپ يۈرۈپ كەتتى. بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن نۇشا يەنە سوئال سورىدى.

— دېگىنە، سۇلتانە بىلەن ئانۇچۇ؟

— ئانۇنىڭ گېپىنى قىلمايلا قويە. ئۇ تەنتەك كىشىنىڭ يۈزىنى قويمىدى.

— نېمىشقا؟

— ئۇ ئادەممىكىن دېسە ئادەم ئەمەس، ئالۋاستىمىكىن دېسە ئالۋاستى ئەمەس، ئاشۇنداق بىرمۇنچە بىرنېمىلەر بىلەن ئېغىز يالىشىپ يۈرىدۇ. ھەر كۈنى ئاخشىمى گىرىم قىلىپ، ھېلىقى بىرنېمىلەر بىلەن بىللە كوچا ئايلىنىپ، چاۋاك چېلىپ ئاياللاردەك بېلىنى تولغاپ يۈرىدۇ. نومۇس دېگەننى قىلچىمۇ بىلمەيدۇ. كۆڭلۈڭگە كەلمىسۇن، ئۇ مېنىڭ ئىنىم بولىدىغان بولسا، ئۇنى چاناپ تۆت پارچە قىلىۋەتمەي قويمايتتىم، كىشىنىڭ يۈزىنى چۈشۈرۈۋەتتى، دېگىنە.

نۇشا ئاچچىقى كېلىپ تىترەپ كەتتى.

— ئۇ نەدە تۇرىدۇ؟

— نەدە تۇرىدىكىنتاڭ، ئاخشىمى جەزمەن كوچىدا كۆرگىلى بولىدۇ.

نۇشا ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىۋېلىپ، ئاندىن يەنە سورىدى:

— سۇلتانەنىڭ نەدىلىكىدىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟

شامى دۆڭگە چىقىپ كېتىۋاتاتتى، ئۇ ھاسىراپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن نۇشا يەنە ئابايىقى سوئالىنى تەكرارلىدى.

— ئۇ نىياز بىلەن بىللە تۇرىدۇ، — دېدى شامى.

— نىياز بىلەن؟ — دېدى نۇشا ھەيران بولۇپ.

— ھەئە. ئاشۇ كوناماللار دۇكىنى ئاچقان نىياز بىلەن، ھازىر ئۇ چوڭ ئادەم بولۇپ كەتتى، زامانىۋى كىچىك بىنادا تۇرىدۇ. سۆلىتىنى ئات تارتالمايدۇ، كىيىشى كاستۇم ـ بۇرۇلكا. ئادەتتىكى ئادەملەرگە قاراپمۇ قويمايدۇ. ئۇ ناھايىتى بېيىپ كەتتى. سەن كۆرسەڭمۇ تونۇماي قالىسەنغۇ دەيمەن.

— بىراق، سۇلتانە نېمىشقا ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرىدۇ؟

— ئاداش، مۇنداق ئىش، سېنىڭ ئاناڭ نىياز بىلەن توي قىلغان. خاپا بولمىساڭ، گەپنى ئۇدۇللا ئېيتاي، سۇلتانەنى نىياز ئازدۇرۇپ كېتىپتۇ، نىياز سېنىڭ ئاناڭنى زىيانكەشلىك قىلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ، مەھەللىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ۋاسى شۇنداق دەيدۇ، — ئۇ ھارۋىنى ھەيدەپ كېتىۋېتىپ، سۆزىنى ئۈزۈپ ـ

ئۇزۇپ داۋاملاشتۇردى، — ئۇ گۈيىنىڭ قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىدى، ئۇچىغا چىققان ئەسكى نەرسە ئىكەن ئۇ.

نۇشا ئۇنچىقماي قۇلاق سېلىپ ئاڭلىدى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ:

— نىيازنىڭ ئۆيىنى بىلەمسەن؟ — دەپ سورىدى.

— بىلىمەن.

— ئەمىسە، مېنى شۇ يەرگە ئاپىرىپ قوي.

— ئاداش، ئۇ يەرگە بېرىپ نېمە قىلىسەن؟ ئۇ يەر يىراق.

ئۇ نىيازنىڭ ئۆيىگە بارىمەن دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. شامى نائىلاج هارۋىنى شۇ تەرەپكە بۇرىدى. شۇنىڭدىن كېيىن نۇشا كەمدىن ـ كەم سۆزلىدى. بەزىدە شامىنىڭ سۆزىگە مۇنداقلا بىر ـ ئىككى ئېغىز جاۋاب بېرىپلا قوياتتى. شامى مەھەللىدىكى باشقا كىشىلەر توغرۇلۇق ئۇزۇپ ـ ئۇزۇپ سۆزلەپ ماڭماقتا ئىدى.

ئۇ ئىككىيلەن نىيازنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەچ سائەت ئون بىر بولغاندا يېتىپ كەلدى، نۇشا هارۋىدىن چۈشۈپ، كىرا ھەققى ئۈچۈن شامىغا بىر رۇپىيە بەرمەكچى بولىۋىدى، شامى خاپا بولۇپ كەتتى.

— سەنزە كاراچىدا ئىككى تال پۇل تېپىپ، مېنىڭ ئالدىمدا بايۋەچچىلىك قىلىۋاتامسەن؟ — دېدى ئۇ چىرايىنى تۈرۈپ، — ئەتە ئەتىگەندە بىزنىڭ ئۆيگە بار، بىللە تاماق يەيلى. ئېسىڭدە بولسۇن، نىيازنىڭ ئۆيىدە ئۇزاق تۇرما، — ئۇ شۇنداق دەپ بولۇپلا هارۋىغا چىقىپ، ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى.

نۇشا دەرۋازا ئالدىدا جىمىدە تۇردى. ئەتراپ قاپقاراڭغۇ ئىدى. گەرچە بىر دېرىزىدىن ئازراق يورۇق چۈشۈپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يورۇقلۇق بەكمۇ غۇۋا ئىدى. يەنىلا ئەتراپتا هېچنېمىنى ئېنىق كۆرگىلى بولمايتتى. نۇشا ئاستا دەرۋازىنى ئېچىپ كىچىك باغچىغا كىردى. ئۇ پېشايۋان تەرەپكە ماڭماي، دەرەخلىككە بۇرۇلدى، ئۇ يەر تېخىمۇ قاراڭغۇ ئىدى. ئۇ ھەربىر

قەدىمىنى ئېھتىيات بىلەن باساتتى. ئۇنىڭ ئايىغىدا خازانلار شىلدىرلاپ تۇراتتى. ئۇنى غەلىتە بىر خىل ۋەھىمە قاپلىۋالغانىدى.

ئۇ ئايىغىنى سىلىپ دەرەخ تۈۋىدە قويۇپ قويدى. قولىدىكى بوغچىسىنىمۇ شۇ يەرگە قويدى. ئاندىن ئېھتىيات بىلەن مېڭىپ، ئۆينىڭ ئەتراپىنى بىرقۇر ئايلىنىپ كۆزىتىپ چىقتى. ئۆيئىچى تىمتاس ئىدى. ئۇ بىر ئوچۇق دېرىزىدىن ئۆيگە كىرىپ، ئاستا مېڭىپ، چىراغ يېنىپ تۇرغان ئۆيگە يېقىنلىشىپ باردى. ئۆينىڭ ئىشىكى ئوچۇق ئىدى.

ئۇ كارىدوردىكى بىر تۈۋرۈكنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ ئۆينىڭ ئىچىگە قارىدى. نىياز ئۇدۇلدىكى ساپادا كۆزلىرىنى يۇمۇپ، توختىماي ئۇھ تارتىپ، سىگار يان ياتاتتى. نۇشا پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئىشىك ئالدىغا كەلدى، نىياز قىلچىمۇ سەزمىدى، شۇنىڭ بىلەن نۇشا غىپپىدە ئۆيگە كىردى.

ئۇشتۇمتۇت ئۇ تاراققىدە قىلىپ بىرنېمىگە پۇتلىشىپ كەتتى. بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ نىياز كۆزىنى ئېچىپ، ئالاقزەدە بولغان هالدا نۇشاغا قارىدى، لېكىن ئۇ ئاغزىنى ئېچىپ بىرنېمە دېگۈچە، نۇشا ئوقتەك ئېتىلىپ بېرىپ نىيازنىڭ بىقىنىغا خەنجەر ئۇردى، نىياز بىر ۋارقىراپلا يەرگە يىقىلدى. نۇشا بىر پۇتى بىلەن تىزلىنىپ تۇرۇپ ئارقا ـ ئارقىدىن بىرنەچچە قېتىم خەنجەر ئۇردى. ئۇ خەنجەرنى نىيازنىڭ كۆكرىكى، قورسىقى، بوينى، بىلەكلىرى ۋە باشقا جايلىرىغا تىقىۋەردى. يەر قانغا بويالدى. نىياز بىردەم جان تالاشقاندىن كېيىن جان ئۈزدى.

نۇشا قانغا بويالغان خەنجەرنى چىڭ تۇتقان پېتى قاتتىق هاسىراپ ئولتۇراتتى، شۇ ئەسنادا سىرتتىن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. نۇشا قارىسا، سۇلتانە ئىكەن. ئۇ كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ هەيران بولۇپ نۇشاغا قارىدى، ئاندىن قان ئىچىدە ياتقان نىيازنى كۆرۈپ، چۆچۈپ داڭ قېتىپ قالدى.

ـــ ۋىيەي ! نۇشا، بۇ نېمە قىلغىنىڭ ! ـــ دېدى ئۇ يۇقىرى

ئاۋازدا.

نۇشا لام ـ جىم دېمەي ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاستا ئىشىككە قاراپ ماڭدى. سۇلتانە ئۇنىڭ قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى.

ــــ ئەمدى نەگە بارىسەن؟ ــــ دېدى ئۇ بوش ئاۋازدا.

نۇشا ئۇنىڭغا زەردە بىلەن قاراپ قويۇپ:

ــــ ساقچى ئىدارىسىگە، ــــ دېدى. ئۇنىڭ ئاۋازى دۇمباق چالغاندەك چىقىپ كەتتى.

سۇلتانە يۈگۈرۈپ ئىشىك ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇۋالدى.

ــــ مەن سېنى ھېچ يەرگە بارغۇزمايمەن.

ــــ يوقال، جالاپ. كۆزۈمدىن يوقال! بولمىسا، سېنىمۇ ئۆلتۈرۈپ قىيما ـ چىيما قىلىۋېتىمەن، ــــ دېدى نۇشا ۋارقىراپ.

ــــ مېنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەت ! مېنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەت ! ــــ دېدى سۇلتانە ئەقلىدىن ئازغاندەك. نۇشا ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ كۆچەپ بىر ئىتتىرىۋىدى، ئۇ ئىشىككە سوقۇلۇپ يىقىلىپ چۈشتى، نۇشا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى، سۇلتانە يۈگۈرۈپ چىقىپ ئۇنىڭ پۇتىنى قۇچاقلىۋالدى.

ــــ نۇشا، جېنىم ئۇكام! خۇدا ھەققىدە، مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلا !

ئۇ ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. تەلەتىدىن جالالەتلىق چىقىپ تۇرغان نۇشا ئۇنى بىر تېپىپ يۇمىلىتىۋەتتى. ئاندىن تېز قەدەم تاشلاپ مېڭىپ كەتتى، سۇلتانە يەردە يېتىپ تۇرۇپ تۇۋلاپ قالدى.

ــــ نۇشا، خۇدا ھەققى، كەتمىگىن ! نۇشا... نۇشا...

نۇشا كىچىك بىنادىن چىقىپ، خازانلارغا دەسسەپ ھويلىدىن چىقىپ چوڭ يولغا كەلدى. ئۇ ئېغىر قەدەملىرىنى سۆرەپ، قانغا بويالغان خەنجەرنى تۇتقان پېتى ساقچى ئىدارىسىگە قاراپ كەتتى.

# ئون بىرىنچى باب

## 1

سۇلايمان ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ، بۇرۇلۇپ قاراپ، ئارقىسىدا ئېگىز بويلۇق، ئاق پۇسمىلاق كەلگەن ياش بىر يىگىتنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. سۇلايمان ئۇنىڭ كىملىكىنى ئەسلەشكە تىرىشىپ ئولتۇرۇپ كەتتى، بىردەمدىن كېيىن نېمە ئېسىگە كەلدىكىنتاڭ، ئورنىدىن تۇردى. ناتونۇش كىشى ئۆزىنى تونۇشتۇردى.

— مەن ئىنىس جافور بولىمەن.

ئۇ قولىنى ئۇزارتىپ، سۇلايماننىڭ قولىنى چىڭ قىستى. ئۇ شۇنداق قىزغىنلىق بىلەن قاتتىق قىسىپ، سۇلايماننىڭ بارماقلىرىنى ئاغرىتىۋەتتى. سۇلايمان ئەمدى دەرھال ئۇنى تونۇدى. ئۇ سۇلايمانلارنىڭ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئىنىس ئەھمەت جافور ئىدى. ئۇ ئەسلىدە شىركەتتىكى يۇقىرى دەرىجىلىك بىر خىزمەتچى بولۇپ، ئامېرىكىدا بىر يىل ئوقۇپ، تېخى مۇشۇ ھەپتىدىلا ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەنىدى. شۇ كۈنى ئۇ تۇنجى قېتىم ئىشخانىغا كېلىپ، ھازىر بۆلۈم ئەزالىرى بىلەن بىر ـ بىرلەپ كۆرۈشۈۋاتاتتى.

ئۇنىڭ پېشانىسى دوقا، بۇرنى ئىنچىكە، كۆل رەڭ چاچلىرى قىسقا بولۇپ، ئاستىغا كانايچە شالۇۋۇر، ئۈستىگە كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئاق نىلون كۆڭلەك كىيگەن، چىرايلىق گالستۇك تاقىغانىدى. ئۇ گەپ قىلغاندا توختىماي مۇرىسىنى قىسىپ قوياتتى. تاۋۇشى قۇلاققا سەت ئاڭلىناتتى. ئۇ ئامېرىكا تەلەپپۇزىدىكى ئىنگلىزچىنى راۋان سۆزلەيتتى. سۇلايمان بىلەن

سۆزلەشكەندە ھامان ئۇنى سالۇمېن ئەپەندى دەيتتى. سۇلايمانغا ئۇنىڭ ئاۋازى غەلىتە تۇيۇلدى. لېكىن، ئۇ تۇنجى قېتىم ئۇچرىشىشتىلا ئىنىس ئەھمەت جافور قىزىقارلىق ياش ئىكەن دەپ ھۆكۈم قىلدى.

كېيىن خىزمەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدا، سۇلايمان ئۇنىڭ بىلەن يەنە كۆپ قېتىم ئۇچراشتى. ئۇ جافوردا قىلچىمۇ ئەمەلدارلىق كىبىرى يوقلۇقىنى، گەپ قىلغاندا پوزىتسىيەسى سىلىق بولۇپ، كۈلۈمسىرەپلا تۇرىدىغانلىقىنى، تۆۋەن دەرىجىلىكلەرگە كۆيۈنىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. جافور ئاشۇنداق پوزىتسىيە بىلەن ھەم تۆۋەن دەرىجىلىكلەرنىمۇ رەنجىتمەيتتى، ھەم ئۇلارنى كۆپرەك ئىشلىتەتتى. ئۇ مۇنداق رەھبەرلىك سەنئىتىنى ئامېرىكىدا ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە ئۆگىنىۋالغانىدى. ئۇ ئىشتىن قايتقاندىن كېيىن، ئەگەر سۇلايماننى قالدۇرۇپ قالماقچى بولسا، ھامان ئۇنىڭدىن:

— سالۇمېن ئەپەندى، بۈگۈن كەچقۇرۇن بىرەر ئىشىڭىز بار-يوقلۇقىنى ئاڭلاپ باقسام بولامدۇ؟ — دەپ سورايتتى.

سۇلايمان ئۇنىڭ مۇددىئاسىنى دەرھال چۈشىنەتتى-دە، كەچقۇرۇن ئىشى بولغان تەقدىردىمۇ دېمەيتتى. چۈنكى، ئۇ جافورنىڭ كۆڭلىنى قايتۇرۇشنى خالىمايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەستىن:

— يوق، بۈگۈن كەچقۇرۇن ھېچقانداق ئالاھىدە ئىشىم يوق، — دەپ جاۋاب بېرەتتى.

— سىزنىڭ ئازراق كەچقۇرۇنلۇق ۋاقتىڭىزنى ئېلىشىمغا رۇخسەت قىلارسىزمۇ؟ — دەيتتى جافور تەكەللۇپ بىلەن. ئاندىن ئۇ قىلىدىغان خىزمەتنى سۇلايمانغا تاپشۇراتتى.

ئۇ سۇلايماننىمۇ بۆلۈمدىكى باشقا خىزمەتچىلەرگە ئوخشاش دائىم يەكشەنبە كۈنلىرى ياكى باشقا دەم ئېلىش كۈنلىرى چاقىرىپ كېلىپ خىزمەتكە سالاتتى. ھەر قېتىم مۇنداق چاغلاردا جافور ئاۋۋال قوڭغۇراقنى بېسىپ خىزمەتكارنى چاقىرىپ،

چايخانىدىن سۇتلۇك چاي ئەكېلىشكە بۇيرۇيتتى. ئاندىن بىر تال ئامىرىكا تاماكىسى تۇتاتتى (ئۇ دائىم ئامىرىكا تاماكىسى چېكەتتى).

— سالۇمىن ئەپەندى، مالال بولماي كۇنتەرتىپىڭىزگە قاراپ باقسىڭىز ئىكەن، يەكشەنبە كۇنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇشىڭىز بارلىقىنى ئۇقۇپ باقاي دېۇدىم. مېنىڭچە، سىز دالا سەيلىسىگە قىزىقمايسىزغۇ دەيمەن. ھازىرقى ھاۋا رايىمۇ دالا سەيلىسىگە تازا لايىق ئەمەس، — دەيتتى ئۇ.

سۇلايماننىڭ كۇنتەرتىپىنى كۆرۈشى ھاجەتسىز ئىدى.

— مېنىڭ كۇنتەرتىپىمدە بۇ يەكشەنبە بىر بوشلۇق، — دەيتتى ئۇ.

جافور چوڭلاردەك كۇلۇپ تۇرۇپ:

— مۇشۇنداق ياشتىكىلەرنىڭ سەيلە - تاماشىنى ئازراق قىلغىنى ياخشى، — دەيتتى. بىرئاز تۇرۇۋېلىپ، ئاندىن ئاساسى ماۋزۇغا كېلىپ، ئادەتتىكىگە ئوخشاش تەكەللۇپ بىلەن سۆزلەيتتى، — مۇبادا دەم ئېلىشقا قىزىقمايدىغان بولسىڭىز، قىممەتلىك ۋاقتىڭىزنى كارىۋاتتا ئىسراپمۇ قىلىۋەتمەي، خىزمەتكە سەرپ قىلسىڭىزمىكىن دەيمىنا. ئەگەر شۇنداق قىلىش مۇمكىن بولسا، مەن بەك تەشەككۇر ئېيتقان بولاتتىم.

يۇقىرى باشلىق قول ئاستىدىكى كىشىلەرگە مۇشۇنداق تەكەللۇپ بىلەن تەلەپ قويغاندا، ئۇلارنىڭ رەت قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. سۇلايمانمۇ بۆلۈمدىكى باشقا خىزمەتچىلەرگە ئوخشاش، ئۇ نېمە دېسە خوپ دەپلا تۇراتتى. بەزىدە سۇلايمان جافورنىڭ مۇنداق يولسىز تەلەپلىرىنى قەتئىي قوبۇل قىلماي دەپمۇ ئويلايتتى. لېكىن، ۋاقتى كەلگەندە ئۇ ئېغىز ئاچالمايتتى.

جافورنىڭ مۇشۇ تۆھپىلىرى بەدىلىگە ئېرىشكىنى شۇ بولدىكى، شىركەت ھەر ئايدا ئۇنىڭغا بىر مىڭ بەش يۈز روپىيە ئىش ھەققى بېرىشتىن تاشقىرى يەنە بىرمۇنچە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئولتۇرغان كىچىك بىناسىنى شىركەت

بەرگەن، ئۇنىڭ چۈشۈپ يۈرگەن پىكاپىنىمۇ شىركەت ئېلىپ بەرگەن. ئۇ ھەر ئايدا يەنە شىركەتتىن ھەر خىل قوشۇمچە ياردەم ئۈچۈن مىڭ رۇپىيە ئالاتتى. ئۇ باياشات، ئازادە، يۇقىرى دەرىجىلىك تۇرمۇش كەچۈرەتتى ۋە يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر بىلەن ئارىلىشىپ يۈرەتتى.

ئۇنىڭ سۇلايمانىنى ناھايىتى ئەتىۋارلىغىنىدىنمۇ ياكى سۇلايماننىڭ ئۇنىڭغا بەكمۇ ئىتائەتچانلىق قىلغانلىقىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر ئۇ سۇلايمانغا ناھايىتى قىزغىن مۇئامىلە قىلاتتى. سۇلايمان خىزمەت ئىشلەش جەريانىدا بەزى سەۋەنلىكلەرنى سادىر قىلسىمۇ، لېكىن ھەرگىز خاپا بولماي، بەلكى ئۇنى چاقىرتىپ، سىلىق سۆزلەر بىلەن ئۇنىڭغا ئېيتاتتى، ئاندا ـ ساندا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىشكە توغرا كەلسىمۇ، گەپنى يۇمشاق قىلاتتى.

— يېقىندىن بۇيان قانداق ئىشنىڭ كۆڭلىڭىزگە ياقمايۋاتقانلىقىنى سوراپ كۆرۈشۈمگە ئىجازەت قىلارسىزمۇ؟ ئەگەر سىزگە ياردەم قىلالىغان بولسام، ناھايىتى خۇشال بولغان بولاتتىم.

سۇلايمان كۆڭلىگە ياقمايۋاتقان بىرەر ئىشنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتقاندا، ئۇ:

— مېنىڭ ئارخىپقا يازغان پىكىرىمگە دىققەت قىلدىڭىزمىكىن؟ بۇنىڭغا قارىتا سىزدە قانداق ئوخشىمىغان قاراش بارلىقىنى بىلەي دېۋىدىم، — دەيتتى ۋە سۇلايماننىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇراتتى، — بۇنىڭدىن كېيىن سىزنىڭ ئارخىپقا قىزىل قەلەم ئىشلىتىشىمگە سەۋەبكار بولماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلسام بولامدۇ؟

جافور ئادەتتە ئىنگلىزچە سۆزلەيتتى، ئاندا ـ ساندا ئوردۇچىمۇ سۆزلەپ قوياتتى. لېكىن، ئاۋۋال ئىنگلىزچە تەپەككۇر قىلىپ، ئاندىن ئۇنى ئوردۇچىغا تەرجىمە قىلىپ سۆزلەيتتى، ئۇ مۇنداق گەپ قىلىش ئۇسۇلىنى ئۆزىنىڭ

باشقىلارغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن قوللىناتتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئارگال ئۇنىۋېرسىتېتىنى ئوقۇپ تۈگەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۆگەنگەن باكلاۋۇرلۇق دەرسلىرىنىڭ بىرى ئوردۇچە تىل ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ رومانتىك شېئىرلار ئىدى. مەسىلەن:

مەن ئۈچۈن سەن تۆكمىگەيسەن تارام ـ تارام ياش،
چىراغنى بەك يورۇتما، ئاران قوشقاندا باش.
تاڭمىغايسەن رەسىمىمنىمۇ باغرىڭغا چىڭ،
ئاھ، يارىم! ئۇنتۇ مېنى، باغرىڭنى قىلىپ تاش.

ئۆتمۈشتە قىزلار ئۇنى ھۆۋقۇشنىڭ بالىسى، ئاتا ـ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن يېتىم بالىغا ئوخشايدۇ، تۇرقى ـ سىياقى قاماقخانىدا كىشىلەرگە ئۇنى ـ بۇنى يېزىپ بېرىپ ئولتۇرىدىغان كىشىدىن ھېچقانچە پەرقلەنمەيدۇ، دەپ قاراپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ھازىر قىزلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى كېلىشكەن يىگىت دېيىشەتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق ئىدى. كەچقۇرۇنلۇقى ئۇ بىر قۇر ياسىنىپ، يېپيېڭى پىكاپىنى ھەيدەپ سىرتقا ھاۋا يېيىشكە چىققاندا، ئۇ ناھايىتى سالاپەتلىك بولۇپ كېتەتتى.

جافوردا سۇلايمانغا قارىتا كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىۋاتقان بىر خىل جەلپ قىلىش كۈچى پەيدا بولماقتا ئىدى. بۇ خىل جەلپ قىلىش كۈچىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بىر خىل ھۆرمەتلەش ھېسسىياتىدىن ئىبارەت ئىدى. ھەر قېتىم ئۇ كېلىپ سۇلايمان بىلەن سۆزلەشكەندە، سۇلايماننىڭ زىممىسىنى بىر نەچچە يۈز جىڭ يۈك بېسىۋالغاندەك بولۇپ كېتەتتى.

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، سۇلايمان ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيىگە قايتماقچى بولۇپ ئاپتوبۇس بېكىتىگە كېلىۋىدى، ئادەم كۆپ بولغاچقا، ئۇزۇن ساقلاپ يەنىلا ئاپتوبۇسقا چىقالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئېغىر قەدەملىرىنى سۆرەپ پىيادە قايتىشقا مەجبۇر

بولدى. ئۇ شۇنداق كېتىۋاتقاندا، ئۇشتۇمتۇت يالتىراپ تۇرىدىغان بىر پىكاپ ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ توختىدى. جافور رولنى تۇتۇپ ئولتۇراتتى. ئۇ سۇلايماننى يېنىغا چاقىردى.

— ئەگەر پىيادە يۈرۈپ سەيلە قىلىشنى خالىمىسىڭىز، مەن سىزنى خۇشاللىق بىلەن ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قويغان بولاتتىم، — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، ئاندىن ئىشىكنى ئېچىپ بەردى. سۇلايمان گەپ ـ سۆز قىلماي ماشىنىغا چىقىپ ئالدىنقى ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. يول بويى ئىككىيلەن گەپ ـ سۆز قىلىشمىدى. پەقەت جافور ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئادرېسىنى سورىۋالدى ـ دە، ئاندىن ئىنگلىزچە بىر كىنو ناخشىسىنى ئاستا غىڭشىشقا باشلىدى. ماشىنا سۇلايمان تۇرۇۋاتقان بىنا ئالدىغا كېلىپ توختىغاندا، سۇلايمان «نېمىشقا جافورنى ئۆيگە كىرىپ بىرەر پىيالە چاي ئىچىپ قايتىشقا تەكلىپ قىلمايمەن» دەپ ئويلاپ قالدى ـ دە، ئارىسالدى بولغان هالدا ئۆزىنىڭ پىكرىنى ئىپادىلىدى. جافور سەل ئويلىنىۋېلىپ، ئاندىن ماشىنىدىن چۈشتى.

ئىككىيلەن ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقتى. ئىشىكنى خىزمەتكار موماي ئاچتى. ئۇنىڭ ئۈستىباشلىرى مەينەت ئىدى. سۇلايمان بۇنى كۆرۈپ هەم خاپا بولدى، هەم نومۇس قىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئايالى ئالدىنقى ئۆيدە ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئۇ جاپورغا ئۆزرە ئېيتىپ قويۇپ ئارقىدىكى ئۆيگە چىقتى. ئايالى كارىۋاتتا ياتاتتى.

— راهشى①، — دېدى سۇلايمان ئىشىكتىن كىرىپلا، — بىزنىڭ ئىشخانىدىكى جافور ئەپەندى كەلدى. بىز مېهمانخانىدا چاي ئىچمەكچىمىز.

راهشىندە ئۆرە بولۇپ ئولتۇردى.

— ماقۇل، مەن كىرگۈزۈپ بېرەي.

— هەرگىز موماي ئەكىرمىسۇن، — دېدى سۇلايمان

① سۇلايماننىڭ ئايالى راهشىندەنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى.

ئالدىراپ، — ئۇنىڭغا دەپ قويۇڭ، ئۆزىنى پاكىزرەك تۇتسۇن. ئۇنىڭ ئۇستىبېشىنىڭ بەتبۇيلۇقىنى نېمە دېسە بولار. جافور تازىلىققا بەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئەگەر چاينى موماي كۆتۈرۈپ كىرسە، ئۇ چوقۇم ئىچمەيدۇ.

— ئۇنداق بولسا چاينى ئۆزۈم ئەكىرەي، — دېدى راھىشىندە.

سۇلايمان ئايالىغا بىر قاراپ قويدى. ئۇنىڭ ئۇستىدە دائىم ئۆيدە كىيىدىغان كىيىم بار ئىدى. سۇلايمان بۇنى لايىق كۆرمىدى.

— سىزمۇ ئۆزىڭىزنى تۈزەشتۈرۈۋېلىڭ، قارالڭ، كىيىۋالغان كىيمىڭىزنى، نېمىدېگەن سەت، ئېسىڭىزدە بولسۇن، چاينى چاققانراق ئەكىرىپ بېرىڭ، — دېدى ئۇ.

سۇلايمان مېھمانخانىغا قايتىپ كىرگەندە، جافور بىر ژۇرنالنى كۆرۈپ ئولتۇراتتى. سۇلايمان گەپ قىلماي ئۇنىڭ قېشىدىكى بىر سافاغا كېلىپ ئولتۇردى. ئىككىيلەن گەپ ـ سۆزمۇ قىلىشمىدى، شۇ ئەسنادا جافورنىڭ يېنىدىكى ياستۇقچىغا سۇلايماننىڭ كۆزى چۈشۈپ قالدى. ياستۇقچىنىڭ قېپى بەك مەينەت ئىدى. ئۇ: «جافور بۇ مەينەت ياستۇقچىنى كۆرسە نېمە دەپ ئويلاپ قالار؟ بىر ئامال قىلىپ ئۇ ياستۇقچىنى جافورغا كۆرسەتمەي سافانىڭ كەينىگە ئېلىۋېتەي» دەپ ئويلىدى. ئۇ دەل قانداق قىلىش توغرىسىدا ئويلىنىۋاتقاندا، بىر شامال كىرىپ دېرىزە پەردىسىنى لەپەڭشىتىپ ئۈچۈرغىلى تۇردى. سۇلايمان پەردىنىڭ گىرۋىكىدىكى ماي ـ داغلارنى كۆرۈپ، ئىچىدە: «ئاشۇ موماي تازىلاپ تۇرمىغاچقا، پەردىلەر شۇنچىۋالا مەينەتلىشىپ كېتىپتۇ» دەپ خىزمەتكار مومايني تىللاپ كەتتى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ پەردىنى بىر چەتكە تارتىپ قويدى.

چاي تېخى كىرمىگەنىدى. جافور ژۇرنالنى ۋاراقلاپ ئولتۇرۇپ، پات ـ پات سائىتىگە قاراپ قوياتتى، ئۇ بىر ئاز تاقەتسىزلىنىۋاتاتتى. سۇلايمان ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك تىت ـ تىت بولۇپ، كۆڭلىدە ئايالىدىن رەنجىمەكتە ئىدى.

ئالاھازەل يىگىرمە مىنۇت ئۆتكەندە خىزمەتكار موماي چاي كۆتۈرۈپ كىردى. ئۇ كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ، ئابايىقىدىن پاكىزرەك بولۇپ قالغانىدى. بۇنىڭدىن سۇلايمانمۇ مەمنۇن بولدى. موماي چاينى قويۇۋاتقان چاغدا، راھىشنىدە ئىشىك پەردىسىنى قايرىپ مېھمانخانىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ سۇس ئەتىرگۈل رەڭلىك كۆڭلەك كىيىپ، ئۇپا ـ ئەڭلىك سۇرۇپ، ئالايىتەن بىرقۇر ياسانغانىدى. سۇلايمانغا ئايالى بەك چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتى. جافور ئەدەپ بىلەن ئورنىدىن تۇردى. سۇلايمان خۇشاللىق بىلەن ئۇنىڭغا ئايالىنى تونۇشتۇردى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى خۇشاللىقى خۇددى ئەڭ يېڭى تىپتىكى بىر پىكاپقا ياكى ھەشەمەتلىك بىر داچىغا ئىگە بولغاندەك ئىدى.

جافور تەشەببۇسكارلىق بىلەن راھىشنىدەگە گەپ قىلدى. لېكىن، راھىشنىدە قورۇنۇپ، بېشىنى كۆتۈرمەي ئولتۇدى. شۇنىڭ ئۇچۇن جافورمۇ كۆپ سۆزلىيەلمىدى. لېكىن، سۇلايماننىڭ كەيپى چاغ ئىدى. ئۇ ھەدەپ بىرنېمىلەرنى دەپ ئايالىنى كۈلدۈرەتتى، ئۇنىڭ پات ـ پات ئاڭلىنىپ تۇرغان كۈلكىسىنىڭ ئاۋازى بەئەينى مەسۇم بالىلارنىڭ كۈلكىسىگە ئوخشاپ كېتەتتى.

چاي ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن جافور ئۇزۇن ئولتۇرمىدى. ئۇ بىرى بىلەن كۆرۈشمەكچىدى. ئۇ سۇلايمان بىلەن راھىشنىدەگە تەشەككۈر بىلدۈرۈپ ئۇزىدى. سۇلايمان ئۇنى ماشىنىنىڭ قېشىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، جافور ئىشتىن چۇشۇشكە ئاز قالغاندا سۇلايمان بىلەن كۆرۈشتى.

— سالۇمبىن، ئاۋۇ كۈنى چاي ئىچكەندە بىرنېمە يېگەنىدۇق، ئېتى نېمىدى شۇنىڭ؟ — دېدى ئۇ. ئاندىن سەل تۇرۇۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئەگەر خاتالاشمىسام پۇڭمەنزە خوشىڭغۇ دەيمەن؟ سىزنىڭچە، مەن توغرا دېدىممۇ؟

— توغرا، — دېدى سۇلايمان كۈلۈپ، — پۇڭمەنزە خوشىگى. تەمى ياخشىمىكەن؟

— ئۇ ماشا ناھايىتى يارىدى. سىز بۈگۈن كەچقۇرۇن مېنى چاي ئىچىشكە تەكلىپ قىلمامسىز؟ لېكىن، چوقۇم پۇشمەنزە خوشىكى بولۇشى كېرەك. ئۇ بولسا، مەن ئەڭ ئوبدان پائالىيەتلىرىمنىمۇ قۇربان قىلىشقا رازى بولاتتىم.

سۇلايمان خۇشاللىق بىلەن ئۇنى چاي ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى.

ئۇ جافور بىلەن بىللە ئىشخانىدىن چىقىپ ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ئۆيىگە قايتتى. چايدىن باشقا، يەنە ئالايىتەن پۇشمەنزە خوشىكى پىشۇرۇلغانىدى. جافور زوق - ئىشتىھا بىلەن يېدى. ئۇ كۆنى ئۇ ناھايىتى چىقىشقاقلىقىنى ئىپادىلىدى. بىرمۇنچە قىزىق پاراڭلارنى قىلىپ سۇلايمان بىلەن ئايالىنى كۆپ كۈلدۈرۈۋەتتى.

چاي ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ كىنو كۆرۈشنىڭ گېپىنى چىقىرىپ، قايتا - قايتا دەۋەت قىلىشى ئارقىسىدا سۇلايمان بىلەن راھىشىندەمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە باردى. ئۇ كىنوخانىدا يەنە ئۆزىنىڭ خۇشال - خۇراملىقىنى ئىپادىلىدى. كىنودىن قايتقاندىن كېيىن ئۇلارنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدى. سۇلايمان ئۇنى تاماققا تۇتۇۋىدى، ئۇ رەت قىلماي، خۇشاللىق بىلەن قوشۇلدى. تاماقتىن كېيىن ئۇزاق ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتى. ئۇ سۇلايماننىڭ ئۆيىدىن قايتقان چاغدا كەچ سائەت ئون بىر بولغانىدى.

## 2

نىياز ئۆلتۈرۈلۈپ بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن، بىر ساقچى ئەمەلدارى بىرنەچچە ساقچىنى ئېلىپ تېزلىكتە ئۇنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. ئۇلار نەق مەيداننى تەكشۈردى. نىيازنىڭ جەستى تېخىچە قانغا بويالغان پولدا ياتاتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى تومپىيىپ چىققان، چاچلىرى پېشانىسىگە ساڭگىلاپ قالغان، يۈزى قارىداپ كەتكەن بولۇپ، تامغا يېقىنراق جايدا ئوڭدىسىغا ياتاتتى، ئۇنىڭ

كۆرۈنۈشى ناھايىتى قورقۇنچلۇق ئىدى.

سۇلتانە جەسەتتىن نېرىراق يەردە يا يىغلىماي، يا بەدىنىنى قىمىرلاتماي، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ يېنىدا ئاشپەز بىلەن خىزمەتكار موماي لاغىلداپ تىترەپ ئولتۇراتتى. پول ۋە تاملاردا چاچرىغان قان ئىزلىرى تۇراتتى. پۈتۈن ئۆي سۈرلۈك تۇسكە كىرگەنىدى.

ساقچى ئەمەلدارى ئۆيگە كىرىپ ئەھۋالنى تەكشۈردى. سۇلتانە ساقچىلارنىڭ نۇشانى يالاپ ئەكىرىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ قولىغا كويزا سېلىنغان، كىيىملىرى قانغا بويالغان، كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن بولۇپ، تەلەتىدىن ۋەھشىيلىك چىقىپ تۇراتتى. سۇلتانە ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ، ئاندىن يۈزىنى تۇتۇپ يىغلىغىلى تۇردى.

ئۆي دەھشەتلىك جىمجىت ئىدى. پەقەت سۇلتانەنىڭ ئاستا يىغلاۋاتقان ئاۋازىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇشتۇمتۇت بىنانىڭ ئارقىسىدىكى دەرەخلىكتىن چىلبۆرىنىڭ ھۇۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەسلىدىلا قاراڭغۇ كېچىدە كىشىنىڭ قورققۇسى كېلىپ تۇراتتى، بۇ ئاۋاز كىشىنىڭ تېخىمۇ قورققۇسىنى كەلتۈرۈۋەتتى.

ساقچى ئەمەلدارى ئېگىشىپ تۇرۇپ جەسەتنى تەكشۈرگەچ، نەق مەيداندىكى ئەھۋالنى دېلوغا مەسئۇل ساقچىغا دەپ بېرىپ تۇراتتى. دېلوغا مەسئۇل ساقچى، ساقچى ئەمەلدارىنىڭ سۆزلىرىنى بىر - بىرلەپ دەپتەرگە خاتىرىلەپ تۇراتتى. ساقچى ئەمەلدارى يېرىم سائەتچە ۋاقىتتا جەسەتنى تەكشۈرۈش دوكلاتىنى تۈگىتىپ، ئاندىن جەسەتكە ئاق رەخت يېپىپ قويۇشنى بۇيرۇدى.

ساقچى ئەمەلدارى جەسەتنى ۋە نەق مەيداننى تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن سۇلتانەدىن ئەھۋالنى سۈرۈشتۈرۈشكە باشلىدى. سۇلتانە يىغلاپ تۇرۇپ دۇدۇقلىغان ھالدا، نۇشا ئۆزىنىڭ ئىنىسى بولۇپ، ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ بىرنەچچە يىلدىن كېيىن ئەمدى قايتىپ كەلگەنلىكىنى؛ ئۇ

ئۆزىنىڭ ئۆيىدە ئۇخلاۋاتقاندا نىيازنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ قارىسا، نىياز جان ئۈزۈپ قانغا مىلىنىپ ياتقانلىقىنى؛ ئۇنىڭ بەدەنلىرىنىڭ نۇرغۇن يېرىگە پىچاق سىلىنغانلىقىنى... سۆزلەپ بەردى.

— سىز نەق مەيدانغا كىرگەندە قاتىل ئۆيدىمىكەن؟ — دەپ سورىدى ساقچى ئەمەلدارى.

ئۇ سەل ئارىسالدى بولۇپ قېلىپ، ئاندىن نېمىنى ئويلىدىكىنتاڭ، يالغان جاۋاب بەردى:

— ياق، قاتىل چىقىپ كەتكەنىكەن.

نۇشا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ يىغلاۋاتقان سۇلتانەگە ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قالدى.

— قاتىلنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ، بۇ ئۆلگۈچى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغانلىقىنى قانداق بىلدىڭىز؟

— مەن تۇنجى قېتىم ئۇنى سىز ئەكىرگەندە كۆردۈم.

— ئەگەر قاتىلنى ساقچىلار يالاپ ئەكىرمىگەن بولسا، سىز ئۇنىڭدىن گۇمانلانمامتىڭىز؟

— ھەئە، — سۇلتانە كەسكىن جاۋاب بەردى.

— بۇ دېلونى نېمىشقا بۇ چاغقىچە ساقچىغا مەلۇم قىلمىدىڭىز؟

— نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەيلا قالدىم. ھازىرمۇ كاللام گاڭگىراپ تۇرىدۇ.

سۇلتانە ساقچىنىڭ سوئاللىرىغا ئۆزىنىڭ چۈشىنىشى بويىچە جاۋاب بېرىپ تۇراتتى. قانداق جاۋاب بېرىشنى ياخشى دەپ بىلسە، شۇنداق جاۋاب بېرىۋېرەتتى، لېكىن، ئۇنىڭ ئاۋازىدىن ۋە تەمكىن چىرايىدىن قارىغاندا، ئەمدى قورقۇش ۋە ئەندىشە قىلىشتىن خالاس بولغانلىقىنى كۆرۈش مۇمكىن ئىدى. ئۇ يىغلاشنى توختىتىپ، ساقچى ئەمەلدارىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىشكە تەييار تۇراتتى.

— سىز بۇ ئۆلتۈرۈلگۈچى نىياز بىلەن قاچان تۇرمۇش

قۇرغان؟ ــــ دەپ سورىدى ساقچى ئەمەلدارى.
سۇلتانە بۇ سوئالنى ئاڭلاپ خاتىرجەمسىزلەندى. ئۇنىڭ قەلبىدە نىيازدىن نەپرەتلەنگەن غەزەپ ئوتى لاۋۇلداپ ياندى.
ئۇ ساقچى ئەمەلدارىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمىدى. پېشانىسىدىن تەر تامچىلىرى ئاققىلى تۇردى. ئۇ قاتتىق خورلۇق ھېس قىلدى.
ــــ ئۇ سىزنىڭ ئېرىڭىز ئەمەسمۇ؟ ــــ دەپ سورىدى ساقچى ئەمەلدارى ئاۋازىنى كۆچەيتىپ.
ــــ مۇناسىۋەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇ مېنىڭ ئۆگەي دادام بولىدۇ، ــــ دېدى سۇلتانە يەرگە قاراپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ نىيازنىڭ جەسىتىگە بىرنەچچىنى تۈكۈرۈۋېتىپ، ئاندىن تازا بىر ئۇن سېلىپ يىغلىۋەتكۈسى كېلىپ كەتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ كىشىلەرگە قارىيالمىدى، نومۇس قىلىپ يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ كەتتى.
ساقچى ئەمەلدارى ئۇنىڭدىن يەنە بىرمۇنچە باشقا سوئاللارنى سورىدى. لېكىن، ئۇ مۇداپىئەلىنىش ئىقتىدارىنى يوقاتقانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئالاقزەدە بولۇپ ئوڭ ـ تەتۈر سۆزلەپ نېمىلەرنى دەۋەتكەنلىكىنىمۇ ئۆزى بىلمەيتتى.
ساقچىلار يەنە ئاشپەز بىلەن خىزمەتكارنىڭ دەپ بەرگەن گەپلىرىنىمۇ يېزىۋالدى. ئاندىن ئۇلار نۇشانى ئەكەتتى. سۇلتانە ئىشىك ئالدىغا چىقىپ، نۇشانىڭ قارىسى يوقالغۇچە قاراپ تۇردى. ئۇ قولىغا كويزا سېلىنغان، بېشى ساڭگىلىغان ھالدا، ساقچىلارنىڭ نازارىتىدە گەپ ـ سۆز قىلماي كېتىۋاتاتتى.
بىر ساقچى قېلىپ، كېچىچە جەسەتكە قاراپ چىقتى. تاڭ ئېتىپ تېخى كۈن چىقمىغان چاغدا، بىر ماشىنا كېلىپ جەسەتنى يېرىپ تەكشۈرۈش ئۈچۈن دوختۇرخانىغا ئەكەتتى.
شۇنىڭدىن كېيىن ساقچىلار يەنە كۆپ قېتىم كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. سۇلتانەدىن باشقا يەنە خىزمەتكار ۋە ئاشپەزدىنمۇ نىيازنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە دائىر ئەھۋاللارنى

سۈرۈشتۈردى. سۇلتانە ساقچىنىڭ گەپ سورىشىدىن بەك قورقاتتى. لېكىن، ئۇنىڭغا قارىغاندا جەسەتخانىغا ئوخشاش بۇ كىچىك بىنادىن تېخىمۇ قورقاتتى. بىنانىڭ ئىچى تىمتاس، ئۆينىڭ ئىچىدە بوران ئۇچۇپ تۇراتتى. كۇنبويى قۇيقۇرۇق بۇ ئۆيدە كىشىنى زېرىكتۈرىدىغان جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. گۇگۇم ۋاقتى بولغاندىلا، ئەتراپتا غۇۋا كۆلەڭگىلەر پەيدا بولاتتى، ھويلىدىكى دەرەخ غازاڭلىرى شىلدىرلاپ تۇراتتى. يەنە تېخى بىلىنەر - بىلىنمەس قەدەم تىۋىشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

سۇلتانە كېچىدە ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ نىيازنىڭ قانغا مىلەنگەن ھالدا ئۇنىڭ ئالدىدا، قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى ئالايتىپ ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈۋاتقاندەك بولۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆرە بولۇپ ئولتۇردى. بىرنەچچە سائەتكىچە ئۇخلىيالمىدى. نىيازنىڭ ياتىدىغان ئۆيى ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئۇدۇلىدا ئىدى. ئۇ ھەر كۇنى ئاخشىمى «نىيازنىڭ ئەرۋاھى ئۇ يەر - بۇ يەردە ئايلىنىپ يۈرمەي، ئۇدۇل جەننەتكە كەتسۇن» دەپ بۇ ئۆيگە چىراغ ياندۇرۇپ، نۆكچە يېقىپ قوياتتى. لېكىن، يېرىم كېچە بولغاندا ئۇ بۇ ئۆي تەرەپكە قارىسىلا، ھامان ئۇنىڭغا غۇۋا چىراغ يورۇقىدا بىر ئادەم ئاستا مېڭىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كېتەتتى. شامال چىقسا، دەرەخ ئاستىدىكى غازاڭلار شىلدىرلاپ، دەھشەتلىك قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن بىر ئادەمنىڭ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان قەدەم تىۋىشىدەك بىلىنىپ كېتەتتى. ئۇ قورقۇپ كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋالاتتى. كېچىچە ئۇخلىيالمايتتى.

ئۇزۇكسىز داۋاملىشىۋاتقان ئۇيقۇسىزلىق ۋە پۇتمەس - تۈگىمەس قايغۇ - ھەسرەت تۈپەيلىدىن سۇلتانەنىڭ تەن سالامەتلىكى ناچارلىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ چىرايى سامانىدەك سارغىيىپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتتى. مۇشۇ كۇنلەردە ئۇ باشقىلارنىڭ ياردىمىگە جىددىي موھتاج ئىدى. بىراق، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىدىغان، ھېسداشلىق قىلىدىغان ھېچكىم يوق ئىدى.

ئۆيدە خىزمەتكار مومايدىن باشقا يەنە بىر ئاشپەز بار بولۇپ، ئۇلارمۇ كۈنبويى يۈرىكى پوك - پوك يۈرەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خىزمەتكار موماي تېخى ئىشلىمەي بۇ ئۆيدىن كەتمەكچى بولۇۋاتاتتى. سۇلتانە ئۇنى كەتكۈزمەي قويدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ھەر كۈنى ئاخشىمى قىزنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ياتىدىغان بولۇۋالدى. ئۇ سۇلتانەدىنمۇ بەكرەك قورقۇنچاق ئىدى.

بىر كۈنى كەچقۇرۇن خان باھادۇر بۇ يەرگە كەلدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە بىر ئوتتۇرا ياشلىق كىشى بار ئىدى. ئۇ قارا ھەم تەمبەل ئادەم بولۇپ، كۆزلىرى يوغان بولسىمۇ، لېكىن روھسىز ئىدى. چېكىسىنىڭ قېشىدا چوڭقۇر بىر تاتۇق بار ئىدى. قارىغاندا، ئۇ كەلسە - كەلمەس بىر ئادەمدەك قىلاتتى. ئۇنىڭ چىرايى ھەمىشە تۇتۇق بولۇپ، ئۇنى كۆرسە كىشىنىڭ تېنى جۇغۇلداپ كېتەتتى. خان باھادۇر سۇلتانەگە ئۇنى تونۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭ نىيازنىڭ ئاكىسى بولۇپ راۋالپىندىدا تۇرىدىغانلىقىنى، نىيازنىڭ قازا تاپقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، بۈگۈن يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. نىياز سۇلتانەگە ئاكىسى بارلىقىنى ئېيتمىغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئادەمنىڭ چىرايىمۇ نىيازغا ئوخشىمايتتى. لېكىن، سۇلتانەدە قىلچىمۇ گۇمان پەيدا بولمىدى. ئۇ خان باھادۇرنى ھۆرمەتلەشكە ئەرزىيدىغان ۋە ھەرقانداق ئىشقا ئەستايىدىل ئادەم دەپ ھېسابلايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ گېپىنى راست دەپ ئىشەندى. خان باھادۇر بىردەم ئولتۇرۇپ، ئاندىن قايتىپ كەتتى، ھېلىقى ئادەم قېلىپ قالدى. ئۇنىڭ ئىسمى فىياز بولۇپ راۋالپىندىدا گەزمالچىلىق قىلاتتى. ئۇ سۇلتانەگە: نىيازنىڭ بىر ئاغىنىسىنىڭ يازغان خېتىدىن نىيازنىڭ قازا تاپقانلىقىنى بىلىپ، دەرھال يولغا چىققانلىقىنى، خوتۇن - بالىلىرىنىڭ راۋالپىندىدا قالغانلىقىنى ئېيتتى.

لېكىن، نىيازنىڭ ئۆلۈمىگە قارىتا ئۇنىڭدا يا ياش تۆكۈش، يا قايغۇ - ھەسرەت ئىپادىسى كۆرۈلمىدى. ئۇ سۇلتانە بىلەن

كەمدىن ـ كەم سۆزلىشەتتى. ئۇنىڭ بالىسىنى كۆرسىمۇ تۈزۈكرەك قاراپمۇ قويمايتتى. ئۇ شۇ يەردە كەچلىك تاماق يېدى، ئۇ تاماقنى شالاپشىتىپ يەيتتى، تاماقتىن كېيىن ئاۋازلىق كېكىرەتتى. قىلىقلىرى ناھايىتى مەدەنىيەتسىز بولۇپ، گەپ ـ سۆزلىرى لۈكچەك سۈپەت ئىدى. لېكىن، ئۇ كەلگەندىن كېيىن سۇلتانەنىڭ كۆڭلى ئاز ـ تولا ئارامىغا چۈشتى. ئادەتتىكى كۈنلەردە بۇ بىنانى كېچىچە ئورىۋالىدىغان سۈرلۈك كەيپىياتمۇ بىر ئاز پەسەيدى.

سۇلتانە ئۇنىڭغا بىر ئۆينى تەييارلاپ بەردى. ئۇ ئادەم قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەنلا ئۇخلاشقا كىرىپ كەتتى. بۇ سۇلتانە ئۈچۈن ئۇزۇن كۈنلەردىن بېرى ئەڭ ياخشى ئۇخلىغان بىر كېچە بولدى. ئۇ ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىن، فىياز ئۈچۈن ئاشپەزگە ئالايىتەن ناشتىلىق تەييارلاتتى. ئۇ فىيازنىڭ قېشىغا رومالسىز كىرمەيتتى. گەپ قىلغاندا يەردىن ئۈستۈن قارىمايتتى. ئۇنى پۈتۈنلەي قېيىنئاغىسىدەك كۆرۈپ ھۆرمەتلەيتتى.

فىياز تاكى كۈن قايرىلغۇچە ئۆيدە بولۇپ، كېيىن سىرتقا چىقىپ كېتىپ، ئاخشامدا قايتىپ كېلەتتى. ئەمدى ئۇ ئادەتتە سىرتقا كەچقۇرۇن چىقىدىغان بولدى. ئۇنىڭ سۇلتانەگە تۇتقان پوزىتسىيەسى ئاشۇ كەلگەن بىرىنچى كۈندىكىگە ئوخشاش ئىدى. ئۇنىڭغا ئاز گەپ قىلاتتى. كۆپ ۋاقتىنى ئۆزىنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزەتتى. فىياز كېلىپ تۆتىنچى كۈنىمۇ ياكى بەشىنچى كۈنىمۇ، چۈشتىن كېيىن سۇلتانە ئۆيدە ئۇخلاپ قالغانىدى، ئۇشتۇمتۇت ئۇنى بىر ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئويغىتىۋەتتى، ئۇ دەرھال ئۆرە بولۇپ ئولتۇردى ـ دە، فىيازنىڭ ۋارقىراپ ـ جارقىراپ خىزمەتكار موماينى ناھايىتى سەت گەپلەر بىلەن تىللاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. سۇلتانە ئۈنچىقماي ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ ئولتۇرۇپ كەتتى. شۇ ئەسنادا خىزمەتكار موماي يىغلىغان پېتى ئىشىك ئالدىغا كېلىپ، بوسۇغىدىن كىرىپلا:

— خانىم، مېنىڭ ھېساباتىمنى قىلىۋەتسىلە، مەن بۇ يەردە ئىشلىمەيمەن، — دېدى.

سۇلتانە ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسىماقچى بولدى. لېكىن، موماي ناھايىتى خاپا بولۇپ كەتكەنىدى.

— مېنىڭ سىلىگە خىزمەتكار بولغىنىم راست، لېكىن مەن يۈزۈمنىمۇ سېتىۋەتمىگەن. مەن مۇنداق تىل - ئاھانەتنى كۆتۈرەلمەيمەن.

موماي توختىماي رەنجىيتتى، سۇلتانە قايتا - قايتا گەپ - سۆز قىلىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسايتتى. شۇ ئەسنادا ئۇشتۇمتۇت فىياز كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ روھسىز كۆزلىرى چەكچىيىپ، قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ، چىرايىدىن غەزەپ يېغىپ تۇراتتى.

— سەن قېرى جالاپ بۇ يەردە نېمە دەپ ۋالاقشىۋاتىسەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ كىرىپلا.

— خانىم، قارىسىلا، ئۇ يەنە ئاغزىنى بۇزغىلى تۇردى. مەن جاۋاب ياندۇرسام، مېنى يۈز قارىمىدى دەپ قالمىسىلا، — دېدى خىزمەتكار دەرھال.

فىياز كۆزلىرىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ قاتتىق ۋارقىراپ كەتتى.

— ھازىرلا يوقال بۇ يەردىن، سېنى كۆرەرگىمۇ كۆزۈم يوق، ھۇ ھايۋان! قېرى جالاپ! يۈزى قېلىن.

فىياز توختىماي تىللايتتى. خىزمەتكارمۇ بوزەك بولمايدىغان ئايال ئىدى. ئۇمۇ بوش كەلمەي تازا تىل قايتۇرغىلى تۇردى. فىياز دېۋەيلەپ كېلىپ ئۇرماقچى بولىۋىدى، سۇلتانە توسۇۋالدى، ئۇ توسۇۋالمىغان بولسا، فىياز راستىلا خىزمەتكارنى ئۇرۇۋشى تۇرغان گەپ ئىدى. فىياز ساراڭدەك جار سالماقتا ئىدى. خىزمەتكار موماي يىغلىغان پېتى بۇ بىنادىن چىقىپ كەتتى.

سۇلتانە خىزمەتكار ئايالنىڭ كېتىپ قالغانلىقىغا ناھايىتى ئېچىندى. ئۇ ئىشنى ئەستايىدىل قىلاتتى، سۇلتانەنىڭ قايغۇ - ھەسرىتىگە ئورتاقلىشاتتى. نىياز ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن،

سۇلتانە ئۇنىڭغا تېخىمۇ يۆلىنىپ قالغانىدى. ھەرقانداق ئىشتا ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشەتتى. كۆڭلى تىت ـ تىت بولغان چاغلاردا ئۇنىڭ بىلەن نەچچە سائەتلەپ گەپلىشىپ ئولتۇراتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلى بىرئاز ئېچىلىپ قالاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ فىيازنىڭ پوزىتسىيەسىنىڭ ناھايىتى يامان بولغانلىقىنى ھېس قىلدى.

ئاخشىمى ئاشپەزنىمۇ پالاكەت باستى. فىياز تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈپ، ئاچچىقلاپ ئاشپەزنى بىرمۇنچە تىللىدى. بىراق، ئۇنىڭ مىجەزى ئوبدان بولغاچقا، ئۈندىمەي يەرگە قاراپ، ئۇنىڭ بىلجىرلاشلىرىنى ئاڭلاپ جىم ئولتۇردى. بىردەمدىن كېيىن سۇلتانە كېلىپ، ئاشپەزنىڭ ئاشخانىدا غەمكىن ھالدا يالغۇز ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا تەسەللى بەرمەكچى بولۇۋىدى، ئەمما ئۇ يىغلىۋەتتى.

— خانىم، مېنىڭ پېشانەمگە پالاكەتچىلىك پۈتۈلۈپتىكەن، مەن ئەسلىدە مۇشۇ ئۆيدە ئۆمۈر بويى ئىشلەرمەن دەپ ئويلىۋىدىم، ئەمدى قارىسام، مېنىڭ ئىشىمغىمۇ توپا چېچىلدى.

سۇلتانە ئۇنىڭغا كۆپ تەسەللى بەردى. ئاندىن ئاشخانىدىن چىققاندا، فىيازنىڭ ئۆز ئۆيى ئالدىدا ئۇياق ـ بۇياق مېڭىپ يۈرگىنىنى كۆردى.

— ئاڭلاپ تۇرۇڭ، — دېدى فىياز سۇلتانەنى كۆرۈپلا، — سىزنىڭ بۇ ئىللەتلىرىڭىزنى پەقەت ياقتۇرمايمەن. سىز بۇ ياللىۋېلىنغان كىشىلەرنىڭ تەمىناتچىسى بولۇپ، ئۇلارنى ئاقنانچى قىلىپ يامان ئۆگىتىپ قويۇپسىز.

سۇلتانە ئۇنىڭغا قارىماي غىپپىدە ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ئەياز يىغلاۋاتاتتى. ئۇ دەرھال بالىنى قولىغا ئېلىپ، ئۆيدە ئۇياق ـ بۇياق مېڭىپ پەس قىلدى.

فىيازنىڭ ئاشپەزگە قارىتا بولغان پوزىتسىيەسى كۈندىن ـ كۈنگە يامانلاشقىلى تۇردى. گاھ ۋارقىرايتتى، گاھ ئاغزىنى بۇزۇپ تىللايتتى. سۇلتانە ئەگەر مۇرەسسە قىلىپ بىرنېمە دېسە، ئۇ

سۇلتانەگە شالىنى چاچاتتى. ئۇ ھازىر ئۆينىڭ ھەممە ئىشىغا ئارىلىشىدىغان بولدى. ھەممە ئىشنى سورۇشتۇرەتتى: «بۇ نېمە بولدى؟ نېمىشقا بۇنداق قىلىندى؟ بۇ نېمە؟ ئۇ نېمە؟» دەپلا تۇراتتى. ئۇنىڭ مۇنداق قىلمىشى بىرنەچچە كۈنگە قالماي سۇلتانەنىڭ بېشىنى بەك قاتۇرۇۋەتتى.

ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىرمۇنچە يېڭى ئىشلار يۈز بەردى. فىياز شوپۇرنى بىرنېمە دەپ يولغا سېلىۋېتىپ، ماشىنىنى ھەيدەپ چىقىپ كېتىپ، قايتۇرۇپ ئەكەلمىدى. سۇلتانە ئۇنىڭدىن سورىۋىدى، ئۇ سەۋرسىزلىك بىلەن:

— رېمونت قىلىشقا ئاپىرىپ بەردىم، — دېدى.

ماشىنا بىر ئوبدانلا ماڭاتتى، شۇنداق بولسىمۇ فىياز چىرايىنى تۈرۈپ جاۋاب بەرگەچكە، ئۇ قايتا سوراشقا ئوڭايسىزلاندى.

بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، فىياز تۇرقى ـ سىياقى ئۆزگە ئوخشاپراق كېتىدىغان بىرىنى باشلاپ كەلدى. ئۇ يىگىرمە تۆت ـ يىگىرمە بەش ياشلاردا بولۇپ، تەلەتىدىن قارىغاندا ياخشى ئادەمدەك قىلمايتتى. ئۇ كۈنبويى مېھمانخانىدىن چىقماي، بېشىنى گىلدىڭلىتىپ كىنو ناخشىلىرىنى ئېيتىپ ئولتۇراتتى. چېكىشى ناچار تاماكا بولۇپ، كۆرگەنلا يەرگە سەرەڭگە ياغىچى بىلەن تاماكا قالدۇقلىرىنى تاشلاپ ئۆينى پاسكىنا قىلىۋېتەتتى. ساپانىمۇ مەينەتلەشتۈرۈۋەتتى. ئىشىك پەردىسى بىلەن دېرىزە پەردىلىرىنى لۆڭگە ئورنىدا ئىشلىتەتتى. تاماق دېگەننى يەپ تويمايتتى. چاينى بىر ئىچكەندە بىرنەچچە قاچا ئىچەتتى. ھېچ ئىشمۇ قىلمايتتى. ئاخشىمى فىيازنىڭ ئۆيىدە ياتاتتى. ھەرگىز بىنادىن نېرى بارمايتتى.

سۇلتانە ئۇنىڭ يېنىغا كەلسىلا ئۇنىڭغا كۆز ئۇزمەي قادىلىپ قاراپ، لۈكچەكلەردەك ئاھ ئۇرۇپ، رەزىل كىنو ناخشىلىرىنى

ئېيتىشقا باشلايتتى. ئۇنىڭ ئىسمى كېرىم ئىلاھ[1] ئىدى، لېكىن بىر نەچچە كۈنگە قالماي، ئۇ سۇلتانە ئۈچۈن قەھر ئىلاھ[2] بولۇپ قالدى.

سۇلتانە مۇشۇ ئۆزگىرىشلەر ئۈستىدە ئويلىنىۋاتقاندا، بىر كۈنى فىياز نىيازنىڭ بارلىق نەرسە ـ كېرەكلىرىنى بىر ئۆيگە يىغدۇرۇپ، قۇلۇپ سېلىپ قويىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ھەربىر ئۆينى ئاختۇرۇپ، ئىشكاپ، ساندۇقلارنى ئېچىپ قاراپ چىقتى. ئاندىن سۇلتانەنىڭ زىننەت بۇيۇملىرى بىلەن كىيىم ـ كېچەكلىرىنى كۆرۈپ بېقىشنى ئېيتىپ، ئۇنىڭدىن ئىشكاپنىڭ ئاچقۇچىنى سورىۋىدى، سۇلتانە قەتئىي رەت قىلدى. فىيازنىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ كەتتى.

— ئاچقۇچنى بەرمەيدىغان بولسىڭىز بارلىق ئىشكاپ ـ ساندۇقلارنى باشقا بىر ئۆيگە يىغدۇرۇپ قۇلۇپلاپ قويىمەن، — دېدى ئۇ.

ئۇنىڭ تەھدىتىگە قارىتا سۇلتانەمۇ بوش كەلمىدى.

— مەن سىزگە ھازىرغىچە گەپ قىلماي يول قويۇپ كەلسەم، سىز بارغانسېرى ئاچ كۆزلۈك قىلغىلى تۇردىڭىز. مەن سىزگە دېدىم، سىزگە ئىشكاپ ـ ساندۇقلارنىڭ ئاچقۇچلىرىنى بەرمەيمەن. ئۇنىڭدىكى نەرسىلەرگە تېگىشىشكىمۇ يول قويمايمەن.

— ئۇنداقتا پۇشايمان قىلىپ قالىسىز، — دېدى فىياز تەھدىت سېلىپ.

— ئەمىسە نېمە قىلماقچىسىز، قېنى مەرھەمەت!

— سىزنى ھازىرلا قوغلاپ چىقىرىشىم مۇمكىن، — دېدى فىياز ئۇنىڭغا ھومىيىپ قاراپ.

— سىز مېنى بۇ يەردىن قوغلاپ چىقارغۇدەك قانچىلىك ئادەم ئىدىڭىز؟

— بۇ ئۆيىنىڭ غوجايىنىنىڭ كىملىكىنى بۈگۈنگىچە

---

[1] ① ئاللانىڭ شەپقىتى مەنىسىدە.

[2] ② ئاللانىڭ قەھرى مەنىسىدە.

چۈشەنمەيدىكەنسىز ـ دە؟

— قۇلىقىڭىزنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلاپ تۇرۇڭ! بۇ ئۆينىڭ غوجايىنى مەن ! مانا مەن ! — دېدى سۇلتانە قاتتىق ئاۋازدا.

فىياز ھەدديدىن ئاشقان ھالدا قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— ئويلاپمۇ باقمايدىكەنسىز، مەنلا خالايدىغان بولسام، سىزنى قوغلاپ چىقىرىپ، كوچىدا تىلەمچىلىك قىلىشقا مەجبۇر قىلىشىم مۇمكىن.

سۇلتانە ئاچچىقىدا كالپۇكىنى چىشلىۋەتتى.

— قېنى مېنى قوغلاپ چىقىرىپ بېقىڭا! — ئۇ قەھر ـ غەزىپىنى باسالماي قالدى، — توۋا، ئۆزىچىلا ئاسماندىن چۈشكەندەك، ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمنىڭ بىر ئاكىسى پەيدا بولۇپ قالدىغۇتاڭ، ئۇ ھايات چېغىدا ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىڭىزنى كۆرۈپمۇ باقمىغانىدىم، ئەمدى ئۇ كىشىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگىلا خۇددى كېپەن ئوغرىسىدەك، ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىگە زورلۇق بىلەن ئىگە بولىۋالماقچى بولىۋاتىسىز، خان باھادۇر گەپ قىلمىغان بولسا، سىزدەك ئادەمنى ھەرگىز بوسۇغامدىن كىرگۈزمىگەن بولاتتىم.

— بولدى، ئاغزىڭىزنى يۇمۇڭ. بولمىسا ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيسىز، — دەپ توۋلىدى فىياز.

سۇلتانە ئۇنىڭ قان تولۇپ كەتكەن كۆزلىرىنى كۆرۈپ، قايتا گەپ قىلمىدى. ئابايىقى ۋارقىرىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ، كېرىم ئىلاھ بىلەن ئاشپەزمۇ كىرىشتى. فىياز سۇلتانەگە زەردە بىلەن بىردەم ئالىيىپ قاراپ تۇرۇپ، ئاندىن ئىتتىك مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

سۇلتانە قاتتىق چارچىغان ھالدا ئۆيگە قايتىپ كىردى. تۈنۈگۈن ئاخشامدىن تارتىپ ئەيازنىڭ تاۋى يوق، يىغلاپلا تۇراتتى. سۇلتانە ئىشىكتىن كىرىپلا ئۇنىڭ توۋلاپ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئاچچىقىدا ئۇنى بىر تەستەك ئۇرۇپ سالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ يىغىسى تېخىمۇ ئەدەپ كەتتى. سۇلتانە بەدەنلىرى بوشىشىپ خېمىردەك بولۇپ، لاسسىدە

كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ قالدى. بالا ئۆيىنى بېشىغا كىيىپ يىغلاۋاتاتتى. ئاشپەز كىرىپ بالىنى كۆتۈرۈپ ئاچىقىپ كەتتى.
سۇلتانە تىت ـ تىت بولۇپ، كۇنبويى ئۆيدە ياتتى. كەچقۇرۇن خان باھادۇر فىيازنى بىللە ئېلىپ كەلدى. ئۇ سۇلتانەنى مېھمانخانىغا چاقىردى. سۆزلىشىشتىن ئاۋۋال، فىياز بىلەن كېرىم ئىلاھنى باشقا ئۆيگە چىقىرىۋەتتى.
ئۇ ئىككىسى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، خان باھادۇر چوڭلاردەك تەلەپپۇزدا گەپ باشلىدى:
ــــ مەن سىزنى ھامان ئەقىللىق قىز دەپ ھېسابلايتتىم، بىراق بۈگۈنكى ئىشىڭىز قاملاشماپتۇ. سىز فىياز بىلەن گەپ تالاشمىسىڭىز بولاتتى.
ــــ ئۇنىڭ مېنى قانداق قىينىغانلىقى سىلىگە قاراڭغۇ، ــــ دېدى سۇلتانە دەرھال.
ــــ مېنىڭ قارىشىمچە، فىياز خېلى يامان ئەمەس ئادەمغۇ، ــــ دېدى خان باھادۇر ئۆزىنى ھەيران قالغاندەك كۆرسىتىپ، ــــ بولىدۇ، مەن ئۇنىڭغا دەپ قويااي، بۇنىڭدىن كېيىن سىزنى قىينىمىسۇن، لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىللە سىزنىڭمۇ سەمىڭىزگە سېلىپ قويايكى، بۇنىڭدىن كېيىن سىزمۇ ئۇنىڭغا ئاچچىقلىماڭ، ــــ ئۇ ئاستا يۆتىلىپ، ئاۋازىنى راۋانلاشتۇرۇپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، ــــ مۇنداق ئىش، سىزنىڭ قانۇنىي ئورنىڭىز ناھايىتى مۇرەككەپ.
سۇلتانە ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قارىدى، لېكىن گەپ ـ سۆز قىلمىدى.
خان باھادۇر ئۆزىگە خاس روھىي كەيپىيات بىلەن، ئالدىرىماي ـ تېنىمەي سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.
ــــ ئاۋارىچىلىك شۇكى، نىياز بىلەن سىز تېخى نىكاھ رەسمىيەتلىرىنى رەسمىي بېجىرمىگەن.
ــــ مەن ئۇنىڭغا نەچچە قېتىم ئېيتقانىدىم، ئۇ ئارقىغا سوزۇۋەردى، ــــ دېدى سۇلتانە جىددىيلىشىپ.

— ئارقىغا سوزۇش ئەمەس، بەلكى ئۇ بۇنداق قىلالمايتتى، — دېدى خان باھادۇر، — ئۇ بۇ ئىشنى ماڭمۇ ئېيتقان، ئەمما مەن ئۇنى بۇ ئىشتىن توسقان.

— نېمىشقا؟ — سۇلتانەنىڭ ئاۋازىدىن ھەيران بولغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— مۇنداق ئىش، سىزنىڭ ئانىڭىز نىيازنىڭ ئايالى بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن سىزنىڭ نىياز بىلەن توي قىلىشىڭىز شەرىئەتكە توغرا كەلمەيدۇ. بۇ دىنىي قائىدە مەسىلىسى. مەن سىزگە راست گەپنى ئېيتتىم، ئىشەنمىسىڭىز ئىسلام ئۆلىمالىرىدىن سوراپ ئېنىقلاپ كۆرسىڭىز بولىدۇ، — خان باھادۇر تەكىتلەپ سۆزلىدى، — ئەيىبكە بۇيرۇماڭ، راست گەپنى قىلسام، سىزنىڭ ئورنىڭىز نىيازنىڭ ئاشنىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

سۇلتانەنىڭ يۈرىكى پىچاق سانجىغاندەك ئاغرىپ كەتتى. ئۇ قاتتىق ئازابلاندى ۋە غەزەپلەندى.

— مەن تەكرار دەپ قوياي، فىيازنى خىجىل قىلماڭ، ئۇ نېمە دېسە ماقۇل دەڭ، — ئاندىن ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى، — ھەي ي ي، بۇنىڭغا ئامال قانچە؟ پېشانىڭىزگە پۈتۈلگىنى شۇ ئىكەن.

— ئۇ ھەممە نەرسىگە زورلۇق بىلەن ئىگە بولۇۋالدى، — دېدى سۇلتانە، — ئەمدى يەنە مېنىڭ زىنىنەت بۇيۇملىرىم بىلەن كىيىم - كېچەكلىرىمنى تارتىۋالماقچى بولۇۋاتىدۇ. مېنىڭ ھەر ھالدا ئازراق ھوقۇقۇم باردۇ؟ مېنىڭ بالام بار. ئۇ كىمنىڭ ئەۋلادى؟ دادىسىنىڭ مال - مۈلكىگە ۋارىسلىق قىلىشقا ئۇنىڭ ھوقۇقى يوقمىكىنا؟

— ئابايا سىزگە مەسىلىنىڭ قانۇنىي خاراكتېرىنى ئېيتتىم، — دېدى خان باھادۇر مۇلايىملىق بىلەن، — سىز ئۆزىڭىزنىڭ قانۇنىي ئورنىڭىزنى بىلىشنى خالىسىڭىز، ئۇنداقتا مەن ئېيتىپ بېرەي. سىزنىڭ نىيازنىڭ مال - مۈلكىگە ۋارىسلىق قىلىشقا ھوقۇقىڭىز يوق، — ئۇ سۇلتانەگە قاراپ قويدى. ئۇ خۇددى بىر نەرسىنى يوقاتقاندەك پەرىشان بولۇپ يەرگە قاراپ ئولتۇراتتى، —

نىيازنى سىزنىڭ دادىڭىز دەپ قارىغان تەقدىردىمۇ، سىز ئۇنىڭ ئاسراندى قىزى بولغاچقا، يەنىلا ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىگە ۋارىسلىق قىلىش هوقۇقىڭىز بولمايدۇ. ئەمدى ئەيازغا كەلسەك، ئۇ نىيازنىڭ نىكاهسىز تۇغۇلغان بالىسى، شۇڭا ئۇنىڭمۇ هوقۇقى يوق.

سۇلتانە ئەڭ ئاخىرقى تىرىشچانلىقىنى كۆرسىتىپ، خان باهادۇرنى قايىل قىلىشقا ئۇرۇندى.

— بىراق ئۇ — بالىنىڭ دادىسى. جەدۋەللەرنى شۇنداق تولدۇرۇپ كەلگەنغۇ.

— مەيلى قانداق يازغان بولۇڭ، قانۇن بۇ بالىنىڭ دادىسىنىڭ نىياز ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، هەرهالدا ئۇ ئۆز قولى بىلەن بۇ مېنىڭ بالام، دەپ يازمىغان بولغىيدى، — دېدى خان باهادۇر كۈلۈپ.

— ئۇ دوختۇرخانىدىكى تىزىملاش جەدۋىلىگە ئىمزا قويغان، بېرىپ سوراپ باقسىلا، — دېدى سۇلتانە دەرهال.

— ئۇنداق بولسا بۇ ماڭا ئايدىڭ ئەمەس ئىكەن. قانۇننىڭ بۇ جەهەتتە قانداق بەلگىلىمىلىرى باركىنتاڭ، — دېدى خان باهادۇر، — لېكىن ماڭا مەلۇمكى، يەنىلا بىرمۇنچە مۇرەككەپ مەسىلىلەر چىقىدۇ. سوتتا بىرمۇنچە دەلىل ـ ئىسپاتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر خالىسىڭىز، بىرەر ئادۋوكات تېپىپ سوراپ باقسىڭىزمۇ بولىدۇ.

— ئادۋوكاتنى نەدىن تاپىمەن؟ — دېدى سۇلتانە نائىلاج بولۇپ، — سىلىدىن باشقا ماڭا ياردەم بېرىدىغان هېچكىم يوق، — ئۇنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ كەتتى.

— سىز ئالدىراپ كەتمەي تۇرۇڭ، — دېدى خان باهادۇر تەسەللى بېرىپ، — مېنىڭچە، بۇ ئىشنى دەۋالىشىپ سوتقا بارغۇدەك دەرىجىدە چوڭايتىۋەتمىگەن ياخشى. سىز بۇ يەردە خاتىرجەم تۇرىۋېرىڭ، مەن فىيازغا گەپ قىلىپ قوياي. ئۇمۇ بۇ يەردە ئۇزاق تۇرالمايدۇ. نىيازنىڭ تىجارىتىنى ۋاقتىنچە مەن

باشقۇرۇپ تۇرىمەن. بىراق، مەن مۇشۇ ئاي ئىچىدە ھەج قىلىش ئۈچۈن مەككىگە بارماقچى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ئىشلارنى ئۇزاققا قالماي فىيازغا تاپشۇرۇپ بېرىمەن. ئۇ شۇ ئىشلار بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتسە، سىز بىلەن ئۇرۇشۇشقىمۇ چولىسى تەگمەيدۇ. ئۆينىڭ ھەر ئايلىق خىراجىتى بىر تىيىن كەم بولمايدۇ. سىز ھازىر ئاچقۇچنى فىيازغا تاپشۇرۇپ بېرىڭ. ئۇ بانكىدىكى ۋە باشقا جايلاردىكى پۇللارنى ئېلىپ تىجارەت قىلسۇن.

لېكىن، سۇلتانە ئاچقۇچنى بېرىشكە ئۇنىمىدى. خان باھادۇرمۇ قاتتىق تۇرۇۋالمىدى.

— فىياز سىزنى نىيىتى بۇزۇق ئىكەن دەپ ھېس قىپتۇ. بولدى، بۇ گەپنى قويايلى. سىز بىرنەچچە كۈن ئوبدان ئويلىنىپ كۆرۈپ، ئاندىن ماڭا بىمالال جاۋاب بېرىڭ.

خان باھادۇر ئۇزاق ئولتۇرماي كېتىپ قالدى. خان باھادۇرنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ سۇلتانەنىڭ كۆڭلى سەل كۆتۈرۈلۈپ قالدى: «خان باھادۇر قاتتىقراق تۇرسا، بارلىق ئاچقۇچلارنى بېرىۋەتكەن بولاتتىم» دەپ ئويلاپ قالدى ئۇ. سۇلتانە خان باھادۇرنى ھۆرمەتلەشكە ئەرزىيدىغان خالىس ئادەم دەپ قارايتتى. «ئۇ مېنى ئالدىمايدۇ» دەپ ئىشىنەتتى، تاكى تۈن يېرىمىغىچە ئۇ شۇنداق ئويلاپ كەلگەنىدى.

تۈن يېرىملاشقان ۋاقىت بولسا كېرەك، ئۇشتۇمتۇت ئۇ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ ئويغىنىپ كەتتى. دېرىزىدە بىر ئادەمنىڭ قارىسى غىل - پاللا قىلىپ كۆرۈنۈپ، بىردەمدىلا غايىب بولدى. ئاي ئانچە يورۇق ئەمەس ئىدى، لەرزان شامال چىقىپ تۇراتتى. تاشقىرىدىن غازاڭلارنىڭ شىلدىرلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. بىر كىشى ئاۋايلاپ دەسسەپ مۇشۇ ياققا كېلىۋاتاتتى. سۇلتانە قاتتىق قورقۇپ كەتتى. نىيازنىڭ ئۆيىدە قارا چىراغ سارغۇچ يورۇپ تۇراتتى. سۇلتانە شۇ تەرەپكە كۆز تىكتى.

ئۇ ئۇخلىيالماي يۇرىكى پوكۇلداپ ياتاتتى. بىرپەستىن كېيىن

دېرىزىگە يېقىنلا يەردە ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. سۇلتانە ئالاقىزەدە بولۇپ كەتتى. ئۇ بىر ئادەمنىڭ بوينىنى سوزۇپ ئۆيگە قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى، ئۇشتۇمتۇت ھېلىقى ئادەم دېرىزىگە چىقىپ، ئۆيگە سەكرەپ چۈشتى. سۇلتانە قورقۇپ مىدىر – سىرىدىرمۇ قىلالمىدى. ئۇ ئەمدى توۋلاي دەپ تۇرۇشىغا يوغان بىر قول ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇتۇۋالدى. ئۆي قاپقاراڭغۇ بولسىمۇ، لېكىن ئۇ خىرە ئاي يورۇقىدا فىيازنىڭ كۆزلىرىدىن مۇدھىش نۇر چاقنىتىپ، كارىۋات يېنىدا ئېڭىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

سۇلتانە قارشىلىق قىلماقچى بولىۋىدى، فىياز ئۇنىڭ كاچىتىغا قاتتىق بىرنى ئۇردى.

— ئاۋازىڭنى چىقارماي، جىم يات، ھۇ جالاپنىڭ بالىسى! — دېدى فىياز پەس ئاۋازدا. ئاندىن كاچىتىغا يەنە بىرنى سالدى. فىياز ئۇستىخانلىق تەمبەل بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىككى كاچات سېلىشى بىلەن سۇلتانەنىڭ چىشلىرى بوشاپ كەتتى. فىياز ساراڭلاردەك سۇلتانەنىڭ كىيىملىرىنى تارتىپ يىرتىپ، ئاندىن يېرىم يالىڭاچ بەدىنىنى قالايمىقان تۇتۇپ مىجىقلىغىلى تۇردى.

سۇلتانە توختىماي قارشىلىق بىلدۈرۈپ تۇراتتى، فىياز ئۇنى قاتتىق ئۇرۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاخىر ھالسىزلىنىپ كېتىپ، يىغلاپ تۇرۇپ فىيازغا يېلىنىشقا مەجبۇر بولدى. لېكىن، فىياز ئاغزىنى كالاچىتەك ئېچىپ، ياۋايى ھايۋانلاردەك غالجىرلىق بىلەن ئىككەتتى...ۋنىڭ لەۋلىرى، مەڭزى ۋە كۆكرىكىنى يالاپ

فىياز دېرىزىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ كېتىشىگە كېرىم ئىلاھ دېرىزىدىن سەكرەپ ئۆيگە كىردى. سۇلتانە قەھر – غەزەپ بىلەن ئۇنىڭ يۈزىگە تۈكۈردى. لېكىن، ئۇ نومۇسسىزلارچە كۈلۈپ تۇراتتى. سۇلتانە ئۇنىڭ بىلىكىنى قاتتىق چىشلىۋالدى، ئۇ يا سۇلتانەنى ئۇرماي، يا تىللىماي، يەنىلا ھىجىيىپ تۇراتتى. ئۇ سۇلتانەنىڭ ئۈستىدە قېلىپ قالغان ئازغىنا كىيىمىنىمۇ يۇلۇپ يىرتىپ، بىر چەتكە تاشلىۋەتتى...

كېرىم ئىلاھ چىقىپ كەتتى. سۇلتانە ئۆلۈكتەك مىدىر ـ سىدىر قىلماي تاڭ ئاتقۇچە قىپيالىڭاچ ياتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئىششىپ، گاللىرى قۇرۇپ كەتكەنىدى. ئۇ خېلى ئۇزاق ۋاقىتتىن كېيىن ئۆرۈلۈپ بېشىنى كۆتۈرۈپ، خاتىرجەم ئۇخلاۋاتقان بالىسىغا قاراپ قويدى. ئاندىن بالىسىغا باغرىنى يېقىپ يىغلاپ كەتتى.

تاڭ يورۇپ كەتكەنىدى. ئۇ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن كىيىمىنى كىيىپ، يەنە ھالسىزلانغان ھالدا كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى.

ئۇ شۇ كۈنى ئەتىگەنلىك ۋە چۈشلۈك تامىقىنى ئۆز ئۆيىدە يېدى. كارىدوردىن فىياز بىلەن كېرىم ئىلاھنىڭ گەپلىشىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى. كەچقۇرۇن ئۇلار سىرتقا چىقىپ كەتتى.

ئۇلار چىقىپ كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئاشپەز بوۋاي ئالدىراپ ـ تېنەپ سۇلتانەنىڭ قېشىغا كىردى.

— خانىم، بۇ يەردىن دەرھال كېتىڭلار! ئۇلار بالىنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ. بۇنى مەن ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىم، — دېدى.

سۇلتانە ئالدىراپ بالىنى ئېلىپ باغرىغا چىڭ باستى.

— يا ئاللا! ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ سىز مېنى خان باھادۇرنىڭ قېشىغا ئاپىرىڭ، — دېدى ئالاقزەدە بولۇپ.

— بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئاشۇ قىلدۇرۇۋاتىدۇ. تېخىچە بىلمەيۋاتامىلا؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇ قاتتىق چۆچۈپ كەتتى.

— ئۇنداق ئەمەستۇ، ئۇنىڭ مۇنداق رەھىمسىزلىك قىلىشى مۇمكىن ئەمەس، — دېدى ئۇ تازا ئىشەنمەي.

— سىلى تېخى ئىشەنمەيۋاتىدىلا. ماڭا كېرىم ئىلاھ ئۆز ئاغزى بىلەن ئېيتتى. بۇ فىياز دېگەن نىيازنىڭ ھېچنېمىسى ئەمەس ئىكەن. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى خان باھادۇر ئۆز قولى بىلەن پىلانلىغانىكەن. ئۇلار بارلىق مال ـ مۈلۈكنى زورلۇق بىلەن

ئىگىلىۋالماقچىكەن.

سۇلتانە نائىلاج ھالدا:

— ئۇنداقتا ئېيتىڭا، مەن قانداق قىلسام بولىدۇ؟ — نەگە بارىمەن؟ كىمگە تايىنىمەن؟ — دەپ يىغلىغىلى تۇردى.

— مېنىڭ شەھەردە بىر ئىنىم بار، — دېدى ئاشپەز سەل ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن، — ئىككىمىز شۇنىڭ ئۆيىگە كېتەيلى. مەنمۇ بۇ خەقلەردىن قورقۇپ قالدىم. ئەزبىرايى خۇدا، مەن سىلىنى دېمىسەم بۇ يەردىن ئاللىقاچان كەتكەن بولاتتىم.

ئىككىيلەن پىچىرلىشىپ مەسلىھەتلىشىپ، ئاخىر دەرھال بۇ يەردىن كېتىش قارارىغا كېلىشتى. سۇلتانە ھېلىقى ئىككى ئادەم قايتىپ كەلگۈچە ئۆزىنىڭ زىننەت بۇيۇملىرى بىلەن ئوبدانراق كىيىم - كېچەكلىرىنى ئەكەتمەكچى بولدى. لېكىن، ئۇ بۇ نەرسىلەر قويۇلغان ئۆيگە كىرىش بىلەن ئىختىيارسىز ھالدا داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. فىياز تۇنۇگۈن كېچىلەپ بارلىق ساندۇقلارنى يۆتكەپ كەتكەنىدى. ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا كۆزىگە قاراڭغۇچىلىق تىقىلىپ، ئىشىكنى تۇتۇپ ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا بىردەم تۇردى. ئاشپەز بوۋاي ئۇنىڭغا بىر ئاز تەسەللى بەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ نېرۋىسى سەل تىنچىدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ يېنىدا ئاران يۈز رۇپىيەچە پۇل بار ئىدى. ئۇ زۆرۈر نەرسىلەرنى چامادانغا سېلىپ، ئاشپەزنى بىر كىرا ماشىنىسى چاقىرىشقا چىقاردى.

ئۇزاق ئۆتمەي كىرا ماشىنىسى كەلدى. ئۇلار چامادان ۋە باشقا نەرسىلەرنى ماشىنىغا سالدى. سۇلتانە بىنادىن چىققىنىغان چاغدا توساتتىن تەۋرەپ قالدى. «نېمىشقا سەرگەردان بولۇپ يۈرىمەن، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — ئۇنىڭدىن كۆرە مۇشۇ يەردە تۇرۇپ، دۇچ كەلگەن ئازاب - ئوقۇبەت بىلەن ئېلىشقىنىم تۈزۈك.» لېكىن، ئۇ يەنە دەرھال ئەيازنى ئېسىگە ئالدى. بۇ ئۇنىڭ بىردىنبىر تايانچى ئىدى. مەيلى قانداقلا بولسۇن، بۇ كىچىك جاننى ۋاقىتسىز ئۆلۈمدىن ساقلاپ قېلىشى لازىم ئىدى.

ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان ھالدا بىناغا بىر قاراپ قويۇپ، ئاستا بېسىپ چوڭ يول تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

## 3

سۇلايمان بىر كۈنى كەچقۇرۇن ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيىگە كېچىكىپرەك قايتقانىدى. بىنانىڭ ئالدىدا جافورنىڭ ماشىنىسى تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلىدە سەل تەئەججۈپلەندى. چۈنكى، جافور ئۇنىڭ سائەت ئالتىدىن بۇرۇن قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىنى تامامەن ئېنىق بىلەتتى. ئۇ سۇلايمانغا ئىشخانىدا كەچ سائەت ئالتىگىچە ئىشلەشنى ئۆز ئاغزى بىلەن تاپشۇرغانىدى. ئەمما، نېمىشقا ئۇنىڭغا بىلدۈرمەي بۇ يەرگە كەلگەندۇ؟ ئادەتتە جافور ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلمەكچى بولسا، ھامان ئۇنىمۇ ماشىنىغا ئولتۇرغۇزۇپ بىللە كېلەتتى. جافور ئۇنىڭ ئۆيىگە كېلىپ تۇرۇشقا باشلىغان تۆت ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، پەقەت بىرلا قېتىم ئۆزى يالغۇز كەلگەنىدى. لېكىن، شۇ قېتىممۇ سۇلايمانغا ئالدىن ئېيتىپ قويغانىدى. سۇلايمان يول ياقىسىدا قاناتلىرىنى كېرىپ تۇرغان غازدەك تۇرغان بۇ يېڭى پىكاپقا سىنچىلاپ قاراپ كەتتى.

بىنادا ئىككى ئاتەشپەرەس قىز دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ بۇ پىكاپقا قاراپ تۇرۇشاتتى. ئۇلار سۇلايمانغا قاراپ كۈلۈپ قويدى. سۇلايمان «يېپيېڭى پىكاپ ئىشىك ئالدىدا تۇرسا، قىزلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلالايدىكەن» دەپ ئويلاپ قالدى. ئۇ گالستۇكىنى توغرىلاپ، چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، كۆكرىكىنى كېرىپ، بىناغا چىقىپ كەتتى.

ئۇ ئۆيىگە كىرىپ بىر قاراپلا جافورنىڭ سافادا چاتلىرىنى كېرىپ، بەھۇزۇر تاماكا چېكىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ كۈل رەڭ كاستۇم كىيگەن بولۇپ، قىزىل گالستۇك

تاقىغانىدى، راھىشىندە ياندىكى بىر ساپادا ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى چاي شىرەسىدە چېيى ئىچىلىپ بولغان قۇرۇق ئىستاكان تۇراتتى. ئۇ ئىككىيلەن كىنو توغرىسىدا پاراڭ سېلىشىۋاتاتتى. جافور سۇلايماننى كۆرۈپلا:

— ۋاي - ۋۇي سۇلايمان! مۇنداقمۇ كەچ قايتقان بارمۇ، — دېدى يۇقىرى ئاۋازدا، ئاندىن سائىتىگە قاراپ قويدى، — مەن سىزنى بۇ يەردە ئوتتۇز يەتتە مىنۇت ئون سەككىز سېكۇنت كۈتۈپ ئولتۇردۇم. ئەگەر خانىم ماڭا ھەمراھ بولۇپ بىللە ئولتۇرمىغان بولسا، مەن تازا تىت ـ تىت بولۇپ كەتكەن بولاتتىم. ئالدى بىلەن سىز مەن ئۇچۇن ئۇنىڭغا ھەشقاللا ئېيتىسىڭىز بولىدۇ.

جافور مۇنداقلا كۈلۈپ قويدى. ئۇ بەھۇزۇر كۆرۈنەتتى. ئۇ سۇلايماننىڭ گەپ قىلىشىنى كۈتمەيلا ئۇنى قولىدىن تارتىپ ئولتۇرغۇزدى.

— سىز چارچىدىڭىز، بىر ئىستاكان قىزىق چاي ئىچىڭ. بۇ تەملىك چاي ئىكەن. سىلەر يېقىندىن بېرى ماندىرىن كىرىستالى ئىچىۋاتامسىلەر؟ جەزمەن شۇنداق. بۇرنۇمغا ئۇنىڭ خۇشبۇي ھىدى پۇراۋاتىدۇ، — ئۇ خىجىل بولماي چوڭ گەپ قىلماقتا ئىدى. راھىشىندە ئۇنىڭغا بىر ئىستاكان چاي تۇتتى. سۇلايمان ئالدىرىماي چاينى ئىچتى. چاي سوۋۇپ قالغان بولۇپ، ماندىرىن كىرىستالىنىڭ ھىدىمۇ يوق ئىدى، خۇشبۇي ھىدىمۇ پۇرىمايتتى. جافور ئاغزى بېسىلماي سۆزلەيتتى، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتەتتى.

ئۇ سۇلايمان بىلەن بىللە كەچلىك تاماق يېدى. تاماقتىن كېيىن كىرىنوتونغا بىللە بارماقچىدى. كەچ سائەت توققۇز بولدى. ئاي تىكلەنگەنىدى، لەرزان شامال چىقىپ تۇراتتى. ئازادە پىكاپتا ئولتۇرۇش ناھايىتى رومانتىك بىلىنەتتى. راھىشىندەمۇ ئۇلار بىلەن بىللە بولۇپ، كۆڭلى ئىنتايىن خۇشال ئىدى. ئۇنىڭ پات ـ پات كۈلۈشلىرى خۇددى شاد ـ خۇرام باللارغا ئوخشايتتى.

ئۇلار دېڭىز ساھىلىغا يېتىپ كېلىشتى. بۇ يەرنىڭ مەنزىرىسى كىشىنى مەپتۇن قىلاتتى. ئۇزۇن كەتكەن سايازلىقتىكى قۇملار ئاي نۇرىدا پارقىراپ كۆزنى قاماشتۇراتتى. دېڭىز دولقۇنى بۇژغۇن ھاسىل قىلىپ، شاۋقۇن كۆتۈرگەن پېتى كېلىپ قىرغاققا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. ئۇچەيلەن بىللە بارخاندا چىقىپ ئولتۇرۇپ، دېڭىز دولقۇنىنىڭ كۆتۈرۈلۈش ۋە پەسىيىشىدىن قانغۇدەك لەززەتلەندى. يىراقتا ئاسمان بىلەن سۇ ئوخشاش رەڭگە كىرگەندى. بىرنەچچە يەلكەنلىك كېمە خۇددى سۇ قۇشلىرىدەك دېڭىزدا دولقۇنلارنى يېرىپ ئۈزۈپ كېتىۋاتاتتى. بۇ كۆڭۈللۈك پەيتتە جافور روھلانغان ھالدا قىزىق چاقچاقلارنى قىلىپ ئۇلارنى كۈلدۈرەتتى. ئۇچەيلەن كىرىفتوندىن قايتقاندا يېرىم كېچە بولغانىدى.

جافور ئەمدى سۇلايمانلارنىڭ ئۆيىگە دائىم كېلىپ تۇرىدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە كۆپىنچە سۇلايمان يوق چاغلاردا كېلەتتى ۋە بىر ئولتۇرسا نەچچە سائەتلەپ قورۇنماي ـ تارتىنماي راھىلە بىلەن پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇراتتى. بىر قېتىم ئۇ راھىلەگە ئىنتايىن قىممەتلىك بىر دانە ئاياللار سائەت تەقدىم قىلدى.

— بۇنى بىر دوستۇم لوندوندىن ئالغاچ كەپتىكەن، ئۇ مېنىڭ توي قىلمىغانلىقىمنى تېخى بىلمەيتتى، ئايالىم بولمىسا، ئاياللار سائىتىنىڭ نېمە كېرىكى؟ — دېدى ئۇ، ئاندىن سائەتنى ئۆز قولى بىلەن راھىلەنىڭ بېغىشىغا تاقاپ قويدى. بۇ سائەت ھەقىقەتەن ناھايىتى چىرايلىق بولۇپ، راھىلەنىڭ ئاپپاق قولىغا بەكمۇ ياراشتى.

شۇنىڭدىن كېيىن جافور يەنە بىرقانچە قېتىم ئۇنىڭغا بەزى نەرسىلەرنى تەقدىم قىلدى. بىر قېتىم سۇلايمان ئۇنىڭغا تەنە گەپ قىلىۋىدى، لېكىن ئۇ ھا ـ ھا دەپ كۈلۈپلا قويۇپ:

— مېنىڭ ئايالىمنىڭ يوقلۇقى ياخشى كۆرگەن نەرسىلەرنى سېتىۋېلىشىمغا بولمايدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. سۇلايمان،

سىز ماڭا بەك قاتتىقلىق قىلماڭ. مەن بازار ئايلىنىشقا خۇمار، ئەمما مەن چىرايلىق نەرسىلەرنى ئىشكاپقا تىزىپ قويۇشنى تەشەببۇس قىلمايمەن، ئۆينى مۇزېيغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشنىمۇ خالىمايمەن. ھازىر سىزنىڭ ئۆيىڭىزمۇ مېنىڭ ئۆيۈمنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالدى، ــ دېدى.

پاكىتمۇ شۇنداق ئىدى. ھازىر ئۇ سۇلايماننىڭ ئۆيىگە كەلسە، ئۆزىنى ناھايىتى ئەركىن تۇتاتتى. ئىشىكتىن كىرگەندىن كېيىن كاستۇمنى سىلىپلا سافاغا تاشلاپ قويۇپ، گالىستۇكىنى بوشىتىۋېتىپ، سۇلايماننىڭ ئايالىغا:

ــ بۈگۈن كەچلىك تاماققا بېلىق قاتلىمىسى قىلىشقا بولامدۇ؟ مېنىڭچە، بۈگۈن چوقۇم بېلىق قاتلىمىسى يېيىش كېرەك، ــ دەيتتى ئۇ خىجىل بولماي ۋە قىلچىمۇ قورۇنماي.

ئۇنىڭ سۇلايمان بىلەن بولغان ئالاقىسى كۈندىن ـ كۈنگە قويۇقلاشماقتا ئىدى. ئۇ ئىشخانىدىمۇ سۇلايمانغا شۇنداق مۇئامىلىدە بولاتتى، شۇ سەۋەبتىن باشقىلار سۇلايمانغا ھەۋەس قىلىدىغان، خۇشامەت قىلىدىغان، ئۇنى ماختاپ ئۇچۇرىدىغان بولۇپ قالدى، كىمنىڭ جافوردا بىرەر ئىشى بولسا، سۇلايماندىن ياردەم سوراپ، ئۇنى ئارىغا قويىدىغان بولدى. ئىشمۇ ھەقىقەتەن شۇنداق بولاتتى. سۇلايمان جافورغا دەپلا قويسا، ئىش جەزمەن ۋۇجۇدقا چىقاتتى.

شۇنداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سۇلايمان مۇشۇ كۈنلەردە يەنىلا بوغۇلۇپ يۈرەتتى. ئۇ جافورنىڭ ھەر كۈنى ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ـ چىقىپ تۇرۇشىنى ياقتۇرمايتتى. جافور ئۇنىڭ ئۆيىگە كۆپ كەلگىلى تۇرغاندىن كېيىن، راھىشىندە سۇلايمانغا سوغۇق مۇئامىلە قىلغىلى تۇردى. ئۆيدە ئۇ جافورغا قارىغاندا ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى. جافورلا بار يەردە، سۇلايماندا بىر خىل ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈش تۇيغۇسى پەيدا بولاتتى.

ئۇ بىر كۈنى ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيىگە قايتقاندا، ئايالى ئۆيدە يوق ئىدى. خىزمەتكار ئۇنىڭغا راھىشىندەنىڭ جافور بىلەن بىللە

ماشىنىغا ئۇلتۇرۇپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. بۇ ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم ئۆز ئالدىغا جافور بىلەن بىللە سىرتقا چىقىشى ئىدى. سۇلايمان ئۇنىڭ بۇ قىلمىشىغا تاقەت قىلىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى.

ئۇ ئىككىيلەن قاش قارايغان ۋاقىتقىچىمۇ قايتىپ كەلمىدى. سۇلايمان تىت - تىت بولۇپ، ئۆيدە ئۇياق - بۇياق مېڭىپ كەتتى. بارغانسېرى قاراڭغۇ چۈشكىلى تۇردى. سائەت سەككىز، توققۇز، ئون بولدى، تېخىچە ئۇلارنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. ئەتراپنى قاراڭغۇچىلىق باستى، ھەممە يەردە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. سۇلايمان چارچىغان ھالدا كارىۋاتقا چىقىپ ياتتى. ئۇ ئىككىيلەن تاكى سائەت ئون بىر بولغاندا ئاندىن قايتىپ كەلدى. ئىشىكنى تېخى سۇلايمان ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ ئېچىپ بەردى.

— ھەي ي ي، تېخى ئۇخلىماپسىز - دە، مەن باغلىشىمەنكى، سىز چوقۇم ئۇخلىيالمىغان گەپ، — دېدى ئۇ سۇلايماننى كۆرۈپلا.

راھىشىندە ئۇندىمەي، سۇلايماننىڭ نەزەر دائىرىسىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئالدىراپ باشقا ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

ئىككىسى كىنو كۆرۈشكە بارغانمىش. جافور بىردەم كىنونى ماختاپ ئولتۇرۇپ، ئاندىن قايتماقچى بولۇپ ئورنىدىن تۇردى.

— سۇلايمان، — دېدى ئۇ مېڭىش ئالدىدا سۇلايمانغا، — شۆبە شىركەتتىن كەلگەن ئالاقىدە سىزنى خىزمەتتە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان دەپ قاتتىق تەنقىدلەپتۇ. بۇ توغرا بولماپتۇ، ئەتە چۈشتىن ئاۋۋال ئىشخانىغا كىرىپ مەن بىلەن كۆرۈشۈڭ.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ سۇلايماننىڭ تازا تۇتۇۋاتقان ئاچچىقىنىڭ يېرىمى بېسىلدى. «شۆبە شىركەت مېنى نېمىشقا تەنقىد قىلغاندۇ؟ چوقۇم مەندىن بىرەر سەۋەنلىك تاپقان گەپ. شۇ كۈنلەردە خىزمەتتە كۆڭلۈم بىر يەردە ئەمەس...» ئۇ تازا باش

قاتۇرۇپ ئويلاۋاتقاندا ئايالى كىردى.

— تېخى تاماق يېمىدىڭىزمۇ؟ — دېدى ئۇ

— ياق، — سۇلايمان قوپالغىنا جاۋاب بەردى.

راھشىنىدە ناھايىتى يۈرەكسىز ئىدى.

— مەن ھازىرلا تاماقنى ئىسسىتىپ ئەكىرەي، — دەپلا بۇرۇلۇپ ماڭدى ئۇ. سۇلايمان توسۇۋىدى، ئۇ ئۇنىماي چىقىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن ئاشخانىدىن چۆمۈچنىڭ تاراڭ - تۇرۇڭى ئاڭلاندى. ئاندىن راھشىنىدە تاماق كۆتۈرۈپ كىردى. ئۇ ئوچاق بېشىدىن ئەمدىلا چىققاچقا، ئوتنىڭ تەپتىدىن ئىككى مەڭزى قىزىرىپ كەتكەن بولۇپ، كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ تۇراتتى. ئازراق سىپكىلىكى پېشانىسىگە چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقى كىشىنىڭ بەك مەستلىكىنى كەلتۈرەتتى. ئۇ چاپسانلىق بىلەن شىرەنى يۆتكەپ، تاماقنى قويۇپ، ئاندىن سۇلايماننىڭ غىزالىنىشىنى كۈتۈپ بىر چەتتە ئولتۇردى. لېكىن، سۇلايمان قاپاقلىرىنى سۈزۈپ مىدىر قىلماي ئولتۇراتتى.

ئاخىر ئايالى چەلپەكنى ئۇشتۇپ، ئارىسىغا قورۇما سېلىپ، ئۇنىڭ ئاغزىغا تەڭلىدى.

— مېنىڭ يۈزۈمنى قىلىپ بىرئاز يەڭ، — دېدى ئۇ.

سۇلايمان ئۇنىڭ قولىنى ئىتتىرىۋەتتى.

— مېنىڭ قورسىقىم ئاچمىدى دېدىمغۇ؟ بىكارلا چاتاق تېپىۋاتىسىز، ھازىر يېمەيمەن، — دېدى ئۇ ئاچچىقى بىلەن. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ باشقا ئۆيگە كىرىپ، كارىۋاتقا چىقىپ ياتتى. راھشىنىدە تاماق شىرەسى يېنىدا بىردەم بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ، ئاندىن تاماقنى كۆتۈرۈپ ئاشخانىغا ئەكىرىپ كەتتى. جىمجىت كېچىدە ئاشخانىدا يەنە بىردەم تاراڭ - تۇرۇڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. راھشىنىدە ئاشخانىدىن چىقىپ، كوچىغا قارايدىغان دېرىزە ئالدىغا كېلىپ بىرپەس تۇردى. ئاندىن ئۆيدە ئۇياق - بۇياق ماڭغىلى تۇردى. سۇلايمان ئايالىنىڭ ھەربىر

ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ، ھەربىر شەپىسىگە قۇلاق سېلىپ جىم ياتاتتى.

بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن راھىشىندە ئۆيگە كىرىپ، ئاستا كارىۋاتنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئېڭىشىپ ئۇنى سۆيدى. سۇلايماننىڭ كۆزلىرى يۇمۇق ئىدى. ئۇ راھىشىندەنىڭ جىددىي نەپەس ئېلىۋاتقانلىقىنى سەزدى. راھىشىندە ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ يەنە كىردى. ئاشۇنداق بىرقانچە قېتىم چىقىپ ـ كىرىپ يۈردى. ئاخىر ئۆيدە بىردەم تۇرۇپ يەنە چىقىپ كەتتى.

ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ كۆڭلى بىئارام بولۇۋاتاتتى. سۇلايمان يېتىپ تۇرۇپ خىيالغا كەتتى. ئۇ ئايالىنى مۇنداق قايغۇغا سالماسلىقى، ئۇنىڭدىن گۇمانلانماسلىقى كېرەك ئىدى. دۇرۇس، ئۇ ئۆز ئالدىغا جافور بىلەن بىللە كىنو كۆرۈشكە بارغان. بۇ قانچىلىك خاتالىق ئىدى ئۇنى مۇشۇنچىلىك جازالىغۇدەك؟ ئۇ راھىشىندەگە ئىشىنىشى كېرەك، ھەرنېمە دېگەن بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ تۇرمۇشتىكى ھەمراھى ـ دە، ئۇنىڭ ئۈستىگە راھىشىندەمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇنداق بولمىسا ئۇ مۇشۇنداق بىئارام بولامدۇ؟ بۇ چوقۇم ئۆزى كونسېرۋاتىپ ئائىلىسىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭغا گۇمان بىلەن قارىغان گەپ. ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن يىگىرمە نەچچە ياش پەرقلىنىدۇ. يىگىرمە نەچچە يىل ئىچىدە تۇرمۇشتا قانداق زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى ـ ھە؟ ئۇ بۈگۈنكى تۇرمۇشنى دادىسىنىڭ نەزىرى بىلەن ئۆلچىمەسلىكى كېرەك. دادىسى جاھىل كونسېرۋاتىپ تۇرسا...

سۇلايمان ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە بىر ئۆيگە كىردى. ئايالى سافادا يېتىپ ئۇخلاپ قالغانىدى. چىراغ نۇرى ئۇنىڭ ئەيىبسىز مەسۇم يۈزىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. بەدىنىنىڭ بىر قىسمى ساپادىن ساڭگىلاپ قالغانىدى. دېرىزىدىن سوغۇق شامال كىرىپ تۇراتتى. ئۇ تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. سۇلايمان ئۇنى ئاستا مىدىرلىتىپ ئويغاتتى.

— نېمانداق بۇ شامال كىرىپ تۇرغان يەردە ياتىسىز؟ شامال

تېگىپ قالسا، ئاغرىپ قالىسىز، — دېدى ئۇ ئامراقلىق بىلەن.
راھشىندە كۆزىنى ئېچىپ، ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلىپ ئورنىدىن تۇردى.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ سۇلايمان ئۆيدە يوق چاغدا يەنە جافور بىلەن بىللە سىرتقا چىقتى، ئەمدى ئۇ دائىم جافور بىلەن بىللە چىقىپ تاماشا قىلىدىغان بولۇپ قالدى. ئوخشىمايدىغىنى، سۇلايمانمۇ توسقۇنلۇق قىلمايتتى. راھشىندەمۇ خىجالەت بولمايتتى. بەزىدە ئۇنىڭ بىلەن ئۆيدە ئۆچرىشىپ قالسا، جافور ئۇنىڭغا بىرنەچچە ئېغىز تەكەللۇپ سۆزىنىلا قىلىپ قوياتتى.

— كىنو كۆرۈشكە قىزىقامسىز؟ — دەپ سوراپ قوياتتى ـ دە، ئۇنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا يەنە ئۆزى سۆزلىۋالاتتى، — سىز چوقۇم چارچاپ كەتتىڭىز، دەم ئېلىڭ، — ئۇ سائىتىگە قاراپ قويۇپ، راھشىندەنى چاقىراتتى، — نېمانداق جابدۇپ بولالمايـ سىز؟ راھشى، — ھازىر ئۇ راھشىندەنى راھشى دەپ ئاتايتتى.

— مانا چىقتىم، — ئۇ چىرايلىق ياسىنىپ چىقاتتى.

كېيىن ـ كېيىن جافور تەكەللۇپ سۆزلىرىنىمۇ قىلمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ھەر كۈنى كەچقۇرۇن سۇلايماننىڭ ئۆيىگە كېلىپ، راھشىندە بىلەن بىللە كۈلۈشكەن ھالدا سىرتقا چىقىپ كېتەتتى. سۇلايمان ئۆيدە يالغۇز قېلىپ: «قانداق قىلىشىم كېرەك؟ ئۇ ئىككىسىنىڭ مۇنداق ھەددىدىن ئارتۇق يېقىنلىشىپ كېتىشىنى توسۇشۇم كېرەكمۇ؟» دەپ ئويلاپ كېتەتتى. گەرچە ئۇ ئۆزىنى زامانىۋىلىشىشنىڭ ئالدىغىراق ئۆتكۈزۈۋېتىشكە ئۈرۈنسىمۇ، لېكىن ئۇنداق قىلالمايتتى. مۇشۇ توغرۇلۇق بېشى قېتىپ، قايغۇرۇپ، ئۇنىڭ سالامەتلىكىگە قاتتىق تەسىر يەتتى. ئۇ قايتا ـ قايتا ئويلانغاندىن كېيىن، بۇنىڭغا ھەرىكەت قوللىنىش كېرەكلىكىنى، بولمىسا، بۇ تۈگىمەس باش قېتىنچىلىقىدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

ئۇ بىر كۈنى بۇنىڭدىن كېيىن جافورنى ئۆيگە كەلتۈرمەسلىك

تۇغرىسىدا جىددىي بىر قارارغا كەلدى. لېكىن، جافورنى رەنجىتىش خەتەرلىك ئىدى. بۇ، كەسپتىن ئايرىلىپ قېلىشتىن دېرەك بېرەتتى. شۇڭا، ھەرىكەت قوللىنىشتىن ئاۋۋال، خىزمەت تېپىشى لازىم ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يېڭى خىزمەت تېپىش ئۈچۈن قاتراشقا باشلىدى. ئەمما، بىرنەچچە ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. ئايلىقى بەش يۈز رۇپىيەلىك ئەمەس، ھەتتە ئىككى يۈز رۇپىيەلىك خىزمەتمۇ تېپىلمىدى.

ئۇ خىزمەت تاپالمىغانلىقتىن، جافور بىلەن تەتۈر قارىشىپ قېلىشقا يۈرەكسىزلىك قىلدى. ھازىرچە بىردىنبىر چارە راھشىندەنى جافور بىلەن يالغۇز سىرتقا چىقارماي، ئۆزىمۇ بىللە چىقىش ئىدى. شۇنداق قىلغاندا، ھېچبولمىسا ئۆزىنىڭ باش قېتىنچىلىقىنى ئازايتقىلى بولاتتى. كېيىن بىر كۈنى ئۇ ئىككىيلەن سىرتقا چىقماقچى بولغاندا، سۇلايمانمۇ بىللە چىقتى.

لېكىن، ئۇ كۈنى ئۇ تېخىمۇ چوڭ ھاقارەتكە ئۇچرىدى. كەچقۇرۇن ئۇچەيلەن چاي ئىچىش ئۈچۈن بىر چايخانىغا كىرىشتى. بۇ يەردە جافورنىڭ بەزى دوستلىرىمۇ بار ئىدى. جافور ئۇلارغا راھشىندەنى سۇلايماننىڭ رەپىقىسى دەپ تونۇشتۇرغان چاغدا، ئۇلار خۇددى جافورنىڭ گېپىنىڭ راستلىقىغا ئىشەنمىگەندەك، ھەيران بولۇپ سۇلايمانغا قاراشتى. سۇلايمان: «مەن راستلا كۆرۈمسىز بولۇپ كەتتىممۇ؟» دەپ ئويلاپ قالدى. بۇ ئىش ئۇنىڭ نىرۋىسىغا ئىنتايىن قاتتىق تەگدى. جافورنىڭ دوستلىرى مازاق قىلىپ، مەسخىرە قىلىپ، ئۇنىڭ چىدىغۇسىز ئاچچىقىنى كەلتۈرۈۋەتتى. تېخىمۇ ئېشىپ كەتكىنى شۇ بولدىكى، جافور بىر دوستىغا سۇلايماننى تونۇشتۇرغاندا، ئۇ كىشى دەرھاللا:

— ھە، سىزمىدىڭىز، سۇلايمان ئەپەندى! — دېدى مەسخىرە ئاھاڭىدا، — بىز سىزنىڭ رەپىقىڭىز بىلەن دائىم كۆرۈشۈپ تۇرىمىز. لېكىن، سىزنى مۇشۇ چاغقىچە كۆرمەپتۇق. قارىغاندا، سىز ئىنتايىن قىزىق ئەپەندىدەك قىلىسىز.

— مېنىڭ ئىنتايىن قىزىق ئىكەنلىكىمنى قانداق بىلىسىز؟ — دەپ سورىدى سۇلايمان.

— قايسى كۈنى ۋاقتىڭىز يەتسە، رەپىقىڭىزنى ئېلىپ بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ ئولتۇرۇپ كېتىڭ. شۇ چاغدا سىزگە دەپ بېرەي، — دېدى ھېلىقى كىشى. ئاندىن تېلېفون نومۇرىنى ۋە ئادرېسىنى ئۇنىڭغا دەپ بەردى. ئۇ كىشىنىڭ ئىسمى رىۋاز بولۇپ، سانائەت ـ سودا مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن كاتىپى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى، — قاچان بارساڭلار ئاۋۋال تېلېفون بېرىۋېتىڭلار، مەن ماشىنا ئەۋەتىمەن.

سۇلايمان ئۇنىڭغا قاراپ قالدى. ئۇنىڭ قەلبىدە غەزەپ ئوتى ياندى: «پارىخورلۇقتا تايىنىپ چوڭ بولغان، پارىخورلۇقتا تايىنىپ ئالىي مەكتەپنى تۈگەتكەن بۇ رىۋاز مېنى ئەخمەق چاغلاۋاتىدۇ، قاراپ تۇرۇپ ماڭا راھىشىدەنى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ئاپارغۇزماقچى بولۇپ بىلجىرلاۋاتىدۇ» دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ كاچىتىغا تازا كېلىشتۈرۈپ بىرنى سالغۇسى كېلىپ كەتتى.

جافور سۇلايماننىڭ ئەپتىگە قاراپ، دەرھال:

— رىۋاز، سىزگە كېيىن دىلى كولونكىنىڭ كىتابىنى ئوقۇپ چىقىش تەكلىپىنى بېرىمەن، يەنى «قانداق دوست تۇتۇش كېرەك» دېگەن كىتابنى دېمەكچىمەن، — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ.

رىۋازمۇ سۇلايماننىڭ خاپا بولۇۋاتقانلىقىنى سەزدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دىلى كولونكى توغرىسىدا پاراڭغا چۈشتى، ئىش شۇنداق ئۆتۈپ كەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن سۇلايمان ئىككىنچى ئۇلار بىلەن بىللە سىرتقا چىقماس بولدى. ئۆزىنىڭ قەھر ـ غەزىپىنى ئىچىگە سېلىپ، قانداق قىلىشنى بىلەلمەي قالدى. راھىشىدە يەنىلا تەپ تارتماي جافور بىلەن بىللە سىرتقا چىقىپ تاماشا قىلىپ يۈرۈۋەردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جافور ئۆزىنىڭ كۆپ ۋاقتىنى ئۇنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزىدىغان بولدى.

بىر يەكشەنبە كۈنى جافور سۇلايماننى ئىشخانىدا دىژورنىلىق

قىلىشقا بۇيرۇدى. ئۆزىمۇ ئىشخانىغا كەلدى. لېكىن، ئۇزاق تۇرمىدى ۋە سۇلايمانغا ئۆزىنىڭ دوستلىرى بىلەن بىللە دابېككە چىقىپ سەھرا سەيلىسى قىلىدىغانلىقىنى، باش دىرېكتوردىن تېلېفون كېلىپ قالسا، «دوستىنى ئۇزىتىش ئۈچۈن ئايرودۇرۇمغا چىقىپ كەتتى» دەپ قويۇشنى تاپىلاپ چىقىپ كەتتى. سۇلايمان تاكى سائەت ئۈچكىچە ئىشلەپ، بېشى قاتتىق ئاغرىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىشخانىدىن بۇرۇنراق ئۆيگە قايتتى. ئۇ ئۆيگە يېتىپ بارغاندا، بىنانىڭ ئالدىدا جافورنىڭ ماشىنىسى تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ غەزىپى قىرىق گەز ئۆرلىدى.

سۇلايمان بۇ ئىزاغا چىدىماي چىچاڭشىپ كەتتى ـ دە، ئاچچىقىدا بازارغا بېرىپ بىر پىچاق سېتىۋالدى. ئۇ بۈگۈن جافور بىلەن راھىشىدەنى جايلىۋېتىش قارارىغا كەلگەنىدى. ئۇنىڭ غەزىپى ئىچىگە پاتماي، كۆزلىرى قىزىرىپ كەتتى. ئۇڭ قولى بىلەن يانچۇقىدىكى پىچاقنى چىڭ تۇتۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ھېس قىلىشىچە، بۇ ـــ نومۇسنى ئاقلاشنىڭ بىردىنبىر چارىسى ئىدى. كۆنلەرنىڭ تەكرارلىنىشى بىلەن، قەلبىدىكى جاراھەت ئۇنىڭغا ياشاشنىڭ ئىنتايىن ئازابلىق ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇردى.

ئۇ پەلەمپەينى قوشلاپ بېسىپ ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىپ، ئىشىكنى غەزەپ بىلەن ئىتتىرىپ ئاچتى. مېھمانخانا قۇپقۇرۇق ئىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ باشقا ئۆيگە ئېتىلىپ كىردى. جافور كارىۋاتتا ياتاتتى، ئايالى كارىۋاتنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ بېشىنى تۇتۇۋاتاتتى.

سۇلايمان غەزىپىنى باسالماي، پىچاقنى چىڭ تۇتقان پېتى ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ:

ـــ راھىشى ! ـــ دەپ ۋارقىرىدى.

ئايالى ھودۇققان ھالدا ئۇنىڭغا قارىدى، ئاندىن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ـــ ئاستىراق گەپ قىلىڭ، جافورنىڭ مىجەزى يوق، ـــ دېدى

ئاۋازىنى پەس چىقىرىپ.

سۇلايمان قان تولۇپ كەتكەن كۆزلىرىنى راھشىندەگە ئالايتتى. شۇ ئەسنادا جافورنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— سۇلايمان، نېمە ئىش بولدى؟ بۇياققا كېلىڭە! — جافور ئۆرە بولۇپ ئولتۇردى. ئۇ ئاستا ئىڭراپ تۇراتتى.

— نېمانداق قىيىدىغان كىچىك بالىدەك ئۇ يەردە تۇرىسىز؟ بۇياققا كېلىڭ، كېلىڭ دەيمەن ئۇكام، — دېدى ئۇ يەنە سۇلايماننىڭ لام - جىم دېمەي تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ.

ئۇنىڭ سۆزى سەممىي ھەم ئازراق بۇيرۇق ئارىلاش ئىدى. شۇنىڭ بىلەن سۇلايمان ئاستا مېڭىپ ئۇنىڭ يېنىغا باردى.

— مېنى دوختۇرنىڭ قېشىغا ئاپارسىڭىز قانداق؟ ئۇشتۇمتۇت مىجەزىم يوق بولۇپ قالدى، — دېدى جافور، ئۇ تىترەپ قاتتىق ھاسىراپ تۇراتتى. سۇلايمان ئۇنىڭ گېپىگە جاۋاب بەرمەي، ئۇنىڭ تەرلەپ كەتكەن پېشانىسىنى تۇتۇپ كۆردى.

— ۋوي، سىز قاتتىق قىزىپ كېتىپسىز، — دېدى ئۇ ھودۇقۇپ.

— بەك بىئارام بولۇۋاتىمەن، — دېدى جافور ئىڭراپ تۇرۇپ.

— مەن دەرھال بېرىپ دوختۇر چاقىرىپ كېلەي.

— ياق، ئۆزۈم باراي.

سۇلايمان ئۇنى يۆلەپ كارىۋاتتىن چۈشۈردى. ئاندىن پەسكە ئەپچۈشۈپ ماشىنىنىڭ يېنىغا كەلدى. راھشىندەمۇ بىللە چۈشكەندى، ماشىنىنى ئۇ ھەيدىدى. سۇلايمان ئۇنىڭ ماشىنا ھەيدەشنى ئۆگىنىۋالغانلىقىنى تېخى شۇ چاغدىلا بىلدى.

ئۇچەيلەن بىللە بىر دوختۇرخانىغا كەلدى. كۆرۈنۈپ بولغاندىن كېيىن سۇلايمان ئۇنى يەنە ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدى ۋە يېرىم كېچىگىچە شۇ يەردە بولدى. راھشىندە كۆڭۈل قويۇپ جافوردىن خەۋەر ئالماقتا ئىدى. سۇلايمان ئۇنىڭ ئۇنى - بۇنى قىلىپ ئالدىراپ يۈرگەنلىكىگە قاراپ بىر چەتتە ئولتۇراتتى.

راھشىندە جافوردىن خەۋەر ئېلىشقا قالدى. سۇلايمان ئۆيىگە قايتىپ كەتتى. پىچاق تېخىچە يانچۇقىدا تۇراتتى.

## 4

سۇلتانەنىڭ ئاشپەز بوۋاينىڭ ئىنىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتقىنىغا ئىككى ئاي بولۇپ قالدى. ئۇ ئوتتۇرا ياشلاردىكى، مۇلايىم، ئاكىسىدەك كەم سۆز، كىشىلەرگە ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان ئادەم بولۇپ، شەھەردە بىر مىلىچمال دۇكىنى بار ئىدى. ھەر كۈنى ئەتىگەندە چىقىپ كېتىپ، كەچ قايتاتتى، كۈنبويى دۇكاندا بولاتتى.

ئۇ سۇلتانەنى ناھايىتى ھۆرمەتلەيتتى، ئۇنى ھەرگىز تەڭلىكتە قويمايتتى، لېكىن ئۇنىڭ ئايالىنىڭ مىجەزى چۇس، ئاغزى ئىتتىك بولۇپ، كىچىككىنە ئىشلار ئۈچۈنمۇ ئاچچىقلاپ كېتەتتى. ئۇ ئارقا ـ ئارقىدىن ئون بىر بالا تۇغقان بولۇپ، قورسىقىدىكىنى قوشقاندا ساقمۇساق بىر دوژنا بولاتتى. ئۇ كۈنبويى بالىلىرىغا ۋارقىراپ ـ جارقىراپ يۈرەتتى. قايسى ۋاقىتتا قارىسىڭىز، ئۆپكىسىنى قېقىپلا تۇراتتى. سەل دىققەت قىلمىسىڭىز، ھۆركىرەپ شالىنى چاچاتتى. بويى ئېگىز ئەمەس، بېلىنىڭ تۆۋەن تەرىپى بۆلەكچىلا سېمىز بولۇپ، بەئەينى سۇ كالىسىنىڭ ئۆزى ئىدى.

سۇلتانە بۇ يەرگە كەلگەن كۈنىلا ئۇنىڭدا قالدۇرغان تەسىرى ياخشى بولمىدى. ئۇ سۇلتانەگە كەمدىن ـ كەم سۆزلەيتتى. سۇلتانەمۇ ئۆزلۈكىدىن ئۇنىڭغا يېقىنلاشمايتتى. ئۆي بەك تارچىلىق بولۇپ، ئارانلا ئىككى ئېغىز ئۆي بار ئىدى. ئۇنىڭ بىر ئېغىزىدا سۇلتانە تۇراتتى. ئۇ كۆپ ۋاقىتتا ئۆيىدە بولاتتى. شۇ كۈنلەردە ئەيازغا چىش چىقىۋاتاتتى، ئۇنىڭ سالامەتلىكىمۇ ياخشى ئەمەس ئىدى. ھەمىشە ئانىسىغا كۆتۈر دەپ تۇراتتى، يەردە قويسىلا يىغلاپ خاپا قىلاتتى.

ئاشپەز بوۋاي تېخىچە خىزمەت تاپالماي، ھەر كۈنى ئۇياق ـ بۇياق قاتراپ يۈرەتتى. سۇلتانەنىڭ يېنىدىكى پۇل تۈگىگەنىدى.

گەرچە ئۇ ئىككى ۋاخ تاماقنى ئۇلارنىڭ ئۆيىدە يېسىمۇ، لېكىن بالىنىڭ ئىچىدىغان سۈتى ۋە باشقا كېرەكلىك نەرسىلىرى ئۈچۈن ئۆزى پۇل خەجلەشكە توغرا كېلەتتى. پۇل تۈگىگەندىن كېيىن بىر كۈنى ئۇ ئاشپەز بوۋاينى يېنىغا چاقىرىپ، قۇلىقىدىكى ئالتۇن ھالقىسىنى ئېلىپ، ئۇنىڭدىن بۇ ھالقىنى سېتىپ كېلىشنى ئۆتۈندى. ئاشپەز بىرئاز خىجىل بولۇپ قالدى.

— خانىم، بۇ نېمە قىلغانلىرى؟ — دېدى ئۇ.

— تاغا، بۇنىڭدىن كېيىن مېنى خانىم دېمەڭ، مەن نومۇس قىلىدىكەنمەن، — دېدى سۇلتانە. ئۇ ئەمدى ئاشپەز دەيدىغاننىڭ ئورنىغا تاغا دەيدىغان بولدى.

— ئۇنداقتا مەن سىلىنى نېمە دەپ ئاتاي؟ — دېدى بوۋاي كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئىختىيارىڭىز، مېنىڭ ئىسمىمنى بىلىسىز.

— ئەمىسە، ماقۇل، — دېدى ئۇ كۈلۈپ قويۇپ، — ئاللاتائالا ماڭا مۇشۇنداق چوپچوڭلا بىر قىزنى ئاتا قىپتۇ، — ئۇ سەمىمىي ھالدا سۇلتانەنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۇنداق بولسا بۇ ھالقىنى قولاقلىرىغا سېلىۋالسىلا، مېنىڭ يېنىمدا يەنە بىرئاز پۇل بار، شۇنى ئىشلىتىپ تۇرسىلا، مەن ئىش تاپسام ياخشى بولۇپ كېتىدۇ.

سۇلتانە ئۇنىمىدى. ئاشپەز بوۋاي سېتىشقا قوشۇلماي تۇرۇۋالدى. ئۇ ساندۇقىنى ئېچىپ ئەللىك روپىيەنى ئېلىپ سۇلتانەگە بەردى. ئۇ پۇلنى ئالدى، لېكىن بەك ئوڭايسىزلاندى ۋە ئىچىدە: «بۇ پۇل قاچانغىچە يېتەر، ئاشپەز بوۋاينىڭ پۇلنى قاچانغىچە خەجلەرمەن» دەپ ئويلاپ، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالدى. كېيىن ئۇنىڭ بېشىنى قاتۇرىدىغان يەنە بىر ئىش يۈز بەردى.

ئۇ جۈمە كۈنى بولسا كېرەك. ئاشپەزنىڭ ئىنىسى ھەر جۈمە كۈنى بۇرۇنراق قايتىپ كېلەتتى. ئۇ كۈنى كەچقۇرۇندا ئۇ قايتىپ كەلدى. بازاردىن بىرئاز تاتلىق يېمەكلىكلەرمۇ ئالغاچ

كەلگەنىدى. ئۇ بۇ يېمەكلىكلەردىن سۇلتانەگە بىر ئاز بېرەيلى دېۋىدى، ئايالى خاپا بولۇپ كەتتى.

— بولدى، بولدى، ئۇنىڭغا شۇنچە كۆڭۈل بۆلگەنمۇ يېتەر. نېمە بولسا، شۇنى بېرەيلى دەپ تۇرىدىكەنسىز، ئۆيدە ئاغزىنى ئېچىپ تۇرغانلار ئازمىدى؟ ئاكام يوق ئىشنى تېپىپ، بىزگە چوڭ زىيان ئۇردى. ھەرقاچان ئاكام ئۇ ئايال غوجايىنىنىڭ شەپقىتىنى كۆرگەن بولغىيدى، بىزگە نېمە ياخشىلىق قىلدى؟ ھەر كۈنى ئىككى ۋاخ تاماقتا داستىخان سالىدۇ، قىلغىنى شۇ بولدىغۇ؟

ئۇ ھېچكىمگە گەپ بەرمەيدىغان يامان ئايال ئىدى. سۇلتانە ئۆيدە بار ئىدى. ئارىنى بىرلا تام ئايرىپ تۇرغاچ، ئاۋاز ئېنىق ئاڭلىناتتى. ئۇ بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ ئاشۇنداق سىبسىق گەپلەرنى ئاڭلىغانىدى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ ئايالنىڭ ئېرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— نېمىشقا مۇنداق دەيسىز؟ خۇدايىم بەندىسىنى موھتاجلىقتىن ساقلىسۇن. ئۇنىڭ بېشىغا كۈن چۈشۈپتۇ. ئۇ بىزگە نېمە زىيان كەلتۈردى، بارى - يوقى ئىككى ۋاخ تاماققۇ؟ بىزگە خۇدايىم بېرىدۇ.

خوتۇنى بۇنى ئاڭلاپ سەپراسى تېخىمۇ ئۆرلەپ شالىنى چېچىپ ۋارقىراپ كەتتى:

— بولدى، بولدى، مۇنداق گېپىڭىزنى نېرى ئاپىرىڭ! بىز يا باي - غوجاملاردىن بولمىساق، كۈندە قورۇق نان غاجىلاپ جان بېقىۋاتقىنىمىزنى كىم بىلمەيدۇ؟ ئەمدى كېلىپ بۇ نەس باسقان بىرى قوشۇلدى. ئاكام ئاران بۇ ئۆيدىن كېتىۋىدى، ئەمدى قايتىپ كەلگەندە قويرۇقىنى سۆرەپ كەپتۇ. ئۆزى ئاز يېمەيدۇ، يەنە ئۇنىڭغىمۇ بېرىدىغان گەپ، — ئۇ ئاشۇنداق ۋارقىراپ ئۆينى بېشىغا كىيدى.

— ئاستىراق گەپ قىلىڭ، خەق ئاڭلاپ قالسا سەت ئەمەسمۇ؟ — دېدى ئېرى ئالدىراپ.

ئۇ تېخىمۇ بەكرەك كۆچەپ ۋارقىرىغىلى تۇردى.

— ئاڭلىسا، ئاڭلاۋەرسۇن، گېپىمنى خەقنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن قورقمايمەن. بۇ مېنىڭ ئۆيۇم. نېمە دېگۈم كەلسە دەۋېرىمەن. ئېسىڭىزدە تۇتۇڭ، مەن سىزگە ئوچۇق ئېيتىپ قوياي، بۇگۈندىن كېيىن ماڭا ئۇلارنى كۆتكۈزىمەن دەپ خىيال ئەيلىمەڭ. ئاكامغا دەڭ، بۇ نەس باسقاننى ئەكەتسۇن. بۇ يەر كىمنىڭ تۇرغۇسى كەلسە، تۇرىۋېرىدىغان مېھمانخانا ئەمەس، يا ئاشخانا ئەمەس. خەقنىڭ تامىقىنى يەپ تۇرۇپ، سېسىق كىبىرىنى كۆرسىتىپ گىدىيىپ يۇرگىنىنى دېمەمدىغان تېخى، — ئۇ قولىنى شىلتىپ ئۆپكىسىنى قېقىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — خىزمەت تاپالمىغانلىقى ئۇياقتا تۇرسۇن، خىزمەت تاپسا قانداق بولماقچىدى؟

— بولدى، بولدى، ئاكامغا دەيمەن. ۋارقىرىمىسىڭىز قانداق؟ — دېدى ئېرى روھسىزلانغان هالدا.

لېكىن، ئۇ يەنە بولدى قىلمىدى.

— ئەگەر دېمەيدىغان بولسىڭىز، قەسەم ئىچىپ بېرىمەنكى، ئۇلارنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى چۆرۈۋېتىپ، ئۇلارغا سىلەر يېتىپ ئاشقۇدەك ئوبدان مېھمان بولدۇڭلار، ئەمدى قېنى «مەرھەمەت!» دەيمەن.

— خۇدا ھەققى، ئاغزىڭىزنى يۇمۇڭا، هېلىمۇ ئاز گەپ قىلمىدىڭىز.

ئۇ ئاغزىنى يۇمۇش تۇگۇل تېخىمۇ ئەدەپ كەتتى. ئۇ ۋارقىراپ - جارقىراپ، ئاندىن يىغلىغىلى تۇردى. ئۇنىڭ ئېرى مۆمىن ئادەم ئىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ نېمە قىلىشنى بىلەلمەيلا قالدى. ئايالىنى ئەيىبلەشكە جۇرئەت قىلالماي، ئەكسىچە ئۇنىڭغا ياخشى گەپ قىلغىلى تۇردى.

سۇلتانە ئۇندىمەي ئاڭلاپ تۇردى. ئەمدى بۇ ئۆيدە تۇرىۋېرىشكە بولمايتتى. ئۇ ئاخشىمى ياتقاندا ئۇزاققىچە ئويلاپ كەتتى، لېكىن يەنىلا هېچقانداق ئامال يوقلۇقىنى هېس قىلدى. كىمنى تاپىدۇ؟ نەگە بارىدۇ؟ ئۇ ئۇمىدسىزلەندى. ئۇ بىرنەچچە

قېتىم «ئۆلۈپلا تۈگىشەي» دەپ ئويلىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن شۇ كۈنى ئاخشىمى ئۆلۈۋېلىشنىڭ چارىسىنى ئويلاپ قويدى.

خېلى بۇرۇن، ئانىسى ئۇنىڭغا ئۇلارنىڭ مەھەللىسىدىكى بىر ئايالنىڭ يود ئىچىپ ئۆلۈۋالغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. سۇلتانە بىرئاز يود تېپىپ، يېرىم كېچىگىچە كۈتۈپ، كىشىلەر ھەممىسى ئۇخلاپ بولغاندىن كېيىن، ئاۋۋال يودتىن ئەيازغا بىر ـ ئاز ئىچۈرۈپ، ئاندىن ئۆزى ئىچىش قارارىغا كەلدى. مۇنداق قىلغاندا ھېچكىممۇ بىلمەيتتى. ئۇ بۇ كېچىنى خىيال سۈرۈش ۋە يىغلاش بىلەن ئۆتكۈزدى.

ئۇ ئەتىگىنى ناھايىتى ۋاقچە ئويغاندى. ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىنكى بىرىنچى قىلغان ئىشى قىڭراق بىلەن پاچىقىنى كېسىپ قان چىقىرىش بولدى. قىڭراق گال ئىدى، ئۆتمەي بەك ئاغرىتىۋەتتى، قىڭراق تۇتقان قولىمۇ تىترەپ كەتتى. ئۇ پاچىقىدىن ئازراق يەرنى كەسكەندىن كېيىن، ئاشپەزگە يود ئەكەلدۈرۈشنى كۈتۈپ ئولتۇردى. ئاشپەز تاڭ تېخى غۇۋا يورۇشقا باشلىغاندىلا چىقىپ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىگەنىدى. كۈن خېلى ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ، چۈشتىن بۇرۇنقى ۋاقىتنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئۆتۈپ كەتتى.

سۇلتانە بېشى ساڭگىلىغان ھالدا ئولتۇراتتى، بالا ئۇنىڭ قۇچىقىدا ئۇخلاپ قالغانىدى. شۇ ئەسنادا سېگرا كىرىپ كەلدى. ئۇ بەدىنى ئورۇق، رەڭگى سېرىق ئايال بولۇپ، ئۆيى يېقىنلا ئىدى. بۇ يەر بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئارىلىقىدا پەقەت تۆت ئۆيلا بار ئىدى. ئۇ بۇ ئۆيگە دائىم كىرىپ تۇراتتى. سۇلتانەمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئوبدان تونۇشۇپ قالغانىدى. مۇشۇ كۈنلەردە سېگرانىڭ ناھايىتى ئىچى پۇشۇپ يۈرەتتى. ئېرى سىرتتىن بىر پاھىشە ئايالنى تېپىپ كېلىپ بىللە تۇرۇۋاتاتتى. دەسلەپتە ئېرى سېگراغا ئۇنىڭ بىلەن بالىلىرىنىڭ خىراجىتى ئۈچۈن بىرئاز پۇل بېرىپ تۇرغانىدى. يېقىنقى بىرنەچچە ئايدىن بۇيان پۇل بېرىش تۈگۈل ئۇلارغا قاراپمۇ قويمايدىغان بولۇۋالدى. سېگرا

بەزى چاغلاردا ئۇدا بىرنەچچە ۋاخ تاماق يېيەلمەيتتى. سۇلتانە ئۆزى كۆلپەتلىك تەقدىرگە يولۇققان بولغاچقا، ئۇنىڭغا ناھايىتى ھېسداشلىق قىلاتتى.

سېگرا ئىشكتىن كىرىپلا ئۇدۇل ئۇنىڭ يېنىغا باردى. بۈگۈن ئادەتتىكى ئەھۋالنىڭ ئەكسىچە ئۇنىڭ چىرايىدىن خۇشاللىق يېغىپ تۇراتتى. سۇلتانەنىڭ شۇ تاپتا پاراڭلاشقۇسى يوق ئىدى. ئۇنىڭغا يالغۇزلۇق كېرەك ئىدى. ئۇ تەنھا ئولتۇرۇپ تۈنۈگۈن ئاخشام ئويلىغان ئىشىنى بىر قۇر تەپسىلىي ئەسلەپ ئۆتۈشى لازىم ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ھېس قىلىشىچە، بۇلارنى ئەسلەش ناھايىتى قىزىقارلىق بولۇپ، بۇ — ئۆلۈمنىڭ تەمى، بۇ — ئۆلۈمگە بولغان تەشنالىق ئىدى.

لېكىن، سېگرانىڭ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكۈسى بار ئىدى. ئۇ بۈگۈن بىر ئاز ھاياجانلانغاندەك كۆرۈنەتتى.

— خۇدايىم مېنى مۇرادىمغا يەتكۈزدى! — دېدى ئۇ.

سۇلتانە ئۇنىڭ گېپىگە قىلچە قۇلاق سالماي، خۇددى ھەيكەلدەك مىدىر قىلماي ئولتۇراتتى. سېگرا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— مەن ئەمدى ھېلىقى جالاپنىڭ بالىسىنىڭمۇ (ئۆزىنىڭ ئېرىنى دېمەكچى) قولىغا قاراپ قالمايمەن، ئۇنىڭدىن - بۇنىڭدىنمۇ شەپقەت - ئىلتىپات سوراپ يۈرمەيمەن. تېنىم ساق، پۇت - قوللىرىم جايىدا بولغاندىكىن، ئىككى - ئۈچ بالىنى بېقىپ كېتەلەيمەن.

سۇلتانە ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ يەنىلا ئۈنچىقمىدى.

— ھەي، ھازىر سالامەتلىكىڭىز قانداقراق؟ — دېدى سېگرا بىردەم توختىۋېلىپ.

— يامان ئەمەس، — دېدى سۇلتانە كۆڭلى بىر يەردە بولمىغان ھالدا.

— ھېچ ئۈندىمەيسىزغۇ، نېمە بولدىڭىز؟

— ھېچنېمە.

— قالتىس ئىش بولدى! مەن يېقىندىن بېرى ئىشقا بېرىۋاتىمەن. ئەمدى ئۆي ئارىلاپ يۇرۇشكە چولام تەگمەيدىغان بولۇپ قالدى، — دېدى سېگرا كۈلۈپ تۇرۇپ.

بۇ قېتىم سۇلتانە ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قاراپ قويدى.

— نەدىن خىزمەت تاپتىڭىز؟ — دەپ ئىختىيارسىز سوراپ قالدى ئۇ.

— ۋىيەي، ئۇنىڭ ئىسمىنى نېمە دەيتتى؟ ئىنگلىزچە بىر ئىسمى بار ئىدى، ئېسىدە تۇتۇۋالغىلىمۇ بولمايدىكەن.

— ئۇ يەردە نېمە ئىش قىلىدىكەن؟ — سۇلتانە قىزىقىپ قالدى.

— ھازىر تىككۈچىلىك قىلىۋاتىمەن. ئەمەلىيەتتە، ئۆگىنىۋاتىمەن. ئۇ يەردە ئىش بەك كۆپ ئىكەن، نۇرغۇن ئاياللار بار ئىكەن. قەسەم قىلىپ بېرەلەيمەنكى، بەزى قول ئىلكىدە بار ئادەملەرنىڭ ئاياللىرىمۇ ئىشلەيدىكەن.

— سىزگە قانچە پۇل بېرىدۇ؟

— قانچىلىك ئىشلىسە، شۇنىڭغا قاراپ پۇل ئالىدىكەن. ھەپتىدە بىر قېتىم ئىش ھەققى بېرىدىكەن.

— مەنمۇ بېرىپ ئىشلىسەم بولارمۇ؟ — دەپ ئالدىراپ سورىدى سۇلتانە.

ياشاش ئارزۇسى جېنىدىن تويۇش نىيىتىنى بېسىپ چۈشتى. سۇلتانە تۇنۇگۈن ئاخشامدىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە ئويلاپ كەلگەن ئىشنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەنىدى. تۇرمۇش قانداقلا بولمىسۇن تۇرمۇش ـ دە. ئۇنىڭ جاپا ـ مۇشەققەت بىلەن تولۇپ تاشقانلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ قانداقلا بولمىسۇن ھاياتىي كۈچى جۇش ئۇرۇپ تۇرىدىغان بولغاچقا، قوينى يەنىلا چەكسىز ئىللىق بولىدۇ.

سېگرا تەئەججۇپلەنگەن ھالدا سۇلتانەگە قاراپ كەتتى.

— سىزنىڭ بېرىپ ئىشلىگۈڭىز بارمۇ؟

— بېرىپ ئىشلىسەم بولامدىكەن؟

— بىر كۈنى مەن بىللە بېرىڭ.
— مېنى بۈگۈنلا باشلاپ بېرىڭ.
— مەن سائەت ئوندا ئىشقا بارىمەن. ئەمىسە، تەييارلىنىپ تۇرۇڭ، سەل تۇرۇپ كېلىپ چاقىرىۋالاي.
سۇلتانە خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولدى.
سېگرا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، سۇلتانە دەرھال يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ، پاكىز كىيىم يەڭگۈشلىدى. پاچىقىدىكى كېسىلگەن يەرنى ئۇنتۇپلا كەتتى.
سائەت ئونغا ئاز قالغاندا سېگرا كىردى. سۇلتانە جابدۇنۇپ تەييار بولغانىدى. ئۇ ئەيازنى ئاشپەزنىڭ چوڭ جىيەن قىزىغا قاراپ تۇرۇشقا تاپشۇرۇپ بېرىپ، سېگرا بىلەن بىللە چىقىپ كەتتى. سېگرا ئۇنى بىۋاستە قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشخانىسىغا باشلاپ بارماي، بەلكى ئالدى بىلەن «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ باش ئورگىنىغا باشلاپ باردى. چۈنكى، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشخانىسىغا كىرىشتە باش ئورگاننىڭ تەستىقلىشى كېرەك ئىدى.
ئىككىيلەن ئۇ يەرگە يېتىپ بارغاندا سائەت ئون بولغانىدى. سۇلتانەگە بۇ ئۆي بىر ئاز تونۇشتەك بىلىندى. ئۇ بۇ يەرگە بۇرۇن كەلگەندەك قىلاتتى. لېكىن، ئۇ بۇنىڭ ئاخىرىنى ئويلىمىدى. ئۇ تۇنجى قېتىم بۇ يەرگە بىر قاراڭغۇ كېچىدە كەلگەنىدى. شۇ چاغدىن ھازىرغىچە ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەنلىكى سەۋەبىدىن نۇرغۇن ئىشلار ئۇنىڭ خاتىرىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى.
بۇ چاغدا ئەلى ئەھمەت باش ئورگاندا دىجورنىلىق قىلىۋاتاتتى. سېگرا سۇلتانەنى باشلاپ كىرىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈردى. ئەلى ئەھمەت ئۇنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشخانىسىغا كىرىشكە قوشۇلۇپ، شۇ يەردىلا ئۇنى تىزىمغا ئالدى ۋە ئۇنىڭغا خىزمەت كىنىشكىسى يېزىپ بەردى. سۇلتانە قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشخانىسىدىن ياتاق بېرىشنى ئۈمىد

قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈۋىدى، لېكىن ئەلى ئەھمەت ماقۇل كۆرمىدى.

— سىزگە ياتاق مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بېرەلمەيمىز. ئۆزىڭىز بىرەر ئامال قىلىڭ، — دېدى ئۇنىڭغا ئېنىق قىلىپ.

— مەن ھازىر باشقا كىشىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتىمەن. ئۇلار مېنى ئۇزاق تۇرغۇزمايدۇ. مېنىڭ باشقا بارىدىغان يېرىممۇ يوق، — دېدى ھەسرەت بىلەن.

— ھەر ھالدا بىرەر ئۇرۇق - تۇغقان ياكى دوست - يېقىنلىرىڭىز باردۇ؟

— بولىدىغان بولسا، مەن سىزنى ئاۋارە قىلمايتتىم.

ئەلى ئەھمەت بېشىنى تۆۋەن سېلىپ بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، ئاندىن:

— ئەتە مۇشۇ ۋاقىتتا كېلىڭ، جاۋابىنى بېرەي، ھازىر ھۆددە قىلالمايمەن، — دېدى.

سۇلتانە چىڭ تۇرۇۋالماي، سىگرا بىلەن بىللە قايتىپ كەتتى.

ئۇ ئەتىسى «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ باش ئورگىنىغا كەلدى. ئەلى ئەھمەت ئىشخانىدا ئىدى.

— قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشخانىسىدا پەقەت جاي يوق ئىكەن، — دېدى ئۇ سۇلتانەگە، — سىز ئۇ يەرگە بارغاندا بىلىسىز. ھازىرچە مۇشۇ باش ئورگاندا تۇرۇپ تۇرۇڭ. سىزگە بىر ئېغىز ئۆي جايلاپ بېرەيلى. لېكىن، بۇ ۋاقىتلىق. «بوز تورغاي جەمئىيىتى» سىزگە بىر ئامال قىلىپ ئاھالىلەر رايونىدىن بىرەر تۇرار جاي تېپىپ بېرىدۇ.

سۇلتانە ماقۇل بولدى. ئۇ شۇ كۈنىلا نەرسە - كېرەكلىرىنى ئەكەلدى. ئەزالار ئۇنىڭغا بىر ئېغىز ئۆينى بوشىتىپ قويغانىدى. بۇ ئۆي ئىنتايىن ئاددىي بولسىمۇ، لېكىن پاكىز ئىدى.

سۇلتانە دەسلەپكى كۈنلەردە بۇ يەرگە پەقەت كۆنەلمىدى. باش ئورگاندا تۇرىدىغانلار پۈتۈنلەي ئەرلەر ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى

كەچقۇرۇن قول ھۇنەرۋەنچىلىك ئىشخانىسىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆيدە بولاتتى. بىرەر ئىش بىلەن سىرتقا چىقىش توغرا كېلىپ قالغاندىمۇ بەك ئىزا تارتاتتى. لېكىن، ئەياز چاپسانلا ئەزالار بىلەن تونۇشۇپ كەتتى. بەزىدە نەچچە سائەتلەپ ئەزالار ئارىسىدا ئوينايتتى.

سۇلتانە ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت ئوندا ئىشقا باراتتى. ئۇ تىككۈچىلىكتىن باشقا، يەنە كانۋا ئىشلەشنىمۇ بىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىشخانا ئۇنى كانۋا ئىشلەشكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ يەنە كالۋۇتۇندا كەشتە بېسىشنى ۋە ياغاچ ئويۇنچۇق ياساشنى ئۆگىنىۋالدى. ئۇنىڭ ئەڭ ئاۋارىچىلىك ھېس قىلىدىغىنى ئەياز ئىدى. دەسلەپكى چاغلاردا ئۇ يىغلاپ جېدەل قىلىپ ئۇنىڭغا ئارام بەرمەيتتى. قول ھۇنەرۋەنچىلىك ئىشخانىسىدا ئىشقا بالا ئەكېلىدىغان ئاياللار كەمدىن ـ كەم ئۇچرايتتى. چۈنكى، بالا ئەكەلسە، خىزمەتتە ئاسانلا مەسىلە چىقاتتى. ئىشخانىدا ئۇزۇن بىر كارىدور بولۇپ، ئۇ يەرگە بىرنەچچە بۆشۈك قويۇلغانىدى. ماڭالمايدىغان بالىلار ياغاچ رېشاتكا بىلەن ئورالغان بىر يەردە قويۇلاتتى، ئۇلار شۇنىڭ ئىچىدە ئوينايتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە بىر بالا باققۇچىمۇ بار ئىدى.

سۇلتانە «بوز تورغاي جەمئىيىتى» باش ئورگىنىنىڭ شارائىتى بىلەن ئاستا ـ ئاستا تونۇشۇپ قالدى. ئۇ ئەلى ئەھمەت بىلەن خېلى تونۇشۇپ قىلىشقانىدى. ئۇنىڭ بىلەن گەپ ـ سۆز قىلىشىپ تۇراتتى. ئەياز كىشىنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەلى ئەھمەت بىلەن گەپ ـ سۆز قىلىشقا ھامان باھانە ـ سەۋەب تېپىلاتتى. ئۇ بەزىدە بىللە بولۇپ قالسا، ئىختىيارسىز ھالدا نۇشانى سېغىنىپ: «ئۇ ھازىر قەيەردىدۇ؟ ئەھۋالى قانداقراقتۇ؟» دەپ ئۇنى ئەسلەيتتى.

ئۇنىڭ نۇشانىڭ ئىشىنى ئەلى ئەھمەتكە دېگۈسى بار ئىدى، بىراق يەنە ئۇنىڭغا غەيرەت قىلالمايتتى. ئۇ «نۇشانىڭ گېپىنى

چىقارسام، دىيىشنى خالىمايدىغان بەزى ئىشلارنى دېمەي بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىشلار ئەلى ئەھمەتتە ناچار تەسىر پەيدا قىلىپ قويۇشى مۇمكىن، ئۇ چاغدا مېنى باش ئورگاندىن كۆچۈرۈۋېتەرمىكىن» دەپ ئەنسىرەيتتى.

«بوز تورغاي جەمئىيىتى» سۇلتانەنىڭ كۆپ ياردىمىگە ئېرىشتى. ئۇ ئەزالارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى تىكىپ ـ ياماپ تۈگمىلىرىنى قاداپ بېرەتتى. شەنبە كۈنى ئاخشامدا «بوز تورغاي جەمئىيىتى» مەجلىس ئاچقاندا، ئۇ مەجلىس ئىشتىراكچىلىرىغا چاي قايىنىتىپ بېرەتتى. پۈتۈن ئەزالار ئۇنى ھۆرمەتلەيتتى. ئۇنىڭ بىلەن گەپلىشىش توغرا كەلسە، تارتىنىپ ناھايىتى ئۇۋىشايسىزلىناتتى. ھەرگىز ئۆزلۈكىدىن سەۋەبسىز ئۇنىڭغا گەپ قىلمايتتى. سۇلتانە ئۇلارغا ھەر قېتىم بىرەر ئىش قىلىپ بەرگەندە، ئۇلار قايتا ـ قايتا ھەشقاللا ئېيتاتتى.

سۇلتانە «بوز تورغاي جەمئىيىتى»دىكىلەرنىڭ باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇلار ئاممىا ئۇچۇن خالىسانە ئىشلەيتتى. ھەممە ئىشنى ئۆزلىرى قول سېلىپ قىلاتتى. گەرچە يېمەك ـ ئىچمەكى غورىگىل، كىيىم ـ كېچىكى ئاددىي ـ ساددا بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار پۈتۈنلەي قانائەت قىلاتتى. گەپ ـ سۆزلىرى سىلىق، مۇناسىۋىتى مۇلايىم بولۇپ، خۇددى بىر توپ تېتىك ياش باللارغا ئوخشايتتى. ئۇلار دائىم ئەيازنى ئويىنتاتتى. ئەيازمۇ ئۇلارغا ئېجىل بولۇپ كەتكەندى. دائىم شۇلارنىڭ قېشىغا بېرىۋالاتتى. نەچچە سائەتلەپ ئانىسىنىڭ قېشىغا كەلمەي، شۇلارنىڭ قېشىدا ئويناتتى.

بىر كۈنى ئەلى ئەھمەت كىيىمنى ياماتماقچى بولۇپ ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپلا، ئۇنىڭغا دېگەن بىرىنچى ئېغىز گېپى:

ــ نېمىشقا ساۋاتىڭىزنى چىقارمايسىز؟ ــ دېگەندىن ئىبارەت بولدى.

ــ سىز ئۆگىتىپ قويامسىز؟ ــ دېدى سۇلتانە دەرھاللا.

— ھەر كۈنى كەچقۇرۇن پەقەت بىرىم سائەتلا ۋاقىت چىقىرىپ ئۆگىنىپ قويۇشۇم مۇمكىن، — دېدى ئەلى ئەھمەت بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن.

شۇ پەيتنىڭ ئۆزىدىلا ئىككىيلەن شۇنداق كېلىشتى. ئەتىسى كۈنىنىڭ ئولتۇرۇشىغىلا ئەلى ئەھمەت كىرىپ ئۆگىتىشكە باشلىدى. سۇلتانە ئەلى ئەھمەتنىڭ مۆلچەرىدىكىدىنمۇ ئەقىللىك ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆگىنىشكىمۇ بەك قىزىقاتتى. ئۇ چوڭلار مائارىپىنىڭ بىرىنچى كۇرسىنى مۇددەتتىن بۇرۇن تۈگەتتى. ئەلى ئەھمەت ئۇنىڭ ئەقىللىك ۋە ئۆگىنىشكە ئامراق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ھەر كۈنى ئۆگىنىش ۋاقتىنى ئون بەش مىنۇت ئۇزارتتى. ئۇ ۋاقىتقا بەك رىئايە قىلاتتى. دەرسكە ۋاقتىدا كېلەتتى، قىرىق بەش مىنۇت توشقاندىلا، ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كېتەتتى. دەرس ۋاقتىدا ھەرگىز دەرسكە ئالاقىدار بولمىغان ئىشلار توغرىسىدا سۆزلىمەيتتى. سۇلتانە بىرنەچچە قېتىم «ئۇنىڭغا نۇشانىڭ ئىشىنى دەپ باقاي» دېدى - يۇ، لېكىن ھەر قېتىم ئۇنىڭ سۇرلۇك چىرايىنى، قەتئىي كۆزقاراشلىرىنى كۆرۈپ، غەيرىتى نە - نەلەرگە كېتەتتى.

ئۇ نۇشانى سېغىنىش ھېسسىياتىنى باسالماي، ئاخىر بىر كۈن غەيرەت قىلىپ:

— مېنىڭ بىر ئىنىم بار ئىدى، ھازىر تۈرمىدە سولاقلىق، سوت ئۇنىڭ قاتىللىق دېلوسى ئۈستىدە سوراق قىلىۋاتىدۇ، — دېدى ئەلى ئەھمەتكە.

ئەلى ئەھمەت تەئەججۈپلەنگەن ھالدا سۇلتانەگە قاراپ كەتتى.

— ئۇ كىمنى ئۆلتۈرگەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— بۇنىڭ دادىسىنى، — دېدى سۇلتانە ئۆزىنىڭ بالىسىنى كۆرسىتىپ.

ئەلى ئەھمەت چۆچۈپ كەتتى:

— ئۆزىنىڭ يېزنىسىنى ئۆلتۈرگەن؟ نېمىدېگەن رەھىمسىز!

— ئۇ سىز ئويلىغاندەك ئۇنچىلا يامان بالا ئەمەس، — دېدى

سۇلتانە دەرھال.
— نېمىشقا؟
بۇ سوئالغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىش كېرەك؟ ئۇنىڭ بىردىنبىر ئەنسىرەيدىغىنى بۇ سىرنىڭ ئېچىلىپ قېلىشى ئىدى.
— سىزنىڭ كېيىنكىزنى چۈشەنمىدىم، — دېدى ئەلى ئەھمەت يەنە، — ئۇ سىزنىڭ ئىنىڭىز، ئۇنى سىز ياخشى كۆرىسىز، بۇ چۈشىنىشلىك. لېكىن، سىزنىڭ بەختسىز بولۇپ قېلىشىڭىزغا ئاشۇ سەۋەبچى بولغان ـ دە. ھېچبولمىغاندا مەن شۇنداق دەپ ھېسابلايمەن.
سۇلتانە «ئەگەر ئەلى ئەھمەت نۇشاغا مۇشۇنداق قارايدىغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇ نۇشاغا ياردەممۇ قىلالمايدۇ. نۇشا دارغا ئېسىلىدۇ. ئۇ مەن بىلەن مەڭگۈ جۇدالىشىدۇ» دەپ ئويلىدى ـ دە، شۇنىڭ بىلەن بىر قارارغا كېلىپ، ئىشنىڭ ھەممىسىنى يېپيېڭىدىن يىغىنىسىگىچە ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردى. ئاخىرىدا ئاۋازى بوغۇلغان ھالدا:
— مەن ھەقىقەتەن ئەسكى، مېنى ھەرقانچە نومۇسسىز دەپ ھېسابلىسىڭىزمۇ مەيلى. لېكىن، بۇ دۇنيادا مېنىڭ ھېچقانداق يېقىن ئادىمىم قالمىدى، — دېدى.
ئۇ يۈزىنى تۇتۇۋېلىپ، ئىختىيارسىز ھالدا قاتتىق يىغلاپ كەتتى. ئۆيدە دەرھال ئېچىنىشلىق كەيپىيات تۈس ئالدى.
ئەلى ئەھمەت لام ـ جىم دېمەي بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ كەتتى: «بۇ قىز ھەقىقەتەن ئىنتايىن بەختسىز ئىكەن، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — كىشىلەر ئۇنى خۇددى بىر پومزەكتەك بىر يەردىن يەنە بىر يەرگە تېپىپ، قاتتىق دەپسەندە قىپتۇ. بۇ جەمئىيەت ئىنتايىن ئەسكىرەپ كېتىپتۇ، ئاياللار پومزەك، گۈزەللىك گۇناھ بوپتۇ.»
سۇلتانە غۇۋا چىراغ نۇرى ئاستىدا بېشىنى سىلىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئۇمىدسىزلەنگەن يۈزى كۆز ياشلىرى بىلەن

يۆيۆلغانىدى. قارىغاندا، قاتتىق خورلانغانىدى.

— سىز ئالدىرىماي تۇرۇڭ، — دېدى ئەلى ئەھمەت ھېسداشلىق بىلەن، — مەن ئىنىڭىزنى تۇرمىدىن چىقىرىش ئۈچۈن بارلىق تىرىشچانلىقىمنى كۆرسىتىمەن.

سۇلتانە بېشىنى كۆتۈرۈپ، ياشقا تولغان كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى.

— سىزگە كۆپ رەھمەت. مېنىڭ ھېچقانداق يېقىن كىشىم قالمىدى، مەن ئىنىمغا موھتاج، — دېدى ـ دە، يەنە ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى.

ئەلى ئەھمەت ئۇنىڭ توختىماي يىغلاۋەرگىنىنى كۆرۈپ، قانداق قىلىشنى بىلەلمەي قالدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭغا قارىدى. ئاندىن ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئاستا بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— سەۋر قىلىڭ، يىغلىماڭ، چىقىپ يۈزىڭىزنى يۇيۇۋېتىڭ، كۆپ يىغلاپ كەتتىڭىز، — دېدى.

سۇلتانە ئورنىدىن تۇرۇپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەلى ئەھمەتكە قارىدى.

ئەلى ئەھمەتنىڭ كاللىسىدا يالت قىلىپ بىر ئوي پەيدا بولدى. ئۇ سەل ھاياجانلىنىپ، سۇلتانەنىڭ ھەقىقەتەن چىرايلىق ھەم ئىنتايىن بەختسىز ئىكەنلىكىنى ئويلىدى ـ دە، چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىپ، تىترەپ تۇرغان قولىنى سۇلتانەنىڭ مۈرىسىگە قويدى.

## 5

جىمجىت قاراڭغۇ كېچىدە ئىشىك قوڭغۇرىقىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. سۇلايمان ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنى ئاچتى. راھشىنىدە بىلەن جافور ئىشىك ئالدىدا تۇراتتى. جافور سۇلايمانغا گەپمۇ قىلماي، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا

پەسكە قاراپ ماڭدى. بىر دەمدىن كېيىن ماشىنىنى ئوت ئالدۇرغان ئاۋاز ئاڭلاندى، جافور كەتكەندى.

سۇلايمان ئىشىكنى ئېتىپ ئۆيگە كىرگەندە، ئايالى ھاردۇق يەتكەن ھالدا سافاغا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئايالىغا قاراپمۇ قويماي باشقا ئۆيگە كىرىپ كەتتى. لېكىن، دەرھال يەنە قايتىپ چىقتى. ئايالى يەنىلا سافاغا يۆلىنىپ مىدىر قىلماي ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ چاچلىرى پېشانىسىگە ساڭگىلاپ قالغان، لەۋلىرىگە سۈركىگەن قىزىلمۇ قالمىغان، كىرپىكلىرىگە سۈركىگەن سۈرمىلەرمۇ سۇسلىشىپ كەتكەندى. سۇلايمان ئۇنىڭ چىرايىغا بىر قاراپ قويۇپ، ئاندىن ئاستا مېڭىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— ۋىيەي، بۈگۈن ھېرىپ ئۆلەي دەپ قالدىم، — دېدى راھىنە ئۇنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ مېشچانلىق بىلەن.

سۇلايمان ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاقمۇ سالماي ۋە ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي، چىراغ نۇرىغا ئارقىسىنى قىلىپ ئۇندىمەي ئولتۇراتتى. ئۆيدىكى كەيپىيات بىر ئاز ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. بىر پەستىن كېيىن راھىنە ئورنىدىن تۇرۇپ ياتىدىغان ئۆيگە كىرىپ كەتمەكچى بولدى.

— ئولتۇرۇڭ، — دېدى سۇلايمان. ئۇنىڭ ئاۋازى ئادەتتىكىگە ئوخشىمايتتى، ناھايىتى تۆۋەن ئىدى.

— نېمىشقا؟ — دېدى ئۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك.

— سىزگە دەيدىغان گېپىم بار.

— ئەتە دەڭ، مەن چارچاپ كەتتىم، — دېدى ئۇ يەنىلا ھېچ ئىش بولمىغاندەك.

ئۇ ئەسنەپ ئەمدى مېڭىشقا تەمشىلىۋىدى، سۇلايمان ئۇنىڭ ئالدىنى توستى.

— مەن سىزنى ئولتۇرۇڭ دېدىمغۇ؟ — دېدى ئازراق بۇيرۇق ئاھاڭىدا.

ئۇ «پوككىدە» قىلىپ ئۆزىنى سافاغا تاشلىدى.

— مانا ئولتۇردۇمغۇ؟ دەيدىغىنىڭىزنى دەڭ، نېمە دېمەكچى؟
— مەن سىزنىڭ بۇ قىلمىشلىرىڭىزنى ياقتۇرمايمەن، مەن ئەمدى تاقەت قىلىپ تۇرالمايمەن، — دېدى سۇلايمان ئۇنىڭغا بىر قاراپ قويۇپ، بىر خىل ئاھاڭدا.
— بىرئاز تاۋۇشىڭىز يوقتەك تۇرىدۇ. ئەتە مەن بىللە مۇنۇكھال دوختۇرنىڭكىگە بېرىپ كۆرۈنۈپ بېقىڭ.
— گەپنى ئەپقاچماڭ!
— مېنىڭچە، سىزگە ھازىر دەم ئېلىش كېرەك. يۇرۇڭ، كارىۋاتقا چىقىپ يېتىڭ. ئۇيقۇ دورىسىدىن ئىككى تال يەپ، ئوبدان بىر ئۇخلىۋېلىڭ. ئەمەلىيەتتە...
— راھشى، سىز ئۆزىڭىزنى بەك ئەقىللىق چاغلىماڭ، — دېدى سۇلايمان ئۇنىڭ سۆزىنىڭ بېلىگە تېپىپ، قاتتىق ئاھاڭدا.
ئۇ ئىختىيارسىز كۇلۇپ قويدى.
— قاراڭ، بۇنىڭ ئەقىللىق بولۇش - بولماسلىق بىلەن نېمە ئالاقىسى؟ سىز يوقىلاڭ ئىشلارنى تېپىپ، قالايمىقان خىياللارغا بېرىلىدىكەنسىز.
سۇلايماننىڭ غەزىپى ئۆرلەپ كەتتى.
— سىزنىڭ مېنى قالايمىقان خىياللارغا بېرىلىشكە مەجبۇر قىلماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. بولمىسا... — ئۇ شارتتىدە قىلىپ پىچاقنى چىقاردى. پىچاقنىڭ تىغى يالتىراپ تۇراتتى، راھشىندە كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ئالاقزەدە بولغان ھالدا سۇلايمانغا قارىدى. سۇلايماننىڭ كۆزلىرى يېنىپ تۇرغان ئوت شارىغا ئوخشايتتى. ئەلپازى ئادەمنى يەۋېتىدىغاندەك ئىدى. راھشىندە قورقۇپ كېتىپ ئارقىسىغا داجىدى. بىرئاز جىمجىتلىقتىن كېيىن، راھشىندە تىترىگەن ھالدا:
— بۇ نېمە قىلماقچى بولغىنىڭىز؟ — دېدى.
— نېمە قىلماقچى بولغىنىمنى ئۆزىڭىز ئويلاپ بېقىڭ.
— زادى نېمە قىلماقچىسىز؟
— جافور بىلەن بولغان باردى - كەلدىڭىزنى

ئۆزدۇرمەكچىمەن.

— بۇ ئانچە ياخشى بولماسمىكىن.

— ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنى قەدىرلىمەيدىغان بولسىڭىز، ئەمىسە، ئانىڭىزنىڭ قېشىغا بېرىپ بىر مەزگىل تۇرۇپ كېلىڭ، — دېدى سۇلايمان قاتتىق ئاۋازدا.

ئەمدى راھىشىندە غەزەپ بىلەن سۇلايمانغا قارىدى. ئۇنىڭ گېپى راھىشىندەنىڭ ئىچىدىكى غەزەپ ئوتىنى ياندۇرغانىدى.

— مەن ھېچ يەرگە بارمايمەن. مۇشۇ يەردە تۇرىمەن! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ.

سۇلايمان شۇ كۈنى گەپنى ئېنىق ئېيتماقچىدى، نەتىجىدە يەنىلا ئېنىق ئېيتمىدى.

راھىشىندە غەزەپ بىلەن ئورنىدىن تۇردى.

— ماقۇل، ئەنسىرىمەڭ، — ئۇ شۇنداق دەۋېتىپ تېز - تېز مېڭىپ يەنە بىر ئۆيگە كىرىپ كەتتى. سۇلايمان سافادا بىردەم ئولتۇرۇپ، ئاندىن كارىۋاتقا چىقىپ ياتتى.

ئىككىنچى كۈنى ئاخشىمى جافور ئادەتتىكىدەك يەنە كەلدى. سۇلايمان ئۆيدە ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ ئايالى بايراق قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە چىقىپ كەتكەنىدى.

جافور ئىسقىرتقان پېتى بەھۇزۇر ھالدا ئۆيگە كىرىپ كەلدى - دە:

— راھشى ! — دەپ چاقىردى.

جاۋاب ئاڭلانمىغاچقا، ئۇ ئاۋازىنى كۆتۈردى.

— راھشى، چاپسانراق جابدۇنۇڭ، نېمىدېگەن يېقىملىق كەچقۇرۇن بۇ، ھە! مۇنداق چاغدا پەقەت بوۋايلار بىلەن بالا باققۇچىلارلا ئۆيدە ئولتۇرىدۇ. مېنى بۇ ئۆيدە ئۇزاق ساقلاتماڭ! — لېكىن، ئۇ راھشىندەنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆيگە كىرىپ ئۇنى ئىزدىمەكچى بولۇپ، راھشىندەنى چاقىرىپ تۇرۇپ شۇ ياققا ماڭدى. سۇلايمان گەپ قىلماي ئاڭلاپ ئولتۇرىۋەردى. جافور ئۆيدىن چىقتى.

— سۇلايمان، راھشىندەنىڭ ھازىر قەيەردىلىكىنى ئېيتىپ بەرسىڭىز قانداق؟

— بىلمەيمەن، — سۇلايمان پەس ئاۋازدا جاۋاب بەردى. جافور جىددەك تۇرۇۋېلىپ يەنە سورىدى:

— سىزنىڭچە، مۇشۇ چاغدا ئۇ قەيەردە بولۇشى مۇمكىن؟

— مەن قايتىپ كەلگەندە ئۇ يوق ئىكەن، — ئۇ يالغان سۆزلەپ قويدى.

— دېمەك، ئۇنىڭ پائالىيەتلىرىدىن قىلچىمۇ خەۋىرىڭىز يوق ئىكەن - دە. ئۆزىڭىزنىڭ ئايالىنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكىنى بىلمەيدىغان غەلىتە ئەر ئىكەنسىز.

سۇلايمان جافورنىڭ گېپىگە جاۋاب قايتۇرمىدى. «ھەقىقەتەن مەن غەلىتە ئەر، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — غەلىتە بولمىسام، سەن جافورمۇ مېنى ئەخمەق چاغلاپ، مۇنداق ھەددىڭدىن ئېشىپ كېتەلمىگەن بولاتتىڭ.» شۇ تاپتا ئۇنىڭ جافورنى بىر تەستەك قويۇپ، ئۆيدىن ئىتتىرىپ چىقىرىۋەتكۇسى كېلىپ كەتتى. لېكىن، بۇ بىر تەستەكنىڭ بەدىلى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. ئۇنىڭغا ھەر ئايدا بەش يۈز روپىيەدىن قۇرۇق قېلىشقا توغرا كېلەتتى. ئۇ ھازىر مۇنچىۋالا چوڭ زىياننى كۆتۈرەلمەيتتى.

جافور ئۆيدە بىرنەچچە قېتىم ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ، ئاندىن دېرىزە ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئۇ خېلى ئۇزاق تۇرغاندىن كېيىن، ئاخىر بىئارام بولۇپ سافاغا كېلىپ ئولتۇردى. سۇلايمان ئۇنىڭ بۇ تۇرقىنى كۆرۈپ ئىچىدە خۇش بولدى. ئۇ ساقمۇساق بىر سائەت كۈتتى. ھازىر ئۇنىڭ ئابايىقى كۆرەڭلىكىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. ئۇ بىر جايدا ئولتۇرالماي قالدى، ئىنتايىن ھارغىن كۆرۈنەتتى، ئاخىر ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

سۇلايمان ئۇنىڭ چىقىپ كېتىدىغان چاغدا ناھايىتى رايى قايتقانلىقىنى سەزدى. سۇلايمان جافورنىڭ شاپاشلاپ مېڭىپ چوڭ يولدىن ئۆتۈپ ماشىنىسىغا چىقىپلا، ماشىنىنىڭ

ئىشكىنى قاتتىق ييىپ، ئۇچقانداك يۇرۇپ كەتكەنلىكىنى دېرىزىدىن كۆرۈپ تۇردى. بۇ ھەرىكەتلىرى ئۇنىڭ بۇگۇن دەككە يېگەنلىكىنى، ئاز دېگەندە بىر ھەپتە ئىچىدە كەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۇرەتتى.

بىراق، سۇلايماننى ھەيران قالدۇرغىنى شۇ بولدىكى، سائەت توققۇز بولاي دېگەندە ئۇ يەنە كەلدى. ئىشىكتىن كىرگەن چاغدىكى روھىي كەيپىياتىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ قايتا كېلىشىنى خالىمايدىغانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى. ئۇ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، نېمىنىدۇر ئويلاپ سافادا ئولتۇردى. بىرئاز ۋاقىتتىن كېيىن، سۇلايماندىن:

— راھشى قايتىپ كەلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— قايتىپ كەلدى، — سۇلايمان قىسقىلا جاۋاب بەردى.

— ئابايا نەگە كەتكەنلىكىنى سوراپ باقمىدىڭىزمۇ؟

— ياق، — سۇلايمان بېشىنى چايقىدى.

— نېمىشقا؟ — جافور بىرئاز خاتىرجەمسىزلەنگەندەك قىلدى.

— ئۇ بىرئاز خاپا كۆرۈندۇ، سوراشقا جۈرئەت قىلالمىدىم.

سۇلايمان تاغاردا بىر يالغان گەپ قىلدى. چۈنكى، ئۇ تېخى بايىلا راھشىندە بىلەن بىللە تاماق يەپ، پاراڭ سېلىشقانىدى. ھازىر ئۇ ئۆيگە كىرىپ ئۇخلاپ قالغانىدى. بەلكىم ئىنگلىزچە رازۋېدكا رومانى ئوقۇۋاتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى.

جافور سۇلايماننىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ، مەنىستىمىگەن ھالدا ئۇنىڭغا بىر قاراپ قويدى.

— ئۇنىڭدىن راستلا ھېچنېمە سورىمىدىڭىزمۇ؟ — دېدى ئاندىن ئۇ.

— ياق، — دېدى سۇلايمان بوش ئاۋازدا.

جافور قايتا گەپ - سۆز قىلماي، كۆڭلى بىر جايدا بولمىغان ھالدا ئالىقانلىرىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ، راھشىدەنىڭ ئۆيىگە كىرمەكچى بولۇپ ماڭدى. راھشىندە كارىۋاتتا جىم ياتاتتى،

ئۆيدىكى چىراغ يورۇقى ناھايىتى غۇۋا ئىدى. قارىغاندا، ئۇ ھارغىن كۆرۈنەتتى. جافور ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئازراق ئاغرىنغاندەك ئاھاڭدا:

— ئېيتىڭا، كەچقۇرۇن قەيەرگە كەتتىڭىز؟ مەن سىزنى توپتوغرا بىر سائەت ساقلىدىم، بۈگۈن كەچقۇرۇنلۇق پائالىيەتلەرگە دەخلى يەتكۈزدىڭىز، — دېدى.

ئۇ جاۋاب قايتۇرمىدى.

ئەمدى جافور سىلىق سۆزلىگىلى تۇردى.

— نېمە بولدىڭىز؟ غەمكىن كۆرۈنىسىزغۇ؟

— بېشىم ئاغرىپ قالدى، — دېدى ئۇ تاقەتسىزلەنگەن ھالدا.

— ۋوي، نېمىشقا بۇرۇنراق دېمەيسىز، مەن ھازىر بېرىپ دوختۇر چاقىرىپ كېلەي.

— ھاجىتى يوق، رەھمەت ! — دېدى ئۇ چىرايىنى تۈرۈپ، ئاندىن جافورغا بىر قاراپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — جافور ئەپەندى بۈنىڭدىن كېيىن بۇنداق سوراپمۇ قويماستىنلا مېنىڭ ئۆيۈمگە ئۈسۈپ كىرمىسىڭىز ئىكەن. بۇ مېھمانخانا ئەمەس، مېنىڭ ياتاق ئۆيۈم.

جافور ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قالدى.

— خاپا بوپسىز ـ دە، — دېدى ئالدىراپ ـ تېنەپ.

— ئەڭ ياخشىسى، مېھمانخانىغا چىقىپ ئولتۇرۇڭ، — دېدى ئۇ يەنىلا قاتتىق ئاھاڭدا.

ئەمدى جافورغا بىرئاز ئېغىر كەلدى. راھشىندەنىڭ گېپىدىن ئۇ تاسادىپىيلىق ھېس قىلدى. راھشىندەنىڭ گېپىنىڭ ئورانىدىن قارىغاندا، پۈتۈنلەي ئۇنى مەنسىتمەسلىك چىقىپ تۇراتتى. ئۇ راھشىندەگە بىر قاراپ قويۇپ، ئاچچىقى بىلەن بۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

سۇلايمان ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ ئاڭلاۋاتاتتى، جافورنىڭ ئارقىسىغا بۇرۇلغانلىقىنى كۆرۈپلا، دەرھال سافاغا قايتىپ بېرىپ ئولتۇرۇۋالدى. جافور ئۆيدىن چىقىشىغىلا، ئۇ دەرھال ئورنىدىن

تۇردى. جافور ئۇنىڭغا گەپمۇ قىلماي ئىشىكىكە قاراپ ماڭدى. سۇلايمان ئۇنىڭغا سوڭدىشىپ ئىشىك ئالدىغا باردى. ئۇ ئىشىكتىن چىقىدىغان ۋاقىتتا:

— ئۇنىڭ خاپا بولۇپ قالغانلىقىنى سىزگە بۇرۇنلا ئېيتقانىدىم، — دېدى سۇلايمان ئۇنىڭغا.

جافور شۈبھىلەنگەن نەزىرى بىلەن ئۇنىڭغا بىر قاراپ قويۇپ دېمى ئىچىگە چۈشكەن ھالدا كېتىپ قالدى.

ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن سۇلايمان ئىشخانىسىغا كىرىپ تۇرۇشىغا، جافورنىڭ خىزمەتكارى كىرىپ، ئۇنى جافورنىڭ چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. سۇلايمان جافورنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى. ئۇ باش كۆتۈرمەي ماتېرىيال كۆرۈۋاتاتتى. سۇلايماننى كۆرۈپلا ئۇنىڭ چىرايى ئۆڭدى.

— شۆبە شىركەت يەنە سىزگە قاتتىق تەنقىد بېرىپتۇ، — دېدى ئۇ، — سىز خىزمەتتە بارغانسېرى مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىۋاتىسىز. بۇ مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سەمىڭىزگە سېلىپ قويۇشۇم. كېيىن ناۋادا بۇ يەردىن كەتكۈزۈۋېتىلىپ قالسىڭىز، ھەيران قالماڭ.

شەك ـ شۆبھىسىزكى، جافور ئۇنىڭغا تەھدىت سېلىۋاتاتتى. سۇلايمان ئۇ سۆزلەپ بولغۇچە جىم تۇرۇپ ئاڭلىدى ھەمدە بۇندىن كېيىن ئەستايىدىل ئىشلەشكە ۋەدە بېرىپ، ئاندىن ئۇنىڭ ئىشخانىسىدىن چىقىپ كەتتى. بۇ تەھدىت ھەققەتەن سۇلايماننىڭ بېشىنى قاتۇردى. ئۇنىڭ مائاشىدىن ئىقتىساد قىلىپ يىغقان پۇلى ئۆزىنىڭ بىر ئايلىق تۇرمۇشىغىمۇ يەتمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىرغىچە تېخى دەرھال بىرەر خىزمەت تېپىشتىنمۇ ئۈمىد يوق ئىدى.

ئۇ قانداق قىلىش توغرۇلۇق ئويلاۋاتقاندا، جافور ئۇنى يەنە چاقىرتتى. بۇ قېتىم ئۇ گەپنى ئوچۇقلا ئېيتتى:

— سىز راھشى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالدىڭىزمۇ؟

— ياق، — سۇلايمان تېنىۋالدى.

— مەندىن يوشۇرماڭ، چوقۇم ئۇرۇشۇپ قالدىڭلار.
— راست گەپ قىلىۋاتىمەن. گېپىمگە ئىشىنىڭ، — دېدى سۇلايمان ئۇنى گېپىگە ئىشەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ.
— سىزنىڭ ماڭا قارىتا پىكرىڭىز بارمۇ؟
جافورنىڭ قورسىقىدا جىن بار ئىدى. ئۇ سۇلايمانىغا گەپنى ئېنىق ئېيتماقچى بولدى. لېكىن، سۇلايمان ئۇنى سۆزلەتكۈزمىدى.
— مېنىڭ سىزگە نېمە پىكرىم بولسۇن؟ — دېدى ئۆزىنى ھاماقەت كۆرسىتىپ.
— ئەمىسە، راھشى تۈنۈگۈن نېمىشقا شۇنچە خاپا بولىدۇ؟
— ئۇ مەندىنمۇ خاپا بولۇۋاتىدۇغۇ. بۈگۈن ئەتىگەن مەن بىلەن بىللە ناشتا قىلمىدى. سىز بېرىپ ئۆزىدىن سوراڭ، مەن ئۇنىڭغا گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايمەن.
سۇلايمان شۇ تاپتا بىر ئاز گومۇشتەك كۆرۈنەتتى. جافور كۈلۈپ قويدى.
— مېنىڭچە، ئۇ چوقۇم بىرەر ئىش ئۈچۈن سىزدىن خاپا بولغان گەپ، ئۇ تەسىرچان ئايال. سىز ھازىرغىچە تېخى ئۇنى چۈشەنمەيسىز، — ئۇ سۇلايمانغا خۇددى چوڭلاردەك بىرمۇنچە گەپ قىلىپ كەتتى.
كەچقۇرۇن جافور ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۇ چاغدا راھشىندە ئۆيدە بار بولۇپ، سۇلايمانمۇ تېخى يېڭىلا ئىشتىن قايتىپ كېلىپ تۇرغانىدى. سۇلايمان بىلەن جافور تاشقىرىقى ئۆيدە ئولتۇرۇشتى. راھشىندە جافور بىلەن سالاملاشماي ھەم ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي، ئاستا بېرىپ ئىشكنى ئېچىپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىدە ئۆيئىچىلىك كىيىم بار ئىدى. ئۇنىڭ قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە چىقىپ كەتكەنلىكى ئېنىق ئىدى. ھەرھالدا بۇ كىيىم بىلەن بازارغا چىقمايتتى.
جافور ئۇزاق كۈتتى، يەنىلا راھشىندەنىڭ قارىسى كۆرۈنمىدى. كەچ بولۇپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن جافور قايتىپ

كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

ئۇدا بىرنەچچە كۈن شۇنداق بولدى. جافور ھەر قېتىم كەلگەندە، راھشىندە يا ئۆيدە يوق بولاتتى، يا ئۇنىڭ كېلىشى بىلەنلا قوشنا ـ قولۇملارنىڭكىگە چىقىپ كېتەتتى. جافور كەتمىگۈچە ئۇ قايتىپ كىرمەيتتى. بەزىدە ئۇدۇل كېلىپ قالغاندا، جافور تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇنىڭغا گەپ قىلسا، ئۇ قاراپمۇ قويماي، جافورنى تەمتىرىتىۋېتەتتى. شۇ كۈنلەردە جافور غەمكىن بولۇپ يۈردى. خىزمەت ۋاقتىدىمۇ كۆڭلى بىر جايدا بولمىدى. سۇلايماننىڭ ئۆيىگە كەلسە، بىر جايدا ئولتۇرالماي، ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇياق ـ بۇياق مېڭىپ يۈرەتتى. بەزىدە ساپاغا يۆلىنىپ، تورۇسقا قاراپ خىيال سۈرۈپ نەچچە سائەتلەپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. ئىچى تىتىلداپ كەتسە، ماشىنىسىنى ھەيدەپ بىر ئايلىنىپ، يەنە قايتىپ كېلەتتى.

ئۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا ئوبدانلا ئورۇقلاپ قالدى. كۆزلىرىدىنمۇ نۇر قاچتى. گەپ قىلىشلىرى بۇرۇنقىدەك مەردانە ۋە جۇشقۇن ئەمەس، بەلكى جانسىز ۋە ئېزىلەڭگۈ ئىدى.

ئاشۇ كۈنلەردە راھشىندەمۇ ئىنتايىن غېرىبسىنىپ قالدى. كىيىنىش ـ ياسىنىشقا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان بولدى. ھەمىشە ئادەتتىكى كىيىم بىلەنلا يۈرەتتى، بىرقانچە كۈنگىچىمۇ يەڭگۈشلىمەيتتى. چاچلىرىنىمۇ ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە تارىمايتتى ياكى بولمىسا ئۆزۈن چاچلىرىنى مۇنداقلا چىگىپ قوياتتى. ئۇ ئەمدى كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان بۇرۇنقى ساھىبجامال ئەمەس، بەلكى ئادەتتىكى بىر ئايالغا ئايلىنىپ قالغانىدى. كەچقۇرۇنلىرى ئۆيدىن چىققان چاغدىكى ئاشۇ بۇرۇنقى روھىي كەيپىياتى ۋە گەپ قىلغاندىكى كۆرەڭلىكى نە ـ نەلەرگە كەتكەنىدى. مىجەزىمۇ ئوسال لىشىپ، ھەدېسىلا ئاچچىقلايدىغان، ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە خاپا بولۇپلا يۈرىدىغان بولۇپ قالدى.

سۇلايمان چىرايىنى ئۆزگەرتمەي ئۇلارغا قاراپ كېتەتتى.

ئۇلارنىڭ تىت ـ تىت بولۇپ ئازابلىنىشىدىن زەررىچە تەسەللى تاپاتتى. جافور بىلەن راھىشىندەنىڭ ئۇنىڭغا كەلتۈرگەن روھىي جەھەتتىكى خورلۇق ۋە قەلبىدىكى جاراھەتنىڭ ئەمدى ئورنى تولدۇرۇلغانلىقىنى ھېس قىلاتتى.

ۋاھالەنكى، ئۇنىڭ ئىنتىقام ئېلىش نىيىتى چاپسانلا يوقالدى. ئۇ ئۆزىنى ئۇ ئىككىيلەننىڭ ئارىسىنى توسۇپ تۇرغان تۆمۈر تامدەك ھېس قىلدى. ئۇلار بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالالماي تىت ـ تىت بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇچرىشىپ تۇرايلى دېسە، تېخى ئۇنداق قىلالمايتتى. سۇلايمان بۇ ئويۇندا «رەزىل» رول ئويىنىماقتا ئىدى. مۇشۇلارنى ئويلاپ ئۇ ئۆزىنىڭ ئىنتايىن بىئەپ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ، كۆڭلى بىرقىسما بولۇپ نومۇس قىلىپ قالدى.

ئۇ مۇشۇلارنى ئويلاپ، بىر كۈنى راھىشىندەگە:

— راھىشى، سىزنىڭ جافورغا مۇنداق ھۆرمەتسىزلىك قىلماسلىقىڭىز كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن گەپ ـ سۆز قىلىشىپ تۇرۇڭ، — دېدى.

— سىز زادى نېمىنى ئويلاۋاتىسىز؟ — دېدى راھىشىندە قىزىرىپ، — بىردەم ئۇنىڭ بىلەن باردى ـ كەلدى قىلما دەيسىز، ئەمدى قويۇپ ئۇنىڭ بىلەن گەپ ـ سۆز قىلىشىپ تۇر، دەيسىز.

— لېكىن، مەن سىزنى ئۇنىڭغا مۇنداق قاتتىق پوزىتسىيەدە بول، دېمىدىم، ئۇنىڭغا مۇنداق مۇئامىلىدە بولۇش بەك ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولىدۇ، — دېدى ئۇ ئوڭايسىزلانغان ھالدا.

ئۇ ئاخىر بىر ئامال قىلىپ راھىشىندەنى گەپكە كۆندۈردى.

راھىشىندە شۇ كۈنى كەچقۇرۇن جافور بىلەن بىللە چاي ئىچىپ ۋە گەپ ـ سۆز قىلىشىپ ئولتۇردى. ئاندىن ئۇچەيلەن بىللە بېرىپ كىنو كۆردى. راھىشىندە بىلەن جافور ناھايىتى خۇشال بولدى. راھىشىندە ئەمدى يەنە قايتىدىن ئۆزىنى تۇزەپ، ئۇپا ـ ئەڭلىك سۇرتۇپ، ياسىنىپ يۇرىدىغان؛ چاچلىرىنى

باشقىچە تاراپ، كۆزنى چاقناتقۇدەك كىيىنىپ، كىشىنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرىدىغان بولۇپ قالدى. سۇلايمان ئۇنىڭغا قاراپ كۆڭلىدە خۇشال بولۇپ قالدى. ھەرنېمە دېگەن بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ ئايالى ــ دە. ئۇنىڭ بەدەنلىرىنى سىلىشى، ئۇنى سۆيۈشى، ئۇنىڭ سىلىق بىلەكلىرىگە بېشىنى قويۇپ ئۇخلىشى لازىم.

راھشىندە بىلەن جافور بىر كۈنى كەچقۇرۇن يەنە بىللە تاماشا قىلىشقا چىقىپ كەتتى. ئۆيدە يالغۇز قالغان سۇلايماننىڭ كۆڭلى بىرقىسما بولۇپ قالدى. يېرىم كېچە بولغاندا ئاندىن راھشىندە ھىجىيىپ جافور بىلەن بىللە قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ھىجىيىشى سۇلايماننىڭ قەلبىگە قۇيۇلغان زەھەردەك ئىدى. بۇنىڭ ئازابىدىن سۇلايماننىڭ كۆڭلى ئارامىدا بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاخىر بۇ ئازابتىن قۇتۇلۇشنىڭ بىر ئامالىنى ئويلاپ تاپتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ كۆپ ۋاقتىنى سىرتتا ئۆتكۈزىدىغان بولۇۋالدى. دائىم قاق سەھەردىلا ئىشقا كېتىپ، يېرىم كېچىدە قايتىپ كېلەتتى.

ئۇ بىر كۈنى كەچقۇرۇن ئىشخانىدىكى بىر خىزمەتدىشى بىلەن بىللە كىنوغا بارغانىدى. سائەت ئون بىردە ئۇلار كىنوخانىدىن چىققاندىن كېيىن، بىر جاي تېپىپ شاراب ئىچمەكچى بولۇشتى. ئۇ يېقىندىن بېرى شاراب ئىچىشنى ئۆگىنىپ قالغانىدى. ئۇ كۈنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان كىشى ئايالنت بولۇپ، مائاشى خېلى كۆپ، ھازىر تېخى بويتاق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، پۇلنىڭ كۆزىگە قارىمايتتى، ئۇنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن ئىككىيلەن شەھەردىكى مەشھۇر بىر ئاشخانىغا كىردى.

زال ئاۋات ئىدى. خېرىدارلارنىڭ كۆپىنچىسى چەت ئەللىك بولۇپ، ئەر ــ ئايال، چوڭ ــ كىچىكنىڭ ھەممىسى بار ئىدى. بۇ قىش كۈنلىرىنىڭ سوغۇق بىر كېچىسى بولۇپ، جىددى شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى ئاپپاق قار بىلەن قاپلانغان ئېگىز تاغ جىلغىلىرىدىن كەلگەن سوغۇق شامال سوقۇپ تۇراتتى. كىشلەر

قىلىن يۇڭ تېرىكە كىيىملەرنى كىيىشىۋالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى.

ئىككىيلەن بىر شىرەنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. سۇلايمان كونىياك بۇيرۇدى. كونىياك كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇلار ئالدىرىماي ئىچىپ ئولتۇرۇشتى. ئايالنىت ناھايىتى گەپچى ئىدى. ئۇ ھازىر ئۆزىنىڭ يېقىندىكى بىر ئىشق ـ مۇھەببەت ئىشىنى سۆزلەپ، ئۆزىنىڭ ئاياللارغا چاقچاق قىلىشقا قانداق ئۇستا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرمەكچى بولۇۋاتاتتى. سۇلايمان بۇ ئىشلارغا قىزىقمايتتى. ئۇ ئەتراپتىكى بەزى كىشىلەرنىڭ كۆلكىلىك ھەرىكەتلىرىنى تاماشا قىلىپ ئولتۇراتتى. توساتتىن ئۇنىڭ كۆزى بىر بۇلۇڭغا چۈشۈپ، چۆچۈپ داڭ قېتىپ قالدى.

جافور بىلەن راھشىندە شۇ يەردە ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ يېنىدا سېمىز، ئوتتۇرا ياشلىق بىر كىشى ئولتۇراتتى، تۇرقىدىن قارىغاندا چەت ئەللىكتەك قىلاتتى. ئۇ قاملاشمىغان بەزى ھەرىكەتلەرنى قىلىۋاتاتتى، بەزىدە ئاغزىنى كالچايتىپ قاتتىق كۈلۈپ كېتەتتى. كۆپرەك ئىچىپ قويغاندەك قىلاتتى. سۇلايمان راھشىندەنىڭ رومكىنى كۆتۈرۈپ ئاغزىغا ئاپارغانلىقىنى كۆردى:

«بەللى! ئۇ شامپان ھارىقى ئىچىۋېتىپتۇ!» سۇلايمان ئىختىيارسىز شۈركۈنۈپ كەتتى.

ئۇ كۆز ئۇزمەي راھشىندەگە قاراپ تۇردى. راھشىندە شاراب ئىچكەچ، ئاستا گەپ قىلىۋاتاتتى. سۇلايمان ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە قادىلىپ قاراپ ئولتۇردى.

ــ نېمانداق ھاڭۋېقىپ ئولتۇرىسىز؟ ماۋۇ رومكىدىكىنى ئىچىپ تۈگەتسىڭىز بولىدۇ، ــ دېدى ئايالنىت ئۇنىڭغا.

سۇلايمان خۇدىنى تېپىپ، رومكىنى كۆتۈرۈپ بىراقلا ئىچىۋەتتى. بۇ ئۈچىنچى رومكا ئىدى. ئارقىدىن ئۇ يەنە بىر رومكا ئىچتى. ئۇ ئايالنىتنىڭ سۆزىنى تىڭشاپ ئولتۇرغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ دىققىتى پۈتۈنلەي جەنۇبىي تامنىڭ تۈۋىدىكى شىرەگە مەركەزلەشكەنىدى.

تەخمىنەن يېرىم سائەتتىن كېيىن ئۇ ئۈچەيلەن ئورنىدىن تۇرۇشۇپ ماڭماقچى بولۇشتى. راھىشىندەنىڭ قەدەملىرى سەل دەلدەڭشىيتتى، ھېلىقى سېمىز چەت ئەللىك بىلىكىنى كۆتۈرۈۋېدى، راھىشىندە ئۇنىڭ بىلەن قولتۇقلىشىپ ئالغا قاراپ ماڭدى. ئۇ ئىككىيلەن ئالدىدا ماڭدى. جافور ئىككى قولىدا بىرنەچچە سومكىنى كۆتۈرۈپ، بېشىنى تۆۋەن سالغان ھالدا ئۇلاردىن ئىككى - ئۈچ قەدەم كەينىدە ماڭدى. قارىغاندا، ئۇ بىرەر كاتتا ئەربابنىڭ ئارقىسىدىكى چاپارمەنگە ئوخشايتتى.

سۇلايمان پۈتۈن زېھنى بىلەن بۇ ئۈچەيلەنگە قاراپ تۇراتتى.

— ھە، جافورغا قاراۋېتىپتىكەنسىز - دە، — دېدى ئايلانت، — دوستۇم، ئۇ يېقىندىن بېرى ئۆزىنىڭ خىزمىتىنى ئۆستۈرۈشنىڭ كويىغا چۈشۈۋاتىدۇ.

سۇلايمان ھەيران بولۇپ ئايلانتقا بىر قاراپ قويدى - يۇ، ھېچنېمە دېمىدى.

ئايلانت سەل شىركەيىپ ئىدى.

— دوستۇم، — دېدى ئۇ، — باش لىدىرغا تەقدىم قىلىنغان بۇ قىز خېلى جايىدا ئىكەن جۇمۇ. قارالڭ، ئاۋۇ ئادەم ئۇنى قانداق چىڭ قولتۇقلىۋالغان - ھە. بۈگۈن ئاخشامنى بۇ قىز چوقۇم ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتكۈزىدۇ. ناھايىتى چىرايلىق ئىكەن.

سۇلايمان ئۇنىڭ راھىشىندەنى مۇنداق سەت سۆزلەر بىلەن تەسۋىرلىگىنىنى ئاڭلاپ، كۆڭلى غەلىتە بولۇپ كەتتى ۋە ئايلانت ئۆزىنىڭ يۈزىگە تۈكۈرگەندەك ھېس قىلدى.

— شىركەتنىڭ ئۆتكەن ھەپتە ئامېرىكىدىن كەلگەن باش لىدىرى ئاشۇمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئالدىراپ.

— سىز بۇرۇن بۇرېيت ئەپەندىنى كۆرمىگەنمۇ؟ بۇندىن ئىككى يىل بۇرۇنقى مۇشۇ چاغدا كۆزدىن كەچۈرۈشكە كەلگەن. ھە راست، ئۇ چاغدا سىز تېخى شىركەتنىڭ خىزمەتچىسى ئەمەس ئىدىڭىز. بۇ ئادەم قېرىلىقىغا باقماي تېخى شۇنچە شەھۋەتخور ئىكەن. بۇ قېتىم جافورنىڭ خىزمىتىنىڭ ئۆرلىشى ئىشەنچلىك

بولۇپ قالدى.

— ياق ! قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ — دېدى سۇلايمان ئىشەنمەي.

— ئەمىسە، باغلىشايلى. قاراپ تۇرۇڭ، مۇشۇ ھەپتە ئىچىدە جافورنىڭ خىزمىتى چوقۇم ئۆستۈرۈلىدۇ، مۇشۇنداق چوڭ پارا بەدىلىگە نىمە سورىسا ئالالمامدۇ؟ مەنسەپنى ئۆرلىتىشنى تىلىغان ئالىدىغان بولساق، ھەي بۇرادەر! مەنسەپنى ئۆرلىتەي دېگەن كىشى ئاشۇنداق ئىقتىداردىن بىرئاز ئۆگىنىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ ناھايىتى ئوبدان چارە دەڭە! — ئايلانت قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىپ، يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ھىندىستاننىڭ بىر بەگلىكى توغرىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەت بار ئىكەن: مەلۇم مەزگىل ئىچىدە قىزلارنىڭ كۆرگەن چۈشى راست بولىدىكەن. ئەگەر قايسى قىز ئەتىگەندە ئاكىسىغا «تۈنۈگۈن كېچە سېنىڭ ھەربىي سەپتە كاپىتان بولغانلىقىڭنى كۆرۈپ چۈشەپتىمەن» دېسە، ئۇ شۇ كۈنى جەزمەن كاپىتان بولىدىكەن؛ چاپارمەن خىزمەتكە تەيىنلەش گۇۋاھنامىسىنى ئۆيگە ئەكېلىپ بېرىدىكەن. قانداق؟ — ئۇ يەنە راھەتلىنىپ كۈلۈپ كەتتى، — بۇرادەر، بەگلىكنىڭ ۋەلىئەھدىسى قانچىلىك ئىش ئىدى، مىسىردىكى فاروختەك پادىشاھ بولۇشنى كىم خالىمايدۇ دەيسىز، — ئۇ مەستلىكتە توختىماي سۆزلەيتتى. سۇلايمان ئۇنىڭ گېپىگە تازا چۈشىنەلمەي قايمۇقۇپ قالدى.

بىردەم ئۆتكەندىن كېيىن سۇلايمان ئورنىدىن تۇردى. ئايلانتنىڭ يەنە بىردەم ئولتۇرغۇسى بار ئىدى. لېكىن، سۇلايمان قايتايلى دەپ چىڭ تۇرغانلىقتىن، ئۇمۇ قوشۇلۇشقا مەجبۇر بولدى. زالدىن چىققاندا سۇلايمان جافورنىڭ ئۆزى يالغۇز شاراب ئىچىۋاتقانلىقىنى كۆردى - دە، بۇ ئىش ئۇنىڭ كاللىسىغا بەك قاتتىق تەسىر قىلدى: «ئايلانت دېگەن گەپلەرنىڭ ھەممىسى راستمىكىنە؟ جافور راھشىندەنى بۇرېىتقا تەقدىم قىلغانمىدۇ؟» ئۇ ئىشەنمەيتتى. «ياق ! بۇ مۇمكىن ئەمەس ! راھشىندە ئۆيدىدۇ؟»

ۋاھالەنكى، ئۇ ئۆيگە قايتىپ بېرىپ قارىسا، راھىشىندە يوق ئىدى. ئۇ تاكى يېرىم كېچىگىچە ئۇخلىيالمىدى. كېيىن بەك ئۇيقۇسى كېلىپ، غەمكىن ھالدا ئۇخلاپ قالدى. ئەتىگەندە ئۇ ئويغانغاندىن كېيىن راھىشىندەنىڭ تاتلىق ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ كېچە سائەت قانچىدە قايتىپ كەلدىكىنتالىڭ، خىزمەتكار ئايال ئىشىك ئېچىپ بېرىپتۇ. سۇلايمان خىزمەتكار ئايالنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىشىچە، ئۇ قايتىپ كەلگەندە مەھەللىدىكى مەسچىتتە بامداتقا ئەزان ئېيتىۋاتقانىكەن.

سۇلايمان يەنە بىر قېتىم پىچاقنى ئېلىپ، «شارت» قىلىپ تىغىنى چىقىرىپ، پىچاق دەستىسىنى شۇنداق قاتتىق سىقتى. ھازىر ئۇ دائىم ئۆزى يالغۇز قالغان چاغلىرىدا پىچاقنىڭ بىسىنى ئىتتىكمۇ قانداق دەپ باش بارمىقى بىلەن كاپلاپ تەكشۈرۈپ كۆرەتتى.

ئاخشىمى ھەر قېتىم راھىشىندە جافور بىلەن بىللە سىرتقا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن سۇلايمان ئىشكىنى تاقاپ، ئاندىن پىچاقنى چىقىرىپ، بىر پەرەز قىلىنغان نەرسىنى ئېلىپ ئېگىز يەرگە قوياتتى. بۇ پەرەز قىلىنغان نەرسە قېلىن يۇڭ رەختتىن ئىشلەنگەن خالتا بولۇپ، ئىچىگە پاختا تولدۇرۇلغانىدى. ئۇ چىشلىرىنى چىشلەپ تۇرۇپ، بۇ خالتىغا توختىماي پىچاق سانجىيتتى، تاكى چارچىغاندا ئاندىن ئولتۇرۇپ دېمىنى ئېلىۋالاتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇ پەرەز قىلىنغان نەرسە بەزىدە جافور ۋە بەزىدە بولسا راھىشىندە ئىدى.

مۇشۇ سوغۇق ۋە چۆلدەرىگەن قىش كېچىلىرىدە ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدا، ئۇ قانچىلىغان قېتىم جافور بىلەن راھىشىندەنى ئۆلتۈردى، قىيما ـ چىيما قىلىنىپ قانغا مىلىنىپ ياتقان جەسەتنى كۆردى، ئۆزىنىڭ قورققىنىدىن لاغىلداپ تىترەپ كەتكەندىكى مەنزىرىنىمۇ كۆردى.

مۇشۇ كېچىلەردە سۇلايمان ھەر قېتىم ئۇ ئىككىسىنى ئۆلتۈرۈشنىڭ يېڭى لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقاتتى. لېكىن، ئەتىسى

ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ لايىھەسىنىڭ قانائەتلىنەرلىك بولمىغانلىقىنى ھېس قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ، باشتىن ـ ئاخىرغىچە مۇكەممەل بىر لايىھەنى تۈزۈپ چىقالمىدى. بىر كۈنى ئاخشىمى جافور ئادەتتىكىگە ئوخشاشلا ھىجىيىپ ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇ چاغدا راھىنىدە بىلەن سۇلايمان چاي ئىچىپ ئولتۇراتتى. ئۇ ناھايىتى خۇشال كۆرۈنەتتى. ئۇ ئىككىيلەننىڭ ئالدىغا كېلىپ كۆكرىكىنى كېرىپ تۇرۇپ:

— سىلەر خالايدىغان بولساڭلار، سىلەرنى ئوبدان بىر مېھمان قىلغان بولاتتىم، — دېدى شوخلۇق بىلەن.

— نېمە ئىش؟ قاراڭ، شۇنچە خۇشال بولۇپ كېتىپسىز، — دېدى سۇلايمان.

— قارىغاندا، بەك قالتىس ئىشتەك قىلىدۇ، بىزگە تېخى دېمەي تۇرۇپ، تەبرىكلەڭلار دەمسىزا؟ — دېدى راھىنىدە.

ئۇ بېشىنى سەل سىڭار يان قىلىپ، خۇددى ئويۇن كۆرسىتىۋاتقاندەك راھىنىدەگە بىر قاراپ قويدى. ئاندىن بىر قولىنى كۆكرىكىگە قويۇپ، بەدىنىنى سەل مىدىرلىتىپ:

— پېقىر باش شىركەت قارىمىقىدىكى شۆبە شىركەتنىڭ دىرېكتورلۇقىغا تەيىنلەندىم. ئايلىق مائاشىم ئىككى مىڭ رۇپىيە. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىرمۇنچە قولايلىقلار بار. قانداق؟ قالتىسمىكەن؟ — دېدى.

سۇلايماننىڭ ئۇنىڭ يۈزىگە شالاققىدە بىرنى تۈكۈرگۈسى كېلىپ كەتتى: «ئىپلاس! نومۇس قىلماي قاراپ تۇرۇپ ئۆزىنى مۇشۇنداق ماختاۋاتىدۇ. ھېچبولمىغاندا ئۇ مەنسىپىنىڭ ئۆرلىگەنلىكى توغرىسىدىكى ئىشنى راھىنىدەنىڭ ئالدىدا ئېيتماسلىقى كېرەك ئىدى...» چۈنكى ئۇ بۇ يۇقىرى ئورۇنغا يامىشىپ چىقىشتا راھىنىدە ئۇنىڭغا شوتا بولغانىدى. سۇلايمان شۇلارنى ئويلاپ كېلىپ، بىردىنلا ئۆزىنى ئويلاپ قالدى. ئۇ ئۆزىنى جافوردىنمۇ بەكرەك نومۇسسىز ھېس قىلدى. ئۆزىنىڭ ئايالى كېچە ـ كېچىلەپ باشقىلار بىلەن بىللە يېتىۋاتىدۇ، ئۇ بۇ

ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرۇقلۇق غىلىڭ قىلالماي قاراپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ نېمىدېگەن چوڭ نومۇس ـ ھە ! بۇنىڭدىن كۆرە ئۇنىڭ ئۆلگىنى ياخشى !... نەپرەتلىنىش، ئۆزىنى كەمسىتىش، ئازابلىنىش ۋە غەزەپلىنىش ھېسسىياتى تەڭلا ئۇنىڭ قەلبىنى چۇلغىۋالدى ـ دە، ئۇ گاڭگىراپ قالدى.

راھىشىندە بىلەن جافور چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ چوڭقۇر ئويغا پېتىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. غەزەپ ـ نەپرىتى چېكىدىن ئاشقاچقا، ئۇ ئىككىسىنى بۇرۇنراق جايلىۋېتىش قارارىغا كەلدى. شۇنداق قىلغاندا بۇ ئېغىر ئار ـ نومۇسنى ئاقلىيالايتتى. لېكىن، بىردەمدىن كېيىن ئۇنىڭ كاللىسىدا يەنە بۇنىڭغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان خىيال پەيدا بولدى. «نېمىشقا ئۇ ئىككىسىنى دەپ ھاياتىم بىلەن ئوينىشىمەن؟ مۇنداق ئۆلۈك قاۋانىنى ئوۋلايمەن دەپ جېنىنى سېلىپ بەرگەنگە ئوخشاش ئەمەسمۇ» دەپ ئويلاپ قالدى.

ئۇ دەرھال بىر لايىھە ئويلاپ تاپتى. ئەتىسى ئۇ ئىشخانىغا بېرىپ، جافورنىڭ ئالدىغا كىرىپ خىزمىتىدىن ئىستېپا سورىدى. جافور تەئەججۇپلەنگەن ھالدا ئۇنىڭغا تىكىلدى.

ــ نېمە بولدىڭىز؟ ئەجەب ئىستېپا بەرگۈڭىز كېلىپ قاپتۇغۇ؟ ــ دېدى ئۇ چۈشىنەلمەي.

ــ يالغۇز خىزمەتتىن ئىستېپا بېرىش بىلەنلا قالمايمەن، ــ دېدى سۇلايمان ئىنتايىن جىددىي ھالدا، ــ يەنە بىر ئىشنى ئىلتىماس قىلماقچىمەن. بۇ ئىشتىمۇ سىزنىڭ ياردىمىڭىزگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىمەن، ــ ئۇ جىددەك تۇرۇۋېلىپ، جافورغا جىددىي ھالدا قاراپ قويۇپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، ــ مەن خوتۇنۇم بىلەن ئاجرىشىشنى قارار قىلدىم.

ــ بۇ جەھەتتە سىزگە قانداق ياردەم بېرەلەيمەن؟

ــ ئۇنىڭ مەندىن نىكاھ كاپالەت پۇلى① ۋە باشقا نەرسە

① مۇسۇلمانلار توي قىلغان چاغدا، ئوغۇل تەرەپ بىلەن قىز تەرەپنىڭ ئائىلىسى مەسلىھەتلىشىدۇ. مۇبادا كېيىن نىكاھتىن ئاجرىشىشقا توغرا كەلسە، ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپكە مەلۇم مىقداردا پۇل بېرىدۇ.

ئالماسلىقنى ئۈمىد قىلىمەن.

— سىز راھشىنىدە بىلەن سۆزلەشتىڭىزمۇ؟ مېنىڭچە، ئاۋۋال ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىشىڭىز كېرەك.

— مېنىڭ ئورنۇمدا سىز سۆزلەشسىڭىز دەيمەن.

جافور گەپ - سۆز قىلماي بىردەم ئويلاپ ئولتۇردى. ئاندىن سۇلايماننى گەپكە كۆندۈرۈشكە ئۇرۇندى.

— مەن سىزگە ئۇنداق قىلماسلىقنى مەسلىھەت بېرىمەن. راھشىنىدە ئوبدان ئايال، سىز ئۇنى تاشلىۋەتسىڭىز ئازابلانماسسىز؟

— ھەرگىز ئازابلانمايمەن، — سۇلايمان سالماقلىق بىلەن جاۋاب بەردى. ئاندىن بىرنەرسىنى ئويلىغاندەك قىلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بۇگۈن بۇ ئىش توغرىسىدا راھشىنىدە بىلەن سۆزلەشسىڭىز قانداق؟

جافور بۇ مەسىلىدە سۇلايمانغا پۈتۈنلەي ھېسداشلىق قىلمايتتى. لېكىن، ئۇ ئۆزىنى ھېسداشلىق قىلغاندەك كۆرسەتمەكچى بولدى.

— بېرىپ راھشىنىدە بىلەن سۆزلىشەي، بىراق مۇنداق قىلماسلىقىڭىز كېرەك ئىدى، — دېدى ئۇ.

— جافور ئەپەندى، — دېدى سۇلايمان ئاچچىقى بىلەن، — سىزنىڭ ھەمىشە ماڭا تەكلىپ بېرىشىڭىز ھاجەتسىز. راست، لېكىن بۇ سىزنىڭ ئەقىل - پاراستىڭىزنىڭ مېنىڭكىدىن تۆت ھەسسە زىيادە ئىكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ.

جافور خاپا بولمىدى. ئەكسىچە ئۆزىنى مۇلايىم تۇتتى. شۇ تاپتا سۇلايماننىڭ ئاچچىقى تازا كەلدى، «گەپنى كۆپەيتسەم، چوقۇم ئۇتقا ياغ چاچقاندەك ئىش بولىدۇ» دەپ ئويلىدى ئۇ.

— بولىدۇ، بۈگۈن راھشىنىدە بىلەن سۆزلىشەي، — دېدى ئۇ ئالدىرىماي - تېنىمەي.

سۇلايمان قايتا گەپ - سۆز قىلماي جىممىدىلا چىقىپ كەتتى. ئۇ ئىشخانىسىدا تۇرۇشنىمۇ لايىق تاپماي تاكى گۇگۇم

ۋاقىتلىقچە كوچا ئايلىنىپ يۈردى. ئۇ ئۆيگە قايتىپ بارغاندا جافور تېخىچە بار ئىدى. راھىشىندە ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى. سۇلايمان ھېچكىمگە گەپ قىلماي كېلىپ بىر ساپاغا ئولتۇردى، راھىشىندەنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتكەن بولۇپ، بىرئاز كەيپسىز كۆرۈنەتتى.

ئۆيدە ھېچقانداق تىۋىش يوق ئىدى. ئۇچەيلەن گەپ - سۆز قىلىشماي، ھەرقايسىسى ئۆز ئورنىدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. دېكابىرنىڭ بۇ سوغۇق ئاخشىمى كىشىنى قايغۇ - ھەسرەتكە سالاتتى. بۇ ئازابلىق سۈكۈت كىشىگە بۇ ئۆيدە مۇسىبەت بولغاندەك، ئۇچەيلەن ئۆلگۈچىنىڭ يېنىدا سۈكۈتتە تۇرغاندەك تەسىر بېرەتتى.

ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن جافور ئېغىز ئاچتى:

— مەن سىز قايتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى راھىشىندە بىلەن سۆزلەشتىم. ئۇ بۇ ئىشقا ناھايىتى ئېچىنىدى. مەن يەنە بىر قېتىم ئېيتاي. سىز بۇ قەدەمنى خاتا باستىڭىز.

راھىشىندە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايى غەمكىن ئىدى. سۇلايمان گەپ قىلماي ئورنىدىن تۇرۇپ باشقا ئۆيگە كىرىپ كەتتى ۋە دەرھال پىچاقنى كۆتۈرۈپ قايتىپ چىقتى. ئۇ چاتلىرىنى كېرىپ، ھەيۋەت بىلەن ئۇ ئىككىيلەننىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇردى. ئۇ ئىككىيلەن دەرھاللا ئۇنىڭ ئالدىدا ئىنتايىن ئەرزىمەس بىچارىلەرگە ئايلىنىپ قالدى.

سۇلايمان جافورغا غەزەپ بىلەن تىكىلدى.

— ھىم! جافور ئەپەندى! ئابايا نېمە دېدىڭىز؟

ئۇ «شارتتىدە» قىلىپ پىچاقنى چىقىرىپ، دەستىسىنى مىجىۋەتكۈدەك چىڭ تۇتۇپ تۇردى. جافور بىلەن راھىشىندە قورققىنىدىن كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ سۇلايمانغا قاراپ قالدى.

— بۇ ئايال مېنىڭ قارارىمغا قارىتا ئېچىنىپتۇمىش، — دېدى سۇلايمان قاتتىق ئاھاڭدا، — ئۇ مېنىڭ خوتۇنۇم ئىدى، ھازىر ئۇنى خوتۇنۇم دېيىشكە نومۇس قىلىمەن. مەن ئەسلىدە بۇ

پىچاقنى ئىككىڭلارنىڭ كۆكرىكىگە تىقماقچىدىم. شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن قەلبىم ھۇزۇرلىناتتى. ئىككىڭلار بىرلىشىپ مېنىڭ بەختىم بىلەن خۇشاللىقىمنى تارتىۋالدىڭلار. مېنى كېچەيۇكۈندۈز ئارام تاپتۇرمىدىڭلار. مېنى ھەممىسىدىن مەھرۇم قىلدىڭلار. مەن ھازىر ھېچنېمىسى قالماي ئۇتتۇرۇۋەتكەن بىر قىمارۋاز بولۇپ قالدىم. سىلەر مېنى ساراڭ قىلىپ قويدۇڭلار، ئىنسان قاتارىدىن ھايۋان ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويدۇڭلار!

سۇلايماننىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ قالدى. ئۇ ئەمدى قايتا گەپ - سۆز قىلمىدى. جافور بىلەن راھشىندە قورقۇپ كەتكەنلىكتىن ئۈندىمەي ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەن، چىرايىنى ۋەھىمە قاپلىۋالغانىدى.

— قورقماڭلار، مەن سىلەرنى ئۆلتۈرمەيمەن، — دېدى سۇلايمان بىردەمدىن كېيىن، — سىلەرنى ئۆلتۈرسەم ئۆزۈممۇ دارغا ئېسىلىمەن. مەن ئۆزۈمنىڭ ھاياتىمنى مۇنداق بىكاردىن - بىكار نابۇت قىلىۋەتمەيمەن. مۇنداق ئۆلۈش ماخاۋ كېسىلى بىلەن ئۆلگەندىنمۇ قورقۇنچلۇق، — ئۇ سەل توختىۋېلىپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — جافور، سىز بىر سولامچى، مەنمۇ شۇنداق. ماۋۇ ئولتۇرغان خوتۇن بىر جالاپ، — ئۇ قولى بىلەن راھشىندەنى كۆرسەتتى، — لېكىن، ئەمدى مەن مۇنداق سولامچى بولۇشنى خالىمايمەن. سىز بۇ قوزىڭىزنى ئەكېتىڭ. بولمىسا، نائىلاجلىقتا، ھەرگىزمۇ خالىمايدىغان ئۇسۇلنى قوللىنىپ ئۆلۈشكە مەجبۇر بولىمەن. قانداق دەيسىز؟ شۇ تاپتا قېنىم بېشىمغا يىغىلىۋاتىدۇ. مەن مۇشۇ ۋاقىت ۋە مۇشۇ جايدا ھەممە ئىشنى تۈگىتىشىم مۇمكىن!

— مەن راھشىندەنى ئەكېتىشكە قوشۇلىمەن، — دېدى جافور بېشى چۈشۈپ كەتكەن ھالدا.

ئۇلار باشقا گەپ - سۆز قىلىشمىدى. سۇلايمان ئۆز قولى بىلەن راھشىندەنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى جافورنىڭ ماشىنىسىغا سالدى. خىزمەتكار ئايالىمۇ راھشىندە بىلەن بىللە

ماڭدۇرۇۋەتتى. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن سۇلايمان بوشىشىپ لاسسىدە بولۇپ سافاغا تاشلاندى ـ دە، قاتتىق ھاسىراپ كەتتى.

ئەتىسى ئىككىيلەن سوتقا بېرىپ، سوتچىنىڭ ئالدىدا نىكاھتىن ئاجرىشىش قەغىزىگە ئىمزا قويدى. راھشىندە نىكاھ كاپالەت پۇلى ئېلىشنى ئوتتۇرىغا قويمىدى. جافور سوت ھۆكۈم چىقارغاندا گۇۋاھچى سۈپىتىدە تۆپىدە تۇردى. يەنە بىر گۇۋاھچى ئۇلارغا نىكاھتىن ئاجرىشىش قەغىزىنى يېزىپ بەرگەن ئادۋوكات ئىدى.

راھشىندە يىغلىغان پېتى سوتتىن چىقىپ كەتتى. جافور ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشكە تىرىشاتتى. سۇلايمان چاپسان مېڭىپ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى.

سۇلايمان تاكى كەچ بولغۇچە ئۆيدە ئۆلۈكتەك ياتتى. ئۇ كۈنى تاماقمۇ يېمىدى، چايمۇ ئىچمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ قىلغان ئىشىغا ئېچىنىپمۇ قالدى. ئۇ راھشىندە بىلەن بۇ ئۆيدە ئۇزاقتىن بېرى بىللە بولغانىدى. بۇ ئۆيدە ھەربىر نەرسە ئۇنىڭغا راھشىندەنى ئەسلىتەتتى. راھشىندەنىڭ ئاۋازى ئۆيدە جاراڭلايتتى، ئۇنىڭ كۆلەڭگىسى ئەتراپتا ئىرغاڭلاپ تۇراتتى...

بۇنىڭدىن خېلى بۇرۇنقى ھېلىقى بىر ئاخشىمى. راھشىندە يېڭى تويى بولغان قىز سۈپىتىدە سۇلايمانلارنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە، سۇلايمان خۇددى مەستلەردەك دەلدۈگۈنۈپ ھۇجرىغا كىردى. ئۈستىگە قىزىل كىيىم كىيگەن راھشىندە گۈل بەرگىلىرى چېچىلغان كارىۋاتتا ئىزا تارتىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن خۇش پۇراق چېچىلىپ تۇراتتى. سۇلايمان ئۈنچىقماي كېلىپ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. ئاندىن تىترەپ تۇرغان قولى بىلەن راھشىندەنىڭ ئاپپاق قولىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— قولىڭىز بەكمۇ چىرايلىق ئىكەن، — دېدى.

راھشىندە ئوڭايسىزلىنىپ يەرگە قارىۋالدى. سۇلايمان كۈلۈپ قويۇپ:

— مېنىڭ مەلىكەم، — دېۋىدى، ئۇ قورۇنۇپ تۈگۈلۈپ كەتتى.

— گەپ قىلىڭا، مەلىكەم.

— ھىم.

سۇلايمان ئۆزىنى بېسىۋالالماي قىزنىڭ يۈزىنى ئېچىۋىدى، قىز دەرھال قولى بىلەن يۈزىنى يېپىۋالدى. سۇلايمان ئۇنىڭ كىشىنىڭ مەستىلىكىنى كەلتۈرىدىغان نىپلۇپەردەك چىرايىغا قاراپ: «بۇ قىز بەكمۇ ساھىبجامال ئىكەن» دەپ ھېس قىلدى. ئۇ بۇ گۈزەل قىز بىلەن بىللە ئوبدان تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئارزۇ قىلغانىدى. لېكىن، بۈگۈن ئۇنىڭ گۈزەل چۈشى يوققا چىقتى، ئازادە كىچىك دۇنياسى دوزاخقا ئوخشاش قاقاسلىشىپ قالدى...

سۇلايمان ئۆتكەندىكى ئىشلارنى ئەسلەپ يېتىپ بېشىنى ياستۇقنىڭ ئاستىغا تىقىپ يىغلاپ كەتتى. بىردەم يىغلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ كۆڭلى سەل كۆتۈرۈلۈپ قالدى. «ئەمدى نېمە قىلىش كېرەك» دەپ ئويلىدى ئۇ. توساتتىن ئۇ ئەلى ئەھمەتنى، ئاندىن «بوز تورغاي جەمئىيىتى»دىكى بارلىق خىزمەتداشلىرىنى ئېسىگە ئالدى. ئەمدى ئۇنىڭغا پەقەت ئەلى ئەھمەتلا ياردەم بېرەلەيتتى. «پەقەت بوز تورغاي جەمئىيىتى» بىلەن بىللە بولغاندىلا، ئۇنىڭ ۋەيرانە ۋە ئېچىنىشلىق قەلبىدە قايتىدىن قايناق ھېسسىيات پەيدا بولاتتى.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ يۈز - كۆزىنى يۇيۇپ، كىيىمىنى يەڭگۈشلىدى. ئاندىن ئاشخانىدا تاماق يەپ بولۇپ، كەچلىك كىنوغا كىردى. كىنو كۆرۈپ بولۇپ يەنە ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ خاتىرجەم ئۇخلاپ قالدى.

ئۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ئۆيدىكى سەرەمجانلارنىڭ ھەممىسىنى سېتىۋەتتى. ئىشخانىغا بېرىپ ئىش ھەققىنىمۇ ئالدى. ئۆيىنى تۆت مىڭ بەش يۈز رۇپىيەگە ساتتى.

دېكابىرنىڭ بىر سوغۇق كېچىسى ئىدى. سۇلايمان بىر چامادان بىلەن ئورۇن - كۆرپىسىنى كۆتۈرۈپ، پويىز ئىستانسىسىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ يېڭى سەپەرگە ئاتلاندى.

## 6

سۇلايمان كۆن نەيزە بويى كۆتۈرۈلگەن چاغدا «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ باش ئورگىنىغا يېتىپ كەلدى.

باش ئورگاننىڭ تاملىرى ئاپپاق ئاقارتىلغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئورگان ئەتراپتىكى كىچىك ۋە ۋەيرانە ئۆيلەردىن ئېگىز بولغاچقا، قالايمىقان ـ رەتسىز گومدى ئاھالىلەر رايونىدا نۇرلۇق ماياكتەك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

ئىللىق قۇياش ئۆز نۇرىنى كەڭ زېمىنغا چاچماقتا ئىدى. تار كوچىدا ئۇستىبېشى جۇل ـ جۇل بولۇپ كەتكەن باللار ئويىنىشىپ يۈرەتتى. ئايالار ئۆيلىرىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئۇنلۇك پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى.

«بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ باش ئورگىنى تىمتاس ئىدى. بىرەر ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. سۇلايمان ئەتراپقا قارىغاچ، كۈتۈپخانا تەرەپكە ماڭدى. كۈتۈپخانىنىڭ ئىشىكىگە بارغاندا ئىككىلىنىپ قېلىپ، ئىچىگە كىرىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە پاكىز كىيىنگەن بىر ئايال سۇلايمان تەرەپكە ئارقىسىنى قىلىپ ئولتۇرۇپ، پۈتۈن زېھنىنى يىغىپ گېزىت كۆرۈۋاتاتتى.

بۇ ئايال سىرتتىكى ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ دەرھال ئارقىسىغا قارىۋىدى، سۇلايمان چۆچۈپ كەتتى. ئۇ سۇلتانە ئىدى.

— ھە.

سۇلتانەمۇ ئىنتايىن ھەيران قالغاندەك قىلاتتى. «سۇلايمان قانداق بولۇپ بۇ يەرگە كەلگەندۇ؟» دەپ ئويلاپ قالدى ئۇ. سۇلايمانغىمۇ بۇ ئىش غەلىتە تۇيۇلدى.

— قانداق بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ، ئاندىن ئاستا مېڭىپ ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى.

— مەن مۇشۇ يەردە تۇرۇۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى

سۇلتانە.

— سىز «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ باش ئورگىنىدا تۇرۇۋاتىسىز؟

— ھەئە.

سۇلايمان تېخىمۇ ھەيران بولدى.

— سىزمۇ «بوز تورغاي جەمئىيىتى»گە قاتناشتىڭىزمۇ؟

— ھەئە، ئۆتكەن ئايدا كىردىم.

سۇلايمان سۇلتانەنىڭ چىرايىدىن يەنىلا ئۆزىگە تونۇشلۇق گۆدەكلىك چىقىپ تۇرغانلىقىغا دىققەت قىلدى. ئۇ يەنىلا شۇنداق تارتىنىپ تۇرۇپ گەپ قىلاتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىنى قويۇق كىرپىكلىرى ئوراپ تۇراتتى. بويىنى يەنىلا شۇنداق سىلىق ۋە ئۇزۇن ئىدى. ئۇ قىلچىمۇ ئۆزگەرمىگەن، يەنىلا شۇنداق ساددا، شۇنداق ئوماق ئىدى!

سۇلايمان تۇرمۇشتىكى ئۇزۇن بىر مۇساپىنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن قايتىپ كەلدى. بۇ يول شۇنچە ئەگرى ـ توقاي ئىدى. ئۇ قەدەمدە بىر يىقىلىپ، نۇرغۇن ئازاب چېكىپ، قاتتىق چارچىغانىدى. لېكىن، ئۇنى خۇشال قىلغىنى شۇ بولدىكى، ئۇ يەنە ئۇشتۇمتۇت سۇلتانە بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇلار مۇنداق مەسلەكداش بولۇپ قالدى. بۇنىڭدىن كېيىن ئەمدى ئىككىسى خۇشال ـ خۇراملىق بىلەن مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ بىرلىكتە ئىلگىرىلەيدۇ. ئەمدى سۇلتانە ئۇنىڭ تۇرمۇش يولىدىكى تۇسالغۇمۇ بولۇپ قالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ماڭغان يولى بىر، كۆزلىگەن نىشانى بىر، بارىدىغان يېرى بىر.

ئۇ شۇلارنى ئويلاپ كېلىپ، ئۇشتۇمتۇت نىيازنى ئېسىگە ئالدى. نىياز ئېسىگە چۈشۈشى بىلەن تەڭ، سۇلايمانغا يەنە يولىنى بىرى توسۇپ تۇرغاندەك بىلىندى.

— نىياز قەيەردە؟ — دەپ سورىدى ئۇ دەككە ـ دۈككە بولۇپ.

— بىرنەچچە ئاينىڭ ئالدىدا ئۆلۈپ كەتتى، — دەپ جاۋاب بەردى سۇلتانە ئۇنىڭغا قارىماي تۇرۇپ.

سۇلايمان خاتىرجەم بولۇپ بىر نەپەس ئېلىۋالدى. شۇ ئەسنادا ئەلى ئەھمەت كۇتۇپخانىغا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مەڭزلىرى قىپقىزىل بىر كىچىك بالا كىردى. بۇ ئەياز ئىدى. ئەلى ئەھمەت سۇلايمانغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ، ئاندىن:

— سۇلايمان، قايتىپ كەپسىز! — دەپ توۋلاپ كەتتى خۇشال بولۇپ.

ئۇ ئىككىيلەن خۇشاللىقىدا غۇلاچلىرىنى كېرىپ قۇچاقلىشىپ كەتتى.

— مەن سىزنىڭ ئاخىر بىر كۈن قايتىپ كېلىدىغانلىقىڭىزغا بۇرۇنلا ئىشىنەتتىم، سۇلايمان. مانا ئەمدى قايتىپ كەلدىڭىز. مەن بەك خۇشال بولۇپ كەتتىم، بەك خۇشال بولۇپ كەتتىم! — دېدى ئەلى ئەھمەت ئۇنىڭ دولىسىغا ئاستا ئۇرۇپ تۇرۇپ.

سۇلايمان ئۇنىڭ چۈشىنىشىنى ئىلتىماس قىلدى:

— مەن بۇ چاغقىچە غەم - قايغۇدىن قۇتۇلالماي كەلدىم، سىزگە خەتمۇ يازالمىدىم. بوش ۋاقىت تېپىپ سىزگە بۇ مەزگىلدىكى كەچۈرمىشلىرىمنى ئوبدانراق سۆزلەپ بېرەي، — دېدى ئۇ.

— سىز ئەمدى نۇر چاقناپ تۇرىدىغان بۇ ئىشىمىزغا مەپتۇن بولۇپ قالغانسىز؟ — دېدى ئەلى ئەھمەت ئۇنى كۈچەپ بىر ئۇرۇپ قويۇپ كۈلۈپ تۇرۇپ، — بۇ — چەكسىز بەلەن ۋە ئىنتايىن كىشىنى جەلپ قىلىدىغان ئىش، لېكىن بۇ پەقەت كىشىلەر تەلپۈنىدىغان ئالتۇن تاغ. سىز ئۇنىڭغا يېقىنلىشاي دەپ قانچە تىرىشسىڭىز، ئۇ سىزدىن شۇنچە يىراقلىشىدۇ. بۇ ئاجايىپ ۋە مۇرەككەپ بىر خىزمەت. سىز بىر تۈگۈننى يەشسىڭىز، يەنە ئون تۈگۈن پەيدا بولىدۇ. پۈتۈن ئۆمرىڭىزنى ئاشۇ مۇرەككەپ چىگىش مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىچىدە ئۆتكۈزگەن تەقدىردىمۇ، ئاخىرىدا يەنىلا باش - ئايىغى بولمايدۇ.

ئەلى ئەھمەتنىڭ سۆزلىرى پەلسەپىۋى قائىدىلەر بىلەن

تولغانىدى. ئۇ تۇرمۇشنىڭ سىرلىرى ئۈستىدە سۆزلەۋاتاتتى، ئۇشتۇمتۇت ئەياز ئۇنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ، ئۇن سېلىپ يىغلىغىلى تۇردى.

ئۇ بالىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ مەڭزىگە بىرنى سۆيۈپ قويدى.

— سۇلايمان، بۇ «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ ئەڭ كىچىك ئەزاسى ئەياز بولىدۇ، — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئۇ كىمنىڭ بالىسى؟ — دەپ سورىدى سۇلايمان بالىنىڭ يۇپيۇمىلاق بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ.

— هازىر مېنىڭ بولۇپ قالدى، — دېدى ئەلى ئەھمەت كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

بالىغا بۇ گەپ ياقمىدى بولغاي، ئۇنىڭ يىغىسى تېخىمۇ ئەدەپ كەتتى. ئارقىدىن سۇلتانەنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئەكېلىڭ، بالىنى ماڭا بېرىڭ.

ئەلى ئەھمەت بۇرۇلۇپ سۇلتانەگە قاراپ:

— سۇلتانە، تونۇشۇڭلار، بۇياق «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ بىر كونا ئەزاسى، ئىسمى سۇلايمان، — دېدى ئۇنىڭغا سۇلايماننى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

سۇلتانە بېشىنى كۆتۈردى، سۇلايمان ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇلاقتەك كۆزلىرى يەنىلا ئاشۇنداق نۇرلۇق ۋە روھلۇق ئىدى. چىرايىدىن يەنىلا ئاشۇنداق ساددىلىق ۋە بىر ئاز ئەنسىزلىك چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ئىچىدە: «سۇلتانە، مەن سىزنى ئۆلسەممۇ ئۇنتۇمايمەن جۇمۇ. سىزنىڭ كۆزلىرىڭىزنى، مەڭزىلىرىڭىزنى، لەۋلىرىڭىزنى ئۇنتۇمايمەن» دەيتتى. سۇلايمان شۇ تاپتا، بۇ يەردە ئۆزى بىلەن سۇلتانەدىن باشقا يەنە بىر ئادەممۇ بارلىقىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەنىدى. بۇ ئادەم ئەلى ئەھمەت ئىدى.

— سۇلايمان، — دېدى ئۇ، — ئۇياقنىڭ ئىسمى سۇلتانە، مېنىڭ ئايالىم بولىدۇ.

يائاللا! سۇلايمان يىقىلىپ كېتىشكە تاس قالدى. ئۇنىڭغا ئۆي

ئىرغاڭشىپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنىپ، يۈرىكى سوقۇشتىن توختاپ قالغاندەك بولۇپ كەتتى. ئاغزى گەپكە كەلمەي، كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ئەلى ئەھمەتكە قاراپلا قالدى.

— ھە راست، مەن تۇرمۇش قۇردۇم، — دېدى ئەلى ئەھمەت بىرئاز ئوڭايسىزلانغان ھالدا يەرگە قاراپ تۇرۇپ. ئۇنىڭ كەڭ پېشانىسى پارقىراپ، يۈزىگە قىزىلللىق تېپىپ چىقتى. ئۆزىنى تۇتۇپ يۈرىدىغان بۇ ئادەم شۇ تاپتا شوخ يىگىتلەرگە ئوخشاپ قالغانىدى. سۇلايمان داڭ قېتىپ تۇراتتى. بىردەمدىن كېيىن ھوشىنى تېپىپ، ئاندىن:

— مۇبارەك بولسۇن، — دەپ قويدى، ئۇندىن باشقا گەپ قىلمىدى. بۇ گەپنى قىلغاندا ئۇنىڭ ئاۋازى سەل تىترەپ كەتتى.

— يولدا جاپا چەكتىڭىز، — دېدى ئەلى ئەھمەت، — ئاۋۋال ئۆيگە كىرىپ ئارام ئېلىڭ، ئاخشاملىقتا ئارامخۇدا مۇڭدىشايلى. مەن ھازىر دەۋالىشىش ئۈچۈن سوتقا بارمىسام بولمايدۇ.

— ئاشۇ ۋەقەنىڭ دەۋاسى تېخىچە تۈگىمىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى سۇلايمان.

— ئۇ ئەمەس، ئۇ دەۋا ئاللىقاچان تۈگىگەن. ئۇ دەۋادا قانداقمۇ ئۇتۇپ چىققىلى بولسۇن؟ ئۇ ۋەقەنى ساقچى «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نى سايلامدا غەلىبە قىلدۇرماسلىق ئۈچۈن ئۆز قولى بىلەن كەلتۈرۈپ چىقارغان تۇرسا، بۇ باشقا بىر دەۋا. ئەلى ئەھمەت گەپنى ئەمدى سۇلتانەگە قاراتتى:

— سىز سوتقا بارامسىز؟

— بارىمەن، سىزنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىمەن.

— كەچۈرۈڭ، سۇلتانە، مەن ھايال بولۇپ قالدىم.

— چارچاپ كەتتىڭىزغۇ دەيمەن، بىرئاز دېمىڭىزنى ئېلىۋېلىڭ، چاي دەملەپ بېرەيمۇ؟ — سۇلتانە بىرئاز تۇرۇۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بۇنىڭدىن كېيىن چاينى ئۇنداق كۆپ ئىچمەڭ، ھازىر بارغانسېرى چايخور بولۇپ كېتىۋاتىسىز.

— ماقۇل، ماقۇل، گېپىڭىزنى ئاڭلاي، بۇنىڭدىن كېيىن

ئازراق ئىچەي، — دېدى ئەلى ئەھمەت تەبەسسۇم بىلەن.

ئۇلارنىڭ گەپ - سۆزلىرىدىن ئىنتايىن ئىناقلىق چىقىپ تۇراتتى، ئۆزئارا ھۆرمەتلەش، كۆيۈنۈش ھېسسىياتى ئەكس ئېتەتتى. سۇلايمان بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇرۇشنى خالىمىدى. ئۇلارنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزى ئۇنىڭغا قارىتا يىلان چاققاندەك تۇيۇلاتتى. سۇلايمان بۇ يەردە تۇرۇشتىن ئىنتايىن ئازابلاندى.

— مەن كەچقۇرۇنلۇققا سىز بىلەن كۆرۈشەي، — دېدى ئۇ ئەلى ئەھمەتكە.

— سىز ئەۋزەلنىڭ ئۆيىگە كىرىپ دەم ئېلىپ تۇرۇڭ، ئۇنىڭ ئۆيى ئەڭ ئارقا تەرەپتە، — دېدى ئەلى ئەھمەت.

سۇلايمان ئورۇن - كۆرپىلىرى بىلەن چامادانىنى كۆتۈرۈپ، گەپ - سۆز قىلماي كۇتۇپخانىدىن چىقىپ كەتمەكچى بولدى.

— سۇلايمان، ئەكېلىڭ مەن كۆتۈرۈۋالاي.

— ھاجىتى يوق، رەھمەت. بۇ ئىككى نەرسە ئېغىر ئەمەس، — دېدى ئۇ سىرتقا قاراپ مېڭىۋېتىپ.

ئۇ ئەۋزەلنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئورۇن سېلىپ، بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ، ھارغىن ھالدا سوزۇلۇپ ياتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى غەش بولۇپ، كاللىسى قېلىن بىر قەۋەت مۇز تۇتقاندەك قېتىپ قالغانىدى. مەن دەل ئاشۇ سۇلتانەنىڭ سەۋەبىدىن «بوز تورغاي جەمئىيىتى»دىن ئايرىلىپ، ئائىلە ئىشلىرى ئىچىگە پېتىپ قالغانىدىم. ئەجەبا ئەمدى مەن يەنە بىر قېتىم ئۇنىڭ سەۋەبىدىن «بوز تورغاي جەمئىيىتى»دىن ئايرىلامدىم؟ مەن بۇ يەردە تۇرسام، سۇلتانە بىلەن ئەلى ئەھمەتنىڭ مۇنداق يېقىنلىشىپ كەتكەنلىكىگە چىداپ تۇرالىشىم مۇمكىنمۇ؟» بۇ ئۇنى مەڭگۈ ئازابلايتتى.

سۇلايمان ئامالسىز ھالدا ئويغا پاتتى: «يائاللا! زادى قانداق قىلىش كېرەك؟ تۇرمۇش مېنىڭدىن مۇشۇنداق يىراقلاشماقتا، شارائىت ماڭا مۇشۇنداق پايدىسىز بولماقتا. مەندە ياشاش تايانچى ۋە ئۈمىدى بولغانىدى، لېكىن تۇرمۇش يەنىلا مېنى تاشلاپ

كېتىپ قالدى. مەن بۇ يەرگە ئازاب ـ ئوقۇبەت بىلەن تولغان سەپىرىمدە ئەلى ئەھمەتنىڭ يېتەكلىشىگە ۋە ياردىمىگە ئېرىشىش ئۈچۈن كەلگەنىدىم. ۋاھالەنكى، ئەلى ئەھمەتنىڭ دىدارىنى كۆرۈش بىلەنلا كۆكرىكىمگە پىچاق سانجىلغاندەك بولۇپ كەتتىم! بۇ يەردىن كېتىشىم كېرەكمۇ؟...» ھازىر ئۇنىڭ يېنىدا بەش مىڭ رۇپىيە بار ئىدى، بۇ پۇل ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا بىر يىل يېتەتتى. بۇ بىر يىل ئىچىدە بىرەر خىزمەت تېپىش ئۇنچە قىيىنغا چۈشمەيتتى. ئۇنداقتا خىزمەت تاپقاندىن كېيىنچۇ؟ كىچىك ئائىلە قۇرۇش كېرەك. ئەمدى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن بىر خوتۇن تېپىش كېرەك. بۇ يەنە ئۆتمۈشتىكى ئىشلارنى تەكرارلاش ئەمەسمۇ؟ يەنە شۇ ئۆتمۈشتىكى كېچە ـ كۈندۈزلەر تەكرارلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئوبدانراق كۈن كۆرەي دېسە، يەنە ئۆتمۈشتىكىدەك ئاشۇنداق ئېلىشىپ جاپالىق كۈرەش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بىراق، ئۇ بۇلاردىن جاق تويغان، چىش ـ تىرنىقىغىچە تويۇپ كەتكەنىدى.

ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭغا بىر كىشى قاتتىق ۋارقىراۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى: ياق، بولمايدۇ، بولمايدۇ. سەن ياشىشىڭ كېرەك! «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ ئەزالىرىغا ئوخشاش ياشىغىن! مۇنداق تۇرمۇش، مۇنداق كۈرەش جانلىق روھ ۋە خۇشال ـ خۇراملىق بىلەن تولغان. بۇ خۇشال ـ خۇراملىق مۇقەددەس ۋە پاك، سەن ئالدى بىلەن پۈتكۈل جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىپ بىر گۈزەل جەمئىيەتكە ئايلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ يۈزىدىكى كىرلەرنى تولۇق تازىلاپ چىق، ئاندىن ئاشۇ گۈزەل نەرسىنىڭ كويىغا چۈش. تۇرمۇش ساھىبجامال قىزنىڭ تەبەسسۇمى ئەمەس، بىر رومكا خۇشبۇي ئېسىل شارابمۇ ئەمەس. تۇرمۇش ئەمەلىي ئىشلەش، ھەرىكەت قىلىش، ئۆزگەرتىش، ئىنقىلاب قىلىش دېمەكتۇر! سەن بۇ ئۆزگەرتىشتىن قاچما. كاللاڭغا مۇشۇنداق بىر تىكەن سانجىلىپ تۇرسا، ئۇ سېنىڭ ئاڭ ـ سېزىمىڭنىڭ يوقىلىشىغا يول قويمايدۇ.

سۇلايمان «بوز تورغاي جەمئىيىتى»دىن ئايرىلىش نىيىتىدىن ياندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پۈتۈن بىر چۈشتىن كېيىنكى ۋاقىتتا ئۆيدىن چىقماي ياتتى. كەچقۇرۇن كۇتۇپخانىغا كىردى. ئۇ يەردە ئەزالارنىڭ ھەممىسى بار ئىدى. يېڭىدىن كىرگەن ئەزالار ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى، ھەممەيلەن ئۇنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى قىزغىن قارشى ئالدى. ئۇ ئەزالار بىلەن بىر - بىرلەپ قۇچاقلىشىپ، خۇشال بولۇپ كۆڭلى يايراپ كەتتى، «بوز تورغاي جەمئىيىتى» ئۇنىڭ كەلگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن ئاددىي بىر چاي زىياپىتى ئۆتكۈزدى. بۇ زىياپەتتە چاي، مېۋە - چىۋە ۋە سۇلتانە پىشۇرغان سامسا قويۇلدى. سۇلايمان بۇ زىياپەتتە توختىماي سۆزلەپ، نۇرغۇن قىزىق پاراڭلارنى قىلىپ، ھەممەيلەننى جىق كۇلدۇرۇۋەتتى.

ئۇ ئۇزاقتىن بېرى مۇنداق ئەھمىيەتلىك ۋە كىشىنى روھلاندۇرىدىغان كەچنى ئۆتكۈزمىگەنىدى. لېكىن، ئۇ ھازىر «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ ئەزاسى ئەمەس ئىدى. ئۇ تەشكىلاتتىن ئۇزاق مۇددەت ئايرىلىپ كەتكەنلىكتىن، ئەزالىقتىن قالدۇرۇلغانىدى. ئۇ «بوز تورغاي جەمئىيىتى»گە قايتىدىن ئەزا بولۇشنى ئۈمىد قىلاتتى، ئەلۋەتتە. ئۇ بۇ ئارزۇسىنى ئەلى ئەھمەتكە ۋە تەشكىلاتتىكى باشقىلارغا ئېيتتى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن «بوز تورغاي جەمئىيىتى» مەجلىس ئاچتى. مەجلىسكە سەئىدى دوختۇر رىياسەتچىلىك قىلدى. ئۇ ھازىر «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ رەئىسى ئىدى. ئەلى ئەھمەت يەنىلا باش كاتىپلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتاتتى. ئۇ سۇلايماننىڭ ئەزالىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدا مەجلىسكە تەكلىپ بەردى. مەجلىس ئىشتىراكچىلىرى بۇ تەكلىپنى قىسقىچە مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن بىردەك ماقۇللىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە سۇلايمانغا بۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى ئۇنداق مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلماسلىق توغرىسىدا قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇشمۇ بەردى.

ئۇ چاغدا سۇلايمان ئۆزىنىڭ ئۆيىدە ئىدى. ئۇ مەجلىسكە چاقىرتىلىپ، مەجلىس قارارى ئۇنىڭغا ئۇقتۇرۇلدى. ئۇنى ئەزالىقىنىڭ ئەسلىگە كەلگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن ھەممەيلەن تەبرىكلىدى. ئۇنىڭ مەجلىسكە قاتنىشىشىغا رۇخسەت قىلىندى. ئۇ چىرايى نۇرلانغان، قەلبى روھلانغان ھالدا مەجلىستە سۆز قىلدى. ئۇ رەئىسكە ۋە باشقا ئەزالارغا رەھمەت ئېيتتى. بۇنىڭدىن كېيىن ئىشتا ئېھتىياتچان بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۆتمۈشتىكى خاتالىقىنىڭ تەكرارلىنىشىدىن ساقلىنىشقا ۋەدە بەردى. ئۇ ئۆزىنىڭ قىلمىشىغا ئۆكۈنۈپ، مەسئۇلىيەتسىزلىك پوزىتسىيەسىنى سەممىي ئېتىراپ قىلدى.

مەجلىسنىڭ مۇھىم بىر كۈنتەرتىپى ئامۇجداخانىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاش ئىدى. ئۇ ئۆتكەن يىلى «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ بوغالتىرلىقىغا سايلانغانىدى. ئۇ دوكلاتتا، نۆۋەتتە دۇچ كېلىۋاتقان مالىيە قىيىنچىلىقى ئۈستىدە تەپسىلىي توختىلىپ، «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ خىزمىتى ئاساسەن ھېسداشلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئىئانىسى ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشخانىسىنىڭ كىرىمىگە تايىنىدىغانلىقىنى؛ مەبلەغ كەمچىل بولغاچقا، خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇش كۈندىن - كۈنگە قىيىن بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى. ئۇ يەنە شىپاخانىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ، مەبلەغ بولمىغانلىقتىن، قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتتى.

سۇلايمان رەئىستىن رۇخسەت سوراپ، ئۆزىنىڭ ئۆيىگە چىقىپ كەتتى. ئۇ چامادانىنى ئېچىپ، بەش مىڭ رۇپىيەنى ئالدى - دە، مەجلىسخانىغا قايتىپ كىرىپ، بۇ بىر دەستە پۇلنى رەئىسنىڭ ئالدىغا قويدى.

— بۇ مېنىڭ «بوز تورغاي جەمئىيىتى»گە قىلغان ئازغىنا ياردىمىم، — دېدى ئۇ سەممىيلىك بىلەن.

ھەممەيلەن قىزغىن چاۋاك چېلىپ، سۇلايماننىڭ سەممىيلىكىنى ماختىدى. مەجلىسخانىنىڭ كەيپىياتى جانلىنىپ

كەتتى. سۇلايمان كۆكرىكىنى كېرىپ مەغرۇرانە ئولتۇراتتى. تۇرمۇشتىكى مۇنداق خۇشاللىق ھېسسىياتى ئۇنىڭدا بۇرۇن بولۇپ باقمىغانىدى.

رىيازمۇ مەجلىسكە قاتناشتى. ئۇ ئۆتكەن ئايدا تۇرمىدىن چىققان، ھازىر «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ رەسمىي ئەزاسى ئىدى. ئۇ ھېلىغىچە تاماكا چېكىپ جىم ئولتۇراتتى. ئۇ رەئىسنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىپ سۆز قىلماقچى بولغاندا، مەجلىسخانا دەرھال تىمتاس بولۇپ كەتتى.

— مەن سۇلايماننىڭ ئۆز نەپسىدىن كېچىپ ئومۇم ئۈچۈن ئىشلەش روھىنى بەك ياقتۇرىمەن، — دېدى ئۇ، — بۇ ئۇنىڭ «بوز تورغاي جەمئىيىتى»گە بولغان ھېسسىياتىنىڭ قانداق چوڭقۇرلۇقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. «بوز تورغاي جەمئىيىتى» بىر كوللېكتىپ، بىر تەشكىلات. ھەرقانداق بىر تەشكىلات باشقا تەشكىلاتلاردىن ئۆزىنىڭ تەشكىلىي شەكلى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ مەقسىتى ۋە ۋەزىپىسى بىلەن، يەنى ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي پىروگراممىسى بىلەن پەرقلىنىدۇ. «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭمۇ بىر ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي پىروگراممىسى بار. بىز بۇ پىروگراممىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، پىروگراممىنى تولۇق ياقلايدىغان تەبىقە، ئىجتىمائىي كوللېكتىپ ۋە تەشكىلاتلار بىلەن تېخىمۇ كۆپ ھەمكارلىشىشىمىز ھەمدە ئۇلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشىمىز كېرەك.

ئەۋزەل ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋەتتى.

— مېنىڭچە، رىياز رېئال سىياسىي پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىششىمىز لازىم، دېمەكچى، — دېدى ئۇ.

— گېپىمنى تېخى دەپ بولمىدىم، — دېدى رىياز كۈلۈپ قويۇپ، — ئەگەر ئەۋزەل باشقىلارنىڭ كۆڭلىدە ئويلىغان ئىشنى بىلىدۇ، باشقىلارنىڭ ئىدىيەسىدىكى سىرنى ئېنىق كۆزىتەلەيدۇ، دېيىلسە، ئۇنداقتا ئۇنىڭ قىياسى توغرا. مېنىڭ

دېمەكچى بولغىنىم ئەنە شۇ.

ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ساجىدە ئورنىدىن تۇرۇپ سۆز ئالدى.

— مەن رىيازنىڭ گېپى توغرىسىدا بىرئاز ئىزاھات بېرەي دەيمەن. «بوز تورغاي جەمئىيىتى» رېئال سىياسىي پائالىيەتلەرگە بۇرۇنلا قاتناشتى. مەن شەھەر مەمۇرىيىتى كومىتېتىنىڭ سايلىمىنى كۆزدە تۇتۇۋاتىمەن. بۇ سايلام بىزگە ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ساۋاق بەردى. بىز بۇنىڭ ئۈچۈن زور قۇربان بەردۇق، — ئۇ قولى بىلەن سىفۇت بەشىرنىڭ تامدىكى سۈرىتىنى كۆرسەتتى، — بۇ سۈرەتكە قاراڭلار، ئۇ «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نى بەرپا قىلغۇچى ئىدى. بىز ئۇنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيتتۇق، بەلكى ئۇنى بىزنىڭ يولباشچىمىز دېيىشكىمۇ بولاتتى. ئۇنىڭ قانداق ئەھۋالدا قۇربان بولغانلىقى سىلەرگە مەلۇم.

— بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق قۇربان بېرىشكە توغرا كېلىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئىدىيەمىزدە تەييارلىق بولۇش لازىم، — دېدى رىياز ئىنتايىن قەتئىيلىك بىلەن، — ھازىر شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىمىزنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى ئويلاپ كۆردۇڭلارمۇ، يوق؟ سىياسەت يالغۇزلا ھۆكۈمەتتە بىرەر - يېرىم مەنسەپكە ئىگە بولۇش ئەمەس، تۈپتىن ئېيتقاندا، سىياسەت ئىجتىمائىي ئىقتىساد مۇناسىۋىتىنىڭ ئىپادىسى. مۇشۇنداق چۈشىنەيلى، كاپىتالىست جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسى، ئىشچىمۇ بىر ئەزاسى. ئۇلارنىڭ ئىككىلىسى ئادەم. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق تۈپتىن ئوخشىماسلىق يوق. لېكىن، كاپىتالىست بىر زاۋۇت قۇرسا، شۇ ھامان ئۇ ئىشچىغا موھتاج بولىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر خىل ئىقتىسادىي باغلىنىش ئورنىتىلىدۇ. ئىشچى ياشاش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەمگەك كۈچىنى ساتىدۇ، كاپىتالىست ئۇنى قوبۇل قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى بىر - بىرىگە تايىنىپ ياشايدىغان بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلىنىدۇ. ئەمما، ئىشچىلار ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇق -

مەنپەئەتلىرىنى قوغداش ئۈچۈن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىللىنى قۇرغاندا، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنىڭ خاراكتېرىدە ئۆزگىرىش بولىدۇ. ھەر ئىككىلا تەرەپ ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن تىرىشىدۇ ۋە كۈرەش قىلىدۇ. مۇنداق ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنىڭ ئۆزگىرىشى سىياسەتتۇر. مۇشۇ داۋلىغا ئوخشاش، سىلەر نامراتچىلىق، قالاقلىقنى ۋە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى تەڭسىزلىكنى تۈگىتىش ھەمدە ساغلام ۋە گۈزەل بىر جەمئىيەت قۇرۇش ئۈچۈن قەتئىي نىيەتكە كېلىپ كۈرەشنى قانات يايدۇرغاندا، بۇ كۈرەش ئەمگەكچىلەرنىڭ نامرات ۋە قالاقلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، ئۇلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغان ئاشۇ سىنىپ ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارغا قارىتىلغان بولىدۇ. بۇ كۈرەشمۇ سىياسەتتۇر. ئوخشىمايدىغىنى پەقەت سىياسەتنىڭ خاراكتېرى بىر خىل ئەمەس. بىر خىلى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ سىياسىتى، يەنە بىر خىلى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى ۋە نامرات سىنىپلارنىڭ سىياسىتى. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم ئەنە شۇ.

ئەلى ئەھمەت رىيازنى داۋاملىق سۆزلەۋېرىشكە دەۋەت قىلمىدى.

— مەن رىيازنىڭ قارىشىغا پۈتۈنلەي قوشۇلىمەن، — دېدى ئۇ كۈلۈپ قويۇپ، — شۈبھىسىزكى، بۇلارنى مۇزاكىرە قىلىشنىڭ كۆپ پايدىسى بار. لېكىن، مۇۋاپىق جاي بۇنداق مەجلىستە ئەمەس، بەلكى تەتقىقات مەجلىسىدە. مېنىڭ دەيدىغىنىم، ئەگەر رىيازنىڭ مۇشۇ مەجلىستە ئوتتۇرىغا قويۇش زۆرۈر بولغان تەكلىپلىرى بولسا، شۇنى سۆزلىسە، كۆپچىلىكنىڭ مۇزاكىرىسىگە قويساق.

رىياز ئەلى ئەھمەتنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلدى. ئۇ «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ خىزمەت دائىرىسىنى كېڭەيتىشنى تەكلىپ قىلدى ھەمدە خىزمەت تەقسىماتىنىڭ مۇھىملىقىنى

تەكتىلىدى. ئۇ تەپسىلىي سۆزلىمەي، پەقەت بۇنىڭغا كۆرسىتىدىغان سەۋەبلىرىنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈپلا ئۆتتى.

ئۇنىڭ تەكلىپى تەپسىلىي مۇزاكىرە قىلىنماستىنلا ماقۇللاندى. بۇ مەجلىستە سۇلتانە قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇللۇقىغا، ئەلى ئەھمەت ساۋات چىقىرىش تەربىيەسىنىڭ مەسئۇللۇقىغا، سەئدى دوختۇر ساقلىقنى ساقلاش خىزمىتىنىڭ مەسئۇللۇقىغا، رىياز ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى پائالىيىتىنىڭ مەسئۇللۇقىغا سايلاندى. سەئدى ئەھمەت ھېلىغىچە تېخى ئوقۇتقۇچى ئىدى. ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا خىزمەتنى قانات يايدۇرۇش ۋەزىپىسى شۇنىڭغا تاپشۇرۇلدى.

رىيازنىڭ يەنە بىر تەكلىپى «بوز تورغاي جەمئىيىتى» ۋە «بوز تورغاي» دېگەن ئىسىملارنىڭ خەلق ئاممىسىغا ناتونۇش بولغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئىجتىمائىي ئەنئەنە ۋە ئادەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان تەشكىلات نامىغا ئالماشتۇرۇش كېرەك، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. مەجلىستە بۇ تەكلىپ ئۇزۇن مۇزاكىرە قىلىندى، ۋاقىت يېرىم كېچە بولۇپ كەتتى. ئەزالار قاق سەھەردە ئورنىدىن تۇرغانىدى. شۇڭا، رەئىس بۇ مۇزاكىرىنى كېلەر قېتىملىق مەجلىسكە قالدۇرۇشنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مەجلىس تۈگىدى.

سۇلايماننىڭ ئارزۇسىغا ئاساسەن، ئۇ رىياز بىلەن بىللە ئىشلەشكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۇ بۇرۇنمۇ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى پائالىيەتلىرىگە قاتناشقان بولۇپ، ئىشچىلار ئارىسىدا خىزمەتنى قانات يايدۇرۇش تەجرىبىسىگە ئىگە ئىدى. ئۇ ئىككىنچى كۈنى تاڭ يورۇش بىلەنلا رىياز بىلەن بىللە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىشخانىسىغا كەتتى.

ئۇ يېڭىباشتىن قىزغىنلىق بىلەن «بوز تورغاي جەمئىيىتى» ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا باشلىدى. ھازىر ئۇ كۆڭلىدە سۇلتانەنى ئويلىماسلىق ئۈچۈن، ئاڭلىق يوسۇندا ئۆزىنى بوش قويماي ئالدىراشلىق بىلەن ئىشلەيتتى. جىددىي ۋە ئەستايىدىل

ئىشلەشتىن خۇشاللىق ۋە تەسەللى تاپاتتى. ئۇ دائىم ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ خىزمىتى بىلەن تۇن يېرىمىغىچە ئالدىراش بولاتتى. ئۇ ئىشچىلارنىڭ مەسىلىلىرىگە ناھايىتى قىزىقاتتى. ھەر كۈنى ۋاقتىنى شۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆتكۈزەتتى. رىيازنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئىدىيەسى چېنىقىپ، سىياسىي ئېڭى بارغانسېرى ئۆسمەكتە ئىدى. ئۇ ۋەزىيەتنى توغرا تونۇپ، ئەستايىدىل تەھلىل قىلىپ، ئىشچىلارنىڭ كۈرىشى ئۈچۈن ئەقىل كۆرستىش ۋە ئامال ـ چارە تېپىشقا تىرىشماقتا ئىدى.

ئۇ ھەر كۈنى «بوز تورغاي جەمئىيىتى»گە قايتىپ كېلىپ، تاماقنى يەپ بولۇپلا كۇتۇپخانىغا كىرىپ، ئۇدا بىرنەچچە سائەت ئۆگىنەتتى. تەتقىقات مەجلىسىگە قاتناشقاندا، ھەر قېتىم خاتىرە يازاتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ھەر كۈنى يېرىم كېچىگىچە ئالدىراش بولاتتى.

مۇشۇ بىر مەزگىل ۋاقىت ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ جىددىي كۈنلەر بولدى. خىزمەت، خىزمەت، يەنە خىزمەت. خىزمەت ئۇنى جەلپ قىلىدىغان بىردىنبىر نەرسە بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈندىن ـ كۈنگە كۈچەيمەكتە ئىدى. مەسئۇلىيەتسىزلىك ياكى خىزمەتتە بىخەستەلىك قىلىشنى تۈپەيلىدىن تەنقىد ئاڭلاپ باقمىدى. بەزىدە ئۇ سۇلتانە بىلەن يۈز كۆرۈشۈپمۇ قالاتتى. لېكىن، ئۇ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە سۇلتانەنى ئەلى ئەھمەتنىڭ ھەمراھى ۋە ئەيازنىڭ ئانىسى دەپ قارايتتى. مۇشۇنداق قىلغاندا، ئۇ بۇرۇن ئۆزى ياخشى كۆرگەن ساھىبجامال سۇلتانەنى ئۇنتۇپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى.

سۇلايمان جىددىيلىك ۋە ئالدىراشلىق ئىچىدە نۇرغۇن كۈنلەر ۋە تۈنلەرنى ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ ئالدىدا، ھايۋاندىن بەتەر تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان خەلقنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان كۈرەش تۇراتتى. ئۇ ئاشۇ خەلققە بىلىم بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنى بەختىيار ۋە كۆڭۈللۈك تۇرمۇشقا ئىگە قىلىشقا ئىرادە باغلىدى. بۇ كۈرەشنىڭ چەك ـ چېگراسى يوق

ئىدى، ئۇنى ئۇزۇكسىز ئىلگىرىلىتىش لازىم بولاتتى. ئۇ جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىشتىكى بىر يول بولۇپ، يول ئۇستىدىكى تىكەنلەرنى قىرقىپ تاشلىغاندىلا ئاندىن تۇرمۇش يولى ئۇنى يېڭى نىشانغا ئېلىپ بارالايتتى. بۇ سەپەردە ئىنسانلار ئۆزىنىڭ جىسمانىي ۋە ئەقلىي ئەمگىكىگە تايىنىپ دېڭىز - ئوكيان، دەريا - ئېقىن، چۆل - جەزىرە ۋە قاقاس دالالارنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش، ئېگىز تاغ - داۋانلاردىن ئېشىش، ئايغا چىقىش ئۇچۇن تىز پۇكمەي كۇرەش قىلىپ، تاكى پۇتكۇل ئالەمنى بويسۇندۇرغۇچە تەبىئەت سىرىنى ئۇزۇكسىز ئېچىپ بارىدۇ. ئىنسانلار هاياتىنىڭ جەريانى ئەنە شۇ.

## 7

نۇشا تۇرمىگە قامالغانىدى. ئۇ هازىر هايات - مامات دوقمۇشىدا، تەقدىرىنىڭ هۆكمىنى كۇتۇپ تۇراتتى.

ئۇ ئۆزىنىڭ سادىر قىلغان جىنايەت پاكىتلىرىنى ئېتىراپ قىلدى. ئۇ نىيازنى ئۆلتۇرگەنلىك جىنايىتى بىلەن ئەيىبلەنگەنىدى. ئادەم ئىسپاتى بولمىغانلىقى، دەۋا قىلغۇچىمۇ چىقمىغانلىقى تۇپەيلىدىن يەرلىك سوت بۇ دېلونى جىنايى ئىشلار سوتىغا تاپشۇرۇپ بەردى.

ئاشۇ كۇنلەردە شامى تۇرمىگە بېرىپ ئۇنى يوقلاپ تۇرغانىدى. شۇنچە چوڭ دۇنيادا پەقەت شامىلا ئۇنىڭغا بىردىنبىر هېسداشلىق قىلغۇچى ئىدى. كېيىن ئۇمۇ كەلمەي قويدى. تۇرمىدىكىلەرنى يوقلاش كۇنى كەلگەندە نۇشا ئۇنىڭ كېلىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۇتەتتى. لېكىن، شامى ئۆپكە كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغانىدى. ئۇ قان تۇكۇرۇشكە باشلىدى. ئۇنىڭ قاتتىق قىزىتمىسى پەقەت قايتمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۆپكە كېسىلى ئۇنىڭ تىرىشچانلىق بىلەن ئەمگەك قىلىدىغان بەدىنىنى ئازابلاپ كاردىن چىقاردى. ئۇ جۇدەپ بىر تېرە - بىر ئۇستىخان بولۇپ

قالدى. ئۇ ساخاۋەت دوختۇرخانىسىدا بىر مەزگىل ياتقانىدى، ھازىر ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئۆلۈمنى كۈتۈپ ياتاتتى.

ئەلى ئەھمەت نۇشا ئۈچۈن دەۋا قىلىشقا باشلىغاندا، نۇشا ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدىغان ھېچكىم يوق ئىدى. ھالبۇكى، ھۆكۈمەت نامىدىن ئەيىبلىگۈچى تەرەپتە يەنە ئادەم ئىسپاتى بار ئىدى. خان باھادۇر ساقچى تەرەپنى دەلىل - ئىسپات بىلەن تەمىنلىدى. ئۇ نۇشانىڭ دېلوسىغا ناھايىتى قىزىقىپ، نۇشاغا پايدىسىز بولغان تۈرلۈك دەلىل - ئىسپاتلار بىلەن تەمىنلىگەنىدى. مۇشۇ دېلونىڭ ھۆكۈمەت نامىدىن ئەيىبلىگۈچىسى بولغان ساقچى تەرەپتە دەلىل - ئىسپات ئىنتايىن تولۇق ئىدى.

ئەلى ئەھمەت نۇشانىڭ دېلوسى ئۈچۈن ئادۋوكات تەكلىپ قىلدى. ئادۋوكات ھازىر خان باھادۇر ۋە ئۇنىڭ دىرېكتورىنىمۇ نىيازنى قەستلەپ ئۆلتۈرگەن جاۋابكار قىلىشقا تىرىشىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئاساسى شۇكى، نىياز ئۆلتۈرۈلۈشتىن ئاۋۋال زەھەرلەنگەن. نىياز ئۆلتۈرۈلگەن كۈنى ئاخشىمى خان باھادۇر بىلەن ئۇنىڭ دىرېكتورى نازىر مۇھەممەت نىيازنىڭكىگە كەلگەن. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن، نىياز قورسىقى ئاغرىۋاتقانلىقىنى ئېيتقان ۋە قان قۇسقان. بۇ ئەھۋالنى سۇلتانە بىلەن خىزمەتكار ئايال ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن.

لېكىن، ئىككىنچى قېتىملىق سوراقتا، خىزمەتكار ئايال گېپىدىن يېنىۋالدى. خان باھادۇر ئۇنى مىڭ رۇپىيە بېرىپ سېتىۋالغانىكەن. ھازىر پەقەت بىردىنبىر گۇۋاھچى سۇلتانەلا قالغانىدى. مۇنداق ئەھۋالدا ئادۋوكات سوتتا مۇنداق بىر تەلەپنى، يەنى يەرلىك ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ نازارىتى ئاستىدا قەبرىنى ئېچىپ، نىيازنىڭ جەسىتىنى يەنە بىر قېتىم تەكشۈرۈپ كۆرۈش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. لېكىن، سوت سۇلتانە نۇشانىڭ ئاچىسى بولغاچقا، ئۇنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقى ئىسپات بولالمايدۇ دەپ ھېسابلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ تەلەپنى رەت قىلدى. سوتتا

شۇنداق قارار قىلىنىش جەريانىدا، خان باھادۇرنىڭ تەسىرى بىلەن پۇلىمۇ زور رول ئوينىدى.

سۇلايمانمۇ نۇشانىڭ دەۋا ئىشىغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلدى. ئۇ ئىككى قېتىم مېۋە ـ چېۋە ۋە تاتلىق يېمەكلىكلەر ئېلىپ تۇرمىگە بېرىپ نۇشانى يوقلىدى. تۇرمىنىڭ تۆمۈر رېشاتكىسى كەينىدە قاپىقى سېلىنغان، كەيپى ئۇچقان ھالدا تۇرغان نۇشانى كۆرۈپ سۇلايماننىڭ كۆڭلى بىرقىسما بولۇپ قالدى.

ئەلى ئەھمەت نۇشانىڭ دەۋا ئىشى بىلەن تەرەپ ـ تەرەپكە قاتراپ يۈرەتتى. ئادۋوكات بىلەن سۆھبەتلىشىپ، پىكىر ئالماشتۇرۇپ تۇراتتى. ھەر قېتىم سوراق باشلانغاندا سىرتتىن قاتنىشىپ ئاڭلايتتى. كېيىن بىر كۈنى ئەلى ئەھمەت قەلبى ئازابلانغان ھالدا، سۇلايمانغا سوتنىڭ نۇشانى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغانلىقىنى، ئادۋوكاتنىڭ بۇ توغرىدا يۇقىرى سوتقا ئەرز بەرگەنلىكىنى، ھازىر نۇشانىڭ ھايات ـ ماماتلىق ھوقۇقى يۇقىرى سوتنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

بۇ مەزگىل ئىچىدە سۇلايمان يەنە مۇنداق بىرمۇنچە ئەھۋاللاردىن خەۋەر تاپتى: ئەلى ئەھمەت بېقىۋالغان ئەياز نىيازنىڭ ئوغلى ئىدى. نىياز ئۆلگەندىن كېيىن خان باھادۇر ئۆزىنىڭ چوماقچىسى فىياز ئارقىلىق سۇلتانەنى ئۆيىدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلدى ۋە بىر يالغان ھۆججەت ياساپ چىقىپ، نىيازنىڭ بارلىق مال ـ مۈلكىنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋالدى. خان باھادۇر شەھەر مەمۇرىيەتى كومىتېتىنىڭ رەئىسى، شۇنداقلا يەنە بىرقانچە زاۋۇتنىڭ غوجايىنى ئىدى. سىند ۋە پەنجاپ ئۆلكىلىرىدە يەنە يېزا ئىگىلىك كاپىتالى ۋە مال ـ مۈلكى بار ئىدى. بۇ مال ـ مۈلۈكلەرنىمۇ ئۇ يالغان ھۆججەت ياساش ئارقىلىق، مۇسۇلمان ئەمەس كىشىلەرنىڭ تاشلاپ كەتكەن مال ـ مۈلكىدىن ئۆزىنىڭ نامىغا يۆتكىتىۋالغانىدى. ھازىر ئۇ ئۆلكىلىك پارلامېنت ئەزالىرى سايلىمىغا قاتناشماقچى بولۇۋاتاتتى. بۇ سايلامدىن ئىلگىرى بىر مىنىستىر بولۇشقا

ئۇرۇنۇپ، پائال ھەرىكەت قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ مىنىستىرلار ۋە باشقا يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار بىلەن بولغان ئالاقىسى ناھايىتى قويۇق ئىدى. ئۇنىڭ مۇناسىۋەت ۋە تەسىر دائىرىسى دۆلەت چېگراسىدىن ھالقىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ بىر ئوغلى «كولومبو پىلانى»غا بىنائەن لوندوندا تەربىيە كۆرۈۋاتاتتى، يەنە بىر ئوغلى «فوت فوند جەمئىيىتى»نىڭ ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشىپ، كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتاتتى.

خان باھادۇر ھازىر ھاجى خان باھادۇر بولۇپ قالدى. ئۇ ئىسلامىيەت ئىززەت ـ ھۆرمىتىنىڭ سادىق قوغدىغۇچىسى ئىدى. لۇران مەسچىتىنىڭ ھەيۋەتلىك گۈمبىزى ئۇنىڭ تەقۋادار ئېتىقادىنىڭ جانلىق ئىسپاتى ئىدى. ئۇ ئۆزىنى ۋەتەنپەرۋەر، مىللەتنىڭ باشلامچىسى قىلىپ كۆرسىتەتتى. ئۇ «بوز تورغاي جەمئىيىتى»دىكىلەرنى پۈتۈنلەي دۆلەتنىڭ دۈشمەنلىرى ۋە بۇزغۇنچىلار دەپ قاراپ، ئۇلارنى بىخەتەرلىك قانۇنىغا ئاساسەن تۈرمىگە تاشلاش كېرەك دەپ ئاشكارا تەھدىت سالاتتى. ئۇ شۇنداق كىشىلەرگە مەنسۇپ ئادەم ئىدىكى، ئۇلار پاكىستاندا خۇددى مىراسقا مۇئامىلە قىلغاندەك، ئىسلام دىنى بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ نەشر ھوقۇقىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغانىدى.

نۇشا تۈرمىدە ياتاتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا سىرتماقنىڭ كۆلەڭگىسى ئىرغاڭلاپ تۇراتتى. ۋاھالەنكى، خان باھادۇرنىڭ ئوغلى ئالجىمونت چەت ئەلدە ئالىي تەربىيە كۆرۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا كۈن نۇرىدەك ئىللىق كېلەچەك تۇراتتى. ئۇلارنىڭ تەقدىرى باشقا ـ باشقا ئىدى. ئاز سانلىق كىشىلەر بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى تەقدىرنىڭ پەرقى ئەنە شۇ. ئاز سانلىق كىشىلەردىن خان باھادۇر تۇغۇلدى، ئۇلارنىڭ بەزىسى قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتى بىلەن تۈرمىگە سولاندى؛ بەزىسى ماخاۋ كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، ئۆلۈم بوسۇغىسىدا جان تالاشماقتا؛ بەزىسى ئۆپكە كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قان قۇسماقتا ۋە ئۈچ چاقلىق ھارۋا سۆرىمەكتە؛ بەزىسى يا ئەرگە، يا

ئايالغا ئوخشىمايدىغان كىشىلەر بىلەن بىللە ئالىقىنىنى چاۋاكلاپ، ساغرىسىنى تولغاپ يۈرمەكتە...

نۇشانىڭ دېلوسى يۇقىرى سوتقا تاپشۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ كاراچىدىكى مەركىزىي تۈرمىگە يۆتكەلدى. كۆپ قېتىم سوراق قىلىنىپ، ئاخىر بىر كۈنى سوت ئۇنىڭ ئەرزىگە قارىتا ھۆكۈم چىقارماقچى بولدى. ئەلى ئەھمەت بىرنەچچە كۈن بۇرۇن كاراچىغا كەلدى. ئۇنىڭ بىلەن يەنە ئادۋوكات، سۇلتانە، سۇلايمان ۋە «بوز تورغاي جەمئىيىتى»نىڭ ئىككى ئەزاسى بىللە كەلدى.

شۇ كۈنى سۇلتانە ئەتىگەندىن تارتىپلا قاتتىق غەمكىن بولۇپ يۈردى. چىرايى تامدەك تاتىرىپ، كۆزلىرى قىزىرىپ، ئىششىپ كەتكەنىدى. ئۇ قاتتىق قايغۇ ـ ھەسرەت ئىلكىدە، بىر جايدا تۇرالماي ئۇياق ـ بۇياق مېڭىپ يۈرەتتى. يا بىرى بىلەن گەپلەشمەيتتى، يا سالاملاشمايتتى. ئۇلار سوتقا كەلگەندىن كېيىن، ھازىرلا ھۆكۈم ئېلان قىلىنىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ كەيپىياتى تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتتى.

نۇشا بېشىنى ساڭگىلىتىپ، جاۋابكار تۇرىدىغان ئورۇندا تۇراتتى. ئۇنىڭ ياڭاقلىرىدىكى ساقىلى ئۆسۈپ كەتكەنىدى. بۇ سارغۇچ ساقال ئۇنىڭ چىرايىنى دېڭىز سەپىرىگە چىققان ياش دېڭىزچىغا ئوخشىتىپ قويغانىدى.

سوت مەيدانىدا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. ئۇشتۇمتۇت سوتچىنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى بۇ جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تاشلىدى. ئۇ ھۆكۈمنامىنى ئوقۇشقا باشلىدى:

— قاتىل نۇشاغا قانۇن بويىچە چىقىرىلغان ھۆكۈم تۆۋەندىكىچە:

«ھۆكۈمەت نامىدىن ئەيىبلىگۈچى نۇشانىڭ جىنايى قىلمىشى توغرىسىدا تولۇق دەلىل ـ ئىسپاتلار بىلەن تەمىنلىگەن بولۇپ، بۇ جىنايەتچى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانىدى. يۇقىرى سوت جىنايى ئىشلار سوتىنىڭ ھۆكمىگە قوشۇلغان بولۇپ، ئەسلىي ھۆكۈمنى ساقلاپ قېلىش كېرەك ئىدى. لېكىن، سوتىمىز

جىنايەتچى نۇشانىڭ ياش قۇرامىغا يەتمىگەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۆلۈم جازاسى بېرىشكە ھۆكۈم قىلماي، ئون تۆت يىللىق قاماق جازاسى بېرىشكە ھۆكۈم قىلدى. بۇ ئاخىرقى ھۆكۈم ھېسابلىنىدۇ.»

نۇشا جاۋابكار تۇرىدىغان ئورۇندىن چىقىرىلىپ، قولىغا كويزا سېلىندى. قولىغا كويزا سېلىنغاندىن كېيىن، ئۇ سارائىلارچە ۋارقىراپ كەتتى:

— مېنى دارغا ئېسىڭلار!

— مېنى ئېتىۋېتىڭلار!

— مەن بۇ جاندىن تويدۇم!

— مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار!

— خۇدا ھەققى، مېنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار!

— جانابىي سوتچى، خۇدا ھەققى، مېنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار!

نۇشانىڭ دېگىنى توغرا ئىدى. ئۇ بىرىنچى قېتىم تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن يانچۇقچى بولدى. ۋاھالەنكى، ئۇ چاغدا تۈرمىدە ئاران بىر يىل ياتقانىدى. ئەمدى ئۇ ئون تۆت يىللىق كېسىلدى. مۇنچىۋالا ئۇزاق ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭ تېخىمۇ چوڭ، تېخىمۇ قورقۇنچلۇق كەسىپىي جىنايەتچى بولۇپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن، ئۇ كەسىپىي جىنايەتچى بولۇپ قېلىشنى خالىمايتتى. ئۇنداق ياشىغاندىن ئۆلۈپ كەتكەن ئەۋزەلرەك ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ ئۆلۈمنى تىلىدى، ئۆلتۈرۈۋېتىشنى تىلەپ يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇپ كەتتى. بىراق، سوت ئۇنى ئۆلۈمگە بۇيرۇيالمايتتى، چۈنكى ئۇ تېخى ياش قۇرامىغا يەتمىگەنىدى.

ساقچىلار نۇشانى سوت مەيدانىدىن سۆرەپ ماڭدى. نۇشا يەنە بىر قېتىم قوللىرىنى كۆتۈرۈپ، قولىدىكى كويزا بىلەن ئۆزىنىڭ بېشىغا غالجىرلارچە قاتتىق ئۇرۇپ كەتتى. دەرھال ئۇنىڭ بېشى يېرىلىپ، باش ـ كۆزى قانغا بويالدى. ساقچىلار چاپسان يۈگۈرۈپ كېلىشىپ، ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتۇۋالدى.

سۇلتانە توۋلىغان پېتى ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈردى.

— نۇشا، جېنىم ئۇكام، مېنى تاشلاپ كەتمىگىن! كەتمىگىن، نۇشا! كەتمە! نۇشا ... نۇشا...

ئەلى ئەھمەت بىرىپ سۇلتانەنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇۋالدى. سۇلتانە ئۇنىڭ مەيدىسىگە بېشىنى قويۇپ، ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى. ئەلى ئەھمەت گەجگىسىگە بوشقىنا ئۇرۇپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى. بۇ ۋەقە قاتتىق تەسىر قىلغانلىقتىن ئەلى ئەھمەتنىڭ چىرايى قىزىرىپ كەتكەندى. قېلىن كۆزئەينەك ئارقىلىق ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىدىكى ياشنى كۆرگىلى بولاتتى.

سۇلايمان ئۇ ئىككىيلەنگە زەن قويۇپ تۇراتتى، بىردىنلا ئۇنىڭ كۆزلىرىمۇ نەملىشىپ، ئىسسىق ياشلىرى ئىختىيارسىز ھالدا تاراملاپ تۆكۈلدى. ئۇ بېشىنى بىر چەتكە بۇراپ، ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، ئۇندىمەستىن سوت مەيدانىدىن چىقىپ كەتتى.

بۇ كىتاب «شىمالىي ئېگىزتاغ» نەشرىياتىنىڭ 1986 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1986 ـ يىلى 11 ـ ئاي تەييۇەن 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据北岳文艺出版社1986年11月第1版，1986年11月太原第1次印刷本翻译出版。

# ئاللانىڭ زېمىنى

ئاپتورى: شاۋكەت سىدىقى (پاكىستان)
تەرجىمە قىلغۇچى: مۇھەممەترەھىم كېرىمى
مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇنارجان توختاخۇن
مەسئۇل كوررېكتورى: سەنەۋۋەر ئىبراھىم
تەكلىپلىك كوررېكتورى: ۋەلى زەيدۇن
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
تېلېفون: 0991-2827472
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: بېيجىڭ شۈنچېڭ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 1230×880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 20
نەشرى: 2012 ـ يىلى 3 ـ ئاي 2 ـ نەشرى
باسمىسى: 2013 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1—3000
كىتاب نومۇرى: ISBN978 - 7 - 228 - 15152 - 3
باھاسى: 55.00 يۈەن